

# لۇشۈن ئەسەرلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى : توختى باقى ئارتىشى

چۇقان

ت

ي

2

新疆师范大学图书馆
5000093151

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

新疆师范大学图书馆

لۇشۈن ئەسەرلىرى

1- توم
قەبرە
باۋا گىياھ
2- توم
چۇقان
تېڭىرقاش
يېڭى يېزىلغان كونا ھېكايە
3- توم
ئىسسىق شامال
سايىۋەن
سايىۋەننىڭ داۋامى
«سايىۋەننىڭ داۋامى»نىڭ داۋامى
4- توم
ئۈچ «بىكار»
ئالا كۆڭۈل
5- توم
تاغدىن - باغدىن
ساختا ئەركىنلىكنامە
6- توم
گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە
چىلتەكلىك ئەدەبىيات
7- توم
خالاس
كونىس بوتكىسى قېلىپەتونلىرى
8- توم
ئەچتە ئۆزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى
شېئىرلار
ئىككى يەردىن مەكتۇپلار
مەكتۇپلار

# مۇندەرىجە

## چۇقان

ئاپتوردىن ...... 3
سەۋدايى خاتىرىسى ...... 12
كۇڭ يىجى ...... 30
دورا ...... 39
ئەتە ...... 53
كىچىككىنە بىر ئىش ...... 64
چاچ ھەققىدە ھېكايە ...... 68
بىسەرەمجانلىق ...... 76
يۇرتۇم ...... 89
ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى ...... 105
ياز بايرىمىدا ...... 171
ئاق نۇر ...... 186
توشقان بىلەن مۈشۈك ...... 195
ئۆردەك كومېدىيىسى ...... 203
يېزا ئويۇنى ...... 208
ئىزاھلار ...... 226



图书在版编目(CIP)数据

鲁迅文集. 2/鲁迅著；托呼提·巴克译. 一乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006. 3
ISBN 7—228—09891—9

Ⅰ. 鲁…　Ⅱ. ①鲁…　②托…　Ⅲ. 鲁迅著作—选集—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I210. 2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 018426 号

责任编辑：艾合买提·伊明
　　　　　帕提古丽·米吉提
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
　　　　　牙生·扎衣都
封面设计：买买提·乃拜提

**鲁迅文集**（2）（维吾尔文）

鲁迅　著
托呼提·巴克　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米　32 开本　19.875 印张　2 插页
2006 年 3 月第 1 版　2006 年 3 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN 7—228—09891—9　　定价：36.00 元

## تېڭىرقاش


بېغىشلىما ........ 237
دۇئا ـ تەلەپ ........ 238
مەيخانىدا ........ 264
بەختلىك ئائىلە ........ 281
سوپۇن ........ 292
ئۆچمەس چىراغ ........ 309
سازايى ........ 324
گاۋ موللام ........ 332
يالغۇزلۇق ........ 347
ھەسرەت ........ 381
ئاكا ـ ئۇكا ........ 413
ئاجرىشىش ........ 430
ئىزاھلار ........ 444


## يېڭى يېزىلغان كونا ھېكايە


مۇقەددىمە ........ 449
ئاسماننى ياماش ........ 453
ئايغا چىقىپ كېتىش ........ 467
توپاننى تىزگىنلەش ........ 484





تاش پۇرچاق تەرمەك ........ 510
قىلىچ ........ 540
قەلئەدىن چىقىپ كېتىش ........ 570
ھۇجۇم قىلماسلىق ........ 585
ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش ........ 603
ئىزاھلار ........ 617

# حیوان

# ئاپتوردىن

ياش ۋاقتىمدا نۇرغۇن چۈشلەرنى كۆرگەنىدىم، كېيىن ئۇنىڭ تولىسىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەمما، بۇنىڭغا ئېچىنمايمەن. ئۆتمۈشنى ئەسلەش، بەزىدە كىشىنى خۇشال قىلىدۇ، بەزى چاغلاردا كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدۇ. كىشىنىڭ روھىي رىشتىسى ئاللىقاچان ئۈزۈلۈپ كەتكەن، كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان زامانلارغا ئېلىنىپ قالسا، ئۇ كىشىگە ھەرەج كېلىدۇ. نېمە ئۈچۈندۇر، مەن ئاشۇنداق ئىچ پۇشۇرىدىغان ئۆتمۈشنى ئۇنتۇيالماسلىق بىلەن ئازابلىنىمەن. ئەنە شۇ تامام ئۇنتۇلۇپ كېتەلمىگەنلىرىمنىڭ بىر قىسمى ھازىر «چۇقان» نىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى.

مەن تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھەمىشە، ھەتتا ھەر كۈنى دېگۈدەك گۆرۈكەش ۋە دورىپۇرۇش دۇكانلىرىغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈردۈم. ئۇ چاغلاردىكى يېشىم يادىمدا يوق، ھەر ھالدا مېنىڭ بويۇم دورىپۇرۇش دۇكىنىنىڭ پەشتاختىسىغا تەڭ كېلەتتى، گۆرۈكەشنىڭ دۇكىنىنىڭ پەشتاختىسى بولسا مەندىن بىر ھەسسە ئېگىز ئىدى. مەن ئاشۇ بويۇمدىن بىر ھەسسە ئېگىز پەشتاختىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئىچكىرىسىگە كىيىم ـ كېچەك ياكى زەر جابدۇقنى سۇنۇپ بېرىپ، خوجايىنىنىڭ بۇزۇق تەلەتى بىلەن شىلتىپ بەرگەن پۇلىنى ئېلىپ، ئاندىن كېيىن يەنە بويۇم بىلەن تەڭ پەشتاختا ئالدىغا بېرىپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئاغرىپ ياتقان دادام ئۈچۈن دورا سېتىۋالاتتىم. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن يەنە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا توغرا كېلەتتى. رېتسېپ يېزىپ بەرگەن تېۋىپ

داڭلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن دورىلىرىمۇ قىشلىغان قو-
مۇش يىلتىزى، ئۈچ يىل قىرو كۆرگەن شېكەر قومۇشى، جۈپ
چېكەتكە، مېۋىلەيدىغان دەرەخ يىلتىزى ... دېگەندەك ئاجايىپ نەر-
سىلەر ئىدى. بۇلارنى راسلاشمۇ قىيىن ئىدى. لېكىن، دادامنىڭ
كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئاخىرى قازا تاپتى.
كىمكى دەسلەپتە هال - كۈنى باياشات بولۇپ، كېيىنچە
موهتاجلىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدىكەن، ئۇ شۇنداق غۇربەتچى-
لىكتە جاهاننىڭ كارى - بارىنى چۈشىنىپ قالسا كېرەك، دەپ
ئويلايمەن. مەن خۇددى غەيرىي يولغا كىرمەكچى، غەيرىي جايغا
قاچماقچى، شۇنىڭ بىلەن غەيرىي كىشىلەرنى تاپماقچى بولغاندەك،
N گە بېرىپ، K[1] مەكتىپىگە كىرمەكچى بولدۇم. ئانام مېنى
توسۇشقا ئىلاج تاپالماي، مەيلىمگە قويۇۋەتتى ۋە يول خىراجىتىمگە
سەككىز تەڭگە جايلاپ بەردى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يىغلىۋەتتى.
بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا كونا
مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش، پادىشاھ ئىمتىھانىغا قاتنىشىش توغرا
يول هېسابلىناتتى، يېڭى مەكتەپلەرگە كىرىپ چەت ئەلچە ئوقۇش
هېچ ئىلاجى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىشى بولۇپ، بۇ، ئىماننى
پەرەڭلەرگە سېتىۋەتكەنلىك بولۇپ هېسابلىناتتى. بۇنداق كىشىلەر
خورلانغاننىڭ ئۈستىگە، چەتكە قېقىلاتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانام
ئۆز ئوغلىدىن ئايرىلاتتى، شۇڭا ئۇ يىغلىۋەتتى. مەن بۇلاردىن
قەتئىينەزەر، ئاخىرى N گە كېلىپ K مەكتىپىگە كىردىم. مەك-
تەپكە كىرگەندىن كېيىن دۇنيادا پەلسەپە، ماتېماتىكا، جۇغراپى-
يە، تارىخ، رەسىم ۋە تەنتەربىيە دېگەنلەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدىم.
فىزىئولوگىيە دەرسى ئوقۇلمىسىمۇ، ياغاچ مەتبەئەدە بېسىلغان
«ئەزا تۈزۈلۈشى توغرىسىدا يېڭى نەزەرىيە» ۋە «خىمىيىۋى گىگىې-
نا»[2] دېگەندەك كىتابلارنى كۆردۇق. تېخىچە ئېسىمدە بار، بۇ-
رۇنقى تېۋىپلارنىڭ مۇهاكىمىلىرى ۋە رېتسېپلىرىنى شۇ چاغدا





بىلگەنلىرىمگە سېلىشتۇرۇپ، تېۋىپلارنىڭ قەستەن ياكى بىلمەس-
تىن ئالدامچىلىق قىلىدىغانلىقىنى پەملەپ قالدىم[3] ۋە ئالدانغان
كېسەلمەنلەرگە هەم ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىغا ئىچىم ئاغرىدى.
ياپونچىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان تارىخلاردىن ياپونىيە-
دىكى «ئىسلاھات» هەرىكىتىنىڭ تولىسى غەرب مېدىتسىناسىدىن
ئىلهاملانغانلىقىنى بىلدىم.
ئاشۇنداق ئاددىيغىنە بىلىم مۇناسىۋىتى بىلەن، كېيىنكى چاغ-
لاردا سەهرادىكى بىر ياپون مېدىتسىنا مەكتىپىدە ئوقۇپ قالدىم.
مېنىڭ چۈشلىرىم ناهايىتى شېرىن ئىدى: مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ
قايتقاندىن كېيىن، دادامغا ئوخشاش بىهۇدە دەرد تارتقان كېسەلمەن-
لەرنىڭ كېسىلىنى داۋالايمەن، ئۇرۇش ۋاقتى توغرا كەلسە، هەر-
بىي دوختۇر بولىمەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەتەنداشلىرىمنىڭ
«ئىسلاھات هەرىكىتى»گە بولغان ئىشەنچىسىنى ئالغا سۈرىمەن،
دەپ ئويلايتتىم. باكتېرىئولوگىيە دەرسىنى ئۆتۈش ئۇسۇللىرىنىڭ
هازىر قانچىلىك تەرەققىي قىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. قىس-
قىسى، ئۇ چاغدا باكتېرىيىلەرنىڭ فورمۇلىلىرى سۈرەت چىراغلى-
رى بىلەن كۆرسىتىلەتتى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىدە لېكسىيە تۈگەپ،
دەرستىن چۈشۈش ۋاقتى توشمىغان بولسا، مۇئەللىم ئوقۇغۇ-
چىلارغا مەنزىرە سۈرەتلىرى ياكى ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر
سۈرەتلەرنى كۆرسىتىپ، بىرمۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزەتتى. شۇ
چاغ دەل رۇس - ياپون ئۇرۇشى بولۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى؛ شۇڭا
ئۇرۇشقا دائىر سۈرەتلەر كۆپرەك ئىدى. مەنمۇ ئاشۇنداق سۈرەت-
لەرنى كۆرگەن چاغلاردا، دەرسخانىدا ساۋاقداشلىرىمغا ئەگىشىپ
چاۋاك چالاتتىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شۇنداق سۈرەتلەردە جۇڭ-
گولۇقلارنى — ئۇزۇندىن بۇيان كۆرمىگەن كىشىلىرىمنى كۆرۈپ
قالدىم: بىر كىشى ئوتتۇرىدا باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە
سول تەرەپلىرىدە بىر مۇنچە كىشى قامىتىدىن كۈچ - قۇۋۋەت

تولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھېچ نەرسىنى سەزمەس بولۇپ قالغان بىر قىياپەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. چۈشەندۈرۈشكە قارىغاندا، باغلاقلىق تۇرغان كىشى پروسسىيىگە ھەربىي ئىشپىيونلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ياپون ئەسكەرلىرى سازايى قىلىپ، كاللىسىنى كەسمەكچىمىش؛ ئەتراپىدا تۇرغانلار بولسا سازايىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان كىشىلەرمىش.

مەن شۇ ئوقۇش يىلىنى تۈگەتمەستىنلا توكيوغا كەلدىم، چۈنكى شۇ چاغدا: مېدىتسىنا مۇھىم ئەمەس ئىكەن، ئومۇمەن نادانلىقتا قالغان ئاجىز خەلق تەندە ھەرقانچە ساغلام ۋە قاۋۇل بولسىمۇ، پەقەت ئەھمىيەتسىز سازايىگە ماتېرىيال ۋە تاماشىچى بولماقتىن باشقىغا يارىمايدىكەن، كېسەلدە ئۆلگەنلەرگىمۇ ھەسرەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن، شۇڭا ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆزگەرتىش كېرەك ئىكەن، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالدىم. شۇ چاغدا روھنى ئۆزگەرتىشتە ھەممىدىن مۇۋاپىق نەرسە ئەدەبىيات - سەنئەت بولسا كېرەك، دېدىم - دە، شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى تەرغىب قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. توكيودا ئوقۇۋاتقان ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە قانۇن، فىزىكا، خىمىيە ھەتتا ساقچىلىق ۋە سانائەتنى ئوقۇيدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، ئەدەبىيات ۋە گۈزەل سەنئەتنى ئوقۇيدىغانلار يوق ئىدى. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، بەختكە يارىشا بىرنەچچە سەپداش تېپىلدى، ئۇلاردىن باشقا، يەنە زۆرۈر بولغان بىرنەچچە كىشىنى تەكلىپ قىلدۇق. مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، بىرىنچى قەدەمدە ژۇرنال چىقارماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا «يېڭى ھايات» دېگەن مەنىدە ئات قويدۇق. ئۇ چاغلاردا كۆپچىلىكىمىزدە كونىلىقنى تىرىلدۈرۈش خاھىشلىرى بولغاچقا، ژۇرنالنى كونا ئەدەبىي تىلدا «نەۋ ھايات» دەپ ئاتىدۇق.

«نەۋ ھايات»نىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتى يېقىنلاشتى. لېكىن ھەممىدىن ئاۋۋال، قەلەم تەۋرىتەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ بىر قانچە-





سى ئۆزىنى چەتكە تارتتى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن سەرمايە غايىب بولدى، نەتىجىدە بىر پۇلغا ئەسقاتمايدىغان ئۈچلا كىشى قالدۇق. ژۇرنال چىقىرىش ئىشىمىز باشلىنىش ۋاقتىدىلا بۇزۇلغاچقا، بۇ ئىش پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغاندا، دەرد ئېيتقۇدەك جايمۇ تاپالمىدۇق. كېيىن ھېلىقى ئۈچەيلەنمۇ ئۆز تەقدىرىمىز بىلەن بولۇپ كېتىپ، كېلەچەكتىكى ئارزۇلىرىمىز ئۈستىدە بىر جايغا توپلىشىپ مۇڭدىشالماي قالدۇق. دۇنياغا كېلەلمىگەن «نەۋ ھايات»ىمىزنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولدى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا شۇ چاغقىچە ھېس قىلىپ باقمىغان ئۈمىدسىزلىك ئازابىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. دەسلەپتە بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلەلمىدىم. كېيىنچە ئويلىسام، ھەرقانداق ئادەمدە مۇئەييەن بىر تەشەببۇس بولۇپ، ئۇ تەشەببۇس ھىمايىگە ئىگە بولسا، ئۇ ئادەم جەزمەن ئالغا باسىدىكەن؛ قارشىلىققا ئۇچرىسا، بۇ ھال ئۇنى كۈرەشكە ئاتلاندۇرىدىكەن؛ ئەگەر ئۇ ھايات كىشىلەر ئارىسىدا يالغۇز چۇقان سالسا، ھايات كىشىلەردىن ئۇنىڭغا ئەكس سادا چىقمىسا، باشقىلار ئۇنى ھىمايىمۇ قىلمىسا، ئۇنىڭغا قارشىلىقمۇ كۆرسەتمىسە، ئۇ تەشەببۇسچى خۇددى پايانسىز چۆلگە كىرىپ ئېزىپ قالغاندەك ئامالسىز قالىدىكەن. كىشىگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھەسرەت بولامدۇ؟ مەن ئەنە شۇنداق ھېسسىياتلار بىلەن ئازابلاندىم.

بۇ ھېسسىياتلار كۈندىن - كۈنگە زورىيىپ، مېنىڭ روھىمنى خۇددى زەھەرلىك يىلاندەك چىرمىۋالدى.

شۇنداق چەكسىز ھەسرەتكە قالغان بولساممۇ، لېكىن غەزەپلەنمىدىم. چۈنكى بۇ تەجرىبە - ساۋاق ئۆز - ئۆزۈمنى چۈشىنىشكە مەجبۇر قىلدى، مەن ئۆزۈمنىڭ قولىنى بىر شىلتىپ، بىر چۇقان بىلەنلا بىر مۇنچە سەپداش توپلىيالايدىغان قەھرىمانلاردىن ئەمەس ئىكەنلىكىمنى چۈشەندىم.



لېكىن ھەسرىتىمنى يوقاتماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇ ھەسرەت مېنى تولىمۇ ئازابلايتتى. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ، ئۆزۈمنى غەپلەتكە سېلىپ، خەلق ئىچىگە چۆكۈپ كېتىشكە، قەدىمكى زامانلارغا قايتىشقا تىرىشتىم. كېيىنكى چاغلاردا تېخىمۇ قايغۇلۇق ۋە تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر بېشىمدىن ئۆتتى، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە توغرا كەلدى. بۇ ۋەقەلەرنى ئەسلەشنى خالىمىدىم، ئۇلار مېڭەم بىلەن بىللە تۇپراققا كىرىپ يوقالسۇن دېدىم. مېنىڭ بۇ جاھان رەپتارىغا كىرىۋېلىش ئۇسۇلۇم بىر ئاز نەتىجە بەرگەندەك بولدى، ياش ۋاقتلىرىمدىكى مەردانىلىك ۋە غەيرەتلەر تۈگەپ كەتكەندەك بولدى.

S سارىيىدا[4] ئۈچ ھۇجرىلىق بىر ھويلا بار ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى بۇ ھويلىدىكى سېدە دەرىخىگە بىر خوتۇن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سېدە دەرىخى ناھايىتى ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆيلەردە كىشى ئولتۇرمايدىكەن. مەن بۇ ھويلىنىڭ ھۇجرىسىدا بىرنەچچە يىل ئولتۇرۇپ، قەدىمكى يازمىلاردىن نۇسخا ئېلىش ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندىم. بۇ يەرگە مېھمان بولۇپ كەلگۈچىلەرمۇ ئاز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى يازمىلاردا ھېچقانداق يېڭى مەسىلە ۋە پىكىرلەرمۇ ئۇچرىمايتتى، شۇڭا مېنىڭ ئۆمرۈم غەلۋىسىز ئۆتۈۋېرەتتى. مېنىڭ ئارزۇيۇممۇ شۇ ئىدى. ياز ئاخشاملىرى پاشا كۆپىيىشكە باشلىغاندا، مەن پالما يوپۇرمىقىدىن قىلىنغان يەلپۈگۈچ بىلەن پاشىلارنى قورۇپ، سېدە تۈۋىدە يوپۇرماقلار ئارىسىدىن پارچە - پارچە كۆرۈنگەن كۆك ئاسمانغا قاراپ ئولتۇراتتىم. سېدە قۇرتلىرى گەدىنىمگە مۇزدەك چۈشۈپمۇ تۇراتتى.

شۇ چاغلاردا گاھى - گاھىدا بىر كونا بۇرادىرىم — جىن شىنيى[5] كېلىپ قالاتتى. ئۇ بىر كۈنى قەغەز بىلەن تولغان يوغان خۇرۇم سومكىسىنى سۇنۇق جوزا ئۈستىگە قويۇپ، يەكتىكىنى





سېلىپ تاشلاپ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇردى، ھويلىدىكى ئىتتىن قورقۇپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يۈرىكى بىر ھازاغىچە دۈپۈلدەپ سوقۇشتىن توختىمىغاندەك قىلدى.

— بۇلاردىن نۇسخا ئېلىپ نېمە قىلىسىز؟ — بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ مېنىڭ كونا قەبرە يازمىلىرىمدىن توپلىغان نۇسخىلىرىمنى ۋاراقلاۋېتىپ سورۇشتۇرۇپ قالدى.

— ھېچنېمە.

— ئەمىسە بۇ يازمىلاردىن نېمە مەقسەت بىلەن نۇسخا ئېلىۋاتىسىز؟

— ھېچ مەقسەت بىلەن ئەمەس.

— مېنىڭچە سىز ماقالە - پاقالە يازسىڭىز بولاتتى ...

مەن ئۇنىڭ مەقسىتىگە چۈشەنمىدىم. ئۇلار «يېڭى ياشلار»[6] ژۇرنىلىنى چىقىرىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ چاغدا جەمئىيەتتە ئۇ ژۇرنالنى ھىمايە قىلىدىغانلارمۇ، ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرىدىغانلارمۇ يوقتەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا مەن ئۇلارنىمۇ زېرىكىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. شۇنداق بولسىمۇ مەن:

— ئىشىك - دېرىزىلىرى بولمىغان، ۋەيران قىلىش بەك تەس بولغان بىر تۆمۈر ئۆيدە كىشىلەر ئۇخلاپ يېتىپتۇ، ئۇلار ئاز ۋاقىت ئىچىدە دىمىقتا بولۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇيقۇ بىلەن بولۇپ، جان ئۈزگەندىمۇ ئۆلۈم ئازابىنى سەزمەيدىغان ھالەتتە يېتىپتۇ دەپ، پەرەز قىلايلى. ھازىر سىز چۇقان سېلىپ، ئۇلارنىڭ بىر ئاز سەگەكرەكلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ئويغىتىۋاتىسىز، ئۇلارنى — شۇ ئازغىنە بىچارىلەرنى قۇتۇلۇپ بولمايدىغان ئەجەل ئالدىدىكى ئازابقا قالدۇرۇۋاتىسىز، بۇنى ئۆزىڭىزگە راۋا كۆرەمسىز؟ — دېدىم.

— ئەگەر بىرنەچچە كىشى قوزغالغانىكەن، شۇ تۆمۈر ئۆينى بۇزۇپ تاشلاشتىن زادىلا ئۈمىد يوق دېيەلمەسسىز.

توغرا، ئۇ چاغدا بۇ ھەقتە مېنىڭ ئۆز ئالدىمغا بىر ئىشەنچىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇمىدنى رەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇمىد كېلەچەككە باغلىق نەرسە. ئۇنىڭ ئۇمىد بار دېگەن ئىشەنچىسىنى ئۆزۈمنىڭ ئۇمىد يوق دېگەن دەۋايىم بىلەن رەت قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ماقالە يېزىپ بېرىشكە ۋەدە بەردىم. مېنىڭ دەسلەپكى ماقالەم «سەۋدايى خاتىرىسى» بولدى. يېزىشقا بىر كىرىشكەندىن كېيىن ئۇنى توختىتىش مۇمكىن بولمىدى، ھېكايىگە ئوخشايدىغان ماقالىلەرنى يېزىپ، بۇرادەرلىرىمنىڭ تەۋسىيىسىنى ئورۇنداپ تۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن يازغان ھېكايەم 10 نەچچە پارچىگە يېتىپ قالدى.

ئۆزۈمنى ئالغاندا، مەن ئەمدى سۆزلەشكە، يېزىشقا ناھايىتى موھتاج بولۇپ تۇرغان ئادەملەردىن ئەمەس ئىدىم. لېكىن ئۆز ۋاقتىدا دېمىمنى سىققان ھەسرەتلەر ئېسىمدىن چىقمىغان بولسا كېرەك. شۇڭا ھەسرەت ئىچىدە يالغۇز چېپىپ يۈرگەن باتۇرلارغا مەدەتكار بولۇش ئۈچۈن، بەزىدە چۇقان سېلىپمۇ قويدۇم، لېكىن بۇ چۇقانلىرىم جاسارەتكە ئىشارەتمۇ، قايغۇغا ئىشارەتمۇ ياكى نەپرەت ـ مەسخىرىلەرگە ئىشارەتمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىدى. ئەمما شۇ چۇقاندىن كېيىن، چۇقان سېلىشقا بۇيرۇغان قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندۇم. شۇڭا كۆپىنچە ئۆزۈم خالىغاندەك ئەمەس، تەلەپ قىلىنغاندەك يېزىشقا توغرا كەلدى: «دورا» دا يۈئەرنىڭ قەبرىسىگە گۈل چەمبىرىكى قوشۇپ قويدۇم. «ئەتە» دىمۇ شەنسى ھەدىنىڭ ئۆز ئوغلىنى چۈشىگە كىرگۈزەلمىگەنلىكىنى بايان قىلدىم. چۈنكى ئۇ چاغدا خوجايىنلار پاسسىپلىقنى ياخشى كۆرمەيتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى جاپاغا قالدۇرغان ھەسرەتلەرنى خۇددى ياش ۋاقتىمدىكىگە ئوخشاش شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈۋاتقان ياشلارغا يۇقتۇرۇشنى خالىمىدىم.

دېمەك، يازغان ھېكايىلىرىمنى ھەقىقىي سەنئەتتىن ناھايىتى





يىراق دەپ ئويلايمەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھېكايە دېگەن نامنى ئالالىشىنى، بولۇپمۇ توپلام بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىغانلىقىنى، قانداقلا بولمىسۇن، تاسادىپىي بىر ھال دېمەي مۇمكىن ئەمەس؛ بۇ ھال مېنى خىجىل قىلسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا ھېلىمۇ بۇ ھېكايىلەرنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن خۇرسەنمەن.

شۇڭا قىسقا ھېكايىلىرىمنى توپلاپ مەتبەئەگە بەردىم ۋە يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر بىلەن ئۇنىڭغا «چۇقان» دەپ نام بەردىم.

لۇشۈن

1922 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بېيجىڭ

# سەۋدايى خاتىرىسى[7]

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن — ھازىر ئۇلارنىڭ ئىسمى - فامىلىسىنى يازمايمەن — ئۆتمۈشتە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغدا قەدىردان بۇرادەرلىرىم ئىدى؛ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئايرىلىپ كەتكەچكە، دېرىكىمۇ يوقلىپ كەتكەنىدى. يېقىندا ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇڭا يۇرتۇمغا قايتىش پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى يوقلاپ باردىم. ئۇلارنىڭ بىرى بىلەنلا كۆرۈشەلىدىم، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، كېسەل بولغىنى ئۇنىڭ ئىنىسى ئىكەن. ئۇ، يوقلايمەن دەپ ئۇزۇن سەپەر يۇرۇپ بىكار ئاۋارە بوپتىلا، ئىنىم ئاللىقاچان ساقىيىپ كەتكەن. ھازىر بىرەر خىزمەت تېپىش نىيىتى بىلەن «ن»گە كېتىپ قالدى، دېدى. ئۇ كىشى سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن قاتتىق كۈلۈپ كەتتى ۋە ئىككى پارچە خاتىرە دەپتەرنى كۆرسىتىپ، ئىنىمنىڭ كېسەل ۋاقتىدىكى ئەھۋالى مۇشۇنىڭغا يېزىلغان، قوبۇل قىلسىلا، ئۆزلىرىدەك قەدىناس بۇرادەرلەرگە ھەدىيە قىلاي، دېدى. خاتىرە دەپتەرنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئوقۇپ چىقتىم ۋە ئۇ كېسەلنىڭ «تەقىب ۋەسۋەسىسى»گە ئوخشىغان روھىي كېسەل ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. خاتىرە بەك گادىرماچ يېزىلغان بولۇپ، باش - ئايىغى ئۇلاشمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىسى بىمەنە گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئاي، كۈنلىرىمۇ يېزىلمىغان، لېكىن پەقەت ئىشلىتىلگەن سىياھنىڭ ۋە يېزىش ئۇسلۇبىنىڭ ھەرخىل بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ بىر ۋاقىتتا يېزىلمىغانلىقى مەلۇم





بولۇپ تۇراتتى. دوختۇرلارنىڭ تەتقىقاتىغا سۇنۇش ئۈچۈن، مەن خاتىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرى بىر - بىرىگە باغلىنىدىغان يەرلىرىنى تاللىۋېلىپ، بىر پارچە كىتاب قىلىپ رەتلەپ چىقتىم. خاتىرىدە ئورنىغا چۈشمىگەن گەپ - سۆزلەرگە تەگمىدىم، لېكىن ئۇنىڭدا يېزىلغان كىشىلەر نامى چىقمىغان سەھرا ئادەملىرى بولسىمۇ، شەنىگە تەسىر يەتمىسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىۋەتتىم. كىتابنىڭ ئىسمىنى بولسا، خاتىرە ئىگىسى كېسەلدىن ساقايغاندىن كېيىن قويغانىكەن، ئۆزگەرتمىدىم.

7 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

## 1

بۈگۈن ئاخشام ئاپئاق ئايدىڭ كېچە بولدى. مېنىڭ ئۇنى كۆرمىگىنىمگە 30 نەچچە يىل بولغانىدى. بۈگۈن كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى. ئۆتكەن 30 نەچچە يىلنىڭ ھەممىسى زۇلمەتتە ئۆتكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ ناھايىتى دىققەت قىلىشىم كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، جاۋ خوجامنىڭ ئىتى نېمىشقا ماڭا قاراپ ئالىيىدۇ؟

مېنىڭ قورقۇشۇم ئاساسسىز ئەمەس.

## 2

بۈگۈن ئايدىڭ بولمىدى، مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. سەھەردە ئېھتىيات بىلەن دەرۋازىدىن چىقتىم. جاۋ گۈيۋېڭنىڭ قارىشى باشقىچە: ئۇ ياكى مەندىن قورقتى، ياكى مېنى ئۆلتۈرمەكچى. يەنە يەتتە - سەككىز كىشى پىچىرلىشىپ مېنىڭ ھەققىمدە كۇسۇلداشماقتا، لېكىن مېنىڭ كۆرۈپ

قىلىشىمدىن چۆچۈمەكتە. ماڭا يولدا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ھەمـ
مىسى شۇنداق. ئۇلارنىڭ بىرى — ئەڭ ياۋۇزى ماڭا قاراپ چىشـ
لىرىنى پارقىرىتىپ ھىجايدى. بۇنى كۆرۈپ، پۈتۈن ئەزايىم غۇ-
ژۇلداپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ بولغانلىقىـ
نى پەملىدىم.

لېكىن مەن قورقماستىن ئۆز يولۇمغا مېڭىۋەردىم. ئالدىمدا
بىرقانچە ئۇششاق بالىلارمۇ مېنىڭ ھەققىمدە پاراڭ قىلىشماقتا،
ئۇلارنىڭ قاراشلىرىمۇ جاۋ گۇيۋېڭغا ئوخشاش، رەڭگىرويىمۇ تۆ-
مۈرگە ئوخشاش كۆكىرىپ كېتىپتۇ. مېنىڭ ئۇششاق بالىلار بىلەن
ھېچقانداق ئاداۋىتىم بولمىسا، ئۇلار نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ،
دەپ ئويلاپ قالدىم ۋە سەۋر قىلالماستىن: «ئېيتىڭلارچۇ!...»
دەپ ۋارقىرىۋەتتىم، لېكىن ئۇلار قېچىپ كېتىشتى.

مەن خىيال سۈرۈپ قالدىم: مەن جاۋ گۇيۋېڭنى قانداق رەنـ
جىتكەندىمەن، يولدىكى كىشىلەرنى قانداق خاپا قىلىپ قويغاندىـ
مەن. بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى گۇجۇ ئەپەندىنىڭ بىر كونا
كىرىم - چىقىم دەپتىرىنى[8] تېپىۋەتكەنىدىم، بۇنىڭغا گۇجۇ ئەـ
پەندى ناھايىتى خاپا بولغانىدى، جاۋ گۇيۋېڭ ئۇنى تونۇمىسىمۇ،
لېكىن شۇ ئىشنى ئاڭلاپ قېلىپ، گۇجۇ ئەپەندى ئۈچۈن كىنە
ساقلىغان بولسا كېرەك، يولدىكى كىشىلەرنىمۇ ماڭا ئۆچ قىلىپ
قويغان بولسا كېرەك. لېكىن كىچىك بالىلارغا نېمە بولغاندۇ؟
ئۇ چاغدا بۇ بالىلار تېخى تۇغۇلمىغانىدى، نېمىشقا بۈگۈن ئۇلارمۇ
ماڭا ئالىيىپ قارايدىغاندۇ؟ ياكى ئۇلار مەندىن قورقتى، ياكى
بولمىسا مېنى ئۆلتۈرمەكچى. بۇ ئەھۋاللار مېنى چۆچۈتتى، ھەيـ
ران قالدۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قايغۇغا چۈشۈرۈپ قويدى.

چۈشەندىم. بۇنى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆگەتكەن!





## 3

كىچىكچە زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. ھەرقانداق ئىشنى ئەتراپلىق
تەتقىق قىلىش كېرەك، شۇ چاغدىلا چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ
بەزىلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا ئامبال تاقاق سالغان، بەزىلىرىنىڭ يۈز-
لىرىگە بەگلەر كاچات ئۇرغان، بەزىلەرنىڭ خوتۇنلىرىنى دورغىلار
(يايىلار) تارتىۋالغان، بەزىلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسى جازانىخورلار-
نىڭ زۇلۇمىدىن ئۆلۈپ كەتكەن؛ ئۇلارنىڭ ئۇ چاغدىكى رەڭگىرويى
تۇنۇگۈنكىدەك قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى، كۆرۈنۈشمۇ ئۇنچە يا-
ۋۇز ئەمەس ئىدى.

ماڭا ھەممىدىن بەكرەك ئاجايىپ بىلىنگىنى، تۇنۇگۈن كوچىـ
دا ئۇچراتقان ھېلىقى ئايال بولدى. ئۇ بالىسىنى ئۇرۇۋېتىپ:
«خەپ توختاپتۇر! سېنىڭ بىرنەچچە يېرىڭنى چىشلىۋالمىغۇچە
دەردىم چىقمايدۇ!» دېدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزى مەندە ئىدى. مەن
چۆچۈپ كەتتىم ۋە چۆچۈگەنلىكىمنى يوشۇرالمىدىم. ھېلىقى چىشـ
لىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرغان بەتبەشىرە ئادەملەر قاقاقلاپ كۈلۈ-
شۈپ كەتتى. چېن لاۋۋۇ يېتىپ كېلىپ، مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ
كەتتى.

ئۆيگە كەلدىم. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى تونۇماس بولۇ-
ۋالدى، ئۇلارنىڭ ماڭا قارىشىمۇ يات كىشىلەرگە ئوخشاش ئىدى.
كۈتۈپخانامغا كىرگەندىن كېيىن، خۇددى بىرەر توخۇ ياكى ئۆر-
دەكنى سولاپ قويغاندەك، ئىشىكنى تېشىدىن زەنجىرلەپ قويدى.
بۇ ۋەقەنىڭ تېگىگە زادىلا چۈشىنەلمىدىم.

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى لاڭزى كەنتىدىكى ئورتاقـ
چىمىز قەھەتچىلىكتىن خەۋەر بېرىپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئاكامغا:



0000083648

كەنتىمىزدە بىر زالىمنى خەلق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، بىر نەچچە كىشى يۈرىكىمىز يوغىنايدۇ دەپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ ئېلىپ ياغدا قورۇپ يېدى، دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى. مەنمۇ پاراڭغا ئارىلىشىپ بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قاتقانىدىم، ئورتاقچىمىز بىلەن ئاكام ماڭا ھومىيىپ قويغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ قارىشىنىڭمۇ تالادىكى ھېلىقى ئادەملەر بىلەن تامام بىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

بۇنى ئويلىسام، پۈتۈن ئەزايىم غۇژۇلداپ كېتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئادەم يېيىشى مۇمكىن، مېنى يەپ كېتىشىمۇ تۇرغان گەپ.

قاراڭلار! ھېلىقى ئايالنىڭ: «بىرنەچچە يېرىڭدىن چىشلىۋالمىغۇچە» دېگەن گەپلىرى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرغان بەتبەشىرە كىشىلەر، ئورتاقچىمىزنىڭ بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى قىلغان سۆزلىرى، روشەنكى، ھەممىسى كىنايە — دارىتىش. پەملەپ بولدۇم، ئۇنىڭ سۆزى — تامامەن ئوغا، ھىجىيىشى — تامامەن خەنجەر؛ ئۇلارنىڭ قاتار - قاتار تۇرغان ئاپئاق چىشلىرى ئادەم يەيدىغان ئەسۋاب.

ئۆزۈمنى ئالسام، مەن ياۋۇز بولمىساممۇ، لېكىن گۇجۇ ئەپەندىنىڭ كىرىم - چىقىم دەپتىرىنى تېپىۋەتكەندىن كېيىن، ئىش چاتاق بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ نىيىتى يامانراق كۆرۈنىدۇ، لېكىن پەملەپ تېگىگە يېتەلمەيمەن. ئېھتىمال، ئۇلار يۈزىنى ئۆرۈپلا، مېنى ياۋۇزلار قاتارىغا چىقىرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ يادىمدا بار، ئاكام بىر ۋاقىتلاردا ماڭا ماقالە يېزىشنى ئۆگەتكەنىدى. ئۇ چاغدا ھەرقانداق ياخشى ئادەم بولسۇن، ئۇنى يامانلاپ يازسام، ئاكام ياخشى باھا قوياتتى. يامان ئادەملەر ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويسام: «سەندە باشقىلاردا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ماھارەت بار» دەيتتى.





ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنىڭ، بولۇپمۇ ئادەم يەيدىغان چاغدىكى مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي؟

ھەرقانداق ئىشنى ئوبدان تەتقىق قىلغاندىلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئادەم يەيدىغان ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن يادىمدا ئانچە روشەن قالماپتۇ، ئېنىقلاپ كۆرەي دەپ تارىخنى ۋاراقلاپ قارىسام، ئۇ تارىخنىڭ يىللىرى يېزىلماپتۇ. لېكىن ھەربىر ۋارىقىغا «ۋاپا»، «ئىنساپ»، «ئەخلاق»، «ساخاۋەت» دېگەن خەتلەر ئەگرى - بۈگرى يېزىقلىق تۇرۇپتۇ. زادىلا ئۇخلىيالمىدىم، تارىخنى تۈن ھەسسىسىگىچە دىققەت بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن خەتلەرنىڭ ئارىلىقىدا پۈتۈن كىتاب بويىچە يېزىقلىق تۇرغان «ئادەم يېيىش» دېگەن خەتنى كۆردۈم! كىتابتا ئەنە شۇنداق نۇرغۇن خەتلەر يېزىقلىق تۇرىدۇ؛ ئورتاقچىمىز ھېلىقىدەك بىر مۇنچە گەپ - سۆزلەرنى قىلدى، ھەممىسى ھىجىيىپ ماڭا تەنە بىلەن قاراشماقتا.

مەنمۇ ئادەم، ئۇلار مېنى يەۋەتمەكچى!

## 4

سەھەردە بىردەم شۈك ئولتۇردۇم. چېن لاۋۇ ناشتىلىق ئۇچۇن بىر چىنە سەي، بىر چىنە دۇملەپ پىشۇرۇلغان بېلىق ئەكىردى. بۇ بېلىقنىڭ كۆزى ئاق، لېكىن قاتمال ئىدى، ئاغزىمۇ ھېلىقى ئادەم يېگۈچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئوچۇق تۇراتتى. بىرنەچچە چوكا قىسىپ ئېلىپ يېدىم. گېلىمدىن سىلىق ئۆتتى، ئۇ بېلىق گۆشىمىكىن ياكى ئادەم گۆشىمىكىن ئايرىيالماي، يېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قۇسۇۋەتتىم.

— لاۋۇ، — دېدىم، — ئاكامغا ئېيتىپ قوي، ئىچىم بەك پۇشۇپ كەتتى، ھويلىغا چىققۇم كېلىۋاتىدۇ.

لاۋ ۋۇ جاۋاب بەرمەستىن چىقىپ كەتتى، لېكىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىۋەتتى.

ئورنۇمدىن قوزغالمىدىم. ئۇلارنىڭ مېنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى پەملەشكە كىرىشتىم. ئۇلارنىڭ مېنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. دەرۋەقە، ئاكام بىر قېرىنى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ئەپت - بەشىرىسىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ پەملەپ قېلىشىمدىن قورقۇپ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، كۆزەينەكنىڭ قىرىدىن ماڭا مارىلاپ قارىدى.

ئاكام مەندىن سورىدى:

— بۈگۈن خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرىسەن.

— ھەئە، شۇنداق، — دېدىم.

— بۈگۈن تېۋىپ خې ئەپەندىنى تەكلىپ قىلىپ كەلدىم، كۆرۈپ باقسۇن، — دېدى ئۇ.

— بولىدۇ! — دېدىم.

كاشكى مەن بۇ قېرىنىڭ جاللات ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسام! ئۇ بۈگۈن تومۇر تۇتىمەن دېگەن باھانە بىلەن مېنىڭ ئورۇق - سېمىزلىكىمنى بايقىماقچى ۋە بۇ خىزمىتى ئۈچۈن بىرەر توغرام گۆشۈمنى ئېلىپ يېمەكچى، مەنمۇ قورقمىدىم. مەن ئادەم يېمىگەن بولساممۇ، يۈرىكىم ئۇلارنىڭكىدىن توق ئىدى. ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئىككى مۇشتۇمۇمنى چىقىرىپ بەردىم. چال ئولتۇرۇپ، كۆزىنى يۇمدى - دە، تومۇرۇمنى تۇتۇپ، بىردەم جىم بولۇپ قالدى، ئاندىن كېيىن شۇملۇق چىقىپ تۇرغان كۆزىنى ئېچىپ سۆزلىدى:

— ھېچ نەرسىنى ئويلىماڭ، بىرنەچچە كۈن جىم يېتىپ ئارام ئالسىڭىز، ئوڭشىلىپ كېتىسىز.

ھېچ نەرسىنى ئويلىماڭ، جىم يېتىپ ئارام ئېلىڭمىش! جىم يېتىپ سەمرىسەم، كۆپرەك يېمەكچى - دە، ماڭا نېمە پايدىسى





بار. قانداقسىگە «ئوڭلىنىپ» قالىدىكەنمەن؟ ئۇلارنىڭ ئادەم يېگۈسى بار، لېكىن يەنە مۇغەمبەرلىك قىلىپ، بۇ نىيىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، تۈپتوغرا قول سېلىشقا پېتىنالمايدۇ. بۇ ھال مېنىڭ قاتتىق كۈلكەمنى كەلتۈردى. چىداپ تۇرالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم ۋە بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ھۇزۇرلاندىم. بۇ كۈلكەمدە غەيرەت ۋە جاسارەتنىڭ بارلىقىنى ئۆزۈم بىلىمەن. قېرى بىلەن ئاكامنىڭ رەڭگى ئۆڭدى، ئۇلار مېنىڭ بۇ غەيرىتىم ۋە جاسارىتىمدىن قورقۇپ كەتتى.

لېكىن، مېنىڭ غەيرىتىم ئاشقانسېرى، ئۇلارنىڭ مېنى يېيىش ھەۋىسىمۇ كۈچەيدى، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ غەيرىتىمدىن بىرئاز بولسىمۇ نەپ ئالماقچى - دە. قېرى ئىشىكتىن چىقىپ بىرئاز مېڭىپلا ئاكامغا: «دەرھال يەۋېتىڭلار!» دەپ پىچىرلىدى. ئاكاممۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مانا قاراڭلار، ئادەم يېگۈچىلەر قاتارىدا ئاكاممۇ بار ئىكەن تېخى! بۇ ۋەقە كۆڭلۈمدە پۈكۈكلۈك بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن زور كەشپىيات بولدى. مېنى يېيىشكە ئاكاممۇ شېرىك ئىكەن!

ئاكام ئادەم يەيدىكەن!

مەن ئادەم يېگۈچىنىڭ ئىنىسى ئىكەنمەن!

ئۆزۈم يېيىلىپ كەتسەممۇ، لېكىن يەنە ئادەم يەيدىغان ئادەمنىڭ ئىنىسى بولىدىكەنمەن!

## 5

كېيىنكى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى پەرەزلىرىمدىن بىرئاز يېنىپ، مۇنداق ئويلاپ كۆردۈم: ھېلىقى قېرى جاللات بولماستىن، ھەقىقەتەن تېۋىپ بولغان تەقدىردىمۇ، يەنە ئادەم يەيدىغان ئادەم، ئۇلارنىڭ پىرى لى شىجېن يازغان

«مەھەللىۋى ئوت ـ چۆپلەر…» [9] دېگەن كىتابتا ئادەم گۆشىنى
پىشۇرۇپ يېگىلى بولىدۇ، دەپ ئوچۇق يېزىلغان. شۇ پىرىدىن
تەلىم ئالغان قېرى ئادەم گۆشى يېمەيمەن دېيەلەمدۇ؟

ئاكامغا كەلسەم، ئۇنىمۇ ناھەق ئەيىبلىمەيمەن. ئۇ ماڭا دەرس
بەرگەن چاغدا، ئۆز ئاغزى بىلەن «بالىلارنى تېگىشىپ يېسە بولىـ
دۇ» [10] دېگەنىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر يامان ئادەمنىڭ گېپى
بولغاندا، ئاكام ئۇنى ئۆلتۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى «گۆشىنى يەپ،
تېرىسىدە ئۇخلاش» كېرەك دېگەن. ئۇ چاغدا مەن تېخى گۆدەك
ئىدىم، شۇڭا خېلى ۋاقىتقىچە يۈرىكىم پوكۇلداپ كەتكەنىدى.
ئىلگىرىكى كۈنى ئورتاقچىمىز كېلىپ، ئادەم يۈرىكىنى يېگەن بىر
ۋەقەنى ھېكايە قىلغاندا، ئاكام ھەيران بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن،
بەلكى ھەدەپ بېشىنى لىڭشىتتى. دېمەك، ئۇنىڭ نىيىتى ئىلگىرىـ
كىدەكلا ياۋۇز ئىكەن. «ئۆز بالىسىنى تېگىشىپ يەۋېتىش» مۇمـ
كىن بولغان يەردە، باشقا ھەرقانداق نەرسىنى تېگىشىش، ھەرقانـ
داق ئادەمنى يەۋېتىش مۇمكىن ئوخشايدۇ. مەن ئىلگىرىكى چاغلارـ
دا ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئادالەت توغرىسىدىكى گەپلەرنى كۆپ ئاڭلايتـ
تىم، لېكىن گۆدەكلىك قىلىپ يۈرۈۋېرىپتىكەنمەن، مانا ئەمدى
چۈشىنىۋاتىمەن: ئۇ ئادالەت توغرىسىدا گەپ ـ سۆز قىلغاندا،
كالپۇكلىرىدىن ئادەم يېغى بۇژۇلداپ تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن،
يۈرىكىمۇ ئادەم يېيىش نىيىتى بىلەن تولۇپ تۇرغانىكەن ـ دە.

## 6

قاپقاراڭغۇچىلىق. كۈندۈزمۇ، تۈنمۇ، ئايرىغىلى بولمايدۇ.
جاۋ ھويلىسىدىكى ئىت يەنە قاۋىغىلى تۇردى.
شىرغا ئوخشاش رەھىمسىزلىك، توشقانغا ئوخشاش قورقۇنـ





چاقلىق، تۈلكىگە ئوخشاش ھىيلىگەرلىك…

## 7

ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بىلىمەن، ئۇلار ئاشكارا
ئۆلتۈرۈشنى خالىمايدۇ، بالاغا قېلىشتىن قورقۇپ، ئاشكارا ئۆلتۈـ
رۈشكىمۇ پېتىنالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىلىـ
شىپ، تۇزاقنى قۇرۇپ قويدى، مېنى ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۆلتۈرۈشكە
مەجبۇر قىلماقچى. ئالدىنقى كۈنلەردە رەستىدە ئۇچرىغان ئەركەكـ
لەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئەپتىدىن، ئاكامنىڭ بۇ بىرنەچچە كۈندىكى
قىلىقلىرىدىن، ئۇلارنىڭ بۇ غەرىزىنى 80 ـ 90 پىرسەنت پەملەپ
بولدۇم. ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ ياخشىسى، بەلۋېغىمنى يېشىپ، تو-
رۇسقا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسام؛ ئۇلار قاتىل دېگەن جىنايەتكىمۇ قالـ
مىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇرادىغا يەتسە؛ تەبىئىيكى، خۇشاللىقىدىن
بېشى ئاسمانغا يەتسە ۋە قوۋۇزى تولغۇدەك كۈلۈۋالسا ياكى ئۇركۇـ
تۇپ ـ چۆچۈتۈپ، غەم ـ قايغۇغا سېلىپ ئۆلتۈرسە، بۇنىڭدا بىرئاز
ئورۇقلاپ كەتسەممۇ، لېكىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، مۇرادىغا
يەتسە!

ئۇلار ئۆلۈكنىڭ گۆشىنى يېيىشنىلا بىلىدۇ! ئېسىمدە قېلىـ
شىچە، قانداقتۇر بىر كىتابتا «كېيىنا» [11] دېگەن بىر مەخلۇقنىڭ
بارلىقىنى ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭ كۆزى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى ناھايىتى
قەبىھ ئىكەن، ئۇ ھەمىشە ئۆلگەن نەرسىلەرنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن،
ھەتتا يوغان ـ يوغان سۆڭەكلەرنىمۇ چايناپ تالقاندەك قىلىپ
يۇتۇۋېتىدىكەن، شۇ ئېسىمگە چۈشسە قورققۇم كېلىدۇ. «كېيىنا»
بۆرە نەسلىگە كىرىدىكەن، بۆرە بولسا، ئىت ئائىلىسىگە كىرىدۇ.
ئالدىنقى كۈنى جاۋ ھويلىسىدىكى ئىت ماڭا مارىلاپ قاراپ قويدى.
پەمىمچە، ئۇمۇ شېرىك ئىكەن، ئۇلار ئاللىقاچان تىل بىرىكتۈرۈـ

ۋالغانىكەن، قېرى يەرگە قارىۋالغان بىلەن، سىرىنى مەندىن يوشۇرالارمىدى.

ھەممىدىن بەكرەك ئاكامغا ئېچىنىمەن. ئۇمۇ ئادەم، ئۇ نېمىشقا قورقمايدىغاندۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شېرىك بولۇپ مېنى يېمەكچى بولۇۋاتىدۇ؟! ئۇنىڭغا ئادەم يېمىسە بولمايدىغان ئادەت سىڭىپ كەتكەندىمۇ؟ ياكى ۋىجدانىنى يوقىتىپ، بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ؟

ئادەم يېگۈچىلەرگە لەنەت، ھەممىدىن ئاۋۋال ئاكامغا لەنەت! ئادەم يېگۈچىلەرنى يامان يولدىن يېنىشقا ئۈندەيمەن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئاكامنى ئۈندەيمەن.

## 8

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ھەقىقەتنى ھازىر ئۇلارمۇ چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن…

بىردىنلا بىراۋ كىرىپ كەلدى: ئۇنىڭ يېشى تېخى 20دىن ئاشمىغان، ئۇنىڭ قىياپىتىنى ئانچە روشەن كۆرەلمىدىم. ئۆزى كۈلۈمسىرەپ، ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى راست كۈلكىگە ئوخشاشمايتتى.

مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئادەم يېيىش توغرا ئىشمۇ؟

— قەھەتچىلىك يىلى بولمىسا نېمىشقا ئادەم يەيدىكەن؟

دەرھال چۈشەندىم، ئۇمۇ شېرىك ئىكەن، ئادەم يېيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. شۇڭا مېنىڭ غەيرىتىم يەنە 100 ھەسسە ئاشتى. سۆزۈمدىن قالماستىن يەنە سورىدىم:

— توغرا ئىشمۇ؟

— ئۇنداق ئىشلارنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ چاقچاققا …





راستتىن ئۇستىكەنسىز … بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى.

— ھاۋانىڭ ياخشىلىقىغۇ ياخشى؛ كېچىمۇ ئاپئاق ئايدىڭ. لېكىن مەن سەندىن سوراۋاتىمەن: ئۇ توغرا ئىشمۇ؟

ئۇ تېڭىرقاپ قېلىپ:

— ياق…— دەپ مۇجمەل جاۋاب بەردى.

— ياق؟ ئۇنداق بولسا ئۇلار نېمىشقا يەيدۇ؟!

— ئۇنداق ئىش بولمىغان …

— ئۇنداق ئىش بولمىغان؟ لاڭزى كەنتىدىكىلەر يەپتۇ، كىتابتىمۇ يېزىقلىق تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق گەپ!

ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ ـ كۆكىرىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق ئىش بولسىمۇ بولغاندۇ، ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق… — دېدى.

— ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق بولسا، توغرا بولامدۇ؟

— ساڭا بۇنداق سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. قىسقىسى، بۇنداق گەپلەرنى ئاغزىڭغا ئالما، ئالساڭ خاتالىشىسەن!

مەن كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ، ئورنۇمدىن دىككىدە تۇرغاندىم، ئۇ ئادەم ئاڭغىچە كۆزدىن غايىب بولدى. پۈتۈن ئەزايىمنى قارا تەر بېسىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېشى ئاكامدىن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشقا ئۇمۇ شېرىك ئىكەن. ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسى ئۆگەتكەن بولسا كېرەك. ئۇ تېخى ئۆز ئوغلىغىمۇ ئۆگىتىپ قويغان بولمىغىيدى، شۇڭا كىچىك باللارمۇ ماڭا قانخورلاردەك قارايدۇ.

## 9

ئۆزى ئادەم يېمەكچى، لېكىن يەنە ئۆزىنىڭ يېيىلىپ كېتىد-

شىدىن قورقۇپ، بىر - بىرىگە ناھايىتى گۇمانلىق كۆز بىلەن قارىشىدۇ...

شۇ نىيەتتىن ۋاز كېچىپ، خاتىرجەم ئۆز ئىشىنى قىلسا، ئۆز يولىغا ماڭسا، غىزاسىنى يېسە، ئۇيقۇسىنى ئۇخلىسا — نېمىدېگەن چوڭ راھەت بولغان بولاتتى. بۇ پەقەت بىر قەدەم ئاتلاش بىلەنلا ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان بىر بوسۇغا، بىر قىر ئىدى. لېكىن ئۇلار ئاتا - بالا، ئاكا - ئۇكا، ئەر - خوتۇن، يار - بۇرادەر، ئۇستاز - شاگىرت، دۈشمەن ۋە يات كىشىلەر شېرىك بولۇۋېلىشىپ، بىر - بىرىنى روھلاندۇرۇپ، بىر - بىرىنى تارتىشىپ، بۇ قەدەمنى ئاتلاشقا ئۆلسىمۇ ئۇنىمايدۇ.

## 10

سەھەردە ئاكامنى ئىزدەپ چىقتىم؛ ئۇ ھويلىدا ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ، دالان ئۆيىنىڭ ئىشىك تەرىپىنى توسۇپ، ناھايىتى ئېغىر - بېسىقلىق، مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىدىم:

— ئاكا، سىزگە گېپىم بار ئىدى.

— گېپىڭ بولسا، ئېيت، — ئۇ دەرھال ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بىرنەچچە ئېغىزلا گېپىم بار، لېكىن ئاغزىمدىن چىقىرالمايۋاتىمەن. ئاكا، زامانى ئاۋۋالدا، ئېھتىمال ياۋايى ئادەملەر ئادەم يېگەن بولسا كېرەك. كېيىنكى چاغلاردا كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزىلەر ئادەم يېمەيدىغان بولۇپ، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش يولىغا كىرىپ، ئادەمگە — ھەقىقىي ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. بەزىلەر، خۇددى قۇرتقا ئوخشاش، تېخىچە ئادەم يېمەكتە: بەزىلىرى بېلىققا، ئۇچارقاناتقا، مايمۇنغا، ئاخىرى ئادەمگە ئايلانغان.





بەزىلەر ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى خالىماي تا ھازىرغىچە قۇرت ھالىتىدە تۇرماقتا. ئادەم يەيدىغانلار ئادەم يېمەيدىغانلارغا قارىغاندا نېمىدېگەن شەرمەندە! ھەتتا قۇرتمۇ مايمۇن ئالدىدا ئۇلارچىلىك شەرمەندە ئەمەستۇ...

... يىيا[12] ئۆزىنىڭ ئوغلىنى جيې بىلەن جۇ[13] غا كاۋاپ قىلىپ بەرگەن. بۇ ئىلگىرى ئۆتكەن ۋەقە. پەنگۇ[14] ئاسمان بىلەن يەرنى ئاجرىتىۋەتكەندىن كېيىن، يىيانىڭ ئوغلى يېيىلگەنگىچە، يىيانىڭ ئوغلىدىن تارتىپ شۈي شىلىڭگىچە[15]، ئۇنىڭدىن تارتىپ تالاڭزى كەنتىدە تۇتۇلغان ئادەمگىچە، قانچىلىغان كىشىلەر يېيىلىپ كەتكەنلىكىنى كىم بىلسۇن. بۇلتۇر شەھەردە بىر گۇناھكار ئۆلتۈرۈلسە، ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغان بىر ئادەم ئۇنىڭ قېنىنى ھور نانغا مىلەپ يەپتۇ...

... ئۇلار مېنى يەۋەتمەكچى، يالغۇز سىز بۇنىڭغا بىرەر ئامال قىلالمايسىز. لېكىن ئۇلارغا شېرىك بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئادەم يېگۈچىلەر نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ مېنى يېگەن ئادەم، سىزنىمۇ يەۋېتىشى مۇمكىن، ئۆز شېرىكلىرىنى يەۋېتىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، شۇ يولدىن قايتسىڭىز، بۇ پەيلىڭىزنى دەرھال ئۆزگەرتسىڭىز، ھەممە ئادەم ئامان قالىدۇ. ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق ئادەت بولسىمۇ، بۈگۈن بىز بۇ ئادەتنى بۇزۇپ، ياخشى يولغا ماڭساق بولمامدىكەن! ئاكا، سىزنىڭ ئادەم يېگىلى «بولمايدۇ» دېيەلىشىڭىزگە ئىشىنىمەن. ئالدىنقى كۈنلەردە ئورتاقچىلار ئىجارە ھەققىنى ئازايتىۋېتىڭ دېسە، سىز «بولمايدۇ» دېدىڭىزغۇ.

دەسلەپتە ئۇ سوغۇق كۈلدى، كېيىن ئۇنىڭ كۆزىدىن ياۋۇزلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈندى. سۆزۈم تازا يېغىرىغا تەگكەندە، ئۇنىڭ پۈتۈن چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. دەرۋازا تېشىدا بىرمۇنچە ئادەم تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جاۋ گۇيۋېڭ بىلەن ئىتىمۇ بار ئىدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەرۋازىدىن مارىشىپ كىرىشتى. بەزىلە-

رىنىڭ چىراينى پەرق قىلالمىدىم. ئۇلار يۈزىنى رەخت بىلەن ئورىۋالغاندەك كۆرۈندى؛ بەزىلىرى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ئاغزىنى كالچايتىپ ھىجايماقتا. ئۇلارنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىنى، ھەممىسىنىڭ ئادەم يېگۈچى ئىكەنلىكىنى پەملىۋالدىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. بىر تۈرلۈكى ئەزەلدىن شۇنداق، ئادەم گۆشىنى يېيىش كېرەك دەيدۇ؛ بىر تۈرلۈكى ئادەم گۆشىنى يېيىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، يەنە يېگۈسى كېلىدۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، باشقىلارنىڭ ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، بارغانسېرى جەھلى قاتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئاغزىنى كالچايتىپ، سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

شۇ چاغدا ئاكاممۇ تەلەتىنى بۇزۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەممىڭ چىقىپ كېتىش! ساراڭغا قارىغاندىن نېمە پايدا چىقىدۇ!

ھە، مەن ئەمدى ئۇلارنىڭ يەنە بىر ھىيلە - مىكرىنى بىلىۋالدىم. ئۇلار يامان نىيىتىنى ئۆزگەرتىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىكەن. ئۇلار ماڭا ساراڭ دېگەن نامنى چاپلىماقچى. شۇنىڭ بىلەن مېنى يەپ بىرەر بالاغا قېلىشىنىڭ ئورنىغا، بەلكى كىشىلەرنىڭ: «ساراڭنى يەپ خويمۇ ياخشى ئىش قىپتۇ» دېگەن ھېسداشلىقىغا ئىگە بولماقچى. ئورتاقچىمىزنىڭ بىر زالىمنى يەۋەتتۇق دېگەن ھېكايىسىمۇ، ئۇلارنىڭ دەل ئەنە شۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كونا ئۇسۇلى!

چېن لاۋۋۇمۇ غەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ مېنىڭ ئاغزىمنى توسۇيالمىدى. مەن ئۇلارغا سۆزلەۋەردىم:

— نىيىتىڭلارنى ئۆزگەرتىڭلار، چىن دىلىڭلار بىلەن ئۆزگەر-





تىڭلار! شۇنى بىلىشىڭلار بولىدۇ: كەلگۈسىدە ئادەم يەيدىغانلار دۇنيادا ياشىيالمايدۇ. بۇ نىيىتىڭلارنى ئۆزگەرتمەيدىكەنسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ يېيىلىپ تۈگەيسىلەر. سىلەردەكلەر كۆپ تۇغۇلۇپ تۇرسىمۇ، ھەقىقىي ئىنسانلار قولىدا خۇددى ئوۋچىلار بۆرىلەرنى ئېتىپ تۈگەتكەندەك تۈگەيسىلەر، قۇرتقا ئوخشاش ھالاك بولىسىلەر!

چېن لاۋۋۇ ھېلىقى بىر توپ ئادەمنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئاكاممۇ نەگىدۇر يوقالدى. چېن لاۋۋۇ مېنى ئۆيگە قايتۇردى. ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ، لىم ۋە ۋاسىلار بېشىمدا تىترىگىلى تۇردى، يوغىنىغىلى تۇردى، گويا ئۇستۈمگە چۈشۈپ مېنى بېسىۋالدى.

ناھايىتى ئېغىر، قىمىرلىيالمىدىم. مۇنداق بېسىشتىن مەقسەت، مېنى ئۆلۈۋال دېمەكچى. لېكىن، مەن ئۇ ئېغىرلىقنىڭ يالغانلىقىنى بىلىمەن، شۇڭا تىركەشتىم، قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتىم. شۇنداق تۇرۇپمۇ سۆزلىدىم:

— دەرھال نىيىتىڭلارنى ئۆزگەرتىڭلار! چىن دىلىڭلاردىن ئۆزگەرتىڭلار! شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، كەلگۈسىدە ئادەم يېگۈچىلەرگە يول قويۇلمايدۇ…

## 11

كۈنمۇ چىقمىدى، ئىشىكمۇ ئېچىلمىدى. ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ غىزا.

قولۇمغا چوكىنى ئېلىش بىلەن ئاكام يادىمغا چۈشىدۇ. سىڭلىمنىڭمۇ شۇنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۆلگەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ چاغدا سىڭلىم ئاران بەش ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ ئوماق، ئايانچلىق قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ. ئانامنىڭ يىغىسى بېسىلمىدى.

ئاكام ئەكسىچە ئانامنى يىغلىما دەپ بەزلىدى. سىڭلىمنى ئاكامنىڭ ئۆزى يەۋەتكەچكە، ئانام يىغلىسا ئۇ بىرئاز ئوڭايسىزلانسا كېرەك. ئەگەر ئوڭايسىزلىنىدىغان بولسا...

سىڭلىمنى ئاكام يەۋەتتى، بۇنى ئانامنىڭ بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقى ماڭا نامەلۇم.

ئاناممۇ بىلسە كېرەك. بىراق، يىغلىغان ۋاقتىدا زادىلا ئېيتمىدى. ئېھتىمال، يەۋېتىش پەرز دەپ ئويلىسا كېرەك. ئېسىمدە قېلىشىچە، تۆت - بەش ياش چاغلىرىمدا بولسا كېرەك، سەينادا سالقىنلاپ ئولتۇراتتىم. ئاكام: «ئاتا - ئانىسى ئاغرىپ قالسا، بالىسى ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن بىرەر توغرام گۆشنى كېسىپ، پىشۇرۇپ ئاتا - ئانىسىغا يېگۈزۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ياخشى ئادەم بولۇپ سانىلىدۇ» دېگەنىدى. ئاناممۇ: «مۇنداق قىلىش يارىمايدۇ» دېمىگەنىدى. بىرەر توغرامنى يېگىلى بولغان يەردە، پۈتۈنلەي يەۋېتىش تەبىئىي. لېكىن، شۇ چاغدىكى يىغا - زارىنى ھازىر ئويلىسام، ئىچىم ئۆرتىلىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ بىر ئىش!

## 12

ئويلىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ئەمدى چۈشەندىم، 4000 يىلدىن بۇيان ھەمىشە ئادەم يەپ كېلىۋاتقان جايدا، مەنمۇ بىرقانچە يىللا تۇرۇپتىمەن. ئاكام ئۆي ئىشىغا خوجايىنلىق قىلىۋاتقان چاغدا سىڭلىم ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ سىڭلىمنىڭ گۆشىنى ئاش - تاماققا ئارىلاشتۇرۇپ، تويدۇرماستىن بىزگىمۇ يېگۈزۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

مەن سىڭلىمنىڭ بىرقانچە توغرام گۆشىنى بىلمەستىن يەپ سالغان بولسام كېرەك؛ مانا ئەمدى نۆۋەت ئۆزۈمگە كەلدى...





4000 يىلدىن بۇيان ئادەم يېگەنلىك سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە بولغان مەن، دەسلەپتە بىلمىگەن بولساممۇ، مانا ئەمدى بىلدىم، ھەقىقىي ئىنسانلارغا قاراشقا يۈزۈم چىدىمايدۇ!

## 13

ئادەم گۆشىنى يېمىگەن بالىلارمۇ بارمىدۇ؟
بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار ...

1918 - يىل 4 - ئاي

# كۇڭ يىجى

لۇجىڭ بازىرىدىكى مەيخانىلار باشقا يەردىكىلەرگە قارىغاندا ئالاھىدە بىر خۇسۇسىيەتكە ئىگە. دۇكان ئالدىدىكى يېرىم دۇگىلەك يوغان پەشتاختىتا كوچىغا چىقىپ تۇرىدۇ، پەشتاختىنىڭ ئىچكى تەرىپىدە دائىم قايناق سۇ تەييار. بۇ يەردىن ھەمىشە ئىسسىتقان ھاراق ئېلىشقا بولىدۇ. چۈشلۈكى ۋە كەچقۇرۇنلۇقى ئىشتىن يانغان كىشىلەر تۆت يارماققا بىر چىنە ھاراق ئالىدۇ ـ دە (بۇ، بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرىكى ۋەقە، ئەمدى بولسا بىر چىنە ھاراقنى 10 يارماققا بېرىدۇ)، پەشتاختىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئىسسىققىنا ئىچىۋالىدۇ. زاكۇسكا ئۈچۈن يەنە بىر يارماققا تۇزلۇق سۇدا پىشۇرۇلغان بىر تەخسە بامبۇك يىلتىزى يا بولمىسا ئارپىبەدىيان بىلەن كۆپتۈرۈلگەن پۇرچاق ئېلىپ يېيىشكە، 10 نەچچە يارماق خەجلىگەندە ھەتتا گۆشلۈك تاماقلارنى بۇيرۇتۇشقا بولىدۇ. لېكىن پاختىلىق كالتە چاپان كىيگەن ئاددىي كىشىلەردە ئۇنچىلىك ئاقچا بولمايدۇ. تون كىيگەن ھاللىقراق خېرىدارلارلا دۇكاننىڭ ئىچىدىكى بۆلۈمگە كىرىپ شۇ يەردە ھاراق ۋە تاماقلارنى بۇيرۇتۇپ، ئالدىرىماي پەيزى قىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

مەن 12 ياش ۋاقتىمدىن باشلاپ، بازار بېشىدا «ئومۇمىي سائادەت» دېگەن تاختا ئېسىقلىق تۇرغان مەيخانىغا ئىشلەشكە كىردىم. خوجايىنىنىڭ ماڭا: «سەن ئۆزۈڭ گالۋاڭراق نېمىكەنسەن. تون كىيگەن خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشلىيەلمەسسەنمىكىن دەپ قورقىمەن، سېنىڭ ئىچكىرى بۆلۈمدە ئىشلىگىنىڭدىن





پەشتاختىنىڭ يېنىدا ئىشلىگىنىڭ تۈزۈكرەك بولار» دېگىنى تېخى يادىمدا. پاختىلىق كالتە چاپان كىيگەنلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئاسان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تولا ۋالاقلاپ ئادەمنى تويغۇزۇۋېتىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئالداپ كېتىدۇ دەپ ئەنسىرەپ، سېرىق ھاراقنىڭ تۇڭدىن تۇنىكە چەينەككە قانداق قۇيۇلۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا ئۇرۇناتتى ۋە ئالدىنئالا چەينەكنىڭ تېگىدە سۇ يوقمىكىن دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭ تېگىگە قاراپ قوياتتى؛ ئۇلار تا چەينەكنى قايناق سۇغا سالغۇچە قاراپ تۇرۇپ، پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنلا كۆڭلى ئارام تاپاتتى. ئەلۋەتتە مۇنداق ھوشيار نازارەت ئاستىدا ھاراققا سۇ قوشۇش ناھايىتى قىيىن ئىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خوجايىنىم مېنىڭ بۇ ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىمنى بىلدى. لېكىن مېنىڭ بەختىمگە، مېنى تونۇشتۇرغان كىشىنىڭ يۈزى چوڭ كەلدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى مەيخانىدىن چىقىرىۋەتمەي مەي ئىسسىتىدىغان ئىشقا قويۇپ قويدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ مەن ئەتىگەندىن كەچ كىرگۈچە دۇكان ئالدىدىكى پەشتاختىتا يېنىدا تۇرۇپ، ئادەمنى زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان ۋەزىپىنى ئورۇنداپ يۈردۈم، چوڭ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزمىگەن بولسامۇ، لېكىن مېنى بىر خىل ئىش ۋە زېرىكىش ناھايىتى قىينايتتى. خوجايىنىنىڭ ھېچقاچان قاپىقى ئېچىلمايتتى ۋە خېرىدارلارنىڭمۇ ئوچۇق چىراي ئاچىدىغان ۋاقتى ئاز ئىدى. شۇڭا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ يۈرەلمەيتتىم. لېكىن دۇكانغا كۇڭ يىجى كىرگەندە، ئۇ يەر بىرئاز كۆڭۈللۈكرەك بولۇپ قالاتتى، مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن ئۇنى شۇ كەمگىچە ئۇنتۇمايمەن.

تون كىيگەنلەرنىڭ ئارىسىدىن پەشتاختىغا يۆلىنىپ ھاراق ئىچىدىغان كىشى يالغۇز كۇڭ يىجىلا ئىدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، تاتىراڭغۇ يۈزلۈك، قورۇق ماڭلىيىنى تارتۇق بېسىپ كەتكەن،

تارالمىغان چاچ - ساقاللىق كىشى ئىدى، كىيگەن تونىمۇ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا بىر قېتىممۇ يۇيۇلمىغاندەك ۋە يامالمىغاندەك كىر، جۇل - جۇل ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى كونا كىتابلاردىكى «ئېيتىدۇرلەركى» دېگەندەك چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر بىلەن قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن تىڭشىغۇچىلار ئۇنىڭ پارىڭىنىڭ يېرىمىنىلا چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ فامىلىسى كۇڭ بولغاچقا، كىمدۇر بىرى مەكتەپ ھۆسنخەت قەغىزىدىكى «كۇڭ» دېگەن خەتتىن كېيىنكى مەنىسىز ئىككى خەتنى ئېلىپ، كۇڭ يىجى دېگەن لەقەمنى قويۇپ قويۇپتۇ.

كۇڭ يىجى بىزنىڭ دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا، ۋاڭ - چۇڭ كۈلكە كۆتۈرۈلەتتى، بەزىلەر:

— كۇڭ يىجى، نېمە بۇ، سېنىڭ يۈزۈڭدە يەنە يېڭى تارتۇقلار پەيدا بوپتۇغۇ؟ — دەيتتى.

ئەمما كۇڭ يىجى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، دۇكان ئالدىدىكى پەشتاختىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ماڭا ئىككى چىنە ھاراق، بىر تەخسە پۇرچاق بېرىڭ! — دەپ دەررۇ توققۇز يارماقنى تاشلايتتى.

ئۇ يەردە تۇرغانلار ئەتەي ئۈنلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى:

— سەن جەزمەن يەنە بىر نەرسىنى ئوغرىلاپسەن - دە، — دەپ زاڭلىق قىلىشاتتى.

كۇڭ يىجى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ:

— سەن نېمىشقا پاك ئادەمگە بىكاردىن - بىكار بوھتان چاپلايسەن؟ ... — دەيتتى.

— پاك؟ بۈرناكۈن خېنىڭ ئۆيىدىن بىر كىتاب ئوغرىلاپ راسا تاياق يېگىنىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈمغۇ؟

كۇڭ يىجى قىزىراتتى، ماڭلىيىدىكى قان تومۇرلىرى كۆپۈپ كېتەتتى - دە:





— كىتابنى ئېلىش ئوغرىلىقتا ياتمايدۇ! ... بۇ ئوقۇغان كىشىلەرگە مەخسۇس قائىدە ... شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئوغرىلىق دەپ ھېسابلاشقا بولامدۇ؟ — دەپ تاكاللىشاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ: «مەرىپەتلىك ئادەم كەمبەغەل بولسىمۇ بەرداشلىق بولىدۇ» دېگەندەك ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈپ، دۇكان ئىچىدە ئومۇمىي خۇشاللىق پەيدا قىلاتتى.

كۇڭ يىجى يوق چاغلاردا كىشىلەر ئۇنىڭ پارىڭىنى قىلىشاتتى. ئۇ بىر ۋاقىتلاردا ئوقۇغان، لېكىن دائىم بىرىنچى ئىمتىھاندىلا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي كەلگەنىكەن يا بىر ئوقەت قىلىشنى بىلمەيدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھالى بارغانسېرى يامانلىشىپ، قەلەندەر ھالىتىگە كېلىپ قالغان. بەختىگە يارىشا ئۇ ھۆسنخەتكە ئۇستا ئىكەن، قورساق بېقىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ پۈتۈن - پۈتۈن كىتابلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىدىكەن.

ئۇنىڭ بىر يامان ئادىتى بولۇپ، ھاراققا ئامراق ۋە ھورۇن ئىكەن. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىش بىلەن ئولتۇرۇپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ كىتاب، پەلكۈچ، قەغەز، دۇۋەتلىرى بىلەن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرى كۆپ بولاتتى. بارا - بارا ئۇنىڭغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن كىتابلارنىمۇ بەرمەيدىغان بولۇشتى. باشقا ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن كۇڭ يىجىغا ئوغرىلىق قىلىشقا توغرا كەلدى. ئەمما ئۇ بىزنىڭ دۇكانغا كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەدەپلىك ئىدى ۋە ئاقچىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلەيتتى. ئەگەر نەق پۇلى بولمىسا، ئۇنىڭ فامىلىسى قەرزدارلار تاختىسىغا يېزىلاتتى؛ ئادەت بويىچە، ئۇ ئارىدا بىر ئاي ئۆتمەيلا ئۆز قەرزىنى ئۈزەتتى ۋە «كۇڭ يىجى» دېگەن خەتمۇ تاختىدىن ئۆچۈرۈلەتتى.

كۇڭ يىجى يېرىم چىنە ھاراق ئىچكەندىن كېيىنلا تاتارغان يۈزىگە قان يۈگۈرەيتتى.

— كۆك يىجى، سىنى ئوقۇغان كىشى دېيىشىدىغۇ، راستمۇ؟ — دەپ سورايتتى دۇكاندىكىلەر.

ئۇ ئۇلارغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قوياتتى.

— ئېمىشقا سەن بىرىنچى ئىلمىي دەرىجىنىڭ يېرىمىغىمۇ يېتەلمىدىڭ؟

شۇ ۋاقىتتا كۆك يىجى دەررۇلا خىجىل بولاتتى؛ چىرايى تاتىرىپ - كۆكىرىپ يەنە: «ئېيتىدۇرلەركى» دېگەندەك چۈشىنىكسىز ئەدەبىي تىلدا سۆزلەشكە باشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن يەنە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، دۇكان ئىچىدە ئومۇمىي شادلىق باشلىناتتى.

بۇ يەردە مېنىڭمۇ باشقىلار بىلەن بىللە كۈلۈشۈمگە بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنى خوجايىن جىملىمەيتتى. تېخى ئۇ ئۆزىمۇ خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۆك يىجىغا شۇنداق ھەر خىل سوئاللارنى بېرەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تالىشىپ يېڭەلمەسلىكىگە كۆزى يەتكەن كۆك يىجى كىچىك بالىلار بىلەن سۆزلىشىشكە باشلايتتى. بىر كۈنى مېنىڭدىن:

— سەن ئوقۇدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئارانلا، ھەئە دېگەندەك قىلىپ بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ئوقۇدۇڭمۇ، ھە، بوپتۇ، ئۇنداق بولسا، مەن سەندىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆرەي: «ئارپىبەدىيان» دېگەن سۆز قانداق يېزىلىدۇ؟

«قارا بۇنى، ئۆزى گادايچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ. يەنە تېخى مېنىڭدىن ئىمتىھان ئالماقچى!» دەپ ئويلىدىم - دە، تەتۈر قارىۋالدىم.

خېلى ۋاقىت داۋام قىلغان جىمجىتلىقتىن كېيىن كۆك يىجى سەممىي بىر ئاھاڭدا:

— بەلكى سەن قانداق يېزىشنى بىلمەيدىغانسەن؟ مەن ساڭا





ئۆگىتىپ قوياي، بۇ ھەرپنى ئېسىڭدە تۇت. ئۇ، سەن دۇكان خوجايىنى بولغاندا ھېساب ئىشلىرىنى ماڭدۇرۇش ئۈچۈن كېرەك بولىدۇ، — دېدى.

ئۆز ئىچىمدە: «ماڭا دۇكان خوجايىنى بولۇشقا تېخى خېلى بار» دەپ ئويلىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ خوجايىنمۇ ئارپىبەدىيانلىق پۇرچاقنىڭ ھېسابىنى ھېچقاچان دەپتەرگە چۈشۈرۈپ يۈرمەيتتى. مەن يا كۈلۈشۈمنى، يا تېرىكىشىمنى بىلمەي، خۇشياقمىغان بىر ئاھاڭدا:

— سېنىڭ ئۆگەتمىشىڭنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار؟ «كۆكات» نىڭ ئاستىغا «قايتىماق» دېگەن سۆزنى يازسا بولمىدىمۇ، [16] — دەپ قوپال جاۋاب بەردىم.

كۆك يىجى ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇن تىرناقلىرى بىلەن ئۈستەلنى چېكىپ تۇرۇپ، مىننەتدار بولغان بىر قىياپەتتە ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— توغرا - توغرا! ... سەن «قايتماق» ھەرپىنىڭ تۆت[17] تۈرلۈك يېزىلىشىنى بىلەمسەن؟— دېدى.

ئەمدى مېنىڭ ھېچ تاقىتىم قالمىدى، چىرايىمنى تۈرۈپ نېرى كەتتىم. كۆك يىجى بىر قولىنى ھاراققا چىلىۋېلىپ پەشتاختىغا يازماقچى بولۇۋىدى، لېكىن مېنىڭ ئۇنىڭغا دىققەت قىلماي تۇرغىنىمنى كۆرۈپ رەنجىگەن ھالدا ئېغىر تىندى.

گاھىدا قوشنا بالىلار بىزنىڭ خۇشخۇي كۈلكىمىزنى ئاڭلاپ دۇكان ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، دەررۇ كۆك يىجىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشاتتى. ئۇ ئۇلارغا ئارپىبەدىيانلىق پۇرچاقتىن بىر - بىردىن تارقىتىپ بېرەتتى. لېكىن بالىلار پۇرچاقنى چاپسانلا يۇتۇۋېتىپ، ئۇنىڭ پۇرچاق يېيىشىگە تەلمۈرۈپ تۇرۇشنى داۋام قىلاتتى. كۆك يىجى ئالقىنى بىلەن قاچىسىنى ياپاتتى ۋە ئېڭىشىۋېلىپ:

— ئۆزۈمگىمۇ ئاز قالدى…— دەيتتى، كېيىن يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ، پۈرچاققا قاراپ بېشىنى چايقاپ، — كۆپمىكەن؟ … ياق، ياق، ناھايىتى ئاز قالدى، - دەيتتى.

باللار قاقاقلىشىپ تارقىلىپ كېتەتتى.

كۇڭ يىجى شۇنداق قىلىپ ئادەملەرنى كۈلدۈرەتتى، ئەمما ئۇنىڭ يوقلۇقىمۇ دۇكاندا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تۇغدۇرمايتتى.

بىر كۈنى تاۋۇز چاغنىنىڭ ئىككى - ئۈچ كۈن قالغاندا خوجايىن ئالدىرىماستىن ئولتۇرۇپ قەرزلەرنى ھېسابلاشقا باشلىدى، نېسىچىلەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان تاختىنى ئېلىپ، ئۇ:

— ئەجەب، كۇڭ يىجى دۇكانغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟ ئۇنىڭ بويىندا 19 تىيىن بار ئىكەن! — دېدى.

مانا شۇ ۋاقىتتىلا كۇڭ يىجىنىڭ دۇكانغا كەلمىگىنىگە خېلى بولغىنى ئېسىمگە كەلدى.

خېرىدارلاردىن بىرى:

— ئۇ قانداق كېلەلىسۇن، ئۇنىڭ پۇتلىرى سۇنۇپ كەتكەن، — دېدى.

— نېمە؟! — دېدى خوجايىن ئالدىراپ.

— ئۇ دائىم ئوغرىلىق قىلاتتى، مانا ئەمدى قولغا چۈشۈپتۇ، ئۇ جۈيرېن(18) دىڭنىڭ ئۆيىنى ئوغرىلىماقچى بوپتۇ؛ ۋاھ، دىڭنىڭ بىر نېمىسىنى ئوغرىلىيالىسا خېلى ئىشقۇ!

— شۇنداق قىلىپ، نېمە بوپتۇ؟

— نېمە بولاتتى، ئالدى بىلەن ئۆز گۇناھىغا ئىقرار كەلگىنى توغرۇلۇق يېزىلغان قەغەزگە قول قويدۇرۇۋېلىپ، ئاندىن كېيىن دۇمبالاۋېرىپتۇ، ھەتتا پۇتلىرى سۇنۇپ كەتكۈچە ئۇرۇپتۇ.

— ئاندىن كېيىن؟

— ئاندىن كېيىن نېمە بولاتتى، پۇتلىرىنى چېقىۋېتىپتۇ…

— ئاندىن كېيىن قانداق بوپتۇ؟

— كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ ئەيتاۋۇر، سۇندۇرۇۋېتىپتۇ…





بەلكى ئۇ ئۆلۈپمۇ قالغاندۇر.

خوجايىن قايتۇرۇپ سورىمىدى ۋە ئالدىرىماستىن ھېسابىنى داۋام قىلدى.

تاۋۇز چاغنى ئۆتۈپ كەتتى. كۈز شامىلى كۈندىن - كۈنگە سوغۇقلىشىپ، قىشنىڭ كېلىۋاتقانلىقى سېزىلمەكتە ئىدى. كۈن بويى ئوتنىڭ قېشىدىن كەتمىسەممۇ، پاختىلىق كالتە چاپىنىمنى كىيىۋېلىشقا توغرا كەلدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۇكان ئىچىدە بىرمۇ ئادەم قالمىغان چاغدا، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قاپتىمەن. بىر ۋاقىتتا:

— ھەي ئۇكا، ماڭا بىر چىنە ھاراق ئىسسىتىپ بەرگىنە! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ناھايىتى ئاستا چىقتى، لېكىن تونۇش ئاۋاز ئىدى. مەن ئەتراپىمغا قارىدىم، بىرمۇ ئىنسان يوق. ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەشتاختىنىڭ تۈۋىگە قارىسام، بىزنىڭ كۇڭ يىجى پەشتاختىنىڭ يېنىدا يەردىلا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ يۈزى قارىيىپ، كۆزلىرى ئىچىگە پېتىپ كەتكەن، رەڭگىدە ئادەم چىرايى قالماپتۇ، ئۈچىسىغا جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن كالتە چاپان كىيىۋاپتۇ، كۆلا شوينا بىلەن بويىنغا ئاسقان، پاخالدىن توقۇلغان خورجۇن ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇراتتى.

— بىر چىنە ھاراق ئىسسىتىپ بەرگىنە! — دەپ تەكرارلىدى ئۇ.

— كۇڭ يىجى؟! — دەپ، خوجايىنمۇ پەشتاخ ئارقىسىدىن بېشىنى چىقاردى، — سېنىڭ بويىنۇڭدا تېخى 19 تىيىن بار، بىلەمسەن؟

كۇڭ يىجى بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئىشەنچسىزلىك بىلەن:

— ئۇنى… يەنە بىر قېتىمدا تۆلىۋېتىمەن، ھازىرقىسىنى نەق تۆلەيمەن، ياخشى ھاراق ئىچكۈم بار ئىدى، — دېدى.

خوجايىن ئادەتتىكى كۈلكىسى بىلەن:

— كۆك يىجى، سەن يەنە بىر نەرسە ئۇغرىلىدىڭغۇ دەيمەن؟ — دېدى. لېكىن بۇ قېتىم كۆك يىجى گەپ تالاشماستىن:

— زاڭلىق قىلماڭ، — دېدى.

— زاڭلىق قىلماڭ؟ ئەگەر ئوغرىلىق قىلمىغان بولساڭ، پۇتلىرىڭمۇ چېقىلمىغان بولاتتى.

كۆك يىجى ئاستا:

— پۇتلىشىپ كېتىپ سۇندۇرۇۋالدىم، قايرىلىپ كەتتى، قايرىلىپ كەتتى··· — دېدى.

ئۇنىڭ كۆزىدىن بەجايىكى بۇ توغرۇلۇق پاراڭ قىلماڭلار دەپ يالۋۇرغانلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. بىرنەچچە ئادەم كېلىپ، خوجايىن بىلەن بىللە كۈلۈشكە باشلىدى. مەن هاراقنى ئىسسىتىپ چىقىپ بوسۇغا تۈۋىگە قويدۇم. كۆك يىجى يىرتىق چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن تۆت تىيىن چىقىرىپ، مېنىڭ قولۇمغا بەردى. ئۇنىڭ قوللىرى لاي ئىدى. چۈنكى ئۇ قولى بىلەن سۈرۈلۈپ ماڭاتتى. ئۇ هاراقنى چاپسانلا ئىچىۋېتىپ، ئادەملەرنىڭ قاتتىق كۈلكىسى ئىچىدە قولىغا تايىنىپ، ئاستا ئۆمىلەپ چىقىپ كەتتى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ئۇنى كۆرەلمىدىم. يىل ئاخىرىدا خوجايىننىڭ قەرزلەر يېزىلغان تاختىينى ئېلىپ:

— كۆك يىجىنىڭ بويىندا تېخى 19 تىيىن بار، — دېگىنى يادىمدا.

ياندۇرقى يىلنىڭ زوڭزا چاغىنىدا خوجايىن يەنە:

— كۆك يىجىنىڭ بويىندا تېخىچىلا 19 تىيىن بار، — دەپ تەكرارلىدى. لېكىن تاۋۇز چاغىنى كەلگەندە خوجايىن هېچنېمە دېمىدى.

كۆك يىجى يىلنىڭ ئايىغىدىمۇ كەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى كۆرمىدىم — ئۇ هەقىقەتەن ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

1919 ـ يىل 3 ـ ئاي





# دورا[19]

## 1

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى، تۈن يېرىمىدىن ئۆتۈپ ئاي ئولتۇرۇپ كەتكەن. تۈن قۇشلىرىدىن باشقا هەممە جان ـ جانىۋار ئۇخلاپ قالغانىدى. خۇا لاۋشۇەن بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، سەرەڭگىنى يېقىپ، هەممە يېرى ياغلىشىپ كەتكەن جىنچىراغنى ياندۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن چايخانىنىڭ ئىككى ئېغىز ئۆيى خۇنۇك ئېقىش نۇرغا تولدى.

— دادىسى، هازىر بارامسىلا؟ — بىر قېرى خوتۇننىڭ ئاۋازى چىقتى، ئىچكەركى ئۆيدىن يۆتەلگەن ئاۋازمۇ ئاڭلاندى.

— هەئە، — خۇالاۋشۇەن جاۋاب بېرىۋېتىپ، چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتتى ۋە، — ماڭا بېرىڭ، — دەپ قولىنى ئۇزارتتى.

خۇا ئانا ياستۇقنىڭ تېگىنى كوچىلاپ، بىر هازادىن كېيىن بىر ياغلىق يارچەننى ئېلىپ خۇا لاۋشۇەنگە بەردى. خۇا لاۋشۇەن ئۇنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، تىترىگەن هالدا يانچۇقىغا سېلىپ، يانچۇقىنىڭ تېشىدىن سىلاپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پانۇسنى يورۇتۇپ، جىنچىراغنى ئۆچۈرۈپ ئىچكەركى ئۆيگە كىردى. ئىچكەركى ئۆيدىن غىژ ـ غىژ ئاۋازدىن كېيىن، بىردەم يۆتەل ئاۋازى چىقتى.

— شياۋ شۇەن بالام، — دېدى خۇا لاۋشۇەن يۆتەل بېسىقاندىن كېيىن پەس ئاۋاز بىلەن، — ئورنۇڭدىن قوزغالما···

چايخانا؟... ئۇنىڭغا ئاناڭ قارايدۇ.

ئوغلىدىن باشقا گەپ - سۆز چىقمىغاندىن كېيىن، ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ خۇالاۋشۇەن ئۆيدىن كوچىغا چىقتى. كوچا قاپقاراڭغۇ، پەقەت يوللا ئاقۇچ بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خۇا لاۋشۇەن كۆتۈرگەن پانۇسنىڭ يورۇقى بىردەم بىر پۇتىغا، بىردەم يەنە بىر پۇتىغا چۈشۈپ تۇراتتى، بەزىدە بىرنەچچە ئىت ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىتلارنىڭ بىرىمۇ قاۋىمايتتى. هاۋا ئۆيدىكىدىن سوغۇق ئىدى، لېكىن خۇا لاۋشۇەن ئۆزىنى تېتىك هېس قىلدى، ئۇ خۇددى ياشىرىپ قالغاندەك ۋە بىردىنلا خىزىرغا يولۇقۇپ باشقىلارغا هايات بەخش قىلالايدىغان كۈچكە ئېرىشكەن ئادەمدەك چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ماڭغانسېرى يول يورۇپ، تاڭمۇ ئېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

يولدا خاتىرجەم كېتىۋاتقان خۇا لاۋشۇەن بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتا ئۈچ ئاچا رەستە كۆرۈندى. شۇڭا ئۇ بىرنەچچە قەدەم ئارقىسىغا يېنىپ، تاقاقلىق بىر دۇكاننىڭ لەمپىسى ئاستىغا كىرىپ، دۇكان ئىشىكىدە تۇردى. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن دولىسى سوغۇقتىن بىر ئاز قورۇلغاندەك بولدى.

— هە قېرى! ئۆزىچە تېخى خۇشال...

خۇا لاۋشۇەن يەنە چۆچۈدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، بىر نەچچە ئادەم ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ ئۈلگۈردى. ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بايقاش قىيىن، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىدىن خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى تائامغا چۈشكەندەك بىرخىل ئاچ كۆزلۈك بىلىنىپ تۇراتتى. خۇالاۋشۇەن پانۇسىغا كۆز سالدى. پانۇس ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغانىدى، يانچۇقىنى سىلاپ باقتى، يانچۇقىدىكى يارچەنلەر قولىغا ئۇرۇنۇپ تۇراتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى: بىرمۇنچە ئاجايىپ كىشىلەر ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ، خۇددى ئەرۋاه-





تەك، ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى. كېيىن ئۇلار يەنە كۆزدىن غايىب بولدى.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىن يەنە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن بىرنەچچە ئەسكەر كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ مەيدىسى ۋە دۈمبىسىدىكى يوغان ئاق يۇمىلاق بەلگىلەر يىراقتىنمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، يېقىن كەلگەندە كىيىملىرىنىڭ قارامتۇل قىزىل زەرلىرىمۇ كۆرۈندى. ئۇلار بىردەمدىلا كۆپىيىپ كەتتى. هېلىقى ئىككى - ئۈچتىن بىر بولۇپ ئايلىنىپ يۈرگەنلەرمۇ بىردىنلا توپلىشىپ، خۇددى كەلكۈندەك ئالغا يۈگۈرۈشتى. ئۈچ ئاچا كوچىنىڭ ئاغزىغا يەتكەندە بىردىنلا توختاپ ئورغاق شەكلىدە قاتارلاشتى.

خۇا لاۋشۇەنمۇ شۇ تەرەپكە قارىدى، لېكىن هېلىقى بىر توپ كىشىلەرنىڭ دۈمبىسىنىلا كۆردى. ئۇلار خۇددى غايىب قوللار بويۇنلىرىدىن سىقىپ يۇقىرى كۆتۈرۈۋالغان غازلاردەك بويۇنلىرىنى ئۇزارتىشىپ تۇراتتى. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن يەنە بىر ئاۋاز چىققاندەك بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە مىدىرلىشىپ، گۈررىدە ئارقىسىغا — توپتوغرا خۇا لاۋشۇەن تۇرغان جايغا ياندى ۋە خۇا لاۋشۇەننى قىستاپ يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى.

— هەي! پۇلۇڭ قېنى، پۇلۇڭنى چىقار، نەرسە تەييار! — پۈتۈن ئۈستىۋېشى قاپقارا بىر ئادەم خۇا لاۋشۇەننىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئىككى كۆزىنى خۇددى خەنجەردەك تىكىپ تۇردى. خۇا لاۋشۇەن ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن قورقۇپ تۈگۈلۈپ كەتتى. هېلىقى ئادەم يوغان ئالىقىنىنى ئېچىپ، خۇا لاۋشۇەنگە تەڭلىدى؛ يەنە بىر قولىدا قىپقىزىل جىڭموما بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىزىل بىر نەرسە تامچىلاپ تۇراتتى.

خۇا لاۋشۇەن ئالدىراپ يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاتتى، لېكىن تىترەپ كەتكەنلىكىدىن يەنە ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىنى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— نېمىدىن قورقىسەن؟ نېمىشقا ئالمايسەن! — ھېلىقى ئادەم ئالدىرىغىنىدىن ۋارقىرىدى.

خۇا لاۋشۇەن تەرەددۇتلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ھېلىقى قارا ئادەم پانۇسنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ، قەغەزنى يىرتىپ جىڭمومنى[20]، ئوراپ، خۇا لاۋشۇەنگە تۇتقۇزدى. كېيىن يارچەنى قولىغا ئېلىپ تۇتۇپ كۆرۈپ، ئارقىسىغا بۇرۇلغىنىچە: «ئەخمەق چال...» دەپ كوتۇلداپ يۈرۈپ كەتتى.

— بۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كېسىلىنى داۋالىماقچىسەن؟ — خۇا لاۋشۇەنمۇ بىراۋنىڭ سوراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، لېكىن جاۋاب قايتۇرمىدى؛ ئۇنىڭ پىكىر خىيالى، خۇددى جەددى - جەمەتىدىن يەككە - يېگانە قالغان بىر بوۋاقنى قۇچاقلاپ تۇرغاندەك، پەقەت قولىدىكى بىر بولاق قەغەزدىلا ئىدى؛ ئۇنىڭ مېڭىسىدە باشقا ھېچقانداق نەرسە قالمىغانىدى. ئۇ ھازىر بۇ بولاقتىكى دورىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئوغلىنى شىپالاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن دۆلەت — بەخت ھاسىل قىلماقچى.

كۈنمۇ چىقتى؛ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تا ئۆيىگە بارغۇچە بىر چوڭ يول كۆرۈندى، ئارقىسىدىكى گۇزەرنىڭ بېشىدىكى سۇنۇق تاختىغا ھەل بىلەن يېزىلغان «گۇ شۈەنتىڭكۇ»[21] دېگەن سۆزمۇ گۇڭگا كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

## 2

خۇا لاۋشۇەن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، چايخانىنىڭ ئالدى پاك - پاكىز سۈپۈرۈلگەنىدى، سۇرتۇلگەن قاتار جوزىلار يالتىراپ تۇراتتى، لېكىن تېخى خېرىدارلار كەلمىگەنىدى. پەقەت شياۋشۇەن چايخانىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى جوزىدا پېشانىسىدىن پۈرچاقتەك - پۈرچاقتەك تەرلەر ئاققان، پەشمىتى دۈمبىسىگە چاپلاشقان، ئىككى





يەلكىسىنىڭ سۆڭىكى دوغا شەكلىدە چىقىپ كەتكەن ھالدا ئولتۇرۇپ غىزا يەۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن خۇا لاۋشۇەننىڭ ئېچىلغان قوشۇمىسى بىر ئاز تۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئوچاق ئالدىدىن ئالدىراپ چىقىپ:

— ئالالىدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى تىترىگەن ئاۋاز بىلەن.

— ئالدىم.

ئىككىيلەن ئوچاق ئالدىغا بېرىپ، بىرئاز سۆزلىشىۋالدى. كېيىن خۇا ئانا تاشقىرىغا چىقىپ كېتىپ ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەستىن بىر لەنخۇا گۈلىنىڭ يوپۇرمىقىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ جوزا ئۈستىگە يايدى، خۇا لاۋشۇەنمۇ پانۇسنىڭ قەغىزىنى ئېچىپ، ھېلىقى قىزىل جىڭمومىنى لەنخۇا يوپۇرمىقىغا يېڭىۋاشتىن ئورىدى. شياۋشۇەنمۇ غىزاسىنى يەپ بولدى.

— شياۋشۇەن، — دېدى خۇا ئانا ئالدىراپ، — ئورنۇڭدا ئولتۇرۇپ تۇر، بۇياققا كەلمە، — ئۇ ئوچاقتىكى ئوتنى ئوڭلىدى. خۇا لاۋشۇەن يېشىل بولاقنى ھېلىقى بەزى يېرى قىزىل، بەزى يېرى ئاق تۇرغان چۇۋۇق پانۇس بىلەن بىللە ئوچاققا سالدى. ئۇ ئوچاقتا ۋاللىداپ كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، چايخانا ئاجايىپ بىر خىل خۇش پۇراق بىلەن تولدى.

— ئەجەب خۇش پۇرايدا! مەززىلىك بىر نەرسە يەۋاتامسىلەر نېمە؟ — دۈمچەك ۋۇ بايۋەچچە كىرىپ كەلدى. بۇ كىشىنىڭ كۈنى ھەمىشە دېگۈدەك چايخانىدا ئۆتەتتى، ئۇ چايخانىغا ھەممىدىن سەھەر كېلىپ، ھەممىدىن كەچ قايتىپ كېتەتتى. ھازىر ئۇ چايخانىنىڭ كوچا تەرەپتىكى تېمىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان جوزا يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سۆز باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى، — شوۋگۇرۇچ قايىنىتىۋاتامسىلەر؟ — يەنە جاۋاب چىقمىدى. خۇا لاۋشۇەن دەرھال ئىچكىرىدىن چىقىپ، ئۇنىڭغا چاي دەملەپ بەردى.

— شياۋشۇەن، ئىچكىرى كىر! — خۇا ئانا شياۋشۇەننى ئىچ-
كىرىدىكى ئۆيگە چاقىرىۋالدى ۋە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر بەندىڭنى
قويۇپ بېرىپ ئولتۇرغۇزدى. خۇا ئانا بىر تەخسىدە قاپقارا يۇمىلاق
بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، تۆۋەن ئاۋاز بىلەن:
— يېگىن! كېسىلىڭگە داۋا بولىدۇ! — دېدى.
شياۋشۇەن بۇ قارا نەرسىنى قولىغا ئېلىپ، خۇددى ئۆزىنىڭ
جېنى قولىدا تۇرغاندەك ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى، كېيىن
ناھايىتى ئاۋايلاپ ئۇنى ياردى، قارا قوماچ بولۇپ كەتكەن پوست
ئىچىدىن ئاپئاق ھور چىقتى. ھور تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن،
ئىككىگە پارچىلانغان ئاق جىڭموما روشەن كۆرۈندى؛ ... بىر ئاز
ۋاقىت ئۆتمەي، شياۋشۇەن ھەممىسىنى يەپ بولدى، ئۇ بۇ نەرسى-
نىڭ تەمىنىمۇ ئۇنتۇدى، ئالدىدا پەقەت بىر قۇرۇق تەخسىلا قال-
دى. ئۇنىڭ بىر يېنىدا دادىسى، بىر يېنىدا ئانىسى تۇراتتى.
ئىككىيلەن ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر نەرسىنى يېگۈزۈپ، يەنە بىر
نەرسىنى چىقىرىۋالىدىغاندەك دىققەت بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرات-
تى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى سېلىشقا باشلىدى، ئۇلار كۆكسىنى قولى
بىلەن تۇتۇۋالدى، كېيىن شياۋشۇەن يەنە يۆتىلىپ كەتتى.
— بىردەم ئۇخلىۋال، ئوڭلىنىپ كېتىسەن.
شياۋشۇەن ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ ياتتى ۋە يۆتىلىپ يې-
تىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ ھۆمىدىشى بىرئاز بېسىققاندىن كې-
يىن، خۇا ئانا سەكسەن ياماق چۈشكەن يوتقاننى ئاستا يېپىپ
قويدى.

## 3

چايخانىدا ئادەم كۆپ ئىدى. خۇا لاۋشۇەنمۇ ئالدىرىغىلى تۇر-
دى. ئۇ يوغان مىس چۆگۈننى كۆتۈرۈپ خېرىدارلارغا چاي قۇيۇپ





يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى بىر ئاز خۇنۇك ئىدى.
— لاۋشۇەن، تاۋۇڭ يوقمۇ نېمە؟ ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ — بىر
چار ساقاللىق كىشى سورىدى.
— ياق.
— ياق؟ مەنمۇ سېنىڭ كۈلۈپ يۈرگىنىڭنى كۆرۈپ، ئۇنداق
بولمىسا كېرەك ئويلىدىم... — ھېلىقى چار ساقال ئۆز سۆزىنى
ئۆزى رەت قىلدى.
— لاۋشۇەن ئالدىراشچىلىقتىن باش كۆتۈرەلمەي قالدى. ئە-
گەر ئوغلى... — دۈمچەك بايۋەچچىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇراتتى،
بىردىنلا ئەپت - بەشىرىسى سەت، داپ يۈز بىراۋ قارا سەرگەز
كۆڭلىكىنى يېپىنچاقلىغان، تۈگمىلىرى ئوچۇق، بېلىدىكى قارا
بەلۋېغىمۇ بولار - بولماس چىگىلگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ
چايخانىغا كىرىپلا خۇا لاۋشۇەنگە قاراپ:
— يېدىمۇ؟ ياخشى بولۇپ قالغاندۇ؟ لاۋشۇەن، تەلىيىڭ بار
ئىكەن. بەختىڭ ئوڭ كەلدى. ئەگەر ۋاقتىدا خەۋەر تاپمىغان
بولسام... — دېدى ئۇ.
خۇا لاۋشۇەن بىر قولىدا چۆگۈننى كۆتۈرگەن، بىر قولىنى
ئەدەپلىك ھالدا تۆۋەن سالغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ ئاڭلىدى. چايخا-
نىدىكىلەرمۇ ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا سۆزگە قۇلاق سالدى.
كۆزى خۇنۇكلىشىپ كەتكەن خۇا ئانىمۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا پىيا-
لە، چاي ئاچچىقى ۋە پىيالىلەرگە بىردىن خورما سېلىپ قويدى،
خۇا لاۋشۇەن دەرھال پىيالىلەرگە قايناق سۇ قۇيدى.
— شەكسىز ئوڭلىنىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.
ئويلىمامسەن، ئىسسىقىدا ئېلىندى، ئىسسىقىدا يېگۈزۈلدى، —
داپ يۈز كىشى سۆزلەۋەردى.
— راست، ئەگەر كاڭ تاغىمىزنىڭ ئىلتىپاتى بولمىغان بول-
سا، ئىش بۇنداق ئاسان بولمىغان بولاتتى... — خۇا ئانىمۇ مىننەت-

دارلىق بىلدۈردى.

— چوقۇم ساقىيىدۇ، چوقۇم. ئىسسىقىدا يېگەن بۇنداق ئادەم قېنىغا چىلانغان جىڭموما ھەرقانداق ئۆپكە كېسىلىنى گەپ - سۆزسىز ساقايتىدۇ!

خۇا ئانا «ئۆپكە كېسىلى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بىرئاز ناخۇش بولغاندەك رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنە كۈلكىگە زورلاپ، خوش - خوش ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. خۇا ئانىنىڭ تاتىرىپ كېتىشىنى سەزمىگەن كاڭ تاغا يەنە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋالاقلاۋەردى، بۇنىڭ تەسىرىدىن ئىچكەركى ئۆيدە ياتقان شياۋشۇەنمۇ يۆتىلىشكە باشلىدى.

— ھە، سىلەرنىڭ شياۋشۇەنگە ئامەت كەپتىكەن - دە. بۇ چوقۇم شىپا بولىدۇ. لاۋشۇەن شۇڭا كۆڭلى خوش يۈرۈپتىكەن - دە، — چار ساقال سۆزلەۋېتىپ كاڭ تاغىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تۆۋەن ئاۋاز بىلەن سورىدى، — كاڭ تاغا، ئاڭلىسام، بۈگۈن ئەجىلى توشقان گۇناھكارنى شيا فامىلىلىكلەرنىڭ بالىسى دەيدۇ، زادى قايسىسىنىڭ بالىسى؟ نېمە بوپتىكەن؟

— كىمنىڭ؟ شياسى مومايىنىڭ بالىسى بولماي كىم بولاتتى؟ — ھەممەيلەننىڭ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كاڭ تاغا باشقىچە ھۇزۇرلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى سالپاڭ گۆشلىرى تېخىمۇ كۆپتى. ئۇ ئاۋازىنى يەنىمۇ ئۆرلىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇ بەتبەخت جېنىدىن تويغانىكەن، شۇڭا جاجىسىنى يېدى. بىراق بۇ نۆۋەت ماڭا پايدىسى تەگمىدى. ھەتتا سالدۇرۇۋالغان كىيىملىرىنىمۇ گۇندىپاي قىزىل كۆز ئايى ئەكەتتى. تەگكەن پايدىسى: بىرىنچىدىن، ئامەت خۇا لاۋشۇەن ئاكىغا بولدى. ئىككىنچىدىن، شياسەن جانابلىرى 25 سەر يارچەن ئىنئام ئېلىپ، ئۇنى ھېچكىمگە تۇتقۇزماستىن ئۆز يانچۇقىغا سالدى.





شياۋشۇەن ئىچكەركى ئۆيدىن ئاستا مېڭىپ چىقىپ، ئىككى قولى بىلەن كۆكسىنى تۇتۇپ، تىنماي يۆتەلگىنىچە ئوچاق ئالدىغا كەلدى؛ بىر چىنە سوغۇق ئاشنى ئۇسۇپ، ئۈستىگە بىر ئاز قايناق سۇ قۇيدى - دە، ئولتۇرۇپ يېگىلى باشلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن چىققان خۇا ئانا ئاستا سورىدى:

— شياۋشۇەن، بىرئاز ياخشى بولغاندەك تۇرامسەن؟ يەنە قورسىقىڭ ئېچىپ تۇرامدۇ؟...

— چوقۇم ئوڭلىنىدۇ، چوقۇم، — كاڭ تاغا شياۋشۇەنگە بىر قاراپ قويۇپ يەنە بېشىنى بۇراپ، باشقىلارغا سۆزلەشنى داۋام قىلدى، — شياسەن جانابلىرى دانا بىر ئادەم ئىكەن. ئەگەر يامۇلغا ئۆزى مەلۇم قىلمىغان بولسا، مال - مۈلكى بىلەن كۆككە سورۇلۇپ كەتكەن بولاتتى، ھازىر قانداق بولدى؟ يارچەن تاپتى! ھېلىقى شۇمشۇمۇ ئادەم ئەمەس نەرسىكەن! قاماقخانىدا يېتىپ، گۇندىپاينىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە دالالەت قىپتۇ.

— پاھ، قاراڭلار يامانلىقىنى، — ئارقىدا ئولتۇرغان 20 ياشلاردىكى بىر يىگىت غەزەپلەنگەندەك بولدى.

— قارىمامسىلەر، گۇندىپاي قىزىل كۆز ئايى ئۇنىڭدىن گەپ ئالغىلى كىرگەنىكەن، ئۇ بولسا گۇندىپايغا گەپ ئۆگەتكىلى كىرىشىپتۇ. ئۇ، بۇ دۇنيا مانجۇ خاندانلىقىغا باقمەندە ئەمەس، دەپتۇ. قاراڭلار، مۇشۇمۇ ئىنساننىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان گەپمۇ؟ قىزىل كۆز ئايى ئەسلىدە ئۇنىڭ بىرلا قېرى ئانىسى بارلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇ قەدەر كەمبەغەل ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىكەن، ئۇنىڭدىن ئازغىنا بولسىمۇ پايدا تەگمەي، قورسىقى تازا كۆپۈپ تۇرغاندا، ھېلىقى بەتبەخت يولۋاسنىڭ بېشىنى قاشلىغاندەك، ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئايى ئۇنى ئىككى كاچات ئۇرۇپتۇ!

— ئايى ئاكا ئۇستا چامباش. ئىككى كاچات ئۇنى خېلى بىر

يەرگە ئاپارغاندۇر، — تامنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان دۈمچەك بىردىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ئۇ تېگى پەس نەرسە ئۇرۇپ تۇرسا قورقماي يەنە: «ئىسسىت، سېنىڭ ھالىڭغا، ئىسسىت!» دەپتۇ.

چارساقال كىشى سۆز قاتتى:

— ئۇنداق ئەبلەخنىڭ ئەدىپىنى يېگىنىگە ئېچىنىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

كاڭ تاغا مەنسىتمىگەندەك قىلىپ ھىجايدى.

— سۆزۈمگە چۈشەنمەيسىزلەر. ئۇ: «گۆندىپايىنىڭ ھالىغا ئېچىنىمەن» دەپتۇ!

سۆزگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان كىشىلەر بىردىنلا ھاڭۋېقىپ قالدى، سۆزمۇ توختىدى. شياۋشۇەن غىزاسىنى يەپ بولغانىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ، بېشىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى.

— ئايىنىڭ ھالىغا ئېچىنىمەن دەپتۇما؟ ئۇنداق بولسا ئۇ جۆيلۈپ قاپتۇ، — چارساقال كىشى بىردىنلا ئەقلىگە كەلگەندەك قىلىپ سۆز قاتتى.

— ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، — 20 نەچچە ياشلىق يىگىتمۇ بىردىنلا چۈشەنگەندەك سۆزگە قوشۇلدى.

چايخانىدىكىلەر يەنە پاراڭ باشلىدى. شياۋشۇەنمۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ پاراڭغا قوشۇلۇپ، ھەدەپ يۆتىلىشكە باشلىدى. كاڭ تاغا يېقىن كېلىپ:

— تۈزىلىپ كېتىسەن، شياۋشۇەن. يۆتىلىۋەرمە، چوقۇم ساقىيىپ كېتىسەن! — دېدى ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ.

— ئېلىشىپ قاپتۇ، — دۈمچەك بايۋەچچە بېشىنى لىڭشىتتى.





## 4

غەربىي دەرۋازا تېشىدا سېپىلغا يېقىن جاي ئەسلىدە پادىشاھلىق يەر ئىدى. ئۇ يەردە ئەگرى - بۈگرى بىر يول بار بولۇپ، بۇ يولنى قىسقا يولغا ئامراق كىشىلەر مېڭىپ ئاچقانىدى. لېكىن بۇ يول تەبىئىي پاسىل بولۇپ قالدى. يولنىڭ سول تەرىپىگە ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالانغان ۋە تۈرمىدە ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ جەسىتى كۆمۈلەتتى، ئوڭ تەرەپ بولسا، كەمبەغەللەرنىڭ زاراتگاھلىقى ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى قەبرىلەر بايلار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى ئۆتكۈزۈلگەندە قاتمۇ قات تىزىپ قويۇلىدىغان جىڭمومىلاردەك تىقىن ئىدى.

بۇ يىل كۆكلەم بايرىمى كۈنى (تۇپراق بېشىغا چىقىدىغان كۈن) ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولدى. تېرەكلەر ئەمدىلا پوتلا چىقارغانىدى. تاڭ ئېتىپ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، تۇپراق بېشىغا كەلگەن خۇا ئانا ئوڭ تەرەپتىكى يېڭى قەبرە ئالدىغا تۆت تەخسە سەي، بىر چىنە گاڭپەن قويۇپ بىردەم يىغلىدى. ئۇ قەغەزنى كۆيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى كۈتكەندەك يەردە ئولتۇرۇپ قالدى، لېكىن نېمىنى كۈتىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بوش چىققان شامال ئۇنىڭ بۇلتۇرقىدىن خېلىلا ئاقىرىپ كەتكەن كالتە چاچلىرىنى يەلپۈيتتى.

يالغۇز ئاياغ يولدىن چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، جۇل - جۇل كىيىم كىيىۋالغان يەنە بىر ئايال كۆرۈندى. ئۇ بىر باغلام قەغەز داچەن سېلىنغان ئەسكى بىر قىزىل سىرلىق يۇمىلاق سېۋەتنى كۆتۈرگەن ھالدا ئۈچ قەدەم مېڭىپ بىر توختاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا يەرگە قاراپ ئولتۇرغان خۇا ئانىنى كۆرۈپ، بىرئاز ھاڭۋېقىپ قالدى، ئۇنىڭ تاتارغان يۈزىدە بىرئاز خىجالەت تۈسى پەيدا

بولدى؛ شۇنداق بولسىمۇ ئۇ لېيۈنى چىشلەپ، شۇ تەرەپتىكى بىر قەبرە ئالدىغا كېلىپ، قولىدىكى سېۋەتنى قويدى.

ئۇ قەبرە شياۋشۇەننىڭ قەبرىسى بىلەن بىر قاتاردا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى يالغۇز ئاياغ يوللا بار ئىدى. ھېلىقى ئايال تۆت تەخسە سەي بىلەن بىر چىنە گاڭپەننى قويۇپ بولۇپ، ئۆرە تۇرۇپ بىر دەم يىغلىدى، ئاندىن كېيىن قەغەز داچەنلەرنى كۆيدۈردى، بۇنى كۆرگەن خۇا ئانا كۆڭلىدە: «بۇ قەبرىدىكى ئۇنىڭ بالىسى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. ھېلىقى ئايال قەبرىنى ئۇياق - بۇياقتىن بىر ئايلىنىپ چىقتى، كېيىن بىردىنلا ئاياغلىرى تىترەپ، دەلدەڭلىگىنىچە ئارقىسىغا بىرنەچچە قەدەم يېنىپ، قەبرىگە قارىغان پېتى قېتىپ قالدى.

خۇا ئانا بۇ ھالنى كۆرۈپ، بۇ ئايالنىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ئالجىپ قالمىغىيدى دېگەن ئويغا كەلدى - دە، چىداپ تۇرالماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ، يولنى تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ بېرىپ، ئۇ ئايالغا تۆۋەن ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— چوڭ ئانا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، يۇرسىلە، قايتايلى.

ھېلىقى ئايال بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، لېكىن كۆزى يۇقىرىغا قاراپ قېتىپ قالغانىدى. ئۇمۇ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن دۇدۇقلاپ سۆزلىدى:

— قارىسىلا ··· كۆزۈمگە نېمە كۆرۈنۈۋاتىدۇ؟

خۇا ئانىمۇ ئۇ بىگىز قولى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى، كۆزىگە ئالدى تەرەپتىكى قەبرە كۆرۈندى. بۇ قەبرىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزلىرى تېخى تامام قۇرۇمىغان، سېرىق توپىلار ئاۋۋالقىدەكلا تۇراتتى، بۇلار كۆزگە ناھايىتى غەلىتە كۆرۈنەتتى. خۇا ئانا يەنە دىققەت بىلەن قارىدى، ئۇ ئىختىيارسىز ھەيران بولۇپ قالدى؛ ئۇنىڭ كۆزىگە قەبرە ئۈستىگە قويۇلغان ئالىيېشىل





گۈلچەمبىرەك كۆرۈندى.

بۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرى كېتىپ قالغىنىغا بىر نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئالىيېشىل گۈلنى روشەن كۆردى. بۇ گۈل ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، چەمبىرەك تازا ئوبدان ئورالمىغان بولسىمۇ، لېكىن رەڭلىك ئىدى. خۇا ئانا دەرھال ئۆز ئوغلىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قەبرىسىگە قارىدى، ئۇ قەبرىلەردە سوغۇقتىن قورقمايدىغان بەزى ئۇششاق گۈللەر ئاندا - ساندا ئېچىلىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن خۇا ئانىنىڭ بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە گۈلچەمبىرەكنى سۈرۈشتۈرگىسىمۇ كەلمىدى.

ھېلىقى موماي يەنە بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، قەبرىگە يېقىن كېلىپ دىققەت بىلەن بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىچە سۆزلىدى:

— بۇ گۈلنىڭ يىلتىزى يوق تۇرىدۇ، ئۆزى ئېچىلغاندەك ئەمەس··· بۇ يەرگە كىم كەلگەندۇر؟ ئۇششاق بالىلارغۇ كەلمەيدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ كەلمىگىنىگە خېلى بولدى··· بۇ قانداق گەپتۇ؟···

ئۇ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ، بىردىنلا يىغلىۋەتتى ۋە ئاۋازىنى قويۇپ بەردى:

— ئوغلۇم يۈئەر، ساڭا ۋابال قىلدى. بۇ ناھەقچىلىك سېنىڭ ئېسىڭدىن ھەرگىز كۆتۈرۈلمەيدۇ، كۆڭۈل ئاغرىقىڭنى ئېچىڭگە سىغدۇرالماي بۈگۈن مۇشۇ گۈللەر ئارقىلىق ئەتەي كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتامسەن؟···— ئۇ ئەتراپقا قارىدى. كۆزىگە يوپۇرماقلىرى چىقمىغان بىر تۈپ دەرەخ شېخىدا ئولتۇرغان بىر قاغا كۆرۈندى. ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇقتۇم. ئوغلۇم يۈئەر، ئۇلار ساڭا قەست قىلدى، خەپ! ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ. خۇدا ئۆزى ھەممىنى بىلگۈچى، سەن پەقەت كۆزۈڭنى يۇمدۇڭ··· ئەگەر مەشەدە بولساڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغان

بولساڭ، ... ئاۋۇ قاغىنى قەبرەڭگە قوندۇر، كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېتەي.

بوش چىقىۋاتقان شامال ئاللىقاچان توختىغانىدى. قۇرۇپ قالغان ئوت - چۆپلەر خۇددى تېرىغان تىكەندەك تىك - تىك تۇراتتى. ئۇلارنىڭ شامالدا چىقارغان ئاۋازلىرى بارغانسېرى يوقىلىپ بېرىپ، ئاخىرى ئەتراپ خۇددى ئۇيقۇغا چۆمگەندەك جىمجىت بولۇپ كەتتى. ئىككىيلەن قۇرۇق ئوت - چۆپلەر ئىچىدە قاغىغا قاراپ تۇردى. قاغىمۇ تىك تۇرغان شاختا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى.

خېلى ۋاقىت ئۆتتى. تۇپراق بېشىغا چىققانلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بىرنەچچە قېرى ۋە ياشلار قەبرىلەرنى ئارىلاپ يۈرمەكتە.

نېمە ئۈچۈندۇر، خۇا ئانا خۇددى يەلكىسىدىكى ئېغىر بىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ، قايتقۇسى كەلدى ۋە ھەمراھىغا:

— قايتىپ كېتەيلى، — دېدى.

ھېلىقى موماي بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن، مەيۈس ھالدا ئاش - سەيلەرنى يىغىشتۇردى. ئۇ يەنە بىر دەم ئىككىلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىرى ئاستا يولغا چۈشتى ۋە ئۆز - ئۆزىگە:

— بۇ قانداق ۋەقە؟...— دېدى.

بۇلار 20 - 30 قەدەم ماڭماستىن، بىردىنلا ئارقا تەرىپىدىن چىققان «قا - قاق» دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى ۋە ئەندىككەن ھالدا ئارقىسىغا قارىدى. ھېلىقى قاغا ئىككى قانىتىنى كېرىپ، خۇددى يانىڭ ئوقىدەك، يىراققا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

1919 - يىل 4 - ئاي





# ئەتە [22]

— ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ، نېمە بولدىكىنە بۇ بايقۇشقا؟ - «قىزىل بۇرۇن» لەقەملىك لاۋ گۇڭ سېرىق ھاراق قۇيغان چىنىسىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ، ئۆي تەرەپتىكى تامنى ئىشارەت قىلىپ غۇدۇڭشىدى.

«كۆك تېرە» لەقەملىك ئاۋۇ ئۆزىنىڭ قاچىسىنى يەرگە قويۇپ، بار كۈچى بىلەن لاۋ گۇڭنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى سېلىپ:

— سەن ... سەن ... يەنە نىيىتىڭنى بۇزۇشقا باشلىدىڭغۇ دەيمەن! ...— دەپ مەست ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى.

لۇجېڭ يېزىسى چەت بىر جاي ئىدى. بۇ يېزىدا بەزى كونا ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان: كەچ كىرىشى بىلەنلا بۇ يېزىنىڭ ئادەملىرى ئىشىكلىرىنى مەھكەم بېكىتىپ، ئۇخلىغىلى ياتىدۇ، پەقەت ئىككى ئۆيدىلا يېرىم كېچىگىچە ئۇخلاشمايتتى: ئۇنىڭ بىرى، ھاراق خۇمار لۈكچەكلەر پەشتاق ئەتراپىغا يىغىلىۋېلىپ ھاراق ئىچىپ، تاماق يەپ پەيزى قىلىشىدىغان «شەنخېڭ» مەيخانىسى؛ ؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىككى يىلدىن بېرى تۇل ئولتۇرغان ۋە ئۈچ ياشتىكى بالىسىنى بېقىش ئۈچۈن يىپ ئېگىرىشكە مەجبۇر بولۇپ، كەچ ياتىدىغان شەن سى دېگەن ئايالنىڭ ئۆيى ئىدى.

مانا بىر نەچچە كۈن بولدى، شەن سىنىڭ ئۆيىدە چاق ئاۋازى ئاڭلانماس بولۇپ قالدى. يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىمايدىغان پەقەت شۇ ئىككىلا ئۆي بولغانلىقتىن، تامنىڭ ئۇ يېقىدىكى چاقنىڭ

تاۋۇشنى ئەلۋەتتە لاۋ گۇڭ بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىلا ئاڭلايتتى ۋە شەن سىنىڭ ئۆيىدىكى چاق ئاۋازىنىڭ توختاپ قالغىنىنىمۇ پەقەت شۇ ئىككىسىلا بىلەتتى.

لاۋ گۇڭ ئوبدان بىر مۇشت يېگەندىن كېيىن، خۇددى ھېچ نەرسە بولمىغاندەك، لىق بىر چىنە هاراقنى كۆتۈرۈۋېتىپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

شۇ ۋاقىتتا شەن سى بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، كارىۋاتنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇراتتى. يىپ ئېگىرىدىغان چاق يېتىمسىرىگەن هالدا يەردە ياتاتتى. چىراغنىڭ گىرىمسەن يورۇقى بالىنىڭ كۆكىرىپ - تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. شەن سى:

«داخانغىمۇ ئوقۇتتۇم، نەزىر - چىراغمۇ بەردىم، ئۆزۈم بىلگەن دورىلارنىمۇ ئىچۈردۈم، هېچقانداق پايدا قىلمىدى. يەنە نېمە قىلىش كېرەك؟ ئەمدى بالىنى خې شياۋشيەننىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىش قالدى. لېكىن باۋ ئەر كېچىسىلا قىزىپ، كۈندۈزى ياخشى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، كۈننىڭ چىقىشى بىلەن بىللە قىزىتمىسى سوۋۇپ، نەپەس قىسىلىشى توختاپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، ئاغرىق دائىم شۇنداق بولىدىغۇ…» دەپ ئويلىدى.

شەن سى ئوقۇمىغان نادان ئايال ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «لېكىن» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدە قانداق خەۋپ - خەتەر بار ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى. راست، بەزىبىر ۋاقىتلاردا بۇ خەتەرلىك سۆز ئارقىلىق يامان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ، لېكىن تالاي - تالاي ياخشى ئىشلارنىڭ قايغۇلۇق ئاياغلىشىشىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ياز كېچىلىرى قىسقا بولىدۇ. لاۋ گۇڭنىڭ غىڭشىپ ئېيتقان ناخشىسى توختىغىلى كۆپ ۋاقىت ئۆتمىدى. شەرق تەرەپتىن ئاسمان يورۇشقا، دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن تاڭ سەھەرنىڭ كۈمۈشتەك





نۇرلىرى چۈشۈشكە باشلىدى.

باشقىلارغا چاپسان تۈيۈلسىمۇ، شەن سى ئۈچۈن تاڭنىڭ ئاتىمىقى ئاسان بولمىدى. ئۇنىڭغا تاڭ ناھايىتى ئاستا ئېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى. باۋئەرنىڭ ھەربىر دەم ئېلىشى چەكسىز ئۇزاققا سوزۇلغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاخىر، تاڭ ئېتىپ دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇقلۇق چىراغنىڭ گىرىمسەن يورۇقىنى باستى. مانا ئەمدى شەن سى بالىسى باۋئەرنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى خۇددى يەلپۈگۈچتەك بىر كېڭىيىپ، بىر تارىيىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇ، بالىنىڭ ھالى ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى سېزىپ:

— ۋىييەي! ئەمدى قانداق قىلارمەن، ئەمدى خې شياۋشيەننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىش كېرەك، باشقا ئىلاجى يوق، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

شەن سى ئوقۇمىغان نادان ئايال بولسىمۇ، غەيرەتلىك ئىدى. بۇ ياغاچ ساندۇقتىكى ئۆزىنىڭ بىر تىيىنلاپ يىغقان 13 يارچەن 180 يارماق ئاقچىسىنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن ئىشىكنى ئېتىپ، بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئالدىراشلىق بىلەن خې شياۋشيەننىڭ ئۆيىگە قاراپ كەتتى.

تېخى ناھايىتى ئەتىگەن ئىدى، لېكىن خې شياۋشيەننىڭ ئۆيىدە تۆت ئاغرىق كىشى ئولتۇرۇپتۇ. شەن سى يانچۇقىدىن تۆت يارچەن چىقىرىپ نومۇر ئالدى. باۋئەرگە بەشىنچى نومۇر تەگدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاخىر خې شياۋشيەننىڭ ئالدىغا كىردى. خې شياۋشيەن قولىنى سوزۇپ بالىنىڭ تومۇرىنى تۇتقىلى باشلىدى. خې شياۋشيەننىڭ تىرناقلىرى شۇنچە ئۇزۇن ئىدىكى، شەن سى ناھايىتى ئەجەبلىنىپ، ھۆرمەت قايغۇسىغا تولغان ھالدا: «باۋئەرنىڭ ساقىيىشى چوقۇم» دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ ئەنسىرىشىنى يوشۇرالماستىن تەشۋىشلەنگەن ھالدا:

— ئۇستام ئېيتسىلىچۇ، بالام نېمە بولغاندۇ؟ — دېدى.
— قەۋزىيەت بولۇپ قاپتۇ.
— خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ ...
— ئاۋۋال مەن بۇيرۇغان دورىنى ئىچۈرۈتسۇن. بالىنىڭ نەپەس ئېلىشى ناھايىتى ئېغىر، بۇرۇنلىرى كېرىلىپ تۇرىدۇ. بۇ، ئوتنىڭ مەدەندىن ئۈستۈن كەلگىنى[23] ...

سۆزىنى تۈگەتمەيلا، خې شياۋشيەن كۆزىنى يۇمدى، شەن سى يەنە سوئال سوراشقا پېتىنالمىدى. ئاڭغىچە خې شياۋشيەنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان 30 ياشلاردىكى كىشى رېتسېپ يېزىپ بەردى ۋە قەغەزنىڭ بۇرجىكىدىكى بىرنەچچە خەتنى كۆرسىتىپ:

— بۇ بالىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا. بۇ دورىنى پەقەت جيا ئائىلىسىگە قاراشلىق ئاتاقلىق «ئەلگە شىپا» دېگەن دورىپۇرۇشلۇق دۇكىنىدىن تېپىش مۇمكىن! — دېدى.

شەن سى رېتسېپنى ئېلىپ، خىيال سۈرگەن ھالدا تالاغا چىقتى. ئۇ نادان ئايال بولسىمۇ، «ئەلگە شىپا» دۇكىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن كۆرە، خې شياۋشيەنىڭ ئۆيىگە يېقىنراق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئەلۋەتتە ئاۋۋال دورىنى سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۆيىگە قايتىش توغرىراق ئىدى. شەن سى ئالدىراشلىق بىلەن دورىپۇرۇشلۇق دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى. دورىپۇرۇش ئۆزىنىڭ ئۇزۇن تىرناقلىرىغا زوقلىنىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ رېتسېپقا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ، ئاندىن كېيىن ئاستا ئالدىرىماستىن دورىلارنى ئوراپ بەردى، شەن سى بالىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا قاراپ تۇردى.

باۋئەر بىردىنلا كىچىككىنە قوللىرىنى چىقىرىۋېلىپ، چىگىشلىنىپ كەتكەن يىپەكتەك چېچىنى يۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ھېچقاچان مۇنداق قىلىق قىلمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شەن سى قورقىنىدىن قېتىپ قالدى.





شەن سى ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا كۈن خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا دورا، يەنە بىر قولىدا بالا بولۇپ، يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا ئىدى. باۋئەر پۈتۈن يول بويى قىينالدى، بۇنىڭدىن يول تېخىمۇ يىراقلاشقاندەك سېزىلەتتى. ھالسىزلانغان شەن سى يولنىڭ چېتىگە چىقىپ، چوڭ بىر باينىڭ ئىشىكى يېنىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تەرلەپ كىيىملىرى تېنىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. باۋئەر جىمجىت ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. شەن سى تەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ ئىلگىرى قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىمدۇر بىرىنىڭ:

— شەن سى، ئەكەل بالىنى، مەن كۆتۈرۈۋالاي! — دېگىنى ئاڭلاندى.

بۇ ئاۋۇ — «كۆك تېرە» نىڭ ئاۋازى ئىدى. شەن سى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاۋۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تولۇق ۋە ئۇيقۇلۇق ئىدى.

شۇ پەيتتە شەن سى قانداقتۇر بىر ئەر خىزىرنىڭ غايىبتىن كېلىپ ياردەم قىلىشىنى كۈتكەنىدى، لېكىن ئۇ بۇ ياردەمنىڭ ئاۋۇ تەرىپىدىن بولۇشىنى پەقەتلا خالىمايتتى. ئەمما، ئاۋۇ مەردلىك قىلىپ، شەن سىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ياردەم قىلاي دەپ تۇرىۋالدى. ئاخىر شەن سى ئۇنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلدى. ئاۋۇ قولىنى سوزۇپ، شەن سىنىڭ ئىككى كۆكسى ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى ئالدى. ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تېگىشى بىلەن، شەن سىنىڭ كۆكسىدىن باشلانغان بىر خىل ئىسسىق قان قۇلاقلىرىغىچە يېرىپ پۈتۈن ئەزايىنى شۇرقىرىتىۋەتتى.

ئۇلار ئارىلىرىدا بەلگىلىك يىراقلىق قالدۇرۇپ بىللە ماڭدى. ئاۋۇ ئۇنىڭغا بىرنېمىلەر دەيتتى، ئەمما شەن سى ھېچبىر جاۋاب قايتۇرماي كېلىۋاتاتتى. ئۇ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن توختاپ،

ئۇنى چۈشلۈك غىزانى بىللە يېيىشكە تۇنۇگۇن ۋەدە قىلىپ قويغان ئاغىنىسىنىڭ كۈتۈپ قالغىنىنى ئېيتىپ، شەن سىگە بالىنى ياندۇرۇپ بەردى. شەن سى بالىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ بەختىگە ئۆيىمۇ يېقىن قالغانىدى. شەن سى يىراقتىن دەۋازىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋاڭ جيۇ موماينى كۆردى.

— بالا قانداق، شەن سى؟ تېۋىپقا كۆرسەتتىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— كۆرسىتىشنى كۆرسەتتىم ... ۋاڭ جيۇ موما، سەن ئۆمرۈڭدە كۆپنى كۆرگەنغۇ، ئۆزۈڭنىڭ تەجرىبىلىك كۆزۈڭ بىلەن بىر قاراپ باققىنا، بالام نېمە بولدىكىن؟ ...

— ھىم ...

— قانداق؟

— ھىم ... — دەپ ۋاڭ جيۇ موماي بالىغا بىر قاراپ چىقىپ، چوڭقۇر تىندى ـ دە، بېشىنى چايقىدى.

باۋئەر دورىسىنى ئىچكەندە چۈش مەزگىلى بولغانىدى. شەن سى دىققەت بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بالىنىڭ نەپەس ئېلىشى يېنىكلىگەندەك بولدى. كەچقۇرۇنلۇقى باۋئەر تۇيۇقسىز كۆزىنى ئېچىپ: «ئاپا» دەپ بىرلا چاقىردى ـ دە، يەنە ئۇخلىغاندەك كۆزىنى يۇمۇۋالدى. باۋئەرنىڭ ئۇخلىغىنىغا چارەك سائەت ئۆتمەستىن پېشانىسىدىن، بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇستىدىن مونچاق ـ مونچاق تەرلەر چىقىشقا باشلىدى، شەن سى ئاستا ئۇ تەرلەرنى ئېرتىپ ئولتۇرۇپ، تەرنىڭ قولىغا يېلىمدەك چاپلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدى. شەن سى نېمە قىلارنى بىلمەي بالىسىنىڭ مەيدىسىنى تۇتتى، ئەمما بۇ قېتىم ئۆزىنى توختىتىۋالالماي يىغلىۋەتتى.

بالىنىڭ ئاڭلانماس دەرىجىدە سوقۇۋاتقان يۈرىكى بارغانسېرى ئاستىلىماقتا ئىدى. ئاۋۋال ئىچىدە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان شەن سى ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ھويلىغا ئادەملەر يىغىلدى،





ۋاڭ جيۇ موماي بىلەن ئاۋۇ ئۆيگە كىردى، قالغانلىرى تالادا قالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەيخانىنىڭ ئىگىسى ۋە لاۋگۇڭلارمۇ بار ئىدى. ۋاڭ جيۇ موماي ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا بۇيرۇق بېرىشكە باشلىدى. ئەرۋاھقا ئاتالغان بىر بولاق قەغەز ئاقچىنى كۆيدۈردى ۋە ياردەملەشكەن ئادەملەرگە زىياپەت بېرىش ئۈچۈن، شەن سىنىڭ ئىككى بەندىگى ۋە تۆت ـ بەش قۇر كىيىمىنى گۆرۈگە قويۇپ ئىككى دوللار پۇل جايلىدى.

ئەڭ ئالدى بىلەن مۇردىنى سالىدىغان ساندۇق تېپىش كېرەك ئىدى. شەن سىنىڭ يەنە بىر جۈپ كۈمۈش ھالقىسى ۋە ئالتۇن يالاتقان چازىسى قالغانىدى. كېپىل بولۇپ مۇردىنى سالىدىغان ساندۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى يېرىم نەق، يېرىم نېسىگە مەيخانىنىڭ ئىگىسىگە بەردى. ئاۋۇ قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ياردەملەشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلغانىدى، ۋاڭ جيۇ موماي ئۇنى سىلكىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئەتىلىككە مۇردا سېلىنغان ساندۇقنى تۇپراق بېشىغا ئاپىرىشقا رۇخسەت قىلدى.

— ھەي ئالجىغان قاقۋاش! — دەپ تىللىۋەتتى ئاۋۇ ۋە تېرىكىپ قوشۇمىسىنى تۈردى.

كەچقۇرۇن مەيخانىنىڭ ئىگىسى كېلىپ ساندۇقنىڭ سەھەرلىكتە تەييار بولۇشىنى ئېيتتى. ئۇ كەلگۈچە شەن سىگە بولۇشقانلارنىڭ ھەممىسى كەچقۇرۇنلۇق تاماقنى يەپ بولۇپ، ئۆز ئادىتى بويىچە كەچ كىرىشى بىلەنلا ئۆيلىرىگە تارقىشىپ كەتتى. پەقەت ئاۋۇ «شەنخېن» مەيخانىسىنىڭ ئالدىدىكى پەشتاقتا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئىچىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان لاۋ گۇڭ ئۆزىنىڭ ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتىۋاتاتتى.

شەن سى يالغۇز قالدى ۋە كارىۋاتنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ھېچ توختىماستىن يىغلىماقتا ئىدى. باۋئەرمۇ مۇشۇ يەردە ياتاتتى، چاقمۇ ھېچ ئۈن چىقارماي يەردە ياتاتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتتى،

ئاخىر شەن سى بار يىغىسىنى يىغلاپ بولغاندەك بولدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىششىپ كەتتى. ئۇ غەلىتە بىر تۇيغۇ بىلەن ئەتراپىغا قارىدى: ئۇنىڭ بولغان ۋەقەگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

«ياق - ياق، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — مەن ھازىر ئۇخلاۋاتىمەن، ئەتىگەنلىككە ئويغانغاندا باۋئەرنىڭ يېنىمدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن، ئۇمۇ ئويغىنىدۇ ۋە مېنى ‹ئاپا› دەپ چاقىرىدۇ، ئاندىن سەكرەپ تۇرۇپ ئويناشقا باشلايدۇ...»

لاۋ گۈڭنىڭ ناخشىسى توختىغىنىغا خېلى ۋاقىت بولدى، «شەنخېن» مەيخانىسىدىمۇ چىراغ ئۆچتى.

شەن سى كۆزلىرىنى ئاچتى. بولغان ئىشلارغا زادى ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، توخۇلار چىللاپ، شەرق تەرەپ يورۇغىلى باشلىدى. تاڭ سەھەرنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى دېرىزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن چۈشۈپ تۇراتتى.

كۈمۈشتەك ئاق تاڭ نۇرى ئاستا - ئاستا قىزىرىشقا باشلىدى. كۈن نۇرى ئۆگزىگە چۈشتى. شەن سى كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان ھالدا ھەرىكەتسىز ئولتۇراتتى. كىمدۇر بىرى ئىشىكنى ئۇردى. ئىشىك ئالدىدا بىر نەرسە كۆتۈرگەن يوچۇن بىر كىشى، ئۇنىڭ كەينىدە ۋاڭ جيۇ موماي تۇراتتى.

— ۋاي - يەي! ساندۇقنى ئەكەپتۇ.

چۈشتىن كېيىنلا ساندۇقنىڭ قاپقىقىنى يېپىشتى.

شەن سى باۋئەردىن كۆز ئۈزمەي يىغلاۋەردى. ھېچقايسىسى ساندۇقنى ھەم يېپىۋېتىشكە پېتىنالمىدى. كۈتۈپ زېرىككەن ۋاڭ جيۇ موماي ئاخىر شەن سىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاچچىقى بىلەن ئۇنى نېرى ئەكەتتى. شۇ زامات ساندۇقنىڭ قاپقىقى قولمۇ قول مىخلاندى.

شەن سى ئۆز ئوغلى باۋئەرنى ناھايىتى ياخشى ئۇزىتىشقا كىرىشتى، كەم - كۈتىسىنى قالدۇرمىدى، خۇداغا ئاتالغان بىر





بولاق قەغەز ئاقچا تېخى تۈنۈگۈن كۆيدۈرۈلگەنىدى. ئەتىگەنلىكتە دەپنە قىلىشتا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەر يېزىلغان 49 قەغەزمۇ كۆيدۈرۈلدى. باۋ ئەرگە باشتىن - ئاياغ يېڭى كىيىم كىيدۈرۈلدى. ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەممىسى لايدىن ياسالغان كىچىككىنە ئادەم، ئىككى چۆچەك ۋە ئەينەك قۇتا ساندۇقنىڭ باش تەرىپىگە تىزىلدى، ۋاڭ جيۇ موماي دىققەت بىلەن سەپسىلىپ قاراپ ھېچقانداق كەمچىلىك تاپالمىدى.

بۈگۈن «كۆك تېرە» ئاۋۇ زادىلا كەلمىدى. «شەيخېن» مەيخانىسىنىڭ خوجايىنى شەن سى ھەدىگە ئىككى خىزمەتكار تېپىپ بېرىپ، ئۇلارغا 210 داچەندىن پۇل بېرىپ، مېيىتنى پاشالىق گۆرىستانغا ئاپىرىپ يەرلەتتۈردى. ۋاڭ جيۇ موماي يەنە بىر قېتىم ياردەملەشكۈچىلەرگە غىزا قىلىشقا بولۇشتى. غىزادىن كېيىن، كۈن تاغنىڭ كەينىگە ئۆتكەندە، ھەممىسى كېتىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىپ، ئاستا تارقىشىپ ئۆيلىرىگە كەتتى.

شەن سى بېشىنىڭ قېيىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى، بىرئاز دەم ئالغاندىن كېيىن كۆڭلى ئازراق ئارام تاپتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە قالايمىقان ئويلار ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۆمرىدە ھېچقاچان ئۇچراتمىغان، مۇنداق بولار دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان ۋەقە يۈز بەردى. ئۇ ئويلىغانسېرى ئەجەبلەندى. ئۇ يەنە بىر ئاجايىپ «يېڭىلىق» نى سەزدى: شۇنچە يىل ياشىغان ئۆيى بىردەمدىلا چەكسىز جىمجىتلىققا چۆكتى.

شەن سى ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغ يېقىۋىدى، ئۆي تېخىمۇ جىمجىت سېزىلدى. شەن سى ئىختىيارسىز ئىشىكنى بېكىتتى - دە، يېنىپ كېلىپ كارىۋاتنىڭ بىر چېتىگە ئولتۇردى، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىگىسىز قالغان چاق يېتىمسىرەپ ياتاتتى، شەن سى دىققەت بىلەن ئۆيگە قاراپ چىقتى ۋە مۇنداق ئولتۇرۇشنى داۋام قىلدۇرۇشقا تاقىتىنىڭ يەتمەسلىكىنى سەزدى. بۇ ئۆي ناھايىتى

يوغان ۋە بوش، ئىچىدىكى جابدۇقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئېتىبارىنى يوقاتقانىدى. ئەتراپتىكى بوشلۇق شەن سىنى قاپسىماقتا ۋە ئۆي ئىچىدىكى ھاجەتسىز جابدۇقلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىسماقتا ئىدى. ئۇ دەم ئالالماي قالدى.

شەن سى باۋئەرنىڭ ئۆلگىنىگە ئەمدى ئىشەندى، ئۇ ئۆيگە قاراشقا پېتىنالماي، چىراغنى ئۆچۈرىۋېتىپ ياتتى، ئۇزاق يىغلاپ يېتىپ: «مەن يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا باۋئەر يېنىمدا ئارپىبەدىيان سۈيىگە سالغان پۇرچاق يەپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قارا كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارايدىغان، ئۇ بىر قېتىم ئويلىنىپ تۇرۇپ: ‹ئاپا! دادام چۆچۈرە ساتاتتى، مەنمۇ چوڭ بولغاندا چۆچۈرە ساتىمەن، پۇلنى تازا جىق تېپىپ ھەممىسىنى ساڭا بېرىۋېتىمەن› دېگەنىدى» دەپ ئويلىدى.

شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا شەن سىنىڭ يىپ ئېگىرىشى تېخىمۇ مەنىلىك، تېخىمۇ جانلىق تۇيۇلغانىدى. ئەمدىچۇ؟

بۇ سوئالغا شەن سى جاۋاب تاپالمىدى.

مەن ئېيتىمغۇ: ئۇ نادان ئايال ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قانداقمۇ جاۋاب تاپالىسۇن؟ ئۇ پەقەت ئۆيىنىڭ ھېچ نەرسىسىز بوش، يوغان ۋە جىمجىت قالغانلىقىنىلا سېزەتتى، خالاس. لېكىن ئۇ چىققان جاننىڭ قايتا تىرىلمەيدىغانلىقىنى ۋە باۋئەرنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چوڭقۇر تىنىدى - دە، ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— باۋئەر، سەن ئاۋۋالقىدەكلا مېنىڭ يېنىمدا بولۇشۇڭ كېرەك. ئېيتقىنا، چۈشۈمگە بولسىمۇ كىرىپ تۇرىسەن - ھە؟ راستىمۇ؟ — دېدى.

ئۇ باۋئەرنى چاپسانراق كۆرۈش ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇخلىماقچى بولدى، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن ۋە ھېچقاچان بۇنداق جانسىز، بوش قالمىغان بۇ ئۆيدە، شەن سى ئۆزىنىڭ





ھەسرەتلىك نەپەس ئېلىشىنى ئاشكارا ئاڭلاپ ياتتى.

ئۇيقۇ ئاستا - ئاستا ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالدى، ئۆيىنى جىمجىتلىق قاپلىدى، ئاڭلىنىپ تۇرغان لاۋ گۇڭنىڭ ناخشىسىمۇ پەسلىدى. ئۇ مەيخانىدىن چىقىپ:

— بىچارەم، قانداق ئايايمەن مەن سېنى، يالغۇز يېتىم ··· — دەپ كۈلكىلىك ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

ئاۋۇ — «كۆك تېرە» ئۇنىڭ مۈرىسىگە مەھكەم ئېسىلىۋالدى ۋە ئىككىسى كۈلۈشۈپ، پۇتلىشىپ، ھەربىر قەدەمدە بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ كېتىپ باراتتى.

شەن سى ئۇخلاپ قالدى. لاۋ گۇڭ بىلەن ئاۋۇ كەتتى، «شەنخېن» مەيخانىسىمۇ يېپىلدى، لۇجېڭ يېزىسى تولۇق جىمجىتلىققا چۆكتى، پەقەت قاراڭغۇ كېچىلا ئەتە كۈندۈزگە ئايلىنىش ئۈچۈن ئالدىراپ، بۇ جىمجىتلىق ئارقىلىق ئۆتمەكتە ئىدى ۋە قەيەردىندۇر قاراڭغۇلۇقتا يالغۇز ئىتلارنىڭ ھۇۋلىشى ئاڭلىناتتى.

1920 - يىل 6 - ئاي

# كىچىككىنە بىر ئىش[24]

مېنىڭ سەھرادىن پايتەختكە كەلگەنلىكىمگە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئالتە يىل بولۇپ قالدى. بۇ ئارىدا قۇلىقىم ئاڭلىغان ۋە كۆزۈم كۆرگەن «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى» مۇ ئاز ئەمەس، ئەمما بۇ ئىشلار كۆڭلۈمدە ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىدى. ئەگەر شۇ ئىشلار توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىمنى ئەسلەيدىغان بولسام، مېنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ ئەسكى بولغان مىجەزىم قوداڭشىپ قالىدۇ، راستىنى ئېيتسام، ئۇ ئىشلار مېنى كۈندىن - كۈنگە ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ئەمما كىچىككىنە بىر ئىش مەن ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىش مېنى ئەسكى مىجەزدىن قۇتۇلدۇردى، مەن بۇ ئىشنى ھازىرغىچە ئۇنتۇمايمەن.

مىنگونىڭ 5 - يىلى قىش كۈنلىرى، شىۋىرغانلىق بوران قاتتىق سوقۇۋاتاتتى. مەن تۇرمۇش غېمى بىلەن سەھەردىلا كوچىغا چىقىپ يول يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم، يولدا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئادەم ئۇچرىمىدى، ئاران بالالىقتا بىر رىكشىنى سۆزلەشتىم - دە، ئۇنىڭغا «S» دەرۋازىسىغا ئېلىپ بارغىن دېدىم. بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن بوران پەسەيدى. يوللاردىكى چاڭ - توزانلار ئالللىقاچان تۈگەپ، يوللار پاك - پاكىز بولۇپ قالغانىدى. رىكشىچىمۇ ئىلدام چاپتى، «S» دەرۋازىسىغا يېقىن يېتىپ بارغاندا، ئۇشتۇمتۇت رىكشىنىڭ تۇتقۇسى بىر ئادەمنى ئىلىۋالدى - دە، ئۇ ئادەم ئاستا يىقىلىپ چۈشتى.





يىقىلىپ چۈشكۈچى بىر ئايال ئىكەن، ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقارغان، كىيىملىرى يىرتىق، ئۇ چوڭ يولنىڭ بىر چېتىدە ئۇشتۇمتۇت رىكشىچىغا توغرا كېلىپ قالغانىدى. رىكشىچى يول بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پاختىلىق كەمزۇلىنىڭ تۈگمىلىرى ئېتىلمەي شامالدا ئىككى ياققا يەلپۈنۈپ تۇرغانلىقتىن، رىكشىنىڭ تۇتقۇسىغا ئىلىنىشىپ قالدى، بەختكە يارىشا رىكشىچى توختاپ قالغاندى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ خوتۇن تىك موللاق چۈشۈپ باش - كۆزى يېرىلار ئىدى.

خوتۇن يىقىلار - يىقىلماستىن رىكشىچىمۇ دەرھال توختىدى. مەن بۇ موماي قاتتىق يىقىلمىدى، ئۇنىڭ يىقىلغانلىقىنى باشقا ئادەممۇ كۆرمىدى، رىكشىچىنىڭ نېمە كارى بار، بۇ مېنىڭ يولۇمغا بىكاردىن - بىكار كاشىلا قىلىۋاتىدۇ، دېگەن خىيالغا كەلدىم.

— ھېچ گەپ يوق، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ، — سەن ئۆز يولۇڭغا مېڭىۋەر!

رىكشىچى مېنىڭ سۆزۈمگە پىسەنت قىلمىدى ياكى ئاڭلىماي قالدى، ئۇ رىكشىسىنى تاشلاپ قويۇپ ھېلىقى مومايىنى بىلىكىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ سورىدى:

— نېمە بولدىلا؟

— قاتتىق يىقىلىپ كەتتىم.

مەن: «ئاستا يىقىلغانلىقىڭنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرسام قانداقسىگە قاتتىق يىقىلدىم دەيسەن؟ ئۆكتەملىك قىلىۋاتىسەن، بۇ تازىمۇ مۇتتەھەملىك بولدى - دە، رىكشىچىمۇ ئۆزىگە ئۆزى كاشىلا تاپتى، ئەمدى ئۆزۈڭ تاپقان بالاغا بىر ئامال قىل» دەپ ئويلىدىم.

رىكشىچى مومايىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قىلچە ئېڭىرقىماستىن، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاستا ئالدىغا ماڭدى، مەن بىرئاز ھەيران بولۇپ ئالدى تەرەپكە قارىدىم، بىر ساقچى ئىدارىسى كۆرۈندى.

شىۋىرغاندىن كېيىن ئىدارىنىڭ ئالدىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى، رىكشىچى ھېلىقى مومايني يۆلەپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى.

مەندە شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇتلا باشقىچە بىر ھېسسىيات پەيدا بولدى. رىكشىچىنىڭ توپىغا مىلەنگەن قىياپىتى بىردەمدىلا مېنىڭ نەزىرىمدە زورىيىپ كەتتى، ئۇ يىراقلاشقانسېرى ماڭا ئۇلۇغ كۆرۈنگىلى تۇردى. بوينۇمنى سوزۇپ يۇقىرى قارىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا كۆزۈم يېتىدىغاندەك تۇيۇلدى، ھەتتا ئۇ بارا - بارا مەن ئۈچۈن بىر تۈرلۈك تەھدىتكە ئايلانغىلى، مېنى، تېرە تونغا ئورالغان «كىچىك» بەدىنىمنى مىجىپ تاشلايدىغاندەك تۇيۇلدى.

مەن شۇ چاغدا ئېسىمدىن كېتىپ قالغان بولسام كېرەك. ھەرىكەتسىز، پىكىرسىز ئولتۇرۇپ قالدىم - دە، ساقچى ئىدارىسىدىن بىر ساقچى چىققاندا رىكشىدىن چۈشتۈم، ساقچى ماڭا يېقىن كېلىپ:

— باشقا رىكشىچى تېپىپ كىرا قىلىۋال، ئۇ سېنى ئاپىرالمايدىغان بولدى، — دېدى.

مەن ھېچبىر ئويلىنىپ تۇرماستىن، پەلتويۇمنىڭ يانچۇقىدىن بىر سىقىم تومپۈرنى ئېلىپ:

— ئۇنىڭغا بېرىپ قويۇڭ، — دەپ ساقچىغا بەردىم.

بوران تامام توختىدى. يول تېخىچە جىمجىت، مەن يولدا كېتىۋېتىپ ئويغا چۆمدۈم. ئۆزۈمنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماي قالدىم، ئىلگىرىكى ئىشلار ۋاقىتنىچە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىر سىقىم تومپۈردىن نېمە مەنە چىقىدۇ؟ ئۇنى تەقدىرلىدىممۇ؟ مەن رىكشىچىگە ھۆكۈم قىلالايمەنمۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ سوئاللىرىمغا ئۆزۈم جاۋاب بېرەلمەيتتىم.

بۇ ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. مەن مۇشۇ سەۋەبتىن ھەمىشە ئازابلىنىمەن، ئۆزۈمنى دەڭسەپ كۆرۈشكە تىرىشى-





مەن. نەچچە يىلدىن بۇيانقى سىياسەت ۋە ھەربىي ئىشلار خۇددى بالا ۋاقتىمدا ئوقۇغان «كۇڭزى نەقىل قىلىدۇلەركى»، «رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدۇلەركى» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پەقەت مۇشۇ كىچىككىنە بىر ئىش ھەمىشە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بەزىدە ناھايىتى روشەنلىشىپ مېنى خىجىل قىلىدۇ. مېنى يېڭى ئادەم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. مېنىڭ غەيرىتىم ۋە ئۈمىدىمنى ئۆستۈرىدۇ.

1920 - يىل 7 - ئاي

# چاچ ھەققىدە ھېكايە[25]

— بەللى، بۈگۈن ئۆكتەبىرگە 10 بولۇپ قاپتۇ، — دېدىم يەكشەنبە كۈنى سەھەردە كالېندارنىڭ بىر ۋارىقىنى يىرتىۋېتىپ، يېڭى ۋاراقىقا قاراپ، — بۈگۈن 10 - ئۆكتەبىر بايرىمى. بۇنىڭغا بايرام توغرىسىدا گەپ - سۆزمۇ يېزىلماپتۇ!

پېشقەدەم بۇرادىرىم N مۇڭداشقىلى ئۆيۈمگە كەلگەنىدى. ئۇ بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، كۆڭلى غەش بولغان ھالدا دېدى:

— شۇلار توغرا قىلغان! ئۇلار ئۇنتۇپ قالسا نېمە بوپتۇ؟! سىز ئۇنتۇمىغان بولسىڭىز نېمە بوپتۇ؟!

بۇ N ئەپەندى مىجەزى باشقىچىرەك بىر ئادەم ئىدى. پات - پات ئورۇنسىز خاپا بولۇپ، زامانغا توغرا كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىپ قوياتتى. ئۇنداق چاغلاردا مەنمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرەتتىم، سۆزىگە ئانچە ئارىلاشمايتتىم. شۇڭا ئۆز - ئۆزىچە سۆزلەپ، بېسىقىپ قالاتتى.

— مەن بېيجىڭنىڭ 10 - ئۆكتەبىر بايرىمىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ، — سەھەردىلا ساقچىلار ئىشىك ئالدىغا كېلىپ: «بايراق ئېسىڭلار!» دەپ بۇيرۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن: «خوش، ھازىر ئاسىمىز» دەپ، ھەر قايسى ئىشىك ياكى دەرۋازىدىن بىردىن ئادەم خۇشياقمىغاندەك چىقىپ، ئۆڭۈپ ئالا - بۇلا بولۇپ كەتكەن بىر پارچە كونا چىتنى ئېسىپ قويىدۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە بايراقلارنى چۈشۈرۈۋېلىپ، ئىشىكلىرىنى تاقايدۇ، بەزىلىرى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، بايراق ئەتىسى چۈشكىچە





ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ... ئۇلار بايرامنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، بايراممۇ ئۇلارنى ئۇنتۇپ قالىدۇ...

... مەنمۇ بايرامنى ئۇنتۇپ قالىدىغانلارنىڭ بىرى. مۇبادا بايرامنى ئۇنتۇماي خاتىرىلىسەم، ئۇ چاغدا تۇنجى 10 - ئۆكتەبىر بايرىمى ئالدىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار كۆز ئالدىمغا كېلىپ كەيپىم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مەرھۇم بولۇپ كەتكەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ: بىرنەچچە ياش بالا 10 نەچچە يىل جاپا چېكىپ، تىنىماي ئىشلىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى يوشۇرۇن ئوق ئەكەتتى. بىر ئوقتا ئۆلمىگەنلىرى بولسا تۈرمىدە بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت ئازاب چەكتى. يۈكسەك مەقسەتتە ئىشلەۋاتقان بىرنەچچە ياش بىردىنلا غايىب بولدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ قەيەردە قالغانلىقىمۇ مەلۇم ئەمەس...

... ئۇلار ئۆز ئۆمرىنى جەمئىيەتتىكى ھاقارەت، مەسخىرە ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ھازىر ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىمۇ خاتىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئاستا - ئاستا تۈزلىنىپ كەتتى...

... ئۇنداق ئىشلارنى خاتىرىلەشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ئەھمىيىتى بار ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ قىلايلى...

N بىردىنلا كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى بىر سىلىۋېلىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھەممىدىن بەكرەك شۇنىڭغا خۇشالمەن. تۇنجى 10 - ئۆكتەبىر بايرىمىدىن كېيىن، يولدا ماڭسام كىشىلەرنىڭ تىلىغا، مەسخىرىسىگە ئۇچرىمايدىغان بولدۇم. ئۇكام، شۇنى بىلىپ قويۇڭ. چاچ بىز جۇڭگو كىشىلىرى ئۈچۈن گۆھەر، شۇنىڭدەك ئۇ جۇڭگو كىشىلىرى ئۈچۈن بىر رەقىب. قەدىمدىن تارتىپ يېقىنقى چاغلارغىچە چاچ سەۋەبى بىلەن ئورۇنسىز ئازاب چەككەن كىشىلەرنى ئاز دەمسىز!

قەدىمكى بوۋىلىرىمىزنىڭ بوۋىلىرى چاچنى ئانچە نەزەردە تۇت-

مىغان بولسا كېرەك. جازا قانۇنى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەممە-دىن مۇھىم نەرسە كاللا. شۇنىڭ ئۈچۈن كاللا كېسىش ئەڭ ئېغىر جازالاردىن قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدىن قالسا ئادەمنىڭ ئالتى. شۇڭا ئەركەكلەرنىڭ ئالتىنى كېسىپ تاشلاش ۋە ئاياللارنىڭ ئال-دىنى تىكىپ تاشلاشمۇ دەھشەتلىك جازا ھېسابلىنىدۇ. چاچنى قىرقىپ تاشلاش ئېغىزغا ئېلىپ ئولتۇرغۇچىلىكى يوق جازا[26] بولسىمۇ، لېكىن ئويلاپ كەلگەندە، چېچى چۈشۈرۈلگەنلىكى ئۈ-چۈن جەمئىيەتتە ئاياغ ئاستى بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئاز ئەمەس.

ئىنقىلاب تۇغرىسىدا گەپ ئېچىلغاندا، «ياڭجۇدا 10 كۈن»، «جىادىڭ شەھىرىدىكى قىرغىن»[27] لارنى ئېغىزدىن چۈ-شۈرمەيمىز. ھەقىقەتتە ئۇلارمۇ بىر تۈرلۈك ئۇسۇل؛ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ چاغدا جۇڭگو خەلقى ۋەتەندىن ئايرىلىش خەۋپىگە ئەمەس، چاچنى ئۇزۇن قويۇپ ئۆرۈپ يۈرۈشكە قارشى تۇرغانىدى. قارشى چىققانلار قىرىلىپ تۈگىدى، ھايات قالغانلار قېرىپ تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەت بولۇپ كەتتى. نەتىجىدە خۇڭ شيۇچۈەن بىلەن ياڭ شيۇچىڭلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى[28]. چوڭ ئانامنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇ چاغلاردا پۇقـرادارچىلىق قىلىش ناھايىتى تەس ئىكەن، چېچىنى تولۇق قويغان-لار ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى قولىدا قىرىلىدىكەن، چېچىنى ئۆرۈ-ۋالغانلار بولسا، ئۇزۇن چاچلىقلار قولىدا قىرىلىدىكەن!

مۇشۇنداق ئەرزىمەس چاچ سەۋەبى بىلەن ئازاب چەككەن، دەرد تارتقان، ھالاك بولغان جۇڭگو كىشىلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ...

N خۇددى بىر نەرسىنى ئويلىغاندەك، ئىككى كۆزىنى تورۇسقا تىكىپ، سۆزىنى داۋام قىلدۇردى:

— نەدىن بىلەي، چاچ دەردى مېنىڭ بېشىمغىمۇ كەلدى. مەن





چەت مەملىكەتكە ئوقۇشقا چىققاندا، ئۆرۈمە چېچىمنى چۈشۈرۈۋەت-تىم. بۇنىڭ چاچ ئاۋارىگەرچىلىكىدىن قۇتۇلۇشتىن باشقا سەۋەبى يوق ئىدى، ئەپسۇسكى، ئۆرۈمە چاچلىرىنى چوققىسىغا تۈگۈۋالغان بىرنەچچە ساۋاقدىشىم مېنى ناھايىتى يامان كۆرىدىغان بولدى. مۇپەتتىشمۇ خاپا بولۇپ، ئوقۇش جەريانىدا ھۆكۈمەتتىن بېرىلىدى-غان تەمىناتنى توختىتىۋېتىمەن، جۇڭگوغا قايتۇرۇۋېتىمەن دەپ كايىدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كىمدۇر بىراۋ ھېلىقى مۇپەتتىشنىڭمۇ ئۆرۈمە چېچىنى قىرقىپ تاشلىدى، مۇپەتتىشىمىز ئۇيالغىنىدىن نەگىدۇر غايىب بولدى. ئۇنىڭ چېچىنى قىرقىتىۋەت-كەنلەرنىڭ بىرى «ئىنقىلابىي ئارمىيە» دېگەن كىتاب يازغان زۇ رۇڭ[29] ئىكەن. زۇ رۇڭ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوقۇشىنى داۋام قىلدۇرالماي شاڭخەيگە قايتتى. كېيىن غەربىي تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى سىزمۇ ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغاندۇرسىز...

... بىر نەچچە يىل ئۆتتى. ئائىلە تۇرمۇشىمىز ئىلگىرىكىدىن-مۇ ئېغىرلىشىپ، بىرەر ئىش - پىش تېپىپ ئوقەت قىلمىساق، ئاچ قالىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ جۇڭگوغا قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم. شاڭخەيگە كېلىپلا، بازار باھا-سى بويىچە ئىككى سەرگە بىر يالغان چاچ سېتىۋېلىپ، ئۆيگە شۇ چاچنى تاقاپ قايتتىم. ئانام باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى، لېكىن باشقىلار كۆرۈشۈش بىلەنلا، ئۆرۈمە چېچىمنىڭ كويىغا چۈشتى. كېيىن ئۇ چاچنىڭ يالغان چاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى ۋە ماڭا كاللا كېسىش جازاسى كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتى. ھەقەمسايىلىرىمىزدىن بىرى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىشقىمۇ تەييارلاندى، لېكىن كېيىن ئىنقىلابچىلارنىڭ قوزغىلى-شى ياكى غالىب كېلىشىدىن ئۈركۈپ، توختاپ قالدى...

••• مەن يالغان چاچ بەربىر راست چاچتەك بولمايدىكەن، نېمە بولسا بولمامدۇ دېگەن ئوي بىلەن، يالغان چاچنى تاشلىۋېتىپ، كوچىغا كاستۇم كىيىپ چىقتىم•••

••• يولدا كېتىۋاتسام، مېنى تىل ۋە مەسخىرىلەر ئورىۋالدى. ھەتتا بەزىلەر ئارقامغا كىرىۋېلىپ، «ھەي ئەخمەق!»، «ساختا پەرەڭ!»[30] دەپمۇ تىللىدى.

شۇنىڭ بىلەن كاستۇم ئورنىغا ئۆزىمىزچە ئۇزۇن چاپان كىيىۋالدىم. ئۇلار تېخىمۇ قاتتىق تىللايدىغان بولدى•••

••• شۇنداق يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا، قولۇمغا بىر ھاسا تاياق چىقىپ قالدى، شۇ تاياق بىلەن تىللىغۇچىلارنى راسا ئۇرۇۋىدىم، ئۇلار كېيىنچە تىللىمايدىغان بولدى. لېكىن مېنىڭ تايىقىمنى تېتىپ كۆرمىگەن جايلاردىكى كىشىلەر تىللاشنى يەنە داۋام قىلدۇردى•••

••• بۇ ۋەقە مېنى ناھايىتى ھەسرەتكە قالدۇردى، شۇڭا ئۇ خاتىرەمدىن زادى كەتمەيدۇ. چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، گېزىتتە ئوكيانىيە ۋە جۇڭگولارنى ساياھەت قىلغان دوكتور بىندۇ[31] توغرىسىدا بىر خەۋەرنى ئوقۇغانىدىم. ئۇ دوكتور جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋە مالايلىقلارنىڭ تىلىنى بىلمەيدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭدىن، تىل بىلمىسىڭىز، قانداق ساياھەت قىلدىڭىز دەپ سورىسا، ئۇ ھاسا تايىقىنى كۆرسىتىپ: «ئۇلارنىڭ تىلى مانا مۇشۇ، ئۇلار بۇنىڭ تىلىنى بىلىدۇ!» دەپتۇ. مەن شۇ خەۋەرنى كۆرۈپ، بىرنەچچە كۈنگىچە غەزەپلىنىپ يۈردۈم. ئۆزۈمنىڭمۇ بىلەر - بىلمەستىن شۇنى دورىغىنىمنى نەدىن بىلەي. ئۇلارنىڭ چۈشەنگىنىنى دېمەمسىز••• شۈەنتۇڭ[32] خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى مەن ئۆز يۇرتۇمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇپەتتىشى بولۇپ ئىشلىدىم. ئۇ چاغدا خىزمەتداشلىرىم مەندىن قۇتۇلالمىدۇق دەپ ۋايىسا،





مەنسەپدارلار قاتتىق نەزەر ئاستىغا ئالالمىدۇق دەپ قاقشايتتى. ئەتىدىن كەچكىچە خۇددى مۇز ئارىسىدا ئولتۇرغاندەك ياكى جازا مەيدانى يېنىدا تۇرغاندەك خۇددۇك ئاستىدا ياشايتتىم، بۇنىڭ سەۋەبى، بېشىمدا ئۆرۈمە چاچنىڭ يوقلۇقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى! كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرنەچچە ئوقۇغۇچى بىردىنلا ھۇجرامغا كىرىپ كېلىپ: «ئەپەندىم، چاچلىرىمىزنى قىردۇرۇۋېتىدىغان بولدۇق» دېدى، مەن «ئۇنداق قىلماڭلار!» دېسەم، ئۇلار: «چاچ بولسا ياخشىمۇ، بولمىسىمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «چاچ بولمىسا ياخشى» دېدىم. ئۇلار: «ئەمىسە نېمىشقا ئۇنداق قىلماڭلار دەيسىز؟» دېدى. مەن: «قىرقىتىپ قويۇپ بالاغا قالغاننىڭ پايدىسى يوق. قىرقىتماڭلار، بىر ئاز سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار» دېدىم، ئۇلار باشقا گەپ - سۆز قىلماستىن، دومسىيىشىپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى، كېيىن چاچلىرىنى قىردۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىش چاتاق بولدى. كىشىلەر مېنىڭ ئارقامدىن سۆز - چۆچەك كۆتۈردى. مەن كۆرمىگەن كىشى بولۇۋالدىم. ئۇلار چېچى بار ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە چاچسىز ھالدا دەرسكە كىرىۋەردى.

••• لېكىن شۇنىڭ بىلەن چاچ قىردۇرۇش كېسىلى تارقىلىپ كەتتى. ئۈچىنچى كۈنى دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئالتە ئوقۇغۇچىسىمۇ چاچلىرىنى قىردۇرغانىكەن، كەچقۇرۇنلۇقى ئۇلارنى مەكتەپتىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالتە ئوقۇغۇچى يا مەكتەپتە تۇرالماي، يا ئۆيلىرىگە قايتىشالماي قايمۇقۇپ قاپتۇ. پەقەت تۇنجى 10 - ئۆكتەبىر بايرىمىدىن كېيىن، يەنە بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ئاندىن جازالىنىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ•••

••• ئۆزۈمچۇ؟ ئۆزۈممۇ ئوخشاش. مەن جۇمھۇرىيەتنىڭ بىرىنچى يىلى قىشتا بېيجىڭغا كەلدىم. شۇ چاغدىمۇ بەزىلەر بىرنەچچە قېتىم ھاقارەت قىلدى. كېيىن مېنى ھاقارەتلىگەنلەرنىڭ چاچ-

لىرنى ساقچىلار قىرقىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن باشقىلارنىڭ هاقارىتىدىن قۇتۇلۇپ كەتتىم، لېكىن سەهراغا بېرىپ باقمىدىم...

N ناهايىتى خۇشال بولغاندەك قىلدى. لېكىن چىرايى يەنە بىردىنلا غەمكىنلىككە چۆكتى:

— هازىر سىلەردەك فانتازىيىچىلەر ئەمدى ئايالىلار چاچلىرىنى كەستۇرسۇن دەپ غوۋغا كۆتۈرۈپ، بىر مۇنچە كىشىلەرنى بىهۇدە ئازاب ئاستىدا قالدۇرماقچى بولۇۋاتىسىلەر!...

... هازىر چاچلىرىنى كەستۇرۇۋەتكەن قىزلار چاچ كەستۇرگەنلىك سەۋەبى بىلەن مەكتەپكە كىرەلمەي، مەكتەپلەردىكىلىرى بولسا رويخەتتىن ئۆچۈرۈلۈپ يۈرۈۋاتىدۇ!...

... قىزلار چاچلىرىنى يەنە ئۆستۈرۈۋېلىپ، ئەرگە تېگىۋالسۇن، هەممىنى ئۇنتۇغاندىن راهەت ئىش يوق. ئەگەر ئۇلار باراۋەرلىك، ئەركىنلىك دېگەن گەپلەرگە بېرىلىدىكەن، هاياتىنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىدۇ...!

... ئارتسىباشېفنىڭ[33] سۆزى بىلەن سوراپ باقاي: بۇلارنىڭ ئەۋلادىغا ئالتۇن دەۋرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ۋەدە قىلىشۋاتىسىلەر، لېكىن بۇلارنىڭ ئۆزىگە بېرىدىغان نېمەڭلار بار؟...

... ئېھ، خۇدانىڭ قامچىسى جۇڭگونىڭ دۈمبىسىگە تەگمىگۈچە، جۇڭگو يەنە شۇ جۇڭگولۇقىدا تۇرۇۋېرىدۇ، ئۆزىنىڭ بىر تال موييىنىمۇ ئۆزگەرتىشكە ئۇنىمايدۇ...!

... ئاغزىڭلاردا زەهەرلىك چىشىڭلار بولمىسا، نېمىشقا پېشانەڭلەرگە «زەهەرلىك يىلان» دېگەن قاشقا چاپلىۋېلىپ، قەلەندەرلەرنىڭ: «ئۇر، تۇت!» لىرىغا قالىسىلەر؟...

N بارغانسېرى قىزىپ كەتتى، لېكىن، مېنىڭ سۆزگە ئانچە قۇلاق سالمىغىنىمنى كۆرۈپ، دەرهال سۆزدىن توختاپ، ئورنىدىن





تۇرۇپ شىلەپىسىنى قولىغا ئالدى.

— قايتامسىز؟ — دېدىم.

— هەئە، يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم.

— خەير! — دېدى ئۇ شىلەپىسىنى كىيىۋېتىپ، — مالال قىلدىم، ئەپۇ قىلىڭ، بەختىمىزگە، ئەتە 10 ـ ئۆكتەبىر بايرىمى ئەمەس. هەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

1920 ـ يىل 10 ـ ئاي

# بىسەرەمجانلىق (34)

كۈن ئۆزىنىڭ سارغۇچ نۇرلىرىنى دەريا بويىدىكى دۆڭدىن ئاستىلاپ يىغىۋالدى. دەريا قىرغىقىدىكى سىپدە دەرىخنىڭ قۇرۇپ كەتكەن يوپۇرماقلىرى شىلدىرلىماقتا. دەرەخ تۈۋىدە بىر نەچچە ئالىپاچاق پاشا غىڭشىلداپ ئۇچماقتا. دېھقانلارنىڭ دەريا تەرەپكە قارىتىپ سالغان ئۆيلىرىنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان تۈتۈنلەرمۇ ئازايدى. ئاياللار، باللار ئۆز ئىشىك ئالدىلىرىدىكى سۇپىلارغا سۇ سېپىپ، پاكار جوزا ۋە بەندىڭلارنى قويۇشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن كەچكى غىزا ۋاقتى بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

خوتۇنلار ۋە ئەرلەر پاكار بەندىڭدە يوغان بانان يوپۇرمىقى يەلپۈگۈچلىرىنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشماقتا. باللار ئۇچقاندەك چېپىشىپ ئويناشماقتا، گاھىبىرلىرى سىپدە دەرىخى تۈۋىدە تاشتەرمەك ئوينىماقتا. ئاياللار قورۇلۇپ قارىداپ كەتكەن سەي ۋە سارغىيىپ كەتكەن، هور چىقىپ تۇرغان گاڭپەننى پاكار جوزىلارغا توشۇماقتا. دەريادا قېيىق بىلەن كېتىۋاتقان ئەدىب بۇلارنى كۆرۈپ ئىلھامى كېلىپ: «يوقتۇر غەم ۋە ئەندىشىسى، ئاھ، مانا ھەقىقىي سەھرا ھاياتى!» دەپ قويىدى.

لېكىن، ئەدىبنىڭ سۆزى ئەمەلىيەتكە ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى ئۇ توققۇز جىڭ مومايىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانىدى. دەل شۇ چاغدا توققۇز جىڭ موماي غەزەپلىنىپ تۇراتتى.

— يېشىم 79 غا كىردى، ياشايدىغان يېشىمنى ياشاپ بولدۇم. ئەمدى بۇ غۇربەتچىلىكلەرنى كۆزۈم كۆرمىسۇن. ئۆلگىنىم





ياخشى… غىزا ۋاقتى بولسىمۇ، لېكىن يەنە قورۇلغان ماشنى يەپ يۈرىدۇ! بار - يوقىنى يەپلا تۈگىتىدىغان بولدى، بۇ شور پېشانىلەر! — دەپ سۆزلىدى توققۇز جىڭ موماي بانان يەلپۈگۈچى بىلەن بەندىڭنىڭ پۇتىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ چەۋرىسى ئالتە جىڭ بىر ئوچۇم ماشنى كۆتۈرۈپ، ئۇدۇلدىن يۈگۈرۈپ كەلدى. لېكىن، مومايىنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ، دەرھال دەريا بويىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى ۋە سىپدە دەرىخىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، قوش سېكىلەك ئۆرۈلگەن كىچىككىنە بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— ئۆلمەيدىغان قېرى!

توققۇز جىڭ موماي قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، قۇلىقى ئانچە گاس ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھېلىقى باللىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى ۋە ئۆز - ئۆزىچە سۆزلىدى:

— زامان يىلدىن - يىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ!

بۇ كەنتنىڭ باشقىچە بىر ئادىتى بار ئىدى. ئاياللار بالا تۇغسا، كۆپىنچە ئۇ باللىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى جىڭلاپ كۆرۈپ، جىڭدا قانچە چىقسا، شۇنچە جىڭ دەپ ئات قوياتتى.

توققۇز جىڭ موماي ئۆزىنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلىگەندىن كېيىن، بارا - بارا ۋايسايدىغان بولۇپ قالدى: ياش ۋاقتىمدا هاۋامۇ هازىرقىدەك ئىسسىمايتتى، ماش - پۇرچاقلارمۇ هازىرقىدەك قاتتىق ئەمەس ئىدى؛ قىسقىسى، هازىر پەلەك باشقىچە بولۇپ قالدى، ئالتە جىڭنىڭ چوڭ دادىسىدىن ئۈچ جىڭ كىچىك تۇغۇلۇشى، دادىسى يەتتە جىڭدىن بىر جىڭ كىچىك تۇغۇلۇشى ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان ھەقىقەت. شۇڭا ئۇ يەنە:

— زامان يىلدىن - يىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ! — دېدى.

— سىز يەنە شۇ گەپتىمۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ كېلىنى، يەتتە

جىگىنىڭ خوتۇنى قولىدا خونچىلاپ كۆتۈرۈپ كەلگەن غىزانى جوزىغا دوققىدە قويۇپ ئاچچىقى بىلەن، — ئالتە جىڭ تۇغۇلغاندا ئالتە جىڭ بەش سەر كەلدىغۇ؟ سىزنىڭ جىگىڭىزنىڭ تېشى ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە 18 سەرلىك. ئەگەر 16 سەرلىك جىڭ بىلەن جىگىلىساق، يەتتە جىڭدىن جىق چىقىشى تۇرغان گەپ. مەن تېخى سىزنىڭ توققۇز جىڭ، دادامنىڭ سەككىز جىڭ چىققىنىغا ئىشەنمەيمەن ياكى بولمىسا ئۇز ۋاقتىدا 14 سەرلىك جىڭ بىلەن جىگىلدىغان بولۇشى مۇمكىن…

— زامان يىلدىن - يىلغا بەتتەرلىشىپ كەتتى!

كېلىنىدىن جاۋاب چىقمىدى. ئۇ بىردىنلا تار كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن بۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئېرى يەتتە جىڭنى كۆرگەنىدى. شۇڭا سۆزىنى ئېرىگە بۇرىدى:

— ھەي ئىرىكتاپ! ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ نەگە باردىڭ! ساڭا قاراپ غىزا يېمەي ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟

يەتتە جىڭ يېزىدا ئۆسكەن بولسىمۇ، ئارزۇ - ھەۋەسلىرى خېلى ئۈستۈن ئىدى. ئۇ ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ كەتمەن سېپى تۇتۇپ باقمىغان كىشىلەردىن ئىدى. ئۇمۇ ئادەتتە كىشىلەرنىڭ كېمىلىرىنى ھەيدىشىپ، سەھەردە لۇجىڭ يېزىسىدىن كېمە بىلەن شەھەرگە كىرىپ، كەچقۇرۇنلىرى يەنە لۇجىڭ يېزىسىغا قايتىپ كېلەتتى، شۇڭا ئۇ ئۆتە - كېتە ئىشلارنى خېلى جىق بىلەتتى. مەسىلەن، پالانى يەرگە چاقماق چۈشۈپ يالماۋۇزنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ، پوكۇنى يەردە تېخى ياتلىق بولمىغان بىر قىز ئاجايىپ مەخلۇق تۇغۇپتۇ، دېگەنگە ئوخشاش پاراڭلارنى كۆپ بىلەتتى. كەنتتىكى خەلق ئالدىدا خېلى ئاتاقلىق كىشىلەردىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن دېھقانلارچە ئادىتىنى ساقلاپ، كەچكى غىزانى چىراغ يېقىلغۇچە يەۋالاتتى. بۈگۈن ئۆيگە كەچ قايتقاچقا خوتۇنىنىڭ تىلىغا قالدى.





يەتتە جىڭ مۈشتىكى پىل چىشىدىن، سەيخانىسى مىستىن ياسالغان ئالتە چى ئۇزۇنلۇقتىكى غاڭزىسىنى تۇتقان ھالدا، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئاستا ماڭغىنىچە پاكار جوزا ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئالتە جىڭمۇ شۇ پەيتتە دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە: «دادا» دەپ قىچقاردى. لېكىن يەتتە جىڭ جاۋاب قايتۇرمىدى.

— پەلەك يىلدىن - يىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ! — دەپ سۆزلىدى توققۇز جىڭ موماي.

يەتتە جىڭ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ۋە:

— خان سەلتەنەت تەختىگە چىقىپتۇ، — دېدى.

— ئەمدى ياخشى بوپتۇ. خان ئەمدى ئىلتىپات ۋە ئەپۇ ئۇمۇمىي قىلىدۇ، — دېدى يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنى بىرئاز ھاڭ - تاڭ بولۇپ، كېيىن بىردىنلا چۈشەنگەندەك قىلىپ.

يەتتە جىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ چېچىم[35] يوق، — دېدى.

— خانغا چاچنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

— خانغا كېرىكى بار.

— سەن نەدىن بىلىسەن؟ — دەپ دەرھال سورىدى يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنى بىر ئاز خاۋاتىرلىنىپ.

— شەنخېن مەيخانىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەيدۇ.

يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنى ئىشنىڭ بىر ئاز چاتاقراق بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. چۈنكى شەنخېن مەيخانىسى يېڭى گەپ - سۆز چاپسان ئاڭلىنىدىغان بىر جاي ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆزى يەتتە جىڭنىڭ چاچلىرى چۈشۈرۈلگەن بېشىغا چۈشۈش بىلەن، ئۆزىنى باسالماستىن ئېرىگە كايىدى، تاپا قىلدى. كېيىن بىردىنلا ئۈمىدسىزلىنىپ، بىر قاچىغا ئاشنى ئۇسۇپ، ئۇنى يەتتە جىڭنىڭ ئالدىغا

دوققىدە قويۇپ:

— غىزايىڭنى يە! گۆشىيىپ ئولتۇرغان بىلەن ئۆز - ئۆزدىن چاچ چىقىپ قالمايدۇ، — دېدى.

كۈن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نۇرىنى يىغىپ كەتتى. سۇ يۈزىدە سالقىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دۆڭدە قاچا - قومۇچ ئاۋازى، ھەممە ئادەمنىڭ يەلكىسىدە تەر.

يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنى ئۈچ چىنە غىزانى يەپ بولغاندىن كېيىن، بىردىنلا بېشىنى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇ يالغۇز ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقان پاكىنەك، دوغىلاق، ئۈستىگە ھاۋا رەڭ ئۇزۇن چاپان كىيگەن جاۋ چى بېگىمنى يوپۇرماق ئارىسىدىن كۆرۈپ قالغانىدى.

جاۋ چى بېگىم قوشنا كەنتتىكى ماۋيۈەن ناملىق مەيخانىنىڭ خوجايىنى ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ 30 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا داڭقى بار ئىدى، شۇنىڭدەك ئۇ موللا ئىدى. ئىلمىي بولغاچقا، ئۇنىڭدا بىرئاز پېشقەدەملەرچە دىماغمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆز قولىدا ساقلاپ كەلگەن، جىن شىڭتىيەن[36] شەرھلىگەن 10 نەچچە جىلد «ئۈچ خانلىق قىسسىسى»نى ھەمىشە قولىدىن چۈشۈرمەي ھەجىلەپ ئوقۇيتتى، ئۇ «بەش يولۋاس پالۋان»نىڭ ئىسىم - فامىلىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ لەقەملىرىنىمۇ، مەسىلەن، خۇاڭ جۇڭنىڭ لەقىمى خەنشىن، ما چاۋنىڭ لەقىمى مېڭچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ئىنقىلابتىن كېيىن، ئۇ ئۆرۈمە چېچىنى خۇددى داۋ دىنىدىكى سوپىلاردەك چوققىسىغا تۈگۈۋالغانىدى. ئۇ پات - پات، ئەگەر جاۋ زىلۇڭ ھايات بولغان بولسا، جاھان بۇنداق پاراكەندىلىشىپ كەتمەيتتى، دەپ ھەسرەت چېكىپ قوياتتى.

يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنىنىڭ كۆزى ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ بىر قاراشتىلا بۈگۈن جاۋ چى بېگىمنىڭ داۋ سوپىلىرىدەك ئەمەس، چاچلىرىنى





ساڭگىلىتىۋالغانلىقىنى كۆردى. شۇڭا، مۇشۇنىڭغا قارىغاندا خان سەلتەنەت تەختىگە چىققان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا چاچ كېرەك، ئەمدى يەتتە جىڭغا خەۋپ كېلىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى. چۈنكى، جاۋچى بېگىم بۇ ھاۋارەڭ ئۇزۇن چاپىنىنى ئاسانلىقچە كىيمەيتتى، ئۈچ يىلدىن بۇيان ئاران ئىككى قېتىم كىيگەنىدى: بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئاسى چوقۇر كېسەل بولۇپ قالغاندا، يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ مەيخانىسىنى بۇزۇپ تاشلىغان لۇ بوۋاي ئۆلگەن چاغدا. مانا ئەمدى ئۈچىنچى قېتىم كىيىشى، بۇنىڭغا قارىغاندا ئۇنىڭغا يەنە بىر خۇشاللىق، رەقىبلىرىگە بالا - قازا كەلگەن بولسا كېرەك.

يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن يەتتە جىڭ مەي ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ، جاۋ چى بېگىمنى «ئىپلاس» دەپ تىللاپ قويغانىدى. شۇڭا ھازىر يەتتە جىڭغا بىرەر خەۋپ كېلىشىنى ئويلاپ ئەندىشىگە چۈشتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

جاۋچى بېگىم كېلىۋاتقاندا غىزا يەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، چوكىلىرى بىلەن تائاملىرىغا ئىشارەت قىلىپ:

— جاۋ چى بېگىم، غىزاغا كېلىڭ، — دەپ تەكلىپ قىلىشتى.

جاۋ چى بېگىم بېشىنى لىڭشىتىپ: «رەھمەت، رەھمەت» دېگىنىچە، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، يەتتە جىڭلارنىڭ جوزىسى يېنىغا يېتىپ كەلدى. يەتتە جىڭلار دەرھال ئۇنى غىزاغا تەكلىپ قىلدى. جاۋ چى بېگىم ئاغزىدا: «رەھمەت» دېسىمۇ، لېكىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن جوزىدىكى تائاملارغا بىر قۇر كۆز سېلىپ چىقتى.

— غىزايىڭلار مەززىغۇ... يېڭى گەپ - سۆزنى ئاڭلىدىڭلار-

مۇ؟ — جاۋ چى بېگىم يەتتە جىڭنىڭ كەينىدە، يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ سورىدى.

— خان سەلتەنەت تەختىگە چىقىپتۇ، — دېدى يەتتە جىڭ.

يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنى جاۋ چى بېگىمنىڭ چىرايىغا قاراپ، خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن كۈلدى ۋە:

— خان سەلتەنەت تەختىگە چىقىپتۇ، ئىلتىپاتىنى ۋە ئەپۇ ئومۇمىينى قاچان قىلار؟ — دېدى.

— ئەپۇ ئومۇمىي؟ ئەپۇ ئومۇمىينى قاچانلا بولمىسۇن قىلىدۇ، — جاۋ چى بېگىم تەرىنى بىردىنلا تۈردى، — ئەمما، يەتتە جىڭنىڭ چېچى قېنى؟ چاچ؟ گەپ ئەنە شۇنىڭدا. ئۇزۇن چاچلىقلار[37] ۋاقتىدا ئۆرۈمە چاچ قويغانلارنىڭ كاللىسى كېتەتتى، كاللىنى ساقلاپ قالغۇچىلار ئۆرۈمە چاچ قويمايتتى.

يەتتە جىڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئوقۇمىغان كىشىلەر ئىدى. بۇ كونا — تارىخىي گەپلەرنىڭ تېگىگە چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ئوقۇغان جاۋ چى بېگىمنىڭ بۇ سۆزىدىن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدى ۋە خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشىدەك، قۇلىقى ۋىڭىلداپ كەتتى - دە، لام - جىم دەپ ئېغىز ئاچالماي تۇرۇپ قالدى.

— زامان يىلدىن - يىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — ۋايساپ ئولتۇرغان توققۇز جىڭ موماي پەيتىنى قولدىن بەرمەي، جاۋ چى بېگىمگە سۆزلىدى، — ھازىرقى ئۇزۇن چاچلىقلار كىشىلەرنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرىنى قىرقىپلا يۈرىدىكەن. ئادەملەر ياكى داۋ سوپىلىرىغا ۋە ياكى بۇددا شەيخلىرىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى ئۇزۇن چاچلىقلار شۇنداق قىلغانمىدى؟ 79 ياشقا كىردىم. كۆرىدىغان كۈنۈمنى كۆرۈپ بولدۇم. بۇرۇنقى ئۇزۇن چاچلىقلار باشلىرىدىن تاپىنىغىچە توپ - توپ قىزىل تاۋار بىلەن ئورىۋالاتتى. بەگلەر بولسا دۇردۇن بىلەن ئورىۋالاتتى. تاۋار،





دۇردۇن… ئۆمرۈمنى سۈرۈپ بولدۇم، 79غا كىردىم.

— قانداقمۇ قىلارمەن؟ بۇ ئۆيدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىنى يەتتە جىڭ باقاتتى …— يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلىدى.

— ئۇنىڭغا نېمە ئامال بولسۇن! — دېدى جاۋ چى بېگىم بېشىنى چايقاپ، — چاچ قويمىغانلارغا قانداق جازا كېلىدىغانلىقى كىتابتا ماددىمۇ ماددا قىلىپ ئوچۇق يېزىلغان. مەيلى ئۇنىڭ ئۆيىدە قانداق ئادەم بولسا بولسۇن، ئۇنىڭغا قارىمايدۇ.

يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنى «كىتابقا يېزىلغان» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ تامام ئۈمىدسىزلەندى، تېرىكتى ۋە بىردىنلا يەتتە جىڭغا تاپا - تەنە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ چوكىنى يەتتە جىڭنىڭ بۇرنىغا تەڭلەپ:

— ھەي، ئۆزىگە ئۆزى بالا تاپىدىغان تىرىكتاپ! ئىسيان ۋاقتىدا: «كېمە ھەيدىمە، شەھەرگە بارما» دېسەم، جاھىللىق قىلىپ شەھەرگە كىردىڭ. خەق چاچلىرىڭنى قىرقىپ تاشلىدى. مانا ئەمدى ياكى داۋ سوپىسى ياكى بۇددا شەيخىگە ئوخشاشماي، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ بالا تاپتىڭ، سېنىڭ كاساپىتىڭگە بىزمۇ كەتسەك قانداق قىلىسەن؟ ھەي تىرىكتاپ! … — دېدى.

كەنتتىكىلەر جاۋ چى بېگىمنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كەچكى غىزالىرىنى دەرھال يەپ بولۇپ، يەتتە جىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى جوزا ئەتراپىغا توپلاشقانىدى. ئۆزىنىڭ كەنتتە نامى بار تۇرۇپ، خەلق ئالدىدا خوتۇنىدىن تىل ئىشىتكەن يەتتە جىڭ خىجىل بولۇپ، بېشىنى ئاستا كۆتۈردى:

— ھازىرقى گەپنى قىل، ئۇ چاغدا سەن…

— ھۇ تىرىكتاپ! …

ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار ئىچىدە، دادىسىدىن قورساقتا قالغان ئىككى ياشلىق بالىسىنى قۇچاقلاپ، يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنىنىڭ

يېنىدا تۇرغان بايى ئاچا ئاق كۆڭۈل بىر ئايال ئىدى، ئۇ بۇ ئەھۋاللارغا چىداپ تۇرالماي نەسىھەت قىلىپ، ئاجرىتىشقا كىرىشتى.

— سىڭلىم، بولدى ئەمدى، ئادەم ئەۋلىيا ئەمەس، تېخى بولمىغان ھادىسىنى كىم ئالدىدىن بىلىپتۇ؟ شۇ چاغدا سىزمۇ چاچ قويمىغان كىشىگە ھېچقانداق چاتاق يەتمەس دەپ يۈرەتتىڭىزغۇ؟ ھازىر تېخى يامۇلدىكى ئامبالدىن يارلىق چىققىنى يوق…

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بولغۇچە، يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىككى قۇلىقى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ چوكىسىنى ئېرى تەرەپتىن ئېلىپ بايى ئاچىغا تەڭلىدى ۋە:

— يائاللا، بايى ئاچا، بۇ قانداق گەپ؟ مەن ئۆزۈمنى ئادەم دەپ يۈرىمەن، مەندىنمۇ شۇنداق ئەپسانە گەپلەر چىقارمۇ؟ ئۇ چاغدا مەن ئۈچ كۈن يىغلىدىم. بۇنى ھەممە ئادەم كۆرگەن، ھەتتا شۇ چاغدا مانا بۇ ئالتە جىڭمۇ يىغلىغان…— دېدى.

ئالتە جىڭ بىر چىنە غىزانى يەپ بولۇپ، يەنە يەيمەن دەپ قۇرۇق چىنىنى ئۇزىتىپ تۇراتتى.

— پۇتلاشما، ياش تۇل قالغۇر! — دېدى ۋە چوكا بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرنى نوقۇدى كەيپى بۇزۇلۇپ تۇرغان ئانىسى.

ئالتە جىڭنىڭ قولىدىكى قۇرۇق چىنە «پاق» قىلىپ يەرگە چۈشۈپ، بىر خىشقا تېگىپ چېقىلدى. يەتتە جىڭ ئورنىدىن «تاقىدە» سەكرەپ قوپۇپ، سۇنۇق چىنىنى قولىغا ئېلىپ، سۇنۇقىنى كىرىشتۇرۇپ كۆردى ۋە: «ئاناڭنى!» دەپ، ئالتە جىڭنى بىر كاچات ئۇردى. ئالتە جىڭ يەرگە يېتىۋېلىپ يىغلىدى. توققۇز جىڭ موماي ئۇنى يېتىلىگىنىچە: «زامان يىلدىن ـ يىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ ئەكەتتى.

بايى ئاچىمۇ ئاچچىقلىنىپ:

— يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنى، پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا





سالغىلى بولمايدۇ!…— دەپ ۋارقىرىدى.

جاۋ چى بېگىم ئەسلىدە چەتتە كۈلۈپ قاراپ تۇرغانىدى، ئەمما بايى ئاچىنىڭ: «ھازىر تېخى يامۇلدىكى ئامبالدىن يارلىق چىققىنى يوق» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىرئاز تېرىكتى.

— پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغاندىن نېمە پايدا چىقىدۇ، — دېدى ئۇ جوزا يېنىدىن نېرىراق يۆتكىلىپ، — خاننىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىدىغان ۋاقىت ئاز قالدى. بىلىپ قوي، بۇ نۆۋەت تەختكە قوماندان جاڭ[38] چىقىدۇ. قوماندان جاڭ بولسا خېبېيلىق جاڭ يىدېنىڭ ئەۋلادى. ئۇ ئون مىڭلىغان ئادەمگە تېتىيدىغان باتۇر. ئۇنىڭغا كىم تەڭ كېلەلىسۇن!— ئۇ ئىككى قولىدا نەيزە تۇتقان كىشىدەك بايى ئاچىغا ئاۋۇردى، — سەن تەڭ كېلەلەمسەن!

بالىسىنى قۇچاقلاپ، ئاچچىقى كەلگەنلىكىدىن تىترەپ تۇرغان بايى ئاچا بىردىنلا جاۋ چى بېگىمنىڭ تەرگە چۆمۈلگەن، كۆزلىرىنى ئالايتقان ھالدا ئاھ ئۇرۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ناھايىتى قورقتى، گەپ ـ سۆز قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ماڭدى. جاۋ چى بېگىممۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. قاراپ تۇرغان كىشىلەر: بايى ئاچا ئارىلاشمىسىمۇ بوپتىكەن، دەپ ئۇنىڭغا تاپا قىلدى ۋە بايى ئاچا بىلەن جاۋ چى بېگىمگە يول بوشىتىپ بەردى. شۇ چاغدا چاچلىرىنى قىردۇرۇۋېتىپ، كېيىن يەنە يېڭىدىن قويۇۋالغان بىرنەچچە كىشى جاۋ چى بېگىمنىڭ كۆزى چۈشۈشتىن قورقۇپ، كىشىلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالدى. جاۋ چى بوۋايمۇ خەير ـ پەتەسىنى تاشلاپ، كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، سېدە دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەندە: «سەن تەڭ كېلەلەمسەن!» دېدى ـ دە، يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئۇزاپ كەتتى.

كەنتتىكىلەر بىسەرەمجان بولۇپ ئويلاپ قېلىشتى. ئۆزلىرد-

نىڭ جاڭ يىدىغا تەڭ كېلەلمەسلىكىنى پەملىشىپ، يەتتە جىڭنىڭمۇ جېنىدىن ئايرىلىشىغا جەزم قىلىشتى. ئۇلار، يەتتە جىڭ خانىنىڭ قانۇنىغا خىلاپ كەلدى، دېيىشتى ۋە ئۇ ئادەتتە كىشىلەرگە شەھەردىكى يېڭى گەپلەرنى پاراڭ قىلىپ بەرگەن چاغلىرىدا، ئۇزۇن غاڭزىسىنى چىشلىۋېلىپ، ئۇنچە ھاكاۋۇرلىشىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى، دېگەن پىكىرلەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقىغا بىر ئاز خۇشال بولغاندەك بولۇشتى ۋە بۇ ھەقتە بىر ئاز گەپ - سۆز قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىشتى، لېكىن قىلغۇدەك گەپ - سۆز يوقلۇقىنى بايقاپ قېلىشتى. پاشىلار ۋىڭىلدىشىپ، يالاڭ بىلەك ۋە يەلكىلەرگە ئۇسۇپ، سىدە ئاستىدا بازار پەيدا قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرمۇ ئۆيلىرىگە قايتىشىپ، ئىشىكلىرىنى تاقاپ يېتىشتى. يەتتە جىڭنىڭ خوتۇنىمۇ بىر ئاز چالۋاقاپ، چىنە - قاچا، جوزا - بەندىڭلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئىشىكنى تاقاپ ياتتى.

يەتتە جىڭ سۇنۇق چىنىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ تاماكا تۇتاشتۇردى، ئەمما غەم - ئەندىشە بېسىۋالغاچقا، تاماكىنى شوراشنى ئۇنتۇدى. پىل چىشى مۈشتۈكى بار ئۇزۇن غاڭزىسىنىڭ مىس سەيخانىسىدىكى ئوت ئاستىلاپ قارايدى. ئۇ ئىشىنىڭ خېلىلا چاتاق — خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بىرەر چارە ئويلاپ باقتى، لېكىن پىكرى ھېچ نەرسىگە يۈرمىدى. ئۇنى «چاچ قېنى، چاچ؟··· باتۇر ··· زامان يىلدىن - يىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ··· خان سەلتەنەت تەختىگە چىقىپتۇ··· سۇنغان چىنىنى شەھەرگە ئاپىرىپ قادىتىش كېرەك ··· ئۇنىڭغا كىم تەڭ كېلەلىسۇن؟··· كىتابتا بىر - بىرلەپ يېزىقلىق ··· ئاناڭنى···» دېگەن چىگىش پىكىرلەر ئورىۋالدى.

ئەتىسى سەھەردە يەتتە جىڭ يەنە ئادەتتىكىدەك لۇجىڭ يېزىسىدىن كېمە بىلەن شەھەرگە كىرىپ، كەچقۇرۇندا لۇجىڭ يېزى-





سىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇزۇن غاڭزىسى بىلەن بىر چىنىنى كۆتۈرگەن ھالدا كەنتكە قايتىپ كەلدى.

— مانا بۇ چىنىنى شەھەردە قاداتتىم، — دېدى ئۇ كەچكى غىزا ۋاقتىدا توققۇز جىڭ مومايغا، — سۇنۇق ۋە دەزلىرى چوڭ بولغاچقا 16 قاداق كەتتى. بىر قاداققا ئۈچ داچەندىن، جەمئىي 48 داچەن كەتتى.

— زامان يىلدىن - يىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى توققۇز جىڭ موماي خاپا ھالدا، — كۆرىدىغان كۈنۈمنى كۆرۈپ بولدۇم. بىر قاداق ئۈچ داچەن. ئىلگىرىكى قاداق مۇشۇنداقمىدى؟ ئىلگىرىكى قاداق··· 79 ياشقا كىرىپتىمەن···

كېيىنكى چاغلاردا يەتتە جىڭ ئادەتتىكىدەك ھەر كۈنى شەھەرگە كىرىپ - چىقىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئائىلىسى بىر ئاز غېرىبلىشىپ قالدى، كەنتلىكلەرنىڭ تولىسى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئۇنىڭ شەھەردىن ئاڭلاپ كەلگەن يېڭى پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ پەيلىمۇ بۇزۇق، ئاغزىدىن «تىرىكتاپ» دېگەن سۆز چۈشمەيدۇ.

10 نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى يەتتە جىڭ شەھەردىن قايتىپ كەلگەندە، خوتۇنى ناھايىتى خۇشال بولۇپ سورىدى:

— شەھەردە يېڭى گەپ - سۆز ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ياق، ئاڭلىمىدىم.

— خان تەختكە چىقىپتىمۇ؟

— ئۇنداق گەپ - سۆز يوق.

— شەنخېن مەيخانىسىدىمۇ ئۇنداق گەپ يوقمۇ؟

— يوق.

— خان تەختكە چىقالمايدىغان بولسا كېرەك. بۈگۈن جاۋ چى بېگىمنىڭ دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قارىسام، ئۇ مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ. چېچىنى يەنە چوققىسىغا



تۇگۇۋاپتۇ، ئۇزۇن چاپىنىنىمۇ كىيمەپتۇ...

— ...

— قانداق، ئەمدى تەختكە چىقالمىسا كېرەك؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن.

هازىر كەنتتىكىلەرمۇ، خوتۇنىمۇ يەتتە جىڭنى خېلىلا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا خېلى ئىلتىپات قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ياز كۈنلىرى ئۇلار يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئىشىك ئالدىدىكى دۆڭدە غىزا يەيدىغان بولدى. يەتتە جىڭنى كۆرسە خۇشاللىق بىلەن غىزاغا تەكلىپ قىلىدىغان بولدى. توققۇز جىڭ موماي 80 ياشقا كىرگەنلىكىنىمۇ خاتىرىلىشۋالدى. ئۇ يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ھەسرەت چېكىدۇ، لېكىن تېنى ساغلام، ئالتە جىڭنىڭ سېكىلىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە بولۇپ قالدى. ئۇ پۇتىنى يېقىندا بوغۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئانىسىغا ياردەملىشىپ 16 يېرىدىن قادالغان چىنىنى كۆتۈرۈپ، دۆڭدە ئىرغاڭلاپ ماڭالايدۇ.

1920 - يىل، 10 - ئاي





# يۇرتۇم(39)

قاتتىق سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ئايرىلغىلى 20 يىلدىن ئارتۇق بولغان يۇرتۇمغا قايتىپ كېلىۋاتىمەن. ماڭا يەنە 2000 چاقىرىمدىن ئوشۇقراق يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. قاتتىق قىش ۋاقتى، يېزىغا يېقىنلاشقانسېرى ھاۋا تېخىمۇ تۇمانلاشماقتا، كېمە بۆلۈمىگە كىرىۋاتقان سوغۇق شامال مۇڭلۇق گۈركىرىمەكتە. بامبۇكتىن ياسالغان لەمپىنىڭ يوچۇقلىرىدىن سارغۇچ سۇر ئاسمان ۋە قىرغاق بويلاپ ئۇ يەر - بۇ يەرگە جايلاشقان، لېكىن ھېچقانداق ھايات بەلگىسى يوق چۆل يېزىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆيلەرگە قاراپ مېنىڭ كۆڭلۈم تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى.

ھەي! بۇ مېنىڭ 20 يىلدىن بېرى ئېسىمدە ساقلاپ كەلگەن يېزام ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئېسىمدە ساقلاپ كەلگەن يېزام بۇنىڭغا تامامەن ئوخشىمايتتى. ئۇ ماڭا خېلى ياخشىراق كۆرۈنەتتى. لېكىن مەن يىراق يەرلەردە يۈرۈپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئەسلىگىنىمدە ياكى ئۇنىڭ چىرايلىق جايلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئۇرۇنغىنىمدا، خاتىرەمدە ھېچ نەرسە قالمىغاندەك بولاتتى. ئۇ توغرۇلۇق ئېيتىشقا ھېچقانداق سۆزمۇ تاپالمايتتىم.

ئېنىقىنى ئېيتسام، مېنىڭ يېزام ئاۋۋالقىدەكلا بولۇپ، گەرچە ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن ئويلىغاندەك كۆڭۈلسىزمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ پەقەت مېنىڭ ئۆز كەيپىمنىڭلا ئۆزگىرىشى ئىدى. چۈنكى، مېنىڭ ئۇچۇن بۇ قېتىمقى يېزىغا

قايتىش، ھېچقانداق كۆڭۈللۈك سەپەر ئەمەس ئىدى.

مەن بۇ قېتىم يېزامغا پەقەت مەڭگۈ خوشلاشقىلىلا كېتىۋاتاتتىم. بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن كونا ئۆي - جايلىرىمىزنى يات ئادەملەرگە سېتىۋەتكەندۇق. ئۆينى تاپشۇرۇپ بېرىش ۋاقتى مۇشۇ يىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمدى بىزگە يانۋار ئېيىغىچە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كونا ئۆي - جايلىرىمىز ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىمىز بىلەن مەڭگۈ خوشلىشىشقا ۋە ئائىلەمدىكىلەرمۇ مەن خىزمەت قىلىۋاتقان يىراق يات يەرلەرگە كۆچۈپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە مەن تۇغۇلغان ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئۆگزىلەردىكى قۇرۇپ كەتكەن ئوت - چۆپلەرنىڭ خادا شاخلىرى شامالدا سىلكىنمەكتە، ئۆي ئۆزىنىڭ ۋەيرانلىقى بىلەن گوياكى خوجايىنلارنى ئالماشتۇرۇش مەزگىلى يەتتى دېگەندەك قىلىپ تۇراتتى. بىز بىلەن بىللە تۇرىدىغان بىرنەچچە ئۆيلۈك تۇغقانلار ئاللىقاچان كۆچۈپ كەتكەن، شۇڭلاشقىمۇ بۇ يەردە ئاجايىپ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئانام بىلەن سەككىز ياشلىق ئۇكام خۇڭئەر مېنىڭ كېلىشىمنى بالدۇرلا كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن. خۇڭئەر مېنى كۆرۈپ ئۇچقاندەك ئالدىمغا چىقتى. ئانام مېنىڭ كەلگىنىمگە ناھايىتى خۇشال بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىدىن يەنە چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەت بەلگىلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مېنى ئولتۇرغۇزدى ۋە ھاردۇق چېيىنىمۇ قۇيۇپ بەردى. لېكىن، كۆچۈش توغرۇلۇق ھېچقانداق سۆز ئېچىشقا پېتىنالمىدىم. خۇڭئەرنىڭ مېنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ ئۇدۇلۇمدا مەندىن يىراق تۇرۇپ دىققەت بىلەن تىكىلىپ قاراپ قوياتتى.

بىز ئاخىرى كۆچۈش ھەققىدە سۆزلىشىشكە باشلىدۇق. مەن سىرتتىن بىر ئۆي ئىجارىگە ئالغانلىقىمنى ۋە يەنە بىرقانچە جابدۇق





ئېلىپ قويغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم - دە، بۇ يەردىكى ئېغىر جابدۇقلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋېتىپ، ئۇ يەردىن يېڭى جابدۇقلارنى ئېلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدىم، ئاناممۇ ماقۇللىدى ۋە ئۆزىنىڭ بەزىبىر ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپسىز بولغان ئېغىر جابدۇقلىرىنى ساتقانلىقىنى، لېكىن ئاقچىسىنى شۇ كەمگىچە يىغىۋالالمىغانلىقىنى ئېيتتى.

— سەن بىر - ئىككى كۈن دەم ئال، — دېدى ئانام، — ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يوقلا، ئاندىن يولغا چىقارمىز.

— خوپ، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— ھەر راستلا، تېخى رۇڭتۇ بار، ئۇ ھەر كەلگىنىدە سېنى سورايدۇ. سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا سېنىڭ يات يېقىندا كېلىدىغانلىقىڭنى ئېيتىپ خەۋەر قىلغانىدىم، بەلكى بىردەمگىچە كېلىپمۇ قالار، — دېدى ئۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھامانلا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا «ۋال» قىلىپ ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى: كۆپكۆك ئاسماندا ئالتۇن تاۋاقتەك تولۇن ئاي، قۇملۇق دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ تېرىلغان كۆپكۆك تاۋۇز ئېتىزلىرىنىڭ مەنزىرىسى. بويىنغا كۈمۈش مونچاق ئاسقان 11 - 12 ياشلاردىكى بىر بالا قولىدا تۆمۈر ئارا تۇتقان ھالدا تاۋۇزلۇقتا بار كۈچى بىلەن سېسىقكۈزەننى سانجىماقتا. سېسىقكۈزەن شۇڭغۇپ بېرىپ بالىنىڭ چاتىرىقىدىن ئۆتۈپ قاچماقتا...

بۇ بالا، ئەنە شۇ رۇڭتۇ ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغدا، ئۇ تېخى 11 ياشلاردا بولىدىغان، بىزنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىمىزگە ھازىر 30 يىل بولدى. ئۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ داداممۇ ھايات، ئۆي ئەھۋالىمىزمۇ ئوبدان بولۇپ، مېنىڭ تازا بايۋەچچىلەردەك ئۆسۈۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. شۇ يىلى بىزنىڭ ئائىلىمىز ئاتا - بوۋىلىرىمىز روھىغا ئاتاپ چوڭ نەزىر - چىراغ بېرىشكە

تېگىشلىك ئىدى. بۇنداق ۋەقەلەر ھەربىر ئائىلىگە 30 يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇراسىم ناھايىتى تەنتەنىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتى. يانۋار ئېيىدا ھەر خىل ئەڭ ياخشى تاماقلارنى ئەڭ ياخشى قاچىلارغا سېلىپ، ئاتا - بوۋىلارنىڭ سۈرىتى ئالدىغا ئەكېلىپ نەزىر قىلىشاتتى. نەزىرگە كېلىدىغانلار كۆپ ئىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ قاچا - قۇچىلارنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا توغرا كېلەتتى. بىزدە پەقەت بىرلا ئايلىق ئىشلەيدىغان مەدىكار[40] بار ئىدى. ئۇ ھەممە ئىشقا يېتىشەلمەيدىغان بولغانلىقتىن، دادام نەزىردە قاچىلارنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوغلى رۇڭتۇنى ئەكېلىشكە رۇخسەت قىلدى. مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، چۈنكى رۇڭتۇنى مەن خېلىدىن بېرى ئاڭلاپ يۈرەتتىم ۋە ئىككىمىزنىڭ بىر دېمەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتىم. ئۇ كەبىسە يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ تەقدىرىنى كۆزلەپ كىتاب ئاچقاندا، ئۇنىڭ يۇلتۇزىدا بەش تەبىئىي ھادىسىدىن پەقەت تۇپراقلا كەم ئىكەن.[41] شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا رۇڭتۇ دەپ ئات قويغانىدى. رۇڭتۇ قىلتاق قويۇپ قۇشقاچ تۇتۇشنى بىلەتتى.

مەن يېڭى يىلنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتىم. چۈنكى، شۇ كۈن رۇڭتۇنىڭ كېلىدىغان كۈنى ئىدى. مانا يىلنىڭ ئاخىرىمۇ يېتىپ كەلدى. بىر كۈنى ئانام ماڭا رۇڭتۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇچقاندەك ئاشخانىغا يۈگۈردۈم، رۇڭتۇ ئاشخانىدا ئولتۇرغانىكەن. ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك، يۈزى دۈپدۈگىلەك بالا بولۇپ، بېشىغا كىچىك مالىخاي كىيگەن، بوينىغا پارقىراق كۈمۈش مونچاق ئېسىۋالغانىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئاتىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خۇدايى نەزىر قىلىپ مۇشۇ چەمبەرگە ئوخشاش مونچاقنى ئاسقان بولسا كېرەك. رۇڭتۇ مەندىن باشقا ھەممىسىدىن تارتىناتتى. بىز ئىككىمىز يالغۇز قالغاندىن كېيىن مۇڭدىشىپ كەتتۇق ۋە يېرىم كۈن





ئۆتمەيلا دوستلىشىپمۇ قالدۇق.

ئۇ چاغدا بىزنىڭ نېمە توغرۇلۇق پاراڭلاشقانلىقىمىز ئېسىمدە يوق، پەقەت رۇڭتۇنىڭ ئۆزىنىڭ شەھەرگە بارغانلىقىنى ۋە ئۇ يەردە ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆرگەنلىكىنى خۇشخۇيلۇق بىلەن ھېكايە قىلىپ بەرگىنى يادىمدا.

ئەتىسى مەن ئۇنى قۇشقاچ تۇتۇش ئۈچۈن بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدىم.

— ھازىر مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇ، — ئۇنى پەقەت قېلىن قار چۈشكەندىلا تۇتقىلى بولىدۇ. بىزنىڭ قۇملۇق يەرلەرگە قومۇش سېۋەت قويىمەن، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۇزۇن يىپ باغلاپ، تىرەك قويۇپ، ئاستىغا سامان چېچىپ قويىمەن. ئۆزۈم بولسام يىراقتىن پايلاپ تۇرىمەن. قۇشقاچلار كېلىپ دانلاشقا باشلىغاندا، تىرەككە باغلانغان يىپنى سىلكىپ تارتىمەن، سېۋەت كۆمتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا ھەر خىل قۇشلار: بۆدۈنە، تورغاي، قۇشقاچ ۋە پاختەكلەر چۈشۈپ قالىدۇ…

مەن شۇ چاغدىلا قېلىن قارنىڭ چۈشۈشىنى تىلىدىم. رۇڭتۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— ھازىر ناھايىتى سوغۇق. سەن يازدا بىزنىڭكىگە كەلگىن، بىز كۈندۈزى بېرىپ دېڭىز ياقىسىدىن دېڭىز قۇلۇلىرىنىڭ قىزىل، يېشىل ۋە ھەرخىل رەڭدىكى قاپىلىرىنى يىغىمىز. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «جىن چاپلاشتۇرمايدىغان قۇلۇلە»، «كۆز مونچاق» دەيدىغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ، كېچىلىرى دادام بىلەن تاۋۇز كۆزەتكىلى بارىمىز، شۇ چاغدا سەنمۇ بارىسەن.

— ئوغرىلارنى كۆزىتىش ئۈچۈنمۇ؟

— ياق، بىرەر ئۇسساپ كەتكەن يولۇچى كېلىپ بىرەر تاۋۇزنى ئۈزۈپ يېسە، ئۇنى بىز ئوغرى ھېسابلىمايمىز. تاۋۇزلارنى پەقەت ھايۋانلاردىن—بورسۇق ۋە كىرپە، سېسىقكۈزەنلەردىن ساق-

لاش كېرەك. ئايدىڭدا كىسىر - كىسىر قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىساڭ، سېسىقكۆزەنلەر تاۋۇزنى غاجىلاۋېتىپتۇ دەيسەن، دەل شۇ چاغدا پولات ئارىنى ئالىسەن - دە، ئاستا ماراپ يېقىنلاپ بارىسەن ...

ئۇ چاغدا مەن سېسىقكۆزەن دېگەن قانداق جانىۋار ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، ئۇنى دېسە هازىرمۇ بىلمەيمەن. پەقەت ئۇ چاغدا مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قىياپىتىنى كۈچۈككە ئوخشىتاتتىم ۋە كۆز ئالدىمغا ناهايىتى ۋەهشىي قىياپەتتە كەلتۈرەتتىم.

— ئۇ چىشلىمەمدۇ؟

— ماراپ تۇرىسەن - دە، پولات ئارا بىلەن راسا كەلتۈرۈپ سانجىيسەن! لېكىن ئۇ ناهايىتى قۇۋ، ئېهتىيات قىلمىساڭ، توپتوغرا ئۆزۈڭگە ئېتىلىدۇ - دە، چاتىرىقىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ يۇڭى خۇددى ياغلاپ قويغاندەك سىلىق بولىدۇ.

مەن يەر يۈزىدە بۇنداق قىزىق نەرسىلەرنىڭ، دېڭىز بويلىرىدا هەرخىل قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ بولۇشى ۋە تاۋۇزلۇقلاردا بۇنداق خەتەرلىك ۋەقەلەرنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى پەقەت ئويلىمىغانىدىم. تاۋۇزلارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەقەت باققال دۇكانلىرىدىنلا بىلەتتىم.

— بىز تەرەپتە، كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا قىرغاقتىكى قۇملارنىڭ ئۈستىدە سانسىز ئۇچىدىغان بېلىقلار سەكرىشىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى پاقىنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشايدۇ.

پاھ، پاھ! رۇڭتۇ مەن ۋە مېنىڭ باشقا تەڭتۇشلىرىم بىلمەيدىغان ئاجايىپ - ئاجايىپ هەيران قالغۇدەك نەرسىلەرنى بىلىدىكەن - هە! رۇڭتۇ دېڭىز ياقىسىدا هايات كەچۈرەتتى. بىز بولساق هويلىدىكى تۆت تامنىڭ ئىچىدە ياشاپ، پەقەت ئاسماننىڭ بىر ئاز بۆلۈكىدىن باشقا هېچ نەرسىنى كۆرمەيتتۇق. بەختكە قارشى يانۋارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى رۇڭتۇ ئۆيىگە قايتماقچى





بولۇپ قالدى. كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قاتتىق يىغلىدىم، رۇڭتۇمۇ ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ يىغلىدى. ئۇنىڭمۇ بىزنىڭكىدىن كەتكۈسى كەلمەيتتى، ئامال قانچە، ئاخىرى دادىسى ئۇنى ئەكەتتى.

كېيىن ئۇ يەنە دادىسى ئارقىلىق ماڭا تۈرلۈك رەڭدىكى قۇلۇلە قاپلىرىنى ۋە قۇشلارنىڭ چىرايلىق پەي - قاناتلىرىنى ئەۋەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر - ئىككى قېتىم هەدىيە ئەۋەتتىم، لېكىن شۇنىڭدىن باشلاپ بىز كۆرۈشەلمىدۇق...

ئاپام هازىر رۇڭتۇ توغرۇلۇق پاراڭ قىلغاندا، مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن بالىلىق چاغلاردىكى ئەنە شۇ خاتىرىلىرىم «ۋال» قىلىپ چاققان چاقماقتەك ئۆتۈپ كەتتى. گوياكى مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن گۈزەل يېزامنى كۆرگەندەك بولدۇم.

— ئۇنىڭ كەلگىنى ياخشى، ئۇ قانداق ئۆزى؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئۇنىڭمۇ؟ نېمىسىنى سورايسەن، ئەهۋالى ئېغىر، — دېدى ئانام ۋە دېرىزىگە قاراپ، — يەنە كېلىشىۋاتىدۇ... ياغاچ جابدۇق ئالىمىز دەپ كېلىشىدۇ - دە، قوللىرىغا چىققان نەرسىنى ئەكېتىدۇ، چىقىپ قاراپ تۇراي، — دېدى.

ئاپام ئورنىدىن تۇردى - دە، تالاغا چىقىپ كەتتى. ئىشىك ئالدىدا بىر قانچە ئايالنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. مەن خۇڭئەرنى يېنىمغا چاقىرىۋېلىپ، خەت يازالامسەن، سەپەرگە چىقىشنى خالامسەن؟ دەپ سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدىم.

— بىز پويىز بىلەن كېتىمىزمۇ؟

— پويىز بىلەن كېتىمىز.

— كېمە بىلەنچۇ؟

— ئاۋۋال كېمە بىلەن.

«هە! مانا ئۇ، قانداق، قاراڭلار بۇرۇتلىرىنى!» دېگەن كىمنىڭدۇر ئاجايىپ قاتتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن چۆچۈپ بېشىمنى

كۆتۈردۈم. كۆزۈمگە مەڭزىنىڭ سۆڭەكلىرى چىقىپ تۇرغان، كالپۇكلىرى نېپىز، 50 ياشلارغا كىرگەن بىر ئايال كۆرۈندى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىشتان كىيگەن ئىنچىكە پۇتلىرى گوياكى كەڭ ئېچىلغان سىركولدەك كېرىلىپ تۇراتتى.

مەن مەڭدەپ كەتتىم.

— تونۇمايۋاتامسەن؟! مەن تېخى سېنى كۆتۈرۈپ چوڭ قىلغانغۇ!

مەن تېخىمۇ مەڭدەپ كەتتىم. بەختىمگە يارىشا ئاپاممۇ كىرىپ كەلدى - دە، سۆزگە ئارىلاشتى.

— بۇ سەپەر قىلىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولدى ئەمەسمۇ؟ ئۇنتۇپ قالسا كېرەك، لېكىن سېنىڭ ئەلۋەتتە بىلىشىڭ مۇمكىن، — دېدى ئاپام ۋە ماڭا قاراپ، — بۇ ھېلىقى بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزدىكى دۇفۇ ساتىدىغان قوشنىمىز ياڭ ئەرساۋ، — دېدى.

شۇ چاغدىلا مەن ئېسىمگە ئالدىم. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى كىچىك بالا ئىدىم. ياڭ ئەرساۋ ئەتىدىن كەچ كىرگۈچە ئۇدۇلىمىزدىكى دۇفۇ دۇكىنىدا ئولتۇراتتى. ھەممە ئادەم ئۇنى «دۇفۇچى مەلىكە» دېيىشەتتى. لېكىن ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇپا سۈركۈلمىگەن، مەڭز سۆڭەكلىرى بۇنداق چىقىپ كەتمىگەن ۋە لەۋلىرىمۇ مۇنداق نېپىز ئەمەس ئىدى. ئۇ كۈن بويى دۇكاندا ئولتۇراتتى، شۇڭلاشقىمۇ مەن ئۇنىڭ بۇنداق «سىركول»غا ئوخشاش قىياپىتىنى كۆرمىگەنىكەنمەن.

ئۇ چاغلاردا ھەممە ئادەم: «شۇ ئايال بولغاچقا، بۇ دۇكاننىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرى ئوبدان ماڭىدۇ» دېيىشەتتى. لېكىن شۇ چاغدا مەن ناھايىتى كىچىك ئىدىم ۋە ئۇ مېنىڭدە ھېچقانداق تەسىر قالدۇرمىغاچقا ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

«سىركول» ناھايىتى ئەنسىز تۇراتتى. ئۇنىڭ مەندىن رەنجىـ





ۋاتقانلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى ۋە ماڭا غەزەپ بىلەن قارايتتى. ئۇ خۇددى فرانسۇز تۇرۇپ ناپالېئوننى بىلمەيدىغان، ئامېرىكان تۇرۇپ ۋاشىنگتوننى بىلمەيدىغان ئادەملەرنى مازاق قىلىپ ھىجايغاندەك سوغۇققىنا كۈلۈمسىرەپ:

— ئۇنتۇپ قاپسەن - دە؟ راست، كاتتا ئادەملەرنىڭ نەزىرىمۇ شۇنداق ئۈستۈن بولىدۇ - دە، — دېدى.

— ياق! ... ئۇنداق ئەمەس ...— دەپ مەن ھودۇقۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، شۈن غوجام، سەن باي بولۇپ كەتتىڭ، يۆك - تاقلىرىڭنى ئېغىرلاشتۇرۇپ بۇ ئەسكى - تۈسكىلەرنى نېمە قىلاتتىڭ، ماڭا قالدۇرۇپ كەت، بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەر پايدىلانسۇن.

— بېيىپ كەتكىنىم يوق، بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا...

— ھەي! سەن بىر ۋىلايەتكە «دوتەي» بوپسەن، يەنە تېخى باي ئەمەسمەن دەيسىنا؟ ھازىر سېنىڭ ئۈچ خوتۇنۇڭ بار ئىكەن، سېنى ئۇ ياققا - بۇ ياققا توشۇپ يۈرىدىغان سەككىز كىشى كۆتۈرىدىغان تەختىراۋىنىڭ بار ئىكەن. يەنە تېخى باي ئەمەس - ھە! ياق ... مەندىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرالمايسەن.

ئەمدى ئۇنىڭغا قارشى بىرەر سۆز ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدىم - دە، لام - جىم دېمەستىن قاراپ تۇرۇۋەردىم.

— ھەي! ھەي! «ئادەم پۇلى قانچە كۆپەيگەنسېرى شۇنچە پىششىق بولىدۇ، پىششىق بولغانسېرى بېيىيدۇ» دېگەن سۆز زادى توغرا گەپ ئىكەن.

«سىركول» زەردە بىلەن كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ۋالاقلىغان پېتى ئىشىككە قاراپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىپ بېرىپ ئاپامنىڭ

پەلىيىنى يانچۇقىغا تىقىۋالدى.

كېيىن ئەتراپتىكى ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەر كېلىشكە باشلىدى. مەن يۈك - تاقلىرىمنى سەرەمجانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئارانلا بوش ۋاقىت تاپتىم. شۇنداق ئەھۋالدا ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چۈشلۈك غىزادىن كېيىن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتىم، قانداقتۇر سىرتتىن بىر كىشى كىرگەندەك بولدى. بىر قاراپلا ناھايىتى ھەيرانلىقتا ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ۋە دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم.

بۇ كەلگەن رۇڭتۇ ئىدى. مەن ئۇنى بىر قاراشتا تونۇغان بولساممۇ، لېكىن ئۇ مېنىڭ خاتىرەمدىكى رۇڭتۇغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئاۋۋالقىغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئېگىز ئىدى. بۇغداي ئۆڭلۈك دۈگىلەك يۈزى سارغايغان ۋە چوڭقۇر قورۇقلار باسقان، كۆزلىرىمۇ خۇددى دادىسىنىڭكىدەكلا قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەنىدى. ھەقىقەتەن دېڭىزدىن دائىم شامال ئۇرۇپ تۇرغاچقا، دېڭىز ياقىسىدا ياشىغۇچى كۆپچىلىك دېھقانلارنىڭ مۇشۇنداق بولاتتى. رۇڭتۇنىڭ بېشىدا يېڭى كىگىز مالىخاي، ئۈستىدە پاختىلىق نېپىز پەشمەت بار ئىدى. ئۇ سوغۇقتىن شۈمشىيىپ، قەغەزگە ئورالغان بىر بولاق نەرسىنى ۋە ئۇزۇن غاڭزىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى. قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بۇ قوللىرى دىقماقتىنا، كۈچلۈك ئىدى. ھازىر بولسا قوپال ۋە يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى قارىغاينىڭ قوۋزاقلىرىغا ئوخشايتتى.

رۇڭتۇنىڭ كەلگىنىگە ناھايىتى خۇشال بولدۇم، لېكىن نېمىدىن سۆز باشلاشنى بىلمەيتتىم. پەقەت:

— رۇڭتۇ ئاكا، كېلىڭ ...— دېدىم.

كېيىن خىيالىمغا نۇرغۇن سۆزلەر كەلدى: پاختەكلەر، ئۈچىدىغان بېلىقلار، قۇلۇلە قاپلىرى، سېسىقكۈزەن... مانا بۇ سۆز-





لەرنىڭ ھەممىسى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجانغا ئوخشاش بىردىنىڭ كەينىدىن بىرى تۆكۈلىدىغاندەك سېزىلەتتى... لېكىن قانداقتۇر بىر نەرسە، بۇ سۆزلىرىمنى ئېيتىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك، مېڭەمنىڭ ئىچىدىلا ئەگىپ تاشقىرىغا چىقالمايتتى.

رۇڭتۇ مېنىڭ ئالدىمدا چىرايىدىن خۇشاللىق ھەم قايغۇ چىققان قىياپەتتە تۇراتتى. ئۇ لەۋلىرىنى مىدىرلىتاتتى، لېكىن ھېچ نەرسە دېمەيتتى. ئاخىر ئۇنىڭ چىرايى ھۆرمەت قىياپىتىنى ئالدى - دە، چۈشىنىشلىك قىلىپ:

— غوجام...— دېدى.

مېنى خۇددى بىر مۇزغا ئوخشاش تىترەك باسقاندەك بولدى. مەن ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئېگىز تام پەيدا بولغانلىقىنى بىلدىم ۋە غەمكىنلىك بىلەن ھېچ نەرسە دېيەلمەستىن جىمجىت تۇرۇپ قالدىم.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، كىمگىدۇر بىرىگە:

— شۈيشىڭ، جانابلىرىغا سالام قىل، — دەپ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بالىنى تارتتى. بۇ بالا خۇددى بۇنىڭدىن 20 يىل ئاۋۋالقى رۇڭتۇنىڭ ئۆزىلا ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ يۈزى سېرىقراق، ئورۇقراق ۋە بوينىدا كۈمۈش مونچىقى يوق ئىدى.

— بۇ مېنىڭ بەشىنچى بالام... بۇ تېخى ھېچ يەرگە چىقىپ باقمىغان، يېتىرقاۋاتىدۇ...

ئېھتىمال، بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ قالغان بولسا كېرەك، ئانام بىلەن خوڭئەرمۇ بالىخانىدىن چۈشۈشتى.

— چوڭ ئانا، سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئالغىنىمغا خېلى بولدى ۋە غوجامنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، — دېدى رۇڭتۇ.

— نېمانچە سىپايە بولۇپ كەتتىڭ، ئىلگىرى سىلەر بىر - بىرىڭلارنى ئاكا - ئۇكا دېيىشەتتىڭلارغۇ، ھازىرمۇ ئاۋۋالقىدەكلا

شۇن ئاكا دېگىن ... — دېدى ئانام خۇشال بولۇپ.
— ياق، چوڭ ئانا، نېمە دېگەنلىرى... ئۇنداق دېسەم كېلىد-
شەمدۇ؟! بىز ئۇ چاغلاردا بالا ئىدۇق، ھېچ نەرسىنى ئۇقمايتتۇق.
رۇنتۇ شۈي شىڭنى يەنە سالام قىلىشقا بۇيرۇدى، لېكىن ئۇ
تارتىنىپ ئۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالدى.
— بۇ، شۈيشىڭ، بەشىنچىسىمۇ؟ ئۇ ئىزا تارتىۋاتىدۇ، لې-
كىن بۇ ئەجەبلەنگۈدەك ئىش ئەمەس، چۈنكى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ
ھەممىسى ئۇنىڭغا تونۇش ئەمەس. خۇڭئەر بىلەن ئويناپ كەلسۇن،
— دېدى ئاپام.
بۇنى ئاڭلاپ خۇڭئەرمۇ شۈيشىڭنى چاقىردى، شۈيشىڭمۇ يې-
نىكلەشكەندەك بولۇپ خۇڭئەر بىلەن خۇشال چىقىپ كەتتى. ئاپام
رۇنتۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئەيمىنىپ بېرىپ ئول-
تۇردى ۋە ئۇزۇن غاڭزىسىنى ئۈستەلگە قويدى-دە، ماڭا قەغەز
بولاقنى سۇندى.
— بۇنىڭدا ئازراق كۆك پۇرچاق بار، ئۆزىمىز قۇرۇتقان.
مەرھەمەت قىلىسىڭىز. قىشلىقى بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق.
مەن ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدىم. ئۇ بېشىنى
چايقاپ:
— ئەھۋال ئېغىر، ئالتىنچى بالاممۇ چوڭ بولۇپ ياردەملى-
شىشكە ياراپ قالدى. لېكىن ھامان ئاشلىق يېتىشمەيدۇ...
ئىشقىلىپ يوقسۇزلۇق... نەگىلا بارسا پۇل كېرەك، قانۇن يوق،
ھوسۇل ئوسال!... ئۇنى-بۇنى يىغىشتۇرۇپ ساتقۇدەك بولساق،
سېلىق ئۈستىگە سېلىق، زىيىنىغا سېتىشتىن باشقا چارە يوق.
ساتمىساڭ سېسىپ كېتىدۇ.
ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزى خۇددى تاشتىن ياسىغان ھەيكەل-
دەك ھەرىكەتسىز كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆپ قىيىنچىلىقلارنى تارت-
قانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، لېكىن ھەممىسىنى ئېيتالمايتتى. ئۇ





ئۈنچىقماي بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇزۇن غاڭزىسىنى ئېلىپ
تاماكا چېكىشكە باشلىدى.
ئاپامنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابىغا قاراپ، مەن ئۇنىڭ
ئۆيىدە ئىشى كۆپلۈكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتە سۆزسىز قايتىپ كېتىدىغان-
لىقىنى بىلدىم. ئاپام ئۇنىڭ چۈشلۈك غىزا يېمىگەنلىكىنى بى-
لىپ، ئۇنى ئاشخانىغا كىرىپ ئۆزىگە غىزا ئېتىپ يېيىشكە
بۇيرۇدى.
ئۇ چىقىپ كەتتى، بىز ئاپام ئىككىمىز ئۇنىڭ ئەھۋالىغا
ئېچىندۇق، بالىلىرى كۆپ، ئاچ-يالىڭاچلىق، ئېغىر سېلىقلار.
ئەسكەرلەر، بۇلاڭ-تالاڭچىلار، ئەمەلدارلار، بايلار، بۇلارنىڭ
ھەممىسى قىيناپ، ئۇنى خۇددى ياغاچ ھەيكەلگە ئوخشاش قاغجىرات-
قان، ئاپام بىز ئۆزىمىز بىلەن ئەكېتەلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەم-
مىسىنى ئۇنىڭغا قالدۇرايلى، خالىغان نەرسىسىنى ئۆزى تاللىۋال-
سۇن، دېگەن پىكىرنى ئېيتتى.
كەچقۇرۇنلۇقى رۇنتۇ ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەردىن ئىككى
ئۇزۇن ئۈستەل، تۆت ئورۇندۇق، بىر دانە ئىسرىقدان، شامدان
ۋە بىر جىڭنى تاللىۋالدى. يەنە ئۇ شال پاخلىدىن چۈشكەن كۈل-
نىڭ ھەممىسىنى (بىزدە شالنىڭ پاخلى قالاش ئۈچۈن ئىشلىتى-
لىدۇ، ئۇ كۈللەرنى قۇملۇق يەرلەرگە ئوغۇت قىلىپ ئىشلەتكىلى
بولىدۇ) ئەكەتمەكچى بولدى. بۇنى ئۇ بىزنىڭ كېتىشىمىز بىلەن
كېلىپ قولۋاققا سېلىپ ئەكەتمەكچى بولدى.
ئاخشىمى بىز ئۇزاق سۆزلەشتۇق، لېكىن مۇھىم سۆزلەر
ئەمەس ئىدى، رۇنتۇ ئەتىسى ئەتىگەندە شۈيشىڭنى ئېلىپ قايتىپ
كەتتى.
يەنە توققۇز كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىزنىڭ يولغا چىقىدىغان
كۈنىمىزمۇ يېتىپ كەلدى. رۇنتۇ ئەتىگەنلىكى يېتىپ كەلدى.
بۇ قېتىم ئۇ شۈيشىڭنىڭ ئورنىغا قولۋاقنى كۆزىتىش ئۈچۈن بەش

ياشلىق قىزنى ئەكەپتۇ. بىز پۈتۈن كۈن بويى يولغا تەييارلاندۇق، سۆزلىششكە ھېچ مۇمكىنچىلىكمۇ بولمىدى. مېھمانلار نۇرغۇن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزىتىش ئۈچۈن، بەزىلىرى بىرەر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن ۋە بەزىلىرى ھەم ئۇزىتىش، ھەم بىر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن كېلىشكەنىدى.

بىز كەچقۇرۇن كېمىگە ئولتۇرغان چاغدا، بىزنىڭ ئۆي خۇددى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەكلا يالىڭاچ بولۇپ قالدى. ئۆينىڭ ئىچىدە يا چوڭ، يا كىچىك، يا كونا، يا سۇنغان-ھېچ نەرسە قالمىغانىدى.

بىزنىڭ كېمە ئالغا قاراپ ماڭماقتا؛ گۇگۇمدا ۋاقتىدا ئىككى قىرغاقتىكى تاغلار قارامتۇل كۆك كۆرۈنۈپ، گويا ئۈزۈپ كېتىپ بارغاندەك يىراقلاشماقتا ئىدى.

بىز — خۇڭئەر ئىككىمىز كېمە دېرىزىسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ گۇگۇمدا كۆرۈنگەن مەنزىرىگە قاراپ باراتتۇق. خۇڭئەر تۇيۇقسىزلا:

— تاغا، بىز قاچان قايتىپ كېلىمىز؟ — دېدى.

— قاچان قايتىمىز؟ سەن ماڭا-ماڭمايلا قايتىش توغرىسىدا ئويلاۋاتامسەن؟

— شۈيشىڭ مېنى ئۆيىگە ئويناشقا چاقىرغانىدى، — خۇڭئەر يوغان قارا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

ئاپام بىلەن ئىككىمىز رۇڭتۇنى ئەسكە ئېلىپ قايغۇردۇق. ئاپام ماڭا بىز يۈك - تاقلارنى يىغىشقا باشلىغان كۈندىن تارتىپ ھەر كۈنى كېلىپ تۇرغان ھېلىقى «دۇفۇچى مەلىكە» ياڭ ئەرسونىڭ كۈل دۆۋىسىدىن 10 غا يېقىن چىنە ۋە تەخسىلەرنى تېپىۋالغانلىقى، ئۇلار رۇڭتۇكۈلگە كەلگەندە ئەكېتىش ئۈچۈن تىقىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكەنلىكىنى، بۇنى ياڭ ئەرساۋغا دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئىش قىلغاندەك «ئىتلارنىڭ زىتىغا»[42] دېگەن توخۇغا دان سالىدىغان ئىدىشنى





ئېلىپ، پۈتىنى كىچىك قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە تىكىلگەن تاپىنى قېلىن خەي بىلەن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

مەن ئۆزۈمنىڭ كونا ئۆيۈمدىن بارغانسېرى يىراقلاشماقتىمەن. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلىرىمنىڭ تاغ - دەريالىرىمۇ مەندىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشماقتا. لېكىن، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىۋاتقىنىمغا ھېچقانداق ئەپسۇسلانمايتتىم، پەقەت ئەزايىمنى كۆزگە كۆرۈنمەس تاملار قاپسىۋالغاندەك ۋە دۇنيادىن ئايرىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى - دە، كۆڭلۈم قانداقتۇر بىر غەمگە تولدى. بويىنغا كۈمۈش مونچاق تاقالغان كىچىككىنە باتۇرنىڭ تاۋۇزلۇقتا ئىلگىرى شۇنداق روشەن كۆرۈنگەن قىياپىتى ئەمدى سۇسلىشىپ كەتتى ۋە بۇ ھال مېنىڭ كۆڭلۈمنى بۇزاتتى. ئاپام بىلەن خۇڭئەر ئۇخلاپ كەتتى.

مەن سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، تۇرمۇشتا ئۆز يولۇمنى تاپقانلىقىمنى ئويلىدىم.

«رۇڭتۇ بىلەن ئىككىمىزنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، لېكىن بالىلىرىمىز يەنە بىللە بولىدۇ، — دېدىم مەن ئۆز - ئۆزۈمگە، — خۇڭئەر ھازىر تېخى شۈيشىڭنى ئويلاۋاتاتتىغۇ؟ مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇلارنى ھېچقانداق نەرسە ئايرىۋېتەلمەيدۇ ياكى ئۇلار ھېچقاچان ماڭا ئوخشاش تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرمەيدۇ ۋە ياكى رۇڭتۇغا ئوخشاش باشنى قاتۇرغۇدەك ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە باشقىلارغا ئوخشاش ئاچچىق قايغۇ - ھەسرەتلەر بولمايدۇ. ئۇلار بىز كۆرمىگەن، بىز بىلمىگەن يېڭى ھايات كەچۈرۈشى كېرەك».

شۇنداق خىيالدا ئولتۇراتتىم، تۇيۇقسىزلا مېنىڭدە بىر قورقۇنچ پەيدا بولدى. رۇڭتۇ ئىسرىقدان بىلەن شامداننى ئالغان چاغدا، مەن ئۇنىڭ تېخىچىلا بۇتقا سەجدە قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئىچىمدە كۈلۈپ قويغانىدىم. ئەمما مېنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۈمىد

دەپ ھېسابلاپ كەلگىنىم — خىيال ئارقىلىق پەيدا بولغان خۇدا ئەمەسمۇ؟

رۇڭتۇنىڭ ئۈمىدى پەقەت ئەتىكى كۈن بولسا، مېنىڭ ئۈمىدىم كېلەچەك ئىدى.

خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم، دېڭىز بويىدىكى قۇملۇق كۆزۈمگە تاشلاندى، ئۈستۈمدە تولۇن ئاي، يەنە خىيالغا كەتتىم. ئۈمىد دېگەن نەرسىنى بار دېسىمۇ بولىدۇ، يوق دېسىمۇ بولىدۇ، ئۇ خۇددى زېمىندىكى يولغا ئوخشايدۇ: زېمىندا ئەسلىدە يول يوق ئىدى، ماڭىدىغان كىشىلەر كۆپەيگەچكە، يول ھاسىل بولغان.

1921 - يىل 1 - ئاي





# ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى[43]

## 1

### مۇقەددىمە

ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالىنى يازاي دەپ يۈرگىنىمگە بىر - ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن، يازىمەن دەپ يۈرۈپ، يەنە ئىككى تايىن بولۇپ قالدىم. مېنىڭ «ھېكمەتلىك سۆز»[44] قالدۇرىدىغان كىشىلەردىن ئەمەسلىكىم مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا مەلۇم. چۈنكى، ئادەتتە ئۇنتۇلماس قەلەم ئىگىلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىشى كېرەك. ئادەملەر مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئەسەر سەۋەبى بىلەن، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ. ئەسەرلەرمۇ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئادەملەر ئارقىلىق مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئەسەرلەرگە ئايلىنىدۇ. بارا - بارا بۇلارنىڭ زادى قايسىسى - قايسىسىغا يۆلىنىدىغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ بولۇپ قالدى. ئاخىرى، خۇددى ئىچىمگە جىن كىرىۋېلىپ يېزىشقا مەجبۇر قىلىنغاندەك، ئاQ غا تەرجىمىھال يېزىشقا باشلىدىم.

لېكىن، «چاپسانلا ئۇنتۇلىدىغان» بۇ ئەسەرنى يازماقچى بولۇپ، قولۇمغا قەلەم ئالا - ئالمايلا، ئېغىر بىر قىيىنچىلىققا يولۇقتۇم. بۇ قىيىنچىلىقنىڭ بىرىنچىسى، ئەسەرنىڭ نامى بولدى. كوڭ فۇزى: «ئەسەرگە توغرا نام بېرىلمىسە، سۆزمۇ قاملاشمايدۇ» دەپتىكەن. بۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا توغرا كەلدى. تەرجىمىھالنىڭ نامى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ

تەرجىمىھالى، ئۆز تەرجىمىھالىم، رەسمىي تەرجىمىھال، غەيرىي
تەرجىمىھال، ئايرىم تەرجىمىھال، ئائىلىۋى تەرجىمىھال، قىسقى-
چە تەرجىمىھال··· ئەپسۇسكى، بۇ ناملارنىڭ ھېچقايسىسى توغرا
كەلمىدى. «ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالى» دەپ يازاي دېسەم،
بۇ ئەسەر نۇرغۇن ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ «ھەقىقىي تارىخى» ئىچىگە
كىرگۈزۈلىدىغان ماقالە ئەمەس؛ «ئۆز تەرجىمىھالىم» دەپ نام
بېرەي دېسەم، مەن ئاQ ئەمەس؛ «غەيرىي تەرجىمىھال» دەي
دېسەم، «رەسمىي تەرجىمىھال» قېنى؟ ئەگەر «ئەيىنى تەرجىمى-
ھال» دەپ نام بېرەي دېسەم، ئا Q تەرجىمىھالىنى يازغۇدەك
ئەۋلىيالاردىن ئەمەس؛ «ئايرىم تەرجىمىھال» دەي دېسەم، ئا Q
ھېچقاچان رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولۇپ، دۆلەت
مۇزېيىنىڭ «ئەسلىي تەرجىمىھالى» يېزىلسۇن دېگەن قارارىغا
كىرگۈزۈلگىنى يوق. ئىنگلىز سالنامىلىرىدە «قىمارۋازلارنىڭ
تەرجىمىھالى» يېزىلمىغان دېيىشىسمۇ، ئەمما مەشھۇر يازغۇچى
دىككىنىس «قىمارۋازنىڭ تەرجىمىھالى»[45] دەپ بىر كىتاب ياز-
غان، لېكىن مەشھۇر يازغۇچىغا مۇمكىن بولغان بىلەن، ماڭا
ئوخشاشلارغا ئۇنداق كىتاب يېزىش مۇمكىن بولمىسا كېرەك؛
ئەمدى «ئائىلىۋى تەرجىمىھال» دەي دېسەم، ئا Q بىلەن ئاتا -
بوۋىلىرىمىزنىڭ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن
ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ ماڭا ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىشنى ھاۋالە
قىلغان ئەمەس. «قىسقىچە تەرجىمىھال» دەپ يازاي دېسەم، ئا Q
نىڭ باشقا «تولۇق تەرجىمىھالى» يوق. قىسقىسى، بۇنى «ئەيىنى
تەرجىمىھالى» بولارمىكىن دەيمەن. لېكىن قەلىمىمنىڭ ناچارلىقى-
نى، «غالتەكچى» لەرنىڭ تىلىغا[46] ئوخشاش قوپال تىل بىلەن
يازغانلىقىمنى ئويلىسام، بۇ ئەسىرىمنى شۇنداق دەپ ئاتاشقىمۇ
پېتىنالمايمەن. شۇڭا رەتكە ئۆتمەيدىغان يازغۇچىلارنىڭ «قۇرۇق
سۆزنى قويۇپ، ھەقىقىي تەرجىمىھالغا ئۆتەيلى» دېگەن سۆزلىرى-





دىكى «ھەقىقىي تەرجىمىھال» دېگەن سۆزنى ئېلىپ، ئۆز ئەسى-
رىمگە ماۋزۇ قىلىۋالدىم. بۇ نام قەدىمكىلەر يازغان: «خەتتاتنىڭ
ھەقىقىي تەرجىمىھالى»[47] دېگەن ناملاردىكى «ھەقىقىي تەرجىمى-
ھال» دېگەن سۆز بىلەن ئارىلىشىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچ ئىلا-
جىم يوق.

ئىككىنچىدىن، ئادەتتە ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ تەرجىمىھا-
لىنى يازغاندا، ئاۋۋال: «فامىلىسى پالانى، ئىسمى پوكۇنى، پالانى
يەرلىك···» دەپ باشلاش كېرەك. لېكىن ئا Q نىڭ فامىلىسى ماڭا
نامەلۇم. قايسى بىر كۈنى، ئۇنىڭ فامىلىسىنى «جاۋ» مىكىن دەپ
ئويلاپ قالغانىدىم، لېكىن ئەتىسىگىلا ئۇ گۇمانلىق خۇلاسە بولۇپ
چىقتى. بۇ ۋەقە مۇنداق بولدى: ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئوغلى شيۇ-
سەي دەرىجىسىنى ئالغاندا، بۇ خەۋەر پۇتكۇل يېزىغا داقا - دۇمباق
چېلىش يولى بىلەن ئېلان قىلىندى. بۇنى كۆرگەن ئا Q، بۇ
مېنىڭ ئابرۇيۇم دەپ، ئىككى پىيالە سېرىق ھاراق ئىچىپ خۇشال-
لىقىدا قىنىغا پاتماي قالدى ۋە بۇ شەرەپ ماڭىمۇ تەئەللۇق، چۈنكى
مەن جاۋ بېگىمگە تۇغقان؛ ئەگەر شەجەرە بويىچە تىزىپ كەلگەندە،
شيۇسەيدىن ئۈچ دەرىجە يۇقىرى تۇرىمەن، دېدى. شۇ چاغدا بۇ
گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان كىشىلەر بىردىنلا ئا Q نى ھۆرمەت-
لەشتى. نەدىن بىلسۇن، ئاقساقاللاردىن بىرى ئەتىسىگىلا ئا Q نى
ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ باردى. جاۋ ئۇنى كۆرۈش
بىلەنلا ئاچچىقلىنىپ:

— ئا Q، ھەي ئەبلەخ! سەن مېنى ئۆزۈڭگە تۇغقان بولىدۇ
دەپسىنا! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

ئا Q ئۈن چىقارمىدى.

ئۇنىڭغا قاراپ، ھۆرمەتلىك جاۋ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ
كەتتى - دە، ئۇنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ:

— ئاغزىڭنى چايقاپ گەپ قىل! مەن قانداقسىگە ساڭا ئوخ-

شاشلار بىلەن تۇغقان بولاي؟ سېنىڭ فامىلەڭ قانداقسىگە جاۋ بولىدۇ؟ — دەپ كاركىردى.

ئا Q بولسا لام - جىم دېمەستىن ئارقىسىغا ياناي دەپ تۇراتتى، ئاڭغىچە ھۆرمەتلىك جاۋ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ بېرىپ، ئا Q نىڭ كاچىتىغا بىرنى ئۇردى.

— مەن جاۋنىڭ تۇخۇمى دەپ ماختىنىپ يۈرۈپتۇ تېخى! سەن مۇنداق فامىلىگە ئەرزىمسەن؟

ئا Q ئۆزىنىڭ فامىلىسىنىڭ ھەقىقەتەن جاۋ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشماي، پەقەت مەڭزىنى ئۇۋۇلاپ تۇردى، ئاخىر ئۇ دورغىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كوچىغا چىقىۋالدى ۋە دورغىدىن يېتەرلىك دەشنام يېگەنىنىڭ ئۈستىگە، يەنە ئۇنىڭغا 200 يارماق بېرىپ «تەشەككۇر» بىلدۈردى.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان كىشىلەر، ئا Q شاپىلاقنى ئۆزى تىلىۋالدى، ئۇنىڭ فامىلىسىنىڭ جاۋ ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ، ئەگەر شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ، يېزىدا ھۆرمەتلىك جاۋ بولغاندىن كېيىن، ئۇ توغرۇلۇق سۆز قىلىش بەربىر ئەخمەقلىق دېيىشتى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن، ھېچكىم ئا Q نىڭ ھەقىقىي فامىلىسىنى ئېنىقلاشقا كىرىشمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ فامىلىسىنى زادىلا بىلەلمىدىم.

ئۈچىنچى بىر قىيىنچىلىق — مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ قانداق يېزىلىشىنى بىلمەيتتىم. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ھەممىسى ئا Quei دەپ ئاتايتتى، ۋاپات بولغاندىن كېيىن تامامەن ئاتىماس بولدى، شۇنداق ئىكەن، «بامبۇك تارشىسىغا ياكى يىپەككە قەدىمكى نۇسخىدىكى خەتلەر بىلەن نامىنى يېزىش»(48) ئىشلىرى نەدە بولسۇن! ئا Q توغرۇلۇق ئەسەر يېزىشنى مەن بىرىنچى قېتىم باشلىدىم، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن دەرھاللا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تەبىئىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولۇپ ئولتۇرىمەن.





مەن ئا Quei دېگەن سۆزنىڭ قانداق يېزىلىشى ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم: «قەمەرىستان گۈلى» دېگەن سۆزنى بىلدۈرىدىغان «گۈي» ھەرپى بىلەنمۇ ياكى «ئېسىللىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «گۈي» ھەرپى بىلەنمۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ لەقىمى «يۆتىڭ» يەنى «قەمەرىستان» دەپ ئاتالغان ياكى ئۇ 8 - ئايدا تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزگەن بولسا ئىدى، مەن ئەلۋەتتە «قەمەرىستان گۈلى» مەنىسىدىكى «گۈي» ھەرپىنى يازغان بولاتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ ھەتتا لەقىمىمۇ يوق ئىدى (بولسىمۇ بولغاندۇر، لېكىن ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى.) ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىمۇ بەلگىسىز، چۈنكى يازغۇچىلارغا ھېچقاچان شۇ كۈن شان - شەرىپىگە بىرەر نەرسە يېزىپ بېرىش تەكلىپى بىلەن باغاقلار تارقىتىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئا Q نى «قەمەرىستان گۈلى» مەنىسىدىكى «گۈي» ھەرپى بىلەن يېزىش — ھېچبىر ئاساسسىز ئىدى.

ئەگەر ئۇنىڭ ئاغۇ — «باي» دېگەن ئىسىملىك ئاكىسى ياكى ئىنىسى بولغان بولسا ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئىسمىنى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ، «ئېسىل، دۆلەتمەن» دېگەن سۆزنى بىلدۈرىدىغان «گۈي» ھەرپى بىلەن يېزىشقا بولاتتى، لېكىن ئۇ يالغۇز بولغانلىقتىن، مۇنداق دەپ يېزىشقىمۇ ئاساس يوق.

«ئا Quei» تاۋۇشىنى بىلدۈرىدىغان باشقا ھەرپلەر تېخىمۇ ئاساسسىز.

بىر كۈنى، مەن مۇشۇ توغرۇلۇق ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئوغلى شيۇسەي(49) بىلەن سۆزلەشتىم، لېكىن بۇ ئىشتىن مۇنداق ئالىي مەلۇماتلىق ئادەمنىڭمۇ خەۋىرى بولماسلىقىنى كىم ئويلىغان؟ ھەر ھالدا ئۇ: چېن دۇشيۇ تەھرىرلىكىدە چىقىدىغان «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلى تىلىمىزغا چەت ئەل سۆزلىرىنى كىرگۈزگەنلىكتىن(50)، مىللىي تارىخىمىزدا يوقالغانىكەن، شۇڭا ئۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ بىلىش مۇمكىن ئەمەس، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆز يۇرتلۇقلىرىمنىڭ بىرىگە ئا Q نىڭ ئىشىغا باغلىق سوت ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىشنى تاپشۇردۇم. سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا بۇ ھۆججەتلەردە «ئا Quei» دېگەن ئىسىمغا يېقىن كېلىدىغان ئادەم يوقلۇقى توغرۇلۇق خەۋەر بەردى.

ھەقىقەتەن، ئۇ يەردە مۇنداق ئىسىم يوقمۇ ياكى ئۇ كىشى ئىزدەپ تاپالمىدىمۇ، بىلمەيمەن، ھەرھالدا بۇ توغرۇلۇق بىلىۋېلىشقا باشقا ئامال قالمىدى.

بىزدە «جۇيىڭ زىمۇ» (تاۋۇش ئېلىپبەسى) تېخى كۆپ تارقالمىغاندۇر دەپ ئويلايمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا چەت تىل ئېلىپبەسى ھەرپلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كەلدى. مەن بۇ ئىسىمنى ئىنگلىز ترانسكرىپسىيىسى بىلەن Quei . A دەپ يازدىمەن، قىسقارتىپ يازغاندا ئا Q بولىدۇ. بۇ سۆزسىز «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ قائىدىلىرىگە ئەخمەقلەرچە بويسۇنۇلغاندەك بولۇپ كۆرۈنەر، ئەمدى ئۆزۈممۇ خىجىل، لېكىن قايسى ھەرپ بىلەن يېزىش كېرەكلىكىنى بىزنىڭ شيۇسەيمۇ بىلمىگەندىن كېيىن، ماڭا نېمە ئامال بار؟!

تۆتىنچى قىيىنچىلىق — ئا Q نىڭ يۇرتى توغرىسىدىكى مەسىلە.

ئەگەر ئۇنىڭ فامىلىسى جاۋ بولغان بولسا ئىدى، ئۆلكە نامىغا قاراپ ئات قويۇش ئادىتىگە ئاساسلىنىپ، ئۆلكىلەردىكى «لۇڭشىدىكى تيەنشۇي دېگەن يەرلىك ئادەم» دېگەندەك فامىلە يېزىقلىرىغا قاراپ بىلىۋېلىشقا بولاتتى. لېكىن ئا Q نىڭ فامىلىسى ئېنىق مەلۇم ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇرتىنى بىلىۋېلىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. ئۇ تولىراق ۋېيجۇاڭ يېزىسىدا تۇراتتى، لېكىن پات - پاتلا باشقا يەرلەردىمۇ بولاتتى، شۇنداق بولغاچقا ئۇنى ۋېيجۇاڭلىق دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. ئەگەر «ۋېيجۇاڭلىق» دەپ ياز-





سام، بۇ، تەرجىمىھال يېزىش ئۇسۇلىغا توغرا كەلمەيدۇ.

لېكىن، «ئا» ھەرپىدە ھېچقانداق شۇبھى يوق. مانا بۇ مېنى ئازراق قانائەتلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ھېچبىر خاتالىق يوق ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىشكە بولىدۇ. قالغان بارلىق قىيىنچىلىقلارنى ماڭا ئوخشاش چوڭقۇر مەلۇماتى يوق ئادەملەر يېشەلمەيدۇ. ئەمدى پەقەت خۇشىزىغا ئوخشاش «تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىنى ياخشى كۆرگۈچىلەر» بۇ مەسىلە ھەققىدە نۇرغۇن يېڭى مەلۇماتلارنى تاپار دېگەن بىرلا ئۈمىد بار، لېكىن ئۇ ۋاقىتلارغىچە مېنىڭ «ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىم ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى ئېھتىمال.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى مۇقەددىمە دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

## 2

## چوڭ غەلىبىلەر ھەققىدە قىسقىچە بايان

ئا Q نىڭ نامى بىلەن يۇرتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى «نامىئەمەلى»مۇ ئېنىقسىز ئىدى. ۋېيجۇاڭ يېزىسىنىڭ خەلقى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كۈنلۈك ئىشىغا سېلىش ۋە زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشتىن باشقىنى بىلمەيتتى؛ ئۇنىڭ «نامىئەمەلى»گە ھېچكىممۇ قىزىققان ئەمەس. ئا Q نىڭ ئۆزىمۇ ھېچكىمگە ھېچ نەرسە ئېيتىپ بەرمەيتتى. پەقەت بىرەر كىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندىلا، ئۇ كۆزىنى چەكچەيتىپ:

— مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم سېنىڭكىگە قارىغاندا ئاتاقلىقراق ئىدى! سەن نېمىسەن؟ — دەپ ۋارقىرايتتى.

ئا Q نىڭ ئۆيى يوق ئىدى؛ ئۇ ئىبادەتخانىدا تۇراتتى، بەلگىلىك بىر كەسپىمۇ يوق ئىدى، باشقىلارغا كۈنلۈك ئىشلەيتتى. ئورما ئورۇشقا توغرا كەلسە ئورما ئوراتتى، شال ئاقلاشقا توغرا كەلسە شال ئاقلايتتى، قولۋاق ھەيدەشكە توغرا كەلسە قولۋاق

ھەيدەيتتى. ئەگەر ئىش ئۈزاققا سوزۇلسا، ۋاقتىنچە يالىلغۇچىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، لېكىن ئۆز ئىشىنى تۈگىتىش بىلەنلا كېتەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئورما ۋاقتىدا، يەنى ئا Q كېرەك بولغاندا، ئۇنى ئېسىگە ئېلىشاتتى، ئەمەلىيەتتە ئا Q نى ئەمەس، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغان قابىلىيەتلىك قولىنى ئېسىگە ئالاتتى، ھەرقاچان ئالدىراش ئىش ۋاقىتلىرى ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنى چاپسانلا ئۇنتۇيتتى. مانا مۇنداق ئەھۋالدا، ئۇنىڭ «نامئەمەلى» توغرىسىدا سۆز بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ توغرۇلۇق ھېچكىم ئويلىمايتتى.

نامەلۇم بىر بوۋاي بىر كۈنى بېلىگىچە يالىڭاچ، ئورۇق ۋە ھېرىپ كەتكەن ئا Q غا قاراپ: «ئا Q ئىشقا چېۋەر ئادەم» دەپ پەقەت بىر قېتىملا ماختاپ قويدى. بۇ سۆزلەر چىن كۆڭلىدىن ئېيتىلدىمۇ ياكى زاڭلىق قىلىش بىلەنمۇ، بۇنى ھېچكىم چۈشىنەلمىدى، لېكىن ئا Q خۇشال بولدى.

ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ چاغلايتتى. ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆزگە ئىلمايتتى، ھەتتا ئىككى موللىنى[51] زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. موللىلارنىڭ كېلەچەكتە شيۇسەي بولۇشلىرىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ھۆرمەتلىك جاۋ بېگىمنىڭ، يەنە بىرى ھۆرمەتلىك چيەن بېگىمنىڭ ئوغلى ئىدى. جاۋ بىلەن چيەن بايلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى شۇنچىلىك موللا ئوغۇللىرى بولغىنى ئۈچۈنمۇ ئۆز يۇرتىدا چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى، ئا Q لا بۇ موللىلارنى ھۆرمەتلىمەيتتى ۋە ئۆز ئىچىدە: «مېنىڭ ئوغلۇم ئۇلاردىنمۇ ئاتاقلىقراق بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى.

ئا Q بىرنەچچە قېتىم شەھەرگە بېرىپ ـ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە تولىمۇ تەمەننا قويىدىغان، شەھەرلىكلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇۋالدى: ئۈزۈنلۈقى ئۈچ گەز، كەڭلىكى ئۈچ غېرىچ ياغاچ





بەندىڭنى ۋېيجۇاڭلىقلار «بەندىڭ» دەپ ئاتايتتى، ئا Q مۇ شۇنداق دەيتتى. شەھەرلىكلەر، بۇ بەندىڭنى «ئورۇندۇق» دېسە، ئا Q تۇرۇپ: «بۇ توغرا ئەمەس، مانا ھاماقەتلىك!» دەپ ئويلايتتى. ۋېيجۇاڭلىقلار ياغدا قورۇلغان بېلىقنى يېرىم غېرىچ قىلىپ توغرالغان كۆك پىياز بىلەن قورۇيتتى، شەھەرلىكلەر بولسا، پىيازنى ئۇششاق توغرايدىكەن! بۇنىڭغا ئا Q يەنە: «بۇ توغرا ئەمەس… مانا بۇ ھاماقەتلىك!» دەپ ئويلايتتى. لېكىن ۋېيجۇاڭلىقلار ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرمىگەن ناھايىتى قوپال، كۈلكىلىك سەھرالىقلار بولۇپ كۆرۈنەتتى. بۇلار، ھەتتا شەھەردە بېلىقنى قانداق قورۇيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، دەيتتى.

يۇقىرى بىلىملىك ۋە ئاتاقلىق «ئاتا ـ بوۋىلىرى» بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى «ئىشقىمۇ ناھايىتى چېۋەر» ئا Q ئەسلىدە «مۇكەممەل ئادەم» ئىكەنمىش، لېكىن ئۇنىڭ جىسمانىي كەمچىلىكلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى، خۇسۇسەن قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا بېشىدا پەيدا بولۇپ قالغان تەمرەتكىنىڭ تاتۇقلىرى ئۇنىڭ جېنىغا تېگەتتى. ئا Q نىڭ ئويىچە، بۇ تازلىق ئۇنىڭ مەڭگۈ مىراسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە ھېچبىر پايدا كەلتۈرمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى «تاز» ياكى شۇنىڭغا يېقىن سۆزلەردىن خۇدۇكسىرەيتتى، بارا ـ بارا «پاينەك» ۋە «ئايدىڭ» ھەتتا «چىراغ» ۋە «شام» دېگەن سۆزلەردىنمۇ خۇدۇكسىرەيدىغان بولدى. ئەگەر كىمىكى بۇ سۆزلەرنى ئەتەي ياكى تۇيۇقسىز دەپ سالسا، ئا Q غەزەپلىنىپ، قىزىرىپ ـ تاتىرىپ كېتەتتى ۋە ھاقارەت كەلتۈرگەن كىشىنى تىللايتتى، ئەگەر كۈچى يەتكۈدەك كىشى بولسا ئۇراتتى، لېكىن ئاقىۋىتىدە، نېمىشقىدۇر ئا Q نىڭ ئۆزى تاياق يەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بارا ـ بارا ئۆزىنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دۈشمىنىگە قەھر ـ غەزەپ بىلەن كۆزىنىلا چەكچەيتىدىغان بولدى.

ئا Q نىڭ بۇ غەزەپ بىلەن كۆز تىكىشى ۋېيجۇاڭ بىكار تەلەپلىرىنىڭ تېخىمۇ خۇشال قىلار دەپ كىم ئويلىغان؟ ئۇلار ئا Q نى كۆرۈش بىلەنلا: «ئايدىڭ بولۇپ قالدى!» دەپ ۋارقىرىشاتتى.

ئا Q غەزەپلەنگەن هالدا ئۇلارغا كۆزىنى ئالايتاتتى.

ئۇلار هېچ ئەيمەنمەستىن زاڭلىق قىلىشنى داۋام قىلىپ:

— هە، پانۇس كەلگەنىكەن - دە، — دەيتتى.

— هە، سەن تېخى شۇنچىلىكمۇ بولالمايسەن، — دەيتتى ئا Q غەزەپ بىلەن قاراپ، گويا تاز بېشى ئۇنداق - مۇنداق ئاددىي تازلاردىن بولماي، قانداقتۇر بىر خاسىيەتلىك تازلاردەك سۆزلەپ.

يۇقىرىدا ئا Q نىڭ ناهايىتى دانىشمەن ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختالدىم. ئۇ، ئەگەر «تاز» ھەققىدە سۆزلەپ سالسام، ئۆزۈمنىڭ مەنئى قىلغان قائىدىسىگە ئۆزۈم خىلاپلىق قىلغان بولىمەن دەپ ئويلاپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرمايتتى.

لېكىن بىكار تەلەپلەر جىم ئولتۇرمايتتى، ئۇلار ئا Q نى تېرىكتۇرۇپ، ئاخىرىدا سوقۇش چىقىراتتى. چەتتىن قارىماققا، ئا Q تاياق يېگەن بولۇپ كۆرۈنەتتى. دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ سۇس، سارغۇچ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى تامغا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىشىپ كېتىشەتتى. ئا Q بىر پەس ئويلاپ تۇرۇپ: «مەيلى مېنى ئەرزىمەس بالام ئۇرغان بولسۇن، بالىسى دادىسىنى ئۇرىدىغان قانداق ئەسكى زامان كەلدى - ھە!» دېگەن خۇلاسىگە كېلەتتى - دە، غەلىبە قازانغاندەك پەخىرلىنىپ مېڭىپ كېتەتتى.

ئاQ ئۆزىنىڭ ئويلىمىغان ئويلىرىنى كېيىنچە ئۆزىلا ئېيتىپ قوياتتى. شۇڭا ئۇنى ئۇرۇپ تاماشا قىلىدىغان بىكار تەلەپلەر ئۇنىڭ روھى «غەلىبە» لىرىنى ناھايىتى چاپسان بىلىۋالاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاQ نىڭ چېچىدىن تۇتۇپ سىلكىپ:





— بالام دادىسىنى ئەمەس، ئادەم ھايۋاننى ئۇرۇۋاتىدۇ، قىنى، ئادەم ھايۋاننى ئۇرۇۋاتىدۇ دېگىنە! — دەيتتى.

ئا Q چېچىنىڭ تۈۋىدىن ئىككى قولى بىلەن مەھكەم سىقىملاپ تۇتۇۋېلىپ:

— قوڭغۇزنى ئۇرۇۋاتىدۇ، دېسەم قانداق؟ مەن قوڭغۇز، ئەمدىغۇ قويۇۋېتەرسەن؟ — دەيتتى.

ئا Q ئۆزىنى قوڭغۇز دەپ ئېيتسىمۇ، بىكار تەلەپلەر ئۇنى دەررۇ قويۇۋەتمەي، ئۇنىڭ بېشىنى نېمە توغرا كەلسە شۇنىڭغا، ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر نەچچە ئۇستۇرۇۋېتىپ، ئا Q نى شەرمەندە قىلدۇق دېيىشىپ، خۇشال بولۇپ كېتىشەتتى. لېكىن 10 سېكۇنت ئۆتەر - ئۆتمەستىنلا ئا Q يېڭىۋاشتىن، مەن يەڭدىم دەپ غەلىبە تۇيغۇسى بىلەن روھلىنىناتتى. كۆڭلىدە ئۆزىنى خار بولغانلارنىڭ ئارىسىدا «بىرىنچى» دەپ ھېسابلايتتى ۋە «خارلىق» دېگەن سۆزنى ئېسىگىمۇ ئالغۇسى كەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ «بىرىنچى» بولۇپ قالاتتى: «جۇاڭيۇەنمۇ[52] ‹بىرىنچى› غۇ؟ سىلەر كىم؟» دەپ، رەنجىتكۈچىلەرنىڭ كەينىدىن ۋارقىرايتتى.

ئا Q نەپرەتلىك دۈشمەنلىرىنىڭ ئۈستىدىن مانا شۇنداق ئۇسۇل بىلەن غەلىبە قازانغاندىن كېيىن خۇشال بولۇپ مەي ساتىدىغان دۇكانغا ئالدىرايتتى؛ ئۇ بۇ يەردە بىرنەچچە پىيالە ھاراق ئىچىپ، چاقچاق قىلاتتى، تىللىشاتتى، نەتىجىدە يەنە بىر غەلىبە قازانغاندەك بولاتتى، ئاخىرىدا خۇش كەيپ ھالدا ئىبادەتخانىغا قايتىپ كېلىپ، باش تەرەپكە ئايىغىنى قىلىپ ئۇيقۇغا كېتەتتى.

ئەگەر ئا Q نىڭ يېنىغا پۇل چۈشۈپ قالسا، دەرھال قىمار ئويناشقا ماڭاتتى. قىمارۋازلار چۆرىدەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئا Q تەرلەپ - پىشىپ ئوتتۇرىغا كىرىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى.

— «كۆك ئەجدىھا»[53] غا 400 يارماق تىكتىم! ھە! قېنى ئاچ! — دەپ ۋارقىرىغاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى ئالاھىدە قاتتىق چىقات-

تى. ئويۇننى باشلىغۇچى قىزغىن ھالدا، شىشخال سىلىنغان قاچىنى ئېچىپ:

— «ئاسمان دەرۋازىسى» ۋە «بۇرجەكلەر»! «ئادەم» ھەم «شامال»، قېنى، ئا Q، پۇلۇڭنى چىقار! — دەپ ۋارقىرايتتى.

— «شامال»غا يۈزنى!… ياق، 150 نى قويىمەن! — دەپ ۋارقىرايتتى ئا Q.

شۇنداق قىلىپ، ۋارقىراشلار ئاستىدا ئۇنىڭ ئاقچىلىرى ئاستا - ئاستا ئۆزىگە ئوخشاش قىزغىنلىق بىلەن ئويناۋاتقان باشقا قىمارۋازلارنىڭ يانچۇقىغا چۈشەتتى. ئا Q ئۇتتۇرۇپ چەتكە چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، باشقىلار ئۈچۈن ئېچىنىپ - كۆيۈنۈپ، ھەممىسى تارقىغۇچە ئويۇنغا قاراپ تۇراتتى. قىمارۋازلار تارقاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭمۇ كەتكۈسى كەلمەي، كۆڭۈلسىز ھالەتتە ئىبادەتخانىغا قايتاتتى - دە، ئەتىسى ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن يەنە ئىشىغا ماڭاتتى.

«بوۋاي ئېتىنى يوقىتىپ قويدى، كىم بىلسۇن، بۇ بەلكىم ياخشىلىقتۇر»، دېگەندەك، ئا Q بىر قېتىم ئۇتۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇنىڭغا ھېچبىر ياخشىلىق ئەكەلمىدى.

بۇ ۋەقە تاۋاپ سەيلىسى بولغان كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى يۈز بەرگەنىدى. ئادەتتىكىچە، شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى يېزىدا ئويۇن سەھنىلىرى ئورنىتىلغان ۋە ئۇلار بىلەن بىر قاتار، يەنە شۇ ئادەت بويىچە تاۋۇكامۇ قۇرۇلغانىدى. لېكىن سەھنىدە چېلىنغان داقا - دۇمباقلار ئاۋازى ئا Q نىڭ قۇلىقىغا يىراق بىر يەردىن كېلىۋاتقان سادادەك ئاڭلىناتتى؛ ئۇنىڭ قۇلىقىغا يالغۇز جەزخورنىڭ ئاۋازىلا كىرەتتى. ئا Q ئۇتۇشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. تىيىنلار تەڭگىگە، تەڭگىلەر يارچەنگە ئايلاندى ۋە بىر پەستىن كېيىن ئۇلار بىر توپ بولۇپ دۆۋىلەندى. ئا Q خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي:

— «ئاسمان دەرۋازىسى»غا ئىككى دوللار! - دەپ ۋارقىرىۋەتتى.





ئۇ كىم بىلەن ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش چىقارغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. تىللىشىش، ئۇرۇشۇشلار، تېپىرلىشىشلار ھەممىسى ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋەتتى؛ ئېسىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە تاۋۇكامۇ، ئادەملەرمۇ يوق؛ خۇددى ئۇنى بىراۋلار خېلىغىچە دەسسەپ چەيلىۋەتكەندەك، بەدەن - بەدىنى ئاغرىيتتى. ئۇ بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ھېس قىلدى ۋە ئاستا مېڭىپ ئىبادەتخانىغا قاراپ كەتتى. شۇ يەرگە كەلگەن چاغدىلا ئوبدان ھوشىغا كېلىپ، بىر دۆۋە يارچەننىڭ يوقالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. سەيلىگە يىغىلغان قىمارۋازلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا بۇ يەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى ئەمدى ئۇ نەدىن ئىزدىسۇن!…

پارقىراپ تۇرغان ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان بىر دۆۋە يارچەن پۈتۈنلەي غايىب بولدى! ئۇ بۇ ئاقچىلارنى ئوغرىلىۋالغان: «ئۆزۈمنىڭ ئەرزىمەس ئوغلۇم» دەپ باقتى، كۆڭلى ئېچىلمىدى؛ «مەن ئا Q قوڭغۇز» دەپ باقسىمۇ كۆڭلى ئېچىلمىدى، دېمەك، بۇ قېتىم ئا Q ئۆز كۆڭلىدە مەغلۇپ بولۇشنىڭ ھەسرىتىنى چەكتى.

لېكىن، بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. مەغلۇبىيەت باشقىدىنلا غالىبىيەتكە ئايلاندى. ئا Q ئوڭ قولى بىلەن ئۆز كاچىتىغا ئىككىنى ئۇردى، ئۇنىڭ مەڭزى قىزىرىپ ئوتتەك يېنىپ كەتتى. خۇددى ئۇ باشقا بىرىنى ئۇرغاندەك كۆڭلى تىندى ۋە بۇ «باشقا بىرى» ئا Q دىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، باشقا بىر كىشى بولۇپ قالدى. ئا Q نىڭ قىزارغان يۈزى كۆيۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز غالىبىيىتىدىن تامامەن قانائەتلەنگەندەك خاتىرجەم يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

## 3

## يەنە چوڭ غەلىبىلەر توغرىسىدا

ئا Q ھەر قاچان غەلىبىگە ئېرىشىپ يۈرگەن بولسىمۇ، پەقەت

هۆرمەتلىك جاۋدىن بىر كاچات يېگەندىن كېيىنلا تونۇلدى.

ئۆتكەن قېتىم ئا Q دورغىغا چاي پۇلى دەپ 200 يارماق بېرىپ، خاپا بولۇپ ئىبادەتخانىغا قايتىپ كېلىپ ياتتى، لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىدىن قانداق زامان بولۇپ كېتىپ بارىدىكىنتاڭ، باللىرى دادىلىرىنى ئۇرۇۋاتقان!... دېگەن ئوي كەتمىدى ۋە يەنە هۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئابرۇيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، «ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم» دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ شۇ خۇشاللىقىدا «قەبرىستانلىقتىكى تۇل چوكان» دېگەن مەشهۇر ناخشىسىنى ئېيتىپ، مەي ساتىدىغان دۇكانغا قاراپ كەتتى، لېكىن يولدا ئۇنىڭغا نېمىشقىدۇر، جاۋ باشقىلارغا قارىغاندا بىر بالداق يۇقىرى تۇرىدۇ، دېگەن ئوي كەلدى.

غەلىتە بىر ئىش شۇكى، ئا Q هۆرمەتلىك جاۋدىن كاچىتىغا بىرنى يېگەندىن كېيىن، ۋېيجۇاڭلىقلار ئۇنىڭغا ئالاهىدە هۆرمەت بىلەن قاراپ، ياخشى مۇئامىلە قىلغاندەك بولۇپ قالدى، ئا Q نىڭ ئۆزى بۇ هەقتە مەن هۆرمەتلىك جاۋنىڭ دادىسىدەك بولۇپ قالغانلىقىمدىن هۆرمەتكە سازاۋەر بولدۇم دەپ بىلەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ سەۋەبى باشقا ئىدى. ۋېيجۇاڭدا بىراۋنى - بىراۋ ئۇرسا هېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇرۇش - تالاش هۆرمەتلىك جاۋغا ئوخشىغانلار بىلەن چېتىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇ گەپ پۈتۈن يېزىغا تارقىلىپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇرغان ئادەمنىڭ ئابرۇيى بىلەن تاياق يېگەنمۇ شۆهرەتكە ئىگە بولاتتى. ئەيىبنىڭ ئا Q دا ئىكەنلىكىدە شەك يوق. نېمىشقا دېسەك، هۆرمەتلىك جاۋ خاتالاشمايتتى. ئەيىب ئا Q دا تۇرسا، يەنە نېمىشقا هەممىسى ئۇنىڭغا ئالاهىدە هۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى؟ بۇنى بىلىش قىيىن، بەلكى ئا Q ئۆزىنىڭ جاۋ نەسلىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغىنى ئۈچۈندۇر. ئا Q ئەنە شۇ ئېيتقان سۆزى ئۈچۈن تاياق يېگەن بولسىمۇ، هەرقىسىم: بەلكى ئۇنىڭ سۆزىدە راست تەرد-





پىمۇ باردۇر دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا بىرئاز هۆرمەت كۆرسەتكەندۇر ياكى ئا Q نىڭ هاياتىدا كۈلۈڭ فۇزى ئىبادەتخانىسىدىكى قۇربانلىق قىلىنغان كالىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش بىر ئەهۋالدۇر: پەيغەمبەر كۇڭزى ئۆزىنىڭ تەۋەررۇك چوكىسىنى كالىغا تەگكۈزۈپ قويغاچقا، ئۇ كالا ئاددىي توڭگۇز ياكى قويلارغا ئوخشاش هايۋان بولسىمۇ، هېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن بارالمىغاندەك بىر ئىشتۇر. ئا Q هۆرمەتلىك جاۋ كاچىتىغا ئۇرغاندىن كېيىن، كۆپ يىللار داۋامىدا كۆڭلى خۇش يۈردى.

بىر يىلى، ئەتىيازنىڭ هاۋاسى ئوچۇق كۈنى، ئا Q تامامەن مەست هالدا كوچىدا كېلىۋېتىپ، كۈنگەي تەرەپتىكى تام تۈۋىدە ئولتۇرغان ساقاللىق ۋاڭنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بېلىگىچە يالىڭاچلىنىۋېلىپ پىت بېقىۋاتاتتى. شۇ زامان ئا Q نىڭمۇ پۈتۈن تېنى قىچىشقاندەك بولدى. ۋاڭ هەم تاز، هەم ساقاللىق بولغانلىقتىن، هەممىسى ئۇنى «ساقاللىق ۋاڭ تاز» دەيتتى. ئا Q بولسا «تاز» دېگەن سۆزنى ئاغزىغا ئالمايتتى، شۇڭا ئۇ ۋاڭنىڭ تاز دېگەن لەقىمىنى دېمەيتتى. لېكىن ساقاللىق ۋاڭنى ناهايىتى ئۆچ كۆرەتتى. ئا Q نىڭ ئويىچە، ۋاڭنىڭ تاز بولۇشى هېچبىر هەيران بولغۇدەك هادىسە ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ چاڭگا ساقىلى بولسا ئۇ هەددىدىن تاشقىرى هەيران بولغۇدەك ۋە قاراشقا بولمايدىغان بىر نەرسە ئىدى. ئا Q ۋاڭنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەگەر ئۇ باشقا كىشى بولغان بولسا، ئا Q نىڭ قېشىغا پېتىنىپ كېلىپ، ئىشەنچلىك ئولتۇرالمىغان بۇلار ئىدى. ئەمما ئۇ پەقەت ساقاللىق ۋاڭغۇ! نېمىدىن قورقۇش؟ ئەسلىدە ئا Q نىڭ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇشى، ۋاڭ ئۈچۈن هۆرمەت ئەمەسمۇ؟ ئا Q مۇ كۆڭلىكىنى يېشىپ پىت باققىلى باشلىدى. كەمزۇل يېڭى يۇيۇلغانلىقتىنمۇ ياكى ئا Q نىڭ دىققەتسىزلىكىدىنمۇ، ئۇ ئاران ئۈچ - تۆتلا پىت تاپتى، ساقاللىق ۋاڭ بولسا كەينى - كەينىدىن

پىتنى ئۆلتۈرمەكتە ئىدى.

دەسلىپىدە ئا Q رەنجىگەندەك بولدى، كېيىن ئاچچىقى كېلىپ قالدى… ئادەمنىڭ قارىغۇسى كەلمەيدىغان ساقاللىق ۋاڭنىڭ پىتى شۇنداق نۇرغۇن، مېنىڭ بولسا شۇنچە ئاز! بۇ نېمىدېگەن كېلىشمەسلىك… ئۇنىڭ يوغان ئىككى پىت تاپقۇسى شۇنچە كېلىۋىدى، لېكىن تاپقىنى بىرلا بولدى، ئۇنىغانغا يونىغاندەك، ئۇمۇ يوغان ئەمەس ئوتتۇرا هال چوڭلۇقتىكى پىت ئىدى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن سىقىۋىدى، غىس قىلىپ قالدى، لېكىن ساقاللىق ۋاڭنىڭكىدەك قاتتىق قارسىلدىمىدى!

ئا Q نىڭ يۈزى تاقىرباش چوققىلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ كۆڭلىكىنى چۆرۈۋېتىپ، يەرگە تۈكۈردى ـ دە:

— يۇڭلۇق قۇرت! — دەپ تىللىدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئا Q خېلىلا ھۆرمەتكە ئىگە بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كىبرى پەيدا قىلىۋالغان بولسىمۇ، هۇجۇم قىلىدىغان بىكار تەلەپلەردىن قورقاتتى، لېكىن هازىر ساقاللىق ۋاڭدىن قورقمىدى… بۇ يۈڭ بېسىپ كەتكەن ئەبلەخ نېمىدەپ پوچىلىق قىلالىسۇن؟

— تىلنى كىم ئۆزىگە ئالغان بولسا، شۇنى تىللاۋاتىمەن! — دەپ ئا Q ئورنىدىن تۇرۇپ دېۋەيلىدى.

— نېمە؟ سېنىڭ دۈمبەڭ قىچىشىپ قالدىمۇ؟ — دېدى ۋاڭمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆڭلىكىنى كىيىۋېتىپ.

ۋاڭنى قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدىغۇ دەپ ئويلاپ، ئا Q مۇشتۇمىنى تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى، لېكىن ئۇ مۇشت ئاتقۇچە ۋاڭ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئۆزىگە بىر تارتىۋىدى، ئا Q يىقىلىپ چۈشتى. شۇ زامان ساقاللىق ۋاڭ ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ بېشىنى تامغا ئۇرماقچى بولۇپ سۆرەپ ماڭدى.

— ياخشى ئەر قولى بىلەن ئەمەس، سۆز بىلەن ئېلىشىدۇ، — دېدى ئا Q قايرىلىپ.





لېكىن ساقاللىق ۋاڭ «ياخشى ئەر» بولمىسا كېرەك، ئاQ نىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، ئۇنىڭ بېشىنى تامغا ئۇرۇپ بىر ئىتتىرىۋىدى، ئا Q بىر نەچچە قەدەم يەرگە دۈمدىلاپ كەتتى، ئا Q ئۆز ئەسلىمىسىدە بىر قېتىممۇ مۇنداق خار بولغىنىنى بىلمەيتتى. ۋاڭ ئۆزىنىڭ يىرگەنگۈدەك رەسۋا ساقىلى بىلەن ئا Q نىڭ نەزىرىدە ھەرقاچان كۈلكىلىك بىر نەرسە ئىدى. مانا بۈگۈن قانداقتۇر قولىنى كۆتۈردى! بۇ غەيرىي بىر هال! ئېھتىمالىم بازاردىكىلەرنىڭ پادىشاھ ئىمتىھان ئېلىشنى توختىتىپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا شيۇسەيلەرنىڭمۇ، جۈيرېنلەرنىڭمۇ(54) كېرىكى يوق ئىكەن، دەپ يۈرگىنى راست بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ ئائىلىسىنىڭ ھۆرمىتى ئانچە قالمىغان بولسا كېرەك، بەلكى ئا Q نىڭ ئېتىبارسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇنىڭدىندۇر.

ئاQ نېمە قىلارىنى بىلەي تۇراتتى.

يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر كىشى كۆرۈندى. بۇ ئا Q نىڭ ناھايىتى ئۆچ كۆرىدىغان يەنە بىر دۈشمىنى — ھۆرمەتلىك چيەننىڭ ئوغلى ئىدى. بىر ۋاقىتلاردا ئۇ شەھەرگە كېتىپ چەت ئەل مەكتىپىگە كىرىۋىدى، كېيىن قانداقتۇر توكيوغا كېتىپ قالدى؛ يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئاياغلىرى تۈز بولۇپ قالغان، چاچلىرى چۈشۈرۈلگەن هالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە يىغلاپ يۈردى، خوتۇنى بولسا بۇ دەردكە چىدىماي، ئۈچ قېتىم ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى قەيەرگىلا بارسا:

— قانداقتۇر بىر بولمىغۇر ئىنساپسىزلار بالامغا هاراق ئىچكۈزۈپ مەست قىلىپ قويۇپ، چېچىنى كېسىۋېتىپتۇ. بولمىسا ئۇ چوڭ ئەمەلدار بولاتتى، ئەمدى چېچى ئۆسكۈچە كۈتۈپ تۇرۇشقا

تۇغرا كەلدى، — دەپ يۈردى.

لېكىن ئا Q ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، ياش چېيەنىنى سىرتىدىن «ئەجنەبىي شەيتان» ياكى چەت ئەلنىڭ مەخپىي جاسۇسى دەپ يۈرەتتى ۋە ھەرقاچان ئۇنى يىراقتىن كۆرۈش بىلەنلا دەررۇ ئىچىدە تىللىغىلى باشلايتتى.

ئا Q ھۆرمەتلىك چيەننىڭ ئوغلىنىڭ يالغان چېچىغا كۆڭ فۇزىنىڭ ئىبارىسى بىلەن ئېيتقاندا، «نەپرەت ۋە لەنەت قىلاتتى»، ئەگەر ئادەمنىڭ چېچى يالغان بولسا، دېمەك، ئۇ ئادەمدە تىرناقچىلىكمۇ ئادەمگەرچىلىك يوق ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئۆزىنى تۆتىنچى قېتىم قۇدۇققا تاشلىمىغىنى بولسا، ئۇنىڭ ياخشى ئايال ئەمەسلىكىنىلا ئىپادىلەيدۇ...

«ئەجنەبىي شەيتان» يېقىن كېلىپ قالدى.

— تاز، ئېشەك! — ئا Q ئۇنى ھەرقاچان ئىچىدىلا تىللايتتى، لېكىن بۇ قېتىم ئا Q ناھايىتى خاپا بولۇپ، ئۆچ ئېلىشنى ئارزۇ قىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىختىيارسىز ئۈنلۈك تىللىدى.

«ئەجنەبىي شەيتان» تۇيۇقسىز ئا Q «ماتەم ھاسىسى» دەپ ئاتاپ يۈرگەن سىرلانغان تاياقنى كۆتۈرۈپ ئا Q تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئا Q ئۇنىڭ ئۇرغىلى كېلىۋاتقىنىنى بىلىپ، شۈمشىيىپ ھۇجۇمنى كۈتۈپ تۇردى. دېگەندەكلا ئۇنىڭ بېشىغا تاياق يېغىپ كەتتى:

— مەن ئاۋۇنى تىللىغانىدىم! — دەپ ئا Q سۆزىدىن تاندى ۋە نېرىراق يەردە تۇرغان بىر بالىنى كۆرسەتتى، لېكىن تاياق كەينى - كەينىدىن يېغىۋەردى.

ئا Q كۆڭلىدە مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم خورلۇق كۆرۈۋاتىمەن دەپ ئويلاپ تۇراتتى، بەختىگە سىرلانغان تاياق بىلەن ئۇرۇش، ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر نەرسە سالغاندەك بولدى. ئۇ يېنىكلىشىپ تاياق يېگىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى؛ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان





قىممەتلىك مىراس — «ئۇنتۇش» يەنە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئالدىرىماي مەي دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى، دۇكانغا كەلگەندە خۇش كەيپ ۋە شادلىققا چۆمدى.

بۇ يەردە ئۇ خانىقادا تۇرىدىغان ياش بۇۋىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئادەتتە ئا Q ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسا تىللاپ، تۈكۈرۈپ ئۆتۈپ كېتەتتى. مانا ئەمدى ئۆمرىدە ئىككىنچى قېتىم شەرمەندە ۋە خار بولغاندىن كېيىن، نېمە قىلىش كېرەك ئىدى؟

ئۇ «نېمىگە بۈگۈن مېنىڭ ئىشىم ئىلگىرى باسمايدىكەن دېسەم، ئالدىمغا سەن كېلىۋېتىپتىكەنسەن - دە!» دەپ ئويلىدى - دە، بۇۋىنىڭ ئالدىغا بېرىپ شارتتىدە يېرنى تۈكۈردى.

ياش بۇۋى يەرگە قاراپ مېڭىپ ئا Q نىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ كەلدى. ئا Q تۇيۇقسىزلا قولىنى سوزۇپ ئۇنىڭ چېچى چۈشۈرۈلگەن بېشىنى سىلىدى ۋە:

— تاقىرباش! ئىلدام ماڭ، شەيخ كۈتۈپ تۇرىدۇ... — دېدى.

ياش بۇۋى پوكاندەك قىزىرىپ:

— قولۇڭنى تارت!... — دېدى - دە، ئىلدامراق بېسىپ ماڭدى.

مەي دۇكىنىنىڭ بىكار تەلەپلىرى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئا Q ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىنىڭ باشقىلارغا ياققانلىقىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى.

— شەيخكە مۇمكىنۇ، ماڭا مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئۇ ياش بۇۋىنىڭ مەڭزىنى چىمدىۋالدى.

قاراپ تۇرغانلار تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى. ئا Q ئۆزىدىن خۇش بولۇپ، قاراپ تۇرغانلارغا تېخىمۇ يېقىش ئۈچۈن ئۇنى تېخىمۇ قاتتىقراق چىمدىۋېلىپ ئاندىن قويۇۋەتتى.

ئۇ بۇ كۆرەشتە خۇددى بۈگۈنكى مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ ئۆچىنى

بىراقلا ئالغاندەك، ساقاللىق ۋاڭنىمۇ، «ئەجنەبىي شەيتان»نىمۇ ئۇنتۇپلا كەتتى، بىردىن ئۇنىڭ بەدىنى پۈتۈنلەي يېپيېڭىك بولۇپ ئۇچۇپ كېتەي دەپ تۇرغان پەيدەك بولۇپ قالدى.

ئا Q قېچىپ كېتىپ بارغان بوۋىنىڭ:

— خەپ! نەسلى قۇرغۇر ئا Q! — دېگەن يىغا ئارىلاش ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

ئا Q خۇشال، قاقاقلاپ كۈلۈپ قالدى، مەي دۇكىنىدىكىلەرمۇ كۈلۈشتى.

4

## مۇھەببەت پاجىئەسى

كىمدۇر بىرى: بەزى غالىبلار بار. ئۇلار ئۆز دۈشمەنلىرىنى يولۋاسقا ياكى لاچىنغا ئوخشاش بولسا ئىكەن دەپ تىلەيدۇ دېگەندىكەن — مانا شۇنداق بولغان ھالەتتىلا ئۇلار ئۆز غالىبىيىتىدىن قانائەتلىنىدىكەن. ئەگەر دۈشمىنى قوي ياكى چۈجىگە ئوخشاش بولسا، غالىب ئۆز غالىبىيىتىنى مەنىسىز دەپ ھېسابلايدىكەن. بەزى غالىبلار يېڭىپ، ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، بەزىلەر تەسلىم بولۇپ ۋە مۇلايىملىق بىلەن: «سىزگە قۇل بولاي، گۇناھىمنى تىلەي» دەپ يېلىنغاندىن كېيىن، دۈشمىنىمۇ، رەقىبىمۇ، دوستىمۇ تۈگەپ، ئۆزى يالغۇز قالغاندا خۇشاللىقنىڭ ئورنىغا دەرد ـ ھەسرەتكە چۆمىدىكەن. بىزنىڭ ئا Q ئۇنداق ھەسرەتكە چۆممەيتتى، ئۇ ھەرقاچان ئۆزىدىن ئۆزى خۇش ئىدى: ئېھتىمال بۇ ھال، جۇڭگو مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يەر يۈزىدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىن پۈتۈنلەي يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى





ئىسپاتلايدىغاندۇ!

ئۆز غالىبىيەتلىرىگە مەست بولغان ئا Q نىڭ ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىشكە تەييار تۇرغان يېنىك پەيدەك بولۇپ كېتىشىنى قاراڭلار!

لېكىن، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى غالىبىيىتىنىڭ ئاقىۋىتى باشقىچىرەك بولۇپ چىقتى. ئۇ كۆڭلىنىڭ ئارامىنى يوقىتىپ، يېرىم كۈن كوچىمۇ كوچا تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاخىر ئىبادەتخانىغا كەلدى. ئۇ كۈندىكىدەك يېتىپلا خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتسە بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ كېچىسى كىرپىك يۇمۇپ ئۇخلىمىقى قىيىن بولىدۇ، دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ ئۇنىڭدا غەلىتە بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى: قولىنىڭ بارماقلىرى ئاۋۋالقىغا قارىغاندا سىلغىيىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. كىم بىلىدۇ، بەلكى بۇ ھېلىقى ياش بوۋىنىڭ يۈزىگە تېگىپ كەتكەنلىكتىندۇر…

ئۇ قىزنىڭ: «نەسلى قۇرغۇر ئا Q» دېگەن سۆزلىرى يەنە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بولدى. ئا Q تۇرۇپ: «راست … ئادەمگە خوتۇن كېرەك. بالا كۆرمەي ئۆلگەن كىشىگە ھېچكىم بىر چىنە ئاشمۇ بەرمەيدۇ … ئادەمگە خوتۇن كېرەك» دەپ ئويلىدى. «ئاتا ـ ئانىنى قەدىرلىمەسلىكنىڭ ئۈچ خىل ئىپادىسىنىڭ ئەڭ يامىنى — بالا ـ چاقىسىزلىق» دېگەن گەپ بار. «روئاۋنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىدىغان پۇشتىمۇ يوق» ھالدا قالغىنىمۇ مەلۇم، ئا Q نىڭ خىيالى دانىشمەنلەر بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ كارامەت سۆزلىرىگە توغرا كېلىپ تۇراتتى، لېكىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئەۋلىيالارنىڭ تەلىپىگە قارشى ئىش قىلىپ قويغىنىلا يامان بولدى.

«خوتۇن… ئايال— … دەپ ئويلايتتى ئۇ، — شەيخكە بولىدىيۇ…»

كېچىسى ئا Q نىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۇيقۇغا كەتكىنىنى بىز ئېنىق ئېيتالمايمىز، لېكىن ئۇ ياش بوۋىنىڭ مەڭزىنى چىمدىۋال-

غاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇششاق قوللىرىدا دائىم بىر سىلىقلىق
سېزىلىپ تۇردى ۋە ئايال توغرىسىدا شېرىن خىياللارغا چۆمدى.

بۇ ۋەقە ئاياللارنىڭ ئادەم ئازدۇرىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى
ئىسپاتلايدۇ.

ئەگەر ئاياللار بۇزمىغان بولسا، خەنزۇ ئەركەكلىرىنىڭ تەڭ
يېرىمىلا ئەۋلىيا بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى. شاڭ سۇلالىسى داجى
دېگەن ئايالنىڭ كاساپىتىدىن ۋەيران بولدى، جۇ سۇلالىسى باۋ
سىنىڭ كاساپىتىدىن يوقالدى، چىن سۇلالىسى… بۇ توغرۇلۇق
تارىختا ئېنىق ئىسپات بولمىغان بىلەن، ئۇنىمۇ ئاياللارنىڭ كاسا-
پىتىدىن ۋەيران بولدى دەپ قاراش خاتا بولمايدۇ. پادىشاھ دۇڭ
جۇنىڭمۇ دياۋ چيەننىڭ كاساپىتى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدە شەك
يوق.

ئا Q ناھايىتى ئەخلاقلىق ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ قايسى ئوقۇمۇش-
لۇق ئۇستازنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەنلىكى بىزگە مەلۇم بولمىسى-
مۇ، لېكىن ئۇ «جىنس» مەسىلىسىگە قەتئىي ئېتىقادى بىلەن
قارايتتى، خۇسۇسەن ياش بۇۋى ياكى «ئەجنەبىي شەيتان»غا ئوخ-
شاش كىشىلەردىن ھەزەر قىلاتتى.

ئۇنىڭ تەلىماتى شۇنداق ئىدى: قانداقلا بۇۋى بولمىسۇن،
سۆزسىز ئۇ شەيخ بىلەن مۇھەببەت ئالاقىسىدە بولىدۇ؛ ئۆيىدىن
تاشقىرىغا چىققان ھەربىر ئايال، سۆزسىز، ئۆزىگە بىر ئاشىقنى
جەلپ قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر ئايال قەيەردىلا بولمىسۇن ئەر
كىشى بىلەن گەپلەشسە، ئەلۋەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر
گەپ بار. ئا Q نىڭ ئاياللارغا كۆز ئالايتىپ قارىشى ياكى ئۆتكۈر
تەنە سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىشى، ئەڭ بولمى-
غاندا بىلدۈرمەي تاش ئېتىشى — ئۇنىڭ ئاياللارغا نىسبەتەن كۆر-
سەتكەن ئەيىبلەش بەلگىلىرى ئىدى.

ئا Q نىڭ باشتا ئۆزىنى «تۇتقان» ۋاقتىدا، ياش بۇۋى ئارقى-





لىق ئۆز كۆڭلىنى غۇلغۇي قىلدۇرغانلىقىنى كىم ئويلىسۇن؟
قەدىمكى قائىدىلەر بىزنى كۆڭۈلنى غۇلغۇيلۇقتىن ساقلاشقا ئۆگى-
تىدىغۇ؟ شۇڭا ئاياللارنى يامان كۆرسە بولىدۇ. ئەگەر ياش بۇۋى-
نىڭ يۈزى شۇنچىلىك سىلىق بولمىغاندا، ئا Q ئەلۋەتتە گۇناھقا
دۇچ كەلمىگەن بولارئىدى؛ ئەگەر ئۇ يۈزىنى بىرەر نەرسە بىلەن
يۆركىۋالغان بولسىمۇ، ئا Q قىزىقمىغان بولار ئىدى. بۇ ۋەقەدىن
بەش ـ ئالتە يىل ئىلگىرى ئا Q سەھنە ئالدىغا يىغىلغان تاماشىبىن-
لار توپىغا كىرىپ قېلىپ، بىر ئايالنىڭ يانپىشىنى چىمدىۋالغان،
لېكىن ئۇنىڭ تامبىلى قېلىن بولغاچقا، ئا Q نىڭ كۆڭلى بىر
قانداق بولمىغانىدى، لېكىن ياش بۇۋىنىڭ يۈزى ئوچۇق ئىدى.
شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىش باشقىچە بولۇپ چىقتى… مانا مۇشۇلار
ئاياللارنىڭ پالاكەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟

«ئايال!…» دەپ ئويلايتتى ئا Q.

ئا Q ئاياللارغا قاراپ يۈرىدىغان بولدى. ئا Q نىڭ ئويىچە،
ئۇلار سۆزسىز ئۆزىگە بىرەر ئاشىق تېپىۋېلىشقا تىرىشىپ يۈرەتتى.
لېكىن ئۇلار ئا Q غا مىيىقىدىمۇ كۈلۈپ قويمايتتى، ئۇ ئاياللارنىڭ
ھەربىر سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تىڭشايدىغان بولدى،
لېكىن ئۇلارنىڭ سۆزىدە ھېچبىر ئەخلاقسىزلىق كۆرۈنمەيتتى،
بۇمۇ ئاياللاردىكى يامان كۆرۈنىدىغان قىلىقنىڭ يەنە بىرى بولسا
كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «يالغاندىن ئەخلاقلىق بولۇپ»
يۈرىدۇ.

بىر كۈنى ئا Q ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئۆيىدە گۈرۈچ ئاقلاپ،
كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئاشخانىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.
ئەگەر ئۇ باشقا بىر ئۆيدە بولغان بولسا، گەپنىڭ راستىنى ئېيتقان-
دا، كەچقۇرۇنلۇق تاماقتىن كېيىن قايتىپ كېتەتتى. جاۋنىڭ
ئائىلىسىدىمۇ باشقا ئۆيدىكىلەرگە ئوخشاش تاماقنى ئەتىگەنرەك
يەيتتى، لېكىن بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە، چىراغ ياندۇرۇشقا

بولمايتتى؛ تاماق ئىچىپ بولدۇڭمۇ، يات! پەقەت ئاندا - ساندا چىراغ ياندۇرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولاتتى، بىرىنچىدىن، ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئوغلى تېخى شيۇسەي دەرىجىسىگە ئىگە بولمىغان ۋاقىتىدا، كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن چىراغ ياقاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئا Q ئۇلارنىڭكىگە كۈنلۈك ئىش بىلەن كەلگەندە، كەچلىك تاماقتىن كېيىنمۇ گۈرۈچ ئاقلىسۇن دەپ چىراغ ياقاتتى. مانا شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئا Q ئاشخانىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئۆيىدە ۋۇما دېگەن يالغۇز خىزمەتكار ئايال بار ئىدى. ئۇ قاچا - قومۇچنى يۇيۇپ بولۇپ بەندىڭدە ئولتۇرۇپ، ئا Q بىلەن پاراڭ سېلىشقا باشلىدى:

— بىزنىڭ خېنىم ئىككى كۈن بولدى، ھېچنېمە يېمەيدۇ، چۈنكى بىزنىڭ تەقسىر قىز سېتىۋالماقچى...

«ۋۇما... ئايال — كىچىك ئازازۇل...» دەپ ئويلايتتى ئا Q ئۇنىڭغا قاراپ.

— خېنىم 8 - ئايدا تۇغىدۇ...

«ۋاي، بۇ ئايالLARنىڭ دەردى...» دەپ ئويلىدى ئا Q ۋە ئاغزىدىن غاڭزىسىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— خېنىم ...— دەپ ۋۇما تىنماستىن ۋالاقلىماقتا ئىدى.

ئا Q تۇيۇقسىز تىز پۈكۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يىقىلدى:

— كەل، بىللە ياتايلى!

ئاشخانا بىر پەس جىمجىتلىققا چۆمدى. ئاۋۋال ۋۇما ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالدى، كېيىن تىترەپ: «ۋاي ئاللا! » دەپ ۋارقىراپ، ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ قېچىپ چىقىپ كەتتى، ھەتتا ئۇ يىغلاپمۇ كەتسە كېرەك.

ئا Q نېمە قىلارىنى بىلمەي، تامغا قاراپ تىز پۈكۈپ ئولتۇرغان بويىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئاخىرى، بىر كېلىشمەسلىك بولدى دەپ، ئۇستەلنى تۇتۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ يۈرىكى





دۈپۈلدەپ كەتتى، خىجالەتچىلىكتە مەڭدەپ، غاڭزىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، يەنە ئىشقا كىرىشمەكچى بولۇۋىدى، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى. ئۇ چاپسان بۇرۇلۇپ كەينىگە قارىدى: ئۇنىڭ يېنىدا قولىغا ھىندى قومۇشىدىن ياسالغان تاياق تۇتقان شيۇسەي تۇراتتى.

— نېمە سەن؟ تۈزۈمنى يەپ تۈزلۇقۇمغا... ھەي سېنى!...

ئۇزۇن تاياق يەنە ئا Q نىڭ بېشىغا كېلىپ تەگدى، ئۇ قولى بىلەن بېشىنى توسۇۋىدى، تاياق قولىغا تەگدى، تاياق تېخىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئىشىكتىن قېچىپ چىقىپ كېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ دۈمبىسىگىمۇ تەگكەندەك قىلىپ قالدى.

شيۇسەي ئۇنىڭ كەينىدىن:

— ھەي بەتبەخت! — دەپ تىللىدى.

ئا Q يۈگۈرگەن پېتى خامانغا كېلىپ توختىدى، ئۇنىڭ قولى تېخىچىلا ئاغرىپ تۇراتتى، ئۇ «بەتبەخت» دەپ بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان تىلنى تەكرارلايتتى. چۈنكى ۋېيجۇاڭ دېھقانلىرى ھېچقاچان مۇنداق سۆزلەر بىلەن تىللاشمايتتى، ئۇ تىل پەقەت ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقىدار بولغان كىشىلەر ئارىسىدىلا قوللىنىلاتتى. شۇڭا ئا Q بۇ تىلدىن ناھايىتى قورقتى. تاياق ۋە تىل ئىشتىكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايال توغرىسىدىكى خىياللىرى يوقالدى، ئەمدى بۇ خىيال قايتىپ كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلدى. بىر پەستىن كېيىن ئا Q خاتىرجەم ھالەتكە كېلىپ، يېڭىۋاشتىن ئىككى دۇنيادىن بىغەم بولدى، خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك گۈرۈچ ئاقلاشقا كىرىشتى، بىرئاز ئىشلەپ تەرلىگەندىن كېيىن كۆڭلىكىنى يېشىۋەتتى.

شۇ چاغدا، ئۇنىڭغا ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۆمۈر بويى ھەر تۈرلۈك غوۋغاغا قىزىقىدىغان ئا Q ۋاڭ - چۇڭ چىققان يەرگە قاراپ ئالدىراپ مېڭىپ، ئاخىرى ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئىچكى-

رىكى ھويلىسىغا — ئاياللار تۇرىدىغان يەرگە كىرىپ قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە سەپسالدى. ئۇ يەردە ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئىككى كۈن تاماق يېمىگەن ئايالى، قوشنىسى زۇچى ئايىم ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى — جاۋ بەييەن بىلەن جاۋ سىچېڭ تۇراتتى.

خوجايىنىنىڭ كىچىك ئايالى ۋۇمانى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ كېلىۋېتىپ:

— ھويلىغا چىق! ... ئۆيگە كىرىۋېلىپ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما...— دېدى.

— سېنىڭ پاك ئىكەنلىكىڭنى ھەممىسى بىلىدۇ ... ئۆلۈۋالىمەن دەپ كۆڭلۈڭنى بۇزما! — دەپ زۇچى ئايىم بەزلىدى.

ۋۇما بىر نېمىلەرنى دەپ يىغلاۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى.

«قىزىق، نېمىشقا شۇنچە غوۋغا چىقىرىۋاتىدىكىن بۇ ئازازۇل؟» دەپ ئويلاپ قالدى ئا Q ۋە ھەممىنى جاۋ سىچېڭدىن سوراپ بىلىۋالماقچى بولدى.

لېكىن ئا Q ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ يەنە بايىقى تاياقنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. ئا Q ئاشخانىدا شيۇسەيدىن مانا مۇشۇ ۋاڭ - چۈڭغا باغلىق تاياق يېگىنىنى دەررۇ بايقىدى - دە، ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى، لېكىن تاياق ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. كېيىن ئۇ دەررۇ كەينىگە يېنىپ، ئارقىدىكى دەرۋازىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىغا يېتىپ كەلدى.

دېمىنى باسقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېنى جۇغۇلداپ مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى. ئەتىياز پەسلى بولسىمۇ، كەچقۇرۇنلىرى سوغۇق ئىدى ۋە تېخى يالاڭ يۇرۇش ۋاقتى كەلمىگەنىدى. شۇ زامان كۆڭلىكىنىڭ جاۋنىڭ ئۆيىدە قالغانلىقى يادىغا چۈشتى ۋە باراي دەپ





تەمشىلىپ، لېكىن ھېلىقى تاياق ئېسىگە چۈشتى - دە، يالتايدى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا دورغا كىرىپ كەلدى.

— ھەي ھايۋان! ... ئەمدى سەن ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ خىزمەتكارىغا چاپقاقلىق قىلىشقا تۇردۇڭمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن قارا يۈزلۈك؟ سەن ئادەمگە ئارام بەرمەيسەن، مېنى ئۇخلاتمايسەن. سەن ...— دەپ ۋارقىراپ، تىللاشقا باشلىدى، ئا Q نىڭ ھېچنېمە دېيىشكە ئىمكانىيىتى بولمىدى.

ئاخىرى كەچ بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭغا شاراب ئۈچۈن ئادەتتىكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ — 400 يارماق بېرىشكە توغرا كەلدى. ئا Q دا ئاقچا يوق بولغاچقا، گۆرۈگە ئۆزىنىڭ قالپىقىنى تۇتۇپ بەردى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇ مۇنداق بەش شەرتكە ماقۇل بولدى:

بىرىنچىدىن، ئا Q ئەتىسىگىلا جاۋنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئەپۇ سوراپ باش ئېگىش؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر جىڭ كېلىدىغان قىزىل شامدىن ئىككىنى ۋە بىر تۇتام ئىسرىق ئېلىپ بېرىش.

ئىككىنچىدىن، جاۋنىڭ ئائىلىسى ۋۇمانى ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش شەيتىنىدىن ساقلاش مەقسىتى بىلەن موللا چاقىرماقچى، شۇنىڭغا چىققان خىراجەتنى ئا Q تۆلەش.

ئۈچىنچىدىن، بۇنىڭدىن كېيىن ئا Q ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئۆيىگە كىرمەسلىك.

تۆتىنچىدىن، ناۋادا ۋۇماغا تۇيۇقسىز بىرنېمە بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئا Q جاۋابكار بولۇش.

بەشىنچىدىن، ئا Q قىلغان ئىشىنىڭ ھەققىنىمۇ، ئۇنتۇپ قالغان كۆڭلىكىنىمۇ دەۋا قىلماسلىق.

ئەلۋەتتە، ئا Q بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلدى، لېكىن ئاقچىسىنىڭ يوقلۇقى يامان بولدى، ئۇنىڭ بەختىگە ئەتىيازمۇ كېلىپ قالدى، ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن

ئىككى مىڭ يارماققا تۇتۇپ بەرگەن يوتقىنىسىزمۇ كۈن كەچۈرۈشكە بولىدىغان مەزگىل كەلگەنىدى. ئۇ كۆڭلىكىنى يوقىتىپ ۋە ھۆرمەتلىك جاۋ ئائىلىسى ئالدىدا باش ئېگىپ، شام ۋە ئىسرىق ئەكېلىپ بەرگەندىن كېيىن، بىرنەچچە يارماق تىيىنى قالدى، لېكىن گۆرۈگە قويغان قالپىقىنى ئېلىۋېلىش ئېسىگىمۇ كەلمەي، ھەممىسىگە ھاراق ئىچىۋەتتى.

ھۆرمەتلىك جاۋ ئائىلىسى شام بىلەن ئىسرىقنى ئېھتىيات ئۈچۈن ئېلىپ قويدى. چۈنكى خېنىم بۇنى ھەر يىلى ئىبادەتخانىغا بارغاندا كېرەك قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئا Q نىڭ كۆڭلىكىنى خېنىمنىڭ 8 - ئايدا تۇغۇلىدىغان ئوغلى ئۈچۈن يۆگەك قىلىپ، قالغان - قاتقىنىنى بېشىغا دەرد كەلگەن ۋۇما خەيگە چەم قىلىۋالدى ...

## 5

## تىرىكچىلىك مەسىلىسى

جاۋنىڭ ئۆيىدە ئۆزرىخاھلىقنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئا Q ئادەتتىكىچە ئىبادەتخانىغا قايتىپ كەلدى. كۈن ئولتۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئەجەب بىر ئىش بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ ئويلىنىپ، بۇنىڭ سەۋەبى دۈمبىسىنىڭ يالىڭاچ قالغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى سەزدى. يىرتىلىپ كەتكەن بىر كالتە چاپىنىنىڭ قالغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، شۇنى يېپىنىپ يېتىپ قالدى. ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندا، تامنىڭ غەربىي تەرىپىگە كۈن نۇرىنىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆردى، ئورنىدىن تۇرۇش بىلەنلا: «ھۇ ... ئاناڭنى! ...» دەپ تىللىۋېتىپ، ئادەتتىكىدەك كوچا كېزىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچىسىدا ئەسكى چاپان بولسىمۇ، يەنە





ئۆپچۆرىسىدە ئەجەب بىر ئىش بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. شۇ كۈندىن باشلاپ ۋېيجۇاڭدىكى ھەممە ئاياللار ئۇنىڭدىن چەتنىگەندەك بولدى، ئۇلار ئا Q نى كۆرۈش بىلەن دەررۇ ئۆزلىرىنى چەتكە تارتىپ، دەرۋازا ئارقىلىرىغا يوشۇرۇنىدىغان بولدى. 50 ياشلارغا كېلىپ قالغان زۇچى ئايىم چېغىدا ئا Q دىن قاچاتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ 11 ياشلىق قىزىنىمۇ يېتىلەپ دالدىغا ئالغۇچە ئالدىراپ كېتەتتى. بۇنىڭ ھەممىسىگە ئا Q ناھايىتى ھەيران بولدى. «نېمىشقا بۇ ھايۋانلار نومۇسچان قىزلاردەك قىلىق قىلىدۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئا Q غا دۇنيادا ئاجايىپ بىر ھادىسىلەر بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى، بىرىنچىدىن، مەي دۇكىنىدا ئۇنىڭغا نېسىگە مەي بېرىشنى توختاتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئىبادەتخانىنى باشقۇرغۇچى بوۋاي ئۇنىڭغا ئىبادەتخانىدىن كېتىدىغان ۋاقتى يەتتى دېگەننى قىلىپ، كۈندىلا غۇدۇڭشىيدىغان بولدى؛ ئۈچىنچىدىن، قانچە كۈن بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، لېكىن ھەرھالدا خېلىدىن بۇيان ئۇنى ھېچكىم ئىشقا چاقىرمايدىغان بولدى. مەي دۇكىنىنىڭ نېسىگە مەي بەرمىگىنىگە بىر نېمىلەر قىلىپ چىداشقا بولاتتى، بوۋاينىڭ غۇدۇڭشىغىنىمۇ مەيلى، غودۇڭشۇەرسۇن. بىراق ئىشسىز ئاچ ئولتۇرارمۇ ئەمدى؟ ياق ... بۇ ئا Q ئۈچۈن چاتاق بىر ئىش!

ئا Q بۇ ھالغا چىدىيالمىدى ۋە ئۆزىنىڭ كونا ياللىغۇچىلىرىدىن ئىش سورىماقچى بولدى. ئۇ ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا پېتىنالمايتتى، بىر قىزىق ئىش شۇكى، ئۇ قەيەرگىلا بارسا، ئۇنىڭ ئالدىغا پەقەت ئەرلەر چىقىپ، گويا گادايىنى ھەيدىگەندەك ئاچچىقى بىلەن:

— يوق! يوق! كەت! - دەپ سىلكىيتتى. ئا Q ھەيران بولاتتى. تېخى يېقىندىلا ئۇنى تالىشىپ ياردەمگە چاقىراتتى. ئەمدى

بولسا ھېچكىمدىن ئۇنىڭغا ئىش تېپىلمايۋاتاتتى. «بۇ يەردە بىر گەپ بار!» دەپ ئويلىدى ئا Q، ئەمدى ئۆزىنىڭ ئورنىغا شياۋ D نى ئىشقا چاقىرىدىغان بولغانلىقىنى بىلدى. بۇ شياۋ D ئورۇق، دەرمانسىز، كەمبەغەل بولۇپ، ئۇ ئا Q نىڭ نەزىرىدە ساقاللىق ۋاڭدىنمۇ پەس كىشى ئىدى. بۇ پىندەك ئۇنىڭ — ئا Q نىڭ، بىر چىنە غىزاسىنى تارتىۋالدۇ دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ ئا Q نىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. ئۇ كوچا بويلاپ، غەزەپلەنگەن ھالدا قوللىرىنى سىلكىشتۇرۇپ: «قولۇمدا سىم قامچا، ئۇرۇپ يىقىتاي دەيمەن سېنى» دەپ ناخشا ئېيتىپ يۇرەتتى.

ئاخىرى، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئا Q ھۆرمەتلىك چيەننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى توغرا تامنىڭ تۈۋىدە شياۋ Dنى ئۇچراتتى.

«دۈشمەنلەر ئۇچراشقاندا، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالىدۇ». ئا Q ئۇنىڭغا قارشى ئېتىلدى، شياۋ D مۇ توختاپ قالدى. ئا Q دۈشمىنىگە نەپرەت بىلەن كۆز تاشلىدى - دە، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتقان ھالدا:

— ھايۋان! — دەپ ۋارقىرىدى.

— مەن قوڭغۇز، قۇرت ··· بولدىمۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى شياۋ D.

لېكىن، بۇ كەمتەرلىك ئا Q نىڭ ئاچچىقىنى تېخىمۇ كەلتۈردى ۋە قولىدا سىم قامچا بولمىغانلىقتىن ئېتىلىپ كېلىپ، شياۋ D نىڭ چېچىغا ئېسىلدى.

شياۋ D بىر قولى بىلەن ئۆز چېچىنى قوغداپ، ئىككىنچى قولى بىلەن ئا Q نىڭ چېچىنى تۇتۇۋالدى. ئەمدى ئا Q غا ئۆزىنىڭ بوش قولى بىلەن ئۆز چېچىنى قوغداشقا توغرا كەلدى. ئىلگىرى ئا Q شيا D نىڭ تېخى ھەممە «چىشلىرى چىقىپ بولمىدى»[55] دەپ ئويلايتتى، لېكىن ئەمدى ئاچ يۇرۇپ، جۇدەپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئا Q غا تويۇقسىز كۈچلۈك دۈشمەنگە ئايلانغان شياۋ D





نىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئوڭايغا چۈشمىدى. تۆت قول ئىككى كۇكۇلىغا چاڭگال سالغان ھالدا، ھۆرمەتلىك چيەننىڭ ئۆيىنىڭ ئاق تېمىغا دوغىغا ئوخشاش كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ توغرا يېرىم سائەت تىرەجىشىپ تۇردى. كۆرگەنلەر خۇددى بۇلارنى ئاجراتقاندەك:

— بولار! بولار ئەمدى! — دەپ ۋارقىرايتتى.

يەنە بەزىلەر تۇتۇشۇپ قالغانلارنى ماختىغىنىمىكىن ياكى ئۇلارنى دەيدەيگە سالغىنىمىكىن:

— پاھ! پاھ! — دەپ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىشاتتى، لېكىن قىزغىن كۈرەشكە كىرىشكەن رەقىبلەر ھېچكىمنىڭ سۆزىنى تىڭشىمايتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئا Q بىر قەدەم ئىلگىرى باساتتى، شۇ چاغدا شياۋ D بىر قەدەم كەينىگە چېكىنەتتى، تۇرۇپلا ئىككىلىسى تۇرۇپ قالاتتى - دە، كېيىن شياۋ D بىر قەدەم ئىلگىرى باسقاندا، ئا Q چېكىنىپ، يەنە ئىككىلىسىلا بىر ئورۇندا قېتىپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ، يەنە يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى (ۋېيجۇاڭدا سائەت ئاز، شۇنىڭ ئۇچۇن ئېنىق ئېيتىش قىيىن، بەلكى بار - يوقى 20 مىنۇت ئۆتكەندۇر). ئۇلارنىڭ چاچلىرىدىن ھور چىققاندەك بولدى، ماڭلايلىرىدىن تەر تامچىلىرى ئاقماقتا ئىدى··· ئاخىر ئا Q نىڭ قولى ئاجرىدى، شۇ زامان شياۋ D مۇ قولىنى قويۇۋەتتى. ئۇلار ئىككىسى تەڭلا باش كۆتۈرۈپ، تەڭلا بىر - بىرىدىن كەينىگە داجىپ، توپ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.

— ئالدىرىماي تۇر، خەپ! — دەپ ۋارقىرىدى ئا Q ئارقىسىغا قاراپ.

— خەپ، سەنمۇ ئالدىرىماي تۇر! — دېدى شياۋ D مۇ ئارقىسىغا قاراپ.

«يولۋاس بىلەن ئەجدىھا» نىڭ بۇ جېڭىدە غالىبىيەت ياكى مەغلۇبىيەت يۈز بەرگەندەك بولمىدى. بۇنى كۆرگەنلەر رازى بولدىمۇ، بولمىدىمۇ بەلگىسىز. ئۇلار بۇ توغرۇلۇق ئۆز پىكىرلىرىنى

ئېيتمىدى! پەقەت شۇلا مەلۇمكى، شۇ ۋەقەدىن كېيىنمۇ ئىلگىردەكىدەك ئا Q نى ھېچكىم ئىشقا چاقىرمىدى.

بىر كۈنى، كۈن ئىسسىپ، يازنىڭ خۇشبۇي پۇرىقىنى كەلتۈرىدىغان يۇمشاق شامال چىقىپ تۇرغاندا، ئا Q نى تۇيۇقسىز بىر تىترەك باستى. بۇنىڭغا بىرنېمىلەر قىلىپ چىداشقا بولاتتى، لېكىن قورساقتا ھېچنېمە يوق ئىدى! ئا Q يوتقان، قالپاق ھەم كۆڭلىكىدىن ئايرىلغىنىغا خېلى بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پاختىلىق كالتە چاپىنىنىمۇ سېتىۋەتتى. ئەمدى يالغۇز ئىشتىنىلا قالدى، لېكىن ئۇنى سېتىۋېتىشكە ھېچبىر مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرىگە پېتەك قىلىش ئۈچۈن بەرسە ئەرزىيدىغان، ھېچكىم بىر تىيىنغا ئالمايدىغان بىر يىرتىق كۆڭلىكىلا قالغانىدى. ئا Q نىڭ يولدىن پۇل تېپىۋالغۇسى كېلىپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن بولدى، لېكىن شۇ ۋاقىتقىچە بۇمۇ توغرا كەلمىدى. ئۇ شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كەمبەغەل «كاتەك» ىدىن پۇل تېپىۋېلىش خىيالىنى سۈرۈپ يۈردى. لېكىن ئۆپچۆرىسىگە قانچە قارىسىمۇ، «كاتەك» دە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. مانا ئەمدى ئا Q ئوزۇق ئىزدەپ ماڭماقچى بولدى.

كوچىدا «ئوزۇق ئىزدەپ» يۈرۈپ، ئۇ ئۆزىگە تونۇش مەيخانىلارغا، ئاشخانىلارغا كۆزى چۈشتى، لېكىن ئۇلارغا قاراپ، توختاش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇ تىلەشنى ئويلاپمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ باشقا «ئوزۇق» ئىزدەپ يۈرەتتى، لېكىن نېمە ئىزدەپ يۈرگىنىنى تېخى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ۋېيجۇاڭ چوڭ كەنت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئا Q ئۇنى بىردەمدىلا ئارىلاپ چىقتى. كەنتتىن چىققاندىن كېيىن، سۇغا چىلىنىپ تۇرغان ئېتىزلىقلار باشلاندى؛ باش چىقارغان كۆك شاللارغا قارىساڭ، تالغان كۆزۈڭ دەم ئالغاندەك بولاتتى. ئا Q غا يىراقتا قىمىرلاپ يۈرگەن قارا - قۇرىلار كۆرۈندى، بۇ — ئېتىزلىقتا يۈرگەن دېھقانلار ئىدى. ئا Q بۇ ئىشچان دېھقانلارغا





كۆڭۈل بۆلمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ، بۇ يولدا ئۆزىگە ئوزۇق تاپالماسلىقىنى بىلەتتى. ئاخىر ئۇ خانىقانىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

ئەتراپ يەنە شۇ بايىقى شاللىق بىلەن ئورالغان، كۆك زىرائەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاق تام ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خانىقانىڭ ئارقىسىدىكى تامنىڭ كەينىدە كۆكتاتلىق بار ئىدى. ئا Q ئېھتىيات بىلەن ئۆپچۆرىسىگە قارىدى ۋە ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، يۆگىمەچكە ئوخشاش ئۈچ تارتىپ ئۆسكەن بىر نەرسىگە يامىشىپ تامغا چىقىشقا باشلىدى. لېكىن تامنىڭ كېسەكلىرى ئۆرۈلۈپ كەتتى، ئا Q نىڭ پۇتلىرىمۇ دىر - دىر تىترەيتتى. ئاخىرى تالنىڭ پۇتىقىنى تۇتۇۋېلىپ كۆكتاتلىققا سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى.

كۆكتاتلىقنىڭ ئىچى بۈك بولۇپ كەتكەن، لېكىن يېگۈدەك ھېچ نەرسە — يا مەي، يا نان يوق ئىدى. غەرب تەرەپتىكى تام تەرەپتە ھىندى قومۇشى ئۆسۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ پۇتاقلىرى كۆپ بولغان بىلەن تېخى چاينىغۇدەك پىشمىغانىدى. قىچا ئەمدى چېچەكلەۋاتاتتى، بەسەيمۇ يېڭىدىن تۈگۈلۈۋاتاتتى، تۇرۇپ، چامغۇر بولسا پىشىپ ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئا Q خۇددى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالغان موللىدەك مۇڭلۇق ھالەتتە دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، بىردىن خۇشاللىقىدىن تۇرغان ئورنىدا قېتىپ قالدى، ئۇ تۇرۇپ، چامغۇر تېرىلغان ئېتىزنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانىدى.

لېكىن ئا Q ئەمدى بىر چامغۇرنى يۇلۇۋالاي دەپ ئېڭىشكەندە دەرۋازىدىن بىرىنىڭ دۇگىلەك بېشى كۆرۈنۈپ، كېيىن يەنە يوقىلىپ كەتتى. بۇ تايىنلىق ھېلىقى ياش بۇۋى بولۇشى مۇمكىن. ئا Q بۇۋىلەرنى كۆزگە چۈشىدىغان ئەخلەتتەك كۆرەتتى. لېكىن تۇرمۇشتا «ئېھتىياتلىق بولۇش» كېرەك، ئۇ دەرھال تۆت تال چامغۇرنى يۇلۇۋېلىپ، يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، بۇ ئۇلجىسىنى ئېتىكىگە سالدى. شۇ ئارىدا قېرى بۇۋى پەيدا بولدى.

— ئامىتابا، ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم! ھەي ئا Q… سەن نېمە قىلغىلى بىزنىڭ كۆكتاتلىقىقا كىردىڭ؟ چامغۇر ئوغرىلىغىلىمۇ؟ ھەي، خۇدادىن قورقساڭچۇ! ئامىتابا!… — دېدى.

— قاچان مەن سىنىڭ كۆكتاتلىقىڭغا ئوغرىلىققا كىرىپتىمەن؟ — دەپ ئا Q چىقىدىغان ئىشىك تەرەپكە چېكىنمەكتە ئىدى.

— مانا ھازىرچۇ، ئاۋۇ نېمە؟… — دەپ، موماي ئۇنىڭ ئېتەكىنى كۆرسەتتى.

— بۇ سىنىڭ چامغۇرۇڭمىكەن؟ ئۆزلىرىدىن سوراپ باققىنا، بۇلار ئېيتىپ بەرسۇن قېنى؟… سەن…

ئا Q سۆزىنى تۈگەتمەيلا ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇنىڭ ئالدىغا يوغان قارا ئىت يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ ئىت ھەرقاچان ئالدىنقى ھويلىدا باغلاقلىق تۇرىدىغان، ھېلى قانداق قىلىپ باغقا كىرىپ قالغانلىقى نامەلۇم.

ئىت ئا Q نىڭ كەينىدىن قوغلاپ، قاۋاپ يۈگۈردى، لېكىن بەختىگە ئېتەكىدىن بىر تال چامغۇر چۈشۈپ كېتىۋىدى، ئىت قورققىنىدىن توختاپ قالدى… ھەش - پەش دېگۈچىلا ئا Q ئۈجمىگە چىقىۋالدى، ئۇنىڭدىن تامغا ئارتىلىپ، كېيىن چامغۇرلىرى بىلەن يەرگە سىيرىلىپ چۈشتى… دەرەخكە قاراپ ھاۋشۇۋاتقان قارا ئىت ۋە: «ۋاي خۇدا، تۇۋا» دەپ ۋارقىرىغان موماي تامنىڭ نېرىقى تەرىپىدە قالدى.

ئا Q چامغۇرلىرىنى يىغىۋېتىپ، قولىغا بىرنەچچە تاش ئالغاچ قاچتى. ئۇ، موماي ئىتنى قويۇۋەتمىگىيدى، دەپ قورقتى، لېكىن ئىت كۆرۈنمىدى. ئا Q تاشلارنى تاشلىۋېتىپ، ئالدىرىماي چامغۇرنى يەپ ماڭدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كاللىسىغا، ئەمدى ۋېيجۇاڭدا تۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە شەھەرگە كەتكەن ياخشى، دېگەن ئوي كەلدى.

ئۈچىنچى چامغۇرنى يەپ بولغۇچە، ئۇ ئۇزۇل - كېسىل مۇشۇ خۇلاسىگە كەلدى.





# 6

# ھالاۋەتتىن ھالاكەتكە

ئاQ ۋېيجۇاڭدا پەقەت كۈز بايرىمىدىن كېيىن پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھەممە ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ قاچان كېتىپ قالغانلىقىنى ئەسلەشكە باشلىدى. ئىلگىرى ئا Q شەھەرگە بارماقچى بولسا، ھەممىگە خۇشاللىق بىلەن خەۋەر قىلاتتى، لېكىن بۇ قېتىمدا ئۇنىڭ كەتكىنىنى ھېچكىم سەزمەي قالغانىدى. بەلكىم ئۇ ئىبادەتخانىدىكى بوۋايغا بىرەر سۆز ئېيتقاندۇر. لېكىن ۋېيجۇاڭلىقلار شۇنداق ئادەتلىنىپ قالغانكى، پەقەت ھۆرمەتلىك جاۋ ياكى شيۇسەي جانابلىرىغا ئوخشاش ئەتىۋارلىق كىشىلەرنىڭلا شەھەرگە بېرىشى ئېغىزغا ئېلىناتتى. «ئەجنەبىي شەيتان» مۇ بۇ كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرمەيتتى. دېمەك، ئا Q توغرۇلۇق سۆز قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق! شۇنىڭ ئۈچۈن، بوۋاي بۇ يېڭىلىقنى تارقىتىپ ئولتۇرمىدى، شۇڭا ۋېيجۇاڭلىقلارمۇ بىلمەي قالدى.

لېكىن ئا Q نىڭ بۇ قېتىمقى قايتىپ كېلىشى ھەقىقەتەن ھەيران قالغۇدەك ئىش. ئۇ ئۇيقۇسىرىغان ھالدا مەيخانىغا كىرىپ كەلگەندە، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ئا Q بېلىدىن بىر ئۇچۇم كۈمۈش تەڭگە ۋە قارا تىيىن ئېلىپ پەشتاقنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

— نەق تۆلەيمەن! مەي قۇي!

ئۇنىڭ ئۈچىسىدا يېڭى چاپان ۋە پوتىسىنى تۆۋەن بېسىپ تۇرغان، لىق چىڭدالغان يوغان چەندازا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئادەتتە ۋېيجۇاڭلىقلار تۇيۇقسىز باي بولۇپ كەتكەن ئادەملەرگە باشقىچە قارايتتى، لېكىن ھۆرمەتلەيتتى. ئا Q نى ئەلۋەتتە ھەممىسى

تونۇدى، ئەمما ئۇنىڭ ئىلگىرى يېرتىق كەمزۇللۇق ئا Q غا ئوخ-
شىمايدىغانلىقىنى دەررۇ سەزدى. قەدىمكىلەر: «موللا ئادەم ئۆز
يېزىسىدىن بىر ياققا ئۈچ كۈنگە چىققان بولسىمۇ، ئۇنى ئالاھىدە
ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىش كېرەك» دەيدىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ھەممىسى — دۇكان ئىگىسىمۇ، خىزمەتكارلىرىمۇ، مەيخانىدىكى
مەيخورلارمۇ، ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلارمۇ — ئا Q غا بىر ئاز گۇمان
ئارىلاش، لېكىن چوڭ ھۆرمەت بىلەن قارىدى. دۇكان ئىگىسى
ئاۋۋال سالام بېرىپ، ئاندىن كېيىن:

— ئا Q، قايتىپ كەپسىز، — دېدى.

— قايتىپ كەلدىم.

— باي بولۇپ كېتىپسىز! قۇللۇق! سىز نەدە ...

— شەھەردە بولدۇم!

بۇ يېڭىلىق ئەتىسىگىلا پۈتكۈل يېزىغا تارقالدى ۋە يېزىدىكى-
لەرنىڭ ھەممىسى ئا Q نىڭ باشقىچە بولۇپ كەتكەنلىكىگە قىزىقىش-
قا باشلىدى. ئۇ يېڭى كەمزۇللۇق ۋە ئاقچىلىق بولۇپ كەلدى
ئەمەسمۇ! بۇ توغرۇلۇق بارا - بارا مەيخانىدىمۇ، چايخانىدىمۇ،
ئىبادەتخانا دەرۋازىسى ئالدىدىمۇ سۈرۈشتۈرۈش باشلاندى. نەتىجى-
دە، ھەممىسى ئا Q غا زور ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان بولدى.
ئا Q نىڭ جۈيرېن جانابنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەنلىكى مەلۇم بولغاندا،
ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىززەت - ھۆرمەت تۇيغۇسى
بىلەن قارىدى. بۇ جۈيرېننىڭ فامىلىسى بەي ئىدى؛ لېكىن شەھەر
بويىچە بىرلا جۈيرېن بولغاچقا، ئۇنىڭ فامىلىسىنى ئاتاشنىڭمۇ ھېچ
ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، «جۈيرېن» دەپ ئېيتىشنىڭ ئۆزى
شۇ بايىنى بىلدۈرەتتى. بۇ يالغۇز پەقەت ۋېيجۇاڭلىقلارغىلا خاس
بولماي، ئەتراپتىكى 100 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يەرلەرگىمۇ تار-
قالغانىدى. تولىسى جۈيرېن جاناب دېگەن سۆزنى شۇ كىشىنىڭ ھەم
ئىسمى، ھەم فامىلىسى دەپمۇ ھېسابلايتتى. شۇنداق كىشىنىڭ





ئائىلىسىدە خىزمەت قىلىش دېگەن بوش گەپمۇ! يالغۇز شۇ خىزمە-
تى ئۈچۈنمۇ ئا Q چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە بولاتتى. لېكىن، ئا Q
نىڭ سۆزىچە، ئۇ ئۆزى جۈيرېنگە خىزمەت قىلىشتىن باش تارتقان-
مىش، چۈنكى بۇ جۈيرېن ناھايىتى يارىماس ئادەممىش، بۇ سۆز-
لەرنى ئاڭلىغانلار ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇرۇشتى، لېكىن شۇنىڭ
بىلەن بىللە خۇشالمۇ بولۇشتى. بىر تەرەپتىن، ئۇلار ھۆرمەتلىك
جۈيرېننىڭ ئۆيى ئا Q غا لايىق ئەمەس دەپ ھېسابلايتتى، يەنە بىر
تەرەپتىن، ئا Q نىڭ ئۇ يەردە ئىشلىمەسلىكى — ئېچىنارلىق ھال
ئىدى.

ئا Q نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ۋېيجۇاڭغا قايتىپ كېلىشىنىڭ
يەنە بىر سەۋەبى، شەھەرلىكلەردىن ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ قالغانلىقى
ئىدى. ئۇلارنىڭ بەندىڭنى ئورۇندۇق دەپ ئاتىغىنىغا ياكى قورۇغان
بېلىققا پىيازنى ئۇششاق توغراپ ئارىلاشتۇرغىنىغا ئوخشاش غەلىتە
قىلىقلىرىدىن باشقا، شەھەر ئاياللىرىنىڭ كوچىدا بەھۇزۇر قەدەم
تاشلاپ ماڭالايدىغانلىقىنى[56] كۆرۈپ ياقتۇرمىغان. لېكىن ئا Q
شەھەرلىكلەرنىڭمۇ ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى بار ئىكەنلىكىگە ئىقرار
بولاتتى. مەسىلەن، ۋېيجۇاڭلىقلار ھىندى قومۇشىدىن ياسالغان
32 تال ماجياڭ[57] بىلەنلا ئوينايدۇ ۋە «ماجياڭ» ئويۇنىنى پۈتۈن
يېزىدا پەقەت «ئەجنەبىي شەيتان»لا بىلىدۇ، شەھەردە بولسا، كوچا
باللىرىنىڭ ھەممىسى بۇ ئويۇنلارغا مۇتەخەسسىس. «ئەجنەبىي
شەيتان» ئەگەر ئاشۇ 10 ياشلىق باللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدى-
غان بولسا، ھەش - پەش دېگۈچە «ئەزرائىل ئالدىدا ھېچنېمىگە
ئەرزىمەس گۇناھكار» بولۇپ قالىدۇ. شۇ پاراڭلار داۋامىدا، ئۇنى
تىڭشاپ تۇرغانلار، ھەتتا قىزىرىپ كەتتى.

— باش كەسكەننى كۆردۈڭلارمۇ سىلەر؟ — دەپ بىردىنلا
سورىدى ئا Q، — مانا بۇ ھەيۋەت ئىكەن! مەن شەھەردە ئىنقىلاب-

چىلارنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلۇپ، چېپىلغانلىقىنى كۆردۈم… ئاجايىب بىر ياخشى تاماشا!…

ئۇ بېشىنى چايقاپ، ئالدىدا تۇرغان جاۋ سىچېڭنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىۋەتتى. تىڭشاپ تۇرغانلار چۆچۈپ كەتتى. ئا Q ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويۇپ، تۇيۇقسىز قولىنى كۆتۈردى - دە:

— مانا مۇشۇنداق! — دەپ، بويىنىنى سوزۇپ تىڭشاپ تۇرغان ساقاللىق ۋاڭنىڭ گەجگىسىگە بىرنى قويدى. ساقاللىق ۋاڭ قورققىنىدىن دەررۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئارقىسىغا داجىدى. بۇ ۋەقە ھەممىنى خۇشاللاندۇردى ۋە تەشۋىشلەندۈردى، ساقاللىق ۋاڭ بىرنەچچە كۈن داۋامىدا ئۆزىگە كېلەلمەي يۈردى ۋە قايتا ئا Q نىڭ يېنىغا كېلىشكە پېتىنالماس بولدى. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، قالغانلىرىمۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئا Q دىن يىراق تۇرۇشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان بولدى.

ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ئالدىدا ئا Q ناھايىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەگەر ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ دەرىجىسىدەك ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولدى دېسەكمۇ ئارتۇق بولمايدۇ.

بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئا Q نىڭ شۆھرىتى ۋېيجۇاڭ ئۆيلىرىنىڭ قازناقلىرىغىمۇ مەلۇم بولدى. ھەقىقەتتە، پۈتكۈل يېزا بويىچە پەقەت ھۆرمەتلىك جاۋ بىلەن، ھۆرمەتلىك چيەننىڭ ئۆيلىرىدىلا ئاياللار بۆلمىلىرى بولۇپ، باشقا ئۆيلەردە، ئومۇمەن، ھېچقانداق بۆلمىلەر بولمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئايال بۆلمىسى — ئايال بۆلمىسى بويىچە قالىدۇ، ئا Q نىڭ شۆھرىتى شۇ بۆلمىلەرگە مەلۇم بولۇشى، ھەقىقەتەن ھەيران بولغۇدەك ئىش. ئاياللار بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، زۇچى ئايىمنىڭ ئا Q دىن كۆك يىپەك كۆڭلەك سېتىۋالغانلىقى ۋە بۇ كۆڭلەك كىيىلگەن بولسىمۇ، 90 تىيىن تۆلىگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىشەت-





تى. بۇنىڭدىن باشقا، جاۋ بەييەننىڭ ئانىسىمۇ (باشقىلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، چاۋ سىچېڭنىڭ ئانىسى — بۇ تېخى ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ) چەت ئەل قىزىل پولوتنو (چەكمەن) سىدىن تىكىلگەن، يېڭى دېگۈدەكلا كىچىك بالا كۆڭلىكىنى 300 تىيىنغا سېتىۋاپتۇ، دېيىشەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ۋېيجۇاڭ ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى بىر ئامال قىلىپ ئا Q بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ كويىدا ئىدى. بەزىبىرلىرى ئا Q دىن يىپەك كۆڭلەك، بەزىلىرى چەت ئەل پولوتنوسىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك سېتىۋېلىشنى خالايتتى. ئەمدى ئۇلار ئا Q نى كۆرسە قاچماي، ئۆزلىرى ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— ئا Q سېنىڭدە يىپەك كۆڭلەك يوقمۇ؟ ئۇ بولمىسا بەلكى پولوتنو كۆڭلەك تېپىلىپ قالار؟ — دەپ سورايدىغان بولدى.

زۇچى ئايىمنىڭ سېتىۋالغان نەرسىلىرى توغرىسىدىكى خەۋەر ئوتتۇراھال ئايال بۆلمىلىرىدىن باي ئاياللار بۆلمىلىرىگە يەتتى. زۇچى ئايىم خۇشال ھالدا ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئايالىدىن يىپەك كۆڭلەكنى باھالاپ بېرىشنى سورىغاندا، ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئۆز ئېرىگە ئېيتىپ بېرىپ، كۆڭلەكنى ناھايىتى ماختىدى. ھۆرمەتلىك جاۋ كەچلىك تاماق ئۈستىدە، شيۇسەي بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ ئا Q نىڭ پەيلى يامان، ئىشىك ۋە دېرىزىلەرنى مەھكەمرەك يېپىپ يېتىش كېرەك، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ماللىرى توغرۇلۇق بولسا، ياخشىراقلىرى قالغان بولسا سېتىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ، دېدى. ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئايالىنىڭ ئەرزانراق، ياخشى جۇۋا ئالغۇسى كەلدى. ئائىلە كېڭەشمىسىدە زۇچى ئايىمغا چاپسانلىق بىلەن ئا Q نى تېپىپ كېلىش ئىشى تاپشۇرۇلدى ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يەنە بىر يېڭى مۇراسىم چىقتى: يەنى بۇ ئاخشام چىراغنىمۇ ياندۇرۇپ قويدى.

بىر تالاي ياغ كۆيۈپ كەتتى، ئەمما ئا Q تېخىچىلا يوق ئىدى.

جاۋ ئائىلىسى ئەسنەك باسقان ھالدا، ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. ھەممىسى ئا Q نى ۋە شۇنچە كېچىككىنى ئۈچۈن زۇچى ئايىمنى تىللىغىلى باشلىدى. ھۆرمەتلىك جاۋنىڭ ئايالى: ئەتىيازدا ۋۇما بىلەن چاتاق تۇغدۇرغان، شۇڭا ئا Q ئېھتىيات قىلىپ كەلمەسمىكىن، دەپ ئەنسىرىدى. لېكىن ھۆرمەتلىك جاۋ بۇ پەرەزلەرنى ئاساسسىز دەپ ھېسابلايتتى، چۈنكى ئا Q نى «ئۆزۈم» قىچقارتتىم دەيتتى. دېگەندەكلا بۇ دورەم ئۇنىڭ سۆزى توغرا بولۇپ چىقتى. ئاخىر ئا Q زۇچى ئايىم بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى.

— بۇ ھېچنېمەم يوق دەيدۇ، مەن ئۆزۈڭ بېرىپ ئېيتقىن دېسەم، يەنە شۇنداق دەپ تۇرۇۋالدى. مەن مۇنداق ···— دەپ زۇچى ئايىم ئېشىكتىن كىرە - كىرمەيلا ۋالاقلاشقا باشلىدى.

— بېگىم···— ئا Q پېشايۋان ئاستىدا تۇرۇپ سۆزلىدى.

ھۆرمەتلىك جاۋ يېقىن كېلىپ، باشتىن - ئاياغ كۆز يۈگۈرتۈپ:

— سىزنى باي بولۇپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. ئەلۋەتتە بۇ ياخشى ··· بۇ ناھايىتى ياخشى ··· ھە ··· سېنىڭدە بىرمۇنچە نەرسىلەر بار دېيىشىدۇ ··· ئەكېلىپ كۆرسەتسەڭ بولىدۇ··· ئەندىشە قىلما، بەلكى ماڭا ···— دەپ ئا Q نىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— مەن زۇچى ئايىمغا ئېيتتىمغۇ··· ھەممىنى سېتىۋەتتىم ···

— سېتىۋەتتىم؟ شۇنداق چاپسانما؟ — دېدى ئۇ، خۇددى چۆچۈگەندەك قىلىپ.

— ئۇلار مېنىڭ تونۇشۇمنىڭ نەرسىلىرى ئىدى، ئازراقلا نەرسە ئىدى ··· ھەممىسى سېتىلىپ كەتتى ···

— بەلكى بىرەر نەرسە قالغاندۇر؟

— يالغۇز ئىشىك پەردىسىلا قالدى.

جاۋ ھەزرەتنىڭ ئايالى ئالدىراشلىق بىلەن:

— ئىشىك پەردىسىنى ئەكەلگىن ··· كۆرۈپ باقايلى! ···—





دېدى.

— بوپتۇ، ئەتە كېلەرسەن، — دېدى جاۋ ھەزرەت.

— ئەمدى يەنە بىرەر نەرسە قولۇڭغا چۈشسە، ئالدى بىلەن بىزگە ئەكېلىپ كۆرسەت···

— بىزمۇ باشقىلاردىن كەم باھا قويمايمىز، — دەپ قويدى شيۇسەي.

شيۇسەينىڭ ئايالى، بۇ سۆزنىڭ ئا Q غا تەسىر قىلغان - قىلمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.

— ماڭا قىشلىق كالتە جۇۋا كېرەك، — دېدى جاۋ ھەزرەتنىڭ ئايالى.

ئا Q چىقىپ كېتىۋېتىپ، ناھايىتى سۇس ۋەدە قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ راست ياكى يالغان ئېيتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇنى كۆرگەن جاۋ ھەزرەتنىڭ ئايالى بارلىق ئىشەنچىنى يوقاتتى. شيۇسەيگىمۇ ئا Q نىڭ قىلىقلىرى ياقمىدى ۋە ئۇ چىقىپ كېتىشى بىلەن بۇ «بەتبەخت» دىن يىراقراق بولۇش كېرەكلىكىنى، مۇمكىنقەدەر مۇشۇ تاپتىلا دورغىغا خەۋەر قىلىپ، ئا Q نىڭ ۋېيجۇاڭدا تۇرۇشىنى مەنئى قىلدۇرسا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن جاۋ ھەزرەت مۇنداق چارىنىڭ ئاداۋەت تۇغدۇرۇشى مۇمكىنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن كىشىلەر «ئۆز ئۇۋىسىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىن ئوزۇق ئىزدىمەيدىغان بۈركۈت» كە ئوخشاشلىقىنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ يېزىسىدا خەۋپلىنىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، پەقەت كېچىسى پات - پات ئويغىنىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شيۇسەي بۇ «ئۆي نەسىھەتى» نى تىڭشاپ بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى ۋە شۇ زامان ئا Q نى قوغلىۋېتىش نىيىتىدىن ياندى. ئۇ زۇچى ئايىمغا، بۇ سۆزلەرنى ھېچكىمگە ئېيتمىغىن، دەپ جېكىدى. ئەتىسىگىلا زۇچى ئايىم بىر مىنۇت ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزمەي،

كۆك يىپەك كۆڭلىكنى باشقا رەڭگە بويىدى ـ دە، شۇنىڭدىن كېيىن ئا Q توغرىسىدا بولغان گۇمانلىرىنى كۆرگەنلا كىشىگە ئېيتىۋەردى. راست، ئۇ شىيۇسەيىنىڭ ئا Q نى يېزىدىن قوغلىۋەتمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا ئۈنچىقمىدى.

ئا Q نىڭ بەختسىزلىكى مانا شۇنىڭدىن باشلاندى. ئالدى بىلەن دورغا كېلىپ ئىشىك پەردىسىنى تارتىۋالدى. ئا Q پەردىنى جاۋ ھەزرەتنىڭ ئايالى كۆرۈپ باقماقچى بولغانلىقىنى ئېيتسىمۇ، قايتۇرۇپ بەرمەك تۈگۈل، ھۆرمەت بەلگىسى تەرىقىسىدە ھەر ئايدا ئادەمگەرچىلىك قىلىپ پۇل تۆلەپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن قالسا، ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ئا Q غا بولغان مۇناسىۋىتىمۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى مەنسىتمىگەنلىكىنى بىلدۈرمەيتتى، لېكىن ئۇنىڭدىن يىراقراق يۈرۈشكە تىرىشىدىغان بولدى. ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ «ئۆزىنى يىراقراق تۇتۇش» توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ناھايىتى قالايمىقان ئىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ھازىرقى مۇئامىلىسى، ئا Q نىڭ شەھەردىكى ئادەم ئۆلتۈرۈش جازاسى توغرىسىدىكى ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرىدىن كېيىن ئۇلاردا پەيدا بولغان خەۋپ ئارىلاش ھۆرمەت بەلگىلىرىدىن ھېچ نەرسە قالمىغانىدى.

ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ئىچىدە ئا Q نىڭ قىلمىش ئىشلىرىنى مۇپەسسەل بىلىۋالغۇسى كېلىپ يۈرگەنلەرمۇ بار ئىدى. ئا Q ھېچ نەرسىنى يوشۇرماي، ئۆز «تەجرىبە»لىرىنى پەخىرلىنىش بىلەن ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇ ۋېيجۇاڭلىقلار ئا Q نىڭ قىلغان ئىشى چاغلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشتى: ئۇ تامدىن ئارتىلىپ ئوغرىلىققا چۈشمەي، پەقەت تام تۈۋىدە ساقچىلىق قىلىپ، ئۇياقتىن چىققان نەرسىلەرنى ئالىدىكەن. بىر كۈنى كېچىسى باشلىقى ئا Q غا بىر قاپنى سۇنۇپ بېرىپ، ئۆزى ئىككىنچى قاپنى ئېلىشقا ماڭغاندا، بىردىن ۋاڭ ـ چۇڭ ئاڭلىنىپ قاپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئا Q دەررۇ





قېچىشقا ئالدىراپتۇ، شۇ كېچىسىلا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ شەھەر تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، ۋېيجۇاڭغا قېچىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ مۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشماپتۇ.

ئا Q نىڭ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئېيتىپ بەرگەن بۇ ھېكايىسى ئۇنىڭغا تېخىمۇ زىيانلارنى ئەكەلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ۋېيجۇاڭلىقلار ئا Q نىڭ چىشىغا تېگىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن يىراقراق بولۇشقا تىرىشىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلىشقا پېتىنالمايدىغان ئۇششاق ـ چۈششەك ئوغرىلاردىن ئىكەنلىكىنى كىم بىلگەن! ئۇلارنىڭ ئا Q دىن قورقۇپ يۈرگىنى بىكار بولۇپ چىقتى: ئۇ ھەقىقەتەن: «قورقۇشقا ئەرزىمەيدۇ»غان ئادەم ئىكەن!

## 7

## ئىنقىلاب

شۇەنتۇڭ خاندانلىقىنىڭ 3 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى[58] — ئا Q جاۋ بەييەنگە ئۆزىنىڭ چەندازىسىنى ساتقان كۈنى — ئۈچ جىڭ ۋاقتىدا جاۋ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كېمە توختايدىغان جايغا قارا لەمپىلىك بىر كېمە كېلىپ توختىدى. بۇ ۋاقىتتا يېزىدىكىلەر قاتتىق ئۇيقۇدا بولغاچقا، ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن كېمە قايتىپ كەتتى، مانا شۇ ۋاقىتتا ئۇنى كۆرۈپ قالغانلار بولدى. قۇلىقى ئۇزۇن ئادەملەر بۇ كېمە جۈيرېن جانابىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى!

بۇ كېمىلەر ۋېيجۇاڭلىقلارنى غۇلغۇلىغا سالدى ۋە كۈن چۈش بولمايلا ھەممە ئاھالىنىڭ يۈرەكلىرى خەۋپ تۈيغۇسىغا تولدى. جاۋنىڭ ئۆي ئىچى كەلگەن كېمىنىڭ مەقسىتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشسىمۇ، چايخانا ۋە مەي دۇكىنىدا: ئىنقىلابچىلار شەھەرگە

بېسىپ كىرىپ كېلىۋاتقۇدەك، جۇيرېن جاناب شەھەردىن ۋېيجۇاڭغا قېچىپ كەپتۇ، دېگەن سۆز تارقالدى. پەقەت زۇچى ئايىم باشقا پىكىردە ئىدى. ئۇ، جۇيرېن جاناب جاۋنىڭ ئۆيىگە ئامانەتكە بىرنەچچە كونا ساندۇقلىرىنى ئەۋەتكەنىكەن، لېكىن جاۋ ھەزرەت قوبۇل قىلماي قايتۇرۇۋەتتى، دېدى. ھەقىقەتەن جۇيرېن ۋە شيۇسەي جانابلىرى ئىلگىرى چىقىشالماي يۈرەتتى، دېمەك، «بېشىغا كۈن چۈشكەندىمۇ» ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، زۇچى ئايىم جاۋ ئائىلىسىنىڭ قوشنىسى ئىدى ۋە جاۋنىڭ ئۆيىدە بولغان ئىشلارنى باشقىلاردىن كۆرە كۆپرەك بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزى توغرا بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداق بولسىمۇ، جۇيرېن توغرۇلۇق مىش-مىش سۆزلەر بېسىلمىدى. ئەمدى بىرمۇنچىلار، جۇيرېن جاناب ئۆزى كەلمەپتۇ، لېكىن ئۆز ئائىلىسى بىلەن جاۋ ھەزرەت ئائىلىسى ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇزۇن خەت يېزىپ ئەۋەتىپتۇ، دېگەن سۆز تارقاتتى، جاۋ ھەزرەت ياخشى ئويلىنىپ، بۇنىڭدا ھېچقانداق يامانلىق يوق، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى ۋە جۇيرېن جانابلىرىنىڭ ئەۋەتكەن ساندۇقلىرىنى ئېلىپ قويۇپتۇ، خەتنى بولسا ئۆز ئاياللىرىنىڭ كارىۋىتى ئاستىغا تىقىپ قويۇپتۇ، دېگەن مىش-مىش سۆزلەرمۇ بولدى. ئىنقىلابچىلار توغرىسىدا بولسا، شۇ كېچىسىلا شەھەرنى بېسىۋاپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھ چۇنجېننى ئەسلەپ ماتەم بەلگىسى ئۈچۈن، ئاق ساۋۇت ۋە ئاق تۆمۈر قالپاق كىيىۋاپتۇ[59] دەپ گەپ تارقىتىشتى.

ئا Q ئىنقىلابچىلار توغرىسىدىكى سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ يۈرگىلى خېلى زامان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يېقىندىلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنىڭ ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. نېمىشقىدۇر، ئۇ ئىنقىلابچىلارنىمۇ ئىسيانچىلارغا ئوخشاش دەپ ھېسابلايتتى، ئىسيانچىلار بولسا





ئا Q غاياقمايتتى. ئا Q ئۇلارنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى ۋە ئۇلارغا قەتئىي قارشى ئىدى، لېكىن ئۇ پۈتۈن ئەتراپقا داڭقى كەتكەن جۇيرېن جانابلىرىنىڭ ئۇلاردىن شۇنچە قورقۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچبىر كۈتمىگەنىدى. ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان بۇ ئەنسىزچىلىك ئەكسىچە ئا Q نى خۇشال قىلاتتى.

«ئىنقىلاب بولسا، بولسۇن ...— دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بۇ قارغىش تەگكۈرلەرنى دۇم كۆمتۈرۈۋەتكىدى... مەن ئۆزۈممۇ ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىشكە قارشى ئەمەس!»

ئاخىرقى كۈنلەردە ئا Q نىڭ پۇلى قالمىدى. ئۇ چۈشلۈكى ئاچ قورساققا ئىچىۋەتكەن ئىككى پىيالە مەيدىن كېيىن مەست بولۇپ قالدى. بۇ يېڭى خىياللار ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر تۇيغۇلارنى ئويغاتتى، نېمىشقىدۇر ئا Q غا، ئۇنىڭ ئۆزى ئىنقىلابچىدەك، ۋېيجۇاڭلىقلار بولسا، ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن ئەسىرلەردەك بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ شۇنداق خۇشال بولدىكى، ھەتتا ئۆزىنى تۇختىتالماي:

— ئىسيان! ئىسيان! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ۋېيجۇاڭلىقلار قورققان، چۆچۈگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارايتتى. بۇنداق بىچارە كۆزلەرنى ئا Q ھېچقاچان كۆرگەن ئەمەس، ئەمدى ئۇ شۇنداق راھەتلىنىپ كەتتىكى، گويا 6-ئاينىڭ تومۇزىدا مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئىچكەندەك بولدى. ئۇ ناھايىتى ياخشى كەيپىيات بىلەن كوچىدا كېتىپ بېرىپ:

— ياخشى! ... نېمە خالىسام شۇ بولىدۇ! ... ئەگەر بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالسام، ئۇمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ! ...— دەپ ۋارقىراپ يۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن:

— ترا-تا-تا! قولۇمدا سىم قامچا بار مېنىڭ، ئۇرۇپ يىقىتسام دەيمەن سېنى! ...— دەپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقىلى باشلىدى.

جاۋ ئائىلىسىنىڭ ئەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئۇرۇق-تۇغقىنى بىلەن دەرۋازا ئالدىدا ئىنقىلاب توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشىپ

تۇراتتى.
ئا Q ئۇلارنى كۆرمەي، بار ئاۋازى بىلەن «ترا ـ تا ـ تا»
نى ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتتى.
— ھۆرمەتلىك ئا Q، — دېدى ئېھتىيات بىلەن جاۋ ھەزرەت.
«ترا ـ تا...». ئا Q ھېچقاچان «ھۆرمەتلىك» دېگەن سۆزنى
ئۆزىگە مۇناسىپ دەپ ئويلىمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جاۋ ھەزرەت
ماڭا ئالاقىسى يوق سۆزلەرنى قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ۋارقىرد-
غان ھالدا ئۆتۈپ كېتىۋەردى.
— ئا Q! — دېدى شيۇسەي ئا Q نىڭ ئىسمىنىلا ئاتاپ.
ئا Q دەررۇ توختاپ قارىدى ـ دە:
— نېمە؟ — دەپ سورىدى.
— ئىززەتلىك ئا Q، ئەمدى سەن...— دەپلا جاۋ ھەزرەت
سۆز تاپالماي قالدى، — قانداق ئەمدى سەن؟ ئىشلىرىڭ مۇۋەپپە-
قىيەتلىكمۇ؟
— مۇۋەپپەقىيەت؟ ئەلۋەتتە. نېمە خالىسام، شۇ بولىدۇ...
— بۇرادەر ئا Q، بىزگە ئوخشاش كەمبەغەل دوستلارغا گەپ
يوقتۇ، ئەگەر...— جاۋ بەييەن ئا Q دىن ئىنقىلابچىلار توغرىسىدا
گەپ ئالماقچى ئىدى.
— كەمبەغەل دوستلار؟ سەن مېنىڭدىن بايراقتۇ دەيمەن، —
دەپ جاۋاب بېرىپ، ئا Q يۈرۈپ كەتتى.
دەرۋازا تۈۋىدە قالغانلار نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۈنچىقماي
تۇرۇپ قالدى. كېيىن جاۋ ھەزرەت بالىسى بىلەن ئۆيگە كىرىپ،
پۈتۈن ئاخشامنى ئاللىقانداق مەسلىھەت ئۈستىدە ئۆتكۈزدى.
جاۋ بەييەن بولسا ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، بېلىدىكى
چەندازىسىنى چىقىرىپ، ساندۇقنىڭ ئەڭ تېگىگە تىقىۋېتىش ئۈ-
چۈن ئايالىغا بەردى.
ئا Q كەچ كىرگۈچە قىن ـ قىنىغا پاتماي يۈرۈپ، ئاخىر





كەيپى تارقىلىپ، ئۆز ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ كەلدى. بۇ ئاخشام
بوۋايمۇ ناھايىتى خۇشخۇي ئىدى، ئۇ ئا Q نى چايغا تەكلىپ
قىلدى. ئا Q ئۇنىڭدىن ئىككى نان سورىۋېلىپ دەررۇ يەۋەتتى ـ
دە، تۆت سەر شام تەلەپ قىلدى، ئا Q ئۇنى شامدانغا قويۇپ
ياندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تار «كاتەك» ىدە يېتىپ قالدى. يېڭى ئەھۋال
ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشال قىلدى، ئۇ خۇشاللىقىدا سۆزمۇ
قىلالمايتتى. شام يېڭى يىل كېچىسىدىكىدەك پىلدىرلاپ يېنىپ
تۇراتتى، ئـا Q نىڭ خىياللىرىمـۇ ھەر تەرەپـكە چـېچىلـماقتا
ئىدى...
«ئىسيان؟ قىزىق... ئاق تۆمۈر قالپاق ۋە ئاق ساۋۇت كىي-
گەن ئىنقىلابچىلار كېلىدۇ... ئۇلارنىڭ قوللىرىدا قىلىچ، قامچى-
لار، بومبىلار، چەت ئەل زەمبىرەكلىرى، ئۈچى ئۈچلۈق ۋە قوش
قىلىچلار، ئىلمەك نەيزىلەر... ئۇلار ئىبادەتخانىنىڭ يېنىغا كې-
لىپ: ‹ئا Q، يۈر، بىز بىلەن!...› دەپ ۋارقىرايدۇ. مەنمۇ
ئۇلار بىلەن بىللە كېتىمەن... مانا قىزىقچىلىق!... ۋېيجۇاڭنىڭ
ھەممە ئەر ـ ئاياللىرى تىز پۈكۈپ: ‹ئا Q، رەھىم قىل!›
دەپ ۋارقىرايدۇ. لېكىن كىم ئۇلارنى تىڭشىسۇن! ئەڭ ئاۋۋال
شياۋ D بىلەن جاۋ ھەزرەت ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولىدۇ،
ئۇنىڭدىن كېيىن، شيۇسەي ۋە ‹ئەجنەبىي شەيتان›... بەلكى بىرە-
رىنى قالدۇرۇپ قويۇش كېرەكتۇ؟ ساقاللىق ۋاڭنى قالدۇرسىمۇ
بولىدىغۇ دەيمەن. لېكىن ئۇنىمۇ ئاياشنىڭ ھاجىتى يوق. نەرسى-
لەرنى قانداق قولغا چۈشۈرۈش كېرەك؟ توغرا، بېرىپ ساندۇقلار-
نى ئېچىش كېرەك!... يامبۇ، تىللا، يارچەن، چەت ئەل گەز
ماللىرى... ئالدى بىلەن شيۇسەي بىلەن ئايالىنىڭ نىڭبودا ياسال-
غان ناھايىتى ياخشى كارىۋىتىنى ئىبادەتخانىغا ئەكېلىۋېلىش كې-
رەك، ئۇنىڭدىن كېيىن چيەن ئائىلىسىنىڭ ئۈستەل ۋە ئورۇندۇق-
لىرىنى ياكى ھېلىقى جاۋنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى... ئۆزۈم ھېچنېمىگە

قول تەگكۈزمەيمەن، ھەممىنى شياۋ D ئۆزى توشۇسۇن، توشۇغاندا تېتىكرەك ماڭسۇن، ئەگەر دېگەندەك ئىشلىمەيدىغان بولسا، كاچىتىغا سېلىش كېرەك ...، جاۋ سىچېڭنىڭ سىڭلىسى ناھايىتى سەت ... زۇچى ئايىمنىڭ قىزى ... چوڭ بولسۇن، شۇ چاغدا گەپلىشەرمىز! ‹ئەجنەبىي شەيتان› نىڭ ئايالى چاچسىز ئەر بىلەن يېتىۋەرسۇن! ... تۇفدىي، ئىپلاس! شيۇسەينىڭ ئايالىنىڭ كۆزىدە ئېقى بار ... ۋۇما ئۇزۇن بولدى كۆرۈنمەيدۇ، ئۇنىڭ نەگە يوقىلىپ كەتكەنلىكى بەلگىسىز ... لېكىن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يوغانلىقى يامان ...»

ئا Q ھەممىنى دېگەندەك ياخشى ئويلىنىپ بولمايلا، خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. تۆت سەرلىك، يېرىم غېرىچ كېلىدىغان شام كۆيۈپ، پىلدىرلىغان قىزىل نۇرى ئا Q نىڭ ئوچۇق ئاغزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئا Q چۇشەكەپ تۇيۇقسىز: «ھا ـ ھا» دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە قەيەردە ياتقانلىقىنى بىلمىگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆزى كۆيۈپ تۇرغان شامغا كېلىپ توختىدى ـ دە، دەررۇ باشقىدىنلا ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى ئا Q ۋاخچە تۇرۇپ تالاغا چىقىپ قارىدى. ئەتراپتا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق، قورسىقى ئاۋۋالقىدەكلا ئاچ ئىدى. ئۇ بىرەر نەرسە ئويلاپ تېپىشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆردى، لېكىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ئاخىر ئۇنىڭ ئويىغا بىر نەرسە كەلگەندەك بولدى ۋە زورىغىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، ئەيتاۋۇر خالار ـ خالىماس ھالدا خانىقاغا قاراپ ماڭدى.

دېرىزىلىرى ئاق قاپقاقلىق ۋە دەرۋازىسى قارا سىرلىق خانىقا، ئا Q «ئۇزۇق ئىزدەپ» ئاتلانغان ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدىكىدەك جىمجىتلىقتا چۆككەنىدى. ئۇ يېتىپ كېلىپ دەرۋازىنى قاقتى. ھويلىدا ئىت ھاۋشىدى، ئا Q دەررۇ بىرنەچچە خىش پارچىسىنى ئېلىپ، ئۇلار بىلەن تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇرغىلى باشلىدى، بىر





پەستە قارا سىر ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان ئىزلار پەيدا بولدى. ئاخىر قورۇدىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقان تىۋىشى ئاڭلاندى.

ئا Q خىش پارچىلىرىنى مەھكەم تۇتۇپ، پۇتلىرىنى كەڭ كېرىپ، چىڭ تۇرۇپ، ئىت بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلىنىپ تۇردى. لېكىن ئىشىك قىيا ئېچىلدى ـ دە، قارا ئىت ئەمەس، قېرى بۇۋى كۆرۈندى.

— سەن يەنە نېمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ چۆچۈگەن ھالدا.

— ئىنقىلاب بولۇۋاتىدۇ ... بىلەمسەن؟ — دېدى ئا Q.

— ئىنقىلاب! ... بۇ يەردە ئىنقىلاب بولدىغۇ ... يەنە نېمە قىلاي دەيسىلەر بىزنى؟ — دەپ سورىدى قېرى بۇۋى قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

— نېمە؟ — ئا Q ئەجەبلەندى.

— بۇ يەرگە كېلىشىپ بىزدە ئىنقىلاب قىلغانلىرىنى بىلمەمسەن تېخى؟

ئا Q تېخىمۇ ھەيران بولدى:

— كىم كەلدى؟

— شيۇسەي بىلەن «ئەجنەبىي شەيتان!»

ئا Q مەڭدەپ قالدى. موماي ئۇنىڭ ھاسىرىشىنى كۆرۈپ، شۇ زامان ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتتى، ئا Q ئىشىكنى ئىتتىرىۋىدى، ئېچىلمىدى، ئۇ يەنە ئۇرغىلى باشلىدى، لېكىن ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى.

بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئەتىگەنلىكى يۈز بەردى. شيۇسەي يېڭىلىقلارنى بىلىۋېلىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ شەھەرنى بېسىۋالغان خەۋىرىنى ئاڭلىشى بىلەنلا دەررۇ چېچىنى تۇرۇۋېلىپ، سەھەردىلا چيەننى — «ئەجنەبىي شەيتان» نى يوقلاپ كېلىشكە ماڭدى. مۇشۇ كۈنگىچە ئۇلار چىقىشالماي يۈرەتتى، لېكىن

ئەمدى «پۇتكۇل ئىسلاھات» ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار دەررۇ يېقىن دوستلارغا ئايلاندى ۋە بىرلىشىپ ۋېيجۇاڭدا ئىنقىلاب قىلماقچى بولۇشتى.

ئۇلار ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، ئاخىر بىر نەتىجىگە كەلدى. خانىقادا «پادىشاھ ياشىسۇن!» دېگەن يېزىق نەقىش قىلىنغان شاھانە تاختاي بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئويىچە ئەڭ ئاۋۋال مانا مۇشۇ تاختاينى يوق قىلىش كېرەك ئىدى. ئۇلار ئىشنى كېچىكتۇرمەي خانىقاغا قاراپ كەتتى.

قېرى بۇۋى ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى، لېكىن ئۇلار موماينى «مانجۇ ھۆكۈمىتى» دەپ قاراپ خېلىلا دۇمبالىدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئېسىنى يىغىۋېلىپ قارىسا، شاھانە تاختاينىڭ يەردە سۇنۇپ ياتقانلىقىنى ۋە ئايال سەنەمنىڭ ئالدىدا ئۇرغان شۇەندې پادىشاھى زامانىسىدىكى مىس ئىسرىقداننىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

بۇ ۋەقەلەر ئا Q غا خېلى كېيىن مەلۇم بولدى. ئۇ ئۇخلاپ قالغىنىغا ناھايىتى پۇشايمان يېدى ۋە ئۇلارنىڭ چاقىرماستىن كەتكەنلىكلىرىگە ئاچچىقى كەلدى: «مېنىڭ ئىنقىلابچىلارغا ئەل بولغىنىمنى تېخىچىلا بىلمەي يۈرەمدىكىنا ئۇلار؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

8

## ئىنقىلاب قىلىشقا رۇخسەت قىلمىدى

ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ ئەنسىزلىنىشى ئاستا ـ ئاستا بېسىلدى. ئۇلار ئىنقىلابچىلار شەھەرنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، ئۇ يەردە ھېچبىر جىددىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولمىغانلىقىنى بىلدى. ئامبال ئۆز ئورنىدا قاپتۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئۇنۋانى ئۆزگىرىپتۇ. جۈيرېن جاناب





يەنە يېڭى ئۇنۋانغا ئىگە بوپتۇ، لېكىن ۋېيجۇاڭلىقلار بۇ يېڭى ئۇنۋانلارنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى. چېرىكلەرگە ئاۋۋالقىدەك مىڭبېشى باشچىلىق قىلغۇدەك. لېكىن بىر كېلىشمەسلىك بوپتۇ: بىرنەچچە بولمىغۇر ئىنقىلابچىلار ئىنقىلابنىڭ ئەتىسىگىلا زورلۇق بىلەن ئەرلەرنىڭ چاچلىرىنى قىرقىغىلى باشلاپتۇ.[60] مىش ـ مىش پاراڭلارنىڭ ئورانىغا قارىغاندا، قوشنا يېزىنىڭ قېيىقچىسى يەتتە جىڭ شۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، ئادەم تەقلىدىنى يوقىتىپ چاچسىز قاپتۇدەك. ۋېيجۇاڭلىقلار ئۈچۈن بۇ ئۇنچىۋالا خەۋپلىك نەرسە ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار شەھەرگە تولا قاتنىمايتتى. ئەگەر بىرەر كىشى بارماقچى بولغان بولسا، چېچىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇ نىيىتىدىن قايتمىغىمۇ ئوڭاي ئىدى. ئۆزىنىڭ شەھەردىكى كونا دوستلىرىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولغان ئا Q بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەنلا سەپەردىن يالتايدى.

ھەر ھالدا ۋېيجۇاڭدا ھېچ نەرسە ئۆزگەرمىدى دەپ ئېيتىشقا بولمايتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چېچىنى تۇرۇۋالغان ۋېيجۇاڭلىقلارنىڭ سانى كۆپەيدى ۋە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، بۇ ئىشتا شيۇسەي بىرىنچىلىكنى ئالغانىدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتقان جاۋ سىچىڭ بىلەن جاۋ بەييەن بولدى، ئۇلاردىن كېيىن ئا Q مۇ شۇنداق قىلدى. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ھەممە ئادەم چېچىنى تۇرۇپ ياكى باغلاپ يۈرەتتى ۋە بۇھال ھېچكىمگە غەلىتە بولۇپ كۆرۈنمەيتتى. لېكىن ئەمدى، كەچ كۈز پەسلىدە، مۇنداق «يازدىكى پەرماننى كۈزدە ئورۇنداش» ئەھۋاللىرىنى قەھرىمانلىق دەپ ھېسابلاشقا بولاتتى. بۇ توغرىدىن ـ توغرا ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى ۋېيجۇاڭلىقلارغا ئاشكارا بولدى.

جاۋ سىچىڭ يالىڭاچ گەدىنىنى كۆرسىتىپ كوچىدا كېتىپ بارغاندا، كۆرگەنلەر:

— قاراڭلار! ئىنقىلابچى كېلىۋاتىدۇ! ... — دەپ قاتتىق ۋارقىرايتتى.

بۇ ۋارقىراشلار ئا Q نى ناھايىتى قىزغاندۇردى. شىۋسەي چېچىنى تۈرۈۋاپتۇ، دېگەن يېڭىلىقنى ئاڭلىغاندا، ئا Q نىڭمۇ شۇنداق قىلىشى يادىمغىمۇ كەلمىگەنىدى. لېكىن جاۋ سىچېڭنىڭ چېچىنى تۈرۈۋالغانلىقى ئا Q نى: بۇ يېڭىلىق — ئۆزلەشتۈرۈشكە لايىق يېڭىلىق ئىكەن، دېگەن ئويغا كەلتۈردى. ئۇ چېچىنى چوكا بىلەن چوققىسىغا تۈردى ۋە خېلى ۋاقىتقىچە ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئۆزىنى توختىتىپ كوچىغا چىقتى.

ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلار ئۇنىڭغا قارىسىمۇ، كەينىدىن ھېچنېمە دەپ ۋارقىرىمايتتى. ئا Q ئاۋۋال بۇنىڭغا خاپا بولدى، كېيىن ناھايىتى تېرىكىپ كەتتى.

ئاخىرقى ۋاقىتلاردا، ئا Q نىڭ تۇرمۇشى ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يامان بولمىسىمۇ، ئۇ ئوڭايلا تېرىكىپ قالاتتى. ئا Q بىلەن ئۇچراشقانلار ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلاتتى، مەي دۇكىنىنىڭ ئىگىسى مەي ئۈچۈن نەق تىيىن سورىمايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئاغرىپ يۈرەتتى: ئىنقىلاب بولغان بىلەنمۇ ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەكلا! بۇنداق بولسا بولمايدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ شياۋ D بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتىشكە ئاز قالدى: شياۋ D مۇ چېچىنى چوكا بىلەن تۈرۈۋاپتۇ. ئا Q شياۋ D نى مۇنداق قىلىدۇ دەپ ھېچقاچان ئويلىمىغانىدى. ئۇ مۇنداق ئەدەپسىزلىككە چىدىيالمىدى. شياۋ D! نېمە ئۇ؟ ئا Q نىڭ دەررۇ ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ چوكىسىنى سۇندۇرۇپ، چېچىنى چۇۋۇۋەتكۈسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى تېگى - پېيىنى ئۇنتۇپ ئىنقىلابچى بولۇۋالغىنى ئۈچۈن، كاچاتىغا نەچچىنى قويغۇسى كېلىپ كەتتى. لېكىن، بىرئاز ئويلىنىپ، شياۋ D نىڭ ئەدەپسىزلىكىنى كەچۈردى - دە، كۆزىنى بىر ئالايتىپ قاراپ





تۈكۈرۈۋەتتى.

ئاخىرقى كۈنلەردە پەقەت «ئەجنەبىي شەيتان»لا شەھەرگە بېرىپ كەلدى. شىۋسەي جۈيرېننىڭ ئامانەت ساندۇقلىرىنى باھانە قىلىپ، جۈيرېن جانابنى كۆرگىلى شەھەرگە بارماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ تۈگۈۋالغان چېچىنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ، بۇ سەپەرنى كېيىنگە قويدى. ئۇ جۈيرېنگە «سېرىق كۆنلۈك»[61] شەكلىدە خەت يېزىپ ئاپىرىپ تاپشۇرۇش ئۈچۈن «ئەجنەبىي شەيتان»غا بەردى. خەتتە ئۇ ئۆزىنى ھۆرىيەت پارتىيىسىگە كىرىشكە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى سوراپ يازغانىدى. «ئەجنەبىي شەيتان» قايتقاندا شىۋسەيدىن تۆت يارچەن ئالدى. شىۋسەي بولسا ئۇنىڭ شاپتۇل شەكلىدىكى ئىزنىكىنى ئالدى ۋە ئۇنى مەيدىسىگە قادىۋالدى. بۇنى كۆرگەن ۋېيجۇاڭلىقلار ھەيران بولۇپ، «ھۆرەت»[62] پارتىيىسىنىڭ نىشانى خەن لىن[63] ئۇنۋانىدىن كەم بولمىسا كېرەك دېيىشتى. بۇ سەۋەب بىلەن جاۋ ھەزرەت ئۆزىنىڭ ئوغلى شىۋسەي بولغان ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئارتۇق ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. ئۇ ناھايىتى تەكەببۇر ۋە ئەتراپتىكىلەرنى زادىلا كۆزگە ئىلماس بولۇپ كەتتى. ئا Q غا بولسا قاراپمۇ قويماس بولدى.

بۇ بولۇۋاتقان ۋەقەلەر ئا Q نى غەزەپلەندۈرەتتى، ئۇ كۆپتىن بېرى ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى سېزىپ يۈرەتتى، شىۋسەينىڭ «كۈمۈش شاپتۇل» قادىۋالغانلىقىنى ئاڭلىشى بىلەن دەررۇ ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. ئىنقىلابچى بولۇش ئۈچۈن ئىنقىلابقا قوشۇلىمەن دېيىشى كېرەك ئىكەن، چېچىنى تۈرۈۋېلىشى كۇپايە ئەمەس ئىكەن. ئەڭ ئاساسىي نەرسە — ئىنقىلابچىلار بىلەن تونۇشۇش كېرەك ئىكەن. ئا Q بولسا ئۆمرىدە ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىلا كۆردى: بىرى — ھېلىقى شەھەردە بېشى چېپىلغان كىشى؛ يەنە بىرى — ھېلىقى «ئەجنەبىي شەيتان». ئا Q نېمە قىلارىنى بىلمەي دەررۇ «ئەجنەبىي شەيتان»نىڭ يېنىغا بېرىپ

ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولدى.

بەختكە يارىشا، چيەن ھەزرەتنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق ئىدى. ئا Q ئاستا كىردى، بىراق شۇ زامانلا قورقۇپ كەتتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاپقارا كىيىم كىيگەن، ئېھتىمال چەت ئەل كاستۇمى بولسا كېرەك — «ئەجنەبىي شەيتان» تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ مەيدىسىدە «كۇمۇش شاپتۇل»، قولىدا قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا ئا Q دۇمبا يېگەن تاياق. «ئەجنەبىي شەيتان»نىڭ ئۆسۈپ قالغان چېچى دۇمبىسى بىلەن مۇرىلىرىگە چۈشۈپ، ئۇنى دەرۋىش لۇخەيگە ئوخشىتىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋ بەييەن بىلەن يوچۇن ئۈچ كىشى تۇراتتى. ئۇلار ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشىماقتا ئىدى.

ئا Q تويدۇرماي كېلىپ، جاۋ بەييەننىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ئۇ خوجايىنىغا مۇراجىئەت قىلماق بولدى، لېكىن نېمە دېيىشىنى بىلمىدى. «ئەجنەبىي شەيتان» دېيىش كېرەكمۇ؟ ياق، بۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ ئەلۋەتتە، «چەت ئەللىك» دېيىشكىمۇ بولمايدۇ؛ «ئىنقىلابچى» دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. بەلكى «ئەجنەبىي جاناب» دېسەممىكىن؟ «ئەجنەبىي جاناب» شۇ ۋاقىتقىچە ئا Q نى كۆرمەي، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، روھلانغان ھالدا ۋالاقلىماقتا ئىدى:

— مەن چۇس ئادەم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا، مەن ئۇنىڭغا توغرىدىن-توغرا: «يولداش خۇڭ[64]، باشلىشىمىز كېرەك!» — دېدىم. لېكىن ئۇ «NO!»[65] دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ چەت ئەل تىلىدىن ئېلىنغان سۆز، سىلەر ئۇنى ئەلۋەتتە چۈشەنمەيسىلەر! ئەگەر مۇشۇ سۆز بولمىسا، بىز ئاللىقاچان يېڭىپ چىققان بولار ئىدۇق ... شۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچان ئادەم ... ئۇ ماڭا خۇبېيغا بارغىن دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقان، لېكىن مەن ئۇنىمىدىم، كىمنىڭ ئۇنداق كىچىك جايدا ئىشلىگۈسى كېلىدۇ؟ ...





ئا Q «ئەجنەبىي جاناب» سۆزىنى تۈگەتكۈچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئەيمەنمەستىنلا «ھەم!» دېدى. لېكىن نېمىشقىدۇر، بۇ دورەممۇ ئۇنى «ئەجنەبىي جاناب» دەپ ئاتىمىدى. تىڭشاپ تۇرغان تۆتى چۆچۈپ كەينىگە قارىدى ۋە ئا Q نى كۆردى.

— نېمە دەيسەن؟

— مەن ...

— يوقال نېرى!

— مەن ئىنقىلابچىلارغا قوشۇ ...

— يوقال! ... — دەپ «ئەجنەبىي جاناب» ئۇنىڭغا «ماتەم ھاسىسى»نى كۆتۈردى. جاۋ بەييەن ۋە يوچۇن كىشىلەر:

— جاناب، سېنى كەت دەۋاتىدۇ، نېمىشقا ئىتائەت قىلمايسەن! — دەپ ۋارقىراشتى.

ئا Q قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا دەرۋازا تەرەپكە ئېتىلدى، لېكىن «ئەجنەبىي جاناب» كەينىدىن قوغلاپ ماڭمىدى. 60 چامدامچە يۈگۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئاستا مېڭىپ كەتتى. شۇ چاغدا قايغۇ-ھەسرەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىسىۋالدى. «ئەجنەبىي جاناب» ئۇنىڭغا ئىنقىلابقا قوشۇلۇشقا رۇخسەت قىلمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ باشقا ھېچبىر ئامالى يوق ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئا Q ئاق قالپاق ۋە ئاق ساۋۇت كىيگەن كىشىلەر كېلىپ مېنى چاقىرىۋالىدۇ، دېگەن ئۈمىدنىمۇ قىلمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئارزۇ-ئارمانلىرى، ئۈمىد-ئىنتىلىشلىرى ۋە پۈتكۈل ئىستىقبالى تاياقنىڭ تېگىشى بىلەنلا تامام بولدى.

بىكار تەلەپلەرنىڭ بۇ خەۋەرنى خەلققە تارقىتىپ، شياۋ D بىلەن ساقاللىق ۋاڭغا ئوخشاش ئادەملەرگە زاڭلىق قىلىپ كۈلۈش مۇمكىنچىلىكى بېرىدىغانلىقىمۇ ئۇنچىۋالا ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئا Q ھېچقاچان مۇنداق ئۈمىدسىزلىككە دۇچار بولمىغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ تۇگۇۋالغان چېچىغىمۇ كۆڭۈلسىز بولدى ۋە چېچىنى تۇرگەنلەرگە ئۆچ بولۇپ كەتتى. ھەممىنىڭ زىتىغا تېگىش ئۇچۇن، ئۇ چېچىنى شۇ ھامانلا چۇۋۇۋەتمەكچى بولدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر ئۇنداق قىلمىدى. كەچ كىرگۈچە كوچا كېزىپ يۇرۇپ، قەرزگە ئىككى پىيالە مەي ئىچىۋەتتى ـ دە، يېڭىۋاشتىن خۇش كەيپكە تولدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئاق ساۋۇت، ئاق قالپاق كىيگەن ئادەملەرنىڭ غۇۋا سىيماسى يەنە كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئۇ مەي دۇكىنى يېپىلغاندىن كېيىن ئىبادەتخانىغا قايتىپ كەلدى.

تۇيۇقسىز كوچا تەرەپتىن پوجاڭزا تاۋۇشىغا ئوخشايدىغان «بوم! » قىلغان ئەجەب بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ۋاڭ ـ چۇڭ ۋە ھەر تۇرلۇك ۋەقەلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ئا Q شۇ زامان قاراڭغۇغا ئېتىلدى. ئالدىدا بىرنەچچە كىشىنىڭ ماڭغان تىۋشى ئاڭلانغاندەك بولدى، كېيىن يېنىدىن بىرى يۇگۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئا Q كەينىگە بۇرۇلۇپ شۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن يۇگۇردى. ھېلىقى ئادەم چەتكە بۇرۇلدى، ئا Q مۇ بۇرۇلدى. ئۇ توختىۋىدى، ئا Q مۇ توختىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ شياۋ D ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ ئاچچىق بىلەن سورىدى ئا Q.

— جاۋ ... جاۋ ھەزرەتنىڭ ئۆيىنى بۇلاۋاتىدۇ ...— دېدى D ھاسىراپ تۇرۇپ.

ئا Q نىڭ يۇرىكى دۇپۇلدەپ كەتتى. شياۋ D تۇيۇقسىز قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى. ئا Q مۇ قاچاي دېۋىدى، لېكىن توختاپ قالدى. ئەسلىي «كۆپنى كۆرگەن»، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەددىدىن تاشقىرى يۇرەكلىك ئادەم بولغاچقا، كوچىنىڭ بۇرجىكىگە يېتىپ باردى ـ دە، دىققەت بىلەن قاراپ، ئاق قالپاق ۋە ئاق ساۋۇت كىيگەنلەرنىڭ ساندۇقلارنى، ئۆي ـ جابدۇقلىرىنى ۋە نىڭبۇ پاسو-





نىدىكى كارىۋاتنى ئاچىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى (ئەمما ئۇ ئوچۇق كۆرەلمىدى). ئۇ يېقىنراق بارماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئايىغى ئالغا باسمىدى.

بۇ كېچىسى ئاي يوق ئىدى ۋە قاراڭغۇلۇقتا شۇنداق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۇرەتتىكى، گويا فۇشى[66] پادىشاھنىڭ زامانىدىكى پاراۋان ـ باياشات زامان قايتىپ كەلگەندەك تۇيۇلاتتى. ئا Q دەرمانى يەتكۈچە قاراپ تۇردى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ساندۇقلارنى، ئۆي ـ جابدۇق ۋە شىۋسەي بىلەن ئايالىنىڭ نىڭبۇ شەھىرىدىن كەلتۇرۇلگەن كارىۋىتىنى توشۇماقتا ئىدى. ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىدى، لېكىن يېقىن بارماسلىققا قەتئىي سۆز بەردى ـ دە، ئاخىرى ئۆز ئىبادەتخانىسىغا يېنىپ كەلدى.

ئىبادەتخانا قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئا Q دەرۋازىنى مەھكەم بېكىتىپ، ئۆز ھوجرىسىغا كىردى. بىرئاز ياتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى... شۇنداق قىلىپ، ئاق قالپاق ۋە ئاق ساۋۇت كىيگەن كىشىلەر كەپتۇ، لېكىن مېنى چاقىرماپتۇ. ئۇلار نۇرغۇن ياخشى جابدۇقلارنى توشۇپ كەتتى، لېكىن ماڭا ھېچنېمە تەگمىدى... ھەممىگە سەۋەب — قارغىش تەگكۈر «ئەجنەبىي شەيتان»نىڭ ماڭا ئىنقىلابقا قوشۇلۇشقا رۇخسەت بەرمىگىنى...

ئا Q بۇ توغرۇلۇق قانچە ئويلىسا، شۇنچە تېرىكەتتى ۋە ئاخىرى ئۇنىڭ كۆڭلى غەم ـ قايغۇغا تولدى. ئۇ ئاچچىقىدا بېشىنى بىر سىلكىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— خەپ، ئىنقىلاب ماڭا بولمايدىيۇ، سەنلەرگە بولىدىكەن ـ دە؟ توختا سېنى! «ئەجنەبىي شەيتان»! سەن ئىسيانچى، ئىسيانچىلارنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ! مانا توختا، مەن خەۋەر قىلىپ قويايچۇ... كۆرىمىز شۇ چاغدا، يامۇلغا سولاپ، گېنىرال كاللاڭنى چېپىۋېتىدۇ... پۈتكۈل ئائىلەڭنىڭ بېشىنى چاپىدۇ!

# 9

# ئاقىۋەت

جاۋ ئائىلىسىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىشى ۋېيجۇاڭلىقلارنى بىرقەدەر مەمنۇن قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن چۆچۈتتى، ئا Q مۇ شۇ ھالدا ئىدى.

تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز قولغا چۈشكەن ئا Q شەھەرگە ھەيدەلدى.

ئا Q قولغا چۈشكەن چاغ قاراڭغۇ كېچە ئىدى. بىر ئەترەت ئەسكەر، بىر ئەترەت قوغدىغۇچى، بىر ئەترەت ساقچى ۋە بەش ئىشپىيون تۈننىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ۋېيجۇاڭ يېزىسىغا كىرىپ ئىبادەتخانىنى قورشىۋالدى. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىغا پىلىموتلىرىنى ئورناتتى، ئا Q كۆرۈنمەيتتى. خېلى ۋاقىتقىچە ئەترەتلەر جايلىرىدىن قوزغالمىدى. ئاخىر تاقەتسىزلەنگەن ئەسكەر بېشى، كىم بىرىنچى بولۇپ ئا Q ياتقان جايغا بېسىپ كىرسە شۇنىڭغا 1000 يارماق مۇكاپات بېرىشنى ئېلان قىلدى. قوغدىغۇچىلار ئەترىتىدىن ئىككى ئەسكەر تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈشكە ماقۇل بولدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەترەتلەر كۈچلىرىنى بىر قىلىپ، ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇيقۇلۇقتا ياتقان ئا Q نى تۇتۇۋالدى. پىلىموتنىڭ يېنىدىن سۆرەپ ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئا Q ئويغىنىپ ئۆزىگە كەلدى. ئا Q نى شەھەرگە چۈش بىلەن ئەكەلدى. ئەسكەرلەر بۇزۇلغان كونا يامۇلنىڭ بەش - ئالتە تار ئىشىكلىرىنى يانداپ ئۆتۈپ، ئا Q نى بىر «كاتەك» كە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ پۇتلىشىپ كەتتى، ئەمدى ئورنىدىن تۇرماقچى





بولۇۋاتقاندا، يونۇلمىغان ياغاچتىن ياسالغان ئىشىك «تاراق» قىلىپ يېپىلىپ، ئا Q نىڭ تاپىنىغا كېلىپ تەگدى. «كاتەك» دېرىزىسى يوق تۇتاش تامدىن ئىبارەت ئىدى. قاراڭغۇلۇققا كۆزى ئۆگىنىشكە باشلىغان ئا Q بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنى كۆردى. ئا Q نىڭ يۈرىكى ئەنسىزچىلىك ھەسرىتى ئىچىدە سوقۇشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ ئانچە غەم يېمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىبادەتخانىدىكى ھۇجرىسى بۇنىڭدەك ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ يەردىكى ئىككى سەھرالىق يىگىت بىلەنمۇ ئاستا - ئاستا پاراڭ سېلىشقا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى جۈيرېن جاناب ئۇنى بوۋىسىدىن قالغان سېلىقنى تۆلىتىش ئۈچۈن قاماتقانلىقىنى، ئىككىنچىسى بولسا، نېمە ئۈچۈن سولانغانلىقىنى ئۆزىنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشتى. ئەمدى ئۇلار ئا Q دىن سورىغاندا، ئۇ يوشۇرماستىن:

— مەن ئىنقىلابقا قوشۇلماقچى بولۇۋىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئا Q نى ھېلىقى «كاتەك» تىن سۆرەپ چىقىپ سوراقخانىغا ئەكىرىشتى. بۇ يەردە، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا بېشىنى تاپتاقىر قىلىپ پارقىرىتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. ئا Q بۇ بوۋاينى سوپىمىكىن دەپ ئويلىۋىدى، لېكىن شۇ زامان ئەسكەرلەرنىڭ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغىنىنى، يوغان زال ئىچىدە ئۇستىگە پەرىجە كىيىۋالغان يەنە 10چە ئادەمنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چاچلىرى بوۋاينىڭكىدەك چۈشۈرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ خۇددى «ئەجنەبىي شەيتان» نىڭكىدەك ئۇزۇن چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن زەھەرخەندىلىك چىقىپ تۇراتتى، ئا Q غا يامان كۆز بىلەن قارايتتى. ئا Q ئالدىدىكى بوۋاينىڭ كاتتا ئادەم ئىكەنلىكىنى سەزدى - دە، پۇتلىرى ئىختىيارسىز پۈكلىنىپ، تىزلىنىپ قالدى.

— ئۆرە تۇرۇپ سۆزلە! سۆزلە! تىز پۈكمە! — دەپ ۋارقى-

-راشتى پەرىجە كىيگەنلەر. ئا Q ئۇلارنىڭ سۆزىنى چۈشەندى، لېكىن ئۆرە تۇرالمىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسىنى ئىختىيارسىز تۆۋەنگە تارتىپ تۇرغاندەك بولدى. ئاخىر ئۇ يەنە تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— قۇل مىجەز ئادەم ئىكەن!... — دېيىشتى نەپرەت بىلەن پەرىچە كىيگەنلەر، لېكىن ئۇنى يېڭىۋاشتىن ئۆرە تۇرغۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىشمىدى.

تاقىر باش بوۋاي ئا Q نىڭ يۈزىگە توغرا قاراپ تۇرۇپ:

— بولغان ۋەقەنى ئەينەن ئېيت! راست گەپ بىلەن، ئۆزۈڭنىڭ گۇناھىڭنى يېنىكلىتىسەن، ماڭا ھەممىسى مەلۇم. ئىقرار قىلساڭ قويۇۋېتىمىز، — دېدى ئاستا، لېكىن ئۇقۇملۇق ئاۋاز بىلەن.

— ئىقرار قىل! — دەپ ۋارقىراشتى پەرىجە كىيگەنلەر.

— مەن راستىنى ئېيتاي... مېنىڭ ... مېنىڭ ئىنقىلابقا قوشۇلغۇم ...— دەپ دۇدۇقلىدى مەڭدەپ كەتكەن ئا Q.

— نېمىشقا قوشۇلمىدىڭ؟ — دەپ تېخىمۇ سىلىق يوسۇندا سورىدى بوۋاي.

— «ئەجنەبىي شەيتان» رۇخسەت قىلمىدى...

— يالغان ئېيتىسەن! ئەمدى ئالداپ قۇتۇلالمايسەن... سېنىڭ يولداشلىرىڭ ھازىر قەيەردە؟

— نېمە؟...

— ئۇ كۈنى كېچىسى جاۋنىڭ ئۆيىنى بۇلىغان شېرىكلىرىڭ نەدە؟

— ئۇلار مېنى چاقىرمىدى. ھەممىسى ئۆزلىرى ئەكېتىپتۇ، — ئەلەم بىلەن جاۋاب بەردى ئا Q.

— ئۇلار نەگە كەتتى؟ ئېيتىپ بەرسەڭ، بىز سېنى قويۇۋېتىمىز، — دېدى بوۋاي تېخىمۇ سىلىقراق.

— ھەيتاڭ، ئۇلار مېنى چاقىرمىدى...





ئا Q بۇ سۆزنى ئېيتقاندا، بوۋاي بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى ۋە بىر مىنۇتتىن كېيىن، ئا Q يەنە ھېلىقى «كاتەك» كە بېرىپ چۈشتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئا Q نى يەنە كەڭ زالغا ئەكەلدى. ئۇ يەردە ھەممە نەرسە تۈنۈگۈنكىدەك ئىدى. ئېگىز جايدا شۇ تاقىرباش بوۋاي ئولتۇراتتى، ئا Q يەنە تىز پۈكۈپ ئولتۇردى.

— يەنە نېمە گەپ - سۆزۈڭ بار؟ — دەپ سىلىقلىق بىلەن سورىدى ھېلىقى بوۋاي.

ئا Q بىر ئاز ئويلىنىپ قارىدى، لېكىن ھېچ سۆز تاپالماي:

— يوق! — دەپ جاۋاب بەردى.

پەرىجە كىيگەنلەرنىڭ بىرى قەغەز ئەكەلدى - دە، يازىدىغان قەلەمنى ئا Q نىڭ قولىغا تۇتقۇزماقچى بولدى. ئا Q قورققىنىدىن يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى، چۈنكى ئۇ قولىغا قەلەم تۇتارمەن دەپ ھېچقاچان ئويلىمىغانىدى ۋە ئۇ قەلەم تۇتۇشنىمۇ بىلمەيتتى. ھېلىقى كىشى قەغەزدە جاي كۆرسىتىپ قول قويۇشقا بۇيرۇدى.

ئۇ مەڭدىگەن ھالدا قولىدىكى قەلەمنى ئەپسىز تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەن ... مەن يېزىشنى بىلمەيمەن، — دېدى.

— ھاجىتى يوق، بىلمىسەڭ، چەمبەر سىزساڭ بولدى!

ئا Q چەمبەر سىزماقچى بولۇۋىدى، لېكىن قوللىرى تىترەپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم قەغەزنى يەرگە يايدى، ئا Q ئېڭىشىپ تۇرۇپ بارلىق كۈچىنى يىغىپ، چەمبەر سىزىشقا كىرىشتى. ئۇ كۆرگەنلەرنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقۇپ، پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، دۈپدۈگىلەك قىلىپ سىزىشقا تىرىشاتتى، لېكىن كاساپەت قەلەمنىڭ ئېغىرلىقى بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇ زادىلا بېقىنمايدىغان گېزەندە بولۇپ چىقتى. تىترەك بېسىپ، ئەمدى چەمبەر سىزىپ بولاي دېگەندە، قەلەمنىڭ ئۇچى بىر ياققا تېيىلىپ، قىيپاش چى-

قىپ كەتتى ۋە چەمبەر قوغۇننىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشاپ قالدى.

ئا Q چەمبەر سىزالمىغىنىغا ئىزا تارتىپ كەتتى، لېكىن ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا ھېچ كۆڭۈل بۆلمەستىن قەغەز ۋە قەلەمنى قولىدىن تارتىۋالدى. كېيىن ئا Q نى زالدىن سۆرەپ چىقىپ يەنە قاراڭغۇ «كاتەك» كە ئاپىرىپ سولاپ قويىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم سولانغان ئا Q ئۇنچىۋالا غەم يېمىدى. بۇ دۇنيادا ئادەمنى بەزىدە ئاللىقەيەرلەرگە كىرگۈزۈشنى ۋە ئاللىقەيەردىن سۆرەپ چىقىرىشنى ئادەتتىكى ئىش، لېكىن چەمبەرنىڭ سوزۇق بولۇپ قېلىشى، بارلىق «نامىئەمەلى» غا داغ كەلتۈرۈش مۇمكىن دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى بېسىلىپ: «لېكىن مېنىڭ نەۋرىلىرىم چەمبەرنى دۇپدۇگىلەك قىلىپ سىزىدىغان بولىدۇ...» دەپ ئويلىدى - دە، ئۇيقۇغا كەتتى.

لېكىن جۇيرېن جاناب شۇ كۈنى كېچە زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئۇ مىڭبېشى بىلەن بىرئاز گەپ تالىشىپ قالغانىدى. جۇيرېن جاناب ئەڭ ئاۋۋال ئوغرىلانغان ساندۇقلىرىنى تېپىشنى تەلەپ قىلاتتى. مىڭبېشى بولسا، سازايى قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ جۇيرېن جانابنى زادىلا كۆزىگە ئىلماس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇستەلنى مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپ، ئاخىرى:

— بىرنىڭ ئەدىپىنى بېرىش — 100نى قورقۇتۇش دېگەن گەپ! مانا قارا، مېنىڭ ئىنقىلابچى بولغىنىمغا 20 كۈن بولدى، شۇ ئارىلىقتا 10دىن ئارتۇق بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى يۈز بەردى ۋە تېخى ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ تېپىلمىدى... بۇ مېنىڭ ئابرۇيۇمغا قانداق تەسىر قىلىشى مۇمكىن؟ مەن ئاران بىر جىنايەتچىنى تۇتۇۋالغاندا، سەن ماڭا كاشىلا قىلىسەن. قوي ئەمدى! مەن نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن! — دېدى.

جۇيرېن جانابنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆز تالاشمىقى ناھايىتى تەس





بولدى، لېكىن ئۇ ئۆز پىكرىدە مەھكەم تۇرۇپ: ئەگەر ساندۇقلىرىم تېپىلمايدىغان بولسا، يېڭى خىزمىتىمدىن — ئىچكى ئىشلار ئىدارىسىدىكى مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىدىن باش تارتىمەن، دېدى. بۇنىڭغا مىڭبېشى:

— مەرھەمەت! — دەپ جاۋاب قايتۇردى.

مانا مۇشۇ سەۋەبلەرگە بىنائەن، جۇيرېن جاناب كېچىچە ئۇخلىماي چىقتى، لېكىن ئەتىسى ئۆزىنىڭ يېڭى خىزمىتىدىنمۇ باش تارتمىدى.

جۇيرېن جانابنىڭ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن كېچىسىنىڭ ئەتىگىنلىكى ئا Q نى يەنە بىر قېتىم «كاتەك» تىن سۆرەپ چىقىشتى. كەڭ زالنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز جايدا ھېلىقى تاقىرباش بوۋاي ئولتۇراتتى. ئا Q يەنە تىز پۈكۈپ ئولتۇردى.

بوۋاي سىلىقلىق بىلەن:

— يەنە قوشۇمچە سۆزۈڭ بارمۇ؟ — دېدى.

ئا Q بىر ئاز ئويلاندى، لېكىن ئۇنىڭ باشقا ئېيتىدىغان سۆزى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن:

— يوق! — دەپ جاۋاب بەردى.

پەرىجە ۋە كالتە چاپان كىيگەن ئاللىقانداق كىشىلەر ئا Q نىڭ يېنىغا كېلىپ، قارا خەتلەر يېزىلغان بىر ئاق جىلىتكىنى ئۇچىسىغا كىيدۈردى. ئا Q ناھايىتى رەنجىدى. چۈنكى بۇ ھادىسە ماتەمگە ئوخشايتتى. ماتەم بولسا — يامانلىقنىڭ بەلگىسى. ئۇنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ، يامۇلدىن تالاغا ئاچىقىشتى، سۆرەپ ھارۋىغا سېلىپ، بىرنەچچە كالتە چاپان كىيگەن ئادەملەر ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشتى. ھارۋا دەررۇ مېڭىپ كەتتى. ئالدىدا پەرەڭ مىلتىقلىرىنى تۇتقان ئەسكەرلەر بىلەن قوغدىغۇچىلار ئەترىتى كېتىپ باراتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاماشىبىنلار تولغانىدى. كەينىدە نېمە بولۇۋاتقىنىنى ئا Q كۆرەلمىدى. شۇ زامان ئا Q غا:

«بۇلار مېنى چېپىشقا ئەكېتىپ بارامدۇ، نېمە؟» دېگەن خىيال كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، قۇلاقلىرى پۈتۈپ، ھوشىدىن كەتكەندەك بولدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە، خىيالىغا، بۇ دۇنيادا ئادەم بالىسى ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلالمايمۇ قالىدىكەن، دېگەن ئوي كەلدى.

ئا Q يولنى ياخشى بىلەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنى جازا مەيدانىغا ئەكېتىپ بارغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئا Q كوچىلاردا سازايى بولۇپ يۈرۈشلىرىنى تېخى ئۆزى چۈشەنمىگەنىدى، چۈشەنگەن ھالەتتىمۇ بەربىر ئۇ: «بۇ دۇنيادا بەزىدە ئادەم بالىسى شۇنداق مىنۇتلارغىمۇ دۇچار بولىدۇ...» دەپ ئويلىغان بولار ئىدى.

ئاخىرى ئۇ بۇ ئەگرى - بۈگرى يوللارنىڭ جازا مەيدانىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلدى، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن كاللا كېتىدۇ...

ئۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ يان - يېنىغا قارايتتى. ھەممە ياقتا خۇددى چۈمۈلىدەك ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرەتتى. ئا Q تۇيۇقسىز يولنىڭ چېتىدە، توپنىڭ ئارىسىدا كېتىۋاتقان ۋۇمانى كۆرۈپ قالدى. ئۇنى كۆرمىگىنىگە خېلى ۋاقىتلار بولغانىدى. «ھە، ئۇ شەھەردە ئىشلەيدىكەن - دە!» دەپ ئويلىدى ئا Q.

ئا Q شۇ كەمگىچە ئۆز باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ، بىرمۇ ناخشا ئېيتمىغىنىغا ئىزا تارتىپ قالدى. ھەر خىل ئويلار ئۇنىڭ بېشىدا قۇيۇندەك ئايلىنىپ كەتتى: «تۇل چوكان قەبرە ئالدىدا» ... ياق بۇ ئانچە ھەيۋەتلىك ناخشا ئەمەس، «يولۋاس بىلەن ئەجدىھا جەڭلىرى» ، «ۋاي تۇۋا» ... ياق، بۇمۇ كۈچلۈك ناخشا ئەمەس. «قولۇمدا سىم قامچا» چۇ؟ مانا بۇ جايىدا ... ئۇ شۇ خىياللار بىلەن قولىنى كۆتۈرەي دېۋىدى، قولىنىڭ باغلاقلىقى يادىغا چۈشتى ۋە ناخشىنىمۇ ئېيتمىدى...

— ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت دەپتىكەن. 20 يىل





ئۆتكەندىن كېيىن، مانا بىر ... — ئا Q شۇ جىددىي پەيتتە، بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك ھېچقاچان قىلمىغان بىر سۆزنى قىلدى.

كۆپچىلىك ئارىسىدىن بەجايىكى بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاش:

— يارايسەن، بارىكاللا!!! — دېگەن سۆزلەر ئاڭلاندى.

ھارۋا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. كۆپچىلىكنىڭ بارىكاللالىرى ئىچىدە ئا Q كۆزلىرى بىلەن ئىزدەپ ۋۇمانى تاپتى. لېكىن، ئۇ ئا Q غا سەپسالماستىن، قوللىرىغا پەرەڭ مىلتىقلىرى تۇتۇۋالغان ئەسكەرلەرگە قاراپ قالغانىدى.

كېيىن ئا Q ۋارقىرىشىپ كېلىۋاتقان كۆپچىلىككە قارىدى.

نەچچە تۈرلۈك ئوي - خىيالدىن ئۇنىڭ بېشى گاڭگىراپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى تاغ باغرىدا ئاچ بۆرىنى ئۇچراتقانىدى. بۆرە ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈۋېلىپ، ئۇنى يەۋەتمەكچى بولغانىدى. مانا شۇ چاغدا ئا Q ناھايىتى قورققان. بەختىگە يارىشا قولىدا پالتىسى بولۇپ، ئۇ پالتا ئا Q غا مەدەت بېرىپ، ئامان - ئېسەن ۋېيجۇاڭغا يېتىۋالغانىدى. لېكىن، بۆرىنىڭ خۇددى ئالۋاستىنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش يېنىپ تۇرغان رەھىمسىز ئىككى كۆزى ئا Q نىڭ يۈرىكىدە ئۇنتۇلمايدىغان ئىز قالدۇرغانىدى. ھازىر بولسا، ئۇ تېخىمۇ دەھشەتلىك، ھەم خۇنۇك، ھەم ئۆتكۈر كۆزلەرنى كۆردى، بۇ كۆزلەر ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يەپ بولۇپ، ئەمدى ئۇنىڭ تېنىدىن باشقا ھەممە نەرسىسىنى يېمەكچى بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ كۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر كۆزگە ئايلىنىپ، توپتوغرا ئا Q نىڭ يۈرىكىگە قادالغاندەك قىلاتتى.

ئا Q: «قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدى، لېكىن ۋارقىرىمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، قۇلاقلىرى زىڭىلداپ كەتتى، گويا بارلىق بەدىنى توزۇغان چاڭ

ئۇچۇپ كەتكەندەك بولدى ...

بۇ ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىگە كەلسەك، ئەڭ چوڭ كېلىشمەسلىك جۇيرېن جانابىنىڭ بېشىغا كەلدى: ئوغرىلانغان ساندۇقلارنىڭ بىردىمۇ تېپىلمىدى، بارلىق ئائىلىسى يىغلاپ، قايغۇ - ھەسرەت چەكتى. جاۋ ھەزرەتنىڭ ئائىلىسىگىمۇ چوڭ كېلىشمەسلىك كەلدى: شيۇسەي شەھەرگە كېتىۋاتقاندا (ئۇ ھۆكۈمەتكە شىكايەت قىلماقچى ئىدى) يارىماس ئىنقىلابچىلار ئۇنىڭ چېچىنى قىرقىۋەتتى، جاۋ يەنە ئۇ ئىنساپسىزلارغا 20 مىڭ يارماق تەقدىم قىلىشقا مەجبۇر بولدى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭمۇ ئائىلىسى قايغۇغا، ھەسرەتكە چۆككەندى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلار بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلار قاتارىغا ئۆتۈشكە باشلىدى.

جامائەت پىكرىگە كەلسەك، ۋېيجۇاڭدا ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ئەلۋەتتە ئا Q نى ئەيىبلىك دەپ ھېسابلايتتى. چۈنكى ئا Q نىڭ ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلىشى شۇ پىكىرگە شۈبھىسىز دەلىل بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭدا گۇناھ بولمىسا، ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلارمىدى؟ دېيىشتى. شەھەر جامائىتىنىڭ پىكرى باشقىچە بولدى، ئۇلار ئا Q نىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن رازى بولمىدى، چۈنكى ئۇلار ئۈچۈن مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈش قانداقلا بولمىسۇن باش چېپىشتەك قىزىق تاماشا ئەمەس ئىدى. ئۇلار: «ئۇ قانداق جىنايەتچى! كوچىلاردا شۇنچە سازايى قىلىنىسىمۇ بىرمۇ ناخشا ئېيتمىدى! بىكاردىن - بىكار ئۇنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ ئاۋارە بولۇپ، ۋاقتىمىزنى يوقىتىپتىمىز...» دېيىشتى.

1921 - يىل 12 - ئاي





# ياز بايرىمىدا[67]

فاڭ شۈەنچاۋ كېيىنكى ۋاقىتلاردا: «پەرقى چوڭ ئەمەس» دەپ ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولدى، بۇ ئىبارە ئۇنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ سۆزنى ھەمىشە تەكرارلايدىتى ۋە بۇ سۆز ئۇنىڭ مېڭىسىگە مەھكەم ئورۇنلىشىپ قالدى.

ئاۋۋال ئۇ ھەربىر سۆز ئۈستىدە «بەربىر» دەيتتى. لېكىن، كېيىنرەك بۇنى ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس دەپ تاپتى، «بەربىر»نىڭ ئورنىغا «پەرقى چوڭ ئەمەس» دېگەن ئىبارىنى ئويلاپ چىقاردى ۋە بۇنى تا ھازىرغىچە ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

فاڭ شۈەنچاۋ بۇ ئاددىي ھېكمەتلىك سۆزنى تاپقاندىن كېيىن پات - پاتلا قايغۇلۇق ئويغا چۆمەتتى، لېكىن يەنە بىرمۇنچە يېڭى تەسەللىلەرنى تاپاتتى. مەسىلەن، ئۇ ئاۋۋال قېرىلارنىڭ ياشلارغا يامان مۇئامىلىدە بولغىنىنى كۆرسە بۇ ھالغا مەيۈسلىنەتتى. لېكىن ئەمدى، ھازىر قېرىلار ياشلارغا قاتتىق مۇئامىلىدە بولسا، كەلگۈسىدە بۇ ياشلارمۇ پەرزەنتلىك بولغاندا بالا - چاقا ۋە نەۋرە - چەۋرىلىرىگە خۇددى شۇنداقلا قاتتىق مۇئامىلىدە بولىدۇ، ئۇ چاغدا تەڭشىلىپ كېتىدۇ، دەيدىغان بولدى ياكى ئۇ، ئەسكەرنىڭ ھارۋىكەشنى ئۇرغىنىنى كۆرسە ناھايىتى خاپا بولاتتى، لېكىن ئەمدى: ئەگەر بۇ ھارۋىكەش بىردىنلا ئەسكەر بولۇپ قېلىپ، ئەسكەر ھارۋىكەش بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئاۋۋالقى ھارۋىكەش ھازىرقى ئەسكەر ئۆزى تاياق يېگەندەكلا، بۇ ھارۋىكەشنى ئۇرۇشى مۇمكىن، دېمەك، بۇ توغرۇلۇق خاپا بولۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، تەڭشىلىپ

كېتىدۇ، دەپ ئويلايدىغان بولدى.

فاڭ شۈەنچاۋدا بۇ ئويلار پەيدا بولغاندىن باشلاپ، بەزىدە ئۇنى
گۇمان قىينايتتى. ئۇ: «مەن ئۆزۈمنى ئالداش ئۈچۈنلا بۇ خۇلاسـ
لەرنى چىقىرىۋالدىممىكىن ۋە ئۆزىمىزنىڭ بۇزۇلغان جەمئىيىتىـ
مىز ئۈستىدىن ئەركىن كۈرەش قىلىشقا غەيرىتىمىنىڭ يەتمىگەنلىـ
كىدىنمىكىن؟ نەتىجىدە، ياخشىلىققىمۇ پەرۋا قىلماس بولۇپ قېلىـ
شىم مۇمكىن. ياخشىسى، بۇ يېڭى كۆز قاراشلاردىن باش تارتىش
ئەۋزەلرەك» دەپ ئويلايتتى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويلار ئۇنىڭ مېڭىسىگە مەھكەم ئورۇنلىشىـ
ۋالدى.

ئۇ بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ «پەرقى چوڭ ئەمەس» دېگەن
نەزەرىيىسىنى بېيجىڭدىكى «خەيرىيە» مەكتىپىدە خەلق ئالدىدا
لېكسىيە ئۈستىدە ئېلان قىلدى. ئۇ تارىخىي ھەقىقەتلەر ھەققىدە
سۆزلەۋېتىپ: «قەدىمكى زامان ئادەملىرى بىلەن ھازىرقى زامان
ئادەملىرى بىر - بىرىدىن ئاز پەرق قىلىدۇ»، ھەممە ئادەم:
«ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىتى بويىچە بىر - بىرىگە يېقىن تۇرىدۇ» دېدى.
ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئەمەلدارلار ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى.
ئۇ ئۆز پىكرىنى كېڭەيتىپ مۇنداق دېدى: «ھازىر جەمئىيەتتە
ئەمەلدارلارنى ھاقارەتلەش ئادەت بولۇپ قالغان. بۇنداق ئىش بو-
لۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك. ئەمما لېكىن،
ئەمەلدارلار تەبىئەت تەرىپىدىن قانداقتۇر بىر ئالاھىدە بولۇپ يارال-
غان جامائەت ئەمەس، ئۇلارمۇ ئادەتتىكى ئادەملەردىن كېلىپ چىق-
قان. ھازىرقى ئەمەلدارلار ئارىسىدا ئوقۇغۇچىلارمۇ بار، لېكىن
ئۇلار كونا ئەمەلدارلاردىن بىرەر نەرسىسى بىلەن پەرق قىلىنامدۇ؟
شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەسىلىگە قايسى تەرىپىدىن كەلمىگىن، ئىلگىـ
رىكىدەكلا قالىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىشلىرىدا، ئىش -
ھەرىكەتلىرىدە ھەتتا چىرايلىق، نازۇك كۆرۈنۈشلىرىدىمۇ ۋە باشقا





ھەممە يېرىدە ھېچقانداق چوڭ پەرق يوق… ئېيتقانداك، ئوقۇغۇ-
چىلار تەشكىلاتلىرىدا خىيانەت بولمايدۇ دەمسىلەر؟ ۋە بۇ خىيانەتـ
لەر كونىلار ئېيتقاندەك گويا ئوتقا ئوخشاش ئۆچۈپ، ئىسقا ئوخـ
شاش تارقىلىپ كەتتىمۇ؟ مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، بۇلار-
نىڭ پەرقى چوڭ ئەمەس … لېكىن تەشۋىش تۇغدۇرىدۇ…».

لېكسىيە ئوقۇلغان جايدا تارقىلىشىپ ئولتۇرغان 20دىن ئو-
شۇقراق كىشىنىڭ بەزىبىرلىرى ھاڭۋېقىپ قالدى، بەزىبىرلىرى
بۇ سۆزنى توغرا تاپتى، بەزىبىرلىرىگە بۇ لېكسىيە كۈتمىگەن
ھادىسىدەك سېزىلدى ۋە ئۇلار فاڭ شۈەنچاۋ ھازىرقى زامان زىيا-
لىيلىرىغا ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ، دېگەن پىكىردە بولدى. ئۇلارنىڭ
بىرقانچىسى مەنىلىك ھالدا كۈلۈمسىرەيتتى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە،
ئۇ پەقەت ئۆز - ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈنلا شۇنداق دەۋاتاتتى. چۈنكى،
فاڭ شۈەنچاۋ مۇئەللىملىك ئىشىنى ئەمەلدارلىق خىزمىتى بىلەن
تەڭ ئېلىپ باراتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پىكرى توغرا ئە-
مەس ئىدى. شۇ كۈنى فاڭ شۈەنچاۋنى پەقەت يېڭى بىر ئەنسىزچىـ
لىك باسقانىدى. بىز «ئەنسىزچىلىك» دېدۇق، لېكىن ئۇنىڭدىكى
بۇ «ئەنسىزچىلىك» خۇسۇسەن ئۆز تەقدىرىدىن ئۆزىنىڭ قانائەتلەنـ
گەنلىكى ئاشكارا چىقىپ تۇرغان قۇرۇق پىكىرلەردىن نېرى كەتـ
مەيتتى، بۇ قۇرۇق سۆزلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھۇرۇنلۇقى ياكى ھېچبىر
ئىشقا يارامسىزلىقى نەتىجىسىدە يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئويلىمايتتى.
ئۇ ئۆزىنى قەتئىي ھەرىكەتلەرگە مەيلىسىز، قەيدى-قانا، شۈكۈر-
سانا ئادەم دەپ ئويلايتتى. مائارىپ مىنىستىرى ئۇنى ئەسەبىي
كېسەل دەيتتى. لېكىن ئۇ ئەمەلدارلىق ئورنۇمدىن ئايرىلىپ قال-
مىساملا بولدى، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا مۇئەللىملىك مائاشى يېرىم
يىلدىن بۇيان قولىغا تەگمىگەن بولسىمۇ، باشقا ئەمەلدارلىق مائاشى
بولغاچقا، ئۇ ھەقتە زادىلا ئاغزىنى ئاچمايتتى. ئېغىز ئېچىش

بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بارلىق مۇئەللىملەر مەسلىھەتلىشىپ، ئىش ھەققىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان چاغدا، ئۇ ئىچىدە مۇئەللىملەر ھەددىدىن تاشقىرى ۋارقىرىشىپ كەتتى، دەپ ھېسابلايتتى. لېكىن، ئۇ ئەمەلدارلارنىڭ مۇئەللىملەرگە قىلىنىۋاتقان ھاقارەتلىرىنى ئاڭلىغان چاغدا مەيۇسلىنىپ قالاتتى، ئەمما يەنە: «بەلكىم بۇنىڭ بارلىقى مۇئەللىملەرنىڭ ئالغان ئىش ھەققى ئۆزلىرىگە يەتمىگەچكە، شۇنداق بولۇۋاتىدىغاندۇر، چۈنكى ئۇلار ماڭا ئوخشاش ھەم مۇئەللىملىك، ھەم ئەمەلدارلىق قىلمايدىغۇ» دەپ ئويلايتتى.

ئاقچىغا ناھايىتى موھتاج بولغانلىقىغا قارىماستىن، ئۇ مۇئەللىملەر تەشكىلاتىغا كىرمىدى، لېكىن مۇئەللىملەر دەرسكە چىقماسلىقنى ئېلان قىلغان چاغدا، ئۇمۇ ئىشقا چىقمىدى. ھۆكۈمەت نامايىشقا جاۋاب رېتىدە: «ئىشقا چىقىڭلار، ئاقچا بېرىمىز» دەپ ئېلان قىلدى، مۇئەللىملەرگە بولغان بۇنداق مۇناسىۋەت فاڭ شۈەنچاۋنى بىرئاز خاپا قىلدى: ھۆكۈمەت مۇئەللىملەرنى خۇددى مايمۇنغا ئانارنى كۆرسىتىپ ئۇمۇندۇرۇپ قىينىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ بېشىدا قانداقتۇر بىر مەشھۇر مائارىپچىنىڭ: «ئەگەر مۇئەللىم بىر قولىدا كىتاب تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئاقچا تەلەپ قىلسا، بۇ مەردانىلىككە ياتمايدۇ» دېگەن سۆزى ئايلىنىپ يۈرمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ ئاخشىملا كەچكى تاماق ئالدىدا، بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرگە ئۆزىنىڭ نارازى ئىكەنلىكىنى ئايالىغا ئېيتىپ بەردى ۋە:

— ھوي، بىزدە تاماق ئىككىلا خىلمۇ — گۈرۈچ بىلەن سەيلىمۇ؟ — دېدى.

فاڭ شۈەنچاۋ ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھازىرقى زامان بىلىمىدىن بىخەۋەر ئىدى. ھەتتا ئايالىنىڭ ئىلمىي نامىمۇ ياكى ئادەت بويىچە مەكتەپتە قىزلارغا قويۇلىدىغان بىرەر چىرايلىق لەقىمىمۇ يوق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايالىنى نېمىدەپ ئاتىشىنى بىلمەيتتى.





كونا قائىدە بويىچە «خېنىم» دەپ چاقىرىشقا مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كونىلىقنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. شۇڭا «ھوي» دېگەن سۆزنى ئاپىرىدە قىلدى. ئايالى ئۇنىڭغا «ھوي» مۇ دېمەستىن پەقەت يۈزىگە قاراپلا سۆزلەۋېرەتتى. ئادەت بويىچە فاڭ شۈەنچاۋ بۇ سۆزنىڭ ئۆزىگە قىلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى.

ئايالى ئۈستەلنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئېرىگە قاراپ:

— ئۆتكەن ئايدا ئالغان 15 پىرسەنتنىڭ ھەممىسى تۈگىدى ... تۈنۈگۈن قەرزگە گۈرۈچ ئېلىشمۇ تەس بولدى، — دېدى.

— ئەگەر مۇئەللىم ھەققىنى تەلەپ قىلسا، ئۇ مەردانىلىك ئەمەس دېيىشىدۇ، تېخى. تەتۈر پېشانە ئىنسان ئۈچۈن تاماق كېرەك ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۈچۈن گۈرۈچ كېرەك ئىكەنلىكىنى، گۈرۈچنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بولسا، ئاقچا كېرەك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ھەتتا مانا مۇشۇ ئاددىي مەسىلىگە ئەقلى يەتمەيدۇ...— دېدى فاڭ شۈەنچاۋ.

— توغرا ئېيتىسەن، ئاقچاڭ بولمىسا، گۈرۈچ سېتىۋالالمايسەن، گۈرۈچسىز تاماق تەييارلاش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئايالى.

فاڭ شۈەنچاۋنىڭ مەڭزىلىرى كۆپۈپ كەتتى، گويا ئايالىنىڭ جاۋابى ئۆزىنىڭ «پەرقى چوڭ ئەمەس» دېگەن پىكرى بىلەن توغرا كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلىغاندا ئاچچىق قىلغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ بۇرۇلدى، ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، ئايالىغا پاراڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

مۇئەللىملەر بېرىلمىگەن ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىناسىغا قاراپ ماڭغان كۈنى سوغۇق شامال چىقىپ، يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇلار شىنخۇامېن دەرۋازىسى[68] ئالدىدا مىللىي ئەسكەرلەردىن دۇمبا يەپ، بەزىلىرىنىڭ باشلىرى يېرىلىپ قان ئاقتى. شۇ ۋەقەدىن كېيىنلا مۇئەللىملەرگە ئىش ھەققىنىڭ

بىر قىسمى بېرىلدى. فاڭ شۈەنچاۋمۇ بېلىنى ئاغرىتماي يۈرۈپ
ھېچ ھەرىكەتسىز ئاقچىسىنى ئالدى. ئۇ بىرمۇنچە قەرزلىرىنى
ئۈزمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن خېلىلا نۇرغۇن ئاقچە-
مۇ يەتمەيتتى، سەۋەبى ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى ئەمەلدارلىقىغىمۇ
ئىش ھەققى بېرىلمىگەنىدى. شۇ چاغدا ئابرۇيىنى يوقاتمىغان ئەڭ
ئادىل ئەمەلدارلارمۇ ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلماي بولمايدۇ، دەپ
ئويلاشقا باشلىغانىدى. شۇ چاغدا ئەمەلدارلىق خىزمىتىنى مۇئەل-
لىملىك ۋەزىپىسى بىلەن بىللە ئەكېتىپ بارغان فاڭ شۈەنچاۋ
ئالاھىدە سەممىيەت بىلەن غوۋغا كۆتۈرگەن مۇئەللىملەرنىڭ قەد-
رىگە يېتىدىغان بولدى. ئۇ نامايىشنى داۋام ئەتتۈرۈش توغرۇلۇق
ۋەدە قوبۇل قىلغان ئومۇمىي مۇئەللىملەر يىغىنىغا قاتناشمىغان
بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ۋەدىدىكى تەلەپنى ۋىجدانلىق ئورۇنداپ
ئىشقا چىقمىدى. ئاخىرى ھۆكۈمەت مۇئەللىملەرگە ئىش ھەققىنى
تۆلىدى ۋە مەكتەپلەردە ئوقۇش قايتىدىن باشلاندى. بۇنىڭدىن بىر-
نەچچە كۈن ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلار ئىتتىپاقى ھۆكۈمەتكە شىكايەت
يازدى، ئۇنىڭدا: «ئەگەر مۇئەللىملەر ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشلى-
مىسا، ئۇلارغا تۆلەنمىگەن ئىش ھەققىنى تۆلەشنىڭ ھېچ ھاجىتى
يوق» دېيىلگەنىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شىكايىتى مۇۋەپپەقىيەتسىز
ئىدى. لېكىن فاڭ شۈەنچاۋ دەررۇ ئۆتكەن نۆۋەت ھۆكۈمەتنىڭ:
«ئىشقا چىقىڭلار، ئاقچا ئالىسىلەر» دېگەن جاكارىسىنى ئەسلىدى.
«پەرقى چوڭ ئەمەس» — بۇ ئوي خۇددى كۆلەڭگىدەك ئۇنىڭ
ئالدىغا كېلىپ باستى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ نېرى كەتمىدى.
مانا خۇددى شۇ چاغدا خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ يېڭى كۆز قاراشلىرىنى
ئېلان قىلدى.

ئەگەر «پەرقى چوڭ ئەمەس» دېگەن گۇناھسىز نەزەرىيىسىنى
قانۇنغا ئاساسەن چېتىشتۈرماقچى بولغاندىمۇ، زىر - زەۋىرى بىلەن
تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن بەرىبىر ئۇ نەزەرىيىسىنى پەقەت ئە-





مەلدارلار سۈپىتىدىكى فاڭ شۈەنچاۋنىڭ ئۆز مەنسىپىنى ئاقلاش
ئۈچۈن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن نەزەرىيىسى دەپ نەتىجە چىقىرىشقا
بولمايتتى. ئۇنىڭ «پەرقى چوڭ ئەمەس» دېگەن نەزەرىيىسى،
ئۇنىڭغا قارىغاندا خېلى كەڭ مەنىلىك نەزەرىيە ئىدى. ئەمدى ئۇ
جانجىگىرى بىلەن جۇڭگونىڭ كېلەچىكى ياكى قانداقتۇر شۇنىڭغا
ئوخشاش نەرسىلەر ھەققىدە سۆز قىلىدىغان بولدى. ھەتتا ئۆزىنى
ئۆز ۋەتىنىگە جان - تېنى بىلەن ئېچىنىدىغان ۋەتەنپەرۋەر دەپ
ھېسابلاشتىنمۇ قايتمايتتى، چۈنكى خەلق ھەرقاچان «ئۆزىنىڭ
ئاڭسىزلىقى» دىن ئازاب چېكىدۇ ئەمەسمۇ ...

فاڭ شۈەنچاۋ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوبدانراق ئويلاشقىمۇ
ئۈلگۈرە - ئۈلگۈرمەيلا، كۆز ئالدىدا «پەرقى چوڭ ئەمەس» نى
ھېسابلايدىغان ھەقىقىي دەلىللەر كەينى - كەينىدىن پەيدا بولىۋەر-
دى. ھەممىنى زېرىكتۈرگەن بۇ مۇئەللىملەرگە غەمخورلۇق قىلمى-
غان ھۆكۈمەت، مۇئەللىملەرنىڭ ھېچقاچان قەدرىگە يەتمىگەن ئە-
مەلدارلارنىڭ ئۈستىدە غەمخورلۇق قىلىشنى بىردىنلا توختىتىپ
قويدى. خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئەمەلدارلارغا ئىش ھەققىنى زادى
تۆلىمەي كېلىۋەردى. ئىلگىرى پۇل سوراپ كەلگەن مۇئەللىملەرگە
نەپرەت كۆزى بىلەن قارىغان ئەڭ سالاپەتلىك ئەمەلدارلار ئارىسىدىن
يىغىندا ھەممىگە ئاڭلىنارلىق قىلىپ، ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلغان
باتۇرلارمۇ چىقتى. بۇ قېتىم بىرنەچچە گېزىت بۇ باشلىقلارنى
زاڭلىق قىلىپ، تەنقىدلەش بىلەن مەشغۇل بولدى. فاڭ شۈەنچاۋ
بۇنىڭغا زادىلا ئەجەبلەنمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «پەرقى چوڭ ئەمەس»
دېگەن نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ، بۇ ۋەقە پەقەت گېزىتكە ماقالە
يازغۇچىلارنىڭ ھازىرقى قەلەم قىيىنچىلىقىنى كەچۈرمىگەنلىكى-
دىن بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەت ياكى بايلار ئۇلارغا ئاقچا بېرىش-
نى توختاتسا، ئۇ چاغدا ئۇلارمۇ دەررۇ يىغىن چاقىرغان بولار
ئىدى، دەپ چۈشەندى.

فاڭ شۈەنچاۋ ئۆز ۋاقتىدا ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلغان مۇئەل-
لىملەرگە خەيرخاھلىق كۆرسەتكەنىدى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئاقچا
تۆلەشنى تەلەپ قىلغان ئەمەلدارلارغا قوشۇلۇپ كېتىشى تامامەن
تەبىئىي نەرسە. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى خۇددى ھېچ نەرسە كۆرمىگەن-
دەك خاتىرجەملىك بىلەن ئۆز ئىدارىسىدە ئولتۇرۇۋەردى ۋە ئۆزد-
نىڭ ئادىتى بويىچە، باشقىلار بىلەن بىللە ئىش ھەققىنى تەلەپ
قىلىپ ھۆكۈمەت ئالدىغىمۇ بارمىدى. باشقىلارنىڭ ئۇنى ئۆزىنى
يۇقىرى تۇتىدۇ دەپ گۇمان قىلىشىنىمۇ پەقەت بىر خىل چۈشەن-
مەسلىك دەپ ھېسابلايتتى. بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئۇ، دۇنياغا بىنا
بولغاندىن باشلاپ، پەقەت باشقا كىشىلەرلا قەرز قىستاپ كەلدى،
ئۆزۈم بولسام ھېچكىمگە ھېچقاچان قەرز سۈيلەپ بارمىدىم ۋە بۇ
ئىشقا تامامەن قابىلىيەتسىزمەن دەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ ئىق-
تىسادىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالغان ھۆكۈمرانلار بىلەن ھېچقا-
چان يۈزمۇيۈز ئۇچراشقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەگەر بۇ ئادەملەر
ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، «ماخايانا[69] ھەققد-
دىكى ئىلمىي تەلىمات ۋە دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى»نى قولىغا
ئېلىپ، ھەقىقىي بۇددىزمنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن بولسا ئىدى،
ئۇ چاغدا، ئۇ ئەلۋەتتە مۇلايىم بولۇپ قالاتتى. لېكىن ئۇلار ھازىر-
غا ئۆز تەختىدە ئولتۇرغاندا، خۇددى ئەزرائىلدەك باشقىلارغا قول-
لارغا قارىغاندەك قارايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا بارلىق ھالسىز
ۋە بىچارە ئادەملەرنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى
بىزگە تېگىشلىك دەپ ھېسابلايدۇ، دەيتتى. مانا مۇشۇ سەۋەبلەرگە
ئاساسەن، فاڭ شۈەنچاۋ ئۇلارغا يولۇقۇشقا پېتىنالمايدۇ ۋە خالىماي-
دۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا ئۆز خۇلق - مىجەزىنىڭ بۇ بەلگىسى، ئۇنى
ئەخلاقىي جەھەتتىن باشقىلارغا قارىغاندا يۇقىرى تۇتۇپ تۇرغاندەك
سېزىلەتتى، بەزىدە ئۇنىڭدا: بۇ بەلگە مېنىڭ ھەرقانداق قابىلىيەت-
تىن مەھرۇم ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىمامدۇ؟ دېگەن گۇمانلارمۇ





پەيدا بولاتتى.

ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلىش ئومۇمىي يوسۇندا بولدى، لېكىن
تۆلەش قەرەللىرىمۇ كەينى - كەينىدىن ئۆتمەكتە ئىدى. فاڭ
شۈەنچاۋ ھېچقاچان مۇنداق تەس ئەھۋالغا دۇچار بولمىغان. ئۇنىڭ
يۈگۈر - يېتىمغا بۇيرۇيدىغان مالاي بالىسىلا ئەمەس، ھەتتا ئايالى
فاڭ خېنىممۇ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ھۆرمەتنى ساقلىد-
مايدىغان بولدى. ئاخىرقى كۈنلەردە ئايالىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كېلىد-
شەلمەي يۈرگەنلىكى بىلەنلا ئىش تۈگىمىدى. ياق، ئايالى ئۆزىنىڭ
مۇستەقىل پىكرىنى ئوچۇق ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە
بەزى ۋاقىتلاردا ئۇ تامامەن ئەدەپلەرنىمۇ ئېتىبارغا ئالماس بولۇپ
قالدى. 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى فاڭ شۈەنچاۋ ئىشتىن قايتىپ ئۆيگە
كىرىشى بىلەن ئايالى ئۇنىڭ كۆزىگە قەرزگە ئالغان نەرسىلەرنىڭ
بىر توپ ھۆججىتىنى تىقتى، مۇنداق ۋەقە ئىلگىرى ھېچقاچان
بولمىغانىدى.

بۇ قېتىم ئۇ ئېرىگە قارىماستىنلا:

— جەمئىي 180 تەڭگە كېرەك... ساڭا ئاقچا بەردىمۇ؟ —
دەپ سورىدى.

— ھىم، مەن ئەتىدىن باشلاپ ئەمەلدار بولمايمەن. ئاقچا
ئېلىش ئۇچۇن چەك ئېلىندى، لېكىن ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلىش
يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى، بىردەم: بىللە بارمىغانلارغا بېرىلمەيدۇ
دەپ ، بىردەم ئۆزلىرى كېلىپ ئالسۇن دەپ، بەرمەي قويۇشتى.
بۈگۈن ئۇلار قولىغا چەكنى ئېلىپ ئەزرائىل بولۇشۇۋالدى. ئۇلار-
نىڭ يۈزىگە قاراشتىنمۇ قورقىمەن. مۇنداق چەكسىز ھاقارەت شارا-
ئىتىدا ئاقچىنىمۇ ئالمايمەن، خىزمەتمۇ قىلمايمەن...

فاڭ خېنىم بۇنداق مەردانە غەزەپلىنىشلەرنى ناھايىتى كەم
ئۇچراتقانىدى، ئۇ ئاۋۋال قورقۇپ كەتتى، ئەمما كېيىنرەك خاتىر-
جەم بولدى.

— ئۆزۈڭ بېرىپ ئالساڭ ياخشىراق بولاتتى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بولمايدىغۇ؟ — دېدى ئايالى ئېرىنىڭ يۈزىگە قاراپ.

— بارمايمەن، بۇ سەدىقە ئەمەس، ئەمەلدارنىڭ ئىش ھەققى ... تەرتىپ بويىچە، ئۇ بوغالتىرىيە ئارقىلىق بېرىلىشى كېرەك.

— ئەگەر ئۇزۇل - كېسىل بەرمەي قويسا، ئۇنىڭدا نېمە پايدا؟ مەن ساڭا تۈنۈگۈن ئېيتىمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. باللاردىن مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن ئاقچا تۆلەشنى بىرنەچچە قېتىم تەلەپ قىپتۇدەك، ئەگەر بىز بۇ قېتىملا تۆلىمەيدىغان بولساق...

— كاپىشما! ئاتىسى ھەم خىزمەت قىلىدۇ، ھەم ئوقۇتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۇ يەردىمۇ ئاقچا تۆلىمەيدۇ، ئوغلى كىتابتىن بىرقانچە جۈملىنى ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىنلا ئاقچا تەلەپ قىلامدىكەن؟

ئايالى، ھازىر بۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ، ئۆزى مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ قالغاندەك قايناۋاتىدۇ، چىشىغا تەگمەي دەپ باشقا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى.

چۈشلۈك تاماق ئۈستىدىمۇ ئىككىسى جىمجىت ئولتۇردى. فاڭ شۈەنچاۋ بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، خاپا ھالدا چىقىپ كەتتى.

ئاخىرقى يىللاردا، ياز بايرىمىنىڭ ئالدىدا ۋە يېڭى يىل ھارپىسى كەلگەن مەزگىللەردە فاڭ شۈەنچاۋ ئادەت بويىچە يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتاتتى ۋە ئۆيگە كىرە - كىرمەي قوينىدىن بىر بولاقنى چىقىرىپ: «ھوي، ئال مۇنۇنى!» دەپ قاتتىق ۋارقىرايتتى ھەم خۇشال ھالدا ئايالىغا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ۋە قاتناش بانكىسىنىڭ يېپيېڭى پېچەتلىك دوللارلىرىنى سۇناتتى. 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدە[70] كونا ئادەتنىڭ بۇزۇلۇشىنى — فاڭ شۈەنچاۋنىڭ كەچ سائەت يەتتە بولمايلا ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى كىم بىلسۇن، فاڭ





خېنىم ئېرىنى كۆرۈپ تەشۋىشلەندى ۋە ئۇنى خىزمەت قىلىشنى رەت قىلدىمىكىن دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ، ئالاھىدە بىر ئۆزگىرىشنىڭ بەلگىسىنى كۆرمىدى.

— نېمە ۋەقە؟... نېمانچە ئەتىگەن قايتتىڭ؟ — دەپ سورىدى ئايالى ئېرىگە دىققەت بىلەن قاراپ.

— ھېچ نەرسە ئالمىدىم، ئاقچا بېرىشكە ئۈلگۈرمىدى... بانكىنى سەككىز كۈنگىچە كۈتۈش كېرەك ئىكەن.

— بەلكىم، ئۆزۈڭنىڭ بېرىپ سورىشىڭ كېرەكتۇ؟ — دەپ چۆچۈگەن ھالدا سورىدى ئايالى.

— ياق، ئۆزۈم بېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، ئاۋۋالقىدەك بوغالتىر ئارقىلىق بەرگۈدەكمىش. لېكىن بانكا بۈگۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىشلىمەيدىكەن، ئەمدى 8 - كۈنگىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدىكەن، — ئۇ تۆۋەن قاراپ بىر ئاز ئولتۇردى، بىر يۇتۇم چاي ئىچكەندىن كېيىن ئاستا پاراڭ قىلدى، — بەختىمىزگە، بۇنىڭ ھەممىسى پات يېقىندا تۈگەيدۇ... 8 - كۈنى ئاقچا قولىمىزغا تېگىدۇ... ئىلگىرى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولمىغان ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىش — ھەقىقەتەن ئېغىر ئەھۋال. مەن چۈشتىن كېيىن ئۇزاق ۋاقىتقىچە جىن يۈگشېڭنى ئىزدەپ يۈردۈم. ئۇنى تېپىپ پاراڭ قىلىشىپ قالدۇق، ئۇ ئاۋۋال مېنى ئىش ھەققى تەلەپ قىلمىغىنىم ۋە ۋەكىللەر بىلەن بىللە بارمىغىنىم ئۈچۈن ماختىدى. ئۇ مېنىڭ تولىمۇ ئادالەتلىك، ئالىيجاناب ئادەم ئىكەنلىكىمنى ۋە مۇنداق مىجەز پەقەت ماڭا ئوخشاش ئەخلاقلىق ئادەملەرگىلا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭدىن 50 تەڭگە قەرز سورىشىم بىلەن، خۇددى مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر ئۇچۇم تۇز تىققاندەك، بىردىنلا ئۆڭى ئۆچۈپ ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزى قورۇلۇپ كەتتى - دە، ئۆزىنىڭ ئاقچا مەسىلىسىدە بولغان بارلىق قىيىنچىلىقلىرىنى چالۋاقاپ ساناشقا باشلىدى: ئۇ كىمدۇر بىرىدىن

تېخى ئىجارە ھەققىنى ئالماپتۇدەكمىش. سودا - سېتىق ئىشلىرىدا زىيان تارتىپتۇمىش... قىسقىسى، ئۇ ماڭا بىللە ئىشلەيدىغان يولداشلىرىمدىن قەرز سورىشىمنى مەسلىھەت قىلىپ، دەرھال كەشىمنى توغرىلاپ يولغا سالدى.

— بايرام ئالدىدا كىم قەرز بەرسۇن؟ — دېدى ئايالى ناھايىتى سۇس رەۋىشتە.

فاڭ شۈەنچاۋ يەنە بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئويلاپ تۇرۇپ، بۇگۈنكى ۋەقەدە ھەيران قالغۇدەك ھېچ نەرسە يوق، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى، چۈنكى ئۇ جىن يۇڭشېڭ بىلەن ھېچقاچان يېقىن بىر مۇناسىۋەتتە بولمىغان. شۇ ئارىدا فاڭ شۈەنچاۋ ئۆتكەن يىل بولغان بىر ۋەقەنى ئەسلىدى. يېڭى يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىر يۇرتلۇقى كېلىپ 10 تەڭگە قەرز سورىغانىدى، فاڭ شۈەنچاۋنىڭ قولىدا پۇل بار ئىدى، لېكىن بۇ ئادەم ئالغان قەرزنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ دەپ قورقۇپ، ئۆزىنى خىجىل ئەھۋالدا قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ تېخى ئىش ھەققىنى ئالمىغانلىقىنى، مەكتەپتىنمۇ ئاقچا بەرمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغانلىقىنى، لېكىن ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سۇنۇق تىيىننىمۇ بەرمەستىن يولغا سالغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايىنىڭ قانداق قىياپەتتە بولغانلىقىنى ئۆزى كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكى كالپۇكلىرى تىترەپ، بېشى قىيسىپ كەتكەنىدى.

لېكىن، فاڭ شۈەنچاۋ ھازىر بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، خىزمەتكار بالىغا مەي ساتىدىغان دۇكانغا بېرىپ، قەرزگە بىر شېشە ئاق ھاراق ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. دۇكاندارلار ياز بايرىمى ئالدىدا سېتىۋالغۇچىلار قەرزلىرىنى تۆلەيدۇ دەپ ئۈمىدلىنىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ھاراقنى قەرزگە سېتىشتىنمۇ باش تارتمايدىغانلىقىنى، ئەگەر بەرمەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئەتىلا ئۇنىڭغا بىر تىيىنمۇ نېسى قىلمايدىغانلىقىنى، ئۆز جازاسىنى ئۆزى





تارتىشىنى بىلەتتى.

ھاراق قەرزگە كەلتۈرۈلدى، ئىككى چىنە ئىچىشى بىلەن ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرى قىزاردى، ئۇ كەچقۇرۇنلۇق تاماقتىن كېيىن بىرئاز خۇش كەيپ بولۇپ، «خادېمىن» ماركىلىق تاماكىنى راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ چەكتى. كېيىن ئۈستەلدىن «شېئىرلار توپلىمى» [71] نى ئېلىپ، كارىۋاتقا بېرىپ ياتتى. فاڭ خېنىم كارىۋاتقا يېقىن كېلىپ، ئېرىنىڭ يۈزىگە قارىغان ھالدا:

— ئەتە دۇكاندارغا قەرزلەرنى قانداق قىلىپ تۆلەيمىز؟ — دەپ سورىدى.

— دۇكاندارغا؟ ... ئۇلارغا 8 - كۈنى چۈشتىن كېيىن كەل دەيمىز.

— مەن مۇنداق دەپ ئېيتالمايمەن، ئۇلار ئىشەنمەيدۇ ھەم ئۇنىمايدۇ.

— قانداقچە ئىشەنمەيدۇ؟ ئىشەنمىسە بېرىپ سورىسۇن! پۈتكۈل يامۇلدا ھېچكىم ئاقچا ئالمىدى، ھەممىسى 8 - كۈنىنى كۈتۈۋاتىدۇ ...

فاڭ شۈەنچاۋ ئىشارەت بارمىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

فاڭ خېنىم ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى.

فاڭ شۈەنچاۋ قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ شىلتىدى - دە، بىردىنلا كىتابنى ۋاراقلىدى.

ئايال ئۆز ئېرىنىڭ كاج بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋاقتىنچە ئېغىزمۇ ئاچمىدى.

— مېنىڭچە مۇنداق ئەھۋالنىڭ داۋام قىلىشىۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس ... بىرەر چارە تېپىش كېرەك ياكى بولمىسا باشقا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش كېرەك، — دېدى ئايالى ئاخىرى سۆزىنى يۆتكەپ.

— نېمە چارە؟ مەن «موللا دېسە موللا ئەمەس، ئەسكەر دېسە ئەسكەر ئەمەس» بولۇپ قالدىم. باشقا نېمە بىلەن مەشغۇل بولۇش مۇمكىن؟

— سەن شاگىخەينىڭ كىتاب دۇكانلىرى ئۈچۈن ئەسەر يازمىغانمىدىڭ؟

— شاگىخەينىڭ كىتاب دۇكىنى ئۈچۈن؟ ئۇلار قوليازمىنى سېتىۋالغان چاغدا ھەربىر ھەرپنى ئالايىتەن سانايدۇ، ھەرپلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بوش يەرلەر ئۇلاردا ھېسابقا ئېلىنمايدۇ. ئېغىز تىلى بويىچە يازغان شېئىرلىرىنى كۆردۈڭمۇ، ئۇنىڭدا بوش جايلار ناھايىتى نۇرغۇن، پۈتۈن بىر كىتاب ئۈچۈن 300 داچەنمۇ ئالالمايسەن. يەنە قارىمامسەن، ئۇلاردىن ھېچبىر خەت - خەۋەر كەلمىگىنىگە ئالتە ئايچە بولۇپ قالدى. «يىراقتىكى سۇ بىلەن يېقىندىكى ئوتنى ئۆچۈرگىلى بولمايدۇ».

— ئۇنداق بولسا، مۇشۇ يەردىكى تەھرىراتقا بەرسەڭ بولماسمىدى؟

— مۇشۇ يەردىكى تەھرىراتقا دەمسىنا؟ بۇ يەردىكى گېزىتخانىدا ئىشلەيدىغان ئوقۇغۇچىمنىڭ يۈز - خاتىرسى بولغاندىمۇ 1000 ھەرپكە بېرىدىغان ھەق ناھايىتى ئاز. كىچە - كۈندۈز ئىشلىگەن ھالەتتىمۇ، بۇنىڭ بىلەن سىلەرنى باقالمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ قورسىقىمدىنمۇ مۇنچىلىك ئەسەرلەر چىقمايدۇ.

— بايرامدىن كېيىن؟… ئاۋۋالقىدەكلا ئەمەلدار بولۇپ خىزمەت قىلىمەن… ئەگەر دۇكاندار كەلسە، ئۇلارغا 8 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئالىسەن دەپ ئېيتقىن.

ئۇ يەنە كىتاب ئوقۇشقا كىرىشتى. فاڭ خېنىم بۇ قولايلىق پەيتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ئەندىشە قىلىپ دەررۇ:

— مېنىڭچە بايرام ئۆتۈپ بولغاندا… 8 - كۈندىن كېيىن… بىز… ئەگەر لاتارىيە بېلىتى سېتىۋالساقچۇ، — دەپ سۆزلەش-





كە باشلىدى.

— پوق يەپسەن! خۇددى نادانلارغا ئوخشاش سۆزلەيسەنغۇ…

فاڭ شۈەنچاۋ بىردىنلا جىم بولدى، جىن يۈگىشىڭ ئۇنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆز بېشىدىن قانداق ۋەقەلەرنىڭ ئۆتكەنلىكى ئېسىگە چۈشتى. شۇ چاغدا ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي داۋشياڭ بازىرى ئالدىدىن كېتىۋېتىپ، دۇكانلارنىڭ ئىشىكلىرىدە يوغان ھەرپلەر بىلەن: «بىرىنچى ئۇتۇق — 10 مىڭ تەڭگە» دېگەن لاتارىيە ئېلانىنى كۆرۈپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ، مېڭىشى ئاستىلاپ قالغانىدى ۋە پەقەت يانچۇقىدا قالغان ئاخىرقى 60 داچەننى دۇكاننىڭ پەشتاختىسىغا تاشلىيالمىغانلىقىدىن بىئارام بولۇپ قەدەملىرىنى تېزلىتىپ، دۇكان ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

بۇ ۋەقەنى ئەسلىشى بىلەن فاڭ شۈەنچاۋنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولغانىدى. فاڭ خېنىمغا «فاڭ شۈەنچاۋ مېنىڭ نادانلىقىمغا ئاچچىق قىلدى» دېگەن ئوي كەلدى ۋە پاراڭ قىلىشنى توختىتىپ نېرى كەتتى، شۇنداق قىلىپ فاڭ شۈەنچاۋ باشلىغان جۈملىسىنى ئاياغلاشتۇرمىدى ۋە كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ «تەجرىبىلەر» دېگەن توپلامدىكى شېئىرلارنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا كىرىشتى.

1922 - يىل، 6 - ئاي

# ئاق نۇر [72]

چىن شىچېڭ ناھىيە ئىدارىسىدە ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ
تامغا چاپلانغان ئىسىملىرىنى كۆرۈپ ئۆيگە قايتقاندا كۈن چۈشتىن
ئۆتكەنىدى.

ئۇ ئىدارىگە خېلىلا ئەتىگەن باردى ۋە دەرھال تىزىمدىن ئۆزد-
نىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. تامغا چاپلانغان
ئىسىملىكتە چىن دېگەن ھەرپ كۆپ ئىدى. ئۇ ھەرپلەر گويا
بىر - بىرىدىن كېيىن قالغۇسى كەلمىگەندەك، ئۇنىڭ كۆزىگە
ئىنتىلاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە شىچېڭ دېگەن ئىسىم بىلەن
بىللە كەلگەن چىن ھەرپى يوق ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى تېپىش ئۈمىدى بىلەن
ھەرخىل ئىسىملار بىلەن تولدۇرۇلغان 12 تاختا قەغەزنىڭ ھەممى-
سىگە يېنىشلاپ قاراپ چىقتى. تىزىمغا قارىغىلى كەلگەنلەرنىڭ
ھەممىسى ئالللىقاچان تارقىلىپ كېتىشتى، پەقەت چىن شىچېڭ
ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئىمتىھان
ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى توغرا تام ئالدىدا تۇرۇپ قالدى.

قىش يېقىنلاشماقتا ئىدى. سالقىن شامال ئۇنىڭ ئالا چاچلى-
رىنى يەلپۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى قىيىپ، چىرايى تاتىرىپ
كەتتى. ئۇنىڭ تالغانلىقتىن ئىششىپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى-
دىن قانداقتۇر بىر ئاجايىپ نۇر چاقنايتتى. ھازىر ئۇ ھېچقانداق
ھەرپكە قارىمايتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرمۇنچە قارا - قۇرا
نەرسىلەر ئۈچۈپ يۈرگەندەك قىلاتتى.





قانداق ياخشى! ئۆلكىگە بارسام، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىم-
لىق دەرىجىسىنى ئالسام، بۇ ھەقتە خۇش خەۋەر كەينى - كەيند-
دىن تارقالسا ··· ئۇ چاغدا يۇرت مۆتىۋەرلىرى ماڭا يېقىنچىلىق
قىلىدۇ، مېنى ئىززەتلەيدۇ، مەن بىلەن تۇغقان تېپىشىدۇ ۋە
ئىلگىرى مەنسىتمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئەمدى پۇشايمان قىلىشى-
دۇ ··· خاراب بولۇپ كەتكەن جايىمدا ئولتۇرۇشلۇق يات فامىلىك-
لەرنى قوغلايمەن، ياق، قوغلىۋەتكىنىم نېمىسى، ئۇلار ئۆزلىرى
كۆچۈپ كېتىدۇ، ئۇ ئۆي - جايىم تامام يېڭىلىنىدۇ؛ دەرۋازام
ئالدىغا ئەلەم، ھۆرمەت تاختىسى ئېسىلىدۇ··· راھەتنى دېسەم،
پايتەخت ئەمەلدارلىرىدىن بولۇشۇم مۇمكىن··· پۇل تاپاي دېسەم،
يېزا ئەمەلدارلىرىدىن بولۇشۇم مۇمكىن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسى-
چۇ؟ ياق! بۇ توغرۇلۇق ئويلىماي قوياي ···

چىن شىچېڭنىڭ ئادەتتە بورداپ قويغان بورداقلىرى، گويا
قەنتتىن ياسالغان مۇنار سۇدا ئېرىپ تۈگىگەندەك، بىردەمدىلا
يوقىلىپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە،
ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېرىشى بىلەن، يەتتە ئوقۇغۇ-
چىسى ئاۋازلىرىنى قويۇپ بېرىپ، دەرسلىرىنى يادلاشقا باشلىدى.
چىن شىچېڭ خۇددى دۇمباق چېلىنغاندەك بىردىنلا قاتتىق چىققان
بۇ ئاۋازلاردىن چۆچۈپ كەتتى. ئۆرۈمە چاچلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان
بۇ يەتتە بالىنىڭ باشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى ئۆيىنى بىر
ئالغاندەك قىمىرلاشقا باشلىدى، چىن شىچېڭ بەندىڭگە ئولتۇرغاند-
دىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار دەرسلىكلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى،
ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئۇنى كۆزىگە ئىلمىغانلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قايتىڭلار، — چىن شىچېڭ بىرئاز قايغۇلۇق ھالدا تۇرغاند-
دىن كېيىن سۆزلىدى.

باللار ئالدىراپ - ئۈچقۇراپ كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ،

خۇددى ھاۋادىكى ئىس تارقىغاندەك غايىب بولۇشتى. چېن شىچېڭنىڭ كۆز ئالدىدا بالىلارنىڭ باشلىرى تېخىچە مىدىرلىغاندەك قىلاتتى ۋە ئۇلار بىر تۇرۇپ قارا ـ قۇرا بىر نېمىلەرگە ئايلىنىپ، بىر تۇرۇپ قانداقتۇر بىر ئاجايىپ شەكىللەرگە كىرگەندەك بولاتتى.

— بۇ قېتىممۇ ئۈمىد قالمىدى!

چېن شىچېڭ چۆچۈپ سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ناھايىتى ئوچۇق بىر ئاۋاز جاراڭلىغاندەك بولدى. ئۇ بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى، ھېچكىم يوق. بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە گويا كىمدۇر بىرى دۇمباق ئۇرغاندەك قىلدى، ئۇ ئۆزىچە سۆزلىدى:

— بۇ قېتىممۇ ئۈمىد يوق.

ئۇ بىردىنلا قولىنى كۆتۈرۈپ، بارماقلىرى بىلەن ساناشقا باشلىدى: «… 11، 12 … بۇ يىلقىسىنى قوشسام 16 قېتىم ئىمتىھان بەردىم. ماقالىگە باھا بېرەلىگۈدەك بىرمۇ ئىمتىھانچى يوق. كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ تونۇمىسا، بۇ ئېچىنغۇدەك بىر ئىش! …» چېن شىچېڭ ئىختىيارسىز كۈلدى. ئۇ يەنە شۇ زامانلا خاپا بولدى ـ دە، جىلتىسىدىن ئىمتىھانغا يازغان نەسرى ۋە نەزمىلىرىنى ئېلىپ تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى، لېكىن بوسۇغىغا بېرىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە غەلىتە كۆرۈندى. ئۇنى ھەممە نەرسە، ھەتتا توخۇلارمۇ زاڭلىق قىلغاندەك تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى دۈك ـ دۈك سوقۇشقا باشلىدى، ئۇ ئارقىسىغا ياندى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ يەنە ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىماقتا. ئۇنىڭ كۆزىگە نۇرغۇن نەرسىلەر كۆرۈنمەكتە، لېكىن ئۇ نەرسىلەر ناھايىتى غۇۋا ئىدى. ئۇنىڭغا ئىستىقبالى خۇددى يىقىلىپ چۈشكەن قەنت مۇنارىغا ئوخشاش ۋەيرانە بولۇپ كۆرۈنەتتى





ۋە ئۇنىڭ خارابىسى بارغانسېرى يوغىناپ، ئۇنىڭ يولىنى توسۇغاندەك بولاتتى.

قوشنا ئۆيلەردە غىزا قىلىشقا يېقىلغان ئوتلار ئاللىقاچان ئۆچتى، ھەتتا ئۇلار قاچا ـ قومۇچلىرىنىمۇ يۇيۇپ ـ يىغىشتۇرۇپ بولدى. چېن شىچېڭ بولسا، كەچكى غىزا توغرۇلۇق ئويلاپمۇ باقمىدى. بۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق ھەر خىل فامىلىدىكى كىشىلەر ئۆتكەن يىللاردىكى تەجرىبىلىرىدىن، ھەر يىلى ئىمتىھان ئاخىرلاشقاندا ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئىسىملىكلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن چېن شىچېڭنىڭ كۆزىدە پەيدا بولىدىغان ئۈمىدسىزلىكنى كۆرۈپلا، بالدۇرراق ئىشىكلىرىنى تاقاپ يېتىشنى ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى بېسىلدى، ئاندىن كېيىن چىراغلار كەينى ـ كەينىدىن ئۆچتى، پەقەت ئاسماندىكى گۈڭگا ئايدىن باشقا نەرسە قالمىدى.

چېن شىچېڭ ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا چىقتى، دېڭىزغا ئوخشىغان كۆك ئاسماندا بەزى بۇلۇتلار خۇددى بىراۋلار سۇ بىلەن يۇيغان بور (ئاھاك) نىڭ دۇغى قاچىدا لەيلىگەندەك ئۈزمەكتە ئىدى. ئاي ئۆزىنىڭ سوغۇق شولىسىنى چېن شىچېڭغا چاچتى، بۇ نۇر دەسلەپتە پارقىراپ تۇرغان تۆمۈردىن چىققان نۇرغا ئوخشايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ چېن شىچېڭنىڭ بارلىق ئەزاسىغا سىرلىق چېچىلىپ، ئۇنىڭ گەۋدىسىدە تومۇردىن چىققان نۇردەك ئەكس ئېتەتتى.

چېن شىچېڭ ھويلىدا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى. ئەتراپتا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئەمىن تېپىپ، كۆزلىرى خېلى يورۇدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ تىنچلىقى يېڭىۋاشتىن بۇزۇلدى، ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ:

— سولغا بۇرۇل، ئوڭغا بۇرۇل …— دېگەن ئالدىراش چىقـ

قان ئۇننى ئاڭلىدى.

تەشۋىشلەنگەن چېن بېشىنى بىر تەرەپكە قىڭغايتىپ، دىققەت بىلەن تىڭشاشقا باشلىدى، بۇ ئاۋاز:

— ئوڭغا بۇرۇل ··· — دەپ تېخىمۇ قاتتىق تەكرارلاندى.

ئۇنىڭ ئويىنى بىر خاتىرە باستى. ئۇ بۇ هويلىدىكى سالقىن ياز كېچىلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ دەۋردە چېننىڭ ئائىلىسى تېخى ۋەيران بولمىغانىدى. ئۇ چاغدا، ئۇ 10 ياشلاردا ئىدى. تىنچىق كېچىلىرى ئۇ هويلىدا ئۇخلايتتى، مومىسى ئۇنى بامبۇكتىن ياسالغان كارىۋاتقا ياتقۇزاتتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. مومىسى ئۆزىنىڭ مومىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى تەكرارلايتتى: ئىلگىرى چېن ئەۋلادى ناهايىتى باي بولغان، هازىر ئۇلارنىڭ ئۆيى تۇرغان جايغا چېننىڭ ئاتا - بوۋىلىرى هېسابسىز نۇرغۇن كۈمۈش كۆمۈپ قويغانمىش، لېكىن بۇ دۇنيا تا هازىرغىچە تېپىلمىغان. ئۇ پەقەت مۇنداق بىر تېپىشماقنى تاپقان ئەۋلادقىلا تەئەللۇق ئىمىش: «سولغا بۇرۇل، ئوڭغا بۇرۇل، بىر قەدەم ئالغا، بىر قەدەم ئارقىغا، ئالتۇن، كۈمۈش، چارەك - چارەكلەپ بار مانا مۇشۇ جايدا».

چېن بۇ تېپىشماقنى تېپىشقا تىرىشىپ، ھەتتا ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ پات - پاتلا بېشىنى قاتۇراتتى، لېكىن ئامال يوق، هەر دائىم ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىر تاپتىم دېگەن چاغدا، ئۇنىڭ سېزىم - تۇيغۇلىرى ئالدانغانلىقىنى ئېيتىپ تۇراتتى.

چېن بىر كۈنى بۇ خەزىنە تاڭ ئائىلىسىگە ئىنجارىگە بېرىلگەن ئۆيىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەن دەپ ئۆزىنى ئۆزى ئىشەندۈردى، لېكىن ئۇ يەرگە بېرىپ كولاشقا پېتىنالمىدى، بىرنەچچە ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىممۇ خاتالاشقانلىقىنى سەزدى.

ئۆزى ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ ھەممە يېرى ئورا - ئورا بولۇپ كولىنىپ كەتكەنىدى. چېن ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتسىز ئىمتىهانلار-





دىن كېيىن خاپىلىقتا كولىغانىدى، كېيىن بۇ مەنىسىز ئىشلارنىڭ ئىزلىرىغا قاراشقا ئۇيىلىپ يۈردى.

مانا بۈگۈنمۇ تومۇردىن چىققان نۇر چېن شىچېڭغا تىنچلىق بەرمەي قىزىقتۇراتتى، ئۇ پەقەت ئۆز جاسارىتىنىڭ كۈچىنى بايقاپ كۆرۈش ئۈچۈنلا توختاپ تۇراتتى. ئاخىرى ئۇ چىديالمىدى ۋە بۇرۇلۇپ ئۆز ئۆيىنىڭ ئوچۇق ئىشىكىگە قارىدى.

ئۇ يەردە، ئاق نۇر گويا سوزۇق ئاق يەلپۈگۈچكە ئوخشاش يالتىراپ تۇراتتى.

«نېمىلا بولسا، ئۇ مۇشۇ يەردە!» دەپ ئويلىدى چېن ۋە شىردەك چاققانلىق بىلەن ئۆيگە ئېتىلدى، كىرىشى بىلەن ئاق نۇر غايىب بولدى. ئۇ كونا، ئىگىسىز قالغان ئۆيىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرنەچچە كىتاب قويىدىغان سۇنۇق جوزىلارلا تۇراتتى. چېن ناهايىتى دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى، بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، نۇر روشەنرەك ۋە تازىراق، ئەتىگەنلىك تۇماندىنمۇ نازۇكراق بولۇپ، ئۆيىنىڭ شەرقىي تېمىغا يۆلەكلىك تۇرغان ئۈستەلنىڭ ئاستىدىن چىقتى.

چېن شىچېڭ خۇددى شىردەك سەكرەپ، ئىشىك تەرەپكە ئېتىلدى ۋە بەل گۈرجەك ئىزدەشكە باشلىدى، ئۇ قاراڭغۇدا بىر قارا كۆلەڭگىگە دۇچار بولۇپ، قورقىنىدىن چۆچۈپ كەتتى، چىراغنى ياندۇردى، بەل گۈرجەك ئۆز ئورنىدا ئىدى، چېن ئۈستەلنى نېرىراق ئىتتىرىۋېتىپ، بەل گۈرجەك بىلەن يوغان تۆت خىشنى ئۇرۇپ چىقىرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى، خىشنىڭ تېگىگە تاپتازا سېرىق قۇم يېيىتىلغانىدى، چېن يېڭىنى تۇرۇپ قولى بىلەن قۇمنى كولاپ چىقاردى، ئۇنىڭ ئاستىدىن قارا توپا چىقتى. ئۇ دېمىنى قىسقان هالدا ئېهتىيات بىلەن كولاشنى داۋام قىلماقتا، لېكىن تۈننىڭ جىمجىتلىقىدا گۈرجەكنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى يىراقلارغا تارالماقتا ئىدى.

چېن يەرنى بىر گەزچە كولىدى، لېكىن كۈمۈش سىلىنغان قاچىلار تېخىچىلا كۆرۈنمەيتتى، ئۇ غەزەپلىنىپ قالدى. شۇ ھالدا گۈگۈرىغان بىر ئاۋاز چىققاندەك، ئۇنىڭ قوللىرى بىر نەرسىگە قاتتىق تەگكەندەك بولدى. چېن گۈرجەكنى تاشلاپ، دەررۇ قاتتىق نەرسىنى قولى بىلەن تۇتۇپ كۆردى، بۇ يوغان بىر خىش ئىدى، چېننىڭ يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى، ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ خىشنى تارتىپ چىقتى، ئۇنىڭ تېگىدە يەنە قارا توپا! چېن توپىنى قوللىرى بىلەن كۈرەشكە باشلىدى، تۈيۈقسىز ئۇنىڭ قولىغا قانداقتۇر بىر قاتتىق، كىچىككىنە نەرسە ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆزى دات بېسىپ كەتكەن كونا يارماققا چۈشتى، بۇ يەردىن بىرنەچچە چىنە سۇنۇقلىرىمۇ تېپىلدى.

چېننىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. ئۇ تەرگە چۆكۈپ توپىنى تاشقىرىغا تارتىۋەردى. كۆپ ئۆتمەستىن يەنە قانداقتۇر بىر تاقىغا ئوخشاش نەرسە قولىغا ئۇرۇلدى، لېكىن ئۇ تۇتۇپ بېقىپ، ئۇ نەرسىنىڭ ناھايىتى چۈرۈك ئىكەنلىكىنى بىلدى. چېن ئۇنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئېلىپ، لامپىنىڭ يورۇقىدا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى، بۇ چىرىپ كەتكەن ئېڭەك سۆڭىكى ئىدى؛ ئۇنىڭدا تېخىچە چىشىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپتۇ. «بۇ ئېڭەك سۆڭىكى» دەپ ئويلىدى چېن تېپىلغان نەرسىگە دىققەت بىلەن قاراپ. ئېڭەك سۆڭىكىمۇ بىردىنلا تىرىلىپ، ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇپ مىدىرلاشقا باشلىغاندەك تۇيۇلدى، بەجايىكى، ئۇ چېنغا قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— مانا بۇ قېتىممۇ ھەممىسى تامام بولدى! — دەپ ئېيتقاندەك قىلاتتى.

بۇ دەھشەتلىك ئەھۋالدىن كېيىن، چېننىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ بارماقلىرى بوشىشىپ، قولىدىكى ئېڭەك سۆڭىكى ئورىغا دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ، ئۆيىنىڭ ئېچىگە ماراپ قارىدى، ئۇ يەردە ئاۋۋالقىدەكلا





چىراغنىڭ ئوتى پىلدىرلىماقتا ۋە ئېڭەك سۆڭىكى ئادەمنىڭ قورقۇسى كەلگۈدەك ھالدا قاقاقلاپ كۈلمەكتە ئىدى. ئۇ پېشايۋانغا يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمدى، تۈننىڭ جىمجىتلىقى ئۇنى تىنچلاندۇراتتى.

لېكىن، شۇ تىنچلىقتا يەنە بىردىنلا ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە تۇنجۇققان ئاۋاز بىلەن: «بۇ يەردە ھېچ نەرسە يوق ··· تاغقا چىق ···» دېگەن سۆزلەر ئاڭلاندى.

چېننىڭ ھارغان مېڭىسىگە غۇۋا بىر خاتىرىنىڭ يالقۇنى كەلدى. كۈندۈزى كوچىدا، ئۇنىڭغا بۇ سۆزلەر ئاڭلانغانىدى، شۇڭا ئۇ سۆزلەر بىلەن ھەممىنى چۈشەندى، ئۇ كەسكىن رەۋىشتە بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى، ئاي شىگاۋفېڭ چوققىسىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى. شەھەردىن 35 يول يىراقلىقتىكى بۇ تاغ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، تاغنىڭ قارا ئۆركەشلىك چوققىلىرى ئاسمانغا تىرەلمەكتە، ئەتراپ بولسا چەكسىز ئاق نۇر بىلەن قاپلانغانىدى. ئەنە بۇ تۇتۇق بەرمەس نۇر!

«تاغقا قاراپ مېڭىش كېرەك!»

ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ، دەررۇ يەنە يېپىلغان تاۋۇشى ئاڭلاندى، يەنە ھەممە ئەتراپ تىپتىنچ بولدى، ھويلىدا ھېچكىم بۇزالماس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. لىپىلداپ يانغان چىراغ ئوتى بوش قالغان ئۆينى ۋە كولانغان ئورەكنى يورۇتۇۋەتتى - دە، پىژىلداپ ئۆچۈپ قالدى. ئەسلىدە چىراغنىڭ يېغى يېنىپ تۈگىگەنىدى.

تاڭ سەھەردە شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى تەرەپتىن: «دەرۋازىنى ئېچىڭلار ···» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، تىترەپ چىققان ئاۋازدىن ھەم ئۈمىد، ھەم ئۈمىدسىزلىك ئىپادىلەندى.

ئىككىنچى كۈنى كىمدۇر بىرى غەربىي شىمال دەرۋازىدىن 15 يول يىراقلىقتىكى ۋەنليۇ كۆلىدە لەيلەپ قالغان بىر جەسەتنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ خەۋەر دەرھال تارقىلىپ، ئاخىرى

ئاقساقالنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاقساقال يېزا خەلقىگە جەسەتنى سۇزۇپ قىرغاققا چىقىرىشقا بۇيرۇق بەردى، بۇ — يېشى 50لەردىن ئاشقان، ئوتتۇرا بويلۇق، ساقالسىز ئەر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئىشتان - چاپانمۇ يوق ئىدى، بۇنى چېن شىچېڭ دېگۈچى كىشىلەرمۇ بولدى، لېكىن ئۇنىڭ قوشنا - قولۇملىرى ئۇنى بېرىپ كۆرۈشكە ئېرىندى، ئۇرۇق - تۇغقان؛ قوۋم - قېرىنداشلىرى چىقمىدى، ناھىيە باشلىقلىرى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، مۇردا ئاقساقال تەرىپىدىن دەپنە قىلىندى.

بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم سوراپمۇ باقمىدى، ئۆلگەن ئادەمنىڭ كىيىم - كېچىكىنى يەشتۈرۈۋېلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغاندى ۋە بۇ ۋەقە بۇلاڭچىلار قولىدا ئۆلدىمىكىن دېگەن گۇمانىمۇ تۇغدۇرمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆلۈكنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار ئۆلگەن كىشىنىڭ تىرناقلىرىنىڭ لاي بولغانلىقىغا قاراپ، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەنىكەن، دېدى. چۈنكى ئۇ سۇنىڭ تېگىگە چۆكۈپ كېتىپ بېرىپ، جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوللىرى بىلەن تىرمىشىپ، يامىشىپ، تىپىرلىغان بولۇشى كېرەك، دېيىشتى.

1922 - يىل 7 - ئاي





# توشقان بىلەن مۈشۈك[73]

ئىچكەركى ھويلىمىزدا ئولتۇرۇشلۇق سەن تەتەي يازدا ئوغلىغا بىر جۈپ ئاق توشقان ئېلىپ بەردى.

بۇ توشقانلار ئانىسىدىن ئايرىلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغان بولسا كېرەك، ناجىنس بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئىجىللىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، كىچىككىنە قىزغۇچ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، بۇرۇنلىرىنى قىمىرلىتىپ، ئۈركۈگەندەك قاراشلىرى ئادەمدىن يېتىرقىغانلىقىدىن، ئۆز ئۇۋىسىدەك خاتىرجەم بولالمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بازار كۈنلىرىدە بۇنداق نەرسىنى ئۆزى سېتىۋالسا، ھەربىرىنى كۆپ بولسا 20 داچەندىن ئېلىش مۇمكىن ئىدى، لېكىن سەن تەتەي دۇكانغا كىشى بۇيرۇپ ئالدۇرغاچقا، ھەربىرىنى بىر سەر تەڭگىگە سېتىۋالدى.

تەبىئىي، بالىلار ناھايىتى خۇشال بولۇشتى، ئۇلار ۋاڭ - چۇڭ قىلىپ، توشقانلارنى ئورىۋېلىپ تاماشا قىلدى. چوڭ كىشىلەرمۇ كېلىپ كۆرۈشتى، S ناملىق بىر كۈچۈكمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىر پۇراپلا بۇرنى بىلەن پۇرقۇپ، ئارقىسىغا بىرنەچچە قەدەم ياندى. سەن تەتەي:

— ھەي S، گەپ ئاڭلا! چىشلەپ سالما! — دەپ ۋارقىراپ، S نىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن S ئارقىسىغا قايتىپ زادىلا چىشلىمەيدىغان بولدى.

بۇ بىر جۈپ توشقان كۆپ ۋاقىت ئارقىدىكى كىچىك ھويلىغا قاماپ قويۇلدى. چۈنكى، ئۇلار تاملارغا يېپىشتۇرۇلغان قەغەزلەر-

نى تاتىلاپ، بەزىدە ياغاچ جابدۇقلارنى غاجىلاپ قوياتتى.
بۇ ھويلىدا بىر تۈپ ياۋا ئۈجمە بار ئىدى. ئۈجمە يەرگە
تۆكۈلسىلا، توشقانلار شۇنى يەپ، ئەسلىي ئوزۇقى بىلەن پالەكنى
يېمەيدىغان بولدى. قاغا، سېغىزخانلار يەرگە چۈشۈشكە ئۇرۇنسا،
توشقانلار بىر تۈرۈلۈۋېلىپ، ئاندىن كېيىن ئارقا پۇتى بىلەن
«تاق» قىلىپ سەكرەپ، قاغا، سېغىزخانلارنى قاچۇراتتى. بىر-
نەچچە قېتىم شۇنداق قىلىش بىلەن قاغا، سېغىزخانلارمۇ كەلمەيدى-
غان بولدى.

سەن تەتەي:

— قاغا بىلەن سېغىزخان كەلسە ھېچ گەپ يوق، ئۇلار كەل-
سە، كۆپ دېگەندە ئازغىنا ئوزۇقنى يەپ كېتىدۇ، خالاس؛ ھەممى-
دىن يامىنى يوغان قارا مۈشۈك. ئۇ ھەمىشە پاكار تام تۆپىسى-
دىن مارايدۇ، بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. بەخ-
تىمگە S بىلەن مۈشۈك چىقىشالمايدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ بىرەر چاتاق
چىقماس، - دەيتتى.

بالىلار ھەمىشە توشقانلارنى تۇتۇپ ئوينايتتى. توشقانلارمۇ
كۆنۈپ قالدى. ئۇلار قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، بۇرۇنلىرىنى مى-
دىرلىتىپ، بالىلارنىڭ قورشاۋى ئىچىدە ياۋاش بولۇپ تۇراتتى،
لېكىن پەيت تاپسىلا قېچىپ كېتەتتى. ئۇلار تۈندە ئۆينىڭ ئارقا
پېشايۋىنى ئاستىدىكى پاخال سېلىنغان كىچىككىنە ياغاچ ساندۇقتا
ياتاتتى.

شۇنداق بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، توشقانلار بىردىنلا
ئالدى پۇتى بىلەن تارمىلاپ، كەينى پۇتلىرى بىلەن تېپىپ توپا
كولىغىلى تۇردى. ئۇلار توپىنى ناھايىتى چاپسان كولىدى، يېرىم
كۈن ئىچىدە چوڭقۇر بىر ئازگال پەيدا قىلدى. بۇنىڭغا ھەممەيلەن
ھەيران قالدۇق، كېيىن دىققەت بىلەن قارىساق، بىرىنىڭ قورسى-
قى بىردىن يوغىناپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئەتىسى خېلى ۋاخقىچە پاخال





ۋە غازاڭلارنى ئازگالغا توشۇش بىلەن شۇغۇللاندى.
ھەممەيلەن توشقان بالىلىرىنى كۆرىدىغان بولدۇق، دەپ خۇ-
شال بولدۇق. سەن تەتەي، بۇنىڭدىن كېيىن توشقانلارنى تۇتۇپ
ئوينىماڭلار، دەپ بالىلارغا ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى چۈشۈردى.
ئانامۇ ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنىڭ كۆپىيىشىگە خۇشال بولۇپ، تۇغۇل-
غان بالىلىرى ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، بىزمۇ ئىككىنى
سوراپ ئېلىپ ئۆزىمىز باقايلى، دېدى.

توشقانلار شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزلىرى كولىغان ئورىدا تۇرىد-
غان بولدى. بەزىدە ئوزۇق ئىزدەپ چىقسىمۇ، كېيىن يەنە كۆزگە
كۆرۈنمەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئوزۇق ئەكىرىۋالغانلى-
قى ياكى ئوزۇق يېمەس بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى.

ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سەن تەتەي ماڭا:

— تۇغۇلغان بولسىمۇ، يەنە ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. چۈن-
كى، چىشى توشقاننىڭ ئەمچەكلىرى ناھايىتى يوغان تۇرىدۇ، ئۇ-
نىڭ ئورەككە بالىلىرىنى ئېمىتكىلى كىرگىنىنى كۆرمىدىم، —
دېدى ۋە سۆز ئارىلىقىدا خېلىلا ھەسرەت چەكتى. لېكىن، ئۇنىڭغا
نېمە ئامال بار!

بىر كۈنى كۈن ناھايىتى ئىسسىق، ھاۋادا شامالمۇ يوق ئىدى،
ئۈجمىنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ شىلدىرلىمايتتى. بىردىنلا بىرمۇنچە
كىشىنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى. كۈلكە چىققان تەرەپكە قارىسام،
بىرمۇنچە ئادەم سەن تەتەينىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى پېشايۋان
ئاستىغا توپلىشىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە، ھويلىدا بىر كىچىك
توشقان سەكرەپ ئويناۋاتقانىكەن. بۇ توشقان ئاتا - ئانىسىنىڭ
سېتىپ كېلىنگەن ۋاقتىدىكىدىن خېلىلا كىچىك بولسىمۇ، ئارقا
پۇتى بىلەن تاقلاپ - سەكرەپ ئوينىيالايتتى. بالىلار بەس - بەس
بىلەن:

— بىر كىچىك توشقان ئازگالدىن بېشىنى چىقىرىپلا، يەنە

ئىچىگە تىقىۋالدى، ئۇ بۇنىڭ ئۈكىسى بولسا كېرەك، — دېيىشتى ماڭا.

كىچىك توشقانلار يوپۇرماقلارنى تېرىپ يېيىشكە باشلىسا، چوڭ توشقان رۇخسەت قىلمىغاندەك قىلىپ، پات - پاتلا بۇلىۋالاتتى، لېكىن ئۆزى يېمەيتتى. باللار بۇنى كۆرۈپ، چۇرۇڭلىشىپ كۇلۇشتى. ھېلىقى كىچىكى ئاخىرى چۆچۈپ ئورىغا كىرىۋالدى، چوڭىمۇ ئارقىدىن ئورىنىڭ ئاغزىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئالدى پۇتى بىلەن بالىسىنىڭ دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، يەنە توپا كولاپ ئورىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، ئارقا ھويلا تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى، بەزىلەر پات - پات دېرىزىلىرىدىنماراپ قارايدىغان بولدى.

لېكىن، بىردىن توشقانلارنىڭ كىچىكىمۇ ۋە چوڭلىرىمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇ چاغلاردا ئۇدا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. سەن تەتەي چوڭ قارا مۇشۇكنىڭ توشقانلارغا ھۇجۇم قىلىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. مەن، ئۇنداق بولماس، چۈنكى ھازىر ھاۋا سوغۇق، ھەممىسى سوغۇقتىن قېچىپ ياتقاندۇ، ھاۋا ئېچىلغاندا تاشقىرىغا چىقىپ قالار، دېدىم.

ھاۋا ئېچىلدى، لېكىن بىرمۇ توشقان كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن توشقان ھەممەيلەننىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

لېكىن، سەن تەتەي ئۇلارنى ھەمىشە پالەك بىلەن باققاچقا زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. ئۇ بىر كۈنى ئارقا ھويلىغا كىرىپ، بىردىنلا تامنىڭ بۇلۇڭىدا باشقا بىر تۆشۈكنى كۆردى. كونا ئورىغا قارىسا، بىرمۇنچە تاتىلىغان ئىزلار ئاندا - ساندا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئىزلارنى توشقاننىڭمىكىن دېسە، ئىزدىن مەلۇم بولغان تىرناقلار توشقاننىڭكىدىن چوڭ. شۇڭا سەن تەتەي ھەمىشە تام تۆپىسىدىن مارايدىغان قارا مۇشۇكتىن گۇمانلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورىنى كولاشقا بەل باغلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ بەل كەتمەننى ئاچىقىپ





كولاۋەردى. بىر تەرەپتىن گۇمان قىلسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن كىچىك ئاق توشقانلارنى كۆرەرمەن دەپ ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ ئاخىرى توشقان تۈكلىرى ئارىلاش پاخاللارنى كۆردى. بۇ پاخاللارنى توشقانلار تۇغۇش ۋاقتىدا ئەكىرگەن بولسا كېرەك، چۈنكى پاخاللار سوغۇق ئىدى، ئۇ يەردە ئاق توشقانلارنىڭ ئىزىمۇ، ھېلىقى ئورىدىن بېشى چىقىرىپ، تاشقىرى چىقمىغان ئۈكىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

خاپىلىق، ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەت سەن تەتەينى تام بۇلۇڭىدىكى يېڭى تۆشۈكنى كولاشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ بەل كەتمەننى چېپىشى بىلەن ھېلىقى چوڭ ئىككى توشقان ئالدى بىلەن سەكرەپ چىقتى. سەن تەتەي بۇلار ئۆي كۆچكەن بولسا كېرەك دەپ، ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ كولاپ تېگىگە يەتكۈزگەندە، بۇ تۆشۈكتىنمۇ پاخال ۋە توشقان تۈكلىرىنى، پاخال ئۈستىدە پۈتۈن ئەزايى قىپقىزىل گۆش ھالدا ياتقان ناھايىتى كىچىك يەتتە توشقاننى كۆردى. دىققەت بىلەن قارىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى ئېچىلمىغانىكەن.

ھەممە مەلۇم بولدى. سەن تەتەينىڭ ئاۋۋالقى گۇمانى توغرا بولۇپ چىقتى. ئۇ خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەتتە كىچىك توشقاننىڭ ھەممىسىنى ياغاچ ساندۇققا سېلىپ، ئۆز ئۆيىگە يۆتكىدى، چوڭلىرىنىمۇ بالىلىرىنى باقسۇن دەپ ساندۇققا سولىدى.

سەن تەتەي شۇنىڭدىن باشلاپ، قارا مۇشۇكنى يامان كۆرۈپلا قالماستىن، چوڭ توشقانلاردىنمۇ رەنجىدى. ئاڭلىشىمىزچە، ھېلىقى ئىككىسى ھۇجۇمغا ئۇچرىغانىكەن. ئۇلار ھۇجۇمغا ئۇچراشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇلار تۇغقاندا پەقەت ئىككى ئەمەس، بىرنەچچىنى تۇغىدۇ. ئەمما، ھەممىسىنى تەكشى ئېمىتەلمىگەنلىكتىن ئېمەلمەي — ئوزۇقلىنالماي قالغانلى-

رى بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھازىرقى يەتتىسىنىڭ ئىككىسى ناھايىتى ئورۇق ئىدى. شۇڭا سەن تەتەي قولى بوشىسىلا ئانا توشقاننى تۇتۇۋېلىپ، كىچىك توشقانلارنى ئۇنىڭ قورسىقىغا قويۇپ نۆۋەت بىلەن ئەمگۈزىدىغان بولدى.

ئانامنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، توشقان بېقىشتىكى بۇنداق ئاۋارىگەرچىلىكنى كۆرۈش تۇگۇل، ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەن. بۇ ئۇسۇلنى «تەڭدىشى يوق»لار قاتارىغا يېزىپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ.

ئاق توشقاننىڭ ئۇرۇقى تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى، بۇنىڭغا ھەممەيلەن خۇشال.

ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ھەمىشە ئىچىم پۇشىدىغان بولۇپ قالدى. يېرىم كېچىلەردە چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئويلايمەن: ھېلىقى ئىككى كىچىك جان ئىنىسى - جىنىغا بىلدۈرمەستىن نەگە يوقالغاندۇ؟ ئۇلار مەخلۇقات تارىخىدا بىرئاز ئىزمۇ قالدۇرمىدى، S مۇ قاۋىمايدىغان بولۇپ قالدى. خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، كونا ئىشلار يادىمغا چۈشتى. ئىلگىرى يۇرتداشلار سارىيىدا ئولتۇرغاندا، سەھەر تۇرغاندىلا يوغان قارىياغاچ تۈۋىدە چېچىلىپ يۈرگەن كەپتەر تۈكلىرىنى كۆرەتتىم، بۇنىڭدىن لاچىنىنىڭ كەپتەرنى يەم قىلغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. چۈش ۋاقتىدا سارايۋەن ھويلىنى سۈپۈرگەندە ھېچ نەرسە قالمايتتى. ئۇ چاغدا بۇ ھويلىدا بىر جاننىڭ يوقالغانلىقىنى كىم بىلەتتى؟ مەن يەنە شىسىپەيلۇ گۇزەرىدىن ئۆتكەندە ئات ھارۋىسى بېسىۋەتكەن بىر كۈچۈكنىڭ جان تالىشىپ ياتقىنىنى كۆرگەنىدىم، قايتار ۋاقتىمدا، ئۇ كۈچۈكنىڭ ھېچنېمىسى كۆرۈنمىگەن، بىراۋ يىراققا تاشلىۋەتكەن بولسا كېرەك. رەستىدە ئۇياق - بۇياققا كېتىۋاتقان ئادەم كۆپ بولسىمۇ، بۇ يەردە بىر جاننىڭ يوقالغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ ياز كېچىسى دېرىزە تېشىدا چىۋىنلارنىڭ گىڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئېھتىمال چىۋىننى ئۆمۈچۈك تۇتۇۋالغان بولسا كېرەك. ئەمما، مەن بۇلارنى





ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمايتتىم، باشقىلار بولسا قۇلاقمۇ سالمايتتى…

ئەگەر خۇدانى ئەيىبلەشكە مۇمكىن بولىدىغان بولسا، مېنىڭچە، خۇدايىم مەخلۇقاتلارنى ھەقىقەتەن بىھۇدە ياراتقان ۋە بىھۇدە خاراب قىلىۋاتىدۇ.

«مىخ غ غ غ …» يەنە ئىككى مۈشۈك دېرىزە تېشىدا تۇتۇشۇپ قالدى.

— شۈن! مۈشۈكنى ئۇرۇۋاتامسەن؟

— ياق، ئۆزلىرى تالىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ماڭا ئۇرغۇزامتى؟

ئانام مېنى مۈشۈكنى ئۇرىدۇ دەپ خاپا بولاتتى. ھازىر مېنى توشقانلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن، دەپ مۈشۈكنى ئۇرۇۋاتسا كېرەك، دېگەن گۇمان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى. مەنمۇ ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ئاغزىدا ھەقىقەتەن مۈشۈكنىڭ رەقىبى ئىدىم. مەن بىرنەچچە مۈشۈكنى ھالاك قىلغانىدىم، ئادەتتە مۈشۈكنى، بولۇپمۇ تېپىشىپ قالغان چاغلىرىدا ئۇراتتىم. لېكىن ئۇلارنى تېپىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، تولا مىياڭلاپ، مىغ - مىغ قىلىپ ئۇخلاتمىغانلىقىدىن، تېپىشىپ قالسا، بۇ قەدەر جېدەل قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى بار دەپ ئۇراتتىم.

قارا مۈشۈكنىڭ كىچىك توشقانلارنى ھالاك قىلغانلىقى مېنىڭ مۈشۈكنى يامان كۆرۈشۈمنى پۈتۈنلەي قانۇنىي ئاساسقا قىلدى. ئانامنى ھەددىدىن تاشقىرى رەھىمدىل ئادەم، دەپ ھېسابلايتتىم، شۇڭا مەن ئانام ئانچە ماقۇل كۆرمەيدىغان ئىككى بىسلىق جاۋاب بەردىم.

ياراتقۇچىمىز تولىمۇ ئويلىماي ئىش قىلىدىكەن. گەرچە ئۇنىڭ ئىشىغا ياردەم بېرىشىم ئېھتىمالدىن يىراق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرماي تۇرالمايمەن…

ھېلىقى قارا مۈشۈك پاكار تامدا ھەمىشە گەدىنىنى چىقىرىپ تۇرىۋەرمىسۇن! مەن شۇنداق قەتئىي پىكىرگە كەلدىم - دە، كىتاب ساندۇقىدا تۇرغان بىر شىشە كىسلاتاغا ئىختىيارسىز كۆز سالدىم.

1922 - يىل 10 - ئاي





# ئۆردەك كومېدىيىسى(74)

روسىيىنىڭ ئەما شائىرى يارۇشىنكو(75) گىتارنى ھەمراھ قىلىپ بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەستىن ماڭا:

— ئىچىم پۇشتى، ئىچىم پۇشۇپ كەتتى. ئىچىم خۇددى چۆلدە تۇرغاندەك پۇشتى! — دەپ ھەسرەت تۆكۈشكە باشلىدى.

بۇ ھەقىقەتەن راست بولسا كېرەك، لېكىن مەن ھېس قىلمىدىم، چۈنكى مەن ئۇزۇندىن بۇيان بېيجىڭدا تۇرۇۋاتىمەن. «قىزىلگۈل ئارىسىغا كىرگەن كىشى، ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرسا گۈلنىڭ شېرىن ھىدىنى سەزمەس بولۇپ قالىدۇ» دېگەندەك، يارۇشىنكونى ئانچىكى ۋايساۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. لېكىن، مېنىڭ «ۋايساۋاتسا كېرەك» دېگىنىم، ئېھتىمال، ئۇنىڭ «ئىچىم پۇشتى» دېگىنىدىن ئىبارەت ئوخشايدۇ.

لېكىن، مەن بېيجىڭدا ئەتىياز، كۈز پەسلى يوق بولسا كېرەك دەپ ھېس قىلىمەن. بېيجىڭدا كۆپ تۇرغان كىشىلەر كىلىمات ئۆزگىرىپ كەتتى، بۇ يەردە ئىلگىرىكى چاغلاردا بۇنداق ئىسسىق بولمايتتى دېيىشىدۇ. مەن بۇ يەردە ئەتىياز ۋە كۈز بولمىسا كېرەك دەيمەن، چۈنكى قىشنىڭ ئاخىرلىششى بىلەنلا ياز باشلىنىدۇ، يازنىڭ تۈگىشى بىلەنلا، يەنە قىش باشلىنىدۇ.

بىر كۈنى، يەنى قىش ئاخىرلىشىپ ياز باشلانغان چاغدا، ئاخشىمى بىكار بولۇپ قېلىپ يارۇشىنكونى يوقلاپ باردىم. ئۇ جۇڭمى ئەپەندىنىڭ ھويلىسىدا تۇراتتى. مەن بارغان ۋاقىتتا، ئۇ

يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قالغانىكەن. تۈن، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. يارۇشىنكۇ ئۆزى يالغۇز كارىۋاتتا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ساپسېرىق چاچلىرى چۈشۈپ تۇرغان دۆڭ قاپقىنى تۈرۈپ، ئىلگىرى ساياھەت قىلغان بېرمىنى، بېرمىنىڭ ياز كېچىسىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرغانىكەن.

— مۇشۇنداق تۈندە، — دېدى ئۇ، — بېرمىنىڭ ھەممە يېرىدە ساز ياڭرايدۇ. ئۆيدە، ئوت - چۆپلۈكتە، دەرەخلەردە تۈرلۈك ھاشاراتلار تۈرلۈك ئاۋازدا سايرايدۇ. ئۇ ئاۋازلار قوشۇلۇپ، قۇلاققا بەكمۇ مۇڭلۇق ئاڭلىنىدۇ. ئۇ ئاۋازلارنىڭ ئارىسىدا يىلاننىڭ: «كۇش - كۇش» قىلغان ئاۋازى بولسىمۇ، لېكىن باشقا ھاشاراتلار ئاۋازىغا جور بولىدۇ...— ئۇ خۇددى ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلىگەندەك، چوڭقۇر خىيالغا كەتتى.

مەن ئېغىز ئاچالمىدىم. مەن بېيجىڭدا ئۇنداق ئاجايىپ سازلارنى ھەقىقەتەن ئاڭلىمىغانىدىم. شۇڭا ۋەتەننى ھەرقانچە سۆيسەممۇ، لېكىن بېيجىڭنى ئاقلاپ بىر نەرسە دېيەلمىدىم. چۈنكى، يارۇشىنكۇنىڭ كۆزى كۆرمىسىمۇ، لېكىن قۇلىقى پاڭ ئەمەس ئىدى.

— بېيجىڭدا پاقىلارمۇ كۇرۇلدىمايدىكەن ...— ئۇ يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سۆزلىدى.

— پاقا كۇرۇلدايدۇ! — ئۇنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشى ماڭا غەيرەت بەردى. شۇڭا نارازىلىق بىلدۈرۈپ سۆزلىدىم، — ياز كۈنلىرى يامغۇردىن كېيىن نۇرغۇن پاقىلارنىڭ كۇرۇلدىغىنىنى ئاڭلىيالايسىز. ئۇ پاقىلار ئېرىقلاردا ياتىدۇ. بېيجىڭدا قەيەردىلا بولمىسۇن ئېرىق - ئۆستەڭلەر بار.

— ھە ...

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مېنىڭ سۆزۈم ھەقىقەتكە چىقىپ قالدى. چۈنكى، يارۇشىنكو ئەپەندى ئون نەچچە قومچاق





سېتىۋېلىپ، ھەممىسىنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلچەككە سېلىپ قويغانىكەن. ئۇ كۆلچەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم گەز، كەڭلىكى بىر گەز بولۇپ، جۇڭمى ئەپەندى لەنخۇا گۈلى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كولاتتۇرغانىدى. بۇ كۆلچەكتە بىرەر يېرىم تۈپ لەنخۇا گۈلى يېتىشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، لېكىن پاقا بېقىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇۋاپىق جاي ئىدى.

قومچاقلار توپ - توپ بولۇپ، سۇ ئۈستىدە ئۈزۈپ ئوينايتتى. يارۇشىنكو ئەپەندىمۇ پات - پات كېلىپ ئۇلارنى يوقلاپ قوياتتى. بەزىدە باللار ئۇنىڭغا:

— يارۇشىنكو ئەپەندى، ئۇلار پۇت چىقىرىپتۇ، — دېسە، ئۇ خۇرسەن بولۇپ:

— ھە، شۇنداقمۇ ! — دەپ كۈلۈپ قوياتتى.

لېكىن، كۆلچەك سازەندىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىشى پەقەت يارۇشىنكو ئەپەندىگىلا ئۆتتى. ئۇ ئەزەلدىن ئۆز كۈچى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ھەمىشە: ئاياللار مال - ۋاران باقسا بولىدۇ، ئەركەكلەر دېھقانچىلىق قىلىش كېرەك، دەيتتى. شۇڭا تونۇش بۇرادەرلىرىنى كۆرگەندە، ئۇلارغا: ھويلاڭلارغا بەسەي تېرىڭلار، دەپ مەسلىھەت بېرەتتى. جۇڭمى ئەپەندىنىڭ خانىمىغىمۇ ھەرە بېقىڭ، توخۇ بېقىڭ، قوي بېقىڭ، كالا بېقىڭ، تۆگە بېقىڭ، دەپ بىرنەچچە قېتىم مەسلىھەت بەرگەنىدى. كېيىنكى چاغلاردا، دەرۋەقە جۇڭمىنىڭ ئۆيىدە بىرمۇنچە چۈجە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ چۈجىلەر ھويلىنى بىر ئالاتتى. ئۇلار يەردىكى ياپيېشىل يوپۇرماقلارنى چوقۇلاپ تۈگىتىپتۇ. بۇ ئېھتىمال ھېلىقى مەسلىھەتنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك.

شۇنىڭدىن تارتىپ چۈجە ساتىدىغان سەھرالىقلار پات - پات كېلىپ، بىرنەچچىدىن چۈجىسىنى سېتىپ كېتەتتى. چۈجىلەرنىڭ پوكىنى ئاسان يوغىناپ، دانچۇقى قېتىپ قېلىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر

كۆرۈشى ناھايىتى قىيىن بولدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى يارۇشىنكو ئەپەندىنىڭ بېيجىڭدا يازغان بىردىنبىر ھېكايىسى «چۈجىنىڭ پاجىئەسى» نىڭ قەھرىمانى بولۇپ قالغانىدى.

بىر كۈنى چۈشتە ھېلىقى سەھرالىقلاردىن بىرى كۆتۈلمىگەندە ئۆردەك باللىرىنى ئەكەلدى. ئۇلار «غاق - غاق» قىلىپ غاقىلداپ تۇراتتى. ئەمما، جۇڭمى ئەپەندىنىڭ خانىمى ئالمايمەن دېدى. ياروشىنكو ئەپەندىمۇ ئۆيىدىن چىقتى. ئۇلار ئۆردەكنىڭ باللىسىدىن بىرنى ئۇنىڭ قولىغا ئېلىپ بەردى. شۇ چاغدا ھېلىقى ئۆردەك ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇپ «غاق - غاق» قىلىپ غاقىلداشقا باشلىدى. يارۇشىنكو ئۇنى ياقتۇرۇپ، ھەربىرىگە 80 داچەندىن پۇل تۆلەپ، تۆتنى ئالدى.

كىچىك ئۆردەكلەر ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك ئىدى. پۈتۈن ئەزايى سېرىق تۈك، يەرگە قويسا ئېغىناپ مېڭىپ، بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ، ھەمىشە بىر يەرگە يىغىلىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن «ياخشىكەن» دېيىشتى ۋە ئەتە يېمىكىگە سازاڭ ئەكېلىپ بېرەيلى دېيىشتى.

— بۇنىڭ پۇلىمۇ ماڭا ھېساب بولسۇن، — دېدى يارۇشىنكو ئەپەندى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرسكە كەتتى، باشقىلارمۇ تارقىلىپ كەتتى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭمى ئەپەندىنىڭ خانىمى ئۆردەكلەرگە بېرىش ئۈچۈن سوۋۇپ قالغان گاڭپەن ئاچىقىپ، يىراقتا پالاقشىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان. يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا، ھېلىقى تۆت ئۆردەك لەنخۇا كۆلچىكىدە سۇغا چۆمۈلۈپ، موللاق ئېتىپ، بىر نەرسە يەۋېتىپتۇ. ئۇلارنى قاشقا ھەيدەپ چىقارغاندا، كۆلچەك سۈيىنىڭ دۇغ بولۇپ كەتكەنلىكى بىلىندى. كېيىن سۇ سۈزۈلگەندە، سۇنىڭ تېگىدىن لايدىن بىرنەچچە تال ئىنچىكە لەنخۇا يىلتىزى كۆرۈندى. لېكىن ئايىغى چىققان قۇمچاقلارنىڭ بىرىمۇ





كۆرۈنمىدى.

— يارۇشىنكو ئەپەندى، يوق، پاقىنىڭ باللىرى يوقىلىپ كېتىپتۇ، — كەچقۇرۇندا باللار يارۇشىنكو ئەپەندىنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ھەممىدىن كىچىك بىرى دەرھال سۆزلىدى.

— ھە، پاقا؟

جۇڭمى ئەپەندىنىڭ خانىممۇ چىقتى. ئۇ كىچىك ئۆردەكلەرنىڭ قۇمچاقلارنى يەپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئىست، ئىست ... خەير! — دېدى ئۇ.

كىچىك ئۆردەكلەر سېرىق تۈكلىرىنى تاشلاپ تۈۋلىگەندە، يارۇشىنكو ئەپەندى بىردىنلا ئۆزىنىڭ «رۇس ئانىسى»[76] نى سېغىنىپ، چىتاغا يۈرۈپ كەتتى.

ئەتراپتا پاقىلار كۇرۇلداشقا باشلىغاندا، ئۆردەكلەرمۇ چوڭىيىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككىسى ئاق، ئىككىسى ئالا. ئۇلار «غاق - غاق» قىلىپ غاقىلدىماستىن، «غاق - غۇق، غاق - غۇق» قىلىپ غاقىلدايدىغان بولدى. لەنخۇا كۆلچىكىمۇ ئۇلارنى سىغدۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. بەختكە يارىشا، جۇڭمى ئەپەندىنىڭ ھويلىسى ئويمان ئىدى، يازدا بىرئاز يامغۇر ياغسا ھويلىدا سۇ توختاپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆردەكلەرمۇ خۇشال بولۇپ چۆمۈلۈپ، ئۈزۈپ، قاناتلىرىنى قېقىپ، «غاق - غۇق، غاق - غۇق» قىلىپ غاقىلدايتتى.

ھازىر يەنە ياز ئاخىرلىشىپ، قىش باشلاندى. لېكىن، يارۇشىنكو ئەپەندىدىن زادىلا خەۋەر يوق، ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

پەقەت تۆت ئۆردەك يەنە كۆلدە: «غاق - غۇق، غاق - غۇق» قىلىپ غاقىلدىماقتا.

1922 - يىل 10 - ئاي

# يېزا ئويۇنى[77]

ئەگەر قايتۇرۇپ ھېسابلىسام، ئۆتكەن 20 يىل ئىچىدە پەقەت ئىككى قېتىم ئويۇن (چاقچىلە) كۆردۈم. دەسلەپكى 10 يىل ئىچىدە زادىلا كۆرمىدىم، چۈنكى ئويۇن كۆرۈشكە ھەپسلەممۇ بولمىدى، پۇرسەتمۇ بولمىدى. ئىككى قېتىم ئويۇن كۆرۈشۈم كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە بولدى، لېكىن ھېچنېمىسىگە چۈشەنمەستىن قايتىپ كەتتىم.

بىرىنچى نۆۋەت ئويۇن كۆرۈشۈم مىنگونىڭ 1 - يىلى بېيجىڭغا بىرىنچى قېتىم كەلگەن ۋاقتىمدا بولدى. ئۇ چاغدا بۇرادەرلىرىمدىن بىرى: «بېيجىڭ ئويۇنى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، ئىچ - قارنىڭىزنى ئېچىپ كەلمەمسىز؟» دەپ دالالەت قىلدى. مەنمۇ، ياخشى مەسلىھەت ئىكەن، بولۇپمۇ بېيجىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ ھوزۇرلىنىش كېرەك، دېگەن پىكىرگە كېلىپ، بۇرادىرىم بىلەن خۇشال ھالدا قايسىبىر ئويۇنخانىغا باردىم. ئويۇن ئاللىقاچان باشلانغانىكەن. جاڭ - جۇڭ، داڭ - دۇڭ ئاۋازلار تاشقىرىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىشىكتىن كىرىشىمىز بىلەنلا، كۆز ئالدىمدا قىزىل - يېشىل نەرسىلەر يالت - يۇلت قىلىپ كەتتى، كېيىن سەھنە ئاستىدا سان - ساناقسىز باش كۆرۈندى. دىققەت بىلەن ئەتراپقا سەپسالسام، ئوتتۇرىدا بىرنەچچە كىشىلىك بوش ئورۇن تۇرۇپتۇ. قىستىلىپ ئۆتۈپ، بوش ئورۇندا ئولتۇراي دەپ تۇرسام، بەزىلەر ماڭا غوتۇلدىغىلى تۇردى. جاڭ - جۇڭ، داڭ - دۇڭ ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئالغاچقا، ئاران يېنىمدىكى بىراۋنىڭ:





«ئادەم بار، ئولتۇرسىڭىز بولمايدۇ!» دېگەن سۆزىلا قۇلىقىمغا كىردى.

بىز ئارقىمىزغا ياندۇق، شۇ چاغدا يالتىراپ تۇرغان چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان بىراۋ كېلىپ، بىزنى يان تەرەپكە باشلاپ بېرىپ بىر ئورۇننى كۆرسەتتى. بۇ يەردىكى ئورۇن ئەسلىدە بىر ئۇزۇن بەندىڭ ئىدى، ئۇ بەندىڭنىڭ تاختىسى شۇنچە تار ئىدىكى، يوتامنىڭ تۆتتىن بىرىگە تەڭ كېلەتتى، پۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بولسا پاچىقىمدىن ئىككى ھەسسە ئۇزۇن ئىدى. مەندە ئۇنىڭغا يامىشىپ چىققۇدەك ھەپسلە بولمىدى، كېيىن بۇ سوراقتا قىينايدىغان قىيناق جابدۇقلىرىنى ئەسلەتتى - دە، چاچلىرىم ئىختىيارسىز تىك تۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتىم.

خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن، بىردىنلا بۇرادىرىمنىڭ «نېمە بولدى؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقامغا قارىسام، بۇرادىرىممۇ مېنىڭ كەينىمدىن چىققانىكەن.

— شۇنچە قىچقارسام گەپ - سۆز قىلماي كېتىۋەردىڭىزا؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ.

— بۇرادەر، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، قۇلىقىم جاڭ - جۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن ۋىڭىلداپ، قىچقارغىنىڭىزنى ئاڭلىماپتىمەن، — دېدىم.

كېيىنكى چاغلاردا بۇنى ھەربىر ئەسلىسەم، خۇددى بۇ ئويۇن بەك ناچار ئويۇندەك ياكى ماڭا يېقىندىن بۇيان سەھنە ئاستىدا تۇرۇشقا بىئەپ بولۇپ قالغاندەك، ناھايىتى ھەيران بولۇپ قالىمەن.

ئىككىنچى نۆۋەت ئويۇن كۆرۈشۈم قايسى يىلدا بولغانلىقى ئېسىمدە يوق. ھەرھالدا، خوبېي ئۆلكىسىدە سۇ ئاپىتىدە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئىئانە توپلاش ئۈچۈن تەن جياۋتيەننىڭ[78] ئوينىغان ئويۇنى بولسا كېرەك. ئۇ چاغدا تەن جياۋتيەن

تېخى ھايات ئىدى. ئىئانە توپلايدىغان بولغاچقا، بىر بېلەت ئىككى
يۈەن ئىدى، بۇنداق بېلەت بىلەن بىرىنچى ئويۇنخانىغا بېرىپ ئويۇن
كۆرگىلى بولاتتى. ئارتىسلارنىڭ تولىسى داڭلىق ئارتىسلار بو-
لۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى شياۋ جياۋتيەن ئىدى. مەن بىر بېلەت
سېتىۋالدىم، ئەسلىي مەقسىتىم ئىئانە توپلىغۇچىلارغا ھە - ھۇ
قىلىش ئىدى، لېكىن بەزى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر شۇ پەيتتىن
پايدىلىنىپ، جياۋتيەننىڭ ئويۇنىنى كۆرمىگەن كىشى ئارماندا قا-
لىدۇ، دەپ مېنى قىزىقتۇرغاندەكمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ-
دىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى جاڭ - جوڭ، داڭ - دۇڭ بالاسىنى
ئۇنتۇپ، بىرىنچى ئويۇنخانىغا باردىم. لېكىن بۇ ئويۇنغا بېرىشىمغا
كۆپىنچە قىممەت باھالىق بېلەتنى زايە قىلىۋەتسەم كۆڭلۈمنىڭ
ئارام تاپمايدىغانلىقى سەۋەبچى بولدى. ئاڭلىسام، جياۋ تيەن سەھ-
نىگە ۋاقتىراق چىقىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرىنچى ئويۇنخانا
يېڭى نۇسخىدا سېلىنغان بولۇپ، ئۇ يەردە ئورۇن تالىشىدىغان
ئەھۋاللار يوق ئىكەن. شۇڭا خاتىرجەم يۈرۈپ، سائەت توققۇز
بولغاندا باردىم. بۇ كېلىشمەسلىكنى نەدىن بىلەي، ئويۇنخانىغا
ئادەم لىق تولۇپ كېتىپتۇ، ھەتتا دەسسەپ تۇرغۇدەك ئورۇنمۇ
يوق. نائىلاج، سەھنىگە ھەممىدىن يىراق يەردە توپلىشىپ تۇرغان
كىشىلەر ئارىسىدا قىستىلىپ تۇرۇپ، سەھنىدە غەزەل ئوقۇۋاتقان
ئارتىسنى — موماي رولىنى ئورۇنداۋاتقان ئارتىسنى كۆردۈم. ئۇ
ئارتىس ئاغزىغا ئوت ياندۇرۇلغان ئىككى تال قەغەز پىلىكنى چىش-
لىۋاپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا بولسا بىر مۇئەككەل تۇرۇپتۇ. ئويلاپ -
ئويلاپ ئاخىرى ئۇ مومايىنى مۇلىيەننىڭ[79] ئانىسى بولسا كېرەك،
دەپ پەرەز قىلدىم، چۈنكى كېيىن يەنە بىر شەيخ چىقتى. لېكىن،
مەن ئۇ مەشھۇر ئارتىسنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدىم، شۇڭا سول
يېنىمدا قىستىلىپ تۇرغان سېمىز بەگدىن سورىدىم. ئۇ كۆزىگە
ئىلمىغان ھالدا ماڭا بىر ئالىيىپ، «گوڭ يۈنپۇ!»[80] دېدى.





ئۆزۈمنى پەسلەشتۈرۈپ سورىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىپ ۋە ئۇنىڭ
توڭ جاۋاب بەرگەنلىكىدىن رەنجىپ، يۈزۈم ئوت ئېلىپ كەتتى.
ئەمدى ھەرگىز سورىماسمەن، دېگەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم.
شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ، جۇۋاننىڭ، بوۋاينىڭ ئويۇنىنى كۆردۈم،
ناخشىلىرىنى ئاڭلىدىم، ئۇلارنىڭ قانداق روللارنى ئورۇنداۋاتقان-
لىقىنى چۈشىنەلمىدىم. بىر گۇرۇھ ئادەمنىڭ سەھنىدە بىر -
بىرى بىلەن سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى، گاھىدا ئۈچەيلەننىڭ بىر -
بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. كۆرە - كۆرە، سائەت
9 دىن 10 غا، 10 دىن 11 غا، 11 دىن 11 يېرىمغا، 11 يېرىمدىن
12 گە يەتتى، لېكىن جياۋ تيەن زادىلا سەھنىگە چىقمىدى.

مەن ئۆمرۈمدە ھېچقانداق نەرسىنى بۇنداق سەۋرچانلىق بىلەن
كۈتۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىمدا تۇرغان سېمىز
«بەگ» نىڭ پۇش - پۇش قىلىپ نەپەس ئېلىشى، سەھنىدىن چىقىد-
ۋاتقان جاڭ - جوڭ، داڭ - دۇڭ ئاۋازلار، يالت - يۇلت
قىلىۋاتقان ئالىيىشلىچىلىقلار، يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە سائەتنىڭ 12
گە بېرىپ قېلىشى مېنى بۇ يەردە تۇرۇشقا ئورۇن قالمىدى، دېگەن
ھېسسىياتقا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئارقامغا خۇددى ماشىنىدەك
بۇرۇلۇپلا، كۈچەپ تۇرۇپ تاشقىرىغا قاراپ قىستاپ سۈرۈلۈپ
باقتىم، ئارقامدا غىچچىدىلا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئېھتى-
مال — ھېلىقى سېمىز «بەگ» مېنىڭ قىستىشىم بىلەن چىققان
بوش يەرگە گەۋدىسىنىڭ يېرىمىنى جايلاشتۇرغان بولسا كېرەك.
ئارقامدىن يول ئېچىلمىغاچقا، ئۈستى - ئۈستىگە قىستاپ يۈرۈپ،
ئاخىرى دەرۋازىدىن چىقىۋالدىم. كوچىدا تاماشىچىلارنى كۈتۈپ
تۇرغان ھارۋىلاردىن باشقا، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، پەقەت دەرۋازا
ئالدىدا 10 نەچچە ئادەم باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئويۇننىڭ ئېلانلىرى-
نى كۆرۈپ تۇراتتى، يەنە بىرنەچچە ئادەم ئۇنىڭغىمۇ قارىماستىن
ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. بۇلار ئويۇن تارقالغاندىن كېيىن چىقىدىغان

ئاياللارغا كۆز تاشلاش ئۈچۈن تۇرغان بولسا كېرەك… جياۋ تيەن تېخىچە چىقمىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

تۈن ھاۋاسى خۇددى «ساپ ھاۋا جانغا داۋا» دېگەندەك، ناھايىتى يېقىملىق تۇيۇلدى. بېيجىڭدا بۇنداق ئوبدان ھاۋانى ئۇچرىتىشىم بىرىنچى قېتىم بولسا كېرەك.

بۇ كېچە، مەن ئۈچۈن جۇڭگو ئويۇنى بىلەن يەنى چاڭچىلە بىلەن خوشلاشقان كېچە بولۇپ ھېسابلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئېسىمگە كەلتۈرۈپمۇ باقمىدىم، ھەتتا بەزىدە ئويۇنخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ قالغىنىمدىمۇ، خۇددى ئۇنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم. جۇڭگو ئويۇنى مېنىڭ پىكىر - خىيالىم بىلەن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيالىق بولۇپ كەتتى.

لېكىن بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى كۈتۈلمىگەندە، بىر ياپونچە كىتابنى كۆرۈپ قالدىم، ئەپسۇسكى، ئۇ كىتابنىڭ ۋە ئاپتورنىڭ ئىسمى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئۇ جۇڭگو ئويۇنى توغرىسىدا يېزىلغان كىتاب ئىكەن. ئۇنىڭ بىر بابىدا: جۇڭگو ئويۇنى ناغرا، ۋارقىراش ۋە سەكرەشلەر بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ بېشىنى گاڭگىرىتىۋېتىدۇ، ئۇ ئويۇن تىياتىرخانىلاردا ئويناشقا ناھايىتى ئەپسىز، لېكىن دالىدا ئوينىلىدىغان بولسا، يىراقتا تۇرۇپ كۆرسە پەيزى بار، دېگەندەك مەزمۇندا سۆزلەيدۇ. مەن ئۇنى كۆرۈپ، خۇددى ئۆزۈم ئاڭسىز ھېس قىلىپ يۈرگەن، لېكىن خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغان گەپنى قىپتۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. چۈنكى دالىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى ياخشى ئويۇنلارنى كۆرگەنلىكىم ئېسىمدە بار. بېيجىڭغا كەلگەندە ئىككى قېتىم ئويۇنخانىغا كىرىشىمۇ، ئېھتىمال شۇ چاغدىكى ياخشى ئويۇنلارنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. شۇ كىتابنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا ئېچىنىمەن.





مېنىڭ ئۇ ياخشى ئويۇننى كۆرگىنىمگە ھەقىقەتەن «ئۇزۇن زامان» بولدى. ئۇ چاغدا، ۋاللاھۇئەلەم، 11 — 12 ياشتا بولسام كېرەك. بىز لۇجېڭ كەنتىدىكىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ياتلىق بولغان ئاياللار ئەگەر ئۆي ئىشلىرىدا خوجايىنلىقنى ئۆز قولىغا ئالمىغان بولسا، ياز ۋاقىتلىرىدا تولىسى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ يازلايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا چوڭ ئانام تېخى تېتىك بولسىمۇ، ئۆي ئىشىنىڭ بىر قىسمىنى ئانام ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى، شۇڭا ئانام ياز ۋاقىتلىرىدا ئۆيىگە ئانچە كۆپ قايتالمايتتى، پەقەت تۇپراق بېشىغا چىقىپ دۇئا - تەكبىرنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بوش ۋاقىت چىقىرىپ، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېلەتتى. شۇ چاغلاردا مەن ھەر يىلى ئانام بىلەن بىللە چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىگە باراتتىم.

چوڭ ئانام بار كەنت دەرياغا ئانچە يىراق بولمىغان، ناھايىتى پايناپ، پىنچاۋ دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك كەنت ئىدى. ئۇ كەنتتە ياشايدىغان ئاھالە 30 ئۆيلۈكتىن ئاشمايتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. پەقەت بىر ئۆيلۈكى ناھايىتى كىچىك بىر مىلىچمال دۇكىنىنى ئاچاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ كەنت ماڭا بىر جەننەت ئىدى. چۈنكى مەن بۇيەردە ئەركە ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە «قاغىلى قاق، تاغىلى تاق» دېگەندەك چۈشىنىكسىز دەرسلەرنى يادقا ئوقۇپ بېرىشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتىم.

نۇرغۇن كىچىك بۇرادەرلەر مەن بىلەن بىللە ئوينايتتى، ئۇلار يىراقتىن بۇرادىرىمىز كەلدى، دەپ ئاتا - ئانىلىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئۆز ئىشلىرىنى سىلىكتۈرۈپ، مەن بىلەن بىللە ئوينايتتى. كەنتتە بىرەر ئائىلىگە مېھمان كەلسە، ئۇ شۇ كەنتتىكى ھەممەيلەنگە ئورتاق مېھمان بولاتتى. بىز تەڭتۇش ئىدۇق، لېكىن ئۇرۇق - نەسەب جەھەتتىن ئالغاندا، بەزىسى ماڭا تاغا بولاتتى، بىر نەچچىسى تېخى «ئاتا» بولاتتى. چۈنكى پۈتۈن كەنتتىكىلەر

بىر فامىلىلىك بولۇپ، بىر نەسەبتىن ئىدى. بىز بىر ـ بىرىمىزگە ياخشى ئۇلپەت ئىدۇق، شۇڭا تۇساتتىن جېدەللىشىپ، «ئاتا» بولغۇچى تاياق يەپ قالسا، كەنتتىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەمنىڭ بىرەرىدىنمۇ: «چوڭغا قول ياندۇرۇپ ھۆرمەتسىزلىك قىپتۇ» دېگەن گەپ ـ سۆز چىقمايتتى، ئۇلارنىڭ يۈزدە توقسان توققۇزى ساۋاتسىز ئىدى.

بىزنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلىيىتىمىز، كۆپىنچە سازاڭ تۇتۇش ئىدى. ئۇنى تۇتقاندىن كېيىن، سىمدىن ياسالغان قارماققا ئىلىپ، دەريا بويىدا يېتىۋېلىپ راك تۇتاتتۇق، راك سۇ دۇنياسىنىڭ ئەڭ گول مەخلۇقى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى تال قىسقۇچى بىلەن سازاڭنى ئاغزىغا تىقاتتى، شۇڭا يېرىم كۈنگە قالماستىن يوغان بىر ئاپقۇر تۇتۇۋالاتتۇق. بۇ راكلار ئادەتتە ماڭا قالاتتى. ئۇنىڭدىن قالسا بىللە پادا باققىلى باراتتۇق. كالا ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلاردىن بولغىنى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئىنەك بىلەن قوتازلار مېنىڭدىن ياتسىرايتتى، بوزەك قىلاتتى، شۇڭا مەن ئۇلارغا يېقىن بارالماي يىراق تۇراتتىم. شۇ چاغلاردا بۇ ھالىمنى كۆرگەن ئۇلپەتلىرىم مېنىڭ «قاغىلى قاق···» نى ئوقۇيالايدىغانلىقىمنى قايرىپ قويۇپ، ھەممىسى مازاق قىلىشاتتى.

مېنىڭ ئۇ يەردىكى بىردىنبىر ئارزۇيۇم جاۋجۇاڭ يېزىسىغا بېرىپ ئويۇن كۆرۈش ئىدى. جاۋ جۇاڭ يېزىسى پىنچاۋ كەنتىدىن بەش يول يىراقلىقتىكى چوڭراق يېزا ئىدى. پىنچاۋ كەنتى تولىمۇ كىچىك بولغاچقا، ئۆزلىرى ئويۇن ئۇيۇشتۇرالماي، ھەر يىلى جاۋ جۇاڭ يېزىسىغا ئاز ـ تولا پۇل تۆلەپ، شېرىك ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇ چاغلاردا، مەن ئۇلارنىڭ ھەرىيلى ئويۇن ئۇيۇشتۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئەمدى ئويلىسام، ئۇ ئەتىياز بايرىمى ۋاقتىدىكى — يېزا ئويۇنى بولسا كېرەك.

مەن ئويۇن كۆرۈش ئارزۇيۇمغا 11 ـ 12 ياشلارغا كىرگەن





يىلى يەتتىم. ئەپسۇسكى، ئۇ چاغدا جاۋ جۇاڭ يېزىسىغا ئاپىرىدىغان كېمە تاپالمىدۇق، پىنچاۋ كەنتىدە سەھەردە يولغا چىقىپ، كەچقۇرۇندا قايتىدىغان بىرلا چوڭ كېمە بار ئىدى. چوڭ كېمىدىن يەنە باشقىسى يوق ئىدى. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قېيىق بولۇپ، جانغا ئەسقاتمايتتى. كىشىلەرگە يالۋۇرۇپ قوشنا كەنتلەردىنمۇ تاپالمىدۇق، چۈنكى ئۇ كەنتلەردىكى كېمىلەرنىمۇ باشقىلار سۆزلىشىپ قويغانىكەن. مومايىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ بالدۇرراق كېمە سۆزلىشىپ قويمىغانلىقىغا تاپا ـ تەنە قىلغىلى تۇردى. ئانام، بىزنىڭ لۇجېنىڭ يېزىسىدىكى ئويۇن كىچىك كەنتلەردىكىدىن كۆپ ياخشى، يىلدا بىرنەچچە قېتىم كۆرۈپ تۇرىمىز، بۈگۈنكىسى سالاۋات، دەپ مومايغا تەسەللى بەردى. لېكىن مەن تەقەززا بولۇپ يىغلىغۇدەك بولدۇم. ئانام مېنى، بەڭۋاشلىق قىلما، ئۇنداق قىلساڭ، يەنە موماڭنى كايىتىپ قويىسەن، دەپ بەزلىدى ۋە موماڭ ئەندىشە قىلىپ قالىدۇ، باشقىلار بىلەن بىللە كېتىپ قالما، دەپ تاپىلىدى.

قىسقىسى، ئۈمىدىم يەردە قالدى. چۈش بولغاندا، ئۇلپەتلىرىمنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالدى. ئويۇن باشلىنىپ كەتكەندەك، قۇلىقىمغا ناغرا ۋە جاڭ ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندەك بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلپەتلىرىمنىڭ سەھنە يېنىدا پۇرچاق سۈتى سېتىۋېلىپ ئىچىۋاتقانلىقىنى پەملىدىم.

شۇ كۈنى راك تۇتقىلىمۇ بارمىدىم، گېلىمدىن غىزامۇ ئۆتمىدى. ئانامنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. كەچكى غىزا ۋاقتىدا مومامۇ بايقاپ قالدى ۋە، مەيۈسلىنىشكە ھەققىڭ بار، ئۇلار ئەدەپسىزلىك قىلدى، مېھماننى بۇنداق رەنجىتىش زادىلا بولمىغان گەپ، دېدى. غىزادىن كېيىن، ئويۇن كۆرۈپ قايتقان بالىلار يىغىلىپ، خۇشال ھالدا ئويۇننىڭ پارىڭىنى باشلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت مەنلا گەپ ـ سۆز قىلماس-

تىن ئۆلتۈراتتىم. ئۇلار مېنىڭ ھالىمغا ئېچىندى، ھەتتا ھېسداشلىق بىلدۈردى. بىردىنلا، ھەممىسىدىن زېرەكرەك كەلگەن شۇاڭشى ئېسىنى تاپقاندەك سۆزلىدى:

— كېمە؟ باشۇ تاغامنىڭ كېمىسى قايتىپ كەلدىغۇ!

قالغان 10 نەچچە بالىمۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ سۆزلىدى:

— شۇ كېمىگە چۈشۈپ بىز بىلەن بىللە بېرىڭ.

مەن خۇشال بولدۇم. لېكىن مومام، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك بالىلار، بۇلارغا قوشۇپ قويغىلى بولمايدۇ، دەپ ئەندىشە قىلدى. ئاناممۇ، چوڭلار بىلەن بىللە بارسۇن دەيلى دېسەك، چوڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۈندۈزدە ئىشى بار، ئۇلارنى چالا قالغان ئىشىنى كېچىدە ئىشلىۋالار دەيلى دېسەك، ئۇنداق قىلىش تېخى توغرا بولمايدۇ، دېدى. ئەنە شۇنداق ئىككى خىيالدا تۇرغاندا، شۇاڭشى ئىشنىڭ يولىنى تاپقاندەك يەنە ۋارقىراپ سۆزلىدى:

— مانا مەن تىلىمدىن خەت بېرەي! كېمە چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۈن ئاكام شوخ بالىلاردىن ئەمەس، بىز ھەممىمىز سۇنىڭ مىجەزىنى بىلىمىز!

دەرۋەقە، بۇ 10 نەچچە بالا ئىچىدە سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان بىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ ئىككى - ئۈچى قايناملارغىمۇ چۈشەلەيدىغان ئۇستىلاردىن ئىدى.

مومام بىلەن ئاناممۇ ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى رەت قىلمىدى ۋە كۈلۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز چۇرۇڭلىشىپ، دەرھال ئۆيدىن چىقتۇق.

كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى، ئۆزۈممۇ تەسۋىرلەپ بولمايدىغان دەرىجىدە يەڭگىللەپ قالدىم. دەرۋازىدىن چىقىپلا، ئاي نۇرى چۈشۈپ تۇرغان پىنچاۋ دەرياسىدا تۇرغان ئاق يەلكەنلىك چوڭ كېمىگە كۆزۈم چۈشتى. ھەممىمىز كېمىگە سەكرەپ چۈشتۇق. شۇاڭشى





كېمىنىڭ ئالدىدىكى خادىنى، ئاپا ئارقىسىدىكى خادىنى قولىغا ئالدى. يېشى كىچىكرەكلىرى ماڭا ھەمراھ بولۇپ لەمپىدە ئولتۇردى، چوڭراقلىرى كېمىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇردى. ئانام ئۈزۈتۈپ چىقىپ: «پەخەس بولۇڭلار» دېگەندە، بىز كېمىنى ئاللىقاچان ئورنىدىن قوزغاپ بولغانىدۇق. كۆۋرۈكنىڭ تېشىغا خادىنى بىر تىرەپ، كېمىنى ئارقىسىغا بىرنەچچە گەز ياندۇرۇپ، ئاندىن كېيىن كۆۋرۈكتىن ئۇزاپ كەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىككى پالاقنى توغرىلاپ، ھەربىر پالاقنى ئىككىيلەن تۇتتى. ھەربىر يول ماڭغاندا، پالاق تۇتقۇچىلار ئالمىشىپ تۇردى. كېمىنىڭ بېشى سۇنى يېرىپ ماڭغاندا چىققان ئاۋازلار بالىلارنىڭ كۈلكە - پاراڭلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى، كېمە ئوڭ - سول تەرىپى ياپيېشىل مايسىلىق پۇرچاق ئېتىزلىرى بىلەن ئورالغان دەريادا، خۇددى ئۇچقاندەك جاۋجۇاڭغا قاراپ ئۈزدى.

دەريانىڭ ئىككى لېۋىدىكى پۇرچاق، بۇغدايلارنىڭ ۋە سۇ ئاستىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يېقىملىق ھىدلىرى دىماغقا ئۇراتتى، ئاينىڭ كۆلەڭگىسى جىمىرلاپ تۇرغان سۇ ئۈستىدە ئوينايتتى، بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن قاپقارا تاغلار خۇددى غارقىراپ ماڭغان تۆمۈر ھايۋاننىڭ[81] دۈمبىسىگە ئوخشاش، بىر ئېگىز - بىر پەس بولۇپ، كېمىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ چاپاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، كېمە ماڭا ئاستا ئۈزگەندەك بىلىنەتتى. ھەمراھلىرىم تۆت قېتىم نۆۋەتلەشتى. جاۋجۇاڭ ئاستىلاپ غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەزەللەر ئاڭلانغاندەك قىلاتتى، ئاندا - ساندا ئوتمۇ كۆرۈنەتتى. مەن ئويۇن سەھنىسىنىڭ چىراغلىرى بولسا كېرەك ياكى بېلىقچىلارنىڭ گۈلخانلىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم.

نەينىڭ ئاۋازى بولسا كېرەك، ئۇ لەرزان - مۇڭلۇق چىقىپ، مېنىمۇ جەلپ قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىمۇ ئۇنتۇغاندەك

ۋە ئۇ ئاۋاز بىلەن بىللە بوغداي، پۇرچاقلاردىن چىققان شېرىن ھىد تارقالغان تۈن ھاۋاسىغا چۆمۈپ كەتكەندەك بولدۇم.

ئوت بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا، دەرۋەقە، بېلىقچىلارنىڭ گۈلخانلىرى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئىلگىرى كۆزۈمگە كۆرۈنگەنى جاۋجۇاڭ يېزىسى ئەمەس ئىكەن دەپ ئويلىدىم. بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن، ئالدىمىزدىن بىر قارىغاي ئورمانلىقى كۆرۈندى. بۇلتۇر بۇ ئورمانلىقتا تاماشا قىلغانىدىم، چېقىلىپ كەتكەن بىر تاش ئاتنىڭ يەردە ياتقانلىقىنىمۇ، بىر تاش قوينىڭ ئوتلاق ئىچىدە تىزلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرگەنىدىم. ئورمانلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن كېمە بىر ئاراچقا قاراپ بۇرۇلدى، شۇ چاغدا جاۋجۇاڭ يېزىسى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى.

ھەممىدىن بەكرەك دىققىتىمنى تارتقان نەرسە ئويۇن سەھنىسى بولدى. دەريا بويىدىكى بوشلۇقتا چوقچىيىپ تۇرغان سەھنە ئايدىڭدا يىراقتىن قارىغاندا خۇددى ئاسمانغا تۇتاشقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن بۇنى كۆرۈپ، رەسىملەردە كۆرگەن مالائىكىلەر ماكانى مۇشۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ قالدىم. كېمە بارغانسېرى ئىلدام ئۈزمەكتە، ئاز ۋاقىت ئۆتمەستىن، سەھنىدىكى كىشىلەر كۆزگە روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۇلار ئالىيېشىل كىيىنىپ سەھنىدە ئويناماقتا. سەھنىگە يېقىن جايدا دەريادا ئويۇن كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ كېمىلىرىنىڭ يەلكەنلىرى قاپقارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— سەھنىگە يېقىن جايدا بوش ئورۇن يوق ئىكەن، يىراقتا تۇرۇپ كۆرەيلى، — دېدى ئافا.

كېمە ئاستىلىدى. بىردەمدىلا يېتىپ كەلدۇق. دەرۋەقە، سەھنىگە يېقىنلىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز ئويۇن سەھنىسىدىكى مەبۇد مېھرابىدىن يىراق جايدىلا توختاشقا مەجبۇر بولدۇق. ھەقىقەتەنمۇ بىز بۇ ئاق يەلكەنلىك كېمىمىزنى قارا يەلكەن-





لىك كېمىلەر بىلەن بىر يەردە توختىتىشنى خالىمايتتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بوش يەرمۇ يوق ئىدى…

كېمىنى توختىتىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، سەھنىدە دۈمبىسىگە تۆت بايراق قادىۋالغان، قولىدا ئۇزۇن نەيزە تۇتقان بىر ئۇزۇن قارا ساقال كىشىنىڭ بىر تۈركۈم كۆڭلەكچان كىشىلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقى كۆزۈمگە كۆرۈندى.

— بۇ «تۆمۈر باشلىق باتۇر» رولىنى ئوينايدىغان ئۇستا ئارتىس، كەينى - كەينىدىن 84 قېتىم موللاق ئاتالايدىكەن، بۈگۈن كۈندۈزدە كۆرگىنىمدە ساناپ باقتىم، — دېدى شۇاڭشى.

بىز ھەممىمىز كېمىنىڭ بېشىدا، سەھنىدىكى جەڭگە قاراپ تۇردۇق. لېكىن، ھېلىقى «تۆمۈر باشلىق باتۇر» موللاق ئاتمايتتى، پەقەت بىرنەچچە يېرىم يالىڭاچ كىشىلەر بىرنەچچە چۆرگىلەپ كىرىپ كەتتى، ئاندىن ياش جۇۋان رولىنى ئوينايدىغان ئارتىس سەھنىگە چىقىپ، ناخشا ئېيتقىلى تۇردى.

— ئاخشامدا تاماشىچىلار ئاز، «تۆمۈر باشلىق باتۇر» نىڭمۇ پەيزى كەتكەن بولسا كېرەك، كىم بىكارغا ئويۇن ئويناپ بەرسۇن؟ — دېدى شۇاڭشى.

مەن بۇ سۆزگە ئىشەندىم، چۈنكى شۇ چاغدا سەھنە ئاستىدا ئادەم ئاز قالغانىدى. يېزا ئادەملىرى ئەتىكى ئىشلىرىنى كۆزلەپ، كېچىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، بالدۇر يېتىپ ئۇخلايتتى. ئاندا - ساندا ئۆرە تۇرۇپ ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار بولسا مۇشۇ يېزا بىلەن قوشنا يېزىلارنىڭ بىكار تەلەپلىرى ئىدى. قارا يەلكەنلىك كېمىلەردىكى بايلارنىڭ بالا - چاقىلىرى كەتمىگەنىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئويۇن بىلەن كارى يوق ئىدى، تولىسى سەھنە ئاستىدا پېچىنە، مېۋە ۋە گازىر يېگىلى كەلگەن، شۇڭا ئويۇن بىكارغا ئوينىلىۋاتقاندەك ئوينىلاتتى.

مېنىڭ مەقسىتىممۇ موللاق ئاتقاننى كۆرۈش ئەمەس ئىدى.

مەن ھەممىدىن بەكرەك، بىرسىنىڭ يۈزىنى ئاق ياغلىق بىلەن
ئوراپ، خۇددى كالتەككە ئوخشىغان سېھىرلىك يىلاننى ئىككى
قولى بىلەن بېشىدا تۇتۇشنى، ئۇنىڭدىن قالسا سېرىق ماتادىن
كىيىنىپ يولۋاس بولۇپ سەكرەپ ئوينىشىنى كۆرۈشنى ياخشى
كۆرەتتىم، لېكىن خېلى ۋاقىت ساقلاپ ھېچقايسىسىنى كۆرەلمى-
دىم. جۇۋان كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، دەرھال يەنە بىر قېرى
يىگىت چىقتى. بىر ئاز چارچاپ قالدىم، كېيىن گۈيشېڭنى پۇرچاق
سۈتى سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم. ئۇ بىردەمدىلا قايتىپ
كەلدى:

— يوق ئىكەن، پۇرچاق سۈتى ساتىدىغان گاسمۇ قايتىپ
كېتىپتۇ. كۈندۈزدە بار ئىدى، ئىككى چىنە ئىچكەنىدىم. بىرەر
نوگاي سۇ ئەكېلىپ بەرسەم قانداق؟

سۇنى ئىچمىدىم، يەنە چىداشلىق بېرىپ ئويۇن كۆردۇم.
لېكىن، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىمنىمۇ ئېيتالمايمەن. ئارتىسلارنىڭ
يۈزلىرى بىرئاز ئاجايىپ كۆرۈنۈشكە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىل-
دىم. ئۇلارنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرىمۇ روشەن كۆرۈنمەيدىغان بو-
لۇپ قالدى. ھەمراھلىرىمنىڭ كىچىكرەكلىرى ئەسنىگىلى تۇردى،
چوڭلىرىمۇ ئۆز پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كەتتى. كېيىن بىردىنلا قى-
زىل كۆڭلەكلىك بىر قىزىقچى سەھنىنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاندى،
بىر چارساقال ئۇنى قامچىلىغىلى تۇردى. شۇ چاغدا ھەممىمىز يەنە
قىزىقىپ، كۈلۈشۈپ قاراپ تۇردۇق. مەن بۈگۈن كېچىدىكى ئو-
يۇن ئىچىدە مۇشۇ كۆرۈنۈشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈنۈش
بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم.

ئاخىرى سەھنىگە بىر موماي چىقتى، مەن ئەسلىدە موماي
رولىدىن ناھايىتى قورقاتتىم، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئولتۇرۇۋېلىپ ناخشا
ئوقۇشىدىن قورقاتتىم. شۇ چاغدا ھەمراھلىرىممۇ ناھايىتى ئەندى-
شىگە چۈشتى، ئۇلارنىڭ پىكرىنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى





بىلدىم. موماي دەسلەپتە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ ئوقۇدى،
كېيىن سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. بۇنى
كۆرۈپ بېشىمغا ئاغرىق كىرىپ كەتتى. شۇاڭشى ۋە باشقىلار بولسا
ئاغزىنى بۇزۇپلا تىللىغىلى تۇردى. مەن خېلى ۋاقىتقىچە سەۋرچان-
لىق بىلەن قاراپ تۇردۇم. ھېلىقى موماي قولىنى كۆتۈردى، مەن
تېخى ئورنىدىن تۇرسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىمەن. نەدىكىنى، ئۇ
قولىنى ئاستا چۈشۈرۈپ، يەنە ئوقۇۋەردى. كېمىدىكىلەرنىڭ بىر-
نەچچىسىنىڭ كەيپى ئۇچتى، قالغانلىرىمۇ ئەسنەشكە باشلىدى.
شۇاڭشى سەۋر قىلالمىدى. ئۇ، بۇ تاڭ ئاتقۇچىمۇ غەزىلىنى ئوقۇپ
بولالمايدىغاندەك تۇرىدۇ، قايتقىنىمىز ياخشى، دېدى. بۇ پىكىر
ھەممەيلەنگەن ياقتى. ھەممەيلەن كېمىگە چۈشكەن ۋاقىتتىكىدەك
تېتىكلىشىپ كەتتۇق، ئۈچ - تۆتەيلەن كېمىنىڭ قۇيرۇقىغا ئۆ-
تۈپ، خادىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، كېمىنى قىرغاقتىن بىرنەچچە غۇلاچ
ياندۇرۇپ، كېمىنىڭ بېشىنى بۇرىدى، ئاندىن كېيىن پالاق-
لارنى راستلاپ، مومايىنى تىللىغىنىمىزچە، يەنە قارىغاي ئورمانلى-
قىغا قاراپ ئالغا باستۇق. ئاي، خۇددى ئويۇن ئانچە ئۇزۇنغا
سوزۇلمىغاندەك تېخى ئولتۇرمىغانىدى. لېكىن بىز جاۋجۇاڭ يې-
زىسىدىن ئۇزاپ كېتىش بىلەن، ئاينىڭ نۇرى تېخىمۇ يورۇپ
كەتتى. ئارقامغا قارىسام، سەھنە چىراغلارنىڭ يورۇقىدا يەنە خۇد-
دى يېڭى كەلگەن ۋاقتىمىزدىكىدەك، مالائىكىلەرنىڭ تاغ ئۈستىد-
كى راۋاقلىرىغا ئوخشاش قىزىل نۇرلارغا ئورىلىپ تۇراتتى. قۇلى-
قىمغا يەنە نەينىڭ لەرزان ئاۋازى ئاڭلاندى. موماي كىرىپ كەتكەن
بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم، لېكىن «ئەمدى قايتىپ بېرىپ كۆ-
رەيلى» دېيىشكە خىجىل بولدۇم.

ئۇزۇن ئۆتمەستىن قارىغايلىق ئارقىمىزدا قالدى. كېمىمۇ
خېلى ئىلدام كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئەتراپ قاپقاراڭغۇ. بۇ، تۈن
ھەسسە بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ھەمراھلىرىم كېمىنى ھەيدەپ

كېتىۋېتىپ، ئارتىسلار توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپ، گاھىدا تىللايتتى، گاھىدا كۈلۈشەتتى. بۇ نۆۋەت كېمىنىڭ بېشى ئۇرۇلغان سۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى شاۋقۇنلۇق چىقماقتا؛ كېمە خۇددى بىرمۇنچە ئۈششاق بالىنى ئۆزىگە مىندۈرۈۋالغان ئاق بېلىقتەك دولقۇن يېرىپ ئۈزمەكتە، ھەتتا كېچىدە بېلىق تۇتۇۋاتقان بىرنەچچە قېرى بېلىقچىمۇ قېيىقلىرىنى توختىتىپ قاراپ تەھسىن قىلدى.

پىنچاۋ كەنتىگە يەنە تەخمىنەن بىر يول قالغاندا، كېمە ئاستىلاپ قالدى. پالاق تۇتقانلار چارچاپ قالدۇق، دېيىشتى. چۈنكى ئۇلار بەك كۈچەپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساقلىرى ئاچقاندى. بۇ نۆۋەت گۇيشېڭ بىر ئەقىل تاپتى.

— كۆك پۇرچاق راسا پىشىپ قاپتۇ، ئوتۇنمۇ تەييار، بىرئاز ئوغرىلاپ كېلىپ پىشۇرۇپ يېمەيلىمۇ؟ — دېدى گۇيشېڭ.

بۇ پىكىر ھەممەيلەنگە ياقتى، كېمىنى دەرھال قىرغاققا ھەيدەپ بېرىپ توختاتتۇق. قىرغاقتىكى ئېتىزلىقلاردا كۆك پۇرچاق راسا ئوبدان ئوخشىغانىكەن.

— ئافا! ئافا! بۇ تەرەپتىكى سىلەرنىڭ، ماۋۇ تەرەپتىكىسى ليۇ يى تاغىنىڭ، قايسى تەرەپتىكىسىنى ئوغرىلايلى؟ — شۇاڭشى كېمىدىن قىرغاققا سەكرەپ چىقىپ سۆزلىدى.

بىزمۇ قىرغاققا سەكرەپ چىقتۇق.

— ئالدىرىماڭلار، مەن قاراپ باقاي، — ئافا كېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇياق - بۇياققا بېرىپ تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى، — بىزنىڭكىنى ئوغرىلايلى، بىزنىڭكىسىنىڭ دانلىرى يوغان ئىكەن.

بۇ جاۋاب بىلەن ھەممەيلەن ئافانىڭ ئېتىزلىرىغا تارقىلىپ، بىرەر تۇتامدىن يۇلۇپ كېمىگە تاشلىدۇق. شۇاڭشىنىڭ پىكرىچە كۆپرەك ئوغرىلىماقچىدۇق، لېكىن ئافانىڭ ئانىسى بىلىپ قالسا زار - زار قاقشايدىغانلىقىنى بىلەتتۇق، شۇڭا ليۇ يى تاغىنىڭ





پۇرچىقىدىن يەنە بىرەر تۇتامدىن ئوغرىلىدۇق.

ئارىمىزدىكى بىرنەچچە چوڭراق باللار يەنە كېمىنى ئاستا ھەيدەپ ماڭدى، بىرنەچچىسى كېمىنىڭ قۇيرۇقى تەرەپكە ئوت ياقتى، بىز كىچىكرەكلىرىمىز پۇرچاق ئاقلىدۇق. پۇرچاق ئۇزۇنغا قالماستىن پىشتى. شۇنىڭ بىلەن كېمىنى سۇدا لەيلىتىپ قويۇپ، ھەممىمىز ئولىشىپ قولىمىز بىلەن ئېلىپ پۇرچاق يېگىلى تۇردۇق، يەپ بولغاندىن كېيىن كېمىنى يەنە ھەيدىدۇق. بەزىلەر قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ، پۇرچاقنىڭ شاخلىرىنى، پوستلىرىنى دەرياغا تاشلاپ، كېمىدە ھېچقانداق ئىزنىمۇ قالدۇرمىدى. لېكىن شۇاڭشى، باشۇ تاغامنىڭ كېمىدىكى ئوتۇنى بىلەن تۇزىنى ئىشلىتىپ قويدۇق، ئۇ ناھايىتى زېرەك ئادەم، بۇنى بىلمەي قالمايدۇ، بىلىپ قالسا تىللىشى مۇمكىن، دەپ غەم يېيىشكە باشلىدى، كېيىن ھەممەيلەننىڭ گەپ - سۆزى بىلەن ئەندىشىدىن قۇتۇلدى. ئەگەر ئۇ تىللايدىغان بولسا، بىز ئۇنىڭغا، بۇلتۇر قىرغاقتىن تېپىۋالدىم دەپ ئەكەتكەن قۇرۇق سەرۆۋى دەرىخىنى قايتۇرۇپ بەر، دېمەكچى بولدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۈزىدىن - يۈزىگە «باشۇ قوتۇر» دەيمىز، دېگەن پىكىرگە كەلدۇق.

— قايتىپ كەلدۇق! چاتاق يوق، قانداق؟ مەن تىلىمدىن خەت بېرىمەن دېمىگەنمىدىم! — شۇاڭشى كېمىدە تۇرۇپ بىردىنلا ۋارقىرىدى.

ئالدىمغا قارىسام، پىنچاۋ كەنتىگە كېلىپ قاپتۇق. كۆۋرۈك بويىدا ئانام تۇرغانىكەن، شۇاڭشى ئانامغا گەپ قىلغانىكەن. مەن لەمپە ئاستىدىن چىقىشىمغا كېمىمۇ قىرغاققا يېقىنلاشتى، كېمە توختىغاندىن كېيىن كەينى - كەينىدىن قىرغاققا چىقتۇق. ئانام، ۋاقىت ئۈچ جىڭدىن ئۆتتى، تولىمۇ كېچىكتىڭ، دەپ بىرئاز خاپا بولغاندەك قىلدى، لېكىن يەنە خۇشال بولۇپ، كۈلۈپ ھەممەيلەننى قورۇغان گاڭپەنگە تەكلىپ قىلدى.

باشقىلار قورساقنى توقلىۋالدۇق، ئۇيقۇمىز كەلدى، بالدۇرراق قايتىپ ئۇخلايلى، دەپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئورنۇمدىن تۇردۇم. باشۇ تاغىنىڭ تۇزى بىلەن ئوتۇنىغا دائىر گەپ - سۆز ئاڭلىمىدىم، چۈشتىن كېيىن يەنە راك تۇتقىلى باردۇق.

— شۇاڭشى، سەن شۇمتەكلەر تۈنۈگۈن مېنىڭ پۇرچىقىمنى ئوغرىلاشتىڭما؟ ئاۋايلاپراق يۇلماي، بىرمۇنچىسىنى زايە قىلىشىۋېتىپسەن.

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ليۇ يى تاغا ئىكەن. ئۇ قېيىقنى ھەيدەپ، پۇرچاق سېتىپ قايتىپ كەلگەنىكەن. قېيىقىدا يەنە سېتىلماي قالغان بىر دۆۋە پۇرچاقمۇ تۇرۇپتۇ.

— ھەئە، ئاخشام مېھمانغا پىشۇرۇپ بەردۇق، بىز دەسلەپتە سىزنىڭ پۇرچاقلىرىڭىزنى ياراتمىغاندۇق. قارىڭا، راكلىرىمنى قاچۇرۇۋەتتىڭىز! — دېدى شۇاڭشى.

ليۇ يى تاغا مېنى كۆرۈپ، پالىقىنى توختاتتى ۋە كۈلۈپ:

— مېھمانغا پىشۇرۇپ بەردۇق؟ بۇ ئىشىڭلار دۇرۇس بوپتۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ماڭا قاراپ، — شۇن ئۇكا، تۈنۈگۈنكى ئويۇن ئوبدانمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

مەن:

— ئوبدان ئىكەن، — دەپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

— پۇرچاق تېتىغاندۇ؟

— ناھايىتى ياخشى ئىكەن، — دەپ يەنە بېشىمنى لىڭشىتتىم.

ليۇ يى تاغا مېنىڭ جاۋابىمدىن ناھايىتى مىننەتدار بولدى. ئۇ باشمالتىقىنى چىقىرىپ، مەمنۇن بولغان ھالدا:

— چوڭ شەھەردە ئۆسكەن، ئوقۇغان ئادەم ھەقىقەتەن مال تونۇيدۇ! مەن بۇ پۇرچاقنىڭ ئۇرۇقلىرىنى دانە - دانىلاپ تاللى-





غان. سەھرالىقلار ياخشى - يامانني تونۇمايدۇ، ئۇلار تېخى مېنىڭ پۇرچىقىمنى باشقىلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ، دەيدۇ. بۈگۈن ئاپىڭىزغا بىرئاز پۇرچاق ئاپىرىپ بېرەي، تېتىپ باقسۇن ...— دېدى ۋە شۇنىڭ بىلەن پالىقىنى ئۇرۇپ، قېيىقنى ھەيدەپ كەتتى.

ئانام مېنى كەچكى غىزاغا چاقىرغاندا، قارىسام جوزىدا بىر چوڭ چىنە پىشۇرۇلغان كۆك پۇرچاق تۇرۇپتۇ، ئۇ ليۇ يى تاغىنىڭ ئانام بىلەن ماڭا ئەكەلگەن پۇرچىقى ئىكەن. ئاڭلىسام ئۇ تېخى ئانامغا: «ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن ئەقلى - ھوشى بار ئىكەن، ئەتە - ئۆگۈن ئالىم بولىدۇ، بەختىڭىزنىڭ ئوڭ ئىكەنلىكىگە تىلىمدىن خەت بېرىمەن» دەپ مېنى ناھايىتى كۆپ ماختاپ بېرىپتۇ، لېكىن بۈگۈنكى پۇرچاق تۈنۈگۈن كېچىدىكىدەك تېتىمىدى.

راست گەپ، تا ھازىرغىچە شۇ كېچىدىكىدەك ئوبدان پۇرچاق يېمىدىم، شۇ كېچىدىكىدەك ئوبدان ئويۇنمۇ كۆرمىدىم.

1922 - يىل 10 - ئاي

## ئىزاھلار:

(1) N — نەنجىڭ. K مەكتىپى — جەنۇبىي چاڭجياڭ سۇچىلىرى مەكتىپى.

(2) مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان فىزىئولوگىيە كىتابلىرى.

(3) ئاپتورنىڭ تېۋىپچىلىقتا بولغان قاراشلىرى ھەققىدە «دادامنىڭ كېسىلى» دېگەن فېلىيەتونىغا قارالسۇن.

(4) S سارىيى — شاۋشىڭلىقلار سارىيى، بېيجىڭ شۈەنۇۋ دەرۋازىسى سىرتىدا.

(5) جىن شىنيى — چيەن شيەنتۇڭ، ئۆز ۋاقتىدىكى «يېڭى ياشلار» نىڭ مۇھەررىرلىرىدىن بىرى.

(6) «يېڭى ياشلار» — «4 - ماي» ھەرىكىتى دەۋرىدە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان ئەڭ مۇھىم ژۇرناللارنىڭ بىرى. ئۇ ماركسىزم ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى دەسلەپ قىلىپ تونۇشتۇرغان.

(7) بۇ ھېكايە بىرىنچى قېتىم 1918 - يىل 5 - ئايدا «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 4 -، 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا «ئادەم يېيىش ئەخلاقى» بولغان فېئودالىزم ئەخلاقىغا 1 - قېتىم ئەڭ قاتتىق ھۇجۇم قىلغان. بۇ ئەسەر توغرىسىدا، يازغۇچى مۇشۇ توپلامدا يازغان «كىرىش سۆزى» دە توختىلىپ، ئۇنىڭ قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بايان قىلغاندىن تاشقىرى، كېيىن «جۇڭگو يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلىرى، ھېكايىلەر، 2 - توپلىمىغا كىرىش سۆز» دېگەن ماقالىسىدە يەنە توختىلىپ، بۇ ھېكايىدە بايان قىلىنغان تۈپ ئوي ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ، ئۆگەنگۈچىلەر شۇ ئەسەرگە مۇراجىئەت قىلىشى مۇمكىن.

(8) بۇ سۆز بىلەن يازغۇچى جۇڭگودىكى فېئودالىزم ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئۇزۇن تارىخىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

(9) «مەھەللىۋى ئوت - چۆپلەر…» — «يەرلىك دورىلار تىزىمى»، جۇڭگودا دورىلارنى تەتقىق قىلىش بويىچە كلاسسىك خاراكتېرىدىكى كىتاب، جەمئىي 52 توم. مىن خاندانلىقى دەۋرىدە مەشھۇر لى شىجېن (1518 - 1593) تەرىپىدىن يېزىلغان.

(10) «باللارنى تېگىشىپ يېيىش»، «گۆشىنى يەپ تېرىسىدە





ئۇخلاش» دېگەن ئىبارىلەر «زو جيۇمىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا ئۇچرايدۇ. ئاۋۋالقى سۆز، مۇھاسىرىدە قالغان شەھەردىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى تەسۋىرلەشتە ئىشلىتىلگەن: «چۇ دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرى سۇڭ دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرىنى مۇھاسىرە قىلغاندا، باللار تېگىشىپ يېيىلدى، سۆڭەكلىرى ئوتۇن قىلىپ قالاندى». كېيىنكىسى جىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن جۇ جاۋ چى بەگلىكىنىڭ بېگى جۇاڭ گۇڭغا قىلغان سۆزىدە ئۇچرايدۇ: «لېكىن ئۇ ئىككىيلەن ھايۋاندىنمۇ بەتتەر، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەپ تېرىسىدە ئۇخلىساممۇ غەزىپىم يانمايدۇ» (ئىككىيلەن دېگەن سۆز چى دۆلىتىنىڭ جىجو، گوزۇي ناملىق ئادەملىرىگە قارىتىلغان، بۇ ئادەملەر ئىلگىرى جۇۋ جوغا ئەسىر چۈشكەن).

(11) «كېيىنا» — گۆش بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان بىر خىل يىرتقۇچ ھايۋان، ئۇ ھەمىشە شىر، يولۋاسقا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، ئۇلاردىن قالغان ئوزۇقلارنى يەپ كۈن كۆرىدۇ.

(12) يىيا — «چۇنچيۇ» دەۋرىدىكى ئادەم. غىزا قىلىشتا ئۇستىلىق بىلەن داڭقى چىققان. چى بەگلىكىنىڭ بېگى «كاۋاپ قىلىنغان بالا گۆشى يەپ باقمىدىم» دېگەندە، يىيا ئۆزىنىڭ ئوغلىنى كاۋاپ قىلىپ بەرگەن.

(13) جې ۋە جۇ — قەدىمكى شيا ۋە يىن سۇلالىلىرىنىڭ (مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 2000 يىللار) زالىملىق بىلەن داڭقى چىققان خانلىرى.

(14) پەنگۇ — خەنزۇ ئەپسانىلىرىدە ئاسمان بىلەن يەرنى پەيدا قىلغۇچى.

(15) شۈي شىلىڭ — چىن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن ئىنقىلابچى. 1907 - يىلى ئەنخۇينىڭ شۈنفۇسى (ئۆلكە باشلىقى) ئېن مىننى مەخپىي ئۆلتۈرگەندە قولغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلتۈرۈلگەن. ئېن مىننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى يۇلۇۋېلىپ يېگەن.

(16) بۇ يەردە خەنزۇچە hui ھەرپى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

(17) ئارىپىبەدىيانىنىڭ خەنزۇچە بىرىنچى ھەرپى hui بولۇپ، ئۈستىدىكى cao پارچىسى كۆكات، ئاستىدىكى 囙 قىسمى «قايتماق» مەنىسىنى بېرىدۇ.

(18) جۇيرېن — فېئوداللىق دەۋردە تۆۋەندىن سانىغاندا ئىككىنچى ئىلمىي ئۇنۋان.

(19) بۇ ھېكايە دەسلەپ 1919 - يىلى 5 - ئايدا «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 6 - جىلد 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. ھېكايىدىكى پېرسوناژلاردىن شيايۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى چيۇجىن ئىدى. چيۇجىن شۈي شىلىڭ («سەۋدايى خاتىرىسى» گە بېرىلگەن ئىزاھاتقا

قارالسۇن) ئۆلتۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چىڭ ھۆكۇمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۆرۇلدى، ئۇ شاۋشىن شەھىرىدىكى «شۈەنتىنكۇ» دېگەن جايدا ئۆلتۇرۇلگەن. شۈەنتىنكۇ شاۋشىن شەھىرىدىكى چوڭ كوچىلارنىڭ بىرى، بۇ جاينىڭ يېنىدا ئېگىز راۋاق بار. ئۇ راۋاققا «گۇ شۈەنتىنكۇ» دېگەن سۆز يېزىلغان.

(20) ئىلگىرى خەنزۇ خەلقى ئىچىدە ئادەم قېنى ئۆپكە كېسىلىگە داۋا دېگەن خۇراپات بولغان، شۇڭا كىشىلەر گۇناھكارنى ئۆلتۇرۇش ۋاقتىدا جاللاتتىن ئادەم قېنىغا چىلانغان جىگموما سېتىۋالاتتى.

(21) بۇ ھەقتە (19) ئىزاھقا قارالسۇن.

(22) بۇ ھېكايە دەسلەپ 1919 ـ يىل 10 ـ ئايدا «شىنچاۋ» (يېڭى دولقۇن) ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ جىلد 1ـ ساندا بېسىلغان، ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى بولسا 1920 ـ يىل 7 ـ ئايدا دەپ يېزىلغان. ئېلان قىلىنغان ۋاقتى بىلەن يېزىلغان ۋاقتى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەرق ئۇ چاغلاردا ژۇرناللارنىڭ كېچىكىپ چىقىشىدىن كېلىپ چىققان. ئادەتتە ئۇ چاغدا ژۇرناللارنىڭ ئەمەلدە بېسىلىپ چىققان ۋاقتى، شۇ ژۇرناللارنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان كۈندىن كېيىن بولىدۇ.

(23) جۇڭگونىڭ قەدىمكى مۇنەججىملىرىنىڭ پىكرىچە بەش نەرسە (مەدەن، ياغاچ، سۇ، ئوت، توپا) بىر ـ بىرىدىن پەيدا بولىدۇ ۋە بىر بىرىنى يېڭىدۇ. ئۇلاردىن: ياغاچتىن ئوت تۇغۇلىدۇ، ئوتتىن توپا تۇغۇلىدۇ، توپىدىن مەدەن تۇغۇلىدۇ، مەدەندىن سۇ تۇغۇلىدۇ، سۇدىن ياغاچ تۇغۇلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى يېڭىشى مۇنداق: ياغاچ توپىنى يېڭىدۇ، توپا سۇنى يېڭىدۇ، سۇ ئوتنى يېڭىدۇ، ئوت مەدەننى يېڭىدۇ، مەدەن ياغاچنى يېڭىدۇ. جۇڭگونىڭ كونا تېبۇبچىلىقىدا يۈرەك، ئۆپكە، جىگەر، تال، بۆرەكتىن ئىبارەت بەش ئەزا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەش نەرسىگە ئوخشىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئوتنىڭ مەدەندىن ئۈستۈن كەلگىنى دېيىلىدۇ.

(24) بۇ ھېكايە دەسلەپ 1920 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا چىقىدىغان «چېنباۋ» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. بۇ گېزىتنىڭ شۇ سانى تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قايسى سانى ئىكەنلىكىنى ھازىرچە ئېنىقلىيالمىدۇق.

(25) بۇ ھېكايە دەسلەپ 1920 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «سى شىنباۋ» گېزىتىنىڭ «شۈەندىڭ» ناملىق قوشۇمچە بېتىدە ئېلان قىلىنغان.

(26) جۇڭگونىڭ قەدىمكى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا «شۇجىڭ» ناملىق كىتابنىڭ «جازالار» دېگەن بۆلۈمىدە يېزىلىشچە ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلىرىدا بايان قىلىنىشىچە، بەش خىل جازا بولغان: بىرىنچىسى، داغلاش جازاسى — يەنى يۈزىگە سىزىقلارنى ئويۇپ قارا داغمال بىلەن داغلاش؛ ئىككىنچىسى، بۇرنىنى كېسىش جازاسى؛ ئۈچىنچىسى، پۇتىنى كېسىش





جازاسى؛ تۆتىنچىسى، جىنسىي ئەزا جازاسى — يەنى ئەر بولسا زەكەرنى كېسىش، ئايال بولسا، جىنسىي ئەزاسىنى تىكىش جازاسى؛ بەشىنچىسى، كاللىسىنى ئېلىش جازاسى. چېچىنى قىرقىش بەش چوڭ جازا قاتارىغا كىرمەيتتى. ئەمما قەدىمكى دەۋردە ئۇمۇ جازالارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ جازا سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىن كېيىن بىكار قىلىنغان.

(27) چىڭ ئەسكەرلىرى سەددىچىن ئىچىگە كىرىپ بېيجىڭنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، ياڭجۇ بىلەن جيادىڭ خەلقى چىڭ ئەسكەرلىرىگە ئەڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. بۇ شەھەرلەر چىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، خەلق قاتتىق قىرغىن قىلىندى. لۇشۇننىڭ «قەبرە»، «پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەر» دېگەن ئەسەرلىرىگە قارالسۇن.

(28) بۇ يەردە تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. خۇڭ شيۇچۈەن بىلەن ياڭ شيۇچىڭلار تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭىنىڭ داھىيلىرى، تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلاڭچىلىرى چېچىنى تولۇق قويىۋاتتى (ئۆرۈمەيتتى). شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ئۇلار «ئۇزۇن چاچلىقلار» دەپ نام چىقاردى.

(29) جاڭ تەييەن تەرىپىدىن يېزىلغان «زۇرۇڭ تەرجىمىھالى» دا يېزىلىشىچە: زورۇڭ ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چاغدا «قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇپەتتىشى ياۋ جيا پاھىشىۋازلىق قىلغاچقا، زورۇڭ بەش ئادەمنى باشلاپ مۇپەتتىشنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، مۇپەتتىشنى راسا كېلىشتۇرۇپ ئۇرغان ۋە چېچىنى كېسىپ تاشلىغان، كېيىن بۇ ئىش پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن، زورۇڭ يوشۇرۇن شاڭخەيگە قېچىپ كەلگەن» («جاڭ تەيیەن ئەسەرلىرى توپلىمى» 2 ـ جىلد). زورۇڭ ۋە ئۇنىڭ «ئىنقىلابىي ئارمىيە» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا «قەبرە» ناملىق توپلامدىكى «پارچە ـ پۇرات خاتىرىلەر» گە قارالسۇن.

(30) پەرەڭ — «چەت ئەللىك ئادەم» دېگەن سۆز.

(31) سۆز ئورمانچىلىق ئىلمى بويىچە دوكتور بىندۇ (ياپونىيىلىك) ھەققىدە بارىدۇ.

(32) شۈەنتۇڭ — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى.

(33) ئارتىسباشېف — رۇس يازغۇچىسى، بۇ يەردە ئېيتىلغان سۆز ئۇنىڭ «ئىشچى تىخولوف» ناملىق رومانىنىڭ 9 ـ بابىدىن كەلتۇرۇلگەن. بۇ ھەقتە «قەبرە» دېگەن توپلامدىكى «نارا كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدى» دېگەن ئەسەرگە بېرىلگەن ئىزاھاتقا قارالسۇن.

(34) «بىسەرەمجانلىق» — بۇ ھېكايە دەسلەپ 1920 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 8 ـ جىلد، 1 ـ ساندا بېسىلغان.

(35) بۇ يەردىكى چاچ ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چاچقا قارىتىلغان — ت.

(36) جىن شېڭتيەن (1609 — 1661) مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى،

چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئەدىب. «سۇ بويىدا»، «شى شياڭجى»غا ئوخشاش كلاسسىك ئەسەرلەرگە تەنقىد يازغان. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» يۈەن سۇلالىسى بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئارىلىقىدا ئۆتكەن لو گۈەنجۇڭ تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر رومان. بۇ رومانىنى كېيىن چىڭ خاندانلىقى ۋاقتىدا ما زۇڭگاڭ قايتا ئىشلەپ چىققان ۋە شەرھلىگەن. ئۇ ئۆز شەرھىگە ئۆز نامىنى قويماستىن جىن شېڭتىيەننىڭ نامىنى قويغان. شۇڭا بۇ شەرھى «جىن شېڭتىيەن شەرھى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(37) ئۈزۈن چاچلىقلار — تەيپىڭ تيەنگو قوزغىلىڭىنىڭ قاتناشچىلىرى — ت.

(38) قوماندان جاڭ (جاڭ داشۈەي) دەپ جاڭ شۈن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جاڭ شۈن شۇ چاغلاردىكى شىمالىي مىللىتارىستلارنىڭ بىرى. ئۇ ئەسلىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن ئىدى، 1911 - يىلى ئىنقىلابتىن كېيىنمۇ ئۇ يەنە ئۆرۈمە چېچىنى چۈشۈرمەي، ئۆزىنىڭ چىڭ خاندانلىقىغا سادىقلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ تولىسى ئۆرۈمە چاچلىق بولۇپ، ئۆرۈمە چاچلىق ئەسكەر دەپ ئاتىلاتتى، 1917 - يىلى 7 - ئايدا، ئۇ شۈيجۇدىن بېيجىڭغا باردى، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى فۇيىنى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلگەن پادىشاھى، خانلىق ئىسمى شۈەنتۇڭ) يېڭىۋاشتىن تەختكە ئولتۇرغۇزۇشقا ئۇرۇندى. ئەمما 14 - ئىيۇلدا مەغلۇپ بولدى. جاڭ شۈننىڭ ئۆزى گوللاندىيە ئەلچىخانىسىغا قېچىپ كىرىۋالدى. بۇ ھېكايىدە «خان سەلتەنەت تەختكە ئولتۇرۇپتۇ» دېگەن سۆز ئەنە شۇ ۋەقەگە قارىتىلغان.

(39) بۇ ھېكايە دەسلەپ 1921 - يىل مايدا «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلىنىڭ 9 - جىلد، 1 - ساندا ئېلان قىلىنغان.

(40) بىزدە مەدىكار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: پۈتۈن يىل بويى ئىشلەپ بېرىدىغانلار يىللىقچى مەدىكار دېيىلىدۇ؛ كۈنلۈك ئىشلەپ بېرىدىغانلار مەدىكار دېيىلىدۇ؛ ئۆزىمۇ يەر تېرىيدىغان، پەقەت ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ياكى ئورما ۋاقىتلىرىدىلا كېلىپ ياردەم قىلىدىغانلار ئايلىقچى مەدىكار — ئاپتور ئىزاھى.

(41) خەنزۇلاردا ئۆتمۈشتە مۇنداق بىر خۇراپىي ئەقىدە بولاتتى: ھەر بىر ئادەم تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى خەنزۇچە تەرتىپ رەقەملىرى بىلەن يېزىپ كۆرۈلەتتى. ئۇ رەقەملەرنى بىر - بىرىگە قوشقاندا خەنزۇچە «8» خەتكە توغرا كېلەتتى. بۇ «8» خەت ئىچىدە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بەش نەرسە (مەدەن، ياغاچ، سۇ، ئوت، توپا) تولۇق بولۇپ چىقسا، ئۇ ئادەم كامالەتكە يېتىدۇ دەپ بىلەتتى، ئەگەر مۇشۇ بەش نەرسىدىن بىرى كەم بولسا، قۇسۇرلۇق ھېسابلىناتتى. بۇ يەردە گەپ «توپا» كەم





بولۇپ چىققانلىقى ھەققىدە كېتىپ بارىدۇ.

(42) بۇ توخۇ باقىدىغان ياغاچ ئىدىش، ئۇنىڭ ئىچىگە دان چېچىپ، ئىتلار يەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پەنجىرە ياساپ قويۇلىدۇ. توخۇلار بويۇنلىرىنى تىقىپ دانلايدۇ، ئىتلار بولسا ئۇنداق قىلالمايدۇ، پەقەت تېرىكىپ قاراپ تۇرۇشىدۇ.

(43) بۇ ئەسەر «تاڭ گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتى»دە، ھەپتىدە، ئىككى ھەپتىدە بىر نۆۋەت بېسىلىپ، 1921 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 1922 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە بېسىلىپ چىققان. ئاپتور باشقا ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسىنى «لۇشۈن» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى «بارېن» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلغان.

(44) «ھېكمەتلىك سۆز» — جۇڭگودا قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى «ئۈچ ئۆلمەس»نىڭ بىرى: «ئەۋلىيالار ياخشى ئەخلاق، ياخشى خىزمەت، ھېكمەتلىك سۆز قالدۇرىدۇ. ۋاقىت ئۆتسىمۇ لېكىن كېرەكتىن چىقمايدۇ. شۇڭا ئۆلمەس دېيىلىدۇ».

(45) دىككىنس (1812 — 1870) — ئىنگلىز يازغۇچىسى. «قىمارۋازنىڭ تەرجىمىھالى»نى ئەسلىدە ئىنگلىز يازغۇچىسى دويلى يازغان. ئاپتور بۇ ھەقتە: «ئۇنى دىككىنس يازغان دەپ ئۆزۈم خاتالاشقان» دەيدۇ.

(46) بۇ سۆز ئەسلىدە خەلق تىلىغا قارىتىلغان، ئۆز ۋاقتىدا كونىلىقنى ياقلىغۇچى لىن چىننەن سەي يۈەنپېيگە يازغان خېتىدە: «ئەگەر كونىلارنىڭ ھەممىسىنى كېرەكسىز قىلىپ، قارا تىللار بىلەن يېزىشقا توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا غالىتەك ھەيدەپ ئاچچىقسۇ ساتىدىغانلارنىڭ تىلىنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ گراماتىكىسى بار» دېگەن سۆزلەرنى قىلغان.

(47) «خەتتاتنىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى» جەمئىي 10 توم بولۇپ، خەتتاتلىق توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.

(48) بۇ سۆز «لۇيسى چۈنچيۇ» دېگەن كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

(49) شيۇسەي — ئالىم، موللا مەنسىدە، ئىلمىي دەرىجە.

(50) «يېڭى ياشلار» خەنزۇ ھەرپىنى رەت قىلىپ، رىم ھەرپلىرىنى قوللىنىشنى مۇزاكىرە قىلغانىدى.

(51) مەنسەپ ئىمتىھانى دەۋرىدە ئوقۇغان بولسىمۇ ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەنلەر «موللا» دەپ ئاتىلاتتى.

چۇڭ جېڭ — مىن خاندانلىقىنىڭ يىل ئىسمى. بۇ خاندانلىق مانجۇ خاندانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. كېيىنكى چاغلاردا دېھقانلار قوزغالغاندا، ھەمىشە «مانجۇ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، مىن خاندانلىقىنى تىكلەيمىز»

دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. شۇڭا مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىنقىلابچىلار قوزغالغاندا، بەزى ئامما يەنە جۇڭجېڭ خاننىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدىكەنمىز، دېيىشەتتى.

(52) جۇاڭيۈەن — پادىشاھ تەختى ئالدىدا ئىلمىي دەرىجىگە ئىمتىھان بەرگەنلەرنىڭ بىرىنچى ئىلمىي دەرىجىسى.

(53) بۇ قوش تىرناق ئارىسىدىكى سۆزلەر بولسا، ئۆز مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى قىمار بەلگىلىرىدۇر.

(54) جۈيرېن — ۋىلايەتنىڭ ئاساسىي شەھىرىدە ئىمتىھان تاپشۇرۇپ چىققان كىشىنىڭ ئىككىنچى ئىلمىي دەرىجىسى.

(55) بىزنىڭ «ئاغزىدىن سۈت كەتمىدى» دېگەن ئىبارىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

(56) سۆز — پۇتلىرىنى كىچىك قىلىپ تېڭىۋالغان تەتەي ئايالارنىڭ مېڭىشى توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ.

(57) ماجياڭ — قىمارنىڭ بىر تۈرى.

(58) 1911 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى. شۈەنتۇڭ — مانجۇ پادىشاھ ئەۋلادىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈم سۈرگەن يىللىرى.

(59) شۇ ۋاقىتلاردا خەنزۇ دېھقانلىرىنىڭ ئارىسىدا، ئىنقىلابچىلار چەت ئەلدىن كەلگەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئورنىغا مىللىي خەنزۇ پايتەختىنى ئورناتماقچى، شۇنىڭ ئۈچۈن، 1644 - يىلى مانجۇلار ئىستېلا قىلغان ئاخىرقى خەنزۇ پادىشاھى چۇڭجېننىڭ خاتىرىسىگە ئۇلار ئاق ماتەم ساۋۇتلىرىنى كىيگەن بولسا كېرەك، دېگەن سۆزلەر تارقالغان.

(60) جۇڭگودا مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈم سۈرۈشى بىلەنلا، ئەرلەر چاچ قويغىلى باشلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىك خەلق مانجۇلارغا قارشى ئىنقىلاب باشلانغاندا، مىللىي تەھقىرلىق بەلگىسى بولغان بۇ ئادەتنىمۇ يوق قىلىش كېرەك دەپ چۈشىنەتتى — تەرجىمان.

(61) «سېرىق كۈنلۈك» شەكلىدىكى خەتلەر دۆلەتمەن، كاتتا ئادەملەر ئارا يېزىلاتتى. بۇ خەتتىكى سۆزلەر ئېچىلغان كۈنلۈك شەكلىدە يېزىلىدۇ.

(62) «بۇ يەردە «ھۆرەت» دېگەن سۆز «ھۆرىيەت» نىڭ بەزى ساددا ئادەملەرنىڭ ئاغزىدا بۇزۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(63) خەن لىن — يۇقىرى ئىلمىي دەرىجە.

(64) خۇڭ — ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىدا خۇبېي ئارمىيىسىگە قوماندان بولغان لى يۈەنخۇڭ بولسا كېرەك.

(65) NO— ئىنگلىزچە «ياق» دېگەن سۆز.

(66) فۇشى — ھېكايىدە ئېيتىلىپ يۈرگەن قەدىمكى خەنزۇ پادىشاھى، ئۇنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرى «ئالتۇن ئەسىر» دەپ ھېسابلىناتتى.





(67) بۇ ئەسەر 1922 - يىلى 9 - ئايدا «ھېكايە ژۇرنىلى» نىڭ 13 - جىلد، 9 - سانىغا بېسىلغان.

(68) شىنخۇامېن دەرۋازىسى — شىمالىي مىلىتارىستلار ۋاقتىدىكى رەئىس جۇمھۇر ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسى. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي چاڭئەن كوچىسىدا.

(69) «ماخايانا» — بۇددا كىتابى.

(70) ئاي ھېسابى بويىچە — ياز بايرىمىنىڭ باشلىنىش مەزگىلى.

(71) «شېئىرلار توپلىمى» — خۇشى يازغان شېئىرلار توپلىمى.

(72) بۇ ئەسەر 1922 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «شەرق ژۇرنىلى» نىڭ 19 - جىلد، 13 - سانىدا بېسىلغان.

(73) بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1922 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدە «سەھەر گېزىتىنىڭ قوشۇمچە بېتى» گە بېسىلغان.

(74) بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1922 - يىلى 12 - ئايدا «ئاياللار ژۇرنىلى» نىڭ 8 - جىلد، 12 - سانىغا بېسىلغان.

(75) ئەما شائىر يارۇشىنكۇ — رۇس؛ دۇنيا تىلى ۋە ياپون تىلى بىلەن نۇرغۇن چۆچەك يازغان، 1921 - يىلى ياپونىيە ئارقىلىق جۇڭگوغا كېلىپ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا دۇنيا تىلىدىن دەرس ئۆتكەن.

(76) رۇسلار ئۆز ۋەتىنىنى شۇنداق ئاتايدۇ.

(77) بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1922 - يىلى 12 - ئايدا «ھېكايە» ژۇرنىلىنىڭ 13 - جىلد، 12 - سانىغا بېسىلغان.

(78) تەن جياۋتيەن — شياۋ جياۋتيەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مەشھۇر بېيجىڭ چاڭچىلە ئارتىسى.

(79) مۇليەن — ساكيامۇنىنىڭ شاگىرتى. ئۇنىڭ ئانىسى يامانلىق قىلىپ دوزاخقا چۈشكەندە، ئۇ ئانىسىنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىمىش. بۇ چۆچەكتىن سەھنىلەشتۈرۈلگەن ئويۇن ئۆتمۈشتە جۇڭگودا خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان.

(80) گۇڭ يۈنپۇ — مەشھۇر بېيجىڭ چاڭچىلە ئارتىسى. ئۇ كۆپىنچە شەيخ رولىنى ئورۇندايدۇ.

(81) بۇ سۆز پويىزغا تەقلىد قىلىنغان — تەرجىمان.

# نگارش

# بېغىشلىما

چىقتىم سەھەردە ساڭئۇ[1] دىن يولغا،
يول يۇرۇپ، كەچقۇرۇن يەتتىم شۇەنپۇ[2] غا.
بۇ تەڭرى ئىشىكىدە دەم ئالماق بولدۇم،
بىراق قۇياش ئالدىرايتتى پېتىشقا.

دېدىم: ئەي تەڭرى — قۇياش نېچۇك ئالدىرىدىڭ،
يەتمەسمىدىڭ ماكانىڭغا ئالدىرىمىساڭمۇ؟
بۇ زۇلمەت كېچىگە نېچۇك قالدۇردۇڭ،
بولمامتى جۇدالىقتا ياندۇرمىساڭمۇ؟

يول ئۇزۇن سوزۇلغان گويا ئۇچەيدەك،
كۆك گۇمبەز ئاستى ئورالغان تۇنگە.
تېڭىرقىمىدىم، بېلىمنى باغلىدىم يەنە،
يەتمەكچى بولۇپ ئىزدىگەن كۇنگە.

چۇي يۇەن[3] «ۋىدا»

# دۇئا - تەلەپ

كونچە يىل ھېسابىدا يىلنىڭ ئاخىرلاشقان ۋاقتى قانداقلا بولمىسۇن يىل ئاخىرىغا ئوخشايدۇ؛ كەنتتىكى ئەھۋاللار بۇياقتا تۇرسۇن، ئاسماندىنمۇ يېڭى يىلنىڭ بەلگىلىرى چىقىپ تۇراتتى. كۈل رەڭ غەمكىن كېچە بۇلۇتلىرى ئارىسىدىن پات - پاتلا ۋال - ۋۇل قىلىپ ئوت چاقنايتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئوچاق پىرىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئېتىلغان پوجاڭزىلار پارتلايتتى؛ يېقىنراق جايدا ئېتىلغانلىرىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ كۈچلۈك چىقاتتى، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازلار تېخى بېسىقماستىنلا، ھاۋانى پارتلاش دورىسىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ھىدى قاپلاپ كېتەتتى. مەن دەل شۇ ئاخشىمى يۇرتۇم لۇجېڭ كەنتىگە قايتىپ كەلگەنىدىم. بۇ مېنىڭ تۇغۇلغان يۇرتۇم بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئۆيۈم يوق ئىدى. شۇڭا، ۋاقتىنچە لۇسى بەگنىڭ ئۆيىگە چۈشتۈم. ئۇ مېنىڭ تۇغقىنىم ئىدى، دادام قۇراملىق ئادەم بولغاچقا، ئۇنى تاغا دەپ ئاتاشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان موللا ئادەم ئىدى. ئۇ ھازىرمۇ ھېچقانچە كۆپ ئۆزگەرمەپتۇ، پەقەت سەل قېرىپ قاپتۇ، شۇنداقتىمۇ ساقال قويماپتۇ. بىز كۆرۈشۈش بىلەنلا ھال - ئەھۋال سورىشىپ كەتتۇق. كېيىن ئۇ مېنى: «سەمرىپ كېتىپسەن» دېدى، شۇ سۆزدىن كېيىنلا ئىسلاھاتچىلارنى سۆكۈپ كەتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ ماڭا كىنايە قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلدىم. چۈنكى، ئۇ كاڭ يۇۋېينى تىللاۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ سۆھبىتىمىز زادىلا ئەپلەشمىدى، شۇڭا ئۇزۇن





ئۆتمەي مەن ئۇنىڭ مېھمانخانىسىدا ئۆزۈم يالغۇز قالدىم.

ئەتىسى ئورنۇمدىن ناھايىتى ۋاقچە تۇردۇم. چۈشلۈك غىزادىن كېيىن بىرنەچچە تۇغقانلىرىم ۋە بۇرادەرلىرىمنى يوقلىدىم. ئۈچىنچى كۈنىمۇ شۇنداق ئۆتتى. ئۇلارمۇ ھېچقانچە ئۆزگەرمەپتۇ، پەقەت بىر ئاز قېرىپ قاپتۇ؛ ھەممە ئۆز ئۆيلىرىدە «دۇئا - تەلەپ» ئۈچۈن تەييارلانماقتا ئىكەن. بۇ لۇجېڭ كەنتىدە ھەر يىلنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ مۇراسىم، ھەممە كىشى بەخت خۇداسىغا ئاتاپ نەزىر بېرىپ، كېلەر يىل ئۈچۈن بەخت تىلەيدۇ. توخۇ، ئۆردەك، مال سويىدۇ، ئاياللار قوللىرىنى، ھەتتا بەزىسى تولغىما كۈمۈش بىلەزۈك سالغان قوللىرىنى بىلەكلىرىگىچە سۇغا تىقىپ، قوللىرى قىزىرىپ كەتكۈچە سويۇلغان نەرسىلەرنى ئىخلاس بىلەن يۇيىدۇ. ئۇ نەرسىلەر پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈستىگە چوكىلارنى سانجىپ، ياغ پۇراتتۇق دەپ، سۇبھى ۋاقتىدا ئۇنى ئۈستەلگە تىزىپ، نۆكچە يېقىپ، بەخت خۇداسىغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئىبادەت قىلىش پەقەت ئەرلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە پوجاڭزا ئېتىشىدۇ. ھەريىلى شۇنداق بولىدۇ، ھەممە ئۆيدە ياغ پۇرىتىشقا ۋە پوجاڭزا سېتىۋېلىشقا قادىر بولالىغانلىرىلا شۇنداق قىلىدۇ، بۇ يىلمۇ شۇنداق.

قاراڭغۇ چۈشۈپ، قار يېغىشقا باشلىدى. لۇجېڭ كەنتى ئاسماننى قاپلاپ، قانداقتۇر بىر ئىشقا ئالدىرىغاندەك تۇمان ئارىلاش لەپشىپ يېغىۋاتقان قارلار بىلەن پۇركەندى. مەن لۇسى تاغىنىڭ مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەلگەندە، پېشايۋان ئاللىقاچان قار بىلەن ئاقارغانىدى، ئۆيدىكى تامدا ئېسىقلىق تۇرغان «ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن» دېگەن ئەۋلىيا چېڭ تۇەن ئاتا يازغان يوغان قىزىل خەتمۇ قارنىڭ يورۇقىدا روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ خەتنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىر جۈپ لەۋھەنىڭ چۈشۈپ كەتكەن بىرى تۇرۇلگەن پېتى ئۈستەلدە تۇراتتى. «ئىشنىڭ يولىنى تاپقاندا كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ»

دېگەن سۆز يېزىلغان يەنە بىرى ئۆز جايىدا ئىدى. مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ دېرىزە يېنىدىكى ئۇستەلگە بېرىپ قارىدىم، ئۇ يەردە بىرنەچچە توم «كاڭشى لۇغىتى»، قەدىمكى پەيلاسوپلار تەلىماتى — «جىڭ سىلۇ»نىڭ شەرھى ۋە «تۆت كىتاب[4] شەرھى» دېگەن كىتابلار تۇرۇپتۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، ئەتە كەتمەكچى بولدۇم. ئۇنىڭ ئۇستىدىگە، تۆنۈگۈن ئۇچراتقان شياڭ لىن ھەدىنى ئويلاپمۇ بىئارام بولۇپ، بۇ يەردىن كەتكۈم كەلدى.

ئۇ مۇنداق ۋەقە ئىدى: چۈش ۋاقتى، مەن كەنتنىڭ شەرقىي چېتىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر بۇرادىرىمنى يوقلاپ كېلىۋاتاتتىم. ئۆستەڭ بويىدا شياڭلىن ھەدىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇنىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن ماڭا قاراپ كېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەن بۇ نۆۋەت لۇجېڭ كەنتىدە ئۇچراتقان كىشىلەر ئىچىدە ئۇنىڭدەك چوڭ ئۆزگىرىپ كەتكەن ھېچكىمنى كۆرمىدىم. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرىكى ئاق كىرگەن چاچلىرى ھازىر تامام ئاقىرىپ، 40 ياشلاردىكى ئاياللارغا زادىلا ئوخشىمايتتى؛ ئۇنىڭ ياداڭغۇلۇقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، سارغۇچ يۈزى قارىداپ كېتىپتۇ، رەڭگىدىكى قايغۇ ئالامەتلىرى يوقىلىپ، خۇددى ياغاچتىن ئويغان ئادەمگە ئوخشاپلا قاپتۇ. پەقەت كۆز قارىچۇقىنىڭ پىلدىرلاپ تۇرۇشىلا، ئۇنىڭ بىر تىرىك جان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ بىر قولىدا بىر پۇچۇق چىنە سېلىنغان سېۋەت كۆتۈرگەن، بىر قولىدا ئۆز بويىدىن ئۇزۇن، تۆۋەنكى ئۇچى يېرىلغان بامبۇك تاياق تۇتقانىدى. ئۇنىڭ قەلەندەر بولۇپ قالغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.

مەن ئۇنىڭ مەندىن پۇل تىلەيدىغانلىقىنى پەملەپ، كېتىۋاتقان يېرىمدە توختىدىم.

— قايتىپ كەپسىز؟ — دەپ سورىدى، ئۇ ئاۋۋال.

— ھەئە.





— ئوبدان قىپسىز. سىز ئوقۇغان ئادەم، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇرت كۆردىڭىز، كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭىز كۆپ. مەن سىزدىن بىر نەرسە سورىماقچىمەن، — ئۇنىڭ خۇنى قالمىغان كۆزلىرىگە بىردىنلا نۇر تولدى.

مەن ئۇنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم، شۇڭا ھەيران بولۇپ تۇردۇم.

— مېنىڭ سورايدىغىنىم، — دېدى ئۇ بىرئاز يېقىن كېلىپ ئاستاغىنە ۋە ناھايىتى سىرلىق قىلىپ، — ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھى بولامدۇ؟

مەن چۆچۈپ كەتتىم ۋە ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، پۈتۈن ئەزايىم خۇددى تىكەن سانجىلغاندەك تىترەپ كەتتى، مەكتەپتە ئۇشتۇمتۇت ئىمتىھانغا يولۇققان ۋە مۇئەللىم يېنىمدا قادىلىپ تۇرۇۋالغاندىكىدىنمۇ بەكرەك ھودۇقۇپ كەتتىم. روھنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئۆزۈممۇ ئەزەلدىن ئېسىمگە كەلتۈرمەيتتىم، شۇ پەيتتە ئەمدى ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىم كېرەك؟ شۇ ئارىلىقتا مېنى خىيال باستى، بۇ يەردىكىلەر ئادەت بويىچە ئەرۋاھقا ئىشىنىدۇ، لېكىن شياڭلىن ھەدىچۇ؟… مەن ئىككىلىنىپ قالدىم — ئۇ بار دەپ ئويلىسا بار، يوق دەپ ئويلىسا يوق دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتقىنىم ياخشىراق بولار… ئۆمرى ئاخىرلاشقان كىشىنى خاپا قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى بار… كۆڭلىنى ئاياپ بولسىمۇ، بار دەپ قويمايمەنمۇ، دەپ ئويلىدىم.

— بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن، — دېدىم دۇدۇقلاپ.

— ئۇنداق بولسا، دوزاخمۇ باردۇ؟

— ھە؟ دوزاخ؟ — مەن شۇنداق چۆچۈدۈمكى، تىلىم كالۋالىشىپ قالدى، — دوزاخ؟ قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، دوزاخنىڭمۇ بولۇشى مۇمكىن… بەلكىم، يوق بولۇشىمۇ مۇمكىن… ئۇنى كىم سۈرۈشتۈرۈپ يۈرسۇن؟!…

— ئۇنداق بولسا، ئۆلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرى بىلەن دىدار كۆرۈشەلەيدىغاندۇ؟

— ھە، ھە، دىدار كۆرۈشەلەيدىغاندۇ؟... — مەن شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنىڭ تېخى پۈتۈنلەي بىر دۆت ئىكەنلىكىمنى بىلدىم. مېنىڭ ئىككىلىنىشلىرىم، پىلانلىرىم ئۈچ ئېغىز سوئالغا دال بولالمىدى. مەن دەرھال يۈرەكسىزلىنىشكە باشلىدىم. ئىلگىرىكى سۆزلىرىمنى يوققا چىقىرىپ: «ئۇنى... راستىنى ئېيتسام، تازا ياخشى بىلمەيدىكەنمەن... روھنىڭ بار - يوقلۇقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن» دەي دېگەن خىيالغا كەلدىم.

ئۇ قىستاپ سورىمىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، دەرھال مېڭىپ كەتتىم ۋە لۇسى تاغىنىڭ ئۆيىگە ئاران قايتىپ كېلىۋالدىم. شۇ چاغدىمۇ يۈرىكىم ئورنىغا چۈشمىدى. مېنىڭ ھېلىقى جاۋابىم ئۇنىڭ ئۈچۈن خەۋپلىك بولمىغىيدى، دەپ ئەندىشە قىلدىم. ئېھتىمال، باشقىلار دۇئا - تەلەپ بىلەن نەزىر بېرىۋاتقاندا، ئۇ غېرىبسىنغان بولسا كېرەك؛ ياكى يەنە باشقا مۇددىئاسىمۇ بارمىدۇ؟ يا بىرەر ھادىسىنىڭ بولۇشىنى تۇيۇپ قالغاندىمۇ؟ ئەگەر بىرەر نىيىتى بولۇپ، مېنىڭ جاۋابىم بىلەن باشقا بىرەر ۋەقە تۇغۇلۇپ قالسا، ماڭا خېلى جاۋابكارلىق كېلىپ قالىدۇ... لېكىن، كېيىن ئۆز - ئۆزۈمدىن كۈلدۈم ۋە ئۇنداق تاسادىپىي ئەھۋاللارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار، دېگەن خىيالغا كەلدىم. شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ ئانچىكى بىر ئىشلارغا شۇ قەدەر باش قاتۇرۇپ كېتىشىم مائارىپچىلارنىڭ: «ئەسەبىيلىشىپ قاپتۇ» دېگەن سۆزلىرىنى تەستىقلايتتى. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، مەن «تازا ياخشى بىلمەيدىكەنمەن» دەپ ئاشكارا ئېيتىپ، ئىلگىرى بەرگەن جاۋابىمنى تامام يوققا چىقاردىم. مۇبادا بىرەر ۋەقە تۇغۇلۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ماڭا كاساپىتى تەگمەيدۇ، دەپ ئويلىدىم.

«تازا ياخشى بىلمەيدىكەنمەن» — بۇ ناھايىتى پايدىلىق سۆز.





بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن، ئۆز بىلەرمەن ياشلار ھەمىشە كىشىلەرگە مۇجمەل مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرىدۇ، تېۋىپ تاللاپ بېرىدۇ، لېكىن بەرگەن مەسلىھەتىنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولماي قېلىشى ۋە شۇ سەۋەبتىن باشقىلارنىڭ تاپا - تەنىسىگە قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، گەپنى: «تازا ياخشى بىلمەيدىكەنمەن» دېگەن بىلەن تۈگەتسە، ھەرقاچان ھەممە ئىشتا باش قېتىنچىلىقتىن قۇتۇلىدۇ. مەن شۇ ۋاقىتتا بۇ سۆزنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بىلدىم، قەلەندەر ئايالغا سۆزلىگەندىمۇ، شۇ سۆزنى ئىشلەتمەي بولمىدى.

شۇنداقتىمۇ، زادىلا خاتىرجەم بولالمىدىم. بىر كېچە ئۆتكەن بولسىمۇ، خۇددى بىر پالاكەت كېلىدىغاندەكلا، زادىلا خاتىرەمدىن كۆتۈرۈلمىدى. جىمجىت قارلىق كېچىدە ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان بۇ مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ ئەنسىزلىك تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى... قايتىپ كەتكىنىم ياخشى، ئەتىلا شەھەرگە قايتىمەن، فۇشىڭ ئاشخانىسىدا بىر تەڭگىگە سۇدا پىشۇرۇلغان بېلىقتىن يوغان بىر تەخسە بېرىدۇ، ئۆزى ئوبدان غىزا، نەرخىمۇ ئەرزان، ھازىر نەرخى ئۆرلەپ كەتتىمىكىيا؟ ئۆتمۈشتە بىرگە يۈرگەن ئۇلپەتلىرىم تارقىلىپ كەتتى، ئۆزۈم يالغۇز بولسامۇ، شۇ بېلىقتىن يېمەي بولمايدۇ... قانداقلا بولمىسۇن، ئەتە قايتىپ كېتىمەن.

«شۇنداق ئىشلار ئۇچرىمىسكەن» دېگەن ئىشلارنىڭ مەن ئويلىغاندەك بولماي، ئەكسىچە بولۇپ چىقىشى پات - پاتلا ئۇچراپ تۇرغاچقا، بايىقى ئىشمۇ شۇنداق بولۇپ چىقمىغىيدى، دەپ ئەندىشە قىلدىم. دەرۋەقە، پەۋقۇلئاددە ۋەقە باشلاندى. كەچقۇرۇنلۇقى بەزىلەرنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيدە قىلغان پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار قانداقتۇر بىر ۋەقە ئۈستىدە پاراڭ قىلاتتى، لېكىن بىرئازدىن كېيىن پاراڭ بېسىقىپ قالدى. پەقەت لۇسى تاغا ئۆيدە مېڭىپ يۈرۈپ ئۈنلۈك سۆزلەيتتى:

— ياكى بالدۇرراق ئەمەس، ياكى كېيىنرەك ئەمەس! دەل ئايەم كۈنلىرىدە، شۇنىڭغا قارىغاندا تازا بىر شۇم پېشانە بولسا كېرەك!

دەسلەپتە هاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم، كېيىن بۇ سۆزنىڭ ماڭا ئالاقىسى باردەك ئەنسىزلىنىشكە باشلىدىم. ئىشكتىن قاراپ باقتىم، تاشقىرىدا هېچكىم كۆرۈنمەيتتى. كەچكى غىزادىن ئىلگىرى خىزمەتچى چاي كۆتۈرۈپ كىرگەندە، ئاندىن ئەهۋالنى ئۇقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم.

— بايا، لۇسى تاغا كىمگە كايىدى؟ — دەپ سورىدىم خىزمەتچىدىن.

— شياڭلىن هەدىگە بولماي كىمگە بولاتتى؟ — خىزمەتكار قىسقىغىنا جاۋاب بەردى.

— شياڭلىن هەدە نېمە بوپتۇ؟ — دەرهال سورىدىم.

— ئۆلۈپتۇ.

— ئۆلۈپتۇ؟ — يۈرىكىم بىردىنلا سىقىلىپ، قېپىدىن چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالدى. چىرايىممۇ ئۆڭۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، لېكىن خىزمەتچى بېشىنى كۆتۈرمىگەچكە، سەزمەي قالدى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ:

— قاچان ئۆلۈپتۇ؟ — يەنە سورىدىم.

— قاچان؟ تۆنۈگۈن كېچە ياكى بۈگۈن ئۆلگەندۇ، ياخشى بىلمەيمەن.

— قانداق ئۆلۈپتۇ؟

— قانداق ئۆلۈپتۇ؟ گادايلىق دەردىدە ئۆلگەندۇ، — ئۇ چالا - پۇچۇق جاۋاب بېرىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپمۇ قويماستىن چىقىپ كەتتى.

لېكىن، مەندىكى چۆچۈش بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن، ماڭا كېلىدىغان پالاكەت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۆزۈمنىڭ «تازا ياخشى





بىلمەيمەن» دېگەن سۆزۈمگە ئېسىلىپ تۇرۇشقا هاجەت قالماپتۇ، دەپ ئويلىدىم ۋە خىزمەتچىنىڭ: «گادايلىق دەردىدە ئۆلۈپتۇ» دېگەن سۆزى بىلەن ئارام تېپىپ، يۈرىكىم ئاستا ئورنىغا چۈشتى، لېكىن بەزىدە يۈرىكىم يەنە بىرئاز سىقىلغاندەك بولىمەن.

كەچكى غىزا تارتىلدى، لۇسى تاغا يېنىمغا كېلىپ قاپىقىنى سېلىپ ئولتۇردى. شياڭلىن هەدە توغرىسىدا بەزى ئەهۋاللارنى سورىغۇم كەلدى، لېكىن ئۇ: «ياخشى ۋە يامان روهلار تەبىئەتتىكى مەنپىي ۋە مۇسبىي هادىسىلەرنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەن كونا كىتابلارنى ئوقۇغان، شۇنداقلا ئۇ پەرهىزلىرى كۆپ بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇئا - تەلەپ ۋاقتىدا ئۆلۈم - يېتىم، ئاغرىق - سىلاقتىن سۆز ئېچىش ياخشى ئەمەس، شۇڭا ئۇ هەقتە ئېغىز ئاچالمىدىم؛ ئىلاج بولمىغاندا، باشقا گەپ - سۆزلەر بىلەن ئاچاي دەپمۇ ئويلىدىم، لېكىن سۆزنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەچكە، بىرنەچچە قېتىم سورىماقچى بولۇپ بېقىپ يەنە توختاپ قالدىم. ئۇنىڭ قاپىقىنىڭ سېلىنىپ تۇرۇشىدىن، مېنى: «ياكى بالدۇر ئەمەس، ياكى كېيىنرەك ئەمەس، دەل ئايەم ۋاقتىدا» كېلىپ بىسەرەمجان قىلدى، بۇمۇ بىر شۇم پېشانە ئىكەن، دەۋاتامدىكىن دېگەن گۇمانغىمۇ كەلدىم، شۇڭا ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن دەرهال ئۇنىڭغا، ئەتە لۇجېنىڭ بىلەن خوشلىشىمەن، شەهەرگە كېتىمەن، دەپ قويدۇم. ئۇ بۇ سۆزلىرىمگە ئانچە ئېتىبار بەرمىدى، غىزانى قاپىقى سېلىنغان هالدا يېدى.

قىش پەسلى، كۈن قىسقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قار يېغىپ تۇراتتى، پۈتۈن كەنتنى ئاي قاراڭغۇسى قاپلىدى. كىشىلەر چىراغ تۈۋىدە ئالدىراشماقتا، لېكىن تاشقىرىدا جىمجىتلىق ئىدى. ئاق داستىخاندەك يېيىلغان قېلىن قار ئۈستىگە لەپىشىپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ شىر - شىر قىلغاندەك ئاڭلىنىشى كىشىگە تېخىمۇ جىمجىتلىق هېس قىلدۇراتتى. مەن سارغۇچ نۇر بېرىپ

تۇرغان چىراغ تۇۋىدە ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتىم: غېرىب بىچارە شىياڭلىن ھەدە خۇددى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنگەن ئويۇنچۇقلاردەك ئەخلەت ئىچىگە تاشلاندى؛ ئۇنىڭ جەستى ئەخلەت ئىچىدە تېخى كۆمۈلمىگەن چاغدا راھەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر بەلكىم ئۇنىڭ تېخىچە ئۆلمەيۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلەنگەندۇ؛ مانا ئەمدى ئەزرائىل ئۇنى ئەكېتىپتۇ. روھنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن، لېكىن بۇ دۇنياغا ئېتىبارسىز بولۇپ تۇغۇلغىچە، تۇغۇلمىغان ياخشىراق، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ يۈرگۈچە، ئۆلۈپلا تۈگەشكەن ياخشىراق ئىكەن. بۇ ئۆزى ئۈچۈنمۇ، باشقىلار ئۈچۈنمۇ پايدىلىق... مەن تاشقىرىدا لەپشىپ يېغىۋاتقان قارنىڭ شىر - شىر قىلغاندەك ئاڭلىنىشى بىلەن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، ئەكسىچە كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شياڭ لىن ھەدىنىڭ بەزى سەرگۈزەشتىلىرى كۆز ئالدىمدىن يىپقا تىزىلغاندەك تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇ ئەسلىي لۇجېڭلىق ئەمەس. قايسىبىر يىلى قىش بېشىدا، لۇسى بەگ ئۆز ئۆيىدىكى ئايال خىزمەتچىنى يەڭگۈشلىمەكچى بولۇپ تۇراتتى، تونۇشتۇرغۇچى ۋېي موماي ئۇنى باشلاپ كەلدى. ئۇ چاغدا ئۇ چېچىنى ئاق لېنتىدا بوغۇۋالغان، قارا تامبال، كۆك پەشمەت، ئاق جىلىتكە كىيىۋالغان، يېشى 26 - 27 لەردە، رەڭگى سېرىقراق بولسىمۇ ئىككى مەڭزى قىزىل ئىدى. ۋېي موماي ئۇنى شياڭلىن دەپ تونۇشتۇردى ۋە ئانامغا قوشنا بولىدۇ، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئىش ئىزدەپ كەپتۇ، دېدى. لۇسى تاغا قوشۇمىسىنى تۈردى. خوتۇنى سى شىڭ بولسا ئېرىنىڭ ئۇنى تۇل خوتۇن دەپ يامان كۆرۈۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەپتى - تۇرقىنىڭ خېلى جايىدا ئىكەنلىكى، پۇت - قولىنىڭ ئىشقا پىشقاندەك تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنۈشى ۋە مۇلايىم - ياۋاشلىقىغا قاراپ، لۇسى تاغىنىڭ قوشۇمىسىنى





تۈرۈشكە پەرۋا قىلماستىن ئۇنى خىزمەتكە ئېلىپ قالدى. ئۇ سىناق جەريانىدا، خۇددى بىكار بولۇپ قالسا ئىچى پۇشىدىغاندەك ئەتىدىن كەچكىچە تىنماي ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئەر كىشىدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك كۈچى بار ئىدى. شۇڭا، ئۈچىنچى كۈنىلا ئايلىق پۇلى 500 داچەن قىلىپ توختام قىلىندى.

ئۇنى ھەممە شياڭلىن ھەدە دەيتتى. ئۇنىڭ فامىلىسىنى ھېچكىم سوراپ باقمىدى. لېكىن، ھېلىقى تونۇشتۇرغۇچىنىڭ ۋېيجاۋ دېگەن تاغلىق يېزىدىن بولۇشىغا ۋە ئۇنىڭ قوشنام دېگىنىگە قارىغاندا، فامىلىسى ۋېي بولسا كېرەك. ئۇ كەم سۆز ئىدى، بىراۋ گەپ سورىغاندىلا گەپ قىلاتتى، شۇنداقتىمۇ يەنە ئاز سۆزلەيتتى. 10 نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەلۇم بولدى، ئۇنىڭ ئۆيىدە قاپىقى يامان بىر قېيىنانىسى بار ئىكەن، 10 نەچچە ياشقا كىرگەن بىر قېيىنىنىسىمۇ بار ئىكەن، ئۇ جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن كېسىپ كېلەلەيدىكەن، ئېرى بولسا باھاردا ۋاپات بولغانىكەن، ئەسلىدە ئېرىمۇ ئوتۇنچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن، ئېرىنىڭ يېشى ئۇنىڭدىن 10 ياش كىچىك ئىكەن. باشقىلار ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن ئاران شۇنچىلىكلا بىلەتتى.

كۈن ناھايىتى چاپسان ئۆتىۋەردى. ئۇ ئىشتىن قولىنى قىلچە تارتمىدى. ئۇ تاماق خىللىمايتتى، كۈچىنىمۇ ئايىمايتتى. شۇڭا، باشقىلار لۇسى بېگىم بىر خىزمەتچى توختىتىپتۇ، ئەر كىشىگىمۇ بەرگۈسىز ئىكەن دېيىشەتتى. يىل ئاخىرلىرىدا ئۆي قېقىش، يۇيۇش، توخۇ - ئۆردەك بوغۇزلاش، ياغ پۇرىتىش ئۈچۈن كېچىلەپ نەزىرلىك تەييارلاش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يالغۇز ئورۇندايتتى، ياردەمچى تەلەپ قىلمايتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ تۇرمۇشىغا رازى ئىدى. شۇڭا، ئۆزى خۇشال ۋە چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ قالغانىدى.

يېڭى يىلنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇ ئۆستەڭ بويىغا گۈرۈچ

يۇيغىلى چىقىپ، بىردىنلا رەڭگى ئۆچكەن ھالدا قايتىپ كەلدى ۋە كۆزۈمگە يىراقتىن بىر ئەر كىشى كۆرۈندى، ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە مارىلاپ تۇرۇپتۇ، ئېرىمنىڭ تاغىسىغا ئوخشاپ كەتتى، مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دېدى. سى شىڭ ناھايىتى چۆچۈدى ۋە ئىشنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈردى. لېكىن، شياڭلىن ھەدە ئېيتمىدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان لۇسى تاغا تەرىنى تۈرۈپ:

— بۇ چاتاق بوپتۇ، شياڭلىن ئۆيىدىن قېچىپ چىققان بولسا كېرەك، — دېدى.

دەرۋەقە، ئۇ قېچىپ كەلگەنىدى. بۇ پەرەز ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسپاتلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىن 10 نەچچە كۈن ئۆتتى، ئىلگىرىكى ۋەقە ھەممىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. بىر كۈنى ۋېي موماي 30 نەچچە ياشلىق بىر ئايال بىلەن تۇيۇقسىزلا كىرىپ كەلدى ۋە بىللە كەلگەن ئايالنى شياڭلىننىڭ قېينانىسى دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ ئايال تاغلىقلارغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن تەكەللۇپلىرى جايىدا، سۆزلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇ تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، باھار كېلىپ ئىش بىرئاز ئالدىرىتىپ قويدى، ئۆيدە پەقەت قېرى - چۆرىلەر بولغاچقا، ئىشقا يېتىشەلمىدى، شۇڭا كېلىنىمنى سوراپ كەلدىم، دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

— قېينانىسى سوراپ كەلگەندىن كېيىن، نېمە دەيتتۇق، — دېدى لۇسى تاغا.

شۇنىڭ بىلەن شياڭلىن ھەدىنىڭ ئىش ھەققى ھېسابلاندى، جەمئىي 1750 داچەن بوپتۇ، ئۇ بۇ پۇللارنىڭ بىر تىيىنىنىمۇ خەجلىمەستىن، خوجايىنغا ساقلاپ بېرىشكە بەرگەنىدى، پۇل قېينانىسىغا تاپشۇرۇلدى. قېينانىسى ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ، رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا دەل چۈش مەزگىلى ئىدى.





— گۇرۇچ قېنى؟ شياڭلىن ھەدە گۇرۇچ يۇيغىلى چىقىپ كەتكەنتىغۇ؟ ...— بىرئازدىن كېيىن سى شىڭ بىردىنلا ۋارقىرىدى. ئۇ قورسىقى ئېچىپ، چۈشلۈك غىزانى ئىسسىگە ئالغان بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن گۇرۇچ قاچىسىنى ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە كېتىشتى. سى شىڭ ئاۋۋال ئاشخانىنى، كېيىن ئايۋاننى، ئۇنىڭدىن كېيىن ياتاق ئۆينى ئىزدىدى. گۇرۇچ قاچىسى ھېچ يەردىن تېپىلمىدى. لۇسى تاغا دەرۋازا تېشىغا چىقىپ قارىدى، ئۇ يەردىمۇ كۆرۈنمىدى. كېيىن ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ قارىسا، گۇرۇچ قاچىسى ئۆستەڭ بويىدا تۇرۇپتۇ، يېنىدا بىر باش بەسەيمۇ تۇرۇپتۇ. كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، چۈشتىن ئىلگىرى ئۆستەڭ بىلەن بىر قېيىق كەپتۇ، ئۈستى يېپىقلىق بولغاچقا، ئىچىدە كىم بارلىقى نامەلۇم ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ پەرۋا قىلماپتۇ. شياڭلىن ھەدە گۇرۇچ يۇيغىلى چىقىپ، ئەمدىلا سۇغا ئېڭىشىپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى قېيىقتىن تاغلىقلارغا ئوخشاش ئىككى ئەر كىشى سەكرەپ چىقىپ، بىرى ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋاپتۇ، يەنە بىرى ياردەملىشىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، قېيىققا سۆرەپ ئەكىرىپ كېتىپتۇ. شياڭلىن ھەدە يىغلاپمۇ بېقىپتۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئاۋازى بىردىن ئۆچۈپتۇ، بەلكىم ئاغزىغا بىرەر نەرسە قاپلاپ قويغان بولسا كېرەك، كېيىن قېيىقتىن ئىككى ئايال چىقىپتۇ، كۆرگەنلەر ئۇنىڭ بىرىنى تونۇماپتۇ، يەنە بىرى ۋېي موماي ئىكەن. بەزىلەر قېيىققا مارىلاپ قاراپمۇ بېقىپتۇ، شياڭلىن ھەدىنىڭ قولى باغلانغان ھالدا قېيىقتا ياتقانلىقىنى چالا - پۇچۇق كۆرۈپتۇ.

— ئەبلەخ! ... خەير ...— دېدى لۇسى تاغا.

شۇ كۈنى سى شىڭ چۈشلۈك غىزانى ئۆزى ئەتتى، ئوغلى ئانىيۇ ئوچاققا ئوت قالاپ بەردى.

چۈشلۈك غىزادىن كېيىن ۋېي موماي يەنە كەلدى.

— ئەبلەخ! — دېدى لۇسى تاغا.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن كەلدىڭ!؟ — سى شىڭ قاچا يۇيۇۋېتىپ، ئاچچىقى بىلەن دوق قىلدى، — ئۆزۈڭ باشلاپ كېلىپ، يەنە ئۆزۈڭ شېرىكلىشىپ ئېلىپ قېچىپسەن. بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق! خەق ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟ سەن بىزنىڭ ئائىلىمىزنى ئويىنىتىۋاتامسەن؟

— توۋا، توۋا، مەن خەقنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپتىمەن. شۇڭا، ئالايتەن ئۆزرە ئېيتىپ كېلىشىم. ئۇ ماڭا، ئىش تېپىپ بەرسىڭىز، دەپ كەلگەندە، قېينانىسىنىڭكىدىن ئوغرىلىقچە چىققىنىنى نەدىن بىلەي. لۇسى بېگىم، سى شىڭ خېنىم، كەچۈرسىلە. ئەيىب مەندىن ئۆتتى، ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا خىجىلمەن. بەختىمگە ھەرقايسىلىرى ئىلتىپاتلىق كىشى، كەمىنىلىرىگە تاپا - تەنە قىلمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. بۇ نۆۋەت ئوبدانىراق كىشى تونۇشتۇرۇپ، مۇشۇ ئەيىبىمنى يۇيىمەن…

— خەپ … — دېدى لۇسى تاغا.

شۇنىڭ بىلەن شياڭلىن ھەدە ۋەقەسى ئاخىرلاشتى، كېيىنچە ئەستىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

* *

كېيىنكى چاغلاردا ياللىغان ئايال خىزمەتچىلەرنىڭ تولىسى ياكى ھورۇن، ياكى نان قېپى بولۇپ، بىر يېرى يارىسا، بىر يېرى يارىمىغاچقا، سى شىڭ يەنە شياڭلىن ھەدىنى ئەسلەيتتى. ھەر يىلى شۇ چاغدا، ئۇ ئۆزىچە سۆزلەپ: «ئۇ ھازىر قەيەردىدۇ؟» دەپ قوياتتى. گېپىگە قارىغاندا، شياڭلىن ھەدىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن ئايەم ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن ئۈمىدىنى ئۈزەتتى.

ئايەمنىڭ ئۆتۈپ تۇرۇشىغا، ۋېي موماي پاتىھە قىلىپ كەلدى.





ئۇ غەرق مەست ئىدى. ئۇ ۋېيجاشەنگە ئانامنى يوقلاپ بارغانىدىم، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدىم، شۇڭا پاتىھەگە كېچىكىپ قالدىم، دېدى. گەپ ئارىسىدا، يەنە شياڭلىن ھەدىنىڭ پارىڭى باشلىنىپ كەتتى.

— ئۇمۇ؟ — دېدى ۋېي موماي خۇشاللىنىپ، — ھازىر ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭ كەپتۇ. قېينانىسى ئۇنى تۇتقىلى كەلگەندە، خېجاڭئاۋدىكى خې لاۋلىيۇغا ئاللىقاچان چاي ئىچۈرۈپ قويغانىكەن. شۇڭا، ئۆيىگە ئەكېتىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا گۈللۈك تەختىراۋانغا سېلىپ ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

— يائاللا، ئۇنداقمۇ قېينانا بولىدىكەنە! … — دېدى سى شىڭ ھەيران بولۇپ.

— ۋاي خېنىم، سىلىدەك باي خېنىملارغا ئەجەب تۇيۇلغان بىلەن، بىزدەك تاغلىق كەمبەغەللەرگە ھېچ گەپ ئەمەس. ئۇنىڭ قېيىنىسىنىڭمۇ ئۆيلەنگۈسى كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ ياتلىق بولمىسا، قېيىنىسىغا تويلۇققا كېتىدىغان پۇلنى قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ قېينانىسى چېچەن، قاۋۇل، دىتى بار خوتۇن، شۇڭا ئۇنى تاغلىققا ياتلىق قىلغان. ئەگەر ئۆز كەنتلىكلىرىدىن بىرىگە بەرسە، تويلۇقى ئاز تېگىدۇ. تاغلىقلارغا ياتلىق بولۇشنى خالايدىغان ئاياللار ئاز چىقىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا 80 سەر نېسىۋە تېگىپتۇ. ھازىر ئىككىنچى ئوغلىنىمۇ ئۆيلىۋاپتۇ، ئۇنىڭ تويىغا پەقەت 50 سەر خەجلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي چىقىملىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، قولىدا يەنە 10 نەچچە سەر ئېشىپ قاپتۇ. قارىسىلا، بۇ نېمىدېگەن ئۇستىلىق؟ …

— شياڭلىن ھەدە ئۇناپتىمۇ؟…

— ئۇناپ - ئۇنىماي نېمىدى. جاھىللىقنى ھەممە ئادەم قىلىپ باقىدۇ؛ ئارغامچا بىلەن باغلاپ، گۈللۈك تەختىراۋانغا سېلىپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ پاتىھەسىنى ئوقۇتۇپ، تەزىمنى

قىلدۇرۇپ بولۇپ ئىشىكنى تاقىۋالسىلا، ئىش تامام. لېكىن، شىياڭلىن خېلىلا تىركىشىپ تۇرىۋاپتۇ. ئاڭلىسام، شۇ چاغدا ناھايىتى جاھىللىق قىپتۇ. تېخى بەزىلەر ئۇنى ئوقۇغان - بىلگەن ئادەمنىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلدى، باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ، دەپ ئويلاشقانىكەن. خېنىم، بىز خېلى - خېلىسىنى كۆردۇق. ئىككىنچى نۆۋەت ياتلىق بولغانلارنىڭ بەزىلىرى داد - پەرياد ئۇرۇپ يىغلايدۇ؛ ئۆلىمەن - كۆيىمەن دەيدۇ؛ بەزىلىرى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئاپارغاندا، چىرايىنىمۇ ئاچماي، كاجلىق قىلىپ چاتاق چىقىرىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى ھەتتا توي مۇراسىمى ئۈچۈن يېقىلغان چىراغلارنى ئۆرۈۋېتىدۇ. لېكىن، شىياڭلىن ئۇلاردىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. ئاڭلىسام، ئۇ يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە، يول بويى يىغلاپتۇ، تىللاپتۇ، خېجاڭئاۋغا بارغۇچە ئۈنلىرى پۈتۈپ كېتىپتۇ. تەختىراۋاندىن چۈشۈپ، ئىككى ئەر كىشى بىلەن ئۇنىڭ قېيىنىنىسى ئۇنى شۇنچە زورلاپمۇ تەزىم قىلدۇرالماپتۇ. ئۇلار دىققەت قىلماي قولىنى بوشىتىپ قويغان بولۇشى كېرەك، يائاللا، ئۇ شام يېقىپ قويۇلغان ئۈستەلنىڭ بۇرجىكىگە بېشىنى بىرلا ئۇرۇپ يېرىۋاپتۇ. بېشىدىن قان ئېتىلىپ چىقىپتۇ، ئىككى تال ئىسرىقنىڭ كۈلىنى بېسىپ، ئىككى پارچە قىزىل لاتا بىلەن تېڭىپمۇ قاننى توختىتالماپتۇ. كېيىن بىرنەچچە ئادەم ھە - ھۇ قىلىپ، ئۇنى ئېرى بىلەن بىللە ئۆيگە سولاپ قويىسىمۇ، يەنە ئاغزى بېسىقماي تىللاپتۇ. يا - پىر، تازىمۇ ... — ئۇ بېشىنى چايقاپ، تۆۋەن قارىدى ۋە گېپىنى توختىتىۋالدى.

— كېيىن قانداق بوپتۇ؟ — يەنە سورىدى سى شىڭ.

— ئاڭلىسام ئەتىسىمۇ ئورنىدىن تۇرماپتۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن؟... كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، يىل ئاخىرىدا بىر





ئوغۇلمۇ تۇغۇپتۇ. ئوغلى يېڭى يىلدا ئىككى ياشقا كىرىپتۇ. مەن ئانامنىڭكىدە تۇرغان كۈنلىرى، بىرى خېجاڭئاۋغا بارغانىكەن. ئۇ ئانا - بالا ھەر ئىككىسىنى كۆرۈپتۇ، ئانىسى سەمرىپ كېتىپتۇ، بالىسىمۇ سېمىز ئىكەن. ئۇنىڭ زىخ بولۇپ تۇرىدىغان قېيىنانىسى يوق، ئېرىدە كۈچ دېسە بار، ئىش قىلالايدۇ؛ ئۆيى بولسا ئۆزىنىڭ ... ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تەلىيى ئوڭ كەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن سى شىڭمۇ شىياڭلىن ھەدىنىڭ پارىڭىنى قوزغىمايدىغان بولدى.

* * *

لېكىن، قايسىبىر يىلى كۈزدە، ئالاھازەل شىياڭلىن ھەدىنىڭ بەختى ئېچىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، شىياڭلىن ھەدە يەنە لۇسى تاغىنىڭ ئايۋىنىدا پەيدا بولۇپ قالدى، جوزىدا بىر سېۋىتى، پېشايۋان ئاستىدا بىر بوغچىسى تۇراتتى. ئۇ يەنە چېچىنى ئاق لېنتىدا بوغۇۋالغان؛ قارا تامبال، كۆك پەشمەت، ئاق جىلىتكە كىيىۋالغان، چىرايى سېرىقراق ئىدى، پەقەت ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىق يوقىلىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تاتۇق ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كۆزلىرىنىڭ نۇرىمۇ ئىلگىرىكىدەك ئۆتكۈر ئەمەس. ئۇنى يەنە ۋېي موماي باشلاپ كەلگەنىدى. ۋېي موماي ئىچىنى ئاغرىتقان ھالدا، سى شىڭغا يېلىنىپ:

—... «باشقا كۈن چۈشتى» دېگەن مانا شۇ. بۇنىڭ ئېرى ناھايىتى ئوبدان كىشىكەنمىش. ئۇنىڭ كېزىك ئاغرىقى بىلەن ياپ-ياش ئۆلۈپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن؟ ساقىيىپ كەتكەن ئادەم بىر تاۋاق سوغۇق ئاشنى يەپلا ئۇزۇلۇپ قاپتۇ. بەختىگە، ھېلىمۇ ياخشى ئوغلى بار ئىكەن؛ ئۆزى ئوتۇن كېسىپ، چاي تېرىپ، پىلە بېقىپ

بولسمۇ، كۆن كەچۇرۇپ كېتەتتى. پالاكەت بېسىپ، ئوغلىنى
بۆرىگە ئالدۇرۇپ قويۇپتۇ. باھارنىڭ ئاخىرىدا كەنتكە بۆرە كېلد-
شىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ ھازىر ئۆزى تىكەندەك يالغۇز قاپتۇ،
قېيناغىسى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بارار يېرى-
نىڭ تايىنى يوق، ھەرقايسىلىرىغا يېلىنىپ كەپتۇ. ئەمدى بۇنىڭ
تارتىشىدىغان ھېچ نەرسىسى يوق؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزلىرى ئا-
دەم يەڭگۈشلەمەكچى بولۇپ تۇراتتىلا، شۇڭا بۇنى باشلاپ
كەلدىم... مېنىڭچە، بۇ ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلىپ
قالغان، يېڭى كەلگەنلەردىن مىڭ ياخشى ...

— ئۆزۈم بىخۇدلۇق قىلغان، — دېدى شياڭلىن ھەدە نۇرسىز
كۆزىنى ئېچىپ، — قار ياغقاندا ياۋايى ھايۋانلار تاغ ئىچىدىن يەم
تاپالماي كەنتكە كېلىدۇ، دەپلا ئويلايتتىم. ئەتىياز كۈنلىرىمۇ
كېلىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن. سەھەردە ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە،
ئىشىكنى ئاچتىم، سېۋەتكە پۇرچاقلارنى سېلىپ، ئوغلۇم ئاماۋغا،
بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ پۇرچاق ئادالىغىن دېدىم. ئۇ گېپىمدىن چىق-
مايتتى، ماقۇل، دەپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئۆزۈم ئۆي ئارقى-
سىدا ئوتۇن ياردىم، گۈرۈچنى يۇيۇپ، قازانغا سالدىم - دە،
پۇرچاقنى پىشۇرماقچى بولۇپ، ئاماۋنى قىچقاردىم. ئۇن چىقمى-
دى. بېرىپ قارىسام، پۇرچاقلار يەرگە چېچىلىپ كېتىپتۇ. ئاماۋ
يوق. ئۇ باشقا ئۆيلەرگە بېرىپ ئوينىمايتتى، ئۇياق - بۇياققا
بېرىپ سۈرۈشتۈردۈم، ھېچ يەردە يوق، ئەندىشە قىلىپ، باشقىلار-
نى ئىزدىشىپ بېرىڭلار دېدىم. ئىزدە - ئىزدە، كەچقۇرۇنلۇقى تاغ
ئىچىگە ئىزدەپ باردىم. قارىسام ئۇنىڭ خېيىنىڭ بىر پېيى بىر
چوقاتماققا ئىلىنىپ قاپتۇ، باشقىلار، ئاپلا، بۆرىگە يولۇقۇپ قال-
غان بولمىغىيدى، دەپ قورقۇشتى، يەنە بىرئاز ئىزدەپ ماڭدىم،
دەرۋەقە، ئۇ بىر ئۇۋىدا ياتىدۇ، ئۇچەي - باغىرلىرىنى يەپ بوپتۇ،
ھېلىقى سېۋەت قولىدا مەھكەم تۇتۇقلۇق تۇرۇپتۇ ...— ئۇ بوغۇ-





لۇپ، سۆزىنى داۋام قىلالمىدى.

سى شىڭ دەسلەپتە ئىككىلىنىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ سۆز-
لىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆزىنىڭ ئەتراپى بىر ئاز قىزاردى.
ئۇ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سېۋەتنى بىلەن بوغچىسىنى
ئارقىدىكى ئۆيگە ئەكىرىشكە بۇيرۇدى. ۋېي موماي خۇددى ئۇستى-
دىن بىر ئېغىر تاغنى ئېلىپ تاشلىغاندەك بىر ئۇھ تارتتى. شياڭ-
لىن ھەدە بايامقىدىن خېلىلا يەڭگىپ قالدى. باشقىلار باشلىغۇچە،
ئۆزىلا تونۇش ئۆيگە كىرىپ بوغچىسىنى قويدى. ئۇ شۇنىڭدىن
باشلاپ يەنە لۇجېڭدا خىزمەتچى بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

ھەممە ئۇنى يەنە شياڭلىن ھەدە دەيتتى.

لېكىن، بۇ نۆۋەت ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلە تامام باشقىلا
بولدى. ئۇ خىزمەتكە كىرىشىپ، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن
كېيىن خوجايىنلار، ئۇنىڭدىكى ئىلگىرىكى چاققانلىق تۈگەپتۇ،
ھوشيارلىقىمۇ قالماپتۇ، چىرايى ئەتىدىن كەچكىچە مۇردىغا ئوخ-
شاش تاتىرىپ تۇرىدۇ، دېيىشكە باشلىدى؛ سى شىڭنىڭ گەپ -
سۆزىدىن مەمنۇن ئەمەسلىكى ئالايىتەن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئۇ
يېڭى كەلگەندە، لۇسى تاغا يەنە ئادەتتىكىدەك قوشۇمىسىنى تۈرگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئايال خىزمەتچى تېپىش قىيىن بولغاچقا، ئانچە
قارشىلىق كۆرسەتمىگەنىدى. لېكىن، سى شىڭغا، بۇنداق ئادەم-
لەرگە كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىسىمۇ، لېكىن بۇلار قائىدە - يوسۇن-
لىرىمىزغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويىدۇ، ئادەتتە ئىشقا سېلىش مۇم-
كىن، لېكىن نەزىر - چىراغ ۋاقىتلىرىدا ئىشقا قول تىققۇزماسلىق
كېرەك؛ ھەممە تائاملارنى ئۆزۈڭ قىل، ئۇنداق بولمىسا، نەزىرگە
تەييارلىغان نەرسىلىرىمىزگە ناپاك قول تېگىپ قېلىپ، ئەرۋاھلار
يېمەي قويىدۇ، دەپ جېكىلەپ قويدى.

لۇسى تاغىنىڭ ئۆيىدىكى چوڭ ئىش — نەزىر - چىراغ
قىلىش ئىدى، شياڭلىن ھەدىنىڭ ئالدىراش ئىشلىرىمۇ بۇرۇن ئەنە

شۇ نەزىر - چىراغ ۋاقتىدا بولاتتى، لېكىن بۇ نۆۋەت بىكارچى بولۇپ قالدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇستەل قويۇلغان، ئۇستەلگە داستىخان سېلىنغانىدى. ئۇ ئادەتتىكىدەك، جوزىغا قەدەھ ۋە چوكىلارنى تىزىشقا باشلىدى.

— شياڭلىن ھەدە، سەن تۇتما، ئۆزۈم تىزىمەن، — دېدى سى شىڭ ئالدىراپ.

ئۇ ئارسىنىپ قولىنى تارتتى - دە، شامداننى قولىغا ئالدى.

— شياڭلىن ھەدە، سەن تۇتما، ئۆزۈم ئالىمەن! — سى شىڭ يەنە ئالدىراپ سۆزلىدى.

ئۇ قىلغىلى ئىش تاپالماي بىرئاز قايمۇقتى - دە، ئاخىرى خۇدۇكلىنىپ نېرى كەتتى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىشى پەقەت ئوچاق تۆۋىدە ئوت قالاشلا بولدى.

كەنتتىكىلەر ھازىرمۇ ئۇنى شياڭلىن ھەدە دەپ قىچقىراتتى، لېكىن ئاۋازلىرى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشمايتتى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالغاندىمۇ، ئوچۇق چىراي ئاچمايتتى. لېكىن شياڭلىن ھەدىنىڭ ئۇنداق ئىشلار بىلەن كارى بولمايتتى، پەقەت تىكىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان ھېكايىسىنىلا سۆزلەيتتى.

— ئۆزۈم بىخۇدلۇق قىلغان، — دەيتتى ئۇ، — قار ياغقاندا ياۋايى ھايۋانلار تاغ ئىچىدىن يەم تاپالماي كەنتكە كېلىدۇ، دەپلا ئويلايتتىم. ئۇلارنىڭ ئەتىياز كۈنلىرىمۇ كېلىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن. سەھەردە ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئىشىكنى ئاچتىم، سېۋەتكە پۇرچاقلارنى سېلىپ، ئاماۋغا بوسۇغىدا ئولتۇرۇپ پۇرچاق ئادالىغىن دېدىم. ئۇ مېنىڭ گېپىمدىن چىقمايتتى. ماقۇل، دەپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئۆزۈم ئۆينىڭ ئارقىسىدا ئوتۇن ياردىم، گۈرۈچنى يۇيۇپ قازانغا سالدىم - دە، پۇرچاقنى پىشۇرماقچى بولۇپ، ئاماۋنى قىچقاردىم. ئۈن چىقمىدى. بېرىپ قارىسام، پۇرچاقلار يەرگە چېچىلىپ كېتىپتۇ، ئاماۋ يوق. ئۇ باشقا ئۆيلەرگە





بېرىپ ئوينىمايتتى، ئۇياق - بۇياقتا بېرىپ سۈرۈشتۈردۈم. ھېچ يەردە يوق، ئەندىشە قىلىپ، باشقىلارغا ئىزدىشىپ بېرىڭلار دېدىم. ئىزدە - ئىزدە، كەچقۇرۇنلۇقى تاغ ئىچىگە ئىزدەپ باردىم. قارىسام، ئۇنىڭ خېيىنىڭ بىر پېيى بىر چوقاتماقتا ئىلىنىپ قاپتۇ، باشقىلار، ئاپلا، بۆرىگە يولۇقۇپ قالغان بولمىغىيدى، دەپ قورقۇشتى، يەنە بىرئاز ئىزدەپ ماڭدىم. دەرۋەقە، ئۇ بىر ئۆۋىدا ياتىدۇ، ئۈچەي - باغىرلىرىنى يەپ بوپتۇ، ھېلىقى سېۋەت بالامنىڭ قولىدا مەھكەم تۇتۇقلۇق تۇرۇپتۇ…» ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى، ئاۋازىمۇ بوغۇلۇپ كېتەتتى.

بۇ ھېكايە كىشىنى خېلى تەسىرلەندۈرەتتى، ئەركەكلەر ئاڭلىسا، قاپاقلىرىنى سېلىپ، پەرۋا قىلماستىن قوپۇپ كېتىشەتتى؛ ئاياللار بولسا، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقاندەك بولاتتى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا بۇ ۋەقەگە قارىتا ھېسداشلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولاتتى، كۆز يېشىمۇ قىلىشاتتى. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىماي قالغان بەزى قېرى ئاياللار بولسا، ئالاھىدە ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھېكايىسىنى ئاڭلايتتى ۋە ھېكايە ئاخىرلاشقاندا، ئۇلارنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى، ئۇلار ھەسرەت چېكىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ قايتىپ كېتەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھېكايىسىنى كىشىلەرگە تەكرار - تەكرار سۆزلەپ بېرەتتى، پات - پاتلا بىرنەچچە كىشى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغان ئادەم قالمىدى، ھەممىنىڭ قۇلىقى ياداپ كەتتى، ھەتتا ئولتۇرسا - تۇرسا دۇرۇت ئوقۇپ يۈرىدىغان مومايلارنىڭمۇ كۆزىدىن ياش چىقمايدىغان بولۇپ قالدى، كېيىن پۈتۈن كەنتتە ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ھەممە ئادەم يادقا سۆزلەپ بېرەلەيدىغان بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۇنىڭ ھېكايىسى قۇلاققا ياقمايدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۆزۈم بىخۇدلۇق قىلغان …— ھېكايىسىنى باشلايتتى ئۇ.

— راست، سىز قار ياغقان چاغلاردا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تاغ ئىچىدىن يەم تاپالماي كەنتكە كېلىشىنى بىلەتتىڭىز، — دەپ، ئاڭلىغۇچىلار دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ كېتىپ قېلىشاتتى.

ئۇ ئاغزىنى ئاچقان پېتى تۇرۇپ قالاتتى ۋە خۇددى ئۆزىنىڭمۇ خۇشى قالمىغاندەك ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ، ئۆز يولىغا كېتەتتى. ئۇ يەنە باشقا ئىشلارنى، مەسىلەن، سېۋەت، پۇرچاق، باشقىلارنىڭ بالىسىنى باھانە قىلىپ، ئاماۋنىڭ ھېكايىسىنى باشلاشقا ئۇرۇنۇپ باقاتتى، ئىككى - ئۈچ ياشلىق بالىنى كۆرۈپ قالسىلا:

— ھەي، بىزنىڭ ئاماۋ ھايات بولغان بولسا مۇشۇ بالا بىلەن تەڭ بولۇپ قالاتتى ...— دەيتتى.

بالىلار ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ چۆچۈپ كېتىپ، ئانىلىرىنىڭ پېشىنى تارتىپ قايتىپ كېتىشكە ئالدىرىتاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى يالغۇز قېلىپ، ئاخىر ھەپىلىسىز ھالدا قايتىپ كېتەتتى. كېيىن ھەممە ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىپ كەتتى. ئالدىدا كىچىك بالا بولسىلا، شياڭلىن ھەدىدىن مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ سوراپ قوياتتى:

— شياڭلىن ھەدە، ئوغلىڭىز ئاماۋ ھايات بولغان بولسا، مۇشۇ بالا بىلەن تەڭ چوڭ بولۇپ قالاتتى - ھە؟

ئۇ ئۆزىنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىنىڭ بىرقانچە كۈنگىچە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تەكرارلىنىۋېرىپ كىشىنى زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان ئەرزىمەس بىر نەرسە بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمىگەنىدى، ئەمما ئۇ كىشىلەرنىڭ سوغۇق ۋە مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرىدىن يەنە سۆزلەۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. شۇڭا ئۇ سۆز كوچىلىغانلارغا قاراپلا قوياتتى، بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمەيتتى.

لۇجېڭ كەنتىدە ھەرىيلى دېگۈدەك يېڭى يىل چاغىنى بولۇپ تۇراتتى، شۇڭا 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن كېيىن ھەممە ئۆي





قاتىلاڭچىلىق ئىدى، لۇسى تاغىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بۇ نۆۋەت ئالدىراپ قېلىپ، كۈنلۈكچى ياللىۋېلىشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭدىمۇ يەنە يېتىشەلمەي، ليۇ ما دېگەن بىر مومايىنى ياردەمگە چاقىردى، توخۇ، ئۆردەك سويۇشقا توغرا كەلدى. لېكىن ليۇ ما گۆش يېمەيدىغان بۇۋى[5] بولغاچقا، چىنە - قاچا يۇيۇشىنىلا ئۈستىگە ئېلىپ، جانىۋارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇنىمىدى. شياڭلىن ھەدە ئوت يېقىشتىن باشقا ئىشى بولمىغاچقا، ليۇ مانىڭ قاچا - قۇچا يۇيۇشىغا قاراپ ئولتۇردى. ئاندا - مۇندا قار چۈشۈۋاتاتتى.

— ھەي ئۆزۈم بىخۇدلۇق قىلغان، — دېدى شياڭلىن ھەدە ئۆزىچە، ئاسمانغا قاراپ ھەسرەتلىنىپ.

— شياڭلىن، ئاغزىڭ يەنە ئېچىلىپ قالدىغۇ، — دېدى سەۋرسىزلىك بىلەن ليۇ ما ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ، — پېشانەڭدىكى تاتۇق، ئاشۇ قېتىم پەيدا بولغانما؟

— ھە، — ئۇ مۇجمەل جاۋاب بەردى.

— كېيىن ئۇنىڭغا ئۇنىغانمىدىڭ؟

— مەنما؟ ...

— ھە، سەن ئۆزۈڭ ماقۇل كەلگەنسەن، ئۇنداق بولمىسا...

— شۇنداق، لېكىن سىز ئۇنىڭ كۈچلۈك بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز.

— ئىشەنمەيمەن. سېنىڭ شۇنچە كۈچۈڭ بار تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسلىكىڭگە ئىشەنمەيمەن. كېيىن چوقۇم ئۆزۈڭ ماقۇل كەلگەن، ئەمدى ئۇنىڭ كۈچى بار دەۋېلىۋاتىسەن.

— بولمىسا، سىز ... ئۆزىڭىز بىر سىناپ باقسىڭىز بوپتىكەن، — ئۇ كۈلدى.

ليۇ مامۇ كۈلۈۋەتتى، بۇ كۈلكىدىن ئۇنىڭ قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزلىرى پۈرۈشۈپ ھېلىلىگە ئوخشاپلا قالدى، ئۇنىڭ

ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يۇمۇق كۆزلىرى يەنە شىياڭلىن ھەدىنىڭ پېشانىسىگە چۈشتى، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، شىياڭلىن ھەدە تارتىنغاندەك بولۇپ، دەرھال قاپىقىنى تۈردى - دە، كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ قارىغا قارىدى.

— شىياڭلىن، سەن ھەقىقەتەن ئىشنى چاتاق قىپسەن، — دېدى ليۇ ما سىرلىق قىلىپ، — شۇ چاغدا يەنىمۇ چىڭراق ئۆرۈۋالغان بولساڭ ياكى قاتتىقراق ئۇسۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولساڭ ياخشى بوپتىكەن، مانا ئەمدى كېيىنكى ئېرىڭ بىلەن ئىككى يىلمۇ بىللە بولالماي، ئەكسىچە چوڭ بىر گۇناھنى ئۆزۈڭگە چاپلىۋالدىڭ. ئويلاپ باقىنا، قىيامەتكە بارغاندا، ئۇ ئىككى ئېرىڭنىڭ روھى سېنى تالاشسا قانداق قىلىسەن؟ مۇنكىر - نەكىر سېنى ھەرە بىلەن ئىككى پارچە قىلىپ، ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، مېنىڭچە، ھەي ···

شىياڭلىن ھەدىنىڭ چىرايىدا قورقۇنچ پەيدا بولدى، ئۇ تاغدىكى چاغدا بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— مېنىڭچە، سەن پاتراق گۇناھىڭنى ساقىت قىل. بۇتخانىغا بېرىپ، ئۆز ھېسابىڭغا بىر بوسۇغا سەدىقە قىل. ئۇنى كىشىلەر دەسسەپ ئۆتسە، بۇ دۇنيادىكى گۇناھىڭ ساقىت بولىدۇ، ئۆلگەندە يەنە ئازاب چېكىپ يۈرمەيسەن.

شىياڭلىن ھەدە دەرھال ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى، لېكىن غەمگە چۆكۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرغاندا، ئىككى قاپىقى ئىششىپ كېتىپتۇ، ناشتىدىن كېيىن كەنتنىڭ غەربىدىكى بۇتخانىغا بوسۇغا سەدىقە قىلغىلى بېرىپتۇ، بۇتخانا شەيخى دەسلەپتە ئۇنىماپتۇ، كېيىن شىياڭلىن ھەدە يىغلاپ يېلىنغاندىن كېيىن، نائىلاج 12 تەڭگە ھېسابىغا بىر بوسۇغا سەدىقە قىلىشقا ماقۇل كەپتۇ.

شىياڭلىن ھەدە خېلى ۋاقىتتىن بۇيان باشقىلار بىلەن پاراڭلاشمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، چۈنكى ئاماۋ توغرىسىدىكى ھېكايىدىن كىشىلەر زېرىككەنىدى، لېكىن ليۇ ما بىلەن قىلغان پاراڭ يەنە تارقالغان بولسا كېرەك، نۇرغۇن ئادەملەر يەنە قىزىقىپ، ئۇنى پاراڭغا سالىدىغان بولدى، ئەلۋەتتە، ئەمدىكى پاراڭ مەخسۇس ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تاتۇق ئۈستىدە بولاتتى.

— شىياڭلىن ھەدە، ئېيتىڭچۇ، ئۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىز ئۇنىغانمۇ؟ — دېدى بىراۋ.

— ھەي، بىكاردىن - بىكار ئۇسۇۋاپسىز، — دېدى يەنە بىرى ئۇنىڭ تاتۇقىغا قاراپ.

شىياڭلىن ھەدە ئۇلارنىڭ كۈلۈشلىرىدىن ۋە ئاھاڭلىرىدىن ئۆزىنى مازاق قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن بولسا كېرەك، شۇڭا جاۋاب بەرمەستىن ئالىيىپ قاراپ قوياتتى، كېيىن قاراپمۇ قويمايدىغان بولدى. پېشانىسىدە باشقىلارغا مازاق بەلگىسى بولۇپ قالغان تاتۇقى بار شىياڭلىن ھەدە ئەتىدىن كەچكىچە لام دەپ ئاغزىنى ئاچمايتتى، كوچىلاردا يۈرەتتى، ئۆي سۈپۈرەتتى، ئوتياش، گۈرۈچ يۇياتتى، بىر يىل بولاي دېگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىش ھەققى ھېسابىغا سى شىڭدىن 12 تەڭگە ئالدى - دە، خوجايىنىدىن رۇخسەت ئېلىپ، كەنتنىڭ غەربىگە باردى، لېكىن بىر ئاش پىشقۇچە قايتىپ كەلدى، ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى، كۆزلىرىمۇ نۇرلىنىپ تۇراتتى. سى شىڭغا ئۆزىنىڭ بۇتخانىغا بېرىپ بوسۇغا سەدىقە قىلغانلىقىنى خۇشال ھالدا سۆزلەپ بەردى.

قىش كۈنلىرى ئىدى، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدا ئۇ ناھايىتى غەيرەت بىلەن ئىشلىدى. ئۇ سى شىڭنىڭ تائاملارنى تىزىپ بولۇپ ئانىيۇ بىلەن ئۈستەلنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا يۆتكەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال قەدەھلەر بىلەن چوكىلارنى ئالغىلى ماڭدى.

— شىياڭلىن ھەدە، سەن تۇتما! — سى شىڭ ئالدىراپ ئۇنى توسۇدى.

شياڭلىن ھەدە خۇددى قولىنى چوغقا تەگكۈزۈۋالغان كىشىدەك دەرھال تارتتى، ئۆڭىمۇ ئۆچۈپ كەتتى. ئۇ شامدانىنىمۇ تۇتالماستىن قېتىپلا قالدى، سى شىلڭ شاملارنى قاداپ بولۇپ، ئۇنى چىقىپ كەت، دېگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى، بۇ نۆۋەت ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى. ئەتىسى ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، روھىمۇ چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يۇرەكئالدى بولۇپ كەتتى. قاراڭغۇدىن، سايىدىن قورقىدىغان، كىشىلەرنى كۆرسە، ھەتتا ئۆز خوجايىنلىرىنى كۆرسىمۇ، خۇددى كۈندۈزى ئۇۋىسىدىن تېنەپ چىقىپ قالغان چاشقاندەك ھودۇقۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە ئولتۇرغان يېرىدە خۇددى ياغاچتەك قېتىپ قالىدىغان بولدى.

يېرىم يىلغا قالماستىن ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ، مېڭىسىمۇ بۇزۇلدى، ھەتتا گۇرۇچ يۇيۇشنىمۇ پات ـ پاتلا ئۇنتۇپ قالىدىغان بولدى.

— شياڭلىن ھەدە نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدى؟ شۇ چاغدا ئېلىپ قالمىغان بولساقمۇ ئوبدان بولغانىكەن، — دەپ سى شىلڭ بەزىدە خۇددى ئۇنى ئاگاھلاندۇرغاندەك، يۈزىدىن ـ يۈزىگە سۆزلەيدىغان بولدى.

لېكىن، ئۇ ھەمىشە شۇنداق ئىدى، ئۇنى تېتىكلىشىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدمۇ قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شياڭلىن ھەدىنى ۋېي مومايىنىڭ يېنىغا كەتكىن، دەيدىغان پىكىرگە كېلىشكەنىدى. مەن لۇجېندىكى چاغدا گەپ شۇنداق ئىدى، ھازىرقى ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇلار ئۇنى ئاللىقاچان ھەيدىۋەتكەنىكەن. لېكىن، ئۇ سى شىلڭنىڭ ئۆيىدىن چىقىپلا تىلەمچى بولۇپ قالغانمۇ ياكى ئاۋۋال ۋېي مومايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاندىن كېيىن تىلەمچى بولۇپ قالغانمۇ، بۇنىسى ماڭىمۇ قاراڭغۇ.





* *

مەن يېقىن ئەتراپتا ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزىلارنىڭ ئاۋازى بىلەن خىيالدىن ئۆزۈمنى يۇلۇۋالدىم. قارىسام، پۇرچاقتەك ـ پۇرچاقتەك ئۇچقۇنلار كۆتۈرۈلەتتى، كەينىدىنلا پاك ـ پۇك قىلىپ پوجاڭزىلار ئېتىلاتتى — لۇسى تاغىنىڭ ئۆي ئىچى «دۇئا تەلەپ» قىلىۋېتىپتۇ. ۋاقىتنىڭمۇ خېلى بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىدىم. يىراقلاردا پاسۇر ـ پۇسۇر قىلىپ ئېتىلىۋاتقان پوجاڭزا ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇ خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك گۈلدۈرلەپ، لەپىشىپ چۈشۈۋاتقان قار بىلەن كەنتنى بىر ئالغانىدى، مەن بۇ ئاۋازلار ئىچىدە بىرئاز ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ قالدىم؛ ئەتىگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋام قىلغان گۇمانلىق خىياللار «دۇئا ـ تەلەپ» گۈلدۈر ـ تاراقلىرىدا مېڭەمدىن تامام ئۇچۇپ كەتتى، ئاسمان ـ زېمىندىكى مازار ـ ماشايىخلار چىلىنغان قۇرۇۋانلارغا ۋە لەززەتلىك ھىدلارغا مەست بولۇپ، لۇجېنىڭ خەلقىگە چەكسىز بەخت ئىنئام قىلىمىز دەپ، پەلەكتە لەلەڭشىپ يۈرسە كېرەك دەپ ئويلىدىم.

1924 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى.

# مەيخانىدا

مەن شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا ساياھەت قىلىپ كېتىۋېتىپ،
يېزامنى يوقلاپ ئۆتۈش ئۈچۈن، يولدىن بۇرۇلۇپ بېرىپ «S»
شەھىرىگە چۈشتۈم. بۇ شەھەر مېنىڭ يېزامدىن 30 يولچە يىراق-
لىقتا بولۇپ، كىچىك كېمىلەردە يېرىم كۈنگە قالماي بارغىلى
بولاتتى. مەن بىر ۋاقىتلاردا بۇ يەردىكى مەكتەپتە بىر يىل ئوقۇت-
قۇچىلىق قىلغانىدىم.

قىشنىڭ زىمىستان چاغلىرىدا ياغقان قاردىن كېيىن تەبىئەت
قاتتىق سوغۇقتىن تىپتىنىق بولۇپ كەتكەنىدى؛ مېنى ئۆتمۈش
ھەققىدىكى چەكسىز خىياللار كەينى - كەينىدىن ئورىۋېلىشقا باش-
لىدى. مەن بۇ شەھەردە ۋاقىتلىق تۇرۇشقا قارار قىلىپ «لۇسى»
مېھمانخانىسىغا كېلىپ چۈشتۈم. بۇ مېھمانخانا ئىلگىرى يوق بول-
دىغان. شەھەر دائىرىسى ئانچە چوڭ ئەمەس. كونا خىزمەتداشلى-
رىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەي دېگەنىدىم. بىلمىدىم، ئۇلار قاياقلار-
غىدۇر تارقىلىپ كېتىشكەن، مەكتەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم، ئۇنىڭ
ئىسمى - ئەپتىمۇ ئۆزگىرىپ ماڭا ياتلا بولۇپ قاپتۇ. شۇنداق
قىلىپ ئىككى سائەتكە يەتمەيلا مېنىڭ كۆڭلۈم لاسسىدە بولۇپ،
بۇ يەرگە كېلىشىم ئارتۇقچە ئىش بولغانىدەك پۇشايمان قىلىشقا
باشلىدىم.

مەن چۈشكەن مېھمانخانا تاماق ساتمايدىغانلىقتىن تاماقنى باش-
قا يەردىن ئەكېلىشكە توغرا كەلدى، لېكىن تەمسىز، كىشىنىڭ
ئاغزىغا لاي تېتىيدۇ. مەن مېھمانخانىغا كەلگەندە قۇرۇپ كەتكەن





چىم بىلەن قاپلانغان ئالىپاساق ۋە ئوڭغۇل - دوڭغۇل تاملا كۆرۈ-
نۈپ تۇراتتى، قوغۇشۇن رەڭلىك ئاسمان تىنىق ۋە رەڭسىز ئىدى.
ئۇششاق قار پارچىلىرى يەنە ئۇچۇپ ئويناشقا باشلىدى. بۈگۈن
چۈشلۈك تاماققا ھەقىقەتەن تويمىدىم. قىلىدىغان ئىشىنىڭمۇ تايىنى
بولمىغانلىقتىن، تۇرۇپلا ئىلگىرى تونۇش بولۇپ كەتكەن «يىشى-
جۈي» مەيخانىسىنى ئويلىدىم. مەيخانا مەن چۈشكەن مېھمانخانىدىن
ئانچىمۇ يىراق ئەمەس ئىدى. مەن ئۇزاق ئويلاپ تۇرمىدىم. ئى-
شىككە دەرھال قۇلۇپ سالدىم ۋە شۇ ياققا قاراپ كەتتىم. مېنىڭ
بۇ ياققا كېلىشىم ھەقىقەتەن قەستەن مەست بولۇۋېلىش ئۈچۈن
ئەمەس ئىدى، لېكىن يالغۇزچىلىقتا بولىدىغان خاپىچىلىقتىن قۇ-
تۇلۇش ئۈچۈنلا ئىدى. «يىشىجۈي» بار ئىكەن. ئۇ مەيخانىنىڭ
تار، كىچىك، قاراڭغۇ ئالدى ۋە كونىراپ كەتكەن ۋېۋىسكىسى
بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇنىڭدا خوجايىنلىرىدىن تارتىپ تا
خىزمەتچىلىرىگىچە بىرمۇ تونۇش ئادەم يوق. مەن «يىشىجۈي»
دىمۇ پۈتۈنلەي ياتلا بىر مېھمان بولۇپ قالدىم. كېيىن بولۇڭدا
تۇرغان تونۇش پەلەمپەي ئارقىلىق ئۈستى قەۋەتكە چىقتىم. يۇقى-
رىدىمۇ بۇرۇنقىدەكلا بەش كىچىك ئۈستەل تۇرىدۇ، يالغۇز بۇ-
رۇن قەغەز بىلەن چاپلانغان ئارقا دېرىزىسىلا ئەينەككە
ئالماشتۇرۇلۇپتۇ.

— بىر جىڭ شاۋشىن ھارىقى.
— زاكۇسكىچۇ؟
— قورۇلغان دۇفۇدىن 10 پارچە، لازىسى كۆپرەك
بولسۇن، — مەن ئارقامدىن چىققان خىزمەتچىگە ئېيتىۋېتىپ،
ئارقا دېرىزىگە يۆلەپ قويۇلغان ئۈستەلگە ئولتۇردۇم، مەيخانا
بوش - قۇرۇق تۇرۇپتۇ. مەن بېرىپ ئەڭ ياخشى ئورۇننى ئىگىلى-
دىم، بۇ يەردىن تۆۋەندىكى خاراب بولغان باغقا قاراش مۇمكىن
ئىدى. بۇ باغ ئېھتىمالىم مەيخانىغا تەۋە بولمىسا كېرەك. بۇرۇنمۇ

مەن بۇ يەردىن نۇرغۇن قېتىملاپ قارىغانىدىم. ھەتتا بەزىدە قار ياغقان چاغلاردىمۇ قارىغان، لېكىن ھازىر شىمالغا كۆنۈپ قالغان كۆزلەر بىلەن قارىغاندا، بۇ ناھايىتى ئەجەبلىنىشكە ئەرزىيتتى. بىرنەچچە تۈپ مېيخۇا گۈلى قار بىلەن بەسلەشكەندەك، گوياكى سوغۇق قىشقا پىسەنت قىلمىغاندەك، شاخلىرى گۈللەر بىلەن قاپلانغان. ئۆرۈلۈپ كەتكەن شىپاڭنىڭ تۈۋىدە يەنە بىر تۈپ تاغ ئىرغىيى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قار بىلەن قاپلانغان قويۇق يېشىل يوپۇرماقلىرىدا 10 نەچچە قىزىل گۈل ۋاللىداپ خۇددى چوغدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، گوياكى ئۇ يىراق سەپەرگە ئاتلانغان ساياھەتچىلەرنى مەسخىرە قىلغاندەك، غەزەپ ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن قارىغاندەك تۇراتتى. مەن تۇرۇپلا بۇ يەردە قارنىڭ كۆپ ياغىدىغانلىقىنى، خۇددى قىممەتلىك تاشلارغا ئوخشاش پارقىراپ تۇرىدىغانلىقىنى، نەمخۇش بولۇپ، بىر نەرسىگە يېپىشىۋالسا چۈشمەيدىغانلىقىنى ۋە شىمالنىڭ قارلىرىغا ئوخشاش قۇرۇق ئەمەسلىكىنى، شامال ئۇرۇشى بىلەنلا ھاۋانى تۇماندەك قاپلاپ كۆتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى ئويلىدىم.

— مېھمان، ھاراق كەلدى ··· — دېدى ھۇرۇنلۇق بىلەن خىزمەتچى ۋە قەدەھ، چوكا، ھاراق چۆگۈنى، چىنە ـ تەخسىلەرنى قويدى. مەن ئۆرۈلۈپ ئۈستەلگە قارىدىم. قاچا ـ قۇچىلارنى تىزىۋېتىپتۇ، مەن ھاراقنى قەدەھكە قۇيدۇم··· شىمال مېنىڭ كونا يۇرتۇم ئەمەس ئىدى. لېكىن، جەنۇبتىمۇ بىر مېھمان قاتارىدا بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. شىمالنىڭ قۇرۇق قارلىرى قانداق ئۇچمىسۇن، بۇ يەرنىڭ يۇمشاق قارلىرى قانداق يېپىشقاق ۋە پارقىراپ يانمىسۇن، بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن. مېنىڭ ئىچىم پۇشۇشقا باشلىدى، كېيىن ھۇزۇرلىنىپ ھاراقتىن يەنە بىر يۇتۇم ئىچىۋەتتىم. ھاراقنىڭ تەمى ساپ، دۇفۇمۇ ئوبدان ئوخشاپتۇ، لېكىن لازىجاڭلىرى ئۆتكۈر ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە «S» شەھىرىدە لازىجاڭ ئېتىشنى بىلمەيتتى.





ئېھتىمال، ۋاقىت چۈشتىن كېيىن بولغاچقىمۇ، بۇ گەرچە مەيخانا بولسىمۇ، لېكىن مەيخانىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. مەن ئولتۇرغان ئۈستەلدىن باشقا يەنە تۆت ئۈستەل بوش تۇرىدۇ. مەن ئاللىقاچان ئۈچ قەدەھ ھاراق ئىچىۋەتتىم، كېيىن دېرىزىدىن باغقا قاراپ ئولتۇرۇپ غېرىبسىنىشقا باشلىدىم. شۇنداقتىمۇ يەنە باشقا بىرەر ھاراق ئۇلپەتلىرىنىڭ كېلىشىنىمۇ ياقتۇرمايتتىم. قېرىشقاندەك، بىراۋنىڭ پەلەمپەيدىن يۇقىرى چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، بۇ مېنىڭ ئىچىمنى ئىختىيارسىز پۇشۇردى، لېكىن بۇ خىزمەتچى ئىكەن، ئاندىن خاتىرجەم بولدۇم ۋە يەنە ئىككى قەدەھ ھاراق ئىچىۋەتتىم.

مەن بۇ قېتىم جەزمەن مەيخورلاردىن بىرى دەپ ئويلىدىم، چۈنكى بۇ قېتىمقى ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشى خىزمەتچىگە قارىغاندا خېلى ئېغىر ئىدى. ئۇ پەلەمپەيدىن چىقىپ بولاي دېگەنگە قەدەر كۈتۈپ تۇردۇم، كېيىن خالىمىغان مېھماندىن بىزار بولغاندەك، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم ـ دە، ھەيران بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. مەن بۇ يەردە كۈتۈلمىگەن بۇرادەرلەرنى ئۇچرىتىمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم، ئەگەر ھازىر بۇرادەر دېيىشكە رۇخسەت قىلسا، بۇ كەلگەن ئادەم مېنىڭ كونا ساۋاقدىشىم ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەردىكى كونا خىزمەتدىشىم ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايى گەرچە ناھايىتى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئۇنى بىر قاراش بىلەنلا تونۇدۇم. ئۇنىڭ ئايىغى خېلىلا ئېغىرلىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆتمۈشتىكى تېتىك لۈي ۋېيفۇغا زادى ئوخشاشمايتتى.

— لۈي ۋېيفۇ، سەنمۇ؟ سېنى بۇ يەردە ئۇچرىتىمەن دەپ زادى ئويلىماپتىمەن.

— ھە··· ئۆزلىرىكەنلا، مەنمۇ ئويلىمىغانىدىم···

ئۇنى بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋىدىم، ئۇ تارتىنىپ ئاران ئولتۇردى. بۇ ئەھۋال مېنى باشتا ناھايىتى ھەيران قالدۇر-

غان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ ھەقىقەتەن ئېچىندىم. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى پاخپايغان، تاتىرىپ كەتكەن ئۇزۇنچاق يۈزى ياداڭغۇ، روھى چۈشكۈن، غەمكىن ئىدى. قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىمۇ خۇن قالماپتۇ. ئۇ ئاستا تۆت تەرەپكە قاراپ، كۆزلىرىنى خارابە باغقا تىككەندە، ۋاللىدە قىلىپ، ئۇنىڭ كۆزىدە ئۆتمۈشتىكىدەك ماڭا تونۇش بولغان ئۆتكۈر يالتىراش پەيدا بولغاندەك بولدى.

— بىزنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىمىزگە 10 يىللار بولغاندۇ، — دېدىم خۇشال بولۇپ ۋە قانداقتۇر بىرئاز تارتىنىپ، — مەن سېنىڭ جىنەندە ئىكەنلىكىڭنى بالدۇرلا بىلەتتىم. لېكىن ھەقىقەتەن ھورۇنلۇق يەڭدى، ساڭا بىر پارچىمۇ خەت يازمىدىم...

— مەنمۇ شۇ. مەن ھازىر تەييۇەندىمەن، ئىككى يىلدەك بولدى، ئاپاممۇ مەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ. قايسىبىر ۋاقىتتا ئاپامنى ئالغىلى كەلگەندىلا، سىزنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكىڭىزنى بىلگەنىدىم.

— تەييۇەندە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— بىر يۇرتلۇقنىڭ ئۆيىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.

— ئۇنىڭغىچىچۇ؟

— ئۇنىڭغىچە؟ — ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال تاماكىنى ئالدى - دە، تۇتاشتۇرۇپ ئاغزىغا چىشلىدى ۋە ھالقا - ھالقا بولۇپ چىقىۋاتقان تاماكا ئىسىغا قاراپ تۇرۇپ، چوڭقۇر خىيالدىن ئويغانغاندەك بولۇپ سۆزلىدى، — ئۇنىڭغىچە، تايىنى يوق ئىشلار بىلەن بولۇپ، ئىش قىلمىغاندەك يۈردۈم.

ئۇمۇ مېنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرىمنى سورىدى.

مەن ئۆز ئەھۋالىمنى ئۇنىڭغا قىسقىچە ھېكايە قىلىۋېتىپ، خىزمەتچىگە قەدەھ، چوكا بۇيرۇدۇم. بار ھاراقنى بىللە ئىچىپ





بولغاندىن كېيىن يەنە ئىككى جىڭ ئالدۇردۇم. كېيىن بىز ئۇزاققىچە تاماق خىللىدۇق، بىز ئىلگىرى بىر - بىرىمىزدىن تارتىنىشمايتتۇق، لېكىن ھازىر قانداق تاماق بۇيرۇيدىغانلىقىمىز توغرىسىدا بىر - بىرىمىزگە تۇزۇت قىلدۇق. كېيىن پەقەت خىزمەتچىنىڭ ئاغزىدىن مۇنۇ تۆتىنىلا تاللىۋالدۇق. ئارپىبەدىيان سۈيىگە چىلانغان پۇرچاق، سۇرلىگەن گۆش، ياغدا قورۇلغان دۇفۇ ۋە قاق بېلىق.

— مېنىڭ مۇشۇ كېلىشىم ئۆزۈمگە كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، بىر قولىدا تاماكا، بىر قولىدا قەدەھنى كۆتۈرۈپ، — مەن كىچىك ۋاقتىمدا ھەرە ياكى چىۋىننى ئۈركۈتكەندە، ئۇلارنىڭ ئۇچۇپ بېرىپ بىر كىچىك دائىرىنى ئايلىنىپ يەنە قايتىدىن ئۆز جايىغا كېلىپ قونۇشۇۋالغانلىقىنى كۆرسەم، بۇ ھالغا كۈلەتتىم ۋە ئېچىناتتىم. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا، مانا مەنمۇ ھازىر كىچىك دائىرىنى ئايلىنىپلا ئۆز جايىمغا ئۇچۇپ كەلدىم. سىزمۇ ئۇچۇپ يۈرۈپ قايتىپ كەپسىز، يىراقلارغا ئۇچالمامسىز؟

— بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش قىيىن، بۇ كىچىك دائىرىدىن يىراققا كېتىش مۇمكىن بولماس، — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ، — سەن نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ؟

— ھېلىقى تايىنى يوق ئىشلار ئۈچۈن، — ئۇ يەنە بىر قەدەھ ھاراقنى بىرلا سۈمۈرۈپ ئىچىپ، تاماكىسىنى بىرنەچچە شورىدى - دە، كۆزلىرىنى سەل يوغان ئېچىپ دېدى، — تايىنى يوق... قېنى، بۇ ھەقتىمۇ پاراڭلىشايلى.

خىزمەتچى يېڭىۋاشتىن ھاراق ۋە تاماقلارنى ئەكىرىپ، ئۈستەلنى توشقۇزۇۋەتتى. مەيخانىنىڭ ئىچى تاماكا ئىسلىرى ۋە ياغدا قورۇلغان دۇفۇدىن چىققان ئىسسىق ھورلارغا توشۇپ كەتتى. تاشقىرىدا قار تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ چۈشۈشكە باشلىدى.

— سىزنىڭمۇ ئېسىڭىزدىدۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىر ۋاقىتلاردا مېنىڭ بىر كىچىك ئىنىم بولىدىغان، ئۇ ئۈچ ياشتا ۋاپات بولۇپ مۇشۇ يېزىغا دەپنە قىلىنغانىدى، مەن ھازىر ئۇنىڭ ئەپت ـ تۇرقىنى خاتىرىلىيەلمەيمەن، ئەمما ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يېقىملىق بالا بوپتىكەن، ماڭا بەك ئامراق ئىكەن. ئاپام بۈگۈنگىچە ئۇنى ئويلاپ يىغلايدۇ. بۇ يىل ئەتىياز تاغامدىن بىر پارچە خەت ئالدۇق. خەتتە: «ئۇنىڭ قەبرىسىنى سۇ يالاپ كېتىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلاپ كېتىش ئېھتىمالى بار، دەرھال چارە كۆرۈڭلار» دەپتۇ. ئاپام بۇنى ئاڭلاپ ئەنسىرەپ بىرقانچە كېچە ئۇخلىيالمىدى. بەختكە قارشى ئۇ خەت تونۇيتتى، شۇڭا خەتنى ئۆزى ئوقۇۋاپتۇ. لېكىن، ئۇ ۋاقىتلاردا بۇنىڭغا ھېچ چارە قىلالمىدۇق. پۇل دېسە يوق، ۋاقىتمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىرغىچە تەتىل ۋاقىتلىرىنى كۈتۈپ، مانا ئەمدى ئارانلا ئۇنىڭ قەبرىسىنى يۆتكەش ئۈچۈن كەلدىم، — ئۇ يەنە بىر قەدەھنى بوشىتىۋەتتى ـ دە، دېرىزىگە قاراپ، — بۇ يەر قەيەرلەرگە ئوخشايدۇ؟ قارنىڭ ئىچىدە گۈللەر تۇرىدۇ، قارلارنىڭ تېگى توڭلىماپتۇ. مەن ئىنىمنىڭ ساندۇقىنى[6] ئاللىقاچان سېسىپ كەتكەندۇ، دەپ ئويلاپ، ئالدىنقى كۈنىلا شەھەردىن بىر كىچىك ساندۇق، پاختا، يوتقان ـ كۆرپە سېتىۋالدىم ۋە تۆت ئىشچى ياللىۋېلىپ قەبرىنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن يېزىغا كەلدىم. مەن شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمدە ناھايىتى خۇشاللىق سېزەتتىم. چۈنكى سۆيۈملۈك ئىنىمنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆرۈش مېنىڭ ھاياتىمدا بولۇپ كۆرمىگەن ۋەقە ئىدى. ھەقىقەتەن سۇنىڭ قەبرىگە ئىككى مېتىرچە يىراقلىقتا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردۇق. بىچارە ئىنىمنىڭ قەبرىسى ئىككى يىلدىن بېرى توپا دۆۋىلەنمەي تۈزلىنىپ كېتىپتۇ. مەن قارنى دەسسەپ تۇرۇپ ئىشچىلارغا: «ئېچىڭلار!» دەپ بۇيرۇدۇم. ئەسلى مەن پەمسىز بىر ئادەم، لېكىن





بۇ دورەم ئاۋازىمنىڭ باشقىچىرەك چىقىۋاتقانلىقىنى، بۇ بۇيرۇقۇمنىڭمۇ ھاياتىمدا ئەڭ ئۇلۇغ بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى سەزدىم، لېكىن ئىشچىلار قىلچە پەرۋا قىلماستىن ئېچىشقا باشلىدى. قەبرە ئېچىلىپ بولغانغا قەدەر كۈتتۈم، كېيىن بېرىپ قارىدىم. ھەقىقەتەن ساندۇق ئاللىقاچان سېسىپ، ئۇنىڭ ياغاچ پارچىلىرى ۋە كېپەكلىرىلا قاپتۇ. يۈرىكىم سېلىپ كەتتى. ياغاچ ـ توپىلارنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن نېرى ـ بېرى قىلىۋېتىپ، ئىنىمغا قارىدىم. كېپەن، كىيىم، ھېچنېمىمۇ قالماپتۇ. مەن ھەيران بولدۇم ۋە چىرىپ كەتكەن بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ئىلگىرى مەن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ چاچلىرى ئاسان چىرىمەيدۇ، دەپ ئاڭلىغاندىم، بەلكى چېچى باردۇ؟ دەپ ياستۇق قويۇلغان توپىلارغا ناھايىتى دىققەت بىلەن قارىدىم. يوق، ھەتتا ئىزلىرىمۇ قالماپتۇ.

مەن بىردىنلا ۋېيفۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، لېكىن بۇ «ھاراقتىن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم. ئۇ ھېچ نەرسە يېمەيتتى، ھاراقلا ئىچەتتى، ئۇ ئاللىقاچان بىر جىڭدىن ئارتۇق ھاراق ئىچىۋەتتى، روھىي ھالىتى تېتىكلىشىپ ئاستا ـ ئاستا بۇرۇنقى ۋېيفۇغا ئوخشاپلا قالدى. مەن خىزمەتچىنى چاقىرىپ يەنە ئىككى جىڭ ھاراق بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزۈمنىڭ قەدەھىمنى قولۇمغا ئېلىپ، ۋېيفۇغا قاراپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تىڭشاشقا باشلىدىم.

— ھەقىقەتەن جەسەتنى يۆتكەپ يۈرگۈچىلىكى قالماپتۇ. توپىنى تۈزلەپ، ساندۇقنى سېتىپلا ئىشنى تاماملىسام بوپتىكەن. مېنىڭ ساندۇق سېتىپ يۈرۈشۈم ئاجايىپ بىر ئىشتەك تۇيۇلاتتى. لېكىن ئالغان دۇكانغا ئەرزان باھادا قايتۇرۇپ بەرسەم، قانداق بولمىسۇن، بىرنەچچە قەدەھ ھاراققا تۇشلۇق پۇل تېپىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن، مەن ئۇنداق قىلمىدىم، ئاۋۋال كۆرپىنى ئوبدان يايدىم. ئۇنىڭ جەسىتى ياتقان يەردىن پاختىنىڭ ئىچىگە ئازراق

تويىنى ئېلىپ يۈگەپ يېڭى ساندۇققا قاچىلىدىم ـ دە، دادامنىڭ قەبرىسى يېنىغا كۆمۈپ قويدۇم. سىرتىغا كېسەك بىلەن قەبرە قوپۇرغۇزىمەن دەپ تۈنۈگۈن يەنە بىر كۈن ئاۋارە بولدۇم. لېكىن شۇنداق قىلىپ بىر چوڭ ئىش تاماملانغان بولۇپ ھېسابلاندى. ئەمدى بېرىپ ئاپامنى تىنچلاندۇرىمەن… نېمانچە قاراپ كەتتىڭىز، مېنى شۇنچە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ دەپ ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ توغرا، ئىككىمىزنىڭ چېڭخۇاڭمىياۋ بۇتخانىسىغا بېرىپ چېڭخۇاڭمىياۋ ھەيكىلىنىڭ ساقىلىنى يۇلغانلىرىمىز، كۈن بويى جۇڭگونىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغانلىرىمىز تېخىچە ئېسىمدە. لېكىن، مەن ھازىر مانا شۇنداق بولۇپ قالدىم، ھەرقانداق ئىشنى كۆڭۈلسىزلا قىلىمەن، ھەممە نەرسىگە يۈزەلا قارايمەن، ھەتتا بەزىدە ئۆزۈممۇ ئويلاپ قالىمەن. ئەگەردە كونا دوستلىرىم ھازىر كۆرۈپ قالسا، مېنى دوستۇم دەپ قارىماسمىكىن دەپ قورقىمەن، توغرا، لېكىن مەن ھازىر مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم.

ئۇ يەنە يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ، تۇتاشتۇرۇپ ئاغزىغا چىشلىدى.

— كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەپتىڭىزدىن يەنە مەندىن بىرەر ئۈمىد كۈتىدىغاندەك تۇرىسىز، توغرا، مەن ھازىر ھەقىقەتەن گالۋاڭلىشىپ قالدىم، لېكىن شۇنداقتىمۇ بەزى ئىشلارنى بايقىيالايمەن. مانا بۇ مېنى ھاياجانلاندۇرىدۇ ۋە يەنە تىنچسىزلاندۇرۇپمۇ قويىدۇ. مەن كونا دوستلىرىمنىڭ كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى يەردە قالدۇرارمەنمىكىن دەپ قورقىمەن — … ئۇ ئۈن چىقماي بىر پەس تۇرۇپ قالدى. تاماكىسىنى بىرنەچچە شوراپ، يەنە ئاستا سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۈگۈنمۇ مانا «يىشجۇي»گە كېلىشىمنىڭ ئالدىدىلا يەنە بىر تايىنى يوق ئىش قىلىپ قويۇپ كەلدىم. بۇنىمۇ ئۆزۈم خالاپ





قىلدىم. ئىلگىرى مېنىڭ شەرقىي تەرىپىمدە جاڭفۇ دەپ بىر قوشنام بار ئىدى، ئۇ بىر كېمىچى بولىدىغان، ئۇنىڭ ئاشۇن دەپ بىر قىزى بار ئىدى، سىز قايسىبىر ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە، بەلكىم كۆرگەن بولسىڭىز كېرەك، لېكىن دىققەت قىلمىغان بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. ئۇ چاغلاردا ئۇ تېخى كىچىك ئىدى، كېيىن سەتلىشىپ كەتتى. سېرىق، ياداڭغۇ، ئورۇق، يۈزى سوزۇق، ئۇزۇن كىرپىكلىك يوغان كۆزلىرىنىڭ ئېقى گويا بۇلۇتسىز كېچىدىكى ئاسماندەك سۈزۈك ئىدى. بۇنداق سۈزۈك ئاسمان شىمالنىڭ شامالسىز كۈنلىرىدىلا بولىدۇ، لېكىن بۇ يەردە ئاسمان ئۇنداق سۈزۈك ئەمەس. ئۇ قىز 10 نەچچە يېشىدا ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىككى كىچىك ئۇكىسى شۇنىڭ قولىغا قالدى، دادىسىغىمۇ ئوبدان قارايتتى، ئۆزى ئىشچان ئىدى. شۇڭلاشقا، ھال ـ كۈنىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. قوشنىلىرىدىن ئۇنى ماختىمايدىغانلىرى يوق دېيىشكە بولاتتى. جاڭفۇمۇ دائىم مىننەتدارلىقىنى ئېيتىپ تۇراتتى. بۇ قېتىم مەن بۇ ياققا كېلىشكە تەرەددۇت قىلغاندا، ئاپام ئۇنى ئەسلىدى. قېرىلار ئۆتمۈشنى ئوبدان ئەسلەيدۇ. ئۇ، ئاشۇن بىر ۋاقىتلاردا كىمنىڭدۇر بېشىدا قولدا ياسالغان قىزىل بەرقۇت گۈلنى كۆرۈپ، ئۇنىڭمۇ تاقىغۇسى كېلىپ، ئارماندا قېلىپ ئۇزاق يىغلاپتىكەن. ئاخىر دادىسىدىن تاياق يەپ ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەنىكەن. ئۇنداق گۈل ئەسلىي باشقا ئۆلكىلەردىن كىرەتتى، «S» شەھىرىدە تېپىلمايتتى. ئاشۇن بۇ گۈلنى نەدىن تاپالىسۇن؟ بۇ قېتىم سەن جەنۇبقا بارغاچ، شۇ گۈلدىن ئىككى تال ئالغاچ بېرىپ ئاشۇنغا سوۋغا قىل، دەپ تاپشۇردى. مەن بۇنى ئېغىر كۆرمىدىم. بەلكى خۇشال بولدۇم. راستىنى ئېيتسام، ئاشۇن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايتتىم. ئالدىنقى يىلى مەن ئاپامنى ئالغىلى كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ دادىسى جاڭفۇ بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم.

ئۇ مېنى پۇرچاق ئۇنىدىن ياسالغان تاماق بىلەن مېھمان قىلدى ۋە بۇنىڭغا شېكەر قوشۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئويلاپ قاراڭ، ئۆيىدە قەنت ساقلانغان كېمپىنى قانداق كەمبەغەل دېگىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭمۇ چاينىشى ياغ دەڭ. مەن ئاخىر يۈز كېلەلمەي غىزاسىنى يېدىم. لېكىن، كىچىك چىنىدە بولۇشىنى ئىلتىماس قىلىۋىدىم، ئۇمۇ ماقۇل كۆردى ۋە ئاشۇنغا: «ئوقۇغان ئادەملەر تاماقنى كۆپ يېمەيدۇ. كىچىك چىنىدە شېكەرنى جىقراق سېلىپ ئەكەلگىن» دەپ جېكىلىدى. مەن تاماقنى تەييارلاپ ئەكېلىۋاتقاندا چوڭ چىنىدە بولۇپ قېلىپ بىر كۈن كەچكىچە يېمىگىيدىم دەپ قورقۇۋىدىم، لېكىن جاڭفۇنىڭ چىنىسىگە قارىغاندا يەنە مېنىڭ كىچىك ھېسابلىناتتى. مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە پۇرچاق ئۇنىدا ياسالغان تاماقنى يەپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، تېتىپ بېقىپلا ھەقىقەتەن يېگۈم كەلمىدى. شۇ چاغدا بىردىنلا ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان ئاشۇننى كۆرۈپ قالدىم. مەن ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا قولۇمدىكى چوكىنى قويۇشقا پېتىنالمىدىم. ئۇ قورقۇش ۋە ئۈمىد ئارىسىدا تۇراتتى. ئېھتىمالىم ئۇ ئۆزىنىڭ تەييارلىغان تامىقىنىڭ ناچار بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، بىزنىڭ يارىتىپ يېيىشىمىزنى ئارزۇ قىلسا كېرەك. مەن ئەگەر تاماقنى ئاشۇرۇپ قويسام، ئۇنىڭ چوقۇم خىجالەتتە قېلىشىنى بىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن كېكىردىكىمگە تىقىۋەردىم، خۇددى جاڭفۇدەك چاپسان - چاپسان يېيىشكە باشلىدىم. ئەنە شۇ ۋاقىتتا مەن زورلاپ يېگەن تاماقنىڭ ئازابىنى بىلدىم. بالا ۋاقتىمدا قۇم شېكەر قوشۇلغان بىر چىنە دورىنى تۈگىتىپ ئىچىشكە زورلىغاندا شۇنداق قىينالغانلىقىمنى ئېسىمگە ئالدىم. لېكىن، مەن بۇ قىينىلىشىمدىن قىلچە ئاغرىنمىدىم. چۈنكى ئاشۇن بوش قاچىلارنى يىغىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ مەمنۇنلۇق بىلەن تاتلىق كۈلۈمسىرىشى مېنىڭ بۇ تارتقان ئازابىمنى يېنىكلەتتى، ھەتتا ئۇنتۇلدۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېچىسى قورسـ





قىم ئاغرىپ، گەرچە قارا بېسىپ ئۇخلىيالمىغان بولساممۇ، يەنە ئاشۇننىڭ ئۆمۈر بويى بەختلىك بولۇشىنى، دۇنيانىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوبدان بولۇپ كېتىشىنى تىلەيتتىم. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۆتمۈشتىكى چۈشلىرىمنىڭ ئىزلىرى ئىدى، كېيىن ئۆز - ئۆزۈمدىن كۈلدۈم ۋە بۇ ئىشنى ئۇنتۇپمۇ قالدىم.

مەن ئۇنىڭ قايسىبىر ۋاقىتلاردا بەرقۇت گۈل ئۈچۈن تاياق يېگەنلىكىنى بىلمەيتتىم. لېكىن، ئاپام ئۇنى دەپ بېرىۋاتقاندىلا ھېلىقى پۇرچاق ئۇنىدا ئېتىلگەن تاماق ۋەقەسىنى ئېسىمگە ئالدىم ۋە ناھايىتى خۇشاللاندىم. مەن بۇ گۈلنى ئاۋۋال تەييۈەندىن ئىزدىدىم، تاپالمىدىم، كېيىن جىنەنگە قەدەر باردىم...

دېرىزە سىرتىدا شىلدىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئىرغاينىڭ ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان بىر پارچە قار سىيرىلىپ يەرگە چۈشتى. قارنىڭ تېگىدە ئېگىلىپ تۇرغان شاخ قايتىدىن تۈزلەندى ۋە يالتىراپ تۇرغان تۇم كۆك يوپۇرماقلار بىلەن گويا قانىدەك قىپقىزىل گۈللەر روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. قوغۇشۇن رەڭلىك ئاسماندا نۇر يوق ئىدى. يەر تامامەن قار بىلەن قاپلانغان، ئۈچار قاناتلار ئۆزلىرىگە ئوزۇق تاپالماي ۋىچىرلىشىپ ئۇۋۇلىرىغا ئالدىرىشاتتى. گۇگۇم چۈشۈپ، كۆز باغلىنىشقا باشلىدى.

ۋېيفۇ دېرىزىگە قاراپ قويۇپ يەنە بىر قەدەھ ھاراقنى سۈمۈرۈۋەتتى ۋە تاماكىسىنى بىرنەچچە نەپەس تارتتى - دە، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— جىنەنگە كېلىپلا قولدا ياسالغان بەرقۇت گۈلنى تاپتىم. ئاشۇننىڭ قايسى رەڭدىكى گۈلنى دەپ كاچات يېگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم، ھەر ھالدا بەرقۇتتىن ياسالغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن ئۇنىڭ قايسى رەڭدىكىسىنى يارىتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قىزغۇچراقىدىن بىرنى، سۇس قىزغۇچراقىدىن بىرنى ئالدىم ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يەرگە ئەكەلدىم. بۈگۈن

چۈشتىن كېيىن جاڭفۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇنىڭ ئۆيى ئىلگىرىكى جايىدا تۇرۇپتۇ، لېكىن كۆڭۈلسىز ئىدى. ماڭىلا شۇنداق كۆڭۈلسىز كۆرۈنىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. دەرۋازا ئالدىدا ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ئىككىنچى قىزى ئاجاۋ تۇرۇپتۇ. ئۇلار چوڭ بولۇپ قاپتۇ. ئاجاۋ جىندەكلا سەت ئىدى. ئۇ ھەدىسىگە زادى ئوخشىماپتۇ. مېنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ئۇ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئوغلىدىن دادىسىنىڭ ئۆيدە يوق ئىكەنلىكىنى بىلدىم. «چوڭ ھەدەڭچۇ؟» ئۇ دەرھال تىكىلىپ قاراپ، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنى سورىغانلىقىمنى سورىدى ۋە شۇنچىلىك غەزەپ بىلەن قارىدىكى، خۇددى ھازىرلا ياقامدىن ئالىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ قايتىپ كەتتىم. مانا ئەمدى ھازىر ماڭا پۈتۈن نەرسە ئېتىبارسىز كۆرۈنىدۇ...

... سىز بىلمەيسىز، مەن ھازىر كىشىلەرنىڭكىگە بېرىشتىن ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى ئاللىقاچان بىلگەنمەن. ئۆزۈمگىمۇ ئۆزۈم سەت كۆرۈنىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھالنى بىلىپ تۇرۇپ، باشقىلارنىڭمۇ كەيپىنى بۇزۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ لېكىن، بۇ قېتىم ئاپامنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندىماي بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئاز ئويلىنىپ كۆرۈپ، ئاخىر جاڭفۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوتۇن دۇكىنىغا كىرمەكچى بولدۇم. دۇكاندارنىڭ ئانىسى لاۋفا موماي تېخىچىلا ھايات ئىكەن. ئۇ مېنى تونۇدى ۋە ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بىز تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا «S» شەھىرىگە قايتىپ كەلگەنلىكىم ۋە جاڭفۇنى ئىزدىگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ ئېغىر بىر تىنىدى ـ دە:

— ھەي، ئاشۇنغا بۇ گۈللەرنى قىسىشقا نېسىپ بولمىغاندىكەن، — دېدى. ئۇ ھەممىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى:





— بۇلتۇر ئەتىيازدىن بۇيان، ئاشۇن جۇدەپ تاتىرىپ كەتكەندى، كېيىن دائىم يىغلايدىغان بولۇپ قالدى. سەۋەبىنى ئېيتمايتتى، بەزى چاغلاردا تۈن بويى يىغلاپ چىقاتتى، ئۇنىڭ يىغىسىغا دادىسى جاڭفۇ تاقەت قىلالماي كېتەتتى، چوڭ بولۇپ قالغاندا، ساراڭ بولدۇڭمۇ، دەپ تىللاپ قوياتتى. كۈزلىكى ئاشۇنغا سوغۇق تېگىپ يېتىپ قالدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ تەكىيە تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئۆلۈشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرىلا، جاڭفۇغا خۇددى ئانىسىغا ئوخشاش قان تۈكۈرىدىغانلىقىنى ۋە كېچىسى تەرلەيدىغانلىقىنى، لېكىن دادىسىنى ئاياپ ئېيتماي كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى ئاشۇننىڭ تاغىسى چاڭگېن قەرز پۇل سوراپ كەپتۇ، ئۇ پات ـ پاتلا شۇنداق قەرز سوراپ تۇراتتى، ئاشۇن پۇل بەرمىسە، ئۇ ھارامزادە كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ: «سەن كۆرەڭلىمە، سېنىڭ تېگىدىغان ئېرىڭ مەندىنمۇ ئەبگار بولىدۇ» دەپتۇ. ئاشۇن ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ قايغۇرۇپتۇ، سوراشقا ئۇيىلىپ، يىغلاۋېرىپتۇ. جاڭفۇ ئۇنى بەزلەش ئۈچۈن، سېنىڭ تېگىدىغان ئېرىڭ ئىشچان چىقىدۇ دېسىمۇ، ئۇ ئىشەنمەپتۇ ۋە: «مانا ئەمدى مۇشۇنداق يېتىپ قالدىم. ماڭا بەرىبىر» دەپتۇ. «ئەگەر ئۇنىڭ ئېرى ھەقىقەتەن چاڭگېندىنمۇ يامانراق بولسا، بۇ ھەر ھالدا دەھشەتلىك گەپ! — دەپ لاۋفا موماي سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەگەر ئۇ كۈيئوغۇل توخۇ ئوغرىسى چاڭگېندىنمۇ يامانراق بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ قانداق نەرسە بولۇشى مۇمكىن؟ لېكىن، ئۇ ئاشۇننى دەپنە قىلىدىغان ۋاقىتىدا كەلدى. مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. كىيىملىرى پاك ـ پاكىز، ئۆزى مويسىپىت ئادەم ئىكەن. «ئۆمرۈمنىڭ يېرىمىنى كېمىچىلىك بىلەن ئۆتكۈزدۈم، مۇشكۈل كۈنلەرنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. ئەمگەك قىلدىم، پۇل يىغدىم. لېكىن، بەختسىزلىكىم شۇ، قىز ۋاپات بوپتۇ» دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چاڭگېننىڭ ئېيتقانلىرى يالغان بولۇپ

چىقتى. ئاشۇنىڭ شۇنداق شۇملارنىڭ يالغان گېپىگە ئىشىنىپ جان بېرىشى ئېچىنىشلىق ئىش، لېكىن بۇ ھەقتە ھېچكىمنى ئەيىبلەپ بولمايدۇ. پەقەت ئاشۇنىڭ ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە بەخت يېزىلمىغان ···

··· خوپ ··· مېنىڭ ئىشىم شۇنىڭ بىلەن تاماملاندى. لېكىن، بەرقۇت گۈللەرنى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ گۈللەرنى مېنى خۇددى بىر بۆرە دەپ ئويلاپ، ئۇچقاندەك قېچىپ كىرىپ كەتكەن ئاجاۋغا بېرىپ قويۇشنى لاۋفا مومايغا تاپىلىدىم. مېنىڭ ئۇ قىزغا بېرىشكە رازىلىقىم يوق ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ بېرىۋەتتىم. پەقەت ئانامغا، ئاشۇن سوۋغاتقا خۇشال بولدى، دەپ قويساملا بولدى··· بۇ تايىنى يوق ئىشلاردا نېمە پايدا بار دەيسىز؟ ئىشقىلىپ، يېڭى يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەن يەنە بالىلارغا ئاۋۋالقىدەكلا «رىۋايەت قىلىپدۇرلەركى» دەيدىغان دەرسىمنى بېرىپ يۈرۈۋېرىمەن.

— «رىۋايەت قىلىپدۇرلەركى» دەيدىغان كىتابلاردىن دەرس ئۆتۈۋاتامسەن؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدىم.

— ئەلۋەتتە، ئۆزىڭىزچە مېنى ABC دىن ساۋاق بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ مەندە ئاۋۋال ئىككى ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى «سىجىڭ[7]» نى، ئىككىنچىسى «مىڭزى[8]» نى ئوقۇيتتى. يېقىندا يەنە بىر قىز قوشۇلدى. ئۇ «نيۇ ئەرجىڭ[9]» نى ئوقۇيدۇ، ماتېماتىكا ئوقۇمايدۇ. مەن ئوقۇتمايمەن ئەمەس، ئۇلار خالىمايدۇ.

— سېنى بۇنداق دەرسلەرنى بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىمىغاندىم ···

— ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى مۇشۇنى ئوقۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن بىر يات ئادەم نېمە قىلالايمەن. بۇ تايىنى يوق ئىشلاردا نېمە مەنە بار؟ ئىشقىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈش - دە···

ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ مەست بولغاندەك بولدى. لېكىن،





كۆزلىرىدىكى نۇر قايتىدىن ئۆچتى. مەن ئاستا ئېغىر بىر تىنىدىم ۋە ئۇنىڭغا ئېيتقۇدەك سۆز تاپالمىدىم.

پەلەمپەيدىن تاراق - تۇرۇق ئاۋاز چىقىپ قالدى ۋە بىر نەچچە مەيخور كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىسى ئىسسىپ كەتكەن دۈگىلەك يۈزلۈك، پاكار بويلۇق بىر كىشى ئىدى. ئىككىنچىسى ئېگىز كەلگەن، ئۇنىڭ يۈزىدە قىپقىزىل بۇرنى ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، كەينىدە يەنە بىرقانچە ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ئاياغلىرىدىن چىققان تاراق - تۇرۇق مەيخانىنى تىترىتىۋەتتى. مەن بۇرۇلۇپ ۋېيفۇغا قارىدىم، ئۇمۇ ماڭا قاراپ تۇراتتى، مەن پۇل تۆلەش ئۈچۈن خىزمەتچىنى چاقىردىم.

ۋېيفۇدىن:

— ئىش ھەققىڭ تۇرمۇشۇڭغا يېتەمدۇ؟ — دەپ سورىدىم كېتىشكە تەييارلىنىپ تۇرۇپ.

— نەدىن يېتىدۇ··· ھەر ئايدا 20 دوللار ئالىمەن، باشقا تاپسا ئاياغقا يوق.

— ئۇنداق بولسا، سەن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچىسەن؟

— بۇنىڭدىن كېيىن، بىلمەيمەن. بىز ئىلگىرى ئويلاپ قويغان بورداقلىرىمىزنىڭ قايسىبىرى ئوڭغا تارتتى؟ ھازىر ھەتتا ئەتە ياكى كېيىنكى بىر مىنۇتنىڭمۇ قانداق بولۇشىنى بىلمەيمەن.

خىزمەتچى پۇلنى ھېسابلاپ كېلىپ ھېسابات قەغىزىنى ماڭا بەردى. لۈي ۋېيفۇ ماڭا بىر قاراپ قويدى - دە، مېنىڭ پۇل تۆلىشىمگە ھېچقانداق پەش - كەش قىلمىدى، تاماكىسىنى چېكىپ تۇرۇۋەردى.

بىز مەيخانىدىن بىللە چىقتۇق. بىزنىڭ چۈشكەن مېھمانخانىلىرىمىزنىڭ ئىككىسى شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىدى. بىز ئىشىكنىڭ ئالدىدا خوشلاشتۇق. مەن ئۆزۈم يالغۇز ئۆز مېھمانخانامغا كەتتىم. سوغۇق شامال ۋە قار پارچىلىرى يۈزلەرگە ئۇرۇپ

تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى يېنىك سەزدىم. كۈن كەچ كىردى. ئۆيلەر ۋە كوچىلار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارلار بىلەن پۈركەنمەكتە ئىدى.

1924 - يىل 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى





# بەختلىك ئائىلە

## شۈي چىڭۋېنغا بېغىشلايمەن

«... يازسۇن - يازمىسۇن، ئىختىيار يازغۇچىنىڭ ئۆزىدە. ئۇ ئەسەر تۆمۈر ياكى تاشنى چاقماق تېشىغا ئۇرغاندا چاقماق تېشىدىن چىقىدىغان نۇرغا ئەمەس، خۇددى پۈتمەس - تۈگىمەس نۇر مەنبەسىدىن چاچراپ چىقىپ تۇرىدىغان قۇياش نۇرىغا ئوخشاش بولسۇن، ئەنە شۇنداق بولغاندىلا ئۇ ھەقىقىي سەنئەت قاتارىغا كىرەلەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئاپتورىمۇ ھەقىقىي سەنئەتچى قاتارىغا ئۆتەلەيدۇ... مەنچۇ؟... مەن قايسى قاتارغا كىرىمەن؟»

ئۇ مۇشۇ خىيال بىلەن بىردىنلا كارىۋىتىدىن سەكرەپ تۇردى. ئۇ ئائىلە تۇرمۇشىنى تەمىن قىلىش مەقسىتىدە بىر ئاز قەلەم ھەققى تېپىشنى نىيەت قىلغانىدى. يازغان ماقالىسىنى «بەخت» رېداكسىيىسىگە (ئائىلىق ژۇرنال) بېرىشنىمۇ قارار قىلىپ قويغانىدى، چۈنكى بۇ رېداكسىيە قەلەم ھەققى بېرىشتە خېلى سېخىيدەك كۆرۈنەتتى.

«ئەمما، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ دائىرىسى بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمىسا، رېداكسىيىنىڭ قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن. خەير... ھازىرقى ياشلارنىڭ خىيالىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر؟... بەلكىم، مەسىلە ئاز ئەمەس ياكى ئۇنىڭ تولىسى مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەر ... شۇنداق، ھازىر نۇرغۇن ياشلار مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىدۇ ۋە ئۇلارنى مۇھاكىمە قىلىۋاتىدۇ. دېمەك، ئائىلە توغرىسىدا يازاي...

لېكىن قانداق يېزىشىم كېرەك؟… بولمىسا، قوبۇل قىلماسلىقى
مۇمكىن. ۋاقتى ئۆتكەن ئىشلارنى يېزىشنىڭ هاجىتى يوق،
ئەمما…»

ئۇ كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشكەندىن كېيىن، يېزىق ئۈستىلى-
گە كېلىپ ئولتۇردى ۋە تارتمىدىن يېشىل سىزىقلىق قەغەزنى
ئېلىپ، هېچ ئىككىلەنمەستىن، ئىختىيارسىز هالدا «بەختلىك
ئائىلە» دەپ ماۋزۇ قويدى.

ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەم شۇ ماۋزۇدىلا توختاپ قالدى. ئۇ
بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنى تورۇسقا تىككىنىچە بۇ «بەختلىك
ئائىلە»نى قەيەرگە جايلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئويلاندى.

«بېيجىڭ؟ ياق بۇ يەر ئۆلۈكتەك جىمجىت، بۇ يەردە هەتتا
هاۋامۇ جانسىز. ئەگەر بۇ ئائىلىنىڭ ئەتراپىغا ئېگىز تام سېلىن-
سا، هاۋانى ئاجرىتىپ تۇرالامسىمۇ؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس!
جېجياڭ، جياڭسۇدا هەر كۈنى دېگۈدەك ئۇرۇش مۇداپىئەسى.
فۇجيەننىمۇ ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدۇ. سىچۈەن، گۇاڭدۇڭچۇ؟
ئۇ يەرلەردىمۇ سوقۇش بولۇۋاتىدۇ. سەندۇڭ، خېنەنلەرچۇ؟ هە،
ياق؛ ئۇ يەرلەردە ئادەم ئوغرىلايدىغان قاراقچىلار بار. ئەگەر ئۇ
ئائىلىدىن بىرەر كىشىنى ئوغرىلاپ كەتسە، ئۇنى بەختلىك ئائىلە
دېگىلى بولمايدۇ. شاڭخەي، تيەنجىنلەردىكى كونسېسسىيەدە ئۆي
ئىجارىسى قىممەت… ئەگەر بەختلىك ئائىلە چەت ئەللەرگە جايلاش-
تۇرۇلسا، كۈلكە بولىدۇ. يۈننەن، گۈيجۇلار قانداقراق بولار-
كىن؟ ئۇ يەرلەردە قاتناش قىيىنراق…»

ئۇ ئۇزۇن ئويلاندى، ئوبدانراق بىر جاي تاپالمىغاندىن كېيىن
ئاخىر بۇ بەختلىك ئائىلىنى «A» دېگەن جايغا جايلاشتۇرماقچى
بولدى.

«ئەمما، هازىر نۇرغۇن كىشىلەر كىتابخانىلارنىڭ زوقىغا دەخ-
لى قىلىدۇ دەپ، ئادەم ۋە يەر ئىسىملىرىغا ياۋروپا ئېلىپبەسىنىڭ





قوللىنىلىشىغا قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۇ ماقالەمدە ئۇنداق ئې-
لىپبەنى ئىشلەتمىگىنىم تۈزۈك. ئەمىسە قەيەر ئەپلىك بولار؟
خۇنەندىمۇ ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. دالىيەندە بولسا ئۆي هامان قىم-
مەت. ئاڭلىسام ساخار، جىلىن، خېيلۇڭجياڭلاردىمۇ بۇلاڭچىلار
بارمىش، ئۇ يەرلەرمۇ بولمايدۇ!…»

ئۇ يەنە ئويلاندى. لېكىن، ياخشىراق بىر جاي تاپالمىدى.
شۇڭا، ئاخىرى «بەختلىك ئائىلە» جايلاشقان جاينى «A» دەپ
بېلدۈرۈشكە قارار قىلدى.

«قىسقىسى، بۇ بەختلىك ئائىلە A دېگەن جايدا بولۇشى
لازىم. بۇ هەقتە ئويلاپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق. تەبىئىي،
ئائىلىدە ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بولىدۇ. ئۇلار ئەركىن نىكاھ-
لاشقان، 40 نەچچە ماددىلىق ناهايىتى تولۇق توختام تۈزگەن.
شۇڭا، ئائىلىدە ئۇلار ناهايىتى تەڭ ـ باراۋەر ۋە ئەركىن ياشايدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار يۇقىرى مەلۇماتلىق، ئالىيجاناب كى-
شىلەر … ياپونىيىدە ئوقۇغان دەپ يازسام بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ
مودىدىن قالدى … ياۋروپادا ئوقۇغان دەپ يازاي. ئېرى هەمىشە
ياۋروپاچە كىيىنىدۇ، كۆڭلەكلىرىنىڭ ياقىسى هەمىشە قاردەك
ئاپئاق. خوتۇنى چېچىنىڭ ئالدىنى هەمىشە چاڭگا قىلىپ بۈدۈرلى-
تىپ يۈرىدۇ. چىشلىرى هەمىشە ئاپئاق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ؛ لېكىن
كىيىملىرىنى جۇڭگوچە كىيىدۇ…»

— بولمايدۇ، ياق بولمايدۇ! 25 جىڭ!

ئۇ دېرىزە تېشىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ،
ئىختىيارسىز دېرىزە تەرەپكە قارىدى. دېرىزە پەردىسى ساڭگىلاپ
تۇراتتى، دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئۇنىڭ كۆزىنى
چاقاتتى، كېيىن يەرگە چېچىلغان يېرىندى ئوتۇنلارنىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى.

«كارىم بولمىسۇن، — ئۇ يەنە ئىش ئۈستىلىگە بۇرۇلدى ۋە

خىيالغا چۆكتى، — نېمە ‹25 جىڭ›؟»

«ئۇلار ئالىيجاناب كىشىلەر، ئۇلار ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن، كىچىكىدىن بەختلىك ئۆسكەچكە، رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ رومانلىرىنى ياراتمايدۇ… رۇس رومانلىرىنىڭ تولىسىدا تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ رومانلار بۇنداق ئائىلىگە توغرا كەلمەيدۇ. ‹25 جىڭ!›… كارىم بولمىسۇن، ئەمىسە، ئۇلار قانداق كىتابلارنى ئوقۇيدۇ؟ بايروننىڭ شېئىرلىرىنى؟ ياق! كەيتسىنىڭ ئەسەرلىرىنى؟ ياق! بۇمۇ توغرا كەلمەيدۇ! ھە، تاپتىم! ئۇلار ‹غايىدىكى يىگىت›نى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ كىتابنى مەن ئۆزۈم كۆرمىگەن بولساممۇ، ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرىنىڭ ماختىغىنىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭمۇ ياخشى كۆرۈشى چوقۇم، بۇ كىتاب ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قولىدا بىردىن بار…»

ئۇ قورسىقىدا دەسمايە يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ قەلەمنى توختاتتى - دە، بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئالدى، شۇ پەيتتە ئۇنىڭ بېشى خۇددى گلوبۇستەك قىسىلىپ تۇراتتى.

«… ھازىر ئۇلار چۈشلۈك غىزا يەۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئاپئاق داستىخان سېلىنغان. ئاشپەز غىزا — جۇڭگوچە غىزا ئەكىردى… نېمە ‹25 جىڭ›؟ كارىم بولمىسۇن… نېمىشقا جۇڭگوچە غىزا دەپ يازىمەن؟ توغرا، ياۋروپالىقلار جۇڭگوچە غىزانى ناھايىتى تەرەققىي تاپقان، مەززىلىك، مۇۋاپىق دەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار جۇڭگوچە غىزا يەيدۇ. مانا، باش تەخسىدىكى غىزا كەلدى، لېكىن بۇ باش تەخسىدىكى غىزا نېمە بولۇش كېرەك؟…»

— ئوتۇن…

ئۇ چۆچۈپ بېشىنى بۇرىدى. سول تەرەپتە خوتۇنى خۇنۇك كۆزلىرىنى تىكىپ قاراپ تۇراتتى.

— نېمە؟ — خوتۇنۇم ئىجادىي ئىشىمغا دەخلى يەتكۈزدى دېگەندەك قىلىپ ئۇ بىرئاز خاپا بولدى.





— ئوتۇن تۈگەپ كەتكەندى. بۈگۈن يەنە بىرئاز ئوتۇن ئالدىم، ئۆتكەن نۆۋەت 10 جىڭغا 24 تىيىن تۆلىگەنىدىم. بۈگۈن 26 تىيىن ئالىمەن دەيدۇ. 26 تىيىن تۆلىسەم قانداق؟

— مەيلى، مەيلى بوپتۇ، 25 تىيىن بەر.

— جىڭدا بىرئاز ئۆتتۈرۈۋېتىدىغان ئوخشايمىز، ئۇ 24 يېرىم جىڭ ھېسابلايمەن دەيدۇ، 23 يېرىم جىڭ ھېسابلىساق قانداق؟

— مەيلى، 23 يېرىم جىڭ بولسۇن.

— ئۇنداق بولسا، 5 كەررە 5=25، 3 كەررە 5=15…

— ھە، شۇنداق. 5 كەررە 5=25، 3 كەررە 5=15 …—

ئۇمۇ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى. بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، «بەختلىك ئائىلە» يېزىلغان قەغەزگە ھېساب يېزىشقا باشلىدى. بىرئاز ھېسابلىغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— 58 تىيىن! — دېدى.

— ئۇنداق بولسا مەندىكى پۇل يەتمەيدۇ. يەنە 8 - 9 تىيىن كېمىيدۇ …— دېدى خوتۇن.

ئۇ ئۈستەلنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، بارلىق تىيىنلارنى — 20 - 30 تىيىننى ئېلىپ خوتۇنىنىڭ قولىغا بەردى. خوتۇن تىيىنلارنى ئەچىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئىش ئۈستەلگە بۇرۇلدى. ئۇ بىر ئاز بېشى قىيىپ كەتكەنلىكىنى، پىكىر - خىيالىنىڭ پۈتۈنلەي ئوتۇن بىلەن بەند بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى … 5 كەررە 5 = 25… ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىرمۇنچە ئەرەب رەقەملىرىنىڭ ئىمىر - چىمىر ئىزى قالغانىدى. ئۇ خۇددى مېڭىسىدىكى ئوتۇنلارنى، 5 كەررە 5 = 25 نى ۋە ئەرەب رەقەملىرىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك چوڭقۇر بىر دەم ئېلىپ، ئۇنى يەنە قايتىدىن كۈچ بىلەن سىرتقا چىقاردى. دەرۋەقە، شۇ نەپەستىن كېيىن، ئۇ خېلى يېنىكلەشتى، شۇنىڭ بىلەن رەتسىز خىيالىنى

يەنە ئۆز ھالىغا كەلتۈردى.
«قانداق غىزا؟ غىزانى غەيرىيرەك قىلىش كېرەك. قورۇغان
قىيما گۆش، ياغدا پىشۇرۇلغان خەيسېك ۋە باشقىلار تولىمۇ چاكىد-
ىنا. ئۇلارنى ‹لوڭخودو› [10] دەيدۇ، دەپ يېزىشىم كېرەك. لېد-
كىن، بۇ قانداق تائام؟ بەزىلەر يىلان بىلەن مۈشۈكنى گۋاڭدۇڭ-
لۇقلارنىڭ ئېسىل غىزاسى، ئۇنى چوڭ زىياپەتلەردىن باشقا
چاغلاردا يېمەيدۇ، دەيدۇ. ئەمما، مەن بۇ غىزانىڭ ئىسمىنى
‹جياڭسۇ ئاشخانىسى› دا ئاڭلىغانىدىم. جياڭسۇلۇقلار يىلان بىلەن
مۈشۈكنى يېمەيدىغاندەك تۇراتتى. ئېھتىمال، كىمدۇر بىرى ئېيتد-
قاندەك، پاقا بىلەن بېلىق بولسا كېرەك ... ئەمدى بۇ ئەر بىلەن
خوتۇننى قەيەرلىك دەپ يېزىش كېرەك؟ مەيلى، بۇنىڭ كېرىكى
يوق. قىسقىسى، قەيەرلىك بولسا ـ بولسۇن، يىلان بىلەن مۈشۈك-
نى ياكى پاقا بىلەن بېلىقنى قورۇپ يېسە، ئۇنىڭ بەختلىك ئائىلى-
گە زىيىنى تەگمەيدۇ. بولدى، باش تەخسە غىزا ‹لوڭخودو›
بولسۇن. بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.
شۇنىڭ بىلەن باش تەخسە غىزا ‹لوڭخودو› جوزىغا قويۇلى-
دۇ. ئىككىلەن چوكىنى تەڭلا ئېلىپ، تەكەللۇپ بىلەن كۈلۈمە-
سىرەپ بىر ـ بىرىگە قارىشىدۇ.

—My dear,please.

—Please you eatferst, my dear.

—oh no, please you![11]

ئىككىلەن چوكىنى تەڭلا ئۇزىتىپ، بىر پارچىدىن يىلان
گۆشىنى — ياق، بولماپتۇ، يىلان گۆشى غەلىتە تۇرىدىكەن، بېلىق
گۆشى بولسۇن — تەڭلا قىسىۋالىدۇ. ئۇنداق بولسا، بۇ غىزا —
‹لوڭخودو› پاقا بىلەن بېلىقتىن پىشۇرۇلغان بولىدۇ. ئىككىلەن
بىر پارچىدىن بېلىق گۆشىنى قىسىۋېلىشىدۇ. توغرالغان بۇ گۆش-
لەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش... 5 كەررە 5 = 25، 3





كەررە ... كارىم بولمىسۇن، ئۇلار چوكىلىرىدىكى گۆشنى ئاغزىغا
تەڭلا سېلىشىدۇ... »
ئۇنىڭ ئىختىيارسىز ئارقىسىغا قارىغۇسى كەلدى. چۈنكى،
ئۇ كىمدۇر بىراۋنىڭ ئارقىسىدا بىردەم ئۆيگە كىرىپ، بىردەم
تاشقىرىغا چىقىپ، بىسەرەمجان قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەنىدى.
شۇنداق بولسىمۇ، ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ داۋاملىق ئويلاندى.
«بۇ بىرئاز مۇۋەپپەقىيەتسىز بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنداق
ئائىلە نەدىن تېپىلسۇن؟ ھەي، مېنىڭ پىكىر ـ خىيالىم نېمىشقا
بۇنداق مالىمان؟ بۇ ياخشى تېمىنى يېزىپ بىر باشقا چىقىرالمايد-
غان ئوخشايمەن... چەت ئەللەردە ئوقۇغان كىشىلەرنى يازماي،
مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆزىدە ئالىي مەلۇمات ئالغان كىشىلەرنى ياز-
سامۇ بولىدىغۇ... ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەن
ئالىيجاناب كىشىلەر... ئېرى ئەدىب، خوتۇنىمۇ ئەدىب ياكى ئەدەبىد-
ياتنى ياخشى كۆرىدۇ، ياكى خوتۇنى شائىرە؛ ئېرى شېئىر خۇمار،
ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىدۇ ياكى...»
ئۇ ئاخىر چىدىماي ئارقىسىغا قارىدى. ئارقىسىدىكى كىتاب
جازىسى يېنىدا بىرنەچچە تۈپ بەسەي تۇراتتى. بۇ بەسەيلەر ئاستىغا
ئۈچ تۈپ، ئوتتۇرىسىغا ئىككى تۈپ، يۇقىرىسىغا بىر تۈپ تىزىلغان
بولۇپ، بۇ ئۇنىڭغا خۇددى ناھايىتى چوڭ بىر A ھەرپى شەكلىدە
كۆرۈنەتتى.
«ھەي ي ي! — ئۇ چۆچۈگەن ھالدا بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك
تىندى، يۈزىمۇ لىپپىدە قىزىدى. گەجگىسى خۇددى يىڭنە سانجىل-
غاندەك سانجىلىپ ئاغرىدى، — ھىم م م...» ئۇ بىر ئۇھ تارتىپ
گەجگىسىدىكى سانجىقنى باسقاندىن كېيىن يەنە خىيالغا كەتتى.
«بەختلىك ئائىلىنىڭ ئۆيلىرى كەڭ ـ ئازادە بولىدۇ. بەسەي
ۋە باشقىلارنى قويىدىغان مەخسۇس ئۆيىمۇ بولىدۇ. ئېرىنىڭ مەخ-
سۇس كىتاب قويىدىغان ئايرىم بۆلۈمى بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئىككى

تېمىغا كىتاب جازىلىرى قويۇلىدۇ. ئۇ جازىلارنىڭ يېنىدا ئەلۋەتتە، بەسەي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بولمايدۇ. جازا پۈتۈنلەي جۇڭگو ۋە چەت ئەل كىتابلىرى بىلەن تولىدۇ. ‹غايىدىكى يىگىت› ھەم شۇ قاتاردا — بۇ كىتابتىن بۇ ئائىلىدە ئىككى نۇسخا بار. ياتاقخانا يەنە ئايرىم بولۇپ، ئۇنىڭدا سىم كارىۋات بولىدۇ ياكى ئاددىيراق بولسا، بىرىنچى تۈرمە كارخانىسىدا ئىشلەنگەن قارىياغاچ كارىۋىتى قويۇلىدۇ. كارىۋاتنىڭ ئاستى ناھايىتى پاكىز…»

ئۇ دەرھال ئۆز كارىۋىتىنىڭ ئاستىغا كۆز تاشلىدى. ئوتتۇن ئاللىقاچان تۈگىگەنىدى. كارىۋات تېگىدە پەقەت پاخالدىن ئىشلەنگەن بىر كۇلا ئارغامچا خۇددى ئۆلگەن يىلانغا ئوخشاش دالىيىپ ياتاتتى.

«23 يېرىم جىڭ…» ئۇ ئوتتۇننىڭ كارىۋات ئاستىغا تۆكۈلۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى پەملەپ يەنە دىققىتى بۇزۇلدى ـ دە، ئىشىكنى يېپىپ قويۇش ئۈچۈن دەرھال ئورنىدىن تۇردى، ئەمما قولى ئىشىككە تېگىشى بىلەن يەنە قوپاللىق بولمىسۇن دېگەندەك قىلىپ ئىشىكنى قويۇۋەتتى، پەقەت ئىشىكنىڭ توزان بېسىپ كەتكەن پەردىسىنىلا چۈشۈرۈپ قويدى ۋە ئىچى تارلىق قىلغاندەكمۇ بولمىسۇن، ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ، پەردىسىنى چۈشۈرۈشۈم «مادارا»غا توغرا كېلىدۇ، دەپ ئويلىدى.

«… شۇڭا ئېرىنىڭ كىتاب بۆلۈمى ھەمىشە تاقاقلىق تۇرىدۇ، — ئۇ قايتىپ كېلىپ ئورنىغا ئولتۇردى ۋە يەنە ئويلاندى، — ئىشى بار ئادەم ئاۋۋال ئىشىكنى چېكىدۇ، رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىن كىرىدۇ»، بۇ ھەقىقەتەن توغرا چارە. ئەگەر ئېرى ئۆزىنىڭ كىتاب بۆلۈمىدە ئولتۇرغان بولۇپ، خوتۇنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدا پاراڭلاشقىلى كىرمەكچى بولسا، ئاۋۋال ئىشىكنى چېكىدۇ. ئەمدى خاتىرجەم بولۇش كېرەك. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا خوتۇنى بەسەي كۆتۈرۈپ كىرمەسلىكى





مۇمكىن.

—Come in, please, my dear[12]

لېكىن، ئېرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۈستىدە پاراڭ قىلىپ بېرىشكە چولىسى تەگمىسە قانداق بولىدى؟ ئۇ چاغدا پەرۋا قىلمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمىسە ئۇ تاشقىرىدا ئىشىك چېكىپ تۇرۇۋېرەمدۇ؟ ئۇنداق قىلىش توغرا بولمىسا كېرەك. بۇ ھەقتە بەلكىم ‹غايىدىكى يىگىت›، دە يېزىلغاندۇ — ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى رومان بولسا كېرەك. قەلەم ھەققى ئالسام، شۇ روماندىن بىر نۇسخا سېتىۋېلىپ ئوقۇپ باقمىسام بولمايدۇ…

— چاڭ!

ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. چۈنكى، ئۇ ئۆز تەجرىبىسى بويىچە بۇ ئاۋازدىن خوتۇنىنىڭ ئۈچ ياشلىق قىزىنىڭ كاچىتىغا ئۇرغانلىقىنى بىلدى.

«بەختلىك ئائىلە … — ئۇ بالىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىدى. شۇنداق بولسىمۇ تىك ئولتۇرغىنىچە يەنە ئويغا كەتتى، — ئۇلار كېيىنرەك بالىلىق بولىدۇ. ياق، ئۇلارنىڭ بالىسىز، تەنھا بولغىنى ياخشىراق. ئۇلار سارايدا ئولتۇرىدۇ، ئۆيىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى سارايۋەنگە كۆتۈرە بېرىدۇ … — بالىنىڭ يىغىسى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك پەردىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ، — ماركس قىزى يىغلاپ تۇرسىمۇ ‹كاپىتال›نى يېزىۋەرگەنىكەن. شۇڭا، ئۇ ئۇلۇغ ئادەم…» دەپ ئويلىدى ۋە تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ، دەرپەردىنى ئېچىۋىدى، بۇرنىغا كىرسىنىڭ پۇرىقى كەلدى. ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە دۈم ياتقان بالا ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا يىغلاپ تېلىقىپ كەتتى.

— بولدى، بولدى، ئاپئاق بالام، يىغلىماڭ، — ئۇ ئېڭىشىپ بالىنى قولىغا ئالدى.

ئۇ بالىنى قۇچاقلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلغاندا، خوتۇنى ئىشىك-

نىڭ سول تەرىپىدە، خۇددى گىمناستىكا ئويناشقا تەييار تۇرغان كىشىدەك، ئىككى قولىنى بېلىگە تايىنىپ غەزەپ بىلەن غادىيىپ تۇراتتى.

— مېنى بوزەك قىلمىغان سەن قالدىڭمۇ، ياردەم قىلىشتا يوق، بۇزۇشنىلا بىلىسەن، لامپىنىمۇ ئۆرۈۋېتىپسەن، ئاخشاملىققا نېمە ياققۇلۇق؟…

— بولدى، بولدى، يىغلىماڭ، ئاپئاق بالام، — ئۇ خوتۇنىنىڭ تىترىگەن ئاۋازلىرىغا پەرۋا قىلماستىن بالىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى ۋە بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ: «ئاپئاق بالام، يىغلىماڭ» دەپ ئۇنى يەرگە قويدى، ئۆزى بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكېلىپ ئولتۇردى ـ دە، بالىنى ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ: «يىغلىماڭ جۇمۇ، دادىڭىز مۇشۇكنىڭ يۈز يۇيۇشىنى دوراپ بېرىدۇ» دەپ، بويىنىنى سوزۇپ، تىلىنى چىقىرىپ، قولىنى ئاغزىدىن يىراق تۇتۇپ ئالىقىنىنى يالىغان بولدى، كېيىن ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى يۇغان بولۇپ ئۇنى بەزلىدى.

— ھى … ھى … ھى …— قىز كۈلدى.

— ھە، مانا، مانا …— ئۇ يەنە بىرنەچچە قېتىم دورىدى، قىز كۈلۈمسىرەپ ياش تامچىلىرى ئىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇراتتى. ئۇ تۇرۇپلا خىيال سۈرۈپ قالدى. چۈنكى، قىزنىڭ ئوماققىنا ساددا يۈزى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىپقىزىل كالپۇكلىرى بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇنقى ئانىسىنىڭ كالپۇكلىرىغا تولىمۇ ئوخشايتتى، لېكىن كىچىكرەك ئىدى. شۇ چاغدىمۇ ھاۋا ئوچۇق قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى، خوتۇنى ئۇنىڭ بارلىق توسالغۇلارغا قارشى تۇرىمەن، سېنىڭ ئۈچۈن جېنىم پىدا، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا، شۇنداق كۈلۈمسىرەپ، ياش تامچىلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككەنىدى.

ئۇ ھاڭۋېقىپ خۇددى مەست كىشىدەك ئولتۇرۇپ قالدى.





«ھەي، سۆيۈملۈك كالپۇكلىرىڭ…» دېدى ئىچىدە.

ئىشىك پەردىسى بىردىنلا قايرىلدى، ئوتۇن ئۆيگە توشۇلدى.

ئۇ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى: بالا كۆزلىرىدە ياش، قىپقىزىل كالپۇكلىرى ئېچىلغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. «كالپۇكلىرىڭ…» ئۇ يان تەرىپىگە قارىدى. ئوتۇن ئۆيگە كىرگۈزۈلمەكتە، «… ئۇمۇ بەلكىم كەلگۈسىدىمۇ 5 كەررە 5 = 25، 9 كەررە 9 = 81 بولۇۋېرەر! … بەلكىم كۆزلىرىمۇ خۇنۇك…» ئۇ خىيال سۈرۈۋېتىپ، ھېلىقى بىر قۇر ماۋزۇ ۋە خام چوت يېزىلغان يېشىل سىزىقلىق قەغەزنى سىقىملىۋېلىپ مىجىقلىدى، كېيىن يەنە ئۇنى ئېچىپ قىزىنىڭ كۆز يېشى ۋە بۇرنىنى سۈرتتى.

— ئاپئاق بالام، ئۆزىڭىز ئويناڭ، — ئۇ بالىنى نېرى ئىتتىرىپ، ھېلىقى مىجىقلانغان قەغەزنى ئەخلەت قاچىسىغا تاشلىدى.

لېكىن، بالىغا يەنە ئىچى ئاغرىدى. ئۇ تايىتاڭلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان بالىسىغا يەنە بۇرۇلۇپ قارىدى، قۇلىقى بولسا كارىۋات ئاستىغا تۆكۈلۈۋاتقان ئوتۇنىنىڭ ئاۋازىدا ئىدى. ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يىغىش ئۈچۈن يەنە بېشىنى ئۇستەلگە بۇراپ، كۆزىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سارغۇچ بەرگىلىك بىر تال ياپىلاق قارا گۈل پەيدا بولۇپ، سول كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىن ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى؛ ئۇنىڭ كەينىدىن قارا ـ كۆك بەرگىلىك بىر تال سۇزۇك يېشىل گۈل ئۆتتى؛ ئۇنىڭ كەينىدىن ئالتە تۇپ بەسەي دۆۋىسى كۆز ئالدىدا چوڭ بىر A ھەرپى شەكلىدە پەيدا بولدى.

1924 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

# سوپۇن

سىمىننىڭ خوتۇنى كۈننىڭ قىيپاش شولىسىدا يورۇپ تۇرغان دېرىزىگە كەينىنى قىلىپ، سەككىز ياشلىق قىزى شيۇئەر بىلەن ئالتۇن يالاتقان قەغەزلەردىن ئويۇنچۇق ياساۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا ئىشىكنىڭ كەينىدىن ئاستا، ئېغىر بېسىپ كېلىۋاتقان لاتا خەي تىۋىشى ئاڭلاندى. يۇمشاق خەي بىلەن سى مىننىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىپ، كەينىگە قارىماستىن ئىشىنى داۋام قىلىۋەردى. ئاياغ تىۋىشى يېقىنلىشىپ، سىمىن خوتۇنىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. خوتۇنى ئىختىيارسىز بۇرۇلدى. سى مىن خوتۇنىنىڭ ئالدىدا مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ، كالتە چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر نەرسىنى ئېلىۋاتاتتى.

ئۇ ئاخىر خوتۇنىغا كۆكۈچ رەڭدىكى ئۇزۇنچاق تۆت بۇرجەكلىك بىر بولاقنى سۇندى. خوتۇنى بولاقنى ئېلىشى بىلەن زەيتۇن دەرىخىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش بىر بەلگىسىز پۇراقنى سەزدى ۋە ئۇنىڭ كۆكۈچ تېشىدىكى ئالتۇن رەڭلىك تامغىغا ھەم ئىمىر-چىمىر گۈللۈك نەقىشلەرگە كۆزى چۈشتى. شۇ ئارىدا شيۇئەر يۈگۈرۈپ كېلىپ بولاقنى تالاشتى، ئانىسى ئىتتىرىۋەتتى.

خوتۇن بولاققا تىكىلىپ قاراپ:

— بازارغا باردىڭىزمۇ؟... — دەپ سورىدى.

سىمىنمۇ بولاقتىن كۆزىنى ئۈزمەي:

— ھەئە! — دەپ جاۋاب بەردى.

بولاقنى ئاچقان چاغدا، تاشقىرىسىغا ئورالغان كۆكۈچ قەغەز-





نىڭ تېگىدىن يەنە بىر ناھايىتى نېپىز قەغەز قاتلىمى چىقتى، بۇ نېپىز قەغەزمۇ كۆكۈچ رەڭدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئاقۇچ كۆك رەڭدىكى يالتىراپ تۇرغان قاتتىق بىر نەرسە ئورالغانىدى، نېپىز قەغەزدىن ئاجراتقان چاغدا، ئۇ ئاق رەڭلىك بولۇپ چىقتى، زەيتۇن دەرىخىنىڭ پۇرىقىغا ناھايىتى ئوخشايدىغان نامەلۇم پۇراق تېخىمۇ كۈچەيدى.

كۆكۈچ نەرسىنى ئىككى قولى بىلەن خۇددى بوۋاقنى ئاۋايلىغاندەك ئاۋايلاپ بۇرنىغا ئەكېلىپ پۇراپ:

— پاھ ئەجەبمۇ ياخشى سوپۇن ئىكەن! — دېدى خوتۇنى.

— شۇنداق! بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنى ئىشلەت...

خوتۇن ئېرىنىڭ بوينىغا تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ، چوغدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بوينىغا، خۇسۇسەن قۇلاقلىرىنىڭ كەينىگە قول تەگكۈزگەن ۋاقىتلاردا، بەجايىكى بىر يىرىك قاسىراقلارنى تۇتقاندەك بولاتتى. بۇنىڭ نەچچە يىللار داۋامىدا يىغىلغان كىر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقاچان، ھېچقانداق ئەھمىيەت بەرمەيتتى. مانا ھازىر ئېرىنىڭ كۆز قارىشى ئاستىدا، مۇنداق ئاجايىپ پۇراقلىق، چەت ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن كۆكۈچ سوپۇننى قولىدا تۇتقان ھالدا، ئۇ ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى ۋە كەچكى تاماقتىن كېيىنلا بۇ سوپۇن بىلەن تاپتازا بولغۇچە يۇيۇنماقچى بولدى.

«بەزىبىر يەرلىرىمنىڭ كىرىنى شاخار بىلەن يۇيۇپ چىقىرىشقا بولمايتتى» دەپ ئويلىدى ئۇ.

شيۇئەر كۆكۈچ بولاقنى ئېلىشقا تىرىشىپ:

— ئاپا! بۇنى ماڭا بەرگىنە، — دەپ قولىنى سۇندى. شۇ ئارىدا كىچىك قىز جاۋئەرمۇ تالادىن يۈگۈرۈپ كىردى. ئانىسى ئۇلارنى ئىتتىرىۋەتتى - دە، بولاق سوپۇننى ئاۋۋال نېپىز، ئاندىن كۆكۈچ قەغەزلەر بىلەن ئوراپ، يۈز يۇيىدىغان قاچىنىڭ تۆپىسىگە

ئېلىپ قويدى. خوتۇن ئۇنىڭغا يەنە بىرەر قېتىم قاراپ قويۇپ، قايتىدىن ئويۇنچۇق ياساشقا كىرىشتى.

— شۆچېڭ! — دەپ ئاۋازىنى سوزۇپ چاقىردى سىمىن بىر نەرسىنى تۇيۇقسىز ئېسىگە چۈشۈرگەندەك ۋە خوتۇنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئېگىز ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

— شۆچېڭ! — دەپ تەكرارلىدى خوتۇنى، گويا ئېرىگە ياردەملىشىپ چاقىرغاندەك قىلىپ.

خوتۇن ئويۇنچۇق ياساشنى توختىتىپ، تىڭشاپ ئولتۇردى، ھېچقانداق جاۋاب ئاڭلانمىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئېرىنىڭ تاقەتسىز كۈتۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، بىرئاز خىجىل بولدى ۋە قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن:

— شۆچېڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ قېتىمقى ئاۋاز ئۈنۈم بەردى: بەتتىنكە كىيگەن كىشىنىڭ ئالدىراش كېلىۋاتقىنى ئاڭلاندى، قىسقا ئىشتان كىيگەن شۆچېڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ تولۇق ۋە دۈگىلەك يۈزى تەردىن پارقىراپ كەتكەنىدى.

— قاياقتا يوقىلىپ كەتتىڭ؟ داداڭنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئانىسى ئاچچىقلاپ.

— مەن چامباشچىلىقنى مەشىق قىلىۋاتاتتىم ... — دەپ شۆچېڭ دەرھال سىمىنغا بۇرۇلدى - دە، «لەببەي» دېگەندەك قىلىپ، ئالدىدا تىك تۇرۇپ ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدى.

— شۆچېڭ، «ئودۇفۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ سېنىڭدىن شۇنى سوراي دېگەنىدىم.

— «ئودۇفۇ»؟... بۇ بەلكىم، «ئابدال، دەللە» دېگەن سۆزمىكىن...

— ھەي كالۋا! پوق يەپسەن! — دەپ بىردىنلا ئېرىكىپ كەتتى سىمىن، — مەن «ئايال»مۇ؟ «دەللە»مۇ؟





شۆچېڭ شۈنچىلىك قورقتىكى، كەينىگە شوخشۇپ، تېخىمۇ تىك تۇرۇپ قالدى. راست، بەزىدە ئۇ سىمىننى سەھنىدە رول ئويناپ تۇرغان قېرىلارغا ئوخشىتاتتى، لېكىن ئايالغا ئوخشىتىش مۇمكىن دېگەن ئوي ھېچقاچان ئۇنىڭ بېشىغا كەلمىگەن. شۆچېڭ ئۆزىنىڭ خاتا جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلدى.

— سەن «ئادۇفۇ» دېگەن سۆز ئابدال، دەللە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەمسىنا؟ مەن چۈشەنمەي سەندىن سوراۋاتىمەن. بۇ خەنزۇچە سۆز ئەمەس، پەرەڭلەرنىڭ سۆزى ... ئاڭلاۋاتامسەن؟ بۇ نېمىدېگەن گەپ، ھە؟ سەن بۇ سۆزنى چۈشىنەمسەن؟

— مەن... مەن چۈشەنمىدىم! — دەپ شۆچېڭ تېخىمۇ مەڭدەپ كەتتى.

— سېنى بىكاردىن - بىكار ئوقۇتۇپتىمەن! شۇنداق ئەرزىمەس نەرسىنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن! تېخى بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقاندا سۆزلەشكىمۇ، ئاڭلاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، دەپ ماختىنىشىدىكەن، ئىسىت! ئوقۇتقىنىمدىن ھېچ نەتىجە چىقمىدىغۇ! سىلەرگە ھېچ نەرسە ئۆگىتەلمەپتۇ... بۇ سۆزنى پەرەڭلەرنىڭ تىلىدا ئېيتقان بالىنىڭ يېشى 15لەردە بار. ساڭا قارىغاندا كىچىك، لېكىن ئۇ بۇ تىلدا جاۋۇلداپ سۆزلەيدىكەن! سەن بولساڭ تېخى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنمەيسەن! سېنىڭ ئۈچۈن «چۈشەنمەيمەن» دەپ ئېيتىش ئۇيات ئەمەسمۇ! ماڭ، يۈگۈر، بۇ سۆزنى ھازىرلا لۇغەتتىن تېپىپ بەر!

شۆچېڭ خوپ دەپ دۇدۇقلىدى ۋە ئىززەت بىلەن چىقىپ كەتتى.

— بۇ نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش، — دېدى سىمىن ۋە كېيىن مەردانە غەزەپ بىلەن سۆزلىدى، — ھازىرقى ئوقۇغۇچىلارغا ئىسىت ... ئەسلىدە گۇاڭشۈي ۋاقتىدا، زامانىۋى مەكتەپ ئېچىلسۇن، دەپ ئەڭ ئاۋۋال ياقلىغان مەن ئىدىم. ھازىرقى مەك-

تەپلەرنىڭ بۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قېلىشى ئويۇمغىمۇ كەلمىگەنىدى: قانداقتۇر ئازادلىق، ئەركىنلىك، ۋەھاكازا دەيدۇ، لېكىن ھەقىقىي بىلىم بېرىش دېگەن ئەسلا يوق! ھەممىسى قۇرۇق سۆز. مانا مەسىلەن، بىزنىڭ شۆچىڭنى ئالايلى، ئۇنىڭغا قانچىلىك پۇل سەرپ بولدى، لېكىن ھەممىسى بوشقا كەتتى. ئۇنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئىنگلىزچە، خەنزۇچە مەكتەپكە كىرگۈزدۈم، ئۇ مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى «سۆزلەش - تىڭشاش ئۇسۇلى» بويىچە ئوقۇتۇلىدىكەن، ئاخىر بىرنېمە بولار دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن ھېچنېمە چىقمىدى. ئوقۇۋاتقىنىغا توپتوغرا بىر يىل بولدى، لېكىن «ئودۇفۇ» دېگەن نېمە؟ بىلمەيدۇ! ئېھتىمال بۇ مەكتەپمۇ ئۆلۈك ئوقۇتۇۋاتسا كېرەك. شۇنىڭ ئېتىمۇ زامانىۋى مەكتەپمۇ! نېمىگە يارايدۇ! ھەممىسىنى تامامەن يېپىپ تاشلاش كېرەك!

— راست، يېپىپ تاشلىسا، يامان بولمايدۇ ...— دەپ قۇۋۋەتلىدى خوتۇنى ئويۇنچۇق ياساۋېتىپ.

— شيۇئەر بىلەن كىچىكىنى زامانىۋى مەكتەپكە بەرمەيلى! ئېسىمدە، ئىلگىرى چوڭ تاغام ھەمىشە: «قىزلارنى ئوقۇتۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟» دەپ ئېيتاتتى، تېخى ئۇنى ئاياللارنىڭ بىلىم ئېلىشىغا قارشى تۇردى دەپ ئەيىبلەپتىمەن. ئەمدى ئويلاپ قارىسام، قېرىلار توغرا ئېيتقانىكەن. قىزلارنىڭ توپ - توپى بىلەن كوچىمۇ كوچا سەيلە قىلىشىپ يۈرۈشلىرىنىڭ ئۆزىلا بىر كېلىشمەسلىك ئەمەسمۇ. تېخى بۇ نېمە! يېڭى رەسمىي - قائىدە بويىچە چاچلىرىنى قىرقىتىپ يۈرىدىغان بوپتۇ. مېنىڭ بۇ قىرقىما چاچ ئوقۇغۇچى قىزلارنى كۆرەر كۆزۈم يوق. توغرا ئېيتىمەنكى، بۇ ئوقۇغۇچى قىزلارغا قارىغاندا، ھەربىي قاراقچىلار تۈزۈك ئىكەن. جۇڭگودا ھەممىنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇشىمۇ قىزلارنىڭ كاساپىتى. بۇلارنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىش كېرەك ... ھە، راست! بارلىق ئەركەكلەرنىڭ خۇددى موناخلارغا ئوخشاش تاقىرباش بولۇپ





يۈرۈشى يەتمەي، يەنە تېخى خوتۇن - قىزلار ئىبادەتخانا بۇۋىلىرى تەخلىتىدە يۈرىدىغان بولۇۋاپتۇ![13]

— شۆچىڭ!

شۆچىڭ كىچىككىنە، لېكىن قېلىن بىر كىتابچىنى ئېچىپ تۇتقان ھالدا يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىردى. ئۇ ئوچۇق كىتابنىڭ بىر يېرىنى ئاتىسىغا كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ ئوخشاپراق تۇرىدۇ ...— دېدى.

سىمىن بۇنىڭ لۇغەت ئىكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن ھەرپلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئۇششاق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قۇرلار يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بولماي، توغرىسىغا بېسىلغانىدى. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، دېرىزە تۆۋىنگە كەلدى - دە، كىتابنىڭ شۆچىڭ كۆرسەتكەن جايىغا چەكچىيىپ قاراشقا باشلىدى ۋە ئوقۇدى:

— «XVIII ئەسىردە قۇرۇلغان خەيرىيە ئۇيۇشمىسىنىڭ نامى» ھە ... ياق! دۇرۇس ئەمەس! — ئۇ خەنزۇچە يېزىقنىڭ ئالدىدىكى «پەرەڭ» ھەرپلىرىنى كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ قانداق ئوقۇلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئوتە فۇلوسى (oddfellows).

— ياق! ئۇنداق ئەمەس! بۇ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ! — سىمىن يەنە تېرىكىپ كەتتى، — ئۇ سۆز ماڭا ئوخشاشلارغا ھاقارەت قىلىدىغان ئەپسانە سۆز، يامان سۆز بولسا كېرەك دەپ ئېيتتىمغۇ ساڭا ... ئۇقتۇڭمۇ؟ ماڭ - يۈگۈر، ئىزدەپ تاپ!

ئانىسى بالىسىنىڭ مۆلدۈرلەپ قاراپ، ئالاقزادە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ يا بېشى، يا ئايىغى يوق قانداق تېپىشماق؟ قايسى يەردىن ئىزدەش كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ، ئوبدانراق چۈشەندۈرۈپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپ شۆچىڭنى ھىمايە قىلغان، لېكىن سىمىنگە نارازى

بولغان بىر ئاھاڭدا سۆزلەيتتى.

— «گۇاڭرۇڭشياڭ» دۇكىنىدىن سوپۇن سېتىۋېلىۋاتقان چېغىمدا، — دەپ باشلىدى سىمىن بىر تىنىۋېلىپ، خوتۇنىغا بۇرۇلۇپ، — ئۇ يەردە ئۈچ ئوقۇغۇچى بىر نەرسىلەرنى ئېلىشىۋاتقانىكەن، مەن ئۇلارغا كۈلكىلىك بولۇپ كۆرۈنسەم كېرەك. بۇ سوپۇننى ئېلىشتىن ئىلگىرى بەش - ئالتىسىنى تاللاپ قارىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نەرخى 40 تىيىندىن ئىكەن، ئالمىدىم. 10 تىيىنلىكلىرىمۇ بار ئىكەن، لېكىن ناھايىتى ئوسال ۋە ھېچقانداق پۇرىقى يوق. مەن ئوتتۇرا باھاغا ئالغىنىم ياخشىراق بولار دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم - دە، 20 تىيىنغا مۇشۇ سوپۇننى تاللىۋالدىم. دۇكاندارلار پايدىغا جان بېرىدۇ، ئۇلار كۆزلىرىنى ئالايتىشىپ، خۇددى ئىتلاردەك تۇمشۇقىنى شۇمشەيتكىلى تۇردى. بۇ ئاردا، ئۇنىغانغا يونىغاندەك، ھېلىقى ئوقۇغۇچى شۇمتەكلەر بىر - بىرلىرىنى نوقۇپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىشقا باشلىدى ۋە كۈلكىلىك بىرنېمىلەرنى ئېيتىشىپ، شەيتان تىلىدا بىلجىرلاشتى. پۇل تۆلەشتىن ئىلگىرى سوپۇننىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كۆرمەكچى بولۇۋىدىم، چۈنكى پەرەڭ قەغىزى بىلەن ئورالغان ئەمەسمۇ! سوپۇن ياخشىمۇ ياكى ئوسالمۇ، قانداق بىلىشكە بولىدۇ؟ لېكىن ھېلىقى تەلەتى قۇرۇغۇر دۇكاندار قوپاللىق بىلەن كەلسە - كەلمەس سۆزلەپ ۋالاقلىدى. ھېلىقى ھارامزادە باللارمۇ قوشۇلۇپ زاڭلىق قىلغىلى تۇردى، بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى مېنىڭ كۆزۈمگە تىكىلىپ قاراپ، ھېلىقى سۆزنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى ... شۇنداق، بۇ سۆز ناھايىتى يامان سۆز بولسا كېرەك ... — ئۇ شۆچىڭغا بۇرۇلۇپ، — بۇ سۆزنى لۇغەتنىڭ «يامان سۆزلەر» بار قىسمىدىن ئىزدەپ تاپ، پەقەت شۇ قىسمىدا بولسا كېرەك، — دەپ قوشۇپ قويدى.

شۆچىڭ يەنە «خوپ» دەپ دۇدۇقلىدى - دە، ھۆرمەت -





ئىززەت بىلەن چىقىپ كەتتى.

— ئۇلار تېخى «يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى مەدەنىيەت» دەپ ۋالاقلىشىدۇ. يەتكەن يېرى ئەنە شۇ! ئۇلارغا بۇ ئاز تېخى! — دەپ تېرىكىشنى داۋام قىلاتتى سىمىن كۆزىنى تورۇستىن ئۈزمەي، — ئوقۇغۇچىلاردىمۇ، جەمئىيەتتىمۇ ئەخلاق قالمىدى، ئەگەر مۇنداق داۋام ئېتىۋېرىدىغان بولسا، جۇڭگو توغرىدىن - توغرا ھالاك بولىدۇ، بىلەمسەن! مۇنداق ھالەتتە كۈن كۆرۈش قانچىلىك ئېغىر ...

— نېمە؟ — دەپ ئېرەنسىزلىك بىلەن سورىدى خوتۇنى.

— مەن ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادار بىر قىزنى كۆردۈم، — دېدى سىمىن جىددىيلىك بىلەن، — كوچىدا ئىككى تىلەمچى: 18 — 19 ياشلاردىكى قىز، راستىنى ئېيتقاندا، تىلەمچىلىك بۇ ياشتىكى قىزغا مۇناسىپ ئەمەس، لېكىن ئۇ قىز تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. ئۇ قىز 70 ياشلارغا كىرگەن، چاچلىرى ئاقارغان قارىغۇ موماي بىلەن بىللە ئىكەن. ئۇلار گەزمال ساتىدىغان دۇكاننىڭ لەمپىسى ئاستىدا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ قىزنى ئاشۇ مومايىنىڭ نەۋرىسى دېيىشتى. قىز تىلەپ تاپقان نەرسىلەردىن ھېچنېمە ئالماستىن، قورسىقى ئاچ قالسىمۇ، ھەممىسىنى مومايغا بېرىدىكەن. سەن قانداق ئويلايسەن، خەير بەرگۈچىلەر كۆپ دەمسىنا؟ — دەپ، سىمىن جاۋاب كۈتكەندەك خوتۇنىغا قارىدى.

خوتۇنى ئۈنچىقماستىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ تۇراتتى.

— ياق! — دەپ داۋام قىلدى ئۇ جاۋاب كۈتمەستىن، — مەن ئاخىر كىمدۇر بىرى كېلىپ، ئۇ قىزغا يېرىم تىيىن بەرگۈچە ئۇزاق قاراپ تۇردۇم. ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ تاماشا قىلاتتى. قانداقتۇر ئىككى بىكار تەلۋىلەر كېلىپ ئەپسانە گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى. بىرى ئىككىنچىسىگە قاراپ: «ھوي ئاغىنە، سەن بۇ قىزنىڭ مۇنداق ئىپلاس ئىكەنلىك-

گە قارىما، ئىككى توقاچ سوپۇن سېتىۋېلىپ راسا يۇيۇنسا، مانا شۇ ۋاقىتتا پەيزىنى كۆرسەن!» دېدى. مۇشۇمۇ گەپمۇ، ئويلىغىنا!

— ھىم ـ م! — دەپ خوتۇنى بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتتى. بىر ئاز جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن ناھايىتى سىلىقلىق بىلەن:

— سەن ئۆزۈڭ ئۇ قىزغا بىرەر نەرسە بەردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەنما؟ ياق، بەرمىدىم. ئۇنىڭغا پارچە پۇل بېرىشكە خىجىل بولدۇم. سەۋەبى ئۇ قىز ئاددىي تىلەمچىدىن ئەمەس، ھەر ھالدا ...

خوتۇنى ئاخىرغىچە تىڭشىماستىنلا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. كەچ كىردى، گۇگۇم چۈشۈۋاتاتتى، كەچكى تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.

سىمىنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. ئۆيگە قارىغاندا تالا يورۇقراق ئىدى. شۆچېڭ ھويلىنىڭ تۆرىدە چامباشچىلىق مەشقىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭغا «ئائىلە تەربىيىسى» بويىچە بېرىلگەن «ئۆي كۆنۈكمىلىرى» بولۇپ، ھەمىشە قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا شۇغۇللىناتتى. كۈندۈزى بولسا، باشقا دەرسلەرنى تەييارلايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىۋاتقىنىغا يېرىم يىلدىن كۆپرەك بولدى. سىمىن بۇنىڭدىن رازى بولغاندەك بېشىنى مىدىرلاتتى ـ دە، ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ ھويلىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ھويلىدا — قاچىدا مەڭگۈ كۆكىرىپ ئۆسۈپ تۇرغان ئۆسۈملۈكنىڭ قۇلاقلىرى قاراڭغۇدا كۆزدىن غايىب بولدى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن گويا تۈڭلۈكتىن كۆرۈنگەندەك، يۇلتۇزلار پىلدىرلىماقتا. قاراڭغۇ باشلاندى. سىمىن خۇددى ئۇلۇغ قەھرىمانلىق كۆرسىتىش ئالدىدا تۇرغاندەك، ھەممە ئوقۇغۇچىلار ۋە پۈتۈن بۇزۇلغان جەمئىيەت بىلەن ئېلىشىپ كۆرۈشكە تەييار تۇرغاندەك،





بىردىنلا يەنە غەزەپلەندى. ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى قايىنىشىغا بېقىپ، مەھكەم ۋە جىددىي بېسىپ مېڭىشقا باشلىدى. ئەنسىزلەنگەن توخۇ ۋە چۈجىلەر كاتەكتە تېپىرلىشىپ قاقاقلىشىپ قالدى.

ئاشخانىدا چىراغ يېقىلدى. بۇ كەچكى تاماققا ئولتۇرۇشنىڭ بەلگىسى ئىدى. بارلىق ئائىلە يىغىلىپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئۈستەلنىڭ چۆرىسىگە ئولتۇرۇشتى. چىراغ سىمىننىڭ ئۇدۇلىدا تۇراتتى، ئۇ تۆردە ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈزى خۇددى شۆچېڭنىڭ يۈزىگە ئوخشاش كەڭ ۋە دۈگىلەك ئىدى، پەقەت ئۇنىڭ ئىنچىكە قىياقتەك بۇرۇتى پەرق قىلىناتتى، سىمىن قازاندىن پۇرۇلداپ چىقىۋاتقان ھوردا خۇددى بۇتخانىدىكى بايلىق تەڭرىسىنىڭ ھەيكىلىگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە جاۋئەرنى قۇچىقىدا تۇتقان ھالدا خوتۇنى ئولتۇردى، ئوڭ تەرەپتە بولسا، شۆچېڭ بىلەن شيۇئەر. كەچكى غىزا جىمجىتلىقتا ئۆتتى، پەقەت چوكىلارلار يامغۇر تامچىلىغاندەك ئاۋاز چىقىراتتى.

جاۋئەر چىنىنى ئۆرۈۋالدى، پۈتۈن ئۈستەلگە دېگۈدەك شورپا تۆكۈلۈپ كەتتى. سىمىن ئۆزىنىڭ كىچىك كۆزلىرى بىلەن قىزىغا ئالايدى. نارەسىدە قىز يىغلىۋېتىشكە ئاز قالدى. سىمىن قىزىدىن كۆزىنى ئېلىپ، ئاۋۋاللا پەملەپ قويغان بەسەينىڭ غولىنى ئېلىشقا تەمشەلگەنىدى، لېكىن ئۇنى قاچىدىن تاپالمىدى. ئۇ ئوڭ تەرەپكە قاراپ، ئۇنى شۆچېڭنىڭ ئاللىقاچان ئاغزىغا سېلىۋەتكىنىنى بىلدى. سىمىنگە بەسەينىڭ كۆكۈچ يوپۇرماقلىرى بىلەنلا قانائەتلىنىشكە توغرا كەلدى.

— قانداق، شۆچېڭ، ھېلىقى سۆزنى تاپتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئوغلىغا قاراپ.

— قايسى سۆزنى؟ ھە، ھېلىقىنىمۇ ... ياق، تېخى تاپالمىدىم.

— قارا، سېنى! بىلىمسىز كالۋا! يەپ - ئىچىشنىلا بىلىسەن. ھېچبولمىسا ھېلىقى ۋاپادار قىزدىن بولسىمۇ بىر ئاز ئۆلگە ئالساڭچۇ، ئۇ تىلەمچىلىك قىلىدۇ، لېكىن تاپقان تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن مومىسىغا بېرىدۇ. ئۆزى بولسا، تامامەن ئاچ، سىلەرگە، ھازىرقى مەكتەپ باللىرىغا بۇنى چۈشىنىش قەيەردە؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆكتەم. سەنمۇ خۇددى شۇلارغا ئوخشاش نان قېپى بولۇپ ئۆسۈۋاتىسەن.

- مەن ھېلىقىنىڭغا ئوخشاش بىر سۆزنى ئويلاپ تاپتىم، لېكىن توغرىمۇ ··· بىلمەيمەن. بەلكىم ئۇلار «ئالدفول»[14] دېگەندۇر؟

— ھە - ھە! توغرا! خۇددى مۇشۇ سۆز! «ئالدفول» دېگەندەك قىلغان! بۇ نېمىدېگەن سۆز؟ سەنمۇ شۇ جەللىگۇرلەردىنغۇ، سەن بىلىسەن.

— مەن ئۇنىڭ نېمە دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلمەيمەن.

— يالغان! مېنى ئالدىما! سىلەر ھەممىڭلار بىر بەتبەخت!

— ھەتتا خۇدامۇ بەندىسىنى غىزا ۋاقتىدا جازالىمايدۇ! نېمە سەن بۈگۈن شۇنچە چېچىلىپ ئولتۇرىسەن؟ — دەپ بىردىنلا خوتۇنى ئارىلاشتى، — ھەتتا تامىقىنىمۇ ئارامخۇدا يېگۈزمەيسەن! كىچىك باللار نېمىنى بىلەتتى!

— نېمە؟ — سىمىن بىردىنلا ۋارقىراپ كېتىشكە تەييار تۇراتتى، لېكىن ئۇ خوتۇنىنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، قىسىق كۆزلىرىنىڭ غەزەپ بىلەن يانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — مەن چېچىلىۋاتمايمەن، پەقەت شۆچېڭنى ئەقىللىقراق ئادەم بولسۇن دەۋاتىمەن.

— ئۇ سېنىڭ ئويۇڭدىكىنى نەدىن بىلىدۇ، — دەپ تېرىكىپ سۆزىنى داۋام قىلدى خوتۇنى، — ئەگەر ئۇ ئەقىللىق بولغان





بولسا، ئاللىقاچان پانۇسنى يېقىپ، ساڭا شۇ ۋاپادار قىزنى تېپىپ بېرىش ئۈچۈن كەتكەن بولار ئىدى. ھە راست، سەن ئۇ قىز ئۈچۈن بىر توقاچ سوپۇن ئاپسەن، ئەمدى يەنە بىر توقاچ ئېلىشىڭلا قاپتۇ ···

— نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ بۇ ھېلىقى بىكار تەلەپلەرنىڭ سۆزىغۇ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، پەقەت بىر توقاچ سوپۇن سېتىۋېلىپ، ئۇ قىزنى يۇيۇپ - تاراپ ساڭا ئەكېلىپ بەرسە··· شۇ چاغدا، بارلىقى جايىدا بولىدۇ، يەر ئۈستىدە جەننەت پەيدا بولىدۇ!

— قويساڭچۇ، يوق پاراڭنى! ئۇنىڭ ماڭا نېمە ئالاقىسى بار! مەن سېنىڭ سوپۇنۇڭنىڭ يوقلۇقىنى ئېسىمگە ئالدىم - دە، ۋە ···

— نېمىشقا ئالاقىسى بولمايدۇ؟ سەن سوپۇننى شۇ قىز ئۈچۈن ئالغان. ماڭ، ئۇنى يۇ، تارا. مەن ئۇ سوپۇن بىلەن يۇيۇنۇشقا ئەرزىمەيمەن. مەن ساڭا ھاجەت ئەمەس ھەم مەن ساڭا توسالغۇمۇ بولالمايمەن.

— ھوي، نېمە مەنىسىز پاراڭلارنى قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ خوتۇن خەق دېگەن···

سىمىن دۇدۇقلاپ قالدى. نېمىشقىدۇر، ئۇ تەرلەپ كەتتى، خۇددى شۆچېڭ چامباش مەشىق قىلغان چاغدا تەرلىگىنىدەك تەرلەپ كەتتى. ئېھتىمال شورپا ئارتۇقچە ئىسسىق بولغان ئۈچۈندۇر···

— نېمە؟ خوتۇن خەق دېگەن؟ بىز خوتۇن خەق سىلەر — ئەركەكلەرگە قارىغاندا خېلىلا ياخشى، سىلەر ئەركەكلەر ئوقۇغۇچى قىزلارغا ھاقارەت قىلىسىلەر، ياش تىلەمچى قىزلارغا بولسا، ھەددىدىن تاشقىرى زوقلىنىسىلەر! ھەممىڭلارنىڭ كۆڭلى قارا! «يۇيۇپ تازىلىسا» مىش تېخى! ئۇياتسىزلار!

— مەن ساڭا بۇنى ھېلىقى بىكار تەلەپلەر دېدى، دەپ ئېيتمىغۇ-
تىمەنغۇ...

تۇيۇقسىزلا ئىشىكنىڭ كەينىدە قاراڭغۇدا:

— سىمىن ئاغا! — دەپ ۋارقىرىغان قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى.

— خې داۋتۇڭ ئاكىمۇ؟ مانا ھازىر! — دەپ سىمىن خې داۋتۇڭنى ئۇنىدىن تونۇپ، بەئەينى گۇناھى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كەچۈرۈلۈپ، تۇيۇقسىز ئازاد بولغان جىنايەتچىدەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە، — شۆچىڭ! دەرھال چىراغ يېقىپ، ئۆيگە باشلاپ كىر! — دەپ توۋلىدى.

شۆچىڭ دەررۇ شامنى يېقىپ، خې داۋتۇڭنى ئۆينىڭ غەربىي تەرىپىدىكى دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ كەينى-دىن بۇ ۋېيۇەنمۇ كىردى.

— مەرھەمەت! مەرھەمەت! ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار! — دەپ مېھمانلار بىلەن تىنچلىق سوراشتى سىمىن ئاغزىدىكى يەۋاتقان نەرسىنى چايناپ ۋە قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تەزىم قىلىپ، — بىزنىڭ ئۆينىڭ غىزاسىغا ئېغىز تېگىپ باقامسىلە، — دېدى ئۇ ھۆرمەت كۆرسىتىپ.

— رەھمەت، بىز كەچكى تاماقنى يېگەندۇق! — دەپ بۇ ۋېيۇەنمۇ ئىززەت بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— بىزنىڭ شۇنچە كەچ كېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىز-نىڭ ئەدەبىي تەشكىلاتىمىز «مەرىپەت» نىڭ 18 - قارارى ئۈچۈن دەررۇ ماقالە بېرىش كېرەك. مانا ئەتە بولسا 10 كۈنلۈك قارارنىڭ 7 - كۈنى.

— ھە، بۈگۈن ئايغا 16 بولدىما؟ — دەپ سورىدى سىمىن چۆچۈگەن ھالدا.

— قاراڭلار! بۇنىڭ بىغەملىكىنى! — دېدى خې داۋتۇڭ يوغان ئۇنى بىلەن.





— ئۇنداق بولسا، ئەتە گېزىتكە بېسىپ چىقىرىش ئۈچۈن، گېزىتخانىغا بۈگۈن كېچە يەتكۈزۈش كېرەك بولدى - دە.

— مەن بىر ماۋزۇ تەييارلاپ قويدۇم. مانا قاراپ كۆرۈڭ، يارامدۇ ياكى يارىمامدۇ؟ — خې داۋتۇڭ سىمىنغا قولياغلىقتا ئوراقلىق بىر ۋاراق قەغەزنى بەردى.

سىمىن چىراغنىڭ يورۇقىغا يېقىن كېلىپ، قەغەزنى ئاچتى ۋە ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى: «بۇزۇلۇشقا باشلىغان ئەخلاقنى ئەسلى-گە كەلتۈرۈش ۋە مىللىي تەۋەررۇكىمىزنى مەڭگۈ ساقلاش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى دانىشمەنلىرىنىڭ قانۇنلىرىنى ئالاھىدە ھۆر-مەتلەش، مۇرەببىمىز مۇڭمۇ[15] نى خاتىرىلەش ھەققىدە ئايرىم بۇيرۇق چىقىرىش توغرۇلۇق پۈتكۈل خەلقىمىز نامىدىن ئۇلۇغ رەئىس جۇمھۇرغا ئىلتىماس يېزىش توغرىسىدا». توغرا! ناھايىتى ياخشى بوپتۇ! بىراق، سۆز سەل ئۇزۇنراق بولۇپ قاپتۇ.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى خې داۋتۇڭ، — مەن ھېسابلاپ چىقتىم، ئېلان چىقىمى قىممەت چۈش-مەيدۇ. قېنى، ئەمدى شېئىر نېمە بولدى؟

— شېئىرما؟ — سىمىن ھۆرمەت بىلەن بېشىنى كۆتۈردى، — مېنىڭدە مانا بىرى تەييار. «ۋاپادار قىزغا مەدھىيە». بۇ ھەقىقىي ھادىسە! بۇنى قانداق بولسىمۇ ماختاش كېرەك. مەن بۈگۈن بازاردا ...

— ياق، ياق! بۇ توغرا كەلمەيدۇ! — دېدى بۇ ۋېيۇەن قولىنى سىلكىپ، — مەن ئۇ قىزنى كۆردۈم. باشقا بىر ياقتىن كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىدىم، ئۇ قىزمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنمىدى. ئۇ قىزنىڭ قايسى ياقتىن ئىكەنلى-كىنى بىلەلمىدىم، ئۇنى ۋاپادار قىز دېيىشىدۇ، لېكىن مەن شې-ئىر يېزىشنى بىلەمدىكىن دەپ سورىغانىدىم، ئۇ قىز بېشىنى چايقىدى. ئەگەر ئۇ شېئىر يېزىشنى بىلسە ئىدى، ئۇ چاغدا ئىش باشقىچىرەك بولاتتى.

— شۇنداق، لېكىن ئاتا ـ ئانىغا جان پىدا ۋە ئائىلە تۇرمۇشىدا سادىق بولۇش — ئاياللارنىڭ ئۇلۇغ پەزىلىتى. شۇڭا، شېئىر يازالمىسىمۇ، ئۇنى…

— ھېچ مۇمكىن ئەمەس! — دەپ بۇ ۋېيۇەن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، سىمىنىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى، — ئۇ قىز شېئىر يېزىشنى بىلگەن بولسا، ئىش باشقىچە بولاتتى.

سىمىن بۇ ۋېيۇەننى ئۆزىدىن نېرىراق ئىتتىرىۋېتىپ سۆزلىدى:

— بىز پەقەت ئۇنىڭ مەزمۇنىنىلا ئالىمىز ۋە گېزىتكە بېسىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىزاھات بېرىمىز. بۇ ئارقىلىق بىز بىرىنچىدىن، ئۇ قىزنى مەدھىيىلەيمىز، ئىككىنچىدىن بولسا، جەمئىيەتنىڭ جېنىغا تېگىمىز. ھازىرقى جەمئىيەت، قاراڭلار، قانداق دەرىجىگە يەتتى… ! مەن ئۇ قىزغا چەتتىن ئۇزاق ۋاقىت قاراپ تۇردۇم. ئىشەنسەڭلار، بىرەر ئادەم ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن سەدىقە بەرسىچۇ، كاشكى. بىپەرۋالىق ۋە مېھىرسىزلىك دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ… !

— ھوي، سەن نېمە دەۋاتىسەن، سىمىن! — دەپ بۇ ۋېيۇەن يەنە ئۇنىڭغا ئېتىلدى، — سەن ماڭا دارىتىۋاتامسەن! «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دەۋاتامسەن! مەن خۇددى شۇ چاغدا يېنىمدا بىر تىيىنمۇ بولمىغاچقا، خەير بېرەلمەي قالغانىدىم.

— ۋېيۇەن، ئۆزۈڭچىلا گۇمان قىلىۋەرمىگىنە! — دەپ قول سىلكىدى سىمىن، — مەن ئەسلا سېنىڭ ئۈستۈڭدە پاراڭ قىلىۋاتمايمەن. سۆزۈمنى تۈگىتىشكە مۇمكىنچىلىك بەرگىن! بازاردا بۇ گادايلارنى ھېچبىر ئۇيالماستىن زاڭلىق قىلىشىۋاتقان ھاڭۋاقتىلار ئورىۋاپتۇ. يەنە قانداقتۇر ئىككى ئەبگار تامامەن ئادەم ئەخلاقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى: «بۇرادەر، ئەگەر سەن ئىككى توقاچ سوپۇن سېتىۋېلىپ، بۇ قىزنى راسا كېلىشتۈرۈپ يۇيۇپ ـ





تارىساڭ، شۇ ۋاقىتتا ئۇ قىزنىڭ پەيزىنى كۆرىسەن! » دەيدۇ. قېنى، ئۆزۈڭلار ئويلاپ كۆرۈڭلار! ، مانا بۇ…

— ھا ـ ھا ـ ھا! ئىككى توقاچ سوپۇن! — دەپ خې داۋتۇڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئۈن بىلەن قاتتىق كۈلۈۋەتتى، — سوپۇن سېتىۋېلىپ، ھا ـ ھا ـ ھا!

— داۋتۇڭ! داۋتۇڭ، مۇنداق ۋارقىرىما! — دەپ چۆچۈگەن ھالدا دۇدۇقلىدى سىمىن.

— راسا يۇيۇپ ـ تارىسا… ھا ـ ھا ـ ھا!

—داۋتۇڭ! — دەپ سىمىن قاپىقىنى تۈردى، — بىز مۇھىم نەرسە ھەققىدە پاراڭ قىلىۋاتىمىزغۇ؟ سەن ئويۇنغا ئايلاندۇرۇۋاتىسەن! ئادەمنى ئەخمەق تاپما! قۇلاق سال! بىز دەررۇ بۇ ئىككى مەزمۇننى گېزىتخانىغا ئەۋەتىمىز، ئەتە ئۇلارنى سۆزسىز گېزىتكە بېسىپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىشنى ئۆز بوينۇڭلارغا ئېلىشنى سىلەردىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئەلۋەتتە بولىدۇ! — دېدى بۇ ۋېيۇەن.

— ھا ـ ھا ـ ھا! يۇيۇپ ـ تارىسا … ھى ـ ھى ـ ھى!

— داۋتۇڭ! ! ! — دەپ سىمىن ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. قاتتىق ۋارقىراشقا كۆنمىگەن داۋتۇڭ كۈلۈشنى توختاتتى. ئۇلار ئىزاھاتنىڭ كوپىيىسىنى يازدى، بۇ ۋېيۇەن ئۇنى قەغەزگە كۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ھەر ئىككى مېھمان گېزىتخانىغا مېڭىشتى. سىمىن ئۇلارنى پانۇس بىلەن تا دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ ئۆيگە قايتقاندا، بىرئاز قۇلايسىزلىقنى سەزدى، لېكىن بىرەر مىنۇت ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاشخانىغا كىردى. ئۇنىڭ كۆزى ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقان، كۆكۈچ قەغەزگە ئورالغان سوپۇنغا چۈشتى. گۈللۈك قەغەزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېسىلغان تامغا چىراغنىڭ يورۇقىدا پارقىرىماقتا ئىدى.

شۇئەر بىلەن جاۋئەر ئۈستەلنىڭ ئايىغىدا ئويناۋاتاتتى. شۆچېڭ ئۈستەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە لۇغەتنى ئاختۇرۇۋاتاتتى. سىمىن

ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا، بەندىڭنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغان ئايالنى كۆردى. ئۇنىڭ بىپەرۋالىق بىلەن قېتىپ قالغان كۆزلىرىنى ۋە جانسىز يۈزىنى يىراقتىن چىراغ يورۇتۇپ تۇراتتى. سىمىن ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن: «راسا يۇيۇپ - تازىلىسا! ... ھەي ئۇياتسىزلار!» دېگەن شىۋئەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قارىدى، لېكىن ھېچكىمنى كۆرەلمىدى. پەقەت جاۋئەر ئۆزىنىڭ كىچىككىنە قوللىرى بىلەن مەڭزىنى تاتىلاۋاتاتتى.

سىمىن ئۇزاق چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پانۇسىنى ئۆچۈرۈپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ شۇنچە ئىلدام ئۇياق - بۇياققا چامداپ مېڭىشقا باشلىدى، ھەتتا كاتەكتىكى توخۇلار يەنە غۇلغۇي بولۇشۇپ قاقاقلىشىپ كەتتى. كېيىن ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، كاتەكتىن نېرى كەتتى. ئارىدا خېلىلا ۋاقىت ئۆتتى، ئاخىرى ئۇ چىراغنى ياتىدىغان ئۆيگە ئەكىرىشكىنىنى كۆردى. ئاينىڭ شولىسى گويا داكىدەك ئەتراپنى قاپلاپ تۇراتتى. ئاي ئەتراپىدا ھېچبىر داغسىز تەپتەكشى بىر كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىپ، سۇس بۇلۇتلار ئۇستىدە تۇراتتى.

سىمىن خاپا ۋە رەنجىگەن ھالدا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى ھېلىقى بازاردىكى ۋاپادار قىزغا ئوخشاش پاناھسىز ئادەمدەك سېزەتتى. شۇ ئاخشىمى ئۇ ناھايىتى كەچ ياتتى.

لېكىن، ئەتىسى ئەتىگەنلىكى سوپۇننىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلدى. سىمىن كۈندىكىدىن ۋاقچىرەك ئويغانغانىدى، خوتۇنىنىڭ بوينىنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى، ئاق مازغاپ خوتۇنىنىڭ بوينىدا تاكى قۇلاق تۈۋىگىچە بۇژغۇنداپ تۇرغىنىنى كۆردى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ بوينىدىن زەيتۇن ھىدىگە ئوخشاش بىرخىل ھىد چىقىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ ھىد ئۈچ ئايدا دېگۈدەك يېڭىلىنىپ تۇراتتى، ھىدنى پۇرىغانلار ئىپارغا ئوخشايدىكەن، دېيىشەتتى.

1924 - يىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى





# ئۆچمەس چىراغ

ئەتىيازنىڭ بۇلۇتلۇق كۈنلىرىنىڭ بىرى، چۈش ۋاقتى ئىدى. جىگۋاڭ كەنتىدىكى يەككە - يېگانە چايخانىدا غۇلغۇلا يەنە كۆپىيىپ قالدى.

«ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن!» دېگەن ئىنچىكە، لېكىن تەمكىن ئېيتىلغان سۆز كىشىلەرنىڭ قۇلىقىدىن تېخىچە نېرى كەتمىگەندەك ئىدى.

ئەلۋەتتە، پۈتۈن كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇنداق ئەمەس. بۇ كەنتنىڭ كىشىلىرى ئانچە كۆپ سەپەرگە چىقمايتتى. بۇسۇغا ئاتلاپ بىر يەرگە چىقماقچى بولسىلا، ياخشى - يامانلىق تەقۋىمگە قارايتتى. تەقۋىمگە: «سەپەر ياراشمايدۇ» دېگەن سۆزلەر يېزىلمىغان تەقدىردىمۇ، ئاۋۋال «ياخشىلىق پەرىشتىسى» دىن ياخشىلىق تىلەيتتى. ئۇنداق پەرھىزلەرگە بىپەرۋا قاراپ چايخانىدا ئولتۇرغانلار بولسا، بىغەم ياشلار ئىدى، لېكىن ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان تەقۋادار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇلار روناق تاپمايدىغانلار ھېسابلىناتتى.

ھازىرمۇ ئۆزىچىلا بۇ چايخانىدا غۇلغۇلا بىرئاز كۆپىيىپ قالدى.

— تېخىچە شۇنداق دېگۈدەكما؟ — «سوقا يۈز» پىيالىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— تېخىچە شۇنداق دېگۈدەكمىش، — دېدى «چاسا باش»، — «ئۆچۈرۈۋېتىمەن، ئۆچۈرۈۋېتىمەن» دەپ جۆيلۈپ يۈ-

رىدۇ! — دېدى ئۇ كۆزىنى تېخىمۇ پارقىرىتىپ، — ئۇ بىزنىڭ كەنتىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بىر چوڭ بالا بولدى، ئۇنى سەل چاغلىغلى بولمايدۇ، ئىلاج قىلىپ، ئۇنى جايلىۋەتمىسەك بولمايدۇ.

— ئۇنى جايلىۋەتكەندىن نېمە چىقىدۇ، ئۇ ... قانداق نەرسە، بۇتخانىنى ياساش ۋاقتىدا ئۇنىڭ بوۋىسى پۇل ئىئانە قىلغان. مانا ئەمدى ئۇ ئۆچمەس چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن دەپ يۈرۈپتۇ، ئاتا - بوۋىسىنى دورىمىغان شۇم دېگەن ئەنە شۇ! ئۇنى ئاتا - بوۋىسىغا قارا يۈزلۈك قىلدى، دەپ يامۇلغا تۇتۇپ بېرىش كېرەك! — دېدى كوتىڭ ۋە جوزىغا غەزەپ بىلەن بىر مۇشت ئۇردى، جوزىدىكى پىيالىنىڭ سىڭايان تۇرغان قاپقىقى دىر - ر - ر قىلىپ، ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى.

— ياق، بولمايدۇ. قارا يۈز دەپ تۇتۇپ بېرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى، تاغىسىنى تۇتۇپ بېرىش كېرەك ... — دېدى «چاسا باش».

— بىراق، ئۇنىڭ يالغۇز چوڭ دادىسىلا بار ... — كوتىڭ لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى.

— كوتىڭ! — دېدى «چاسا باش» بىردىنلا، — تۈنۈگۈنكى قىمىرىڭلار خېلى جايىدا بولدىمۇ؟

كوتىڭ كۆزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى - دە، ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى؛ يۈزى سېمىز كەلگەن جۇاڭ چيگۇاڭ بوغۇلۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتسە، بىزنىڭ خاسىيەتلىك چىراغ كەنتى دېگەن داڭقى بار كەنتىمىزدە خاسىيەت تۈگىمەمدۇ؟ قېرىلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇ چىراغنى لياڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى يېقىپ بەرگەنىكەن، تا ھازىرغىچە ئۆچمەي يېنىپ تۇرۇپتۇ. ھەتتا ئۇزۇن چاچلىقلار ئىسيان كۆتۈرگەن چاغدىمۇ ئۆچۈرۈلمىگەنىكەن ... كۆرمىدىڭلىمۇ؟ ئۇنىڭ ۋىلىلداپ يېشىل نۇر بېرىپ تۇرغىنى-





نى؟ ئۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى كۆرۈپ ئۆتىدۇ، تەرىپلەيدۇ، قاراڭلار، نېمىدېگەن ياخشى ... ئۇنىڭ ھازىر بۇنداق بەڭۋاشلىق قىلىپ يۈرۈشتىكى مۇددىئاسى نېمىدۇ؟...

— ئۇ ساراڭ بولۇپ قالغان ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ تېخىچە خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ — «چاسا باش» مەنسىتمىگەن ھالدا سۆزلىدى.

— دۇرۇس، ئەقلىڭگە بارىكاللا! — جۇاڭ چيگۇاڭنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈردى.

— مېنىڭچە، ئۇنى يەنە شۇ كونا ئۇسۇل بويىچە ئالدىغىنىمىز ياخشى، — دېدى موماي خۇيۋۇ. ئۇ چايخانىنىڭ خوجايىنى ھەم خىزمەتكارى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە بىر چەتتە سۆزگە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى، پاراڭنىڭ بىر ئاز باشقا تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى - دە، دەرھال سۆزگە ئارىلىشىپ، پاراڭنى ئۆز يولىغا باشلىدى.

— قانداق كونا ئۇسۇل؟ — ھاڭ - تاڭ بولۇپ سورىدى جۇاڭ چيگۇاڭ.

— ئۇ ئىلگىرى خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش ساراڭ بولۇپ قالغانىدىغۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسى ھايات ئىدى، ئۇنى ئالداپ ئاسانلا ساقايتىپ قويغانىدۇق.

— قانداق ئالدىغان؟ ئەجەب مېنىڭ خەۋىرىم يوقكىنا؟ — جۇاڭ چيگۇاڭ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ سورىدى.

— قانداق خەۋىرىڭ بولسۇن؟ ئۇ چاغدا سىلەر تېخى كىچىك، ئاغزىڭلاردىن ئاناڭلارنىڭ سۈتى تېمىپ تۇراتتى. لېكىن مەن ئۇنداق ئەمەس ئىدىم، ھەي، ئۇ چاغدا مېنىڭ قوللىرىم ئاپئاق ۋە نازۇك ئىدى...

— ھازىرمۇ شۇنداقتۇ ... — دېدى «چاسا باش».

— قويە، ئۇنداق گېپىڭنى! — دېدى خۇيۋۇ موماي كۈلۈپ، — بىز توغرا گەپنى قىلىشۋاتىمىز، ئۇمۇ شۇ چاغدا ياش

بولىدىغان، دادىسى بىرئاز ساراڭ ئىدى. بىر كۈنى چوڭ دادىسى ئۇنى بۇتخانىغا يېتىلەپ بېرىپ، «رىزقى خۇداسى»غا، «ۋابا خۇداسى»غا، «ياخشىلىق خۇداسى»غا باش ئۇر دېسە، قورقۇپ كېتىپ باش ئۇرماي تۇرۇۋاپتۇ، كېيىن قېچىپ چىقىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمۇ ئەجەبلىنىپ يۈرۈپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا، خۇددى ھازىرقىدەك، كىمنىلا كۆرسە، ئايۋاندىكى ئۆچمەس چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن، دەپ يۈرىدىغان بوپتۇ. ئۇ تېخى چوڭ بىر ساۋاب تاپىدىغاندەك: ئۆچۈرۈۋەتسەك چېكەتكە ئاپىتى ۋە ئاغرىق - سىلاق بولمايدۇ، دېگۈدەكمىش. بەلكىم شۇ چاغلاردا ئۇنىڭغا جىن چاپلاشقان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ «ياخشىلىق خۇداسى»نى كۆرۈشتىن قورقىدىكەن. بىز بولساق قورقامدىغان! ... چېيىڭلار سوۋۇپ قالىدىغۇ دەيمەن؟ ئازراق قايناق سۇ تەڭشەپ بېرەي... شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېيىنكى چاغلاردا، ئۆچۈرۈۋېتىمەن، دەپ ئايۋانغا كىرىۋالىدىغان بوپتۇ. دادىسى ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەچكە، توسۇمايدىكەن. ھە، توغرا، كېيىنكى چاغلاردا كەنتلىكلەرنىڭ ھەممىسى غەزەپلىنىپ، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن جېدەللەشمىگەنمىدى؟ شۇنداقتىمۇ يەنە ئامال بولمىدى. بەختىمىزگە يارىشا ئۇ چاغدا مېنىڭ ئېرىم تېخى ھايات ئىدى. ئۇ بىر چارە تاپتى: ئۆچمەس چىراغنى قېلىن يوتقان بىلەن ئوراپ قاپقاراڭغۇ قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا مانا ئەمدى ئۆچۈرۈۋەتتىم دېگەنىدى ...

— باركاللا، ئەقىللىق ئىش قىلغانىكەن، — دېدى «سوقا يۈز» بىر تىنىۋېتىپ، مىننەتدار بولغاندەك.

— ئۇنداق ئاۋارە بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، — دېدى كوتىڭ ئاچچىقى بىلەن، — ئۇنداق ئەبلەخنى ئۆلتۈرۈۋېتىپلا تۈگىشىش كېرەك!

— ئۇنداق قىلساق بولماس؟ — دېدى خۇيۇۋ موماي چۆچۈپ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ، — ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ! — ئۇ ئالدىراپ





قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى، — ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مۆھۈر تۇتقان[6] ئەمەسمۇ؟

كوتىڭ ۋە باشقىلار دەرھال بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى ۋە مومايىنىڭ ئېرى تاپقان چارىدىن باشقا چارە يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

— كېيىن ئوڭلىنىپ قالدى! — موماي ئاغزىدىكى شالۋاقلىرىنى سۈرتۈپ ئالدىراپ سۆزلىدى، — كېيىن تامام ئوڭلىنىپ كەتتى! بۇتخانا دەرۋازىسىغىمۇ يولىمايدىغان، چىراغ توغرىسىدا ئېغىزمۇ ئاچمايدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ بىر قانچە يىل ئۆتتى. بۇ نۆۋەت نېمە ئۈچۈندۇر، بۇتخانا سەيلىسىدىن كېيىنلا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش يەنە ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. ھېلى چۈشتىن كېيىن مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى، چوقۇم ئۇ يەنە بۇتخانىغا كەتتى. سىلەر بېرىپ سىيە ھەزرەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈڭلار، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئالدىغىنىمىز ياخشى. ئۇ چىراغنى لياڭ ۋۇدى پادىشاھ ئۆز قولى بىلەن ياندۇرغانىكەنغۇ؟ ئەگەر ئۇ چىراغ ئۆچىدىكەن، بۇ يەر دېڭىزغا، ئادەملەر قۇرتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، دېگەن گەپمۇ بار. دەرھال بېرىپ سىيە ھەزرەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈڭلار. ئۇنداق قىلمىغاندا...

— ئاۋۋال بۇتخانىغا بېرىپ قاراپ باقايلى، — دېدى «چاسا باش» ۋە غادىيىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن كوتىڭ بىلەن جۇاڭ چىگۋاڭمۇ چىقىپ كەتتى، «سوقا يۈز» ھەممىنىڭ كەينىدىن چىقتى، ئۇ بوسۇغىغا كەلگەندە ئارقىسىغا قاراپ:

— بۇ قېتىمقى ھېسابنى ماڭا پۈتۈپ قويۇڭ، خەپ، ئۇنى ... — دېدى.

خۇيۇۋ موماي «ماقۇل» دەپ، نېرىراقتىن بىر پارچە ياغاچ كۆمۈرنى ئالدى - دە، تامنىڭ بەلگە سىزىلغان يېرىگە يەنە ئىككى

سىزىق سىزىپ قويدى.

ئۇلار بۇتخانىغا يېقىنلاشقاندا، بىرنەچچە ئادەمنى كۆردى: بىرى دەل كۆزلىگەن كىشىنىڭ ئۆزى، ئىككىسى بىكارچى ئادەملەر ئىدى، يەنە ئۈچ كىچىك بالىمۇ بار ئىدى.

لېكىن، بۇتخانىنىڭ دەرۋازىسى مەھكەم تاقاقلىق ئىدى.

— شۈكۈر! بۇتخانىنىڭ دەرۋازىسى تاقاقلىق ئىكەن، — دېدى كوتىڭ خۇشال بولۇپ.

ئۇلار يېقىن كەلگەندە، ھېلىقى بالىلار مەدەت تاپقاندەك ئولىشىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇتخانا دەرۋازىسىغا قاراپ تۇرغان ھېلىقى كىشىمۇ ئۇلارغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

ئۇ يەنە ئىلگىرىكىدەكلا سېرىق يالپاق يۈزلۈك، كۆك كۆزلەكلىرى يىرتىق ئىدى. لېكىن، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىدىن باشقىچە بىرخىل ئوت چاقنايتتى. ئۇ كىشىلەرنى كۆرگەندە خېلى ۋاقىتقىچە كىرپىكىنى قاقماستىن ھەم نەپرەت، ھەم تەشۋىش بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كالتە چاچلىرىغا ئىككى تال سامان چاپلىشىپ قالغانىدى، ئۇنى تۇيدۇرماستىن كىچىك بالىلار چاپلاپ قويغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ بېشىغا قاراپلا بويۇنلىرىنى قىسىپ، تىللىرىنى چىقىرىپ كۈلۈشەتتى.

كوتىڭلار يېقىن كېلىپ توختىدى ۋە بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى.

— نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — «سوقا يۈز» ئالدىغا ئۆتۈپ سورىدى.

— لاۋ خېغا دەرۋازىنى ئاچقۇزۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئاستا ۋە مۇلايىملىق بىلەن، — چىراغنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش كېرەك. قارا، ئۈچ باشلىق، ئالتە قوللۇق، تۆمۈر يۈزلۈك بۇتنى؛ ئۈچ كۆزلۈك، كۇلاھ كىيگەن، يېرىم باشلىق بۇتنى، كالا باشلىق ۋە





توڭگۇز چىشلىق بۇتلارنى چېقىپ تاشلاش كېرەك؛ چىراغنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش كېرەك... ئۆچۈرۈپ ... ئۆچۈرۈپ تاشلىساق، چېكەتكە ئاپەتلىرىدىن، ۋابا كېسەللىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتىمىز ...

— ھىھى، جۆيلۈمە! — كوتىڭ كەمسىتكەن ھالدا كۈلدى، — ئۆچۈرۈپ تاشلىساڭ چېكەتكە ئاپىتى تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ، ئۆزۈڭ ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار بولىسەن!

— ھىھى! ... — جۇۋاڭ چيگۇاڭمۇ مەسخىرە قىلغاندەك كۈلدى.

ئىشتانچاق بىر بالا ئۆزى ئويناپ يۈرگەن قومۇشنى ئۇنىڭغا چەنلەپ، جىنەستىدەك ئاغزىنى ئېچىپ:

— پاڭ! — دېدى.

— سەن قايتىپ كەت! بولمىسا، چوڭ داداڭ پاچىقىڭنى چېقىۋېتىدۇ. چىراغنى بولسا، مەن ئۆچۈرۈۋېتەي. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كېلىپ، كۆرۈپ باقارسەن، — دېدى كوتىڭ ئۈنلۈك قىلىپ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تېخىمۇ ئوت چاقنايتتى، ئۇ كوتىڭغا شۇنداق تىكىلدىكى، كوتىڭ دەرھال كۆزىنى قاچۇردى.

— مەن ئۆچۈرىمەن دەمسىنا؟ — مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى ئۇ، لېكىن دەرھال يەنە كەسكىن سۆزلىدى، — ياق! سەنلەرنىڭ كېرىكىڭ يوق. ئۆزۈم ئۆچۈرىمەن، ھازىرلا ئۆچۈرۈۋېتىمەن!

كوتىڭ خۇددى مەستلىكتىن يېڭى يېشىلگەن ئادەمدەك بوشىشىپ كەتتى. «چاسا باش» دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاستا سۆزلىدى:

— خېلى دىتىڭ بار بىر كىشى ئىدىڭ، بۇ نۆۋەت ئاينىۋاتىسەن. مېنىڭ مەسلىھەتىمگە كىر. چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، بالايىئاپەتلەر يەنە تۈگىمەيدۇ، بۇنى چۈشىنىسەنغۇ؟ ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلماي قايتىپ كەت، ئۇيقۇڭنى ئۇخلا!

— بىلىمەن، ئۆچۈرۈۋەتكەن بىلەنمۇ يەنە تۈگىمەيدۇ، — ئۇ بىردىنلا كۈلۈمسىرىگەندەك بولۇپ يەنە دەرھال چىرايىنى تۈرۈپ تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى، — لېكىن مەن ھازىرچە بولسىمۇ، شۇنداق قىلماي قويمايمەن، ھازىرچە شۇنداق قىلىش ئاسانراق. ئۇنى ئۆچۈرۈپ تاشلايمەن، ئۆزۈم ئۆچۈرىمەن! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، ھەدەپ دەرۋازىنى ئىتتەردى.

— ھەي! — كوتىڭ ئاچچىقلاندى، — سەن بۇ يەرلىك ئادەم ئەمەسمۇ؟ بىزنى قۇرتقا ئايلاندۇرماقچىمۇ سەن، قايت! دەرۋازىنى ئاچالمايسەن! ئۆچۈرۈۋەتكۈزمەيمىز. قايتقىنىڭ ياخشى!

— قايتمايمەن! ئۆچۈرمەي قويمايمەن!

— ئۆچۈرتكۈزمەيمىز! دەرۋازىنى ئاچالمايسەن!

— ......

دەرۋازىنى ئاچالمايسەن!

— ئۇنداق بولسا، باشقا چارە تاپىمەن! — دېدى ئۇ ئۇلارغا بىر قاراپ قويۇپ، سالماقلىق بىلەن.

— كۆرەرمىز، قېنى قانداق چارە تاپارسەنكىن.

— ......

— قېنى قانداق چارە تاپارسەنكىن!

— ئوت قويىمەن!

— ھە؟ نېمە؟ — كوتىڭ ئۆز قۇلىقىغا ئۆزى ئىشەنمىدى.

— ئوت قويىمەن!

ھەممە جىمجىت بولۇپ قالدى. ئەتراپتىكى جانلىق نەرسىلەرمۇ بىر جىمجىتلىقتا قېتىپ قالغاندەك بولدى، لېكىن بىر ئازدىن كېيىن بىر نەچچەيلەن بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇلدىشىپ ئارقىسىغا يېنىشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى ـ ئۈچى نېرىراق بېرىپ تۇرۇشتى. بۇتخانىنىڭ ئارقا تېمىدىن جۇاڭ چىگۇاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— لاۋ خې! ئىش چاتاق! دەرۋازىنى مەھكەم تاقا! لاۋ خې،





ئاڭلىدىڭمۇ؟ مەھكەم تاقا! بىزمۇ بىرەر چارە تېپىپ ھازىرلا يېتىپ كېلىمىز!

لېكىن، ئۇ ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمىغاندەك، ئوت چاقنىغان شىددەتلىك كۆزلىرىنى خۇددى يەردىن، ھاۋادىن، كىشىلەرنىڭ بويىدىن ئوت ئۇچقۇنى ئىزدىگەندەك ھەر ياققا تىكەتتى.

* *

«چاسا باش» بىلەن كوتىڭ بىرنەچچە دەرۋازىدىن خۇددى موكىدەك كىرىپ ـ چىقىپ، بىرئاز چاپقاندىن كېيىن، جىگۇاڭ كەنتى بىردىنلا ئەنسىزلىنىشكە باشلىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قۇلىقىنى، يۈرىكىنى «ئوت قويىمەن!» دېگەن قورقۇنچلۇق ئاۋاز چۇلغىۋالدى. ئەلۋەتتە، تالا ـ تۈزگە چىقمايدىغان يەنە بىرمۇنچە تەقۋادار كىشىلەردە بۇنداق ئەنسىزلىك يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، پۈتۈن كەنت ئەنسىزلىككە چۆكتى، بىرمۇنچە ئادەملەر خۇددى ئۆزى قۇرتقا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك، بۇنىڭدىن كېيىن ھايات تۈگەيدىغاندەك تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى، ئۇلار ھالاك بولىدىغان جاينىڭ جىگۇاڭ كەنتى ئىكەنلىكىنى چالا ـ پۇچۇق بىلسىمۇ، لېكىن جىگۇاڭ كەنتىنى يەتتە ئىقلىمنىڭ ئۆزى شۇ دەپ پەملىشەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەستىن، بۇ ۋەقە سىيې ھەزرەتنىڭ مېھمانخانىسىغا مەركەزلەشتى. يېشى بىر يەرگە يەتكەن، يۈزى خۇددى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن گو لاۋۋا ئاكا تۆردە ئاق ساقىلىنى خۇددى يۇلۇپ تاشلايدىغاندەك تۇتۇپ ئولتۇراتتى.

— چۈشتىن ئىلگىرى، — دېدى ئۇ ساقىلىنى قويۇپ بېرىپ، توختاپ ـ توختاپ سۆزلەپ، — كەنتىمىزنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى لاۋفۇغا شامال دارىپ قالغانلىقى توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئوغلى، ئەرۋاھلار ئەنسىزلىككە ئۇچرىغانلىقتىن بولدى، دەپ كەلگەنىكەن.

شۇنىڭغا قارىغاندا، مۇبادا ئەتە - ئۆگۈن بىرەر پېشكەللىك چىقسا، ھۇزۇرلىرىنى تاپىدىكەنمىز، شۇنداق، ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ...

— شۇنداق، شۇنداق، — سىيې ھەزرەتمۇ ئاق كىرگەن، بېلىقنىڭ قانىتىغا ئوخشاش بۇرۇتلىرىنى ئېشىپ، بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ سۆزلىدى، — بۇمۇ ئۇنىڭ دادىسىدىن يۇققان. ئۇنىڭ دادىسى ھايات ۋاقتىدا بۇتقا ئىشەنمەيدىغانىدىغۇ؟ مېنىڭمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن ئېپىم كېلىشمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى ھېچ نەرسە قىلالمىغان. ئەمدى يەنە مېنى نېمە قىل دەيسىلەر؟

— مېنىڭچە، بىرلا، پەقەت بىرلا يول بار. ئەتە ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ بۇتخانىدا بىر كۈن ياتقۇزۇپ، چاپلاشقان جىن - پىنلىرىنى قوغلاش كېرەك.

كوتىڭ بىلەن «چاسا باش» پۈتۈن كەنتنىڭ پاسبانى بولدۇق دېگەن ئابرۇيي بىلەن، ئاسانلىقچە قەدەم يولاتقىلى بولمايدىغان بۇ مېھمانخانىغا بىرىنچى قېتىم كىرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى گو لاۋۋانىڭ تۆۋىنىدە، سىيېنىڭ يۇقىرىسىدا ئولتۇردى، ھەتتا چايغىمۇ داخىل بولدى. ئۇلار گو لاۋۋا بىلەن بىللە كىرگەنىدى. ۋەقەنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەدەپ چاي ئىچىش بىلەن بولۇپ گەپكە ئېغىزمۇ ئېچىشمىغانىدى، ئەمدى كوتىڭ بىردىنلا ئۆز پىكىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

— بۇنداقتا ئىش كېچىكىپ كېتىدۇ، دەرھال چارە قىلىش كېرەك. ئەگەر راستىنلا ئوت قويۇۋېتىدىغانلا بولسا...

«چاسا باش» سۆز ئارىلىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى كوتىڭ ئۇنلۇك قىلىپ، — ئىش چاتاق بولىدۇ!

سېرىق چاچلىق بىر قىز كىرىپ يەنە چاي قۇيدى. كوتىڭ سۆزىنى توختىتىپ، دەرھال چاي ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ چاينى





بىر ئوتلىۋىدى، تىلى كۆيۈپ كەتتى، پىيالىنى ئالدىغا قويۇپ، تىلىنى چىقىرىپ كالپۇكىنى يالىدى ۋە پىيالىنىڭ ياپقۇچىنى ئېلىۋېتىپ چاينى پۈۋلىدى.

— ھەي كاساپەت! — دېدى سىيې ھەزرەت جوزىنى بوش ئۇرۇپ، — شۇنداق ئادەملەرگە خۇدا ئۆلۈم بەرسىدى!

— راست، خۇدايىم ئۆلۈم بەرسۇن! — كوتىڭ بېشىنى كۆتۈردى، — بۇلتۇر ليەنگجۇاڭ كەنتىدە مۇشۇنداق ئادەمدىن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ھەممەيلەن تەڭلا ھە - ھۇ دەپ ئۇرغانىكەن، كىمنىڭ دەسلەپ قول سالغانلىقىنى بىلمىگەچكە، كېيىن ھېچكىمگە كاساپىتى تەگمەپدۇ.

— ئۇ باشقا گەپ، — دېدى «چاسا باش»، — ھازىر ئۇنىڭ ئىگىسى بار. دەرھال بىرەر چارە تېپىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە بولغاندا...

گو لاۋۋا بىلەن سىيې ھەزرەت شۇك ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— مېنىڭچە بولغاندا، ھازىرچە ئۇنى سولاپ قويغىنىمىز ياخشى.

— توغرا، — دېدى سىيې ھەزرەت بېشىنى لىڭشىتىپ.

— دۇرۇس! — دېدى كوتىڭ.

— توغرا، ھەق، مۇشۇ چارە ياخشى، — دېدى گو لاۋۋا، — بىز ئۇنى ھازىرلا ھۇزۇرلىرىغا ئەكېلەيلى. ھۇزۇرلىرىدىن دەرھال بىر ئېغىز ئۆي تەييارلاپ قويسىلا، قۇلۇپىنىمۇ ...

— ئۆي؟ — سىيې ھەزرەت بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، — پېقىرنىڭ ئۇنداق بوش ئۆيى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ قاچان تۈزىلىپ كېتىشى نامەلۇم...

— ئۆز ئۆيىگە قامىساق ...— دېدى گو لاۋۋا.

— بىزنىڭ ليۇشۈن، — دېدى سىيې ھەزرەت بىردىنلا جىد-

دې ۋە غەمكىن ھالدا، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقاتتى، — كۆزدە ئۆيلەنمەكچىدى... ئەمما بۇ جىيەنىمىزنىڭ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولمايمەن دەپ ساراڭلىق قىلىپ يۈرىدۇ. مېنىڭ ئىنىممۇ ئۇ دۇنيالىق بولۇپ كەتتى. جىيەنىم شۇنداق تەقدىرگە تەن بەرمىگەن بىر ئادەم بولسى-مۇ، لېكىن ھەر قانداق قىلىپ بولمىسۇن، ئاتا - ئانىسىنىڭ چىرىغىنى ياندۇرىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك...

— شۇنداق، ئەلۋەتتە، — دېيىشتى ئۇچەيلەن تەڭلا.

— ليۇشۇن پەرزەنت كۆرسە، ئۇنىڭ ئىككىنچى بالىسىنى شۇنىڭغا بەرسەك دەپ ئويلىغۇدىم. ئەمما، بىراۋنىڭ بالىسىنى بىراۋغا بىكارغا بېرىۋەتكىلى بولامدۇ؟

— ياق، ئەلۋەتتە! — دېيىشتى ئۇچەيلەن تەڭلا.

— بىرەر ئېغىز ئۆي ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس، ليۇشۇنمۇ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدۇ. لېكىن، ئۆز بالىسىنى كىشىگە بىكار-دىن - بىكارغا بېرىۋېتىشكە ئانا بولغان ئادەم ئۇنامدۇ؟

— ياق، ئەلۋەتتە! — دېيىشتى ئۇچەيلەن تەڭلا.

سىپي ھەزرەت شۇك بولۇپ قالدى. ئۇچەيلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.

— مەن ھەمىشە ئۇنى ئوڭلىنىپ قالار دەپ ئۈمىد قىلاتتىم، — سىپي ھەزرەت بىرئاز شۈك ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاستا سۆزلىدى، — لېكىن ئۇ زادىلا ئوڭلانمىدى. ئوڭلىنىپ كېتىشكە ئۆزىمۇ ئۇنىمايدۇ. ئىلاج بولمىغاندىن كېيىن، بوياقنىڭ ئېيتقىنىدەك، سولاپ قويۇش كېرەك. باشقىلارغا بالاسى تەگمە-سۇن. دادىسىنىڭ نامىغا نۇقسان يەتكۈزمىسۇن، ئوڭلىنىپ قالسا، بەلكىم، دادىسىنىڭ روھى ئالدىدا يەرگىمۇ قارىماس...

— شۇنداق، ئەلۋەتتە، — دېدى كوتىڭ ھاياجانلىنىپ، — لېكىن، ئۆي...





— بۇتخانىدا بوش ئۆي يوقمىكەن؟ ... — دەپ سورىدى سىپي ھەزرەت ئاستاغىنە.

— بار! — دېدى كوتىڭ بىردىنلا، — بار. دەرۋازىدىن كىرگەندە كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئۆي بىكار. ئۇنىڭ كىچىككىنە بىرلا روجىكى بار. قومۇرۇۋېتەلمىسۇن ئۈچۈن ئۇ توم ياغاچتىن ياسالغان، شۇ ئۆي ياخشى!

گو لاۋۋا بىلەن «چاسا باش»مۇ خۇشال بولدى. كوتىڭ بىر تىنىۋېتىپ، تۇمشۇقىنى سوزۇپ چاي ئىچىشكە باشلىدى.

* *

تېخى قاش قارىيىدىغان ۋاقىت بولمىغانىدى، ئەتراپ جىم-جىت، پۈتۈن كەنت ھېلىقى ۋەقەنى ئۇنتۇغان بولسا كېرەك. كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىدىكى ئەنسىزلىكلەر يوق، لېكىن ئىلگىرى-كى خۇشاللىقمۇ يوق ئىدى. بۇتخانا ئالدىدا ئەل ئايىغى ئادەتتىكى-دىن كۆپرەك بولسىمۇ، لېكىن بىرئازدىن كېيىن ئازلاپ قالدى. دەرۋازىنىڭ بىرنەچچە كۈن تاقىلىپ قېلىشى بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ ئوينىيالمىغان بالىلار بۈگۈن بۇتخانا ھويلىسىدا ناھايىتى زوق بىلەن ئوينىدى. كەچكى غىزادىن كېيىن بالىلاردىن بىر نەچچىسى بۇتخانىغا تېپىشماق تېپىپ ئوينىغىلى كەلدى.

— سەن تاپ، — دېدى چوڭراق بىرى، — مەن يەنە بىر قېتىم ئېيتىمەن:

ئاق يەلكەنلىك كېمە

قىزىل پالاق ھەيدەيدۇ،
ئۇ قاشقا چىققان چاغدا،
بىرئاز ھاردۇق ئالىدۇ،

بىرئازغىنە توقاچ يەپ،
چاڭچىلە غەزەللىرىنى ئوقۇيدۇ.

— «قىزىل پالاق» دېگىنى نېمە؟ — دېدى بىر قىز.
— مەن ئېيتاي، ئۇ بولسا…
— توختا! — دېدى بېشىدا چاقىسى بار بالا، — تاپتىم: ئۇ كېمە.
— كېمە! — دېدى ئىشتانچاق بالىمۇ قوشۇلۇپ.
— ھە، كېمە؟ — دېدى ئەڭ چوڭى، — دۇرۇس، كېمە پالاق بىلەن ماڭىدۇ. ئۇ قانداق غەزەل ئوقۇيالىسۇن؟ تاپالمىدىڭلار، مەن ئۆزۈم ئېيتىپ بېرەي…
— ئالدىرىما، — دېدى بېشىدا چاقىسى بار بالا.
— تاپالمايسەن، ئۆزۈم ئېيتىپ بېرەي، ئۇ بولسا: غاز.
— غاز! — دېدى قىز كۈلۈپ، — «قىزىل پالىقى» بار.
— ئۇنداق بولسا «ئاق يەلكەن» دېگىنى نېمىسى؟ — دەپ سورىدى ئىشتانچاق بالا.
— ئوت قويىمەن!

باللار بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى ۋە دەرھال ھېلىقى كىشىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئايۋانغا قارىدى. ئايۋان-روجىكىدە بىراۋنىڭ قولى روجەك ياغاچلىرىنى قايرىپ تۇراتتى، ياغاچلار ئارىسىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان ئىككى كۆز تىكىلىپ تۇراتتى.

بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، بېشىدا چاقىسى بار بالا بىردىنلا چىرقىراپ قېچىشقا باشلىدى. قالغانلىرىمۇ كۈلۈشۈپ-چۇرقىرىشىپ قېچىپ كېتىشتى. ئىشتانچاق بالا يەنە قومۇشنى ئارقا تەرەپكە چەنلەپ، ئۆزىنىڭ ھاسىرىغىنىغا قارىماستىن، جىنەستىدەك ئاغزىنى ئېچىپ:





— پاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ياقنى جىمجىتلىق باستى، گۇگۇم چۈشتى. كۆكۈچ يېنىپ تۇرغان ئۆچمەس چىراغ بۇتلار سارىيىنى، مېھرابنى، ھەتتا ھويلىنى، روجەك ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇشقا باشلىدى.

باللار بۇتخانىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن بىر-بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ، ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ، ئۆزلىرى تۈزۈۋالغان غەزىلىنى ئوقۇشتى:

ئاق يەلكەنلىك كېمىنى،
قىزىل پالاق ھەيدەيدۇ،
ئۇ قاشقا چىققان چاغدا
بىرئاز ھاردۇق ئالىدۇ،
بىر ئازغىنە توقاچ يەپ،
چاڭچىلە غەزەللىرىنى ئوقۇيدۇ.
ئوت قويىمەن! ھا ھا ھا!
ئوت، ئوت - ئوت،
ئازراقىنە توقاچ يەپ،
چاڭچىلە غەزەللىرىنى ئوقۇيدۇ.

1925 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# سازايى

«ئەزىزانە كەنت» دەپ داڭقى چىققان پايتەختنىڭ غەرب تەرەپ-تىكى بازىرىنىڭ بىر چوڭ رەستىسى تىمتاس ئىدى. تومۇزنىڭ ئاپتىپى تېخى تىك چۈشمىسىمۇ، ئەمما رەستىدىكى چاڭ - توزان ئاپتاپتا ۋاللىداپ تۇراتتى، ئوتتەك قىزىغان ھاۋا ھەممىلا يەردە تومۇزنىڭ ئىسسىقىنى كۈچەيتەتتى. ئىتلار تىللىرىنى چىقىرىپ، ھەتتا دەرەخلەردىكى قاغىلارمۇ ئېغىزلىرىنى ئېچىپ ھاسىرايتتى. شۇنداق بولسىمۇ غەيرىي تەبىئىي ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. يىراقتا جىرىڭ - جىرىڭ قىلىۋاتقان مىس كاسىنىڭ چالا - پۇچۇق ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاۋازلىرى كىشىگە راھەتنى ئەسلىتىپ ھۇزۇر-لۇق بېرەتتى. [17] مىس كاسىنىڭ مەنىسىز ئاۋازى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاڭلىنىپ، رەستىنىڭ جىمجىتلىقىنى باشقىچە بىر ھالغا كەلتۈرۈپ تۇراتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، خۇددى تومۇز ئاپتىپىدىن قاچقاندەك تېز - تېز مېڭىپ كېتىۋاتقان رىكشىچىلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىناتتى.

— ئىسسىق مانتا! قاسقاندىن ھېلى چىققان...

دوغىلاقىنا كەلگەن 12 ياشلىق بالا كۆزلىرىنى پورۇشتۇ-رۇپ، كالپۇكىنى سوزۇپ، رەستىنىڭ بىر يېنىدىكى ئاشپۇزۇل ئالدىدا ۋارقىرىماقتا. ئۇنىڭ ئاۋازى بىرئاز خىرقىراپ قالغان، خۇددى تومۇزنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرىدە ئېزىلىپ قالغاندەك ئۇنى مۈگدەك باسقانىدى. يېنىدىكى ئەسكى تەۋەڭدە سوۋۇپ - مۇزلاپ قالغان 20 - 30 مانتا تۇراتتى.





— ھە، مانا ئوخشىغان مانتا! قاسقاندىن يېڭى چىققان!...

ئۇ خۇددى تامغا تېگىپ، ئارقىسىغا يانغان پومزەكتەك، بىر-دىنلا رەستىنىڭ ئۇ قېتىغا يۈگۈرۈپ ئۆتتى. ئېلېكتىر سىم ياغىچى يېنىدا، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا يەنە ئىككىيلەنمۇ رەستىگە قاراپ تۇراتتى؛ ئۇلارنىڭ بىرى سۇس سېرىق كىيىم كىيگەن، قىلىچ ئاسقان، چىرايى سېرىق ھەم ياداڭغۇ بىر ساقچى بولۇپ، ئۇ بىر تانىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇراتتى، تانىنىڭ يەنە بىر ئۇچى بولسا كۆك ماتا كۆڭلەك، ئاق جىلىتكە كىيگەن يەنە بىر ئەر كىشىنىڭ بىلىكىگە باغلاقلىق ئىدى. بۇ كىشى كىيىۋالغان يېڭى چىغ شىلەپىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان گىرۋەكلىرى كۆزلىرىنى توسۇۋالغانىدى. ھېلىد-قى پاكار، دوغىلاق بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، ئۇنىڭ كۆزى دەل ھېلىقى كىشىنىڭ كۆزىگە چۈشتى. ئۇنىڭ كۆزىمۇ بالىنىڭ پېشانىسىگە تىكىلىپ تۇراتتى. بالا دەرھال كۆزىنى ئۇنىڭ كۆزىدىن ئېلىپ، جىلىتكىسىگە قارىدى. جىلىتكىدە بىر چوڭ، بىر كىچىك يېزىلغان خەتلەر كۆرۈندى.

شۇ ئارىلىقتا، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن بىرمۇنچە ئادەم يىغىلىپ كەتتى. تاز بوۋاي يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردە پۇت سىغقۇدەكمۇ بوش ئورۇن قالمىغانىدى. دەل شۇ ئارىلىقتا، يەنە بىر يالاڭ تۆش، قىزىل بۇرۇن، سېمىز ئادەم كېلىپ ئارىغا قىسىلدى. بۇ تولىمۇ سېمىز ئىدى، شۇڭا ئىككى كىشىلىك ئورۇن ئالدى. كېيىن كەلگەنلەر ئىككىنچى قاتار ھاسىل قىلىپ، ئالدى قاتاردىكى كىشى-لەرنىڭ باشلىرىنى ئارىلاپ قارايدىغان بولدى.

ئاق جىلىتكىلىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان تاز ئېڭىشىپ، جىلىت-كىدىكى خەتكە كۆز سالدى ۋە ئاخىر ھەجىلەپ ئوقۇدى:

«ۋ... ۋ... ۋۇن، دۇ... با، ئېر...»

ئاق جىلىتكىلىكنىڭ ئايدىڭ باش تازغا كۆز سېلىپ تۇرغىنى-نى كۆرگەن دوغىلاق بالىمۇ تازغا دىققەت بىلەن كۆز سالدى:

ئۇنىڭ بېشى تاقىر ئىدى، قۇلىقىنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان بىر-
نەچچە تال چاچتىن باشقا، ئەجەبلەنگۇدەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتـ-
تى. دەل شۇ چاغدا، بالا كۆتۈرگەن بىر موماي پەيتنى قولدىن
بەرمەي ئارىغا قىستاپ كىرىشكە باشلىدى. ھېلىقى تاز ئۆزى تۇر-
غان ئورۇننىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، دەرھال ئۆزد-
نى رۇسلاپ تۇرۇۋالدى ۋە يېزىقنى ئوقۇپ بولمىغان بولسىمۇ،
ئۇنىڭغا ئانچە تارتىنماستىن، ئاق جىلتىكىلىكنىڭ يۈزىگە قارىدى.
چىغ شلەپە ئاستىدا بۇرۇننىڭ يېرىمى، ئېغىز، ئۇچلۇق ئېڭەكلا
كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

يەنە خۇددى تامغا تېگىپ قايتقان پومزەكتەك، بىر ئوقۇغۇچى
بالا ئۇچقاندەك كېلىپ، بىر قولى بىلەن ئاپئاق شاپاق دوپپىسىنى
تۇتقان ھالدا، كىشىلەر توپى ئارىسىغا قىستاپ كىرىشكە باشلىدى.
ئۇ ئۇچىنچى قاتاردىن ئۆتكەندە، قىمىرلاتقىلى بولمايدىغان يوغان
بىر نەرسىگە دۈچ كەلدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، كۆك
تامبالنىڭ يۇقىرىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان قىزىل، ناھايىتى كەڭ
دۈمبىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ نەرسىنى قىمىرلـ-
تىشقا چامى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوڭ يان بىلەن
سىلجىدى؛ بەختىگە نېرىراقتا يورۇق چۈشۈپ تۇرغان بىر بوش
جاينى كۆردى. ئۇ ئەمدىلا سىلجىپ شۇ جايغا بارماقچى بولۇپ
تۇراتتى: ھېلىقى تامبال كىيگەن يوغان ساغرا ئوڭ تەرەپكە بىرلا
تولغىنىپ، ھېلىقى بوش جاينى توسۇۋالدى، ئۇ يەرگە چۈشۈپ
تۇرغان يورۇقمۇ يوقالدى.

لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوقۇغۇچى بالا ساقچىنىڭ قىلىچى
يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى ۋە ئۇ ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا كۆز
تاشلىدى. ئەتراپنى ئادەملەر ئوراپ تۇراتتى، ئوتتۇرىدا بولسا ئاق
جىلتىكىلىك بىر كىشى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا بولسا يالاڭ تۆش بىر
دوغىلاق بالا، بالىنىڭ كەينىدە يالاڭ تۆش، قىزىل بۇرۇن، سېمىز





بىر ئادەم تۇراتتى. ئوقۇغۇچى بالا مانا ئەمدى بايام ئالدىنى توسۇ-
ۋالغان يوغان نەرسىنىڭ يۈزىنى كۆردى ۋە ھەيران بولغان ھەم
زوقلانغان ھالدا ئۇنىڭ قىزىل بۇرنىغا قارىدى. دوغىلاق بالا ئەسلىـ-
دە ئوقۇغۇچى بالىنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇراتتى، ئەمدى ئۇمۇ ئوقۇغۇ-
چى بالا قارىغان تەرەپكە قارىدى، ئۇ تەرەپتە ناھايىتى سېمىز بىر
ئەمچەك، ئەمچەكنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە تال ئۇزۇن تۈك بار
ئىدى.

— ئۇ نېمە جىنايەت قىپتۇ؟…

ھەممە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ تۇراتتى، ئىشچىغا ئوخشاپ
كەلگەن بىر ئادەم ھېلىقى تاز بوۋايدىن پەس ئاۋاز بىلەن سورىدى.

تاز ئۈنچىقماستىن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى، سورىغۇچىمۇ
باشقا ياققا قاراپ تۇرۇۋالدى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن
قارىسا، ھېلىقى تاز تېخىچە ئالىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە باشقىلارمۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندەك
بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گويا ئۆزى بىرەر گۇناھ قىلىپ قويغاند-
دەك ئوڭايسىزلىنىپ، ئاخىر ئاستا ـ ئاستا ئارقىسىغا يېنىپ،
توپتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن قالغان بوش ئورۇننى كۈنلۈك
تۇتقان بىراۋ ئىگىلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن تازمۇ يەنە قايتىدىن ئاق
جىلتىكىلىككە قاراشقا باشلىدى.

كۈنلۈك تۇتقان كىشى ھېلىقى سالپىيىپ تۇرغان چىغ شلەپە
ئاستىدىن ئاق جىلتىكىلىكنىڭ چىرايىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئېڭىد-
شىپ، نېمە ئۈچۈندۇر، يەنە دەرھال ئۆزىنى رۇسلىۋالدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان كىشىلەر يەنە بويۇنلىرىنى سوزۇپ
قاراشقا باشلىدى، ھەتتا بىر ئاۋاق كىشى ئاغزىنى خۇددى ئۆلگەن
بېلىقنىڭ ئاغزىدەك يوغان ئېچىپ تۇرۇپ قارايتتى.

ساقچى بىردىنلا پۇتىنى كۆتۈردى، ھەممە يەنە ھاڭ ـ تاڭ
بولۇپ، دەرھال ئۇنىڭ پۇتىغا قارىدى؛ كېيىن يەنە ئاق جىلتىكد-

لىككە قارىدى. كۆنلۈك تۇتقان كىشى يەنە بىردىنلا ئېڭىشىپ، سالپىيىپ تۇرغان شىلەپە ئاستىدىن قارىماقچى بولۇپ، يەنە دەرھال ئۆزىنى رۇسلاپ، بىر قولى بىلەن بېشىنى قاشلىدى.

تاز بىرئاز خاپا بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئارقىسىدىكىلەر بىرئاز تىنچسىزلانغانىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە قۇلىقىغا ماكاش - ماكاش قىلغان بىر تاۋۇش ئاڭلانغىلى تۇردى. ئۇ تەرىنى تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىغانىدى، ئوڭ يېنىدا بىر قارا قول يېرىم ناننى مۇشۇك يۈزلۈك بىراۋنىڭ ئاغزىغا سېلىۋېتىپتۇ، شۇڭا ئۇ گەپ - سۆز قىلماستىن، يەنە ئاق جىلىتكىلىكنىڭ يېڭى شىلەپىسىگە قاراپ تۇردى.

شۇ ئارىلىقتا «چاك!» قىلغان بىر ئاۋاز چىقتى، ھەتتا ھېلىقى سېمىز ئادەممۇ ئىختىيارسىز سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا سېمىز ئادەمنىڭ يېنىدىن يەنە بىر سېمىز قول سوزۇلۇپ چىقىپ دوغىلاق بالىنىڭ كاچىتىغا چاڭگىدە تەگدى.

— يارايسەن! خۇنپەرنى... — دېدى سېمىزنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان، يوغان قورساق بۇتقا ئوخشاش تۆرۈك يۈزلۈك بىرى.

ھېلىقى دوغىلاق بالا دەلدۈگۈنۈپ كەتتى، ئۇ بىر قولى بىلەن مەڭزىنى تۇتۇپ، سېمىزنىڭ يېنى بىلەن چەتكە چىقىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن، سېمىزنىڭ دەرھال مەھكەم تۇرۇۋالغانلىقى ۋە ئۆزىنى شۇنداق بىر تولغىشى بىلەن تەڭ ھېلىقى ئارىلىق توسۇلۇپ قالدى.

— نېمە تېپىرلاپ يۈرىسەن؟ — دېدى سېمىز تېرىكىپ.

دوغىلاق بالا خۇددى تاختىمۇشۇككە چۈشۈپ قالغان چاشقاندەك بىرئاز تېپىرلاپ، ئاخىر ئوقۇغۇچى بالا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئوقۇغۇچىمۇ ئۇ دوغىلاق بالا بىلەن بىللە توپتىن چىقىپ كەتتى.

— قارا، بۇ خۇنپەرلەرنى... — دېدى بىرنەچچە كىشى بالىلارغا كايىپ.

كىشىلەر توپى يېڭىۋاشتىن تىنچىغاندىن كېيىن، سېمىز ئا-





دەم يەنە ھېلىقى ئاق جىلىتكىلىكنىڭ يۈزىگە قارىدى. ئاق جىلىتكىلىك ئۇنىڭ كۆكسىگە قاراپ تۇراتتى. شۇڭا، سېمىز ئادەم دەرھال ئۆزىنىڭ كۆكسىگە قارىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئەمچىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويمان يەر تەرلىگەنىدى، ئۇ تەرنى قولى بىلەن سۈرتتى.

لېكىن، ئەھۋال زادىلا تىنچىمىدى. بالا كۆتۈرۈپ تۇرغان موماي ئۆرىتۆپە بولۇپ تۇرغان چاغدا ئەتراپقا قاراپ، دىققەت قىلمىغاچقا، ئۇنىڭ سېغىزخانىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش قىلىپ، «سۇجۇچىلاپ تارىغان» چېچى[18] يېنىدا تۇرغان رىكشىچىنىڭ بۇرنىغا تېگىپ كەتتى. رىكشىچى ئۇنى نېرى ئىتتىرىمەن دەپ، بالىغا تېگىپ كەتتى. بالا بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى - دە، ئۆيگە كېتەيلى دەپ جېدەل قىلدى. موماي بىرئاز دەلدۈگۈنۈپ، كېيىن ئۆزىنى تۇختىتىۋالدى ۋە بالىنى ئاق جىلىتكىلىككە قارىتىپ:

— قارىغىنا بۇ نېمىدېگەن قىزىق تاماشا! ...— دەپ قولى بىلەن كۆرسەتتى.

ئارىلىقتىن قاتتىق چىغ شىلەپە كىيگەن، ئوقۇغۇچى سۈپەت بىر باش چىقتى، ئۇ ئاغزىدا گازىرغا ئوخشاش بىر نەرسىنى چېقىپ، كېيىن ئارقىسىغا ياندى. بۇ بوش ئورۇننى دەرھال يۈز - كۆزى تەرگە چۆمگەن، يۈزىگە توزان قونغان سوزۇق يۈزلۈك بىرى ئىگىلىدى.

كۆنلۈك تۇتقان كىشىمۇ تېرىكتى. ئۇ بىر مۈرىسىنى قىيسايتىپ تەرىنى تۇرۇپ، ئارقىسىدىكى ئاغزىنى خۇددى ئۆلگەن بېلىقنىڭ ئاغزىدەك يوغان ئېچىپ تۇرغان كىشىگە ھومايدى. ئېھتىمال، ئۇ بۇ تومۇز ۋاقتى بولغاچقا، يوغان ئېغىزدىن چىقىۋاتقان ئىسسىق تىنىق ئۈچۈن، جىدەللىشىشنى لايىق كۆرمىگەن بولسا كېرەك.

تاز ئېلېكتر سىم ياغىچىغا مىخلانغان قىزىل تاختايدىكى خەت-

لەرگە قاراپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇ بۇ خەتكە ناھايىتى قىزىقسىنغان بولسا كېرەك. سېمىز كىشى بىلەن ساقچى ھېلىقى مومايىنىڭ خېيىنىڭ ئىلمەككە ئوخشىغان تۇمشۇقىنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى.

— بەللى!

قەيەردىندۇر بىرنەچچە كىشىنىڭ ئاۋازى چىقتى. ھەممە ئادەم بىرەر ۋەقە تۇغۇلدى بولغاي، دەپ ئارقىسىغا قارىدى. ساقچى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى گۇناھكارمۇ قىمىرلىدى.

— قاسقاندىن يېڭى چىققان! ئىسسىق مانتا، ئىسسىق!...

رەستىنىڭ نېرى چېتىدە تۇرغان دوغىلاق بالا بېشىنى قىڭغايتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى. رەستىدە رىكشىچىلار خۇددى تومۇزنىڭ ئىسسىقىدىن قاچقاندەك چېپىشماقتا. بىرەر ۋەقە تۇغۇلغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان كىشىلەر ئۈمىدسىزلەنگەندەك ئەتراپقا كۆز سالدى. دەرۋەقە، 10 ـ 20 قەدەم نېرىراقتا بىر رىكشا تۇراتتى، رىكشىچى بولسا يەردىن ئۆمىلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

كىشىلەر توپى دەرھال تارقالدى. ھەممە ئادەم ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ كېتىشتى. سېمىز كىشى بىرئاز مېڭىپلا، رەستىنىڭ چېتىدىكى دەرەخ تۈۋىدە توختىدى. كۈنلۈك تۇتقان كىشى ھېلىقى تاز بىلەن سوزۇق يۈزگە قارىغاندا ئىلدام ـ ئىلدام مېڭىپ ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. رىكشىغا چۈشكەن ئادەم تېخىچە ئولتۇراتتى، رىكشىچى ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تېخىچە تىزىنى ئۇۋۇلىماقتا. ئەتراپتا بىرنەچچە كىشى ئۇنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى.

— قانداق؟ تارتالامسەن؟ — دەپ سورىدى رىكشىدا ئولتۇرغان ئادەم.

رىكشىچى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، تارتىپ كېتىۋەردى. ھەممە ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. ئۇلار ھېلىقى يىقىلغان رىكشىچىسى خېلى يەرگە بارغۇچە تونۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇزاپ باشقا رىكشىلارغا ئارىلىشىپ كەتكەندىن كېيىن پەرق قىلىشالمىدى.





رەستە تىمتاس. بىرنەچچە ئىت تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ ھاسىرىماقتا. سېمىز ئادەم دەرەخ تۈۋىدە ئىتنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇرغان قورسىقىغا قاراپ تۇرماقتا.

موماي بالىسىنى كۆتۈرگىنىچە لەمپە ئاستى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. دوغىلاق بالا بېشىنى قىڭغايتىپ، كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، مۈگدەك باسقان ھالدا ئاۋازىنى سوزۇپ ۋارقىرىماقتا:

— ئىسسىق مانتا!...ئىسسىق! قاسقاندىن ھېلى چىققان!...

1925 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

# گاۋ موللام

بۈگۈن ئۇنىڭ ۋاقتى ئەتىگەندىن كەچكىچە تامامەن ئەينەككە قاراش، «جۇڭگو تارىخى دەرسلىكى»نى ئوقۇش ۋە «يۈەن لياۋفەن قامۇسى»دىن سۆز ئاختۇرۇش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. «موللا بولغىنىڭ، دەردكە قالغىنىڭ» دېگەندەك، ئۇ بىردىنلا زاماندىن بىرئاز زارلانغاندەك بولدى، ئۇ ھېچقاچان بۇنداق زارلىنىپ باققان ئەمەس ئىدى.

ئالدى بىلەن ئۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى زادىلا نەزەردە تۇتمايدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇ بالا ۋاقتىدا ئۈجمە دەرىخىگە چىقىپ ئۈجمە تېرىپ يېيىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمايتتى. بىر كۈنى دەرەختىن يىقىلىپ كېتىپ، بېشى يېرىلىپ كەتكەندە، تېۋىپكىمۇ ئاپارمىغانىدى. شۇڭا، ھازىرمۇ سول قېشىنىڭ ئۈستىدە ئەبەدىي يوقالماس بىر تاتۇق بار. ئۇ ھازىر ئۇزۇن چاچ قويۇپ، ئۇنى ئوڭ ـ سولغا ئايرىپ، قىيپاش قىلىپ تارىۋالغان بولسىمۇ ۋە بۇ چاچ تاتۇقنى چالا ـ پۇچۇق يېپىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تاتۇقنىڭ بىر ئۇچى يەنە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «بۇ بىر ئەيىب، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مۇبادا ئوقۇغۇچى قىزلار كۆرۈپ قالسا، ياراتماي قېلىشى چوقۇم···» ئۇ ئەينەكنى يەرگە قويۇپ، ھەسرەت بىلەن بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.

«ئۇنىڭدىن قالسا، ‹جۇڭگو تارىخى دەرسلىكى›نى تۈزگۈچىلەر ئوقۇتقۇچىلارنى زادىلا نەزەردە تۇتمىغان» دەپ ئويلىدى ئۇ





يەنە. بۇ كىتاب «يۈەن لياۋفەن قامۇسى»غا بىرئاز ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئومۇمەن ئالغاندا، خېلى كۆپ پەرق قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن لېكسىيە ئوقۇغاندا، سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە قانداق باغلاش كېرەكلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ··· ئۇ «دەرسلىك»تە قىستۇرۇقلۇق تۇرغان تەكلىپ قەغىزىگە كۆزى چۈشكەندە، يەنە ھېلىقى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەن تارىخ ئوقۇتقۇچىسىغا تاپا قىلدى. چۈنكى باغاقتا: «سەككىزىنچى بابتىكى ‹شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ راۋاجى ۋە ھالاكىتى›دىن باشلاپ» دېگەن سۆزلەر يېزىقلىق ئىدى.

«ئەگەر ئۇ ئادەم ‹ئۈچ خانلىق قىسسىسى›نى سۆزلەپ بولمىغان بولسا چۈشمىگەن، — دەپ خىيالىنى داۋام ئەتتۈردى ئۇ، — ماڭا دەرس تەييارلاش بۇ قەدەر قىيىن چۈشمىگەن بولاتتى. ‹ئۈچ خانلىق›نى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. مەسىلەن، ‹شاپتۇللۇق باغدا ئۈچ باتۇرنىڭ قان ـ قېرىنداش بولۇپ قەسەمياد قىلىشى›، ‹جۇ گې لياڭنىڭ ئوقيا يىغىش كارامىتى›، ‹جۇ يۈنى ئۈچ نۆۋەت خاپا قىلىش›، ‹خۇاڭ جۇڭنىڭ لەشكەرگاھنى قولغا چۈشۈرۈپ، شيا خۇيۈەننى ئۆلتۈرۈشى› ۋەھاكازالارنى قارىيدەك بىلىمەن، ئۇلارنى بىر ئوقۇش مەۋسۇمىدىمۇ سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن. تاڭ سۇلالىسى توغرىسىدا بولسا، ‹چىن چۈڭنىڭ ئات سېتىشى› ۋە باشقىلارنى سۇدەك بىلىمەن. لېكىن ‹شەرقىي جىن سۇلالىسى›، توغرا كېلىپ قېلىشىنى نەدىن بىلەي···» ئۇ يەنە ھەسرەت بىلەن بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، «يۈەن لياۋفەن قامۇسى»نى قولىغا ئالدى.

— بەللى، تاشقىرىدا ئوقۇغىنىڭ يەتمەي، ئەمدى ئۆيدىمۇ كىتابقا ئېسىلىۋاپسەنغۇ؟

بىر قول ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن كېلىپ، ئېڭىكىنى قايرىدى، لېكىن ئۇ مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن

ۋە قىلىقلىرىدىن ماجاڭ ئوينايدىغان ئۇلپىتى خۇاڭ سەن ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. ئۇ بۇنىڭ كونا ئۇلپىتى بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى بىللە ماجاڭ ئوينىغان، بىللە چاڭچىلە كۆرگەن، بىللە مەي ئىچكەن ۋە ئاياللار بىلەن بىللە تاماشا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، «داجۇڭ» گېزىتىگە «جۇڭخۇا گىراژدانلىرىنىڭ مەملىكەت تارىخىنى رەتلەش مەجبۇرىيىتى بار» دېگەن نادىر ماقالىسى بېسىلىپ، قىزلار «پەزىلەت» مەكتىپىنىڭ خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش قەغىزىنى ئالغاندىن كېيىن، خۇاڭ سەننى قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدىغان چاكىنا ئادەم، دەپ ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن، چىرايىنىمۇ ئاچماستىن تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— قاملاشمىغان گېپىڭنى قوي! دەرس تەييارلاۋاتىمەن…

— لاۋبوغا ئۆز ئاغزىڭ بىلەن، بىرەر قىزلار مەكتىپىدىن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمەت تېپىپ، قىز تاللىسام، دەپتىكەنسەنغۇ؟

— لاۋبونىڭ بىمەنە سۆزلىرىگە ئىشەنمە!

خۇاڭ سەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بىردىنلا جوزا ئۈستىدىكى ئەينەككە، چېچىلىپ ياتقان كىتابلار ئارىسىدا ئوچۇق تۇرغان يوغان قىزىل تەكلىپ قەغىزىگە كۆزى چۈشتى ۋە ئۇنى ئېلىپلا، كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ ئوقۇدى:

«تەكلىپنامە:

موللا گاۋئېرجى جانابىنى مەكتىپىمىزگە تارىخ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدۇق. ھەپتىسىگە تۆت سائەت دەرس ئۆتىدۇ، سائىتىگە 30 تىيىن ھەق تۆلىنىدۇ، بۇ ھەق سائەت بويىچە ھېساب قىلىنىدۇ. ھۆرمەت بىلەن:

قىزلار پەزىلەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرى خې ۋەنشۇ.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 13 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى».





— گاۋئېرجى جانابىنى؟ كىم ئۇ؟ سەنمۇيا؟ ئىسمىڭنى ئۆزگەرتىۋالدىڭمۇ يا؟ — خۇاڭ سەن تەكلىپنامىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئالدىراپ سورىدى. گاۋ ئەپەندى مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋالغانىدى. خۇاڭسەن ماجاڭ ئويناش بىلەنلا بولۇپ، تا ھازىرغىچە يېڭى ئىلىم، يېڭى سەنئەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. ئۇ روسىيىدە گوركىي دېگەن ئۇلۇغ بىر ئەدىب بارلىقىنى بىلمەي تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئۆز ئىسمىنى گاۋئېرجىغا ئۆزگەرتىۋالغانلىقىنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتىنى نەدىن بىلسۇن؟ (19) شۇڭا گاۋئېرجى ھېچقانداق جاۋاب بەرمەستىن مەغرۇرلۇق بىلەن كۈلۈپلا قويدى.

— ھەي بۇرادەر لاۋ گەن، ئۇنداق بىمەنىلىك قىلما! — دېدى خۇاڭ سەن تەكلىپنامىنى قويۇپ قويۇپ، — بۇ يەردە بىر ئوغۇللار يېڭى مەكتىپى ئېچىلىشىدى، ئەخلاق ناھايىتى بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۇلار ئەمدى يەنە قىزلار مەكتىپى ئاچىمىز دەپ يۈرۈشىدۇ. ھەي، ئاخىرى نېمە بولۇپ چىقاركىن، سەنمۇ نېمىگە ئاۋارە بولۇپ يۈرىسەن؟ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق پايدا يوق…

— ئۇنداقمۇ بولماس. خې خانىم ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، ياق دېيەلمىدىم… — خۇاڭ سەننىڭ يېڭى مەكتەپنى ھاقارەتلىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سائەت ئىككى يېرىم بولۇپ، دەرس ۋاقتىغا يېرىم سائەتلا قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ بىرئاز خاپا بولۇپ، ئالدىراپ قالدى.

— خەير! بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى، — دېدى خۇاڭ سەن سەزگۈرلۈك بىلەن دەرھال سۆزنى باشقا تەرەپكە بۇراپ، — بىز ئۆز پارىڭىمىزغا ئۆتەيلى، بۈگۈن ئاخشام بىر قىمار بولماقچى. ماۋجياۋدۇڭ كەنتىدىكى ماۋ زىپۇنىڭ ئوغلى كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆلگەنلەرگە يەرلىك كۆرسىتىپ بېرىدىغان قۇرئەندازنى گۆرلۈك كۆرۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغىلى كەپتۇ. ھازىر قولىدا نەق 200 تەڭگە بار ئىكەن، ۋەدىلىشىپ قويدۇق، ئاخشاملىققا تاۋكا قۇرماق-

چىمىز. ئۇلپەتلەرنىڭ بىرى مەن، بىرى لاۋ بو، يەنە بىرى سەن، بارماي قويمىغىن، ئۇچەيلەن ئۇنى سۇپۇرۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىسەك بولمايدۇ!

لاۋ گەن، يەنى گاۋ ئىرجى موللام ھېچ نەرسە دېمەستىن ئىككىلىنىپ قالدى.

— بارماي قويما، چوقۇم! مەن لاۋ بو بىلەن پۇتۇشۇپ قويمىسام بولمايدۇ. قىمار يەنە بىزنىڭ ئۆيدە بولىدۇ. ئۇ ئەخمەق «ئىش كۆرمىگەن» نەرسە ئىكەن. ئۇنى سۇپۇرۇۋېلىشىمىز چوقۇم! ھېلىقى بەلگىلىرى روشەنرەكىنى ماڭا بەر!

گاۋ موللام ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋىتىنىڭ بېشىدىن ماجاڭ قۇتىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. سائىتىگە قارىسا، 2دىن 40 مىنۇت ئۆتۈپتۇ. ئۇ خۇاڭ سەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر ئادەم، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، مېنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە يۈزۈمدىن يۈزۈمگە مەكتەپنى ھاقارەتلىدى، دەرس تەييارلىشىمغا كاشىلا بولدى، بۇنداق قىلىشى توغرا ئەمەس، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن خۇشياقمىغان ھالدا:

— كەچقۇرۇن مەسلىھەتلىشەيلى. مەن ھازىر دەرسكە بارىمەن، — دېدى ۋە «يۈەن لياۋفەن قامۇسى»غا بىر ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، دەرسلىكنى ئېلىپ يېڭى پوپكىسىغا سالدى - دە، يېڭى بۆكىنى ئاۋايلاپ كىيىپ، خۇاڭ سەن بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى. دەرۋازىدىن چىقىپلا، قەدىمىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ، خۇددى ئۇشكە بىلەن ياغاچ تېشىۋاتقان ياغاچچىدەك، يەلكىسىنى لەپ - لەپ قىلىپ ماڭدى. بىر ئازدىن كېيىن، خۇاڭسەن ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدى.

* *

گاۋ موللام قىزلار «پەزىلەت» مەكتىپىگە يېتىپ بېرىپ،





يېڭى باستۇرغان ئىسىم كارتىسىنى بىر دۇمچەك دەرۋازىۋەنگە بەردى. بىر ئازدىن كېيىن: «مەرھەمەت» دېگەن تەكلىپ بىلەن ھېلىقى دۇمچەكنىڭ كەينىدىن ماڭدى، ئىككى ئايلانمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەييارلىق كۆرۈش بۆلۈمى»گە — مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدى. مۇدىر خې مەكتەپتە يوق ئىدى. ئۇنى چارساقال ئىلمىي مۇدىر — داڭقى چىققان ۋەن ياۋپۇ كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭ لەقىمى «ساماۋى خان مىرزىسى» ئىدى، ئۇ يېقىندا ئۆزىنىڭ بۇۋىم بىلەن ئېيتىشقان «خانىقا بېيىتلىرى توپلىمى»نى «داجۇڭ» گېزىتىگە داۋاملىق چىقىرىۋاتاتتى.

— ئوھۇ، گاۋ موللام، مەرھەمەت، مەرھەمەت. ئۆزلىرىنىڭ ناملىرىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئاڭلاپ كەلگەنىدىم... — ۋەن ياۋپۇ قولىنى قوشتۇرۇپ، خۇددى زوڭزىيىپ ئولتۇرماقچى بولغان كىشىدەك، تىزىنى بىرنەچچە ئېگىپ تەزىم قىلدى.

— ياۋ جانابلىرى! مەنمۇ ئۆزلىرىنىڭ ناملىرىنى ئۇزۇندىن بۇيان ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، بۈگۈن نېسىپ دىدار بولدۇم!...

گاۋ موللامۇ پوپكىسى قولتۇقىغا قىسىقلىق تۇرغان ھالدا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئولتۇردى. ئۆلەرمەن بىر قارا خىزمەتچى ئىككى پىيالە قايناق سۇ كۆتۈرۈپ كىردى. گاۋ موللا ئالدىدا ئېسىقلىق تۇرغان سائەتكە قارىدى: سائەت 2دىن 40 مىنۇت ئۆتكەنىدى. ئۆزىنىڭ سائىتىدىن يېرىم سائەت پەرق قىلاتتى.

— ھە، جانابلىرىنىڭ ھېلىقى... ھە، ھېلىقى «ۋەتەن تارىخىنى رەتلەش» توغرىسىدا يازغان ئۇلۇغ ئەسەرلىرى ھەقىقەتەن ئوقۇغانسېرى كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ئەسەر ئىكەن! ياشلارغا تۇمار بولغۇدەك، تۇمار! كەمىنىلىرىمۇ ئەدەبىياتقا قىزىقىمەن. بىراق، ئىچ پۇشۇقى ئورنىدا يازىمەن. ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە قانداق تەڭ كېلەلىسۇن، — ئۇ يەنە بىر تەزىم قىلىپ قويۇپ، تۆۋەن ئاۋاز

بىلەن سۆزلىدى، — بىزنىڭ «شىندي خانىقا»رىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك بۇۋىمنى تەكلىپ قىلىپ تۇرىدۇ، كەمىنىلىرىمۇ پات-پات بېرىپ بېيىت ئېيتىشىپ تۇرىمەن. جانابلىرىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلسىلا. بۇۋىمىز «غۇنچە بۇۋى» دېگەن كىشى. ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن قارىسا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن مالائىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇ مەشھۇر كىشىلەر بىلەن بېيىت ئېيتىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئىسلاھاتچى جەدىتلەرنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزلىرىدەك ئالىم ئەلۋەتتە ئۇنىڭ نەزىرىگە سىغىپ قالىلا، ھا-ھا-ھا!

لېكىن، گاۋ موللا ئارتۇقچە سۆزمەنلىك قىلالمىدى. چۈنكى، ئۇ «شەرقىي جىڭ سۇلالىسىنىڭ راۋاجى ۋە ھالاكىتى» نى دېگەندەك ياخشى تەييارلىيالمىغانىدى، ھازىر يەنە بىرئاز ئۇنتۇپمۇ قالدى. شۇڭا، ئۇ گاڭگىراپ، ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ شۇ ئەندىشە ئىچىدە، يەنە بىرمۇنچە پىكىرلەرنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى: دەرسخانىغا كىرگەندە سۇرلۇك قىياپەتتە بولۇشۇم كېرەك؛ پېشانەمدىكى تاتۇقنى يېپىۋېلىشىم كېرەك؛ دەرسنى ئاستا ئوقۇشۇم كېرەك؛ ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا، ئۆزۈمنى مەردانە تۇتۇشۇم كېرەك... لېكىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ۋەن ياۋپۇنىڭ سۆزلىرى چالا-پۇچۇق ئاڭلانغاندەك بولدى:

—... ئۇ بىر سۇ ياڭىقى ئىنئام قىلدى... «شېرىن كەيپىلىكتە مىنىپ شۇڭقارغا، ئۇزدۇم بۇلۇتلار ئارا» بۇ نېمىدېگەن قاملاشقان بېيىت... ھېلىقى دېڭ شاۋ جانابلىرى بەش قېتىم تەزىم قىلىپ يالۋۇرغاندىن كېيىن، بىر بەشلىك نەزم توقۇدى... «قىزىل رومال بىلەن سۈپۈرەي سامانيولىنى، ئېيتماڭلاركى...» غۇنچە بۇۋىمنىڭ سۆزىگە قارىغاندا... جانابلىرى تېخى بىرىنچى قېتىم... ماۋۇ، مەكتىپىمىزنىڭ باغچىسى!

— ھە، ھە! — گاۋ موللا بىردىنلا ۋەن ياۋپۇنىڭ قولى بىلەن





ئىشارەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قالايمىقان پىكىرلەردىن ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئىشارەت قىلىنغان تەرەپكە قارىدى. دېرىزە سىرتى بىر پارچە بوش يەر ئىدى، ئۇ يەردە تۆت-بەش تۈپ دەرەخ بار ئىدى، ئۇدۇلىدا ئۈچ ئېغىز ئۆيمۇ بار ئىدى.

— دەرسخانا ئەنە شۇ، — دېدى ۋەن ياۋپۇ قولىنى شۇ تەرەپتىن ئالماستىن.

— ھە، ھە.

— ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ياۋاش. ئۇلار دەرستىن سىرتقى چاغلاردا مەخسۇس تىككۈچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ...

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — گاۋ موللا بىرئاز تەمتىرەپ قالدى، ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى توپلاپ، دەرھال «شەرقىي جىڭ سۇلالىسىنىڭ راۋاجى ۋە ھالاكىتى» نى ئويلىۋېلىش ئۈچۈن، ۋەن ياۋپۇنىڭ سۆزىنى توختىتىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

— ئەپسۇسكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرنەچچىسى شائىر بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ! لېكىن، ئۇ بولمايدۇ. جەدىت بولۇش ياخشى ئىش. لېكىن، شائىرلىق قىلىش مەرتىۋىلىك ئائىلىلەرنىڭ مەستۇرە قىزلىرى ئۈچۈن نامۇۋاپىق، «غۇنچە بۇۋى»مۇ قىزلار نامەھرەم بولۇپ يۈرسە، مالائىكىلەر ياخشى كۆرمەيدۇ، دەپ، قىزلار مەكتىپىنى ئانچە قۇۋۋەتلىمەيدۇ. كەمىنىلىرىمۇ بۇ ھەقتە ئۇنىڭ بىلەن مۇزاكىرىمۇ قىلدىم...

گاۋ موللا بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. چۈنكى ئۇ قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدى.

— ياق، ئولتۇرسىلا. ئۇ دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى.

— ياۋ جانابلىرى، ئىشلىرى ئالدىراش بولسا، بىمالال چىقىۋەرسىلە...

— ياق، ياق، ئالدىراش ئەمەس. كەمىنىلىرى قىزلار مەكتىپىنى جانلاندۇرۇش ئىشىنى زاماننىڭ ئېقىمىغا مۇۋاپىق بىر ئىش

دەپ ئويلايمەن. لېكىن ئۇ ياخشى يولغا قويۇلمىسا، ئاسانلا چاتاق چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدايىم راۋا كۆرمەيدۇ دېگەن سۆزمۇ بەلكى ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەن مەنىدە بولۇشى كېرەك، لېكىن مەكتەپتە قابىل ئادەم بولسا، مەكتەپنى ياخشى يولغا سالسا، ئۇ چاغدا مۇقامغىمۇ توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مىللىي تەۋرروكلىرىمىزنى پاناھقا ئىگە قىلىپ، كېلىشمەسلىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. گاۋ موللام، قانداق، توغرىمۇ؟ بۇ «غۇنچە بۇۋى» گىمۇ «ماقۇل» كېلىدىغان گەپ. ھا ـ ھا ـ ھا!

خىزمەتچى يەنە ئىككى پىيالە قايناق سۇ ئەكىردى، لېكىن شۇ چاغدا يەنە قوڭغۇراق چېلىنىپ قالدى.

ۋەن ياۋپۇ گاۋ موللىنى قايناق سۇغا تەكلىپ قىلدى ۋە سۇدىن بىر ـ ئىككى ئوتلىغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار باغچىدىن ئۆتۈپ دەرسخانىغا كىردى.

گاۋ موللىنىڭ يۈرىكى سېلىشقا باشلىدى. ئۇ مۇنبەر يېنىدا توختىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە پاخپايغان نۇرغۇن چاچلار كۆرۈنەتتى. ۋەن ياۋپۇ يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئاچتى ـ دە، قەغەزگە قاراپ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلىدى:

— گاۋ موللام دېگەن كىشى مانا مۇشۇ. بۇ مەشھۇر ئالىم، ھېلىقى «جۇڭخۇا گراژدانلىرىنىڭ مەملىكەت تارىخىنى رەتلەش مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا» دېگەن مەشھۇر ماقالىنى مۇشۇ كىشى يازغان؛ بۇ ھەممىگە مەلۇم. «داجۇڭ» گېزىتى: گاۋ موللام روسىيە ئەدىبى مۆھتەرەم گوركىيغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئۆز ئىسمىنى «گاۋئېرجى» دەپ ئۆزگەرتتى. بۇ ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى جۇڭخۇا خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسى ئۈچۈن زور بەخت دەپ يازغان! ھازىر، مۇدىرىمىز خېنىڭ قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن مەكتىپىمىزگە كەلدى. تارىختىن دەرس ئۆتىدۇ...





گاۋ موللا ئۆزىچە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى. قارىسا، ۋەن ياۋپۇ تونۇشتۇرۇپ بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. مۇنبەر يېنىدا ئۆزى يالغۇزلا قاپتۇ! ئۇ مۇنبەرگە چىقىپ سالام قىلدى ۋە ئۆزىنى بىر ئاز ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، دەرسخانىدا ئۆزىنى سۈرلۈك تۇتۇش كېرەك، دېگەن سۆزنى ئېسىگە ئېلىپ، كىتابنى ئاستا ۋاراقلاپ، «شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ راۋاجى ۋە ھالاكىتى» نى سۆزلەشكە باشلىدى.

— ھى ـ ھى ـ ھى! — كىمدۇر بىرى پىخىلداپ كۈلگەندەك بولدى.

گاۋ موللىنىڭ يۈزى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى. ئۇ دەرھال كىتابقا قارىدى. دەرۋەقە، ئۇ توغرا سۆزلىگەنىدى، كىتابتا «شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئەمىنلىكى» دېگەن سۆزلەر تۇراتتى. باشقا ئۆزگىرىش يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ھېچكىم كۈلمەپتۇ، ھېلىقى كۈلكە قۇلىقىمغا شۇنداق ئاڭلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ـ دە، يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ۋە كىتابقا قاراپ داۋاملىق سۆزلەشكە باشلىدى. دەسلەپتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئۆزى ئاڭلاپ تۇراتتى؛ لېكىن بارا ـ بارا بىخۇدلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەس بولۇپ قالدى. «قوماندان شىلە[20] نىڭ ئۇلۇغ پىلانى» نى سۆزلەۋاتقاندا، قۇلىقىغا «پىخ ـ پىخ» كۈلكە ئاڭلاندى.

ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا مۇنبەر ئالدىغا قارىدى. ئەھۋال ئىلگىرىكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۆي كۆز بىلەن تولغان؛ يەنە بىرمۇنچە ئۇششاق ئۈچ بۇرجەك نەرسىلەر تۇراتتى؛ ئۇ ئۈچ بۇرجەك نەرسىلەردە ئىككىدىن تۆشۈك تۇراتتى، بۇ تۆشۈكلەر ھېلىقى كۆزلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى تەۋرىنىپ تۇرغان چوڭقۇر دېڭىزدەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىۋىدى، ھېلىقى نەرسىلەر يەنە بىردىنلا پاخپايغان چاچ-

لارغا ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈندى.

ئۇ دەرھال كۆزىنى قاچۇرۇپ، كىتابقا قارىۋالدى؛ ئىلاج بولمىغاندا تورۇسقا قارىۋالاتتى. تورۇس ئاق بولسىمۇ، لېكىن سارغىيىپ كەتكەن؛ ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق بىر يېرىق پەيدا بولغاندى. لېكىن، بۇ يۇمىلاق يېرىق بىردەم كېڭىيىپ، بىردەم تارىيىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى بىرئاز ئىمىر - چىمىر قىلاتتى. ئۇ ئەگەر كۆزۈمنى يۆتكىسەم، يەنە ھېلىقى قورقۇنچلۇق كۆز ۋە بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن ھاسىل بولغان دېڭىزغا توغرا كېلىپ قالىدۇ، دېگەن ئەندىشە بىلەن يەنە كىتابقا قارىۋالدى. لېكىن خۇددى «فېيىشۈي ئۇرۇشى»دا سەردار فۇ جيەنگە تاغدىكى گىياھلارمۇ ئەسكەرگە ئوخشاپ كۆرۈنگەندەك، ھازىر ھەممە ئۇنىڭغا «قورققانغا قوش كۆرۈنىدۇ»غان بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ بىرمۇنچە ئوقۇغۇچى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتىدۇ، دەپ گۇمان قىلسىمۇ، لېكىن لېۋىنى چىشلەپ، دەرسنى سۆزلەۋەردى... «سۆزلەۋاتقىنىمغا يېرىم كۈن بولدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — نېمىشقا قوڭغۇراق چالمايدىغاندۇ؟ سائەتكە قاراش مۇمكىن ئەمەس، ئوقۇغۇچىلار زاڭلىق قىلىدۇ...» ئۇ يەنە بىرئاز سۆزلەپ «توبباقلار (مىلادىيە 390 - يىللىرى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا ۋېي دۆلىتىنى قۇرغان بىر مىللەت) نىڭ باش كۆتۈرۈشى» ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ «ئالتە خانىدانلىقنىڭ كۈچىيىشى ۋە ھالاكىتى» دېگەن ماۋزۇغا كېلىپ قالدى. ئۇ بۈگۈن بۇ يەرلەر سۆزلەنمەس دەپ، تەييارلىق كۆرمىگەنىدى.

ئۇ تەييارلىغان دەرسلىرىنىڭ ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا كۆزى يەتتى - دە:

— بۈگۈن بىرىنچى كۈن بولغاچقا، دەرسىمىز شۇ يەردە توختىسۇن ...— ئۇ ھودۇققانلىقىدىن دۇدۇقلاپ سۆزلىدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، مۇنبەردىن چۈشتى - دە، سىنىپتىن





چىقىپ كەتتى.

— ھى - ھى - ھى!

ئۇ ئارقىسىدا بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىغاندەك، بۇ كۈلكىنىڭ ھېلىقى چوڭقۇر دېڭىزدەك بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھالسىزلانغان ھالدا باغچىنى ئارىلاپ، ئۇدۇلدىكى ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈمىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى، قولىدىكى «جۇڭگو تارىخى دەرسلىكى»مۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ نېمىگىدۇر بىر نەرسىگە ئۇسۇۋالغانىدى. ئارقىسىغا ئىككى قەدەم يېنىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ قارىۋىدى، قايرىلىپ كەتكەن بىر شاخ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، گاۋ موللام ئۇسۇۋەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى مىدىرلاپ تۇراتتى. ئۇ دەرھال ئېڭىشىپ يەردىكى كىتابنى قولىغا ئالدى، كىتاب چۈشكەن يەردە بىر تاختا قاداقلىق تۇراتتى. ئۇ تاختىدا:

ئۇجمە

ئۇجمە دەرىخى

دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

ئۇ ئارقىسىدا بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىغاندەك، ئۇ كۈلكىنىڭ ھېلىقى چوڭقۇر دېڭىزغا ئوخشاش بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. شۇڭا، ئاغرىۋاتقان پېشانىسىنى سىلاشقا خىجىل بولۇپ، دەرھال ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى.

بۆلۈمدە تېخىچە ھېلىقى قايناق سۇ قۇيۇلغان ئىككى پىيالە تۇراتتى، لېكىن ھېلىقى ئۆلەرمەن خىزمەتچىمۇ، ۋەن ياۋپۇمۇ

كۆرۈنمەيتتى. ھەممە نەرسە خۇنۇك كۆرۈنەتتى، پەقەت ئۇنىڭ يېڭى پوپكىسى بىلەن يېڭى بۆكىلا يالتىراپ تۇراتتى. تامدىكى سائەت تېخىچە 3تىن 40 مىنۇتتا تۇراتتى.

*　　　　*

گاۋ موللامنىڭ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىگە خېلى ۋاقىت بولدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى بىردىنلا قىزىپ كېتەتتى، ئۆزىچىلا غەزەپلىنەتتى. ئاخىر ئۇ: «مەكتەپتە ھەقىقەتەن يامان ئادەت پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئۇنى تاقىۋەتكەن ياخشى، بولۇپمۇ قىزلار مەكتىپىنى تاقاش كېرەك؛ ئۇنىڭ نېمە پايدىسى بار، ئۇ پەقەت قۇرۇق سۆلەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ ئويلىدى.

«ھى - ھى - ھى!»

ئۇ يەنە كۈلكە ئاۋازىنى چالا - پۇچۇق ئاڭلىغاندەك بولدى. بۇ ھال ئۇنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرەتتى، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىستېپا بېرىش نىيىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇڭا ئۇ كەچقۇرۇنلۇقى مۇدىر خېگە: «پۈتۈم ئاغرىيدۇ» دەپ، خەت يازدى... ئەگەر ئۇنىماي تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمەن؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ... — مەيلى، بارمايمەن. قىزلار مەكتىپى مۇشۇنداق بۇزۇلۇپ نەگە بارار؟ ئەخلاقتا بۇزۇلغانلار قاتارىغا كىرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئۇنىڭدىن ھېچ پايدا يوق...»

شۇنىڭ بىلەن ئۇ «يۈەن لياۋفەن قامۇسى»نى نېرى ئېلىۋەتتى، ئەينەكنىمۇ نېرىراق ئىتتىرىپ قويدى، تەكلىپنامىنىمۇ قاتلاپ قويدى. ئۇ ئولتۇراي دەپ تۇراتتى، ھېلىقى تەكلىپنامە قىپقىزىل بولۇپ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ كەتتى، شۇڭا ئۇنى سىقىمداپ ئېلىپ «جۇڭگو تارىخى دەرسلىكى» بىلەن بىرگە تارتمىغا سېلىۋەتتى.





ھەممە نەرسە نېرى - بېرى قىلىنىپ بولدى، جوزىدا پەقەت ئەينەكلا قالدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدى بىر ئاز بېسىقتى. شۇنداقتىمۇ خۇددى روھىنىڭ يېرىمى چىقىپ كەتكەندەك، كۆڭلى ئارام تاپالمىدى. ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، قىزىل مونچاقلىق شاپاق دوپپىسىنى كىيىپ، توپتوغرا خۇاڭ سەننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

— كەلدى، گاۋئېرجى موللام كەلدى! — دېدى لاۋبو ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن.

— ھەي، زاڭلاشما! — ئۇ تەرىنى تۇرۇپ، لاۋبونىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى.

— دەرس ئۆتتۈڭمۇ؟ قانداق، يارايدىغاندىن نەچچىسى بار ئىكەن؟ — خۇاڭ سەن قىزىقىپ سورىدى.

— دەرس بېرىشكە ھەپسىلەم قالمىدى. قىزلار مەكتىپى بۇزۇلۇپ نەگە باراركىنتاڭ. بىزدەك تۈزۈك ئادەملەرنىڭ ئۇلارغا ئارىلىشىشىنىڭ پايدىسى يوق ئىكەن...

ماۋ فامىلىلىكنىڭ چوڭ ئوغلى كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇددى تولۇمدەك سېمىز ئىدى.

— ئوھۇ! تىنچلىقمۇ؟!...

ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قول قوۋۇشتۇرۇپ، خۇددى زوڭزىيىپ ئولتۇرىدىغاندەك ئېگىشىپ تەزىم قىلىشتى.

— مانا بۇ كىشى بىز ئېيتقان گاۋگەنتىڭ ئاكا شۇ، — لاۋبو گاۋ موللامغا ھېلىقى ماۋ فامىلىلىكنىڭ چوڭ ئوغلىنى تونۇشتۇردى.

— ھە، ھە شۇنداقمۇ، داڭقىلىرىنى كۆپ ئاڭلىغاندۇق... — ماۋ فامىلىلىكنىڭ چوڭ ئوغلى ئۇنىڭغا قايتا - قايتا تەزىم قىلدى.

ئۆينىڭ سول تەرىپىگە قىيپاش قىلىپ بىر تۆت چاسا جوزا تەييارلانغانىدى. خۇاڭ سەن مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىۋېتىپ، بىر

قىزچاق بىلەن ئورۇندۇق ۋە جەز قىلىنغان يارماقلارنى تەييارلىدى. بىرئازدىن كېيىن جوزىنىڭ ھەربىر بۇرجىكىگە بىردىن شام ياقتى. شۇنىڭ بىلەن تۆتەيلەن ئورۇنغا كېلىشتى.

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. پەقەت ماجاڭنىڭ سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان جوزىغا تېگىپ شاراقلىشىلا كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى.

گاۋ موللىنىڭ قىماردىكى جورى ئوبدان بولسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر ئۇنىڭ كۆڭلى جايىدا ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ھەرقانداق بىر ئىشنى ئاسان ئۇنتۇپ قالاتتى. لېكىن، بۇ نۆۋەت «ئىجتىمائىي ئەخلاق قايغۇرغۇدەك بىر ھالغا كېلىپ قالدى» دېگەن ئوي ـ خىيال كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۇتۇق يارماقلىرى ئاستىلاپ كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئارام بېرەلمىدى ۋە خۇشالمۇ قىلالمىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەتمۇ ئۆزگەرگەندەك ئىجتىمائىي ئەخلاقمۇ ياخشىلىنىپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۇ بۇ خىيالنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندە، ئويۇننىڭ ئىككىنچى دورى ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئوشۇقى «ئالچۇ قوپۇشقا» ئاز قالغانىدى.

1925 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى





# يالغۇزلۇق

## I

مەن ۋېي ليەنشۇي بىلەن تونۇشقانلىقىمنى ئېسىمگە ئالسام، ئۇ ناھايىتى ئاجايىپ بىر گەپ. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشۇم مۇسىبەتتە باشلاندى ۋە مۇسىبەتتە ئاخىرلاشتى.

مەن ئۇ ۋاقىتدا S شەھىرىدە ئىدىم، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاغزىغا ئالغانلىقىمنى دائىم ئاڭلايتتىم. ھەممە ئۇنى ناھايىتى غەلىتە بىر ئادەم دېيىشەتتى: ئۇنىڭ ئوقۇغىنى زوئولوگىيە بولسىمۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتە تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەيتتى؛ ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن ئانچە كارى بولمايتتى، لېكىن پات ـ پاتلا باشقىلارنىڭ ئورۇنسىز ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ قوياتتى؛ ئۇ ھەمىشە، ئائىلە مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك دەيتتى؛ لېكىن مائاشىنى ئالغان زامان دەرھال چوڭ ئانىسىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى، بىر كۈنمۇ كېچىكتۈرمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ئۇششاق سۆزلەرمۇ بارئىدى؛ قىسقىسى، ئۇ S شەھىرىدە كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدە ئېغىزدىن چۈشمەيدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. قايسىبىر يىلى مەن خەنشىشەندە بىر تۇغقىنىمنىڭكىدە تۇرۇپ قالدىم. ئۇلارنىڭ فامىلىسى «ۋېي» بولۇپ، ليەنشۇي بىلەن بىر جەمەت ئىدى. لېكىن، ئۇلار ۋېي ليەنشۇينى چۈشەنمەيتتى، ئۇنى گويا بىر ئەجنەبىيدەك كۆرەتتى، «بىزگە يات ئادەم» دېيىشەتتى.

بۇمۇ ھەيران بولغۇدەك ئىش ئەمەس. جۇڭگودا زامانىۋى مائا-

رىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغىنىغا 20 يىل بولدى، دېسەكمۇ،
لېكىن خەنششەندە باشلانغۇچ مەكتەپمۇ يوق ئىدى. پۈتۈن كەنت
بويىچە پەقەت لىيەنشۈيلا باشقا يۇرتقا چىقىپ ئوقۇپ كەلگەنىدى.
شۇڭا، كەنتلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ ھەقىقەتەن يات ئىدى. شۇنداق
بولسىمۇ، ئۇنى كۆپ پۇل تاپىدىكەن دەپ، قىزغانچۇقلىقى كېلەت-
تى.

كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدا كەنتتە تولغاق كېسىلى تارقىلىشقا باش-
لاپ، ئۆزۈممۇ خەۋپلەندىم، شۇڭا شەھەرگە كىرىپ كەتكۈم كەل-
دى. شۇ چاغدا لىيەنشۈينىڭ چوڭ ئانىسىغىمۇ كېسەل يۇقۇپتۇ،
ئۇ تولىمۇ قېرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تاغلىق كەنتتە تېۋىپ
بولمىغاچقا، ئۇنىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ.
ئۇنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن پەقەت شۇ بىرلا چوڭ ئانىسى
بارئىدى. ئۇلار بىر خىزمەتكار ئايال ياللىۋېلىپ، ناھايىتى ئاددىي
تۇرمۇش كەچۈرەتتى. لىيەنشۈي گۆدەك ۋاقتىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن
يېتىم قېلىپ، مۇشۇ چوڭ ئانىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغانىكەن.
ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى خېلى كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى چەككەند-
كەن، ھازىر بولسا راھەت ياشىماقتا. لېكىن، ئائىلىسىدە بالا -
چاقىسى بولمىغاچقا، ئۆيىدە ناھايىتى غېرىبسىنىپ يۈرىدىكەن.
بۇمۇ ئېھتىمال باشقىلارنىڭ يات ئادەم دېيىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن
بىرى بولسا كېرەك.

خەنششەن كەنتى قۇرۇقلۇق يولى بويىچە ھېسابلىغاندا شە-
ھەردىن 100 چاقىرىم، سۇ يولى بويىچە 70 چاقىرىم يىراقلىقتا
ئىدى. مەخسۇس لىيەنشۈينى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىش
توغرا كەلسە، بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە تۆت كۈن
كېتەتتى. يېزىنىڭ چەت - ياقىلىرىدىكى كىشىلەر يېڭى گەپ -
سۆز بارمىكىن دەپ قۇلاق سېلىپلا يۈرەتتى. چوڭ ئانىنىڭ كېسى-
لىنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر





ئىككىنچى كۈنىلا ھەممە ياققا تارقالدى. لىيەنشۈينى قىچقارغىلى
مەخسۇس ئادەممۇ يۈرۈپ كەتتى. لېكىن، ئەتىسى تاڭ ئاتمايلا چوڭ
ئانا جان ئۈزدى. ئۇ سەكرات ئۈستىدە: «نېمىشقا لىيەنشۈينى مەن
بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرمەيسىلەر؟ ...» دېدى.

ئۇرۇق باشلىقى، قولۇم - قوشنىلار، چوڭ ئانىنىڭ ئانىسى-
نىڭ تۇغقانلىرى، يەنە بىرمۇنچە بىكارچى كىشىلەر بىر ئۆيگە
توپلىشىپ، مېيىتنى لىيەنشۈي كەلگەندە چىقىرىمىز، دەپ مەسلى-
ھەتلەشتى. مېيىت ساندۇقى ئاللىقاچان تەييارلانغانىدى؛ ئۇلارنىڭ
بىرىنچى چوڭ مەسىلىسى بۇ «باش ھازىدار نەۋرە»گە قانداق مۇئا-
مىلە قىلىش كېرەك، دېگەن مەسىلە ئىدى. چۈنكى، ئۇلار لىيەن-
شۈي ھەرقاچان مۇسىبەتنى تامامەن يېڭى بىر ئۇسۇل بىلەن ئۆتكۈ-
زىدۇ، دەپ پەرەز قىلاتتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئاخىرى ئۈچ
تۈرلۈك شەرت تەييارلىدى ۋە بۇنى ئىجرا قىلدۇرىمىز دېيىشتى:
بىرىنچىسى، ئاق ھازىدار كىيىمى كىيىدۇ؛ ئىككىنچىسى، تىزلى-
نىپ تەزىم قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، شەيخ - سوپىلارنى تەكلىپ
قىلىپ ئوقۇتىدۇ. قىسقىسى، ھەممىنى كونا ئادەت بويىچە قىلدۇ-
رۇش لازىم.

ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، لىيەنشۈي يې-
تىپ كەلگەن كۈن ھەممىمىز يىغىلىپ، بىر - بىرىمىزگە مەدەت
بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق گەپلىشىمىز دېگەن قارارغا
كېلىشتى.

كەنتلىكلەرنىڭ ھەممىسى تۈكۈرۈكلىرىنى بوغۇزىغا يۇتۇپ،
قىزىقسىنغان ھالدا خەۋەر كۈتمەكتە. ئۇلار، لىيەنشۈي «پەرەڭلەر
دىنى»گە كىرىپ كەتكەن «جەدىت»، ئۇ بۇرۇندىنلا رەسىم -
يوسۇنغا رىئايە قىلمايتتى. بەتمۇ بەت كۈرەش باشلانماي قالمايدۇ
ياكى ئويلىمىغان بىر كارامەت پەيدا بولىدۇ، دەپ ئويلىشاتتى.
پاراڭلارغا قارىغاندا، لىيەنشۈي كەچقۇرۇندا ئۆيگە كەپتۇ. ئۇ

ئۆيگە كىرىش بىلەنلا چوڭ ئانىسىنىڭ مۇردىسى ئالدىغا بېرىپ پەقەت ئېڭىشىپ قاراپلا قويۇپتۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلار پىلان بويىچە ئىش قىلماقچى بولۇپ، دەرھال ئۇنى ئايۋانغا قىچقىرىپ، گەپنى ئەگىتىپ، ئاخىر ئەسلىي مەسىلىگە ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقىلار بەس - بەس بىلەن گەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچۇرماپتۇ. لېكىن، ئاخىر گەپمۇ تۈگەپتۇ، ئايۋاننى جىمجىتلىق بېسىپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. ليەنشۈي رەڭگىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن ھەممىگىلا «ماقۇل» دەپ قىسقىچىلا جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ گەپ كۈتمىگەن يەردىن چىققاچقا، ھەممەيلەننىڭ يۈركى ئورنىغا چۈشۈپتۇ. ئەمما، تۇرۇپ يەنە ئۇلار بۇ «غەلىتە بىر ئىشقۇ» دەپ، بىرئاز گۇمانسىرىغاندەك بوپتۇ. يېڭى گەپ - سۆزگە قۇلاق سېلىپ يۈرگەن كەنتلىكلەرمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ: «قىزىق گەپ! ئۇ ھەممىسىگە ماقۇل دەپتۇ، يۈرۈڭلار، كۆرۈپ كېلەيلى!» دېيىشىپتۇ. ھەممىگە ماقۇل كەلگەندىن كېيىن، ھەممە ئىش كونا قائىدە بويىچە بولغان بولاتتى، ئۇنىڭغا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار كۆزىمىز بىلەن كۆرىمىز دەپ، قاش قارايغاندا كەينى - كەينىدىن يىغىلىپ بېرىشىپتۇ.

مەنمۇ بېرىپ كۆرمەكچى بولغانلارنىڭ بىرى ئىدىم. ئاۋۋال مەن بىر باغلام نۆكچە ئەۋەتتىم، كېيىن ئۆزۈم باردىم. ليەنشۈي مۇردىنى كېپەنلەۋاتقانىكەن. ئۇ پاكىنەك، ئورۇق، يۈزى سوزۇق، چاچلىرى شالاڭ ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ يۈزىنى قاپقارا ساقال بېسىپ كەتكەنىدى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كۆرۈنەتتى، ئۇ خۇددى كېپەنلەش مۇتەخەسسىسىدەك كېپەننىمۇ تەرتىپلىك ھالدا كىيدۈردى، چەتتە قاراپ تۇرغانلار ئۇنىڭغا قايىل بولۇشتى.

خەنشىشەن يېزىسىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە، ئاشۇنداق چاغلار-





دا، قانداقلا بولمىسۇن، ئانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنداق قىل، بۇنداق قىل دەپ ئۆگىتىپ تۇراتتى. ليەنشۈي ئۈنچىقارماستىن، چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن، نېمە دېسە شۇنى قىلدى. ئالدىمدا تۇرغان بىر ئاق باش موماي بۇنىڭغا زوقى كېلىپ ئىچىنى تارتتى.

كېپەنلەپ بولغاندىن كېيىن تەزىم قىلىندى، ئاندىن كېيىن يىغا - زار بولدى، ئاياللارنىڭ ھەممىسى دۇرۇت ئوقۇشتى. مېيىتنى ساندۇققا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە تەزىم قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن تا ساندۇقنىڭ ئاغزى مىخلانغىچە يىغا - زار بولدى، ئاندىن بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، ھەممە بىردىنلا تېپىرلىشىپ كەتتى. بۇ ھەيرانلىق ۋە نارازىلىق بەلگىسى ئىدى. مەنمۇ بىردىنلا ئىختىيارسىز ئويلىنىپ قالدىم. ليەنشۈينىڭ كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقمىغانىدى، ئۇ ئىككى كۆزىنى پارقىرىتىپ، بورا ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

مېيىت ئەنە شۇنداق ھەيرانلىق ۋە نارازىلىقلار ئىچىدە ئۇزىتىلدى. ھەممە تارقىشىپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلىشتى. لېكىن، ليەنشۈي تېخىچە بورىدا چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. بىردىنلا ئۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، بوغۇلۇپ قالدى - دە، كېيىن خۇددى قاراڭغۇ تۈندە كەڭ دالىدا ھۇۋلىغان ياريدار بۆرىدەك غەزەپ ئارىلاش قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. بۇنداق قىلىش كونا ئادەتتە يوق ئىدى. باشقىلار ئىلگىرى بۇنداق بولۇشنى ئويلىمىغاچقا، قانداق قىلىشنى بىلمەي، بىردەم تېڭىرقىشىپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا بىرنەچچەيلەن كېلىپ تەسەللى بەردى، كېيىن تەسەللى بەرگۈچىلەر بارا - بارا كۆپەيدى. لېكىن ليەنشۈي بولسا، خۇددى قاقىقان قوزۇقتەك ئولتۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلايتتى.

مۇسىبەتكە كەلگەنلەر يەنە ياراتمىغاندەك قىلىپ تارقىلىپ كېتىشتى. ليەنشۈي يېرىم سائەتچە يىغلىغاندىن كېيىن، بىردىنلا

يىغىسىنى توختاتتى ۋە ھازىدارلار بىلەن كارىمۇ بولماستىن، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مارىلىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كارىۋاتتا ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن شەھەرگە قايتىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، كەنتكە، لىيەنشۈي بارلىق ئۆي - سەرەمجانلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى چوڭ ئانىسىنىڭ ھەققىگە كۆيدۈرمەكچى بوپتۇ، قالغانلىرىنى چوڭ ئانىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى خىزمەتكارى — ھازىدار ئايالغا بېرىۋەتكۈدەك، ئۆيىنىمۇ شۇ خىزمەتكارغا مۇددەتسىز ئۆتنىگە بېرىپتۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى گېلى قۇرۇپ كەتكۈچە گەپ قىلىپمۇ توسۇيالماپتۇ، دېگەن بولمىغۇر گەپ - چۆچەكلەرنىڭ تارقالغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

بەلكىم، قىزىقسىنغانلىقتىن بولسا كېرەك، مەن شەھەرگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتكەندە پاتىھە ئوقۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۆيىگە كىردىم. ئۇ قارىلىق كىيىملىرى بىلەن ئالدىمغا چىقتى، روھىي ھالى يەنە شۇ ئاۋۋالقىدەك سۇس تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تەسەللى بەردىم. ئۇ «شۇنداق»، «خوپ»، دېگەندىن باشقا، «رەھمەت سىزگە» دەپ پەقەت بىر ئېغىزلا جاۋاب قايتۇردى.

## II

بىزنىڭ ئۈچىنچى قېتىمقى كۆرۈشۈشىمىز شۇ يىلى قىشنىڭ باشلىرىدا، S شەھىرىدىكى بىر كىتاب دۇكىنىدا بولدى. بىز بىر - بىرىمىزگە سالام بېرىشىپ، شۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق. لېكىن، بىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە يېقىنلىشىشىمىز شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا، مەن ئىشسىز قالغاندىن كېيىن باشلاندى. شۇ-





نىڭدىن تارتىپ مەن لىيەنشۈينى پات - پات يوقلاپ بارىدىغان بولدۇم. بۇنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدىن، بىكارچىلىق بولسا، ئىككىنچىدىن، ئاڭلىسام ئۇنىڭ مىجەزى شۇنداق سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن بېشىغا كۈن چۈشكەن كىشىلەرگە يېقىنچىلىق قىلىدىكەن، لېكىن پەلەكنىڭ چاقى ھەمىشە بىرخىل چۆرگىلىمەيدۇ، باشقا كۈن چۈشكەن ئادەملەرمۇ ھەمىشە شۇنداق تۇرۇۋەرمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ قەدىناس بۇرادەرلىرىمۇ ناھايىتى ئاز ئىكەن. بۇ گەپ دەرۋەقە راست چىقتى. مەن ئىسمىم يېزىلغان كارتىنى كىرگۈزۈشۈم بىلەنلا، ئۇ مېنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئىككى ئېغىزلىق مېھمانخانىسىدا جوزا، ئورۇندۇق، بىرنەچچە كىتاب جازىسىدىن باشقا، ھېچقانداق جاھاز يوق ئىكەن. باشقىلار ئۇنى قورقۇنچلۇق بىر «جەدىت» دېسىمۇ، لېكىن كىتاب جازىلىرىدا يېڭى كىتابلار ئانچە يوق ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئىشسىز قالغانلىقىمنى بىلەتتى. كېلە - كېتە گەپ - سۆز تۈگىگەندىن كېيىن، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ شۈك ئولتۇرۇپ قالدۇق، ئۆينى جىمجىتلىق باستى. ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى چېكىپ بولاي دېدى، ھەتتا تاماكىنىڭ كۆتىكى بارماقلىرىنى كۆيدۈرۈشكە ئاز قالغاندا، ئۇنى يەرگە تاشلىدى.

— تاماكا چېكىڭ ...— دېدى ئۇ بىردىنلا قولىغا يەنە بىر تال تاماكا ئېلىپ.

مەنمۇ بىر تال ئېلىپ چەكتىم. ئوقۇتقۇچىلىق ۋە كىتاب توغرىسىدا پاراڭ قىلىشقان بولساقمۇ، لېكىن يەنە شۈك ئولتۇرۇپ قالدۇق. مەن ئەمدى قايتاي دەپ تۇراتتىم، تاشقىرىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ۋە ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن تۆت بالا ئۆيگە ئۈسۈپ كىرىپ كەلدى. بۇلارنىڭ چوڭى سەككىز - توققۇز ياشتا، كىچىكى تۆت - بەش ياشتا ئىدى، قول - يۈزى ۋە كىيىملىرى كىر، مەينەت ئىدى. لېكىن، لىيەنشۈينىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا خۇشاللىق نۇرلىرى يالتىرىدى، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ،

ئىچكەركى ئۆيگە قاراپ ماڭدى ۋە:

— دالياڭ، ئېرلياڭ، ھەممىڭلار بۇياققا كېلىڭلار! تۈنۈگۈن سورىغان ئېغىز گارمونىنى سېتىۋېلىپ كەلدىم، — دېدى.

بالىلار ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىپ كەتتى، ئۇزاق ئۆتمەستىن، ھەممىسى بىردىن گارموننى چېلىپ چىقىشتى. لېكىن ئىشىكتىن چىقىش بىلەنلا نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇرۇشۇپ قالدى، بىرى يىغلاشقا باشلىدى.

— بىر كىشىگە بىردىن، ھەممىڭلارنىڭ ئوخشاش، تالاشماڭلار! — دېدى ۋېي لىيەنشۇي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ.

— بۇلار كىمنىڭ بالىلىرى؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۆينىڭ خوجايىنىنىڭ بالىلىرى، ئۇلارنىڭ ئانىسى يوق، بىرلا چوڭ ئانىسى بار.

— ئۆينىڭ خوجايىنى يالغۇز كىشىمۇ؟

— ھەئە، خوجايىنىنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۈچ - تۆت يىل بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ باشقا ئۆيلەنمىدى··· ئۆيلەنگەن بولسا، ماڭا ئوخشاش بويتاققا ئىجارىگە ئۆي ئاشارمىدى، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، سۇسقىنا كۈلۈپ قويدى.

نېمىشقا تېخىچە بويتاق يۈرىسىز، دەپ سورىغۇم كەلدى، لېكىن تازا ئەسرا بولمىغاچقا، سوراشقا خىجىل بولدۇم.

لىيەنشۇي بىلەن تونۇشۇۋالغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك پاراڭلارنى قىلغىلى بولدى: ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى تۈگىمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە غەلىتە سۆزلەرنى قىلاتتى. كىشىگە ياقمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ بەزى مېھمانلىرى «زاۋاللىق» دېگەن ئەسەرنى ئوقۇغان بولسا كېرەك، ئۇلار ھەمىشە ئۆزلىرىنى «تەلەيسىز ياشلار» ياكى «قاتاردا يوقلار» دېيىشەتتى. ئۇلار چوڭ ئورۇندۇقلاردا قىسقۇچپاقىلارغا ئوخشاش كېرىلىپ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئولتۇرۇشاتتى، ئىچ - ئىچىدىن ئۇھ تارتىپ، قاش -





قاپاقلىرىنى تۈرۈپ تاماكا چېكىشەتتى. ھېلىقى خوجايىنىنىڭ بالىلىرى پات - پات جاڭجاللىشىپ، چىنە - تەخسىلەرنى چېقىپ، پېچىنە، توقاچ تالىشىپ، كىشىنىڭ مېڭىسىنى قوچۇۋېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، لىيەنشۇي ئۇلارنى كۆرگەندە چىرايىنى بۇزمايتتى، ئۇلارنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. ئاڭلىسام، قايسىبىر كۈنى سەنلياڭغا قىزىل چىقىپ قالغاندا، ئەندىشە قىلىپ لىيەنشۇينىڭ چىرايلىرى تېخىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. بەختكە يارىشا، بالىنىڭ كېسىلى يېنىك ئىكەن. شۇڭا، كېيىنكى چاغلاردا ھېلىقى بالىنىڭ چوڭ ئانىسى لىيەنشۇينىڭ چۆچۈگىنىنى مەسخىرىگە ئايلاندۇرۇۋاپتۇ.

—بالىلار، قانداقلا بولمىسۇن ياخشى. ئۇلار گۆدەك بولغاچقا ئاق دىل بولىدۇ ···— دېدى ئۇ، بىر كۈنى ماڭا پەيتىنى تېپىپ، بەلكىم مېنى بالىلارنى ياقتۇرماي قالارمىكىن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

— ئۇنداق بولمايدىغانلىرىمۇ بار، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— ياق، چوڭ ئادەملەرنىڭ مىجەزى يامان بولىدۇ. بالىلاردا بولسا، ئۇنداق خۇي يوق. كېيىنكى چاغلاردىكى ئەسكىلىكلىرى بولسا، مەسىلەن، سىز ئادەتتە زەربە بېرىدىغان ئەسكىلىكلەر بولسا، ئۇ مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. بالىلار ئەسلىدە يامان ئەمەس، ئۇلار ئاق دىل بولىدۇ··· مېنىڭ جۇڭگودىن ئۈمىد بار دېگىنىمنىڭ مەنىسى شۇ يەردە.

— ياق. ئەگەر بالىلاردا ئەسكىلىكنىڭ يىلتىزى بولمىسا، چوڭ بولغاندىكى ئەسكىلىك چېچەكلىرى نەدىن كېلىدۇ؟ مەسىلەن، بىر دانە ئۇرۇقنى ئالساق، ئۇنىڭدا شاخلاش، چېچەكلەش ۋە باش ئېلىش ئامىللىرى بولغاچقا، ئۇ يوغىنىغاندا ئۇنۇم بېرىدۇ. باھانە - سەۋەبسىز ئىش يوق، — دېدىم. ئۆزۈممۇ ئىش يوق بىكار بولۇپ قالغاچقا، خۇددى كاتتا جانابلار سەھراغا بارغاندا سوپى

بولۇۋالغاندەك، بۇددا كىتابلىرىدىن سۆز ئاچتىم. بۇددا كىتابلىرىدىكى كارامەتلەرنى چۈشەنمىسەممۇ، ئۆزۈمنى چاغلىماستىن، بۇلار - بولماس سۆزلەۋەردىم.

لېكىن، لىيەنشۈينىڭ كەيپى ئۇچتى. ئۇ ماڭا بىر ئالىيىپ قويدى - دە، لام دەپ ئېغىز ئاچمىدى. ئۇنىڭ قىلغۇدەك گەپ تاپالمايۋاتقانلىقىنى ياكى مۇنازىرىلىشىشكە خۇشياقمايۋاتقانلىقىنى پەملىيەلمىدىم. ئەمما چىرايىدىن خېلىدىن بۇيان كۆرۈنمىگەن تۇتۇقلۇق يەنە پەيدا بولدى. ئۇ ئۈنچىقارماستىن ئىككى تال تاماكا چېكىۋەتتى، ئۈچىنچى تال تاماكىنى قولىغا ئالغاندا، مەن قايتىپ كەتتىم.

بۇ ئاداۋەت ئۈچ ئايدىن كېيىن يۇيۇلدى. بۇنىڭ سەۋەبى ياكى ئۇ شۇ خاپىلىقنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋەتكەن، ياكى بولمىسا «ئاق دىل» باللارنى يامان كۆرۈپ قېلىپ، مېنىڭ باللار توغرىسىدا ئويلىماي قىلىپ سالغان سۆزلىرىمنى توغرا تاپقانلىقىدىن بولۇشى كېرەك. لېكىن، بۇ پەقەت مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ پەرىزى. شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلگەنىدى. شارابتىن كېيىن، بىرئاز مەيۈسلەنگەندەك بىر قىياپەتتە، بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ:

— ئويلىسام، بىرئاز ھەيران بولىمەن، — دېدى ئۇ، — مەن سىزنىڭكىگە كېلىۋېتىپ، كوچىدا بىر كىچىك بالىنى ئۇچراتتىم. ئۇ تېخى ئايىغى چىقمىغان بالىكەن. لېكىن، قولىغا قومۇشنىڭ بىر تال يوپۇرمىقىنى ئېلىپ، ماڭا بەللەپ: «ئۆلتۈرىمەن!» دەۋاتىدۇ...

— بۇ مۇھىتنىڭ بەرگەن يامان تەسىرى، — دېدىم ۋە دەرھال ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن سۆزگە پۇشايمان قىلدىم. لېكىن ئۇ كۆڭلىگىمۇ ئالماستىن، ھەدەپ شاراب ئىچەتتى، ئارىلىقتا ھەدەپ تاماكىمۇ چېكەتتى.

— سورايمەن، سورايمەن دەپ، ئۇنتۇپلا قاپتىمەن، — مەن





سۆزنى باشقا ياققا بۇرىدىم، — سىز بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئاسانلىقچە بارمايتتىڭىز، قانداق بولۇپ بۈگۈن بۇياققا ئايىغىڭىز يەتتى؟ بىزنىڭ تونۇشقىنىمىزغا بىر يىلدىن ئاشتى، بىزنىڭكىگە كېلىشىڭىز، مانا بۇ بىرىنچى قېتىم.

— مەنمۇ سىزگە ئېيتاي دەپ تۇراتتىم. يېقىندىن بېرى سىزمۇ بىزنىڭ ئۆيگە بارمىدىڭىز. بىزنىڭ ئۆيدە مېنى جېنىمدىن - جاق تويغۇزۇۋېتىدىغان چوڭ - كىچىك ئىككى ئادەم بار، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئادەم سىياقى يوق.

— چوڭ - كىچىك ئادەم؟ ئۇلار كىم؟ — مەن بىرئاز ھەيران بولدۇم.

— كىم بولاتتى، تاغام بىلەن ئۇنىڭ بالىسى. ھەي، بالىسى دادىسىدىن قېلىشمايدۇ.

— سىزنى يوقلىغاچ، شەھەرگە ئوينىغىلى كەلگەن بولسا كېرەك؟

— ياق. ماڭا مەسلىھەتكە كەپتۇ، بالىسىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچىكەن.

— ھە! بالىسىنى ئۆتۈنۈپ بەرمەكچىكەن؟ — ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتىم، — سىز تېخى ئۆيلەنمىگەن تۇرسىڭىز...

— مېنىڭ ئۆيلەنمەيدىغانلىقىمنى ئۇلار بىلىدۇ، مەيلى ئۇنىڭدا ھېچ گەپ يوق. بىراق ئۇلارنىڭ قەستى خەنشىشەندىكى ھېلىقى بىر ئېغىز كونا ئۆيدە. مەندە شۇ ئۆيدىن باشقا ھېچ نەرسە يوقلۇقى ئۆزىڭىزگە مەلۇم. قولۇمغا پۇل چۈشسە، بىر دەمدە خەجلەپ تۈگىتىمەن. پەقەت شۇ بىر ئېغىز ئۆيلا قالدى. ئۇ ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ قەستى ھېلىقى قېرى خىزمەتكارنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارماقچى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇ قەدەر مۇزدەككى، ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەسەللى

بەردىم:

— مېنىڭچە، سىزنىڭ تۇغقانلىرىڭىز ئۇنداق ئەمەستۇر بۇ ئۇلارنىڭ نادانلىقى بولسا كېرەك. مەسىلەن، ئالدىنقى يىلى بېشىڭىزغا مۇسىبەت چۈشكەندە، ئۇلار يىغلىشىپ سىزگە بىرمۇنچە تەسەللى بەردى...

— دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيۈمنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تىلخەتكە بارماق باستۇرغاندا يىغلاپ تۇرۇۋالغىنىمدىمۇ، شۇنداق ئولىشىپ كېلىپ پەند - نەسىھەت بېرىشكەنىدى ...— ئۇ خۇددى ۋەقە بولغان چاغدىكى مەنزىرىنى ھاۋادىن ئىزدەۋاتقاندەك ئىككى كۆزىنى يۇقىرىغا تىكەتتى.

— قىسقىسى، ھەممە گەپ سىزنىڭ باللىق بولمىغانلىقىڭىزدا، زادى نېمىشقا ئۆيلەنمەيسىز؟ — بىردىنلا ئۇبدان پەيتنى تاپقاندەك بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان سورىماقچى بولغان سۆزۈمنى ئېيتتىم. ئۇ ھەيران بولۇپ ماڭا قارىدى، بىرئازدىن كېيىن كۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ ئۆزىنىڭ تىزىغا قارىۋالدى ۋە تاماكا چېكىش بىلەن بولۇپ، سۆزۈمگە جاۋاب قايتۇرمىدى.

## III

لىيەنشۈي شۇنداق بىمەنە شارائىتلاردا ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنى يەنىمۇ تىنچسىزلاندۇرۇپ، بارا - بارا كىچىك گېزىتلەردە ئىمزاسىز كىشىلەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بىلىمدارلار ئارىسىدىمۇ ئۇ توغرۇلۇق سۆز - چۆچەكلەر پەيدا بولۇپ قالدى. لېكىن، بۇ سۆز ئىلگىرىكىدەك تۇتۇرۇقسىز گەپلەر ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ زىتىغا تېگىدىغان سۆزلەر ئىدى. مەن بۇنىڭ ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان گېزىتلەرگە ماقالە يېزىشقا ئامراق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، شۇڭا كارىمۇ





بولمىدى. S شەھىرىدىكى كىشىلەر بىھۇدە گەپ - سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ياقتۇرمايتتى؛ ئەگەر چىقىپ قالسا، گېپى چىققان كىشىگە يەر ئاستىدىن دىققەت قىلىشاتتى، بۇ ئەھۋال ئەزەلدىن شۇنداق ئىدى. بۇنى لىيەنشۈي ئۆزىمۇ بىلەتتى. ئەتىيازدا مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە قوشۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ خەۋەر ماڭا بىرئاز غەلىتە تۇيۇلدى. ھەقىقەتتە بولسا، بۇنداق ئەھۋاللارمۇ ئەزەلدىن شۇنداق تۇغۇلۇپ تۇراتتى. بىراق، مەن ئۆز تونۇشلىرىمنىڭ بۇنداق تاسادىپىيلاردىن خالىي بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ماڭا بۇ غەلىتە تۇيۇلغانىدى، لېكىن S شەھىرىنىڭ ئادەملىرى بۇ نۆۋەت بۇنىڭغا ئارتۇقچە ئەجەبلەنمىدى.

شۇ چاغلاردا مەن ئۆز تىرىكچىلىكىم بىلەن ئاۋارە ئىدىم. بۇ يىل كۈزدە شەنياڭغا ئوقۇتقۇچىلىققا بېرىش توغرىسىدا ئوقۇشقىلى بارماقچى بولغانلىقىم ئۈچۈن، لىيەنشۈينى يوقلاشقا ۋاقىت بولمىدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىن بوشىنىپ كەتكىنىگە ئۈچ ئاي بولۇپ قالغاچقا، بىرئاز بوش ۋاقىت چىققۇچە ئۇنى يوقلاش خىيالىمغىمۇ كەچمىدى. بىر كۈنى رەستىدە كېتىۋېتىپ، بىردىنلا كونا كىتابلار يايمىسى ئالدىدا تۇرۇپ قالدىم ۋە ئىختىيارسىز ھەيران بولۇپ قالدىم. چۈنكى، ئۇ يەردە قەدىمكى كىتابلارنى بېسىپ چىقىرىدىغان «جىگۇگې» نەشرىياتىدا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنغان «سىجىي سوييىڭ»[21] دېگەن كىتاب كۆزۈمگە چېلىقتى. بۇ كىتاب ئەسلىي لىيەنشۈينىڭ كىتابى ئىدى. ئۇ بۇ كىتابنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۆز قولىدا ساقلىمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ كىتاب ئۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك ئېسىل كىتاب ئىدى؛ نائىلاج بولمىغۇچە، ئاسانلىقچە سېتىۋەتمەيتتى. ئۇ ئىلگىرىدىن تارتىپ قولىغا پۇل چۈشسىلا يىغىپ - تېجەپ قويماستىن ئاسانلا تۈگىتىۋېتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشسىز بولۇپ قالغىنىغا ئەمدىلا ئىككى - ئۈچ ئاي بولۇپ

تۇرۇقلۇق شۇنچىۋالا گادايلىشىپ كەتكەندىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يوقلاپ بارغۇم كەلدى ـ دە، رەستىدىن بىر شىشە ھاراق، ئىككى بولاق خاسىڭ، ئىككى پىششىق بېلىق ئالدىم.

ئۇنىڭ ئىشىكى يېپىقلىق ئىكەن، ئىككى ـ ئۈچ قېتىم چاقىردىم، ئۈنچىقمىدى. ئۇخلاپ قالغان بولسا كېرەك دەپ، تېخىمۇ ئۈنلۈك توۋلىدىم، ئىشىكنى قاقتىم.

— چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك! — دالىياڭلارنىڭ چوڭ ئانىسى — قىسماق كۆز سېمىز ئايال ئۇدۇلدىكى دېرىزىدىن ئاق كىرگەن بېشىنى چىقىرىپ، رەنجىگەندەك ۋارقىرىدى.

— نەگە كەتكەندۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— نەگە؟ كىم بىلسۇن؟… ئۇ نەگە كېتەتتى، ساقلاپ ئولتۇرۇڭ، بىردەمگىچە كېلىپ قالار.

مەن ئىشىكنى ئاچتىم ـ دە، مېھمانخانىغا كىردىم. ئازغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە شۇنچە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىپتۇ: مېھمانخانا كىشىنىڭ ئىچى پۇشقۇدەك قۇپقۇرۇق ئىدى. ئۆي سەرەمجان ئاز قالغاننىڭ ئۈستىگە، S شەھىرىدە خېرىدار تېپىلمايدىغان بىرنەچچە پارچە شىرازىلىق كىتابلا قاپتۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇمىلاق جوزا تېخىچە تۇرۇپتۇ. ئىلگىرى بۇ جوزىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرىدىغان دەردمەن، مەرد ياشلار، ھۇنىرىنى كۆرسىتەلمەي يۈرگەن كارامەتچىلەر ۋە ھېلىقى جاڭجالچى مەينەت بالىلارنىڭ ھازىر بىرىمۇ يوق. جوزا ئۈستىنى چاڭ ـ توزان بېسىپ كېتىپتۇ. ھاراق بىلەن خاسىڭنى جوزىغا قويدۇم ـ دە، بىر ئورۇندۇقنى جوزىنىڭ يېنىغا تارتىپ ئىشىككە ئۇدۇل ئولتۇردۇم.

دەرۋەقە بىردەم ئۆتمەيلا، ئىشىك ئېچىلىپ بىرى ئاستا كىرىپ كەلدى. بۇ ليەنشۈي ئىدى. بەلكىم كەچ كىرىپ قالغانلىقتىن بولسا كېرەك، ئۇ خۇددى بالدۇرقىدىنمۇ قارىداپ كەتكەندەك كۆرۈندى، لېكىن روھىي ھالىتى يەنە بالدۇرقىدەك ئىدى.





— ئوھو! بۇ يەردىكەنسىز؟ قاچانراق كەلدىڭىز؟ — ئۇ بىرئاز خۇشالدەك ئىدى.

— ئانچە ئۇزۇن بولمىدى، — دېدىم، — نەگە بېرىپ كەلدىڭىز؟

— ھېچ نەگە، ئانچىكى ئايلىنىپ كەلدىم.

ئۇمۇ بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكېلىپ، جوزا تۈۋىدە ئولتۇردى. بىز ھاراق ئىچىشكە باشلىدۇق ۋە ئۇنىڭ ئىشسىز قالغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. لېكىن، ئۇ بۇ توغرىدا ئانچە كۆپ گەپ ـ سۆز قىلمىدى. بەلكىم بۇنى ئادەتتىكى دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىش، بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، بۇ توغرىدا سۆزلەشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇ ئادەتتىكىدەك، ھەدەپ ھاراق ئىچەتتى، ئارىلاپ جەمئىيەت ۋە تارىخ توغرىسىدا پاراڭ قىلىپمۇ قوياتتى. نېمە ئۈچۈندۇر، مەن شۇ چاغدا قۇرۇق تۇرغان كىتاب جازىسىغا كۆزۈم چۈشۈپ، «جىڭگۇگې» نەشرىياتىدا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنغان «تارىخنامەنىڭ شەرھى» دېگەن كىتابنى ئەسلەپ قالدىم ۋە بىردىنلا ئىچىم سىقىلىپ، روھسىز ۋە مەيۈسلۈك ھېس قىلدىم.

— مېھمانخانىڭىز غېرىبسىنىپ قاپتۇ… يېقىندىن بۇيان مېھمانلارمۇ ئاز كېلىدىغان بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار مېنى كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس، بارساقمۇ ئەھمىيىتى يوق، دەپ ئويلىسا كېرەك. ھەقىقەتەن كۆڭۈلنىڭ ئارامىدا بولماسلىقى كىشىلەرگە ئوڭايسىزلىق تۇغدۇرىدىكەن، باغچىلارغا قىش كۈنلىرى ئادەم بارمايدۇ… — ئۇ كەينى ـ كەينىدىن ئىككى قەدەھ كۆتۈرۈۋېتىپ، جىممىدە خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. كېيىن بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — سىز ئۇقۇشۇۋاتقان خىزمەتتىمۇ ئىشەنچ يوقتۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭ بىرئاز مەست بولغانلىقىنى سەزگەن بولساممۇ،

لېكىن ئىختىيارسىز كەيپىم ئۇچتى. بىرنەرسە دېيىشكە تەييار تۇراتتىم، ئۇ نېمىگىدۇر بىر نەرسىگە قۇلاق تىكىپ، قولىغا بىر ئوچۇم خاسىڭنى ئالدى - دە، تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. تاشقىرىدا دالىياڭلارنىڭ كۈلكىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

لىيەنشۈينىڭ تاشقىرىغا چىقىشىغا بالىلارنىڭ ئۈنى بېسىلىپ قالدى ۋە ھەممىسى تارقىشىپ كەتكەندەك بولدى. لىيەنشۈي قوغلاپ بېرىپ، بىرنېمىلەرنى دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بالىلارنىڭ جاۋابى ئاڭلانمىدى. شۇنىڭ بىلەن لىيەنشۈيمۇ ئاستا قايتىپ كېلىپ، قولىدىكى بىر ئوچۇم خاسىڭنى يەنە جوزىغا تۆكۈپ قويدى.

— مېنىڭ نەرسىلىرىمنىمۇ يېمەيدىغان بولۇۋالدى، — دېدى ئۇ زاڭلىق قىلغاندەك تۆۋەن ئاۋاز بىلەن.

— لىيەنشۈي، — دېدىم مەن غەمكىن بولسامۇ، ئۆزۈمنى كۈلكىگە زورلاپ، — سىز مېنىڭچە ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئازابقا قالدۇرغاندەك تۇرىسىز. سىز ئىنسانىيەت ئالىمىنى ناھايىتى بۇزۇلۇپ كەتتى، دەپ قارىسىڭىز كېرەك...

ئۇ سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

— ياق، توختاڭ، مېنىڭ سۆزۈم تېخى تۈگىمىدى. سىز بىزنى — سىزنى تاسادىپىي يوقلاپ كەلگەنلەرنى ئىشى يوق بىكار بولۇپ قالغاچقا، ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈن كېلىدۇ دەپ، ئويلايدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ياق. لېكىن، بەزىدە شۇنداقمۇ ئويلايمەن. سۆز - چۆچەك قىلىش ئۈچۈن دەسمايە ئىزدەپ كەلسە كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

— ئۇنداق بولسا، خاتا ئويلاپسىز. كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن پىلە غوزىكى ياساپ، ئۆزىڭىزنى شۇنىڭ ئىچىگە سولىۋاپسىز. دۇنيانى سۈزۈك دەپ قارىشىڭىز لازىم، — دېدىم ئېچىنغان ھالدا.

— بەلكىم شۇنداقتۇر. لېكىن، قېنى ئېيتىڭچۇ؛ غوزەكىنىڭ





يىپى نەدىن كېلىپ قالدى؟... تەبىئىي، دۇنيادا شۇنداق ئادەملەر ناھايىتى كۆپ؛ مەسىلەن، مېنىڭ چوڭ ئانام. ماڭا ئۇنىڭ قېنى ئارىلاشمىغان بولسىمۇ، بەلكىم ئۇنىڭ تەقدىرى ماڭا مىراس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇمۇ ھېچ گەپ ئەمەس. مەن شۇنداق تەقدىر ئۈچۈن ئاللىقاچان كۆز يېشى قىلغان...

ئۇنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ مۇسىبىتى ۋاقتىدىكى ئەھۋالى خۇددى ھېلى بولۇپ ئۆتكەندەك دەرھال كۆز ئالدىمغا كەلدى.

— مەن سىزنىڭ شۇ چاغدىكى يىغا - زارىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم ...— دەپ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا سورىدىم.

— چوڭ ئانامنىڭ مۇسىبىتى ۋاقتىدىكىگىما؟ ... توغرا، چۈشەنمەيسىز، — ئۇ چىراغنى ياندۇرۇۋېتىپ، ئالدىرىماستىن سۆزلىدى، — سىزنىڭ ماڭا ئۈلپەتچىلىك قىلىشىڭىز، مېنىڭچە، شۇ ۋاقىتتىكى يىغا - زار سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، سىز بىلمەيسىز، ئۇ چوڭ ئانام دادامنىڭ ئۆگەي ئانىسى. دادامنىڭ ئۆز ئانىسى بولسا، ئۈچ ياش ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن، — ئۇ خىيال بىلەن جىمىدە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچتى، بىر بېلىق بېشىنى يەۋەتتى، — ئۆتكەن ئىشلارنى مەن ئەسلىي بىلمەيتتىم. كىچىكىمدىن تارتىپلا ماڭا بۇ ئىشلار قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا دادام تېخى ھايات، ھال - ئەھۋالىمىزمۇ ياخشى ئىدى، چاغان ئېيى بولغاندا، بوۋىلىرىمىزنىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ، چوڭ نەزىر قىلاتتۇق. شۇ ھەيۋەت سۈرەتلەرگە قاراپ بەخت بىزگە كۆپ يار بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، شۇ چاغلاردا مېنى كۆتۈرۈپ باقىدىغان بىر خىزمەتكار خوتۇن ماڭا ھەمىشە بىر سۈرەتنى كۆرسىتىپ: «مۇشۇ سېنىڭ ئۆز چوڭ ئاناڭ. تەزىم قىل، سېنىڭ تېتىك، قاۋۇل ئادەم بولۇپ، تېز چوڭ بولۇشىڭغا روھىي مەدەت بېرىدۇ» دەيتتى. مەن بىر چوڭ ئانام بار تۇرۇقلۇق، يەنە قانداقسىگە «ئۆز چوڭ ئانام» بولۇشىنى چۈشەنمەيتتىم. شۇنداق بولسى-

ـمۇ، ئۇ «ئۆز چوڭ ئانام»نى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ ئۆيدىكى چوڭ
ئانامدەك قېرى ئەمەس ئىدى، ياش ھەم چىرايلىق ئىدى، ئۇستىگە
زەر باسقان قىزىل چاپان، بېشىغا ئۇنچە باسقان دوپپا كىيگەنىدى،
ئانامنىڭ سۇرىتىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭغا قارىد-
ـسام، ئۇمۇ ماڭا تىكىلىپ مىيىقىدا كۈلگەندەك قاراپ تۇراتتى.
مەن، ئۇمۇ مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئويلايتتىم...

... ئۆيدىكى، ئەتىدىن كەچكىچە دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ
يىڭنە ئىشى قىلىدىغان چوڭ ئانامنىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. مەن
ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرقانچە خۇشاللىق بىلەن ئويناپ ـ كۈلسەممۇ،
قىچقارساممۇ، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپمۇ قويمايتتى، ماڭا ئۇ ھەمىشە
سوغۇق، باشقىلارنىڭ چوڭ ئانىسىدىن باشقىچىرەك تۇيۇلاتتى.
شۇنداقتىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن، بارا ـ بارا ئۇنىڭدىن
مېھرىم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، يېشىم چوڭىيىپ،
ئۇنىڭ دادامنىڭ ئۆزئانىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالغانلىقىم ئۇ-
چۇن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە خۇددى ماشىنىغا
ئوخشاش، يىڭنە ئىشىدىن باش كۆتۈرمەي ئولتۇرۇشىدىن زېرىك-
كەنلىكىمدىن ئىدى. ئۇ بالدۇرقىدەكلا قولىدىن يىڭنىنى چۇشۇر-
مەي ئولتۇرسىمۇ، ماڭا غەمخورلۇق قىلاتتى، مېنى ئاسرايتتى،
ئانچە ئوچۇق چىراي ئاچمىسىمۇ، لېكىن سىلكىمەيتتى. تا دادام
ۋاپات بولغۇچە شۇنداق ئۆتتى. كېيىنكى چاغلاردا بىزنىڭ كۈنىمىز
شۇنىڭ يىڭنە ئىشىغا قاراشلىق بولۇپ قالدى. ھەتتا مەن مەكتەپكە
كىرگۈچە شۇنداق تۇرمۇش كەچۈردۇق...

چىراغ ئۆچۈپ قالاي دېدى، كىرسىن كۆيۈپ بولدى. لىيەن-
شۇي ئورنىدىن تۇرۇپ، كىتاب جازىسىدىن كىچىككىنە بىر كىر-
سىن قاچىسىنى ئېلىپ چىراغقا كىرسىن قۇيدى.

— مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە، كىرسىننىڭ نەرخى ئىككى قېتىم
ئۆرلىدى ...— ئۇ چىراغنىڭ پىلىكىنى بىرئاز چىقىرىپ قويۇپ،





يەنە ئاستا سۆزلىدى، — كۈن ئۆتكۈزمەك كۈندىن ـ كۈنگە تەس
بولۇپ كېتىۋاتىدۇ... چوڭ ئانام كېيىنكى كۈنلەردىمۇ شۇنداق
ئۆتتى، مەن مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئىش تاپقان چاغدىلا، تۇرمۇشىد-
ـمىز ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ قالدى، تاكى
ئۇ كېسەل بولۇپ يېقىلىپ قالغۇچە شۇنداق ئۆتتى...

... ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى مېنىڭچە ئانچە جاپا ـ مۇشەققەتلىك
بولمىدى، خېلى ئۇزۇن كۆردى. مېنىڭ كۆز يېشى قىلىشىم ھا-
جەتسىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يىغا ـ زار قىلغانلارمۇ ئاز بولمىدى-
غۇ؟... ھەتتا ئىلگىرى ئۇنى بوزەك قىلغان كىشىلەرمۇ يىغلىدى،
يىغلىمىغان تەقدىردىمۇ چىرايلىرىدىن ھېچبولمىغاندا قايغۇ ئالامەت-
لىرى كۆرۈلدى. ھا ـ ھا ـ ھا!... لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، شۇ
چاغدا ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزى
سەۋەبچى بولغان يالغۇزلۇقى ۋە بۇ يالغۇزلۇقنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈ-
كىنى تېتىغان بىر كىشىنىڭ پۈتۈن ئۆمرى كۆز ئالدىمغا كەلدى
ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر ئاز ئەمەس دەپ ئويلىدىم. شۇ ئادەم-
لەر مېنى ئېچىندۇرىدۇ. مەن شۇ چاغدا تولىمۇ ئارتۇقچە ئېچىنغاد-
لىقىمدىن يىغلاپ تاشلىدىم...

... سىزنىڭ ھازىر مەندىن نارازى بولۇشىڭىز، مېنىڭ ئىلگى-
ـرى شۇ چوڭ ئانامدىن نارازى بولغىنىمغا ئوخشاش گەپ. لېكىن
مېنىڭ ئۇ چاغدىكى نارازىلىقىم ھەقىقەتتە ئورۇنسىز ئىدى. چۈن-
كى، ئۆزۈم ئاق ـ قارىنى پەرق قىلغۇدەك بولغان ۋاقتىتىن
تارتىپ، ئاستىلاپ ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتكەنىدىم...

ئۇ شۇك بولۇپ قالدى. ئىككى بارمىقى ئارىسىغا تاماكىسىنى
قىسىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە خىيال سۈرۈپ كەتتى. چىراغ
ۋىل ـ ۋىل قىلىپ كۆيمەكتە.

— ھەي، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، يىغا ـ زار قىلىدىغان
ئادىمى بولمىسىمۇ تەس گەپ، — دېدى ئۇ ئۆزىچە سۆزلەپ ۋە

بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى، — مېنىڭچە، سىزمۇ ئىلاجسىز قالدىڭىزغۇ دەيمەن. مەنمۇ بىرەر ئىش - پىش تاپمىسام بولمايدۇ.

— بىرەر ئىش تېپىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغۇدەك بۇرادىرىڭىز يوقمۇ؟ — ھەقىقەتەن بۇ ۋاقىتتا مەن ئۆزۈممۇ ئامالسىز قالغانىدىم.

— بۇرادەرلەرنىڭ بارلىقى بار. لېكىن ئۇلارنىڭ ھالىمۇ مېنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ…

مەن ليەنشۈي بىلەن خەيرلىشىپ چىققاندا، ئاي تىك كۆتۈرۈلگەن، كېچە تىپتىنچ ئىدى.

IV

شەنياڭدا مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى خاراب ئىدى. مەكتەپكە كېلىپ ئىككى ئايغىچە بىر تىيىنمۇ مائاش ئالالمىدىم، شۇڭا، چېكىدىغان تاماكامنىمۇ ئىقتىساد قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەكتەپتىكى خىزمەتچىلەر ئېيىغا 15 — 16 تەڭگە مائاش ئالىدىغان تۆۋەن خىزمەتچىلەردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەقدىرگە تەن بېرىپ، غۇربەتچىلىكتە پىشىپ - چېنىققان بولغاچقا، چىرايلىرى سارغايغان ۋە ئورۇقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەتىدىن كەچكىچە ئىشلەيتتى، نامى ۋە ئورنى يۇقىرىراقلارنى كۆرسە، ھۆرمەت بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قوياتتى. ئۇلار: «ئۇستى پۈتۈن، قورسىقى توق بولمىسىمۇ، ئەدەپ - ئىنساپنى بىلىدۇ»غان كىشىلەردىن ئىدى. شۇنداق ئەھۋاللار كۆزۈمگە چېلىققاندا، نېمە ئۈچۈندۇر، ھەمىشە ليەنشۈينىڭ خەيرلىشىش ۋاقتىدا قىلغان سۆزلىرى يادىمغا چۈشەتتى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، ھالى ناھايىتى خاراب ئىدى، ئۇنىڭدا ئىلگىرىكىدەك تەم-





كىنلىك زادىلا قالمىغانىدى. ئۇ مېنىڭ قايتىدىغانلىقىمنى بىلىپ، كېچىسى يوقلاپ كەپتۇ ۋە بىرئاز ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن دۇدۇقلاپ سۆزلىدى:

— ئۇياقتا بىرەر ئىلاج بولارمىكىنتاڭ؟ كۆچۈرگۈچى بولۇپ ئېيىغا 20 — 30 تەڭگە تەگسىمۇ مەيلىدى. مەن…

مەن ئۇنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ناھايىتى ھەيران بولۇپ دەرھال بىر نەرسە دېيەلمىدىم.

— مەن… مەن يەنە بىرنەچچە ۋاقىت كۈن كۆرسەم بولاتتى…

— شۇ تەرەپكە بېرىپ قاراپ باقاي. مۇمكىنقەدەر بىر ئىلاج قىلىپ كۆرەي.

مەن شۇ كۈنى ئەنە شۇنداق ۋەدە بەرگەنىدىم. كېيىن شۇ سۆزلەر يادىمغا كەلسە، ليەنشۈينىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. ئۇنىڭ: «يەنە بىرنەچچە ۋاقىت كۈن كۆرسەم» دەپ دۇدۇقلاپ قىلغان سۆزى قۇلىقىمغا كىرگەندەك بولاتتى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنى كۆپ جايلارغا غايىبانە تونۇشتۇردۇم، لېكىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ئىش ئاز، ئادەم كۆپ. شۇڭا، باشقىلار مېنى ئۆزرە بىلەن قايتۇرۇپ تۇردى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۆزرە بىلەن خەت يېزىپ تۇردۇم.

بىر ئوقۇش مەۋسۇمى تۈگەي دېگەندە، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى. ئۇ يەردىكى بىرنەچچە موللا تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھەپتىلىك «ئىلىم - بىلىم» گېزىتىدە ماڭا ھۇجۇم باشلىنىپ قالدى، ئەلۋەتتە، ئېتىمنى ئاتاپ كۆرسەتمەيتتى، لېكىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تەنە قىلاتتى. ئۇنى بىر ئوقۇغان كىشى مېنى ئوقۇغۇچىلارنى دولقۇن كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتىۋېتىپتۇ دەپ چۈشىنەتتى، ھەتتا ليەنشۈينى غايىبانە تونۇشتۇرغانلىقىمنىمۇ ئۆز ئەتراپىغا ئادەم توپلاۋاتىدۇ، دېيىشەتتى.

مەن جىم بولۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئوقۇغۇچىلارنى دولقۇن كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتىۋاتىدۇ، دېگەن گۇمانغا قالماي دەپ، دەرسكە چىققاندىن باشقا چاغلاردا ئۆيدىن چىقمايدىغان، ھەتتا تاماكىنىڭ تۈتۈنىنىمۇ دېرىزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن چىقىرىۋېتىدىغان بولدۇم.

لىيەنشۈي توغرىسىدىغۇ ئېغىزمۇ ئاچمىدىم. تا قىشنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئەھۋال شۇنداق ئۆتتى.

بىر كۈنى كەچكىچە قار ياغدى، ھەتتا كېچىسىمۇ توختىمىدى. تالا شۇنداق ئىمتاس بولۇپ كەتتىكى، «شىرت» قىلغان ئاۋازمۇ ئاڭلانغۇدەك ئىدى. مەن خىرە كۆيۈپ تۇرغان چىراغ يورۇقىدا كۆزۈمنى يۇمۇپ خىيالغا چۆمەتتىم. كۆزۈمگە بۇ چەكسىز قار دۆۋىلىرى ئۈستىگە يەنە لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قارلار، يېڭى يىل بايرىمىغا تەييارلىنىۋاتقان يۇرتۇم، بايرام تەييارلىقى بىلەن ئالدىرىشىۋاتقان كىشىلەر كۆرۈنەتتى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئارقا باغدىكى تۈزلەڭلىكتە بىرمۇنچە دوستلىرىم بىلەن قاردىن بوۋاي ياساپ، ئۇنىڭغا كۆمۈردىن كۆز ئورنىتىپ ئويناۋاتقان باللىق چاغلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلەتتى ۋە ئۇ قارا كۆز مىدىرلاپلا لىيەنشۈينىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

«يەنە بىر ئاز ۋاقىت كۈن كۆرسەم بولاتتى!» — بۇ سۆز يەنە قۇلىقىمغا كىرەتتى.

«نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟» دەپ ئۆزۈمچە سوئال قوياتتىم ۋە دەرھال يەنە بۇنى كۈلكىلىك ھېس قىلاتتىم. بۇ كۈلكىلىك مەسىلە مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. مەن ئۆزۈمنى رۇسلاپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم. دېرىزىنى ئېچىپ قارىسام، دەرۋەقە، قار تازىمۇ كۆپ يېغىپتۇ. كىمدۇر بىراۋ ئىشىكنى قاقتى ۋە بىرئازدىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى، لېكىن بۇ بىر سارايۋەننىڭ تونۇش ئاياغ تىۋىشى ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئىشىكىمنى ئېچىپ قولۇمغا ئۇزۇن بىر





كونۋېرتنى ئۇزاتتى. خەت ناھايىتى سەت يېزىلغان، شۇنداق بولسىمۇ، بىر قاراپلا «ۋېي لىيەنشۈيدىن» دېگەن سۆزنى پەرق ئېتىپ، ۋېي لىيەنشۈينىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

بۇ مەن S شەھىرىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان، ۋېي لىيەنشۈينىڭ ماڭا بىرىنچى قېتىم يازغان خېتى ئىدى. ئۇنىڭ ھۇرۇنلۇقىنى بىلەتتىم، شۇڭا خەت - خەۋىرى بولمىغانلىقىغىمۇ ئەجەبلەنمەيتتىم. شۇنداق بولسىمۇ، بەزىدە ئۇنىڭ خەت يازمىغانلىقىغا نادامەت چېكەتتىم. بۇ خەت قولۇمغا تەگكەندىن كېيىن، بىردىنلا ئەجەبلىنىپ، دەرھال كونۋېرتنى ئاچتىم. كونۋېرت ئىچىدىكى خەتلەرمۇ سەت يېزىلغانىدى:

«شىڭفى...

سىزنى نېمىدەپ ئاتىسام بولار؟ نېمىدەپ تەرىپلەشنى بىلمىگەچكە، ئورۇننى بوش قالدۇردۇم. ئۆزىڭىز نېمىنى خالىسىڭىز، شۇنى يېزىپ تولدۇرۇپ قويارسىز. مەن ئۈچۈن ھەممىسى ئوخشاش.

ئايرىلغاندىن بۇيان، ئۈچ پارچە خېتىڭىزنى ئالدىم. ھېچبىرىگە جاۋاب يازمىدىم، بۇنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى ئاددىي: ھەتتا پوچتا ماركىسىغىمۇ پۇل يوق.

مەن توغرۇلۇق بەلكىم بىرەر خەۋەر ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدىغانسىز. سىزگە توپتوغرىسىنى ئېيتسام، مەن يېڭىلدىم. ئىلگىرى ئۆزۈمنى مەغلۇپ بولغۇچى دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى چۈشەندىم، ئۇ چاغدىكى مەغلۇبىيەت ئەمەس ئىكەن؛ مانا ئەمدى راستتىن مەغلۇپ بولدۇم. ئىلگىرى بەزىلەر مېنىڭ يەنە بىرئاز ۋاقىت ھايات ياشىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى، ئۆزۈممۇ شۇنى ئارزۇ قىلاتتىم، ئۇ ئارزۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى. ھازىر ئۇبداق ئارزۇنىڭ ھاجىتى قالمىدى. شۇنداق

بولسىمۇ كۈن كۆرسەم بولاتتى...

لېكىن كۈن كۆرۈش مۇمكىنمۇ؟

مېنىڭ ئۇزاقراق ھايات ياشىشىمنى ئارزۇ قىلغانلارنىڭ ئۆزى ياشىيالماي قالدى. ئۇنى دۈشمەنلەر قاپقانغا چۈشۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، زادى ئۇنى كىم ئۆلتۈردى؟ ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

پەلەكنىڭ چاقى نېمىدېگەن چاپسان ئايلىنىدۇ؟! يېرىم يىلدىن بۇيان تىلەمچى بولۇشقا تاسلا قالدىم. ئەمەلىيەتتە، تىلەمچى دەپ ھېسابلىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، قولۇمدىن ھېلىمۇ ئىش كېلىدۇ، بۇ يولدا تىلەمچىلىك قىلسامۇ، ئاچ - يالىڭاچ قالسامۇ، دىققەت بولسامۇ، ئازاب - جاپا چەكسەممۇ مەيلى. لېكىن، ھالاك بولۇشنى خالىمايمەن. قاراڭ، بىرئاز ئۇزاقراق ياشىشىمنى ئارزۇ قىلىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ ناھايىتى قاۋۇل ئادەم ئىدى. بىراق، ھازىر ئۇ يوق. شۇنداقلارنىڭ بىرىمۇ قالمىدى. ئۆزۈممۇ ئۆزۈمنىڭ ھايات يۈرۈشكە ئەرزىمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. باشقىلارچۇ؟ باشقىلارمۇ ئەرزىمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە مېنىڭ ھايات يۈرۈشۈمنى خالىمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھايات يۈرگۈم كېلىدۇ. بەختىمگە، مېنىڭ ھايات يۈرۈشۈمنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ھازىر قالمىدى، ماڭا ئەمدى ئىچ ئاغرىتىدىغانلار يوق. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىنى مەنمۇ خالىمايمەن. لېكىن، ھازىر ئۇنداق كىشىلەر يوق، ھەتتا ئۇنداقلارنىڭ بىرىمۇ قالمىدى. مەن بۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىمەن، خۇشال بولىمەن. مەن ئىلگىرى يامان كۆرگەن، قارشى تۇرغانلىرىمنىڭ ھەممىسىگە تەزىم قىلىمەن؛ ئىلگىرى تەزىم قىلغان ۋە تەشەببۇس قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىمەن. مەن ھەقىقەتەن يېڭىلدىم، لېكىن غەلىبە قىلدىم.





سىز مېنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەپ ئويلامسىز؟ مېنى باتۇر ياكى ئۇلۇغ ئادەم بوپتۇ دەپ ئويلامسىز؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس. بۇ ناھايىتى ئاددىي گەپ. يېقىندا دىۋزىيە كوماندىرى دۇغا مەسلىھەتچى بولۇپ قالدىم، ئېيىغا 80 تەڭگە مائاش ئالىمەن.

شىڭفى...

سىز مېنى نېمە دېسىڭىز دەڭ. مەن ئۈچۈن ھەممىسى ئوخشاش.

مېنىڭ ئىلگىرىكى مېھمانخانام ئېسىڭىزدىدۇ، بىز شەھەردە بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقىتتىكى ۋە خەيرلىشىش ۋاقتىدىكى مېھمانخانا. مېنىڭ مېھمانخانام ھازىر ھەم شۇ. بۇ يەردە ھازىر يېڭى مېھمانلار، يېڭى - يېڭى سوۋغىلار، يېڭى مەدھىيىلەر، يېڭى مەنسەپپەرەسلىكلەر، يېڭى باش قويۇپ تەزىم قىلىشلار بار؛ يېڭى قىمار، يېڭى جوۋلىشىش، يېڭى ئالىيىش ۋە كۆڭۈل ئاينىش، يېڭى ئۇيقۇسىزلىق ۋە قان قۇسۇشلار بار...

ئىلگىرى يازغان خېتىڭىزدە، ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئەپلىشەلمەيۋاتىمەن دېگەنىكەنسىز، سىزمۇ مەسلىھەتچى بولۇشنى خالامسىز؟ ماڭا خەۋەر قىلىڭ، توغرىلاپ قويالايمەن. ئىشىكباقار بولسىڭىزمۇ بولىدۇ، شۇنىڭدىمۇ يەنە ئوخشاشلا يېڭى مېھمان ۋە يېڭى سوۋغىلار، يېڭى مەدھىيىلەر بار...

بۇ يەردە قار ياغدى. سىز تەرەپتىچۇ؟ ھازىر يېرىم كېچە بولدى. قان سەپرا قىلىپ مېڭەم بىرئاز ئېچىلدى. كۈزدىن بۇيان كەينى - كەينىدىن ئۈچ پارچە خەت يازدىڭىز. بۇ ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش. سىزگە ئۆز ھال - ئەھۋالىمدىن بىرئاز خەت يېزىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭغا كۆڭلىڭىز غەش بولماس، بەلكىم.

بۇنىڭدىن كېيىن خەت يازالمىسام كېرەك. مېنىڭ بۇ ئادىتىم سىزگە مەلۇم. قاچان قايتىپ كېلىسىز؟ بالدۇرراق قايتىسىڭىز، دىدار كۆرۈشۈپ قالارمىز. لېكىن، ھەر ھالدا بىر يولدا بولالماسلىقىمىز مۇمكىن. مېنى خاتىرىڭىزدىن كۆتۈرۈۋېتىڭ. ئىلگىرى سىزنىڭ مېنىڭ تىرىكچىلىكىم ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەنلىكىڭىزگە چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارمەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئەمدى مېنى خاتىرىڭىزدىن كۆتۈرۈۋېتىڭ. ھازىر مەن «ياخشى» بولۇپ قالدىم.

لىيەنشۇي

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

بۇ خەت «كۆڭلۈمنى غەش» قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى چالا - پۇچۇق بىر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ ئوقۇپ، بىئارام بولدۇم، شۇنداق بولسىمۇ بۇ بىئاراملىققا يەنە بىرئاز خۇرسەنلىك ئارىلاشتى. ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى ھەل بوپتۇ، مەن بۇياقتا بىرەر ئىلاجىنى قىلالمىغان بولسامۇ ئەندىشە قىلمىسام بولغۇدەك، دەپ ئويلىدىم ۋە يەنە بىر پارچە جاۋاب خەت يازغۇم كەلدى، لېكىن يازغۇدەك گەپ تاپالمىغاچقا، ئۇ پىكرىدىنمۇ ياندىم.

راستىنلا ئاستىلاپ ئۇ خاتىرەمدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قىياپەتلىرىمۇ كۆز ئالدىمغا كەلمەيدىغان بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ 10 كۈن بولماي S شەھىرىدىكى «ئىلىم - بىلىم» تەھرىراتى ئۆزىنىڭ بۇ مەجمۇئەسىنى پوچتا بىلەن كەينى - كەينىدىن ئەۋەتىشكە باشلىدى. ئۇنداق نەرسىلەرنى كۆرۈشكە ئانچە خۇشتار ئەمەس ئىدىم. بىراق، كېلىپ قالغاچقا بەزىدە ئوقۇپمۇ قويدۇم. بۇ ھال ۋېي لىيەنشۇينى يەنە خاتىرەمگە سالدى. چۈنكى، ئۇ مەجمۇئەدە پات - پات لىيەنشۇي توغرىسىدا،





مەسىلەن، «قارلىق تۈندە لىيەنشۇي ئەپەندىنى زىيارەت قىلدىم»، «مەسلىھەتچى لىيەنشۇينىڭ كىتابخانىسىدىكى ئەدەبىيات يىغىنلىرى» دېگەندەك شېئىر ۋە ماقالىلەر بېسىلىدىغان بولدى. بىر كۈنى شۇ مەجمۇئەدە «ئىلمىي سۆھبەت» دېگەن تېمىدا لىيەنشۇينىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردا كىشىلەر ئارىسىدا مەسخىرە بولۇپ يۈرگەن ۋەقەلىرى بايان قىلىندى ۋە ئۇ ۋەقەلەر «ئاجايىپ خەۋەر» دەپ ئاتالدى. ئۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنىدىن «ئۇ كارامەت ئادەم؛ ئۇنىڭ قولىدىن كارامەت ئىشلار كېلىدۇ» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئۇ خاتىرەمگە كەلسىمۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ قىياپەتلىرى كۆز ئالدىمدا روشەن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنە ماڭا كۈندىن - كۈنگە يېقىنلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، گاھىدا ئۆزۈممۇ تېگىگە يېتەلمەيدىغان بىر خىل تىنچسىزلىق ۋە بىئاراملىق ھېس قىلاتتىم. بەختكە يارىشا، كۈز كەلگەندە «ئىلىم - بىلىم»مۇ كەلمەيدىغان بولدى. شەنياڭدا چىقىدىغان «ھەپتىلىك ئىلمىي ژۇرنال»غا «ئۆسەك سۆز ۋە ئۇنىڭ پاكىتلىرى توغرىسىدا» دېگەن بىر پارچە ئۇزۇن ماقالە داۋاملىق بېسىلدى. ئۇ ماقالىدە مەلۇم ئەپەندىلەر توغرىسىدا ھەققانىيەتچى مۆتىۋەرلەر ئارىسىدا ئۆسەك سۆزلەر تارقالغانلىقى يېزىلغان. بۇ ماقالە مەخسۇس بىرنەچچە ئادەملەر ئۈستىدىنلا يېزىلغان بولۇپ، مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدىم، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ دىققەت قىلىدىغان، ئادەتتە چېكىۋاتقان تاماكامنىڭ ئىسسىنىمۇ ئېھتىيات بىلەن پۈۋدەيدىغان بولدۇم. دىققەتچىلىك بىر ئازاب ئىكەن، بۇ دىققەتچىلىك مېنى ھەممە ئىشتىن چىقىرىۋەتتى؛ تەبىئىي، شۇ ھالدا، لىيەنشۇينى ئەسلەشكىمۇ چولام تەگمىدى. قىسقىسى، ھەقىقەتتە ئۇنى ئۇنتۇپلا كەتتىم.

لېكىن، ئۆزۈممۇ يازلىق تەتىلگە قاراپ تۇرماستىن، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدىلا شەنياڭ بىلەن خوشلاشتىم.

V

شەنياڭدىن لىچىڭغا، لىچىڭدىن تەيگۇغا قاتراپ يۈرۈپ يېرىم يىلچە ئۆمرۈم ئۆتتى، لېكىن ھېچقانداق ئىش تاپالمىدىم، ئاخىر يەنە S شەھىرىگە قايتىشقا نىيەت قىلدىم. S شەھىرىگە ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە كەچقۇرۇن يېتىپ كەلدىم، ھاۋا بۇلۇت، ھەممە نەرسە غۇۋا تۇسكە كىرگەنىدى. ئىلگىرى تۇرغان جايىمدا بوش ھۇجرا بولغاچقا، يەنە شۇ يەرگە چۈشتۈم. يولدىلا لىيەنشۈي ئېسىمگە كەلگەنىدى. شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، كەچكى غىزانى يەپ بولۇپ، ئۇنى يوقلىغۇم كەلدى، «ۋېنشى» نىڭ داڭلىق قۇيمىقىدىن ئىككى بولاق ئالدىم ـ دە، يول ئۈستىدە ياتقان ئىتلاردىن ئاۋايلاپ مېڭىپ، بىرمۇنچە پاتقاق يوللار بىلەن لىيەنشۈينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. ئۇنىڭ ئۆيى ناھايىتى يورۇق كۆرۈنەتتى. مەسلىھەتچى بولۇش بىلەنلا ئۇنىڭ ئۆيىدىنمۇ باشقىچە نۇر چىقىدىغان بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئىچىمدە ئىختىيارسىز كۈلدۈم. لېكىن، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، ئىشىكنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە يوق، ئىشىككە مۇسىبەت بەلگىسى — بىر پارچە ئاق قەغەز قىيپاش چاپلاقلىق تۇرۇپتۇ. دالياڭلارنىڭ چوڭ ئانىسى ۋاپات بولغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم ـ دە، بوسۇغىدىن ئاتلاپ توپتوغرا ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدىم.

خىرە يورۇپ تۇرغان ھويلىدا بىر مېيىت ساندۇقى، ساندۇقنىڭ يېنىدا ھەربىي كىيىم كىيگەن بىر ئەسكەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشىپ تۇرغان يەنە بىر كىشى تۇراتتى، ئۇ دالياڭنىڭ چوڭ ئانىسى ئىكەن. يەنە بىرنەچچە كالتە چاپان سەھرالىقلارمۇ تۇراتتى، بۇنى كۆرۈپ بىردىنلا يۈرىكىم سېلىشقا باشلىدى. چوڭ ئانىمۇ ماڭا قاراپ قېتىپلا قالدى ۋە:

— ۋاي ئاللا، قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ بىرنەچچە كۈن بالدۇرراق





كەلسىڭىزچۇ ...— دەپ ۋارقىراپلا كەتتى.

— كىم ۋاپات بولدى؟ — مەن ئاللىقاچان پەملىگەن بولساممۇ يەنە سورىدىم.

— ۋېي لىيەنشۈي ھەزرەتلىرى. بۈرۈنكۈن ۋاپات بولدى.

ئەتراپىمغا قارىدىم. مېھمانخانا قاراڭغۇ، جىمجىت ئىدى، ئۇ يەردە پەقەت بىرلا چىراغ يورۇتۇلغان بولسا كېرەك. دالاندا ئاق مۇسىبەت پەردىسى تارتىقلىق تۇراتتى، بىرنەچچە كىچىك بالا ئۆيىنىڭ نېرىسىدا توپلىشىپ تۇراتتى، بۇلار دالياڭ، ئېرلياڭلار ئىدى.

— ئۇ ئەنە ئاشۇ ئۆيدە، — دالياڭنىڭ چوڭ ئانىسى يېقىن كېلىپ دالاننى كۆرسىتىپ سۆزلىدى، — ۋېي لىيەنشۈي ھەزرەتلىرى مەنسەپكە چىققاندىن كېيىن، دالاننىمۇ قوشۇپ بەرگەنىدىم. ھازىر مېيىت ئەنە شۇ يەردە.

مۇسىبەت پەردىسىنىڭ ئۈستىدە باشقا ھېچ نەرسە يوق، پەقەت ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئۇزۇنچاق ۋە بىر تۆت چاسا جوزا تۇراتتى، تۆت چاسا جوزىغا 10 نەچچە چىنە غىزا قويۇلغانىدى. بوسۇغا ئاتلاپ دالانغا كىرىشىمگىلا، ئالدىمنى ئاق كىيگەن ئىككىيلەن توسۇۋالدى. ئۇلار ئۆلگەن بېلىقنىڭ كۆزىدەك كۆزلىرىنى ئالايتىپ، ھەيران بولغان ھالدا ماڭا تىكىلدى. مەن لىيەنشۈي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى دەرھال ئۇقتۇردۇم: دالياڭنىڭ چوڭ ئانىسىمۇ يېنىمدا تۇرۇپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى توسۇپ تۇرغان قوللىرىنى چۈشۈردى ۋە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ يول بەردى، مەن يېقىن بېرىپ سۆكۈت بىلەن تەزىيە بىلدۈردۈم. مېنىڭ سۆكۈت قىلىشىم بىلەن تەڭلا، پەستە بىراۋ تۇيۇقسىزلا ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ قارىسام، 10 نەچچە ياشلىق بىر كىچىك بالا بورىدا يېتىپتۇ. ئۇمۇ ئاق كىيگەنىكەن. يېڭى چۈشۈرتكەن بېشىدا بىرمۇنچە چىگە

پاخاللىرى چاپلىشىپ تۇراتتى.
ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ھېلىقى ئىككى كىشىنىڭ
بىرى ليەنشۈي بىلەن بىر نەۋرە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقى-
نى، يەنە بىرى بولسا ئۇنىڭ يىراقراق جىيەنى ئىكەنلىكىنى بىل-
دىم. مەن قەدىناس بۇرادىرىمنىڭ يۈزىنى ئېچىپ كۆرۈپ بېقىشنى
ئىلتىماس قىلىۋىدىم، ئۇلار «يامان بولىدۇ» دەپ توسىدى. ئاخىر
سۆزگە كۆندۈرۈپ، مۇسىبەت پەردىسىنى ئاچتىم.
بۇ نۆۋەت ئۆلۈك ۋېي ليەنشۈي بىلەن كۆرۈشتۇم، لېكىن
ناھايىتى ھەيران بولدۇم! ئۇ پۇرلىشىپ كەتكەن كالتە كۆڭلەك
ۋە ئىشتان كىيىۋالغان، پېشىدە قان داغلىرى تۇرغان، ئۆزى
ناھايىتى ياداپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چىرايى ئىلگىرىكىگە
ئوخشاش ئىدى، ئاغزى، كۆزلىرى بەھۇزۇر يۇمۇلغان ھالدا،
خۇددى ئۇخلىغاندەك ياتاتتى، مەن ئۇنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقان ياكى
ئالمايۋاتقانلىقىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن قولۇمنى بۇرنىغا ئاپى-
رىشقا تاسلا قالدىم.
ھەممە ئۆلۈكتەك جىمجىت ئىدى، ئارقامغا قايتتىم، ليەنشۈي-
نىڭ ھېلىقى بىر نەۋرە تۇغقىنى يەنە بىرمۇنچە پاراڭلارنى قىلىپ
بەردى: ‹ئۇكام› تازا ياش قۇرامىغا يەتكەندە، ئىستىقبالى ئېچىل-
غاندا، ‹باقىي دۇنيا›غا كېتىپ، ‹جەددى - جەمەتىمىز›نى ھەس-
رەتكە قالدۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، يار - بۇرادەرلىرىنىمۇ داغدا
قالدۇردى…» ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ليەنشۈي ئۈچۈن ئەپۇ سورىغاندى-
لىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى؛ ئۇنىڭ بۇنداق سۆزمەنلىكى
سەھرا كىشىلىرىدە كەم ئۇچرايتتى. لېكىن، شۇ سۆزدىن كېيىن
ئۇ يەنە جىم بولۇپ قالدى، ھەممە ئۆلۈكتەك جىمجىت ئىدى.
ئىچىم پۇشقاندەك بولدى، لېكىن مەندە ھېچقانداق مەيۈسلۈك يوق
ئىدى. ھويلىغا چىقىپ دالىيانىڭ چوڭ ئانىسى بىلەن پاراڭلى-
شىپ، كېپەنلەش ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى، پەقەت كېپەنلىكىنىلا





كۇتۇپ تۇرغانلىقىنى ۋە مېيىت ساندۇقىنى مىخلاش ۋاقتىدا چاشقان
يىلى، مايمۇن يىلى، توشقان يىلى ۋە توڭگۇز يىلى تۇغۇلغانلاردىن
ساقلىنىش كېرەك بولىدىغانلىقىنى بىلدىم. چوڭ ئانا شۇنداق
قىزىقسىنغان ھالدا سۆزلىدىكى، ئۇنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەيت-
تى. ئۇ ليەنشۈينىڭ كېسىلى، ھايات ۋاقتىدىكى ئەھۋاللىرى ئۇس-
تىدە سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزىدە ليەنشۈيگە قارىتىلغان تەنقىد-
مۇ بار ئىدى.
— سىز بىلىشىڭىز مۇمكىن، ۋېي ھەزرەت ئامەتكە ئۇلاشقان-
دىن كېيىن، ئىلگىرىكىدىن باشقىچە بولۇپ قالدى. ئۇ گىدىيىپ
كىبىر پەيدا قىلدى. باشقا كىشىلەرگىمۇ ئىلگىرىكىدەك يېقىنلاش-
مايدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئىلگىرى خۇددى گاچا ئادەمدەك يۈرىدىغان-
لىقى، مېنى «ئاپا» دەيدىغانلىقى ئۆزىڭىزگىمۇ مەلۇم ئىدىغۇ؟
كېيىنكى چاغلاردا ئۇ مېنى «قاقۋاش» دەپ چاقىرىدىغان بولدى.
ھەي قىزىق، بەزىلەر شەنجۇينىڭ داڭلىق مېۋىلىرىنى سوۋغا قىلسا
ئۆزى يېمەيتتى، ھويلىغا — مانا مۇشۇ يەرگە تاشلايتتى - دە،
ماڭا: «ھەي قاقۋاش، سەن يەۋەت» دەپ ۋارقىرايتتى، كېيىنچە
ئۇنىڭ بېرىش - كېلىشلىرى كۆپىيىپ كەتتى، دالاننى بوشىتىپ
بېرىپ ئۆزۈم يان ئۆيگە كۆچۈۋالدىم. ئۇ ئامەتكە كەلگەندىن كېيىن
باشقىچىلا بولۇپ كەتتى، دەپ بىز دائىم كۇلۇشەتتۇق. ئەگەر
بىرەر ئاي بۇرۇنراق كەلگەن بولسىڭىز، بۇ يەردىكى ئاۋاتچىلىقنى
كۆرەتتىڭىز، ئىككى كۈننىڭ بىرىدە، ھەدېسىلا ئىچىشۋازلىق،
پاراڭ، كۇلكە، ناخشا، شائىرلىق، قىمار…
… ئۇ ئىلگىرى كىچىك باللاردىن، خۇددى كىچىك بالا
ئۆزىنىڭ پەيلى يامان دادىسىدىن قورققاندەك قورقاتتى، باللارنى
كۆرگەندە ئۇنى ئۆچەتتى. كېيىنكى چاغلاردا باشقىچە بولۇپ كەت-
تى. باللار بىلەن چاقچاقلىشىدىغان بولدى. بىزنىڭ دالىياڭلارمۇ
ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، بوش ۋاقتىنى تاپسىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە
كىرىۋالاتتى، ئۇمۇ باللارنى ئەركىلىتەتتى. ئەگەر باللار ئۇنىڭغا

بىر نەرسە ئېلىپ بېرىڭ دېسە، ئۇ باللارنى كۇچۇكنى دوراپ بەر، دەيتتى ياكى تەزىم قىلدۇراتتى، ھاي ـ ھاي! كۈنلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتى، بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ئېرلياڭ ئۇنىڭغا ئاياغ ئېلىپ بەر دەپ، ئۈچ قېتىم بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ تەزىم قىلدى. ئەنە قاراڭ، ھازىرمۇ ئايىغىدا تۇرىدۇ، تېخى يىرتىلمىدى…

ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيگەن بىراۋ چىقىپ بوسۇغىدا توختىدى. مەن ليەنشۇينىڭ كېسىلىنىڭ ئۆتمۈشىنى سورىۋىدىم، چوڭ ئانا ئانچە ئۇقمايدىكەن.

— خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا ياداپ قالغانىدى، — دېدى ئۇ، — لېكىن، ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلماپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزى ھەمىشە خۇشال يۈرەتتى. بۇنىڭدىن بىرئاي ئىلگىرى ئاڭلىساق، بىرنەچچە قېتىم قان قۇسۇپتۇ، لېكىن دوختۇرغىمۇ كۆرۈنمەپتۇ، كېيىن ياستۇق تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى تىلى تۇتۇلۇپ، گەپ قىلماس بولۇپ قالدى. شىسەن بېگىم شۇنداق يىراق خەنشىشەندىن ئالايىتەن كېلىپ، بىرەر جايدا ئامانەت قويغان پۇل ـ مېلىڭىز بارمىدى، دەپ سورىسا، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. شىسەن بېگىم ئۇنى قەستەنگە گەپ قىلمايۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. بەزىلەر، ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا تىلى تۇتۇلۇپ قالىدۇ، دېگۈدەكمىش، كىم بىلسۇن…

… ۋېي ھەزرەت خوي ـ پەيلى ناھايىتى بۆلەكچە بىر ئادەم، — دەپ بىردىنلا سۆزىنى تۆۋەن ئاۋاز بىلەن داۋام قىلدۇردى چوڭ ئانا، — ئۇ پۇل يىغمىغان، پۇلنى سۇدەك خەجلەيتتى. شىسەن بېگىم تېخى بىزنى پايدىلىنىپ كەتتى، دەپ گۇمان قىپتۇ. بىز پايدىلانغۇدەك ئۇنىڭ نېمىسى بولاتتى؟ مەن تېخى ئۇنىڭ پۇلنى بىھۇدە ـ ئورۇنسىز خەجلەپ تۈگەتكىنىگە ئېچىنىۋاتىمەن. مەسىلەن، بىر نەرسە ئالسا، بۈگۈن ئېلىپ، ئەتىسىگىلا سېتىۋېتىدۇ





ياكى بۇزۇپ تاشلايدۇ. نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. ۋاپات بولغۇچە ھېچ نەرسىنى قالدۇرماي بۇزۇپ ـ چېچىۋېتىپتۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، مېيىتنى بۈگۈنكىدەك چاكىنا ئۇزاتمىغان بولاتتۇق…

… ئۇ ناھايىتى بىپەھىم ئادەم؛ تۈزۈكرەك بىر ئىش قىلىشنىمۇ ئويلىمىدى. مەن شۇ يەرلىرىنى ئويلاپ، نەسىھەت قىلىپمۇ باقتىم. يېشىڭىز خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇڭ، ھازىر ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇش سىز ئۈچۈن قىيىن ئەمەس، ئەگەر لايىق تېپىلمىسا، ۋاقىتىنچە كىچىك خوتۇن ئېلىپ تۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئادەم دېگەن ئۆزىنى تۈزۈكرەك تۇتۇش كېرەك، دېدىم. لېكىن ئۇ بۇنى ئاڭلاپ، ۋاي قاقۋاش، بۇنىڭدىن سەن نېمە غەم قىلاتتىڭ؟ دەپ كۈلدى. قاراڭ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ شۇنداق بىمەنىلىشىپ كەتتىكى، ياخشى گەپمۇ ئۇنىڭغا ياقمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر گەپ ـ سۆزۈمگە كىرگەن بولسا، مانا بۈگۈنكى كۈندە قارا گۆردە يالغۇز قالمىغان بولاتتى، ھېچبولمىغاندا، بىرقانچە يېقىن كىشىلىرىنىڭ يىغا ـ زارىنى ئاڭلاپ ياتاتتى…

بىر دۇكاندار كىيىم ـ كېچەك كۆتۈرۈپ كەلدى. ليەنشۇينىڭ تۇغقانلىرىدىن ئۈچەيلەن چىقىپ ئىچ كىيىملەرنى ئېلىپ، مۇسىبەت پەردىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن پەردە قايرىلدى. ليەنشۇيگە ئىچ كىيىم كىيدۈرۈلۈپ بولغانىدى. كېيىن تاش چاپان كىيدۈرۈلدى. بۇ ھالدىن ھەيران قالدىم، ئۇنىڭغا كەڭ قىزىل جىيەك تۇتۇلغان بىر سېرىق ھەربىي ئىشتان كىيدۈرۈلدى، ئاندىن كېيىن ھەربىي چاپان كىيدۈرۈلدى، چاپاننىڭ مۈرىسىدە پاگون يالتىراپ تۇراتتى، بۇنىڭ قايسى دەرىجە ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدىم. ساندۇققا سېلىنغاندىن كېيىن، ليەنشۇي قولاشمىغاندەك ياتاتتى. ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ يېنىغا بىر كىشىلىك سېرىق بەتىنكە، بېلى يېنىغا

قەغەزدىن ياسالغان قوماندان قىلىچى، ياداپ ياغاچتەك بولۇپ قالغان، بوزىرىپ تۇرغان يۈزى يېنىغا ئالتۇن گىرۋەكلىك بىر ھەربىي شەپكە قويۇلدى.

ئۈچ تۇغقان ساندۇقنى تۇتۇپ بىرئاز يىغا - زار قىلىشتى. كېيىن يىغىسىنى توختىتىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، بېشىغا چىگە پاخىلى چاپلاشقان بالا تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى، سانلىياڭمۇ نېرى كەتتى. بۇلار ئېھتىمالىم چاشقان يىللىق، مايمۇن يىللىق، توشقان يىللىق ۋە توڭگۇز يىللىق بولسا كېرەك. سەھرالىقلار ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ياپماقچى بولدى، مەن بېرىپ، ليەنشۇي بىلەن ئاخىرەتلىك خەيرلەشتىم.

ليەنشۇي ئانچە ياراشمىغان كىيىملەر ئارىسىدا كۆزىنى، ئاغزىنى يۇمۇپ، گوياكى ئۆزىنىڭ بۇ كۈلكىلىك جەسىتىگە سوغۇققىنا كۈلگەندەك، ھىجىيىپ ياتاتتى.

ساندۇقنى مىخلاش بىلەن تەڭ يىغا - زارمۇ كۆتۈرۈلدى. يىغا - زار تۈگىمەستىنلا مەن ھويلىغا چىقىپ، ئاستا - ئاستا مېڭىپ دەرۋازىغا كېلىپ قالغانلىقىمنى سەزمەي قاپتىمەن. كوچىلار نەم ئىدى. ئاسمانغا قارىسام قويۇق بۇلۇتلار تارقىلىپ، ئۆزىنىڭ سوغۇق نۇرلىرىنى چېچىپ تولۇن ئاي تۇرۇپتۇ.

مەن خۇددى بىر ئېغىر بېسىم ئاستىدىن قۇتۇلۇپ چىقماقچى بولغاندەك ئىلدام - ئىلدام ماڭاتتىم، ئەمما بۇ ئېغىرلىقتىن زادى قۇتۇلالمايتتىم. لېكىن، قۇلىقىمغا نېمىدۇر بىر نەرسە غىڭشىغاندەك ئاڭلىناتتى. ئۇزاق تىڭشىغاندىن كېيىن ئاندىن بايقىدىم. ئۇ گويا بىر يارىلانغان بۆرىنىڭ تۈن يېرىمىدا كەڭ دالىدا مۇڭ ۋە غەزەپ ئارىلاش ھۇۋلىغىنىغا ئوخشايتتى.

يۈرىكىم ئاستا - ئاستا جايىغا چۈشتى. ئايدىڭدا ھۆل شېغىل يول بىلەن چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ مېڭىشقا باشلىدىم.

1925 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى





# ھەسرەت

## سى جۈەنشېڭنىڭ خاتىرىسى

ئەگەر قولۇمدىن كېلىدىكەن، زىجۈن ئۈچۈن، ئۆزۈم ئۈچۈن، ئۆز پۇشايمانلىرىمنى ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىرىمنى يازماي قويمايمەن.

يۇرتداشلار سارىيىدا كىشىلەرنىڭ يادىدىن چىققان تاشلاندۇق ئەسكى ھۇجرا شۇنداق جىمجىت ۋە قۇپقۇرۇق ئىدى. ۋاقىت چاپسان ئۆتمەكتە. مەن ئۆز مەھبۇبەم زىجۈننىڭ ياردىمى بىلەن شۇ جىمجىتلىق ۋە غېرىبچىلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتتىم، بۇنىڭغا بىر يىل بولغانىدى. خۇددى قېرىشقاندەك ئىككىنچى نۆۋەت كەلگىنىمدە يەنە پەقەت شۇ غېرىبانە ھۇجرىلا بوش تۇرۇپتۇ. ھۇجرىنىڭ سۇنۇق دېرىزىلىرى، دېرىزە تېشىدىكى چالا - پۇچۇق قۇرۇپ قالغان سېدە ۋە چېڭگىلەك، دېرىزە ئالدىدىكى تۆت چاسا جوزا، سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن تاملار، تام تۈۋىدىكى ياغاچ كارىۋات ھېلىمۇ ئىلگىرىكىدەكلا تۇرۇپتۇ. كېچىسى كارىۋاتتا يالغۇز يېتىپ، ئۆزۈمنى خۇددى ئىلگىرىكىدەك، زىجۈن بىلەن بىللە بولمىغان ۋاقىتتىكىدەك سېزەتتىم، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن بىر يىللىق ئۆمرۈم زادىلا بولۇپ باقمىغاندەك تۇيۇلاتتى، گويا مەن تېخى بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ چىقىپ كەتمىگەندەك، جىجاۋ كوچىسىدا ئۈمىد بىلەن تولغان كىچىككىنە بىر ئائىلىۋى ھايات ياراتمىغاندەك ھېس قىلاتتىم.

بۇلا ئەمەس. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرىكى جىمجىتلىق ۋە مەيۇسلۇك ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى، ئۇ چاغدا كۈنلەر ئۈمىد بىلەن، زىجۈن قىزنى كۈتۈش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇزاق كۈتۈپ تاقىتىم قالمىغان چاغلاردا، ئېگىز پاشنىلىق توپلىيى بىلەن خىش ياتقۇزۇلغان يولدا كېلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ جانلىنىپ كېتەتتىم. شۇنىڭ بىلەن كۆزۈمگە زىنىخى بار ئاقۇچ تۆرۈك يۈز، ئاقۇچ زىلۋا بىلەكلەر، شەتلەنگە كوپتا بىلەن بېغىرەڭ يوپكا كۆرۈنەتتى. ئۇ ماڭا كۆرسىتىش ئۈچۈن، دېرىزە تېشىدىكى چالا قۇرۇپ قالغان سېدىنىڭ ياش يوپۇرماقلىرىنى، تامغا ياماشقان چىڭگىلەكنىڭ ئاقۇچ چېچەكلىرىنى ئەكىرەتتى.

ئەمدىچۇ؟ ئەمدى ئاۋۋالقىدەكلا جىمجىتلىق ۋە مەيۇسلۇكتىن باشقا نەرسە يوق. زىجۈن ھەرگىزمۇ كەلمەيدۇ، بەلكى مەڭگۈ كەلمەيدۇ! ...

*　　*

مېنىڭ بۇ ئەسكى ھۇجرامدا زىجۈن بولمىغان چاغلاردا خۇدۇمنى بىلمەي قالاتتىم. ئىچىم پۇشقاندا، قولۇمغا نېمە چىقسا شۇنى، ئىلمىي ئەسەرمۇ، ئەدەبىي ئەسەرمۇ، ئىشقىلىپ توغرا كەلگەن بىرەر كىتابنى ئېلىپ بېشىمنى كۆتۈرمەستىن ئوقۇيتتىم. كېيىن بىردىنلا 10 بەت ئوقۇۋەتكىنىمنى، لېكىن ئۇنىڭدا نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلاتتىم. ئەمما، قۇلىقىم ناھايىتى ھوشيار ئىدى. دەرۋازا تېشىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلانغاندەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدە زىجۈنمۇ باردەك، بەلكى ئۇ بارا ـ بارا يېقىنلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى؛ لېكىن بەزىدە بارا ـ بارا يىراقلىشىپ، باشقىلارنىڭ ئاياغ تىۋىشى بىلەن غايىب بولغاندەك بىلىنەتتى. شۇنداق چاغلاردا، ئاياغ





تىۋىشى توپلەي كىيگەن زىجۈننىڭ ئاياغ تىۋىشىغا ئوخشىمايدىغان لاتا چەملىك خەي كىيگەن دورغىبەگنىڭ ئوغلىمۇ، ئاياغ تىۋىشى زىجۈنگە تولىمۇ ئوخشايدىغان، ھەمىشە يېڭى توپلەي كىيىپ، يۈزىگە ئەڭلىك سۈرتۈپ يۈرىدىغان سەتەڭ قوشنامۇ كۆزۈمگە سەت كۆرۈنەتتى.

زىجۈن كەلمەي قالغان چاغلاردا، رىكشىدىن يىقىلىپ كەتكەندىمۇ ياكى ترامۋاي سوقۇۋەتكەندىمۇ دەپ ئەندىشە قىلاتتىم ۋە ئۇنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ دەرھال شەپكەمنى قولۇمغا ئالاتتىم، لېكىن ئۇنىڭ تاغىسى بىر كۈنى مېنى شۇنداق ئەنسىزلىك قىلغانلىقىم ئۈچۈن يۈزۈمدىن ـ يۈزۈمگە تىللىغانىدى.

بىخەۋەر ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى بارغانسېرى يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئالدىغا چىققىنىمدا، ئۇ ئاللىقاچان چىڭگىلەك بارىڭى يېنىغا كېلىپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگەن يۈزىدىن زىنىخى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىمىغان بولسا كېرەك دەپ، كۆڭلۈم يېنىكلەشتى. بىز بىر ـ بىرىمىزگە يەر ئاستىدىن قارىشىۋالغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئەسكى ھۇجرا مېنىڭ پارىڭىم بىلەن تولدى. مەن ئائىلە ئىستىبداتلىقى توغرىسىدا ۋە كونا ئادەتلەرنى يوقىتىش توغرىسىدا، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا تەڭ ـ باراۋەرلىكى، ئىبسىن، تاگور، شېللى قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلار توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بەردىم. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ، بالىلارچە قىزىقىپ ئاڭلايتتى. تامدا شېللىنىڭ بىر سۈرىتى ئېسىقلىق ئىدى، بۇ ئۇنىڭ ناھايىتى چىرايلىق چۈشكەن سۈرىتى بولۇپ، ئۇنى بىر ژۇرنالدىن كېسىۋالغانىدىم. زىجۈننى شۇ سۈرەتنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلغىنىمدا، ئۇ چالا ـ پۇچۇق بىر قاراپ قويۇپ، خۇددى خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىۋالدى. بۇ قىلىقلىرىدىن زىجۈننىڭ تېخىچە كونا ئىدىيە كىشەنلىرىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كەتمىگەنلىكى مەلۇم

بولۇپ تۇراتتى. كېيىن مەن بۇ سۈرەتنىڭ ئورنىغا شېللىنىڭ
دېڭىزغا غەرق بولغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرە سۈرىتىنى ياكى
ئىبسېننىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ قويساممۇ بوپتىكەن دەپ ئويلاپ
قالدىم. لېكىن، ئۇنى تېخى يەڭگۈشلىمىگەنىدىم. مانا ئەمدى بۇ
ئەسكى ھۇجرىدا شۇ سۈرەتنىڭ ئۆزىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

* *

«مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە، ھېچكىمنىڭ ماڭا ئارىلىشىشقا
ھەققى يوق! »

بۇ زىجۈننىڭ بىز مۇناسىۋەت باغلاپ يېرىم يىل ئۆتكەن ۋە
ئۇنىڭ بۇ يەردىكى تاغىسى ھەم ئۆيىدىكى دادىسى توغرىسىدا پاراڭ
قىلىشقان چاغدا، بىرئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئوچۇق قى-
لىپ، قەتئىي ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئېيتقان سۆزى. شۇ چاغدا مەن
ئۆز پىكرىمنى، سەرگۈزەشتىلىرىمنى ۋە كەمچىلىكلىرىمنى ھېچبىر
يوشۇرماستىن سۆزلەپ بەرگەن، ئۇمۇ تامامەن چۈشەنگەنىدى. بۇ
سۆز مېنى خېلىلا چۆچۈتتى ۋە خېلى كۈنلەرگىچە قۇلىقىمدىن
كەتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم: جۇڭگو
ئاياللىرى بەزى تەركىدۇنيالارنىڭ ئېيتقىنىدەك ئىستىقبالسىز ئە-
مەس، ئۇلار يېقىن كەلگۈسىدە پارلاق تاڭ نۇرىنى ئۆز كۆزلىرى
بىلەن كۆرىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

ئۇنى ئادەتتىكىدەك دەرۋازىدىن 10 نەچچە قەدەم نېرىغىچە
ئۇزىتىپ قويدۇم. مەن ئۇنى ئۇزىتىپ چىققاندا، يەنە ھېلىقى شاپ
بۇرۇت قېرى نەس ماراپ تۇراتتى. ئۇ يۈزىنى كىر باسقان ئەينەك
دېرىزىگە شۇنداق مەھكەم چاپلاپ مارايتتىكى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۇچلۇق
تۇمشۇقىمۇ ماكچىيىپ كەتكەنىدى؛ تاشقىرىقى ھويلىدا بولسا، يەنە
ھېلىقى داغسىز ئەينەكلىك دېرىزە ئىچىدە، يۈزىگە ئەڭلىك سۈرت-





كەن سەتەڭ قاراپ تۇراتتى. زىجۈن پىسەنت قىلماستىن، مەغرۇر-
لۇق بىلەن مېڭىۋەردى، ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى. مەنمۇ مەغرۇر-
لۇق بىلەن قايتىپ كىردىم.

«مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىگە، ھېچكىمنىڭ ماڭا ئارىلىشىشقا
ھەققى يوق! » — بۇ قەتئىي پىكىر ئۇنىڭ مېڭىسىدە مېنىڭكىدىنمۇ
قەتئىي ۋە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

يېرىم قۇتا ئەڭلىك ۋە ماكچايغان ئۇچلۇق تۇمشۇق، ئۇنىڭ
ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ئىدى!

* *

ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ يالقۇنلۇق ساپ مۇھەببىتىمنى قانداق بىل-
دۈرگەنلىكىم يادىمدا يوق. ھازىرلا ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدىلا ئېسىم-
دىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. كېچىلىرى ئەسلىسەم، شۇ ۋاقىتتى-
كى ئىشلارنىڭ بەزىلىرىلا كۆز ئالدىمغا كېلەتتى، ئۇنىڭ بىلەن
تۇرمۇش قۇرغاندىن كېيىن، بىر - ئىككى ئاي ئۆتەر - ئۆتمەيلا،
بۇمۇ ئەسكە ئالغىلى بولمايدىغان چۈشكە ئايلىنىپ قالغانىدى. پە-
قەت شۇ نەرسىلا ئېسىمدە: تۇرمۇش قۇرۇشتىن 10 نەچچە كۈن
ئىلگىرى، ئۆز مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭغا قانداق بىلدۈرۈش توغرىسىدا
كۆپ مۇھاكىمە قىلدىم، ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان سۆزلىرىمنىمۇ ئىلگى-
رى - ئاخىر قىلىپ رەتلىدىم، ھەتتا مۇبادا ئۇ رەت قىلىۋەتسە
قانداق قىلىشىم كېرەكلىكى توغرىسىدىمۇ ئويلاندىم. لېكىن، ۋاق-
تى كەلگەندە، بۇنىڭ بىرىمۇ ئەسقاتمىغاندەك بولدى. كىنولاردا
كۆرگەن ئۇسۇللىرىمنى ھولۇقۇش ئىچىدە، ئىختىيارسىز ھالدا
قوللاندىم. كېيىن شۇنى ئويلىسام ناھايىتى خىجىل بولاتتىم.
قېرىشقاندەك ئەنە شۇ ئىش خاتىرەمدىن زادىلا كۆتۈرۈلمىدى. ئۇ
ئىش ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ خۇددى قاراڭغۇ ئۆيگە يورۇتۇلغان

يىگانە چىراغدەك، كۆز ياشلىرىم بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بىر پۇتۇم بىلەن تىزلانغانلىقىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىدۇ...

ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭلا ئەمەس، ھەتتا زىجۈننىڭمۇ سۆز ۋە خۇلقلىرىنى تازا بايقىمىغانىكەنمەن، پەقەت ئۇنىڭ مېنىڭ مۇھەببىتىمگە رۇخسەت قىلغىنىنىلا، يەنە ئۇنىڭ چىرايىنىڭ بىردىنلا تاتىرىپ، كېيىن ئاستا - ئاستا قىزىرىشقا باشلىغانلىقى، يەنى چىرايىدا زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ۋە يەنە قايتا كۆرۈش مۇمكىن بولمايدىغان قىزىللىق پەيدا بولغانلىقى ئېسىمدە. ئۇ گۇمان ۋە تەئەججۇپ ئارىلاش يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇشقا تىرىشىپ، خۇددى دېرىزىنى سۇندۇرۇپلا ئۇچۇپ كېتىدىغان بىر قىياپەتتە تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بالىلارنىڭكىدەك بۇ كۆزلىرىدىن بىرخىل ھەم خۇشاللىق، ھەم ھېجران بەلگىسى ياناتتى. ئۇنىڭ مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن نېمە دېگەنلىكى ئېسىمدە يوق. ۋەھالەنكى، ئۇ ھەممىنى ئېسىدە ساقلىغان. ئۇ مېنىڭ گەپ - سۆزلىرىمنى خۇددى يادلىۋالغاندەك سۆزلەپ بېرەتتى. مېنىڭ ھەرىكەت ۋە قىلىقلىرىمنى، خۇددى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ماڭا كۆرۈنمەيدىغان بىر كىنو لېنتىسى ئېسىپ قويۇلغاندەك جانلىق ۋە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەتتى، ئۇ شۇ سۆزلىرى بىلەن مېنىڭ كۆز ئالدىمغا مەن ئېسىمگە ئېلىشنى خالىمايدىغان تومانلىق كۆرۈنۈشلەرنى كەلتۈرەتتى. ئەل ئايىغى بېسىققان جىمجىت كېچىلەردە ئىككىيلەن ئۆز ئارا مۇڭدىشاتتۇق. ئۇ ماڭا تۈرلۈك سوئاللارنى قويۇپ، مېنى سىنايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ۋاقتىدىكى گەپ - سۆزلىرىمنى قايتا تەكرارلىتاتتى. لېكىن، نەتىجىسى ناچار ئوقۇغۇچىنىڭ بەرگەن جاۋابلىرىغا لوقما سېلىنغاندەك، ئۇ كۆپ ۋاقىت مېنىڭ سۆزلىرىمنى تولۇقلايتتى، تۈزىتەتتى.

مۇڭدىششلار بارا - بارا ئازىيىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ شۇنداق خىيال سۈرەتتىكى، ئۆزىنى





يوقىتىپ قويغاندەك بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن زىنىخلىرى چوڭقۇرلىشىپ، تېخىمۇ مېھرىلىك بولۇپ كېتەتتى. كېيىن ئۇ يەنە ئۆتكەن ئىشلارنى تەكرارلاشقا باشلايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ يەنە ھېلىقى كۈلكىلىك كۆرۈنۈشلەرگە كۆزى چۈشۈپ قېلىشتىن ۋايىم قىلاتتىم. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ شۇ كۆرۈنۈشلەرگە چوقۇم قارايدىغانلىقىنى، قارىماي قويمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. ئەمما، ئۇ ھېچقاچان ئۇنى كۈلكىلىك ئىش دەپ ھېسابلىمايتتى. مەن ئۆزۈم ئۇنى كۈلكىلىك، ھەتتا پەس بىر ئىش دەپ ھېسابلىساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىدە قىلچە كۈلكىلىك ئەمەس ئىدى. بۇنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن. چۈنكى، ئۇ مېنى شۇنداق قىزغىن، شۇنداق ئاق دىل بىلەن سۆيەتتى.

* *

بۇلتۇر ئەتىيازنىڭ ئاخىرقى چاغلىرى مەن ئۈچۈن ئەڭ بەختلىك، شۇنىڭدەك ئەڭ قاتىلاڭ بىر ۋاقىت بولدى. كۆڭلۈم تىنچىغان بولسىمۇ، لېكىن تېنىم يەنە باشقا ئەزالىرىم بىلەن بىللە قاتىلاڭچىلىقتا قالدى. شۇ چاغدا بىز كوچىلاردا ئەمدىلەتىن بىللە يۈرىدىغان بولغانىدۇق، باغچىلارغىمۇ بىرنەچچە قېتىم بىللە باردۇق، ئۆي ئىزدىگەن چاغلاردا كۆپرەك بىللە يۈردۇق، كوچىلاردا بىللە يۈرگەندە ھەمىشە بايقاش، مازاق قىلىش ۋە ياكى خارلاش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان ئەدەپسىز كۆزلەر تىكىلىپ تۇرغاندەك، سەللا ئېھتىيات قىلمىسام پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جۇغۇلداپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى دەرھال مەغرۇر تۇتۇش ۋە ئۇ نەزەرلەرگە قارشى تۇرۇش يولى بىلەن خۇدۇمنى يىغىۋالاتتىم. زىجۈن بولسا ئۇلارغا قىلچە پىسەنت قىلماستىن، سالماقلىق بىلەن مەغرۇر ماڭاتتى.

ئۆي تېپىش ھەقىقەتەن قىيىن. كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆي ئىگىلىرى تۈرلۈك ۋەجىلەر بىلەن قايتۇراتتى، بەزىدە نەزىرىمىزگە ياقماي قالاتتى. دەسلەپ ئۆي تاللاشتا نەزىرىمىزنى ئۈستۈن تۇتتۇق. ئەمەلىيەتتە، ئۈستۈنمۇ ئەمەس ئىدى، چۈنكى تېپىلغان ئۆيلەرنىڭ تولىسى بىزگە ياقمىدى. كېيىنچە، قانداقلا بولمىسۇن، ئۆي تېپىلسىلا بولاتتى، دېگەن ئويغا كەلدۇق. شۇنداق قىلىپ، 20 جايغا باردۇق، ئاخىر ۋاقىتىنچە بولسىمۇ ئانچە - مۇنچە قىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرايلى دەپ، جىجاۋ كوچىسىدىكى بىر قورۇنىڭ جەنۇب تەرەپتىكى ئىككى ئېغىز ھۇجرىسىنى ئالدۇق. قورۇنىڭ خوجايىنى بىر كىچىك ئەمەلدار بولغىنى بىلەن ئىنساپلىق ئادەم ئىكەن. ئۇ ئۆزى شىمال تامدىكى ھۇجرىدا ئولتۇراتتى. شۇ تامدىكى يان ئۆيمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە قارايتتى، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە يېشىغا تولمىغان بىرلا قىزى، سەھرادىن ياللىۋالغان بىر ئايال خىزمەتكارى بار ئىدى. بالا يىغلىمىسىلا، بۇ قورۇ ھەمىشە جىمجىت تۇراتتى.

بىزنىڭ ئۆي سەرەمجانلىرىمىز ناھايىتى ئاددىي ئىدى. شۇنداقتىمۇ يىغقان - تېجىگەن پۇلۇمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆي سەرەمجانغا كەتتى. زىجۈنمۇ ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئالتۇن ئۈزۈكى بىلەن زىرىسىنى سېتىۋەتتى. قانچە توسۇساممۇ ئۇنىمىدى، مەن ئۇنىڭ ئۆيگە ئاز - تولا ئەجىر قوشمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، شۇڭا مەيلى دېدىم.

ئۇ تاغىسى بىلەن ئاللىقاچان قېيىدىشىپ قالغان، ھەتتا تاغىسىنى تۇغقانلىقتىن كېچىدىغان دەرىجىدە خاپا قىلغانىدى. مەنمۇ ياخشى مەسلىھەت بەردىم دەپ كىشىنى يۈرەكسىز قىلىۋېتىدىغان ياكى ۋاقتى كەلگەندە مېنى كۆرەلمەيدىغان بىر نەچچە بۇرادەر بىلەن ئالاقىنى ئۈزدۈم. بۇ ھال مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئارام بەردى. ھەر كۈنى خىزمەتتىن قايتقاندىن كېيىن، قاش قارايغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە رىكشا ھەرقانچە ئاستا ماڭسىمۇ، يەنە ئىككىمىز





كۆرۈشكۈدەك ۋاقىت چىقاتتى. بىز دەسلەپ كۆرۈشكەن چاغدا، بىر - بىرىمىزگە قاراپ جىم تۇرۇپ قالاتتۇق، ئاندىن سۆيۈنۈپ قانغۇچە مۇڭدىشاتتۇق، كېيىن يەنە جىم بولۇپ قالاتتۇق. لېكىن، بۇ جىمجىتلىقتا سۈرگەن خىيالىمىزنىڭ تايىنى بولمايتتى. مەن ئاستا - ئاستا ئۇنى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىر قۇر چۈشەندىم؛ لېكىن ئۈچ ھەپتىگە قالماي ئۇنى تولۇق چۈشىنىپ بولغاندەك، ئىلگىرى چۈشىنىپ بولدۇم دېگەن بولسامۇ ھازىر يەنە چۈشىنەلمەي قالغان پەردىلەر ئېچىپ تاشلانغاندەك تۇيۇلاتتى.

زىجۈنمۇ كۈندىن - كۈنگە تېتىكلىشىپ قالدى. شۇغىنىسى، ئۇ گۈلنى ياخشى كۆرمەيتتى. مەن سەيلىگە چىققاندا سېتىۋېلىپ كەلگەن ئىككى تاشتەك گۈل تۆت كۈندىن بۇيان سۇ قۇيۇلماي تام بېشىدا تۇرۇپ قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇشقا مېنىڭمۇ چولام تەگمىدى. لېكىن، زىجۈن ھايۋاناتنى ياخشى كۆرەتتى، ئېھتىمال بۇ ھەۋەس ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ خوتۇنىدىن يۇققان بولسا كېرەك. كۆچۈپ كېلىپ بىر ئاي ئۆتمەستىن ئۆيىمىز خېلىلا ئاۋاتلىشىپ قالدى. تۆت چۈجىمىز ھويلىدا ئۆي ئىگىسىنىڭ ئون نەچچە توخۇسى بىلەن بىللە يۈرىدۇ. ئاياللار بولسا چۈجىلەرنىڭ تۈسىگە قاراپ ئۆزلىرىنىڭكىنى تونۇپ ئېلىشاتتى. يەنە بىر ئالا كۈكا بار ئىدى، ئۇنىمۇ سەيلىگە چىققاندا سېتىۋالغانىدىم. ئۇنىڭ كونا ئىسمى باردەك تۇراتتى، زىجۈن ئۇنىڭغا «ئاسۈي» دەپ يېڭىدىن ئات قويۇپ قويدى. مەنمۇ ئۇنى «ئاسۈي» دەپ قىچقىرىدىغان بولدۇم، لېكىن بۇ ئىسىمنى ياخشى كۆرمەيتتىم.

توغرا، ئىشق - مۇھەببەت ھەمىشە يېڭىلىنىپ، ئۆسۈپ ۋە پەيدا بولۇپ تۇرۇشى لازىم. مەن زىجۈن بىلەن مۇشۇ توغرىدا سۆزلەشكەندە، ئۇمۇ بۇنى چۈشىنىپ بېشىنى لىڭشىتاتتى.

خەير، شۇ كېچىلەر شۇنداق خاتىرجەم، شۇنداق بەختلىك كېچىلەر ئىدى!

* *

خاتىرجەملىك ۋە بەختىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى ھەم مەڭگۈ بولۇشى لازىم. سارايدىكى چاغدا گاھى - گاھىدا گەپ - سۆزدە، پىكىردە ئۇقۇشماستىن توقۇنۇشۇپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. جىجاۋ كوچىسىغا كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان ئۇنداق ئەھۋاللارمۇ تۈگەپ كەتتى. چىراغ تۈۋىدە بىر - بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆتمۈشتىن پاراڭ سالغان ۋاقتىمىزدا، شۇ چاغلاردىكى توقۇنۇشتىن كېيىنكى ئەپلىشىشلەرنىڭ دۇنياغا يېڭىدىن تۆرەلگەندەك لەززەت بەرگەنلىكلىرىنىمۇ ئەسلەيتتۇق.

زىجۈننىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ سەمرىشكە باشلىدى، شۇغىنىسى ئۇنى ئىش بېسىۋالدى. ئۇ ئۆي ئىشلىرى بىلەن بولۇپ، مۇڭداشقىلى چولىسى تەگمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇ ھالدا كىتاب كۆرۈش ۋە سەيلىگە چىقىشقا نەدە ۋاقىت بولسۇن؟ شۇڭا بىز بىرەر خىزمەتچى ئالمىساق بولمايدىغان بولدى، دېيىشەتتۇق.

بۇ ھال ماڭىمۇ ئارام بەرمىدى. كەچقۇرۇنلۇقى قايتىپ كەلسەم ھەمىشە ئۇنى پەرىشان كۆرەتتىم؛ ئۇنىڭ ئۆزىنى زورلاپ خۇشخۇي بولۇۋېلىشى بولۇپمۇ مېنى بەكرەك بىئارام قىلاتتى. بەختىمگە يارىشا، مەسىلىنىڭ تېگىنى تاپتىم، ئۇ ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ خوتۇنى بىلەن غىزىلدىشىپ قاپتۇ. بۇنىڭغىمۇ چۈجە بىلەن توخۇلار سەۋەبچى بوپتۇ. لېكىن، زىجۈن نېمىشقا ماڭا ئېيتمىغاندۇ؟ ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇستەقىل ئائىلىسى بولۇشى لازىم ئىكەن، بۇنداق جايدا داۋاملىق ئولتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

يولۇمىمۇ مۇقىملىشىپ قالدى. ھەر ھەپتىنىڭ ئالتە كۈنىدە ئۆيدىن ئىدارىگە، ئىدارىدىن ئۆيگە ماڭىمەن. ئىدارىدە جوزا ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئەتىدىن كەچكىچە ئالاقە ۋە خەت - چەك كۆچۈرىمەن، ئۆيدە بولسا زىجۈن بىلەن بىللە ئولتۇرىمەن ياكى مەشكە ئوت يېقىپ





غىزا پىشۇرۇشۇپ بېرىمەن، ئەنە شۇ چاغدا غىزا پىشۇرۇشنى ئۆگىنىپ قالغانىدىم.

يېمەك - ئىچمىكىم سارايدىكىگە قارىغاندا خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى. زىجۈن سەي قورۇشقا ئانچە ئۇستا بولمىسىمۇ، لېكىن سەيگە ئالاھىدە ئەجىر قىلاتتى. ئۇنىڭ كېچە - كۈندۈز كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلىرى مېنىمۇ كۆڭۈل بۆلدۈرەتتى، بىز ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرۈپ، جاپانىمۇ تەڭ تارتاتتۇق. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەيتتى، قىرقىلغان چاچلىرى پېشانىسىگە چاپلىشىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىمۇ بارا - بارا يىرىكلىشىشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئاسۇي»گە يەم بېرىش، چۈجىلەرگە دان بېرىش… ئىشلىرىمۇ ئۇنىڭسىز ئورۇندالمايتتى.

مەن ئۇنىڭغا، مەن يېمىسەممۇ يېمەي، بوپتۇ، ئۆزىڭىزنى بۇنچە ئاۋارە قىلماڭ، دەپمۇ باقتىم. ئۇ ماڭا بىر قاراپ قويۇپلا، گەپمۇ قىلمىدى، بىرئاز مەيۈسلەنگەندەك بولغاچقا، مەنمۇ ئەڭ ياخشىسى ئېغىز ئاچمىدىم. لېكىن، ئۇ يەنە ئاۋۋالقىدەكلا كۆيۈپ - پىشىپ ئىشلەيتتى.

* *

ئالدىدىن بايقاپ قويغان زەربە دەرۋەقە يېتىپ كەلدى. 10 - ئۆكتەبىر بايرىمى ھارپىسى ئاخشىمى ئۆيدە بىكار ئولتۇراتتىم، زىجۈن چىنە - قاچىلارنى يۇيۇۋاتاتتى. دەرۋازا قېقىلىپ قالدى، چىقىپ دەرۋازىنى ئاچسام، ئىدارىنىڭ خەت توشۇغۇچىسى ئىكەن. ئۇ شاپىگىراپتا بېسىلغان بىر پارچە خەتنى بەردى. ئۆزۈممۇ سەل تۇيۇپ تۇراتتىم، چىراغقا بېرىپ خەتكە قارىسام، دەرۋەقە:

«ئىدارە باشلىقىنىڭ ئېغىزچە بۇيرۇقى:
سى جۈەنشىڭ ئىدارىگە ئىشلەيمەن دەپ كەلمىسۇن.
كاتىبات باشقارمىسىدىن. 9 - ئۆكتەبىر»

دېگەن سۆزلەر بېسىلغان.

بۇنداق بولۇشىنى سارايدىكى چاغدىلا بايقىغانىدىم. ھېلىقى «ئەخلەك» ئىدارە باشلىقىنىڭ ئوغلىنىڭ قىمارۋاز دوستى ئىدى. ئۇنىڭ بەزى پىتنە - ئىغۋالارنى تېپىپ، يالغان - ياۋىداق مەلۇمات بېرىشى چوقۇم ئىدى. بۇ مەلۇماتنىڭ ئەمدى كار قىلىشى كېچىكىپ قالغانلىقى. ئەمەلىيەتتە بۇ مەن ئۈچۈن زەربىمۇ ئەمەس، چۈنكى مەن باشقىلارنىڭ كۆچۈرىدىغان نەرسىلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرەرمەن ياكى مۇئەللىملىك قىلارمەن ۋە ياكى تەس بولسىمۇ بەزى كىتاب - پىتابلارنى تەرجىمە قىلارمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەركىنلىك دوستى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى تونۇش ئادەم، بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى خەتمۇ يېزىشقان، دەپ ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ قويغانىدىم. شۇنداقتىمۇ يۈرىكىم سېلىپ تۇراتتى. جەسۇر زىجۈننىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى بولۇپمۇ مېنى غەمگە سالاتتى، يېقىندىن بۇيان ئۇ ئاجىزلاپ قالغاندەك ئىدى.

— شۇنىڭغىمۇ غەم يەمدىكەن. قويۇڭە، يېڭى ئىش تاپارمىز… بىز …— دېدى ئۇ.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ قىلالمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا ناھايىتى بوش ئاڭلاندى. چىراغ نۇرىمۇ كۆزۈمگە غۇۋا كۆرۈندى. ئادەم ھەقىقەتەن كۈلكىلىك مەخلۇق، ئانچىكى بىر ئىشلارمۇ ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. دەسلەپ بىز بىر - بىرىمىزگە ئۈن - تىنسىز قارىشىپ قالدۇق، كېيىن مەسلىھەتكە چۈشتۇق. ئاخىر قولىمىزدىكى پۇلنى ئىقتىساد بىلەن ئىشلىتىش، بىر تەرەپتىن كۆچۈرىدىغان ئىش ۋە مۇئەللىملىك خىزمىتى ئىز-





دەپ «كىچىككىنە ئېلان» چىقىرىش، يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى ھال - ئەھۋالنى بىلدۈرۈپ «ئەركىنلىك دوستى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرىگە خەت يېزىپ، تەرجىمە قىلغان كىتابلىرىمنى قوبۇل قىلىشنى، باشقا كۈن چۈشكەن ھازىرقى پەيتتە ئاز - پاز ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىش قارارىغا كەلدۇق.

— دېگەننى قىلىش كېرەك. ئۆزىمىزگە بىر يېڭى يول ئاچايلى!

مەن دەرھال جوزىغا بېرىپ، كۈنجۈت يېغى بار شىشە بىلەن ئاچچىق سۇ قاچىسىنى نېرى ئېلىۋەتتىم، زىجۈن ھېلىقى خىرە يېنىپ تۇرغان چىراغنى ئەكەلدى. ئالدى بىلەن ئېلاننى يازدىم؛ كېيىن تەرجىمە قىلىشقا بولىدىغان كىتابلارنى تاللىدىم، كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان ۋاراقلاپ باقمىغاچقا كىتابلارغا بىرلىك توپا قونۇپ كېتىپتۇ. ئاخىردا سالام خەت يېزىشقا كىرىشتىم.

سالام خەتنى يېزىشتا جىق ئويلاندىم، سۆزلەرنى قانداق تۈزەشنى بىلەلمەي قەلەمنى تۇتۇپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، زىجۈننىڭ يۈزىگە كۆزۈم چۈشتى. غۇۋا يورۇپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭ چىرايىمۇ ناھايىتى خۇنۇك كۆرۈنەتتى. شۇنچىلىك ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ قەتئىي ۋە جەسۇر زىجۈندە بۇ قەدەر زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشىنى ئويلىمىغانىدىم. ئۇ يېقىندىن بۇيان ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتتى. لېكىن، بۇ ھال بۈگۈن كېچە باشلانغان ئەمەس، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئىچىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. لېكىن يەنە بىردىنلا خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ كۆلەڭگىسى — سارايدىكى ئەسكى ھۇجرىدىكى جىمجىتلىق كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئەمدىلا تىكىلىپ خىيال سۈرۈۋاتاتتىم، يەنە ھېلىقى غۇۋا چىراغنىڭ نۇرى كېلىپ كۆزۈمگە چۈشتى.

خېلىدىن كېيىن خەتنىمۇ يېزىپ بولدۇم. ئۆزۈممۇ يېقىندىن بۇيان ئاجىزلىشىپ قالغاندەك ھارغىنلىق ھېس قىلدىم. كېيىن

ئەتە ئېلاننى چىقىرىش بىلەن تەڭلا خەتنىمۇ ماڭدۇرۇۋېتىشنى قارار قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز خۇددى پۈتۈشۈۋالغاندەك تەڭلا كېرىلدۇق، گەپ ـ سۆز قىلىشمىغان بولساقمۇ، ھەر بىرىمىزدە كۈچلۈك جاسارەت بارلىقىنى ھېس قىلغاندەك، يېڭىدىن بىخ ئۇرۇۋاتقان كەلگۈسى ئۈمىدنى كۆرگەندەك بولدۇق.

*                    *

چەتتىن كەلگەن زەربە ئەكسىچە بىزدە يېڭى غەيرەت پەيدا قىلدى. ئىدارىدىكى چاغدىكى تۇرمۇش خۇددى قۇشچىلارنىڭ قولىدىكى ئۇچار ـ قاناتلار ئازغىنا دانغا تەلمۈرۈپ، زادىلا سەمرىيەلمەي، ئاي ـ كۈننىڭ ئۆتۈشى بىلەن قانات پەيلىرى ئاجىزلىشىپ، قەپەستىن چىقىرىپ قويۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇچالماس بولۇپ قالغان قۇشلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشايتتى. مانا ئەمدى قانداق بولمىسۇن، ئۇ قەپەستىن قۇتۇلدۇم، ئەمدى مېنىڭ ئېسىمدىن تېخى كۆتۈرۈلمىگەن ھەرىكەتتىكى قاناتلىرىم بىلەن كەڭ ئاسماندا جەۋلان قىلىشىم كېرەك.

*                    *

ئېلاننىڭ دەرھال كارغا يارىمايدىغانلىقى تەبىئىي، لېكىن كىتاب تەرجىمە قىلىشمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. ئىلگىرى كۆرۈپ ئۆتكەن كىتابلار قارىماققا ئاسان بولغان بىلەن قەلەمنى قولغا ئالغاندا قىيىنچىلىقلار كەينى ـ كەينىدىن چىقىۋېرىدىكەن، شۇڭا ئىشنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولدى، شۇنداق بولسىمۇ تىرىشىپ ئىشلەۋەردىم، سەل ـ پەل كونىرىغان بىر لۇغىتىمنىڭ قىرغاقلىرىنىڭ يېرىم ئاي ئۆتمەستىنلا قاپقارا بولۇپ كىرلەپ





كەتكەنلىكى ئىشىمنىڭ ھەقىقىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «ئەركىنلىك دوستى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ژۇرنىلىمىز ياخشى ماقالىلەرنى ھەرگىز زايە قىلمايدۇ، دېگەنىدى.

ئەپسۇسكى، تېپىتىنچىراق بىر ھۇجرام يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زىجۇنمۇ ئىلگىرىكىدەك مۇلايىم، كېلىشىملىك ئەمەس ئىدى. ئۆيدە چىنە ـ قاچىلار ھەرقاچان ئۇ يەر ـ بۇ يەردە تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچى كۆمۈر ئىسى بىلەن تولاتتى، بۇ ھال خاتىرجەم ئىشلەشكە يار بەرمەيتتى، ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتە پەقەت ئۆزۈمنىڭ بىرەر ئىش ھۇجرىسى راسلاشقا قادىر بولالمىغانلىقىمغا ئاغرىنىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە «ئاسۇي»نىڭ، چۈجىلەرنىڭ جېدىلىنى ئېيتايمۇ. چۈجىلەر چوڭىيىپ ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا جېدەلگە تۇتۇرۇق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غىزامۇ ھەر كۈنى ئۆز ۋاقتى بىلەن كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ تۇرىدۇ، زىجۇننىڭ ئىشى تامامەن غىزا تەييارلاشتىن ئىبارەت بولۇپ قالغاندەك ئىدى. يىغقان ـ تېجىگەن پۇللىرىمىز غىزاغا كەتتى، غىزا ئۈچۈن پۇل تېپىش كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئاسۇي»نى ۋە توخۇلارنى بېقىشقا توغرا كەلدى. زىجۇن بولسا خۇددى ئىلگىرى بىلىدىغانلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ غىزا يەۋېلىڭ دېگەن سۆزى بىلەن مېنىڭ پىكرىمنى ھەمىشە بۆلۈۋېتىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىمايدىغان بولۇپ قالدى. غىزا ئۈستىدە بىرئاز ئالىيىپ قويسامۇ، پەرۋا قىلماستىن، ھېچ نەرسە سەزمىگەندەك غىزا يېيىش بىلەن بولاتتى. ئۇنىڭغا خىزمىتىمنىڭ غىزا ۋاقتى چەكلىمىلىرىگە ئۇچرىماسلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بەش ھەپتە ۋاقىت كەتتى. ئۇ چۈشەنگەندىن كېيىن رەنجىگەن بولسا كېرەك، لېكىن ئېيتمىدى. خىزمىتىم شۇنىڭدىن باشلاپ چاپسانلىشىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا جەمئىي 50 مىڭ سۆز تەرجىمە قىلدىم، ئۇنى بىرئاز تۈزىتىۋالسام، تەييار بولغان ئىككى پارچە فېلىيەتون بىلەن

بىللە «ئەركىنلىك دوستى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بېرىشكە يارايدىغان بولدى. لېكىن، غىزا يېيىش مەن ئۈچۈن ھېلىمۇ بىر ئازاب بولۇپ قالدى. سەينىڭ سوۋۇپ قېلىشى مەيلى، لېكىن يەتمەيدۇ؛ ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ مېڭە ئىشى بىلەن شۇغۇللانغاچقا ئىشتىھايىم ئىلگىرىكىدىن كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، بەزىدە غىزانىڭ ئۆزىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، ئاۋۋال «ئاسۇي»گە يەم بېرىلەتتى، يېقىندىن بۇيان بەزىدە ئۆزىمىزگىمۇ نېسىپ بولمايدىغان قوي گۆشلىرىمۇ ئۇنىڭغا بېرىلەتتى. زىجۈن: «ئاسۇي» بەك ياداپ كەتتى، خوجايىنىنىڭ خوتۇنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ، مەن بۇنداق ئاھانەتكە چىدىيالمايمەن، دەيتتى. مەندىن ئاشقان غىزانى پەقەت توخۇلارلا يەيتتى. بۇنى خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بىلدىم، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە، گېكسلىنىڭ «ئىنساننىڭ ئالەمدىكى ئورنى»نى مۇھاكىمە قىلغىنىدەك، ئۆزۈمنىڭ بۇ يەردىكى ئورنۇمنىڭ كۈكا بىلەن توخۇلار ئوتتۇرىسىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

*　　　　*

كېيىن بىرمۇنچە تالاش - تارتىش ۋە قىستاشلار ئارقىسىدا چۈجىلەرمۇ بارا - بارا غىزا قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن «ئاسۇي» ۋە بىز 10 نەچچە كۈن گۆش يەۋالدۇق. لېكىن، ئەمەلدە چۈجىلەر ھەر كۈنى ھەر نەچچە تال قوناقتىن باشقا ھېچقانداق دان كۆرمىگەچكە ناھايىتى ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدۇق. لېكىن، زىجۈن خۇددى بىرخىل ئازاب ۋە مەيۈسلۈك ھېس قىلغاندەك ناھايىتى كۆڭۈلسىز بولۇپ يۈردى. ھەتتا گەپ - سۆز قىلىشقىمۇ خۇشياقماس بولۇپ قالدى. ئادەم ئەجەبمۇ ئاسان ئۆزگىرىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.





لېكىن، «ئاسۇي»مۇ ئۆيدە تۇرالمايدىغان بولدى. بىزگە بىرەر جايدىن سالام خەت كېلىپ قالارمىكىن دەيدىغان ئۈمىدلەرمۇ يوقالدى. زىجۈن «ئاسۇي»نى ئەركىلىتىپ تەزىم قىلدۇرغۇدەك ياكى ئۇنى تىك تۇرغۇزۇپ ئويناتقۇدەكمۇ ئوزۇق قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش قىستاپ كېلىپ، مەش قويۇشمۇ چوڭ بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. «ئاسۇي»نىڭ ئۆزىمۇ بىزگە خېلى بۇرۇنلا ناھايىتى ئېغىر بىر يۈك بولۇپ تۇيۇلغانىدى. شۇڭا، ئۇنىمۇ بېقىۋېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى قالمىدى. ئەگەر ئۇنىڭغا قومۇش قىستۇرۇپ بازارغا ئاپارساق بىرنەچچە تىيىنغا سېتىش مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇنداق قىلىش بىزگە مۇمكىن ئەمەس ھەم ئۇنىمۇ خالىمايمىز. ئاخىر ئۇنىڭ بېشىنى لاتا بىلەن ئوراپ شەھەر سىرتىنىڭ غەربىگە ئاپىرىپ قويۇۋەتتىم، كېيىن ئارقامدىن ئەگىشىپ كېلىۋېتىپتىكەن، تېيىزراق بىر ئازگالغا ئىتتىرىۋەتتىم.

ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆينىڭ خېلىلا پاكىز بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن، زىجۈننىڭ مەيۈس چىرايى مېنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇنىڭدا بۇنداق چىراي زادىلا كۆزۈمگە چېلىقمىغانىدى. بۇنىڭ «ئاسۇي» ئۈچۈن ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى. ئۇنىڭغا «ئاسۇي»نى ئازگالغا ئىتتىرىۋەتكەنلىكىمنى ئېيتقان بولسام قانداق بولۇپ كېتەر ئىدىكى؟

ئۇنىڭ مەيۈس چىرايىغا تۇندە مۇزدەك سوغۇقلۇق قوشۇلدى.

— ھەيرانمەن… زىجۈن، بۈگۈن نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدىڭىز؟ — تاقەت قىلالماي سورىدىم، — چىرايىڭىز…

— ھېچنېمە… بولمىدىم.

ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن بايقاپ قالدىم. ئۇ مېنى رەھىم - شەپقەتسىز ئادەم ئىكەن دەپ جەزم قىلغان بولسا كېرەك. ھەقىقەتتە بىر ئۆزۈملا بولسام تۇرمۇش كەچۈرۈش مەن ئۈچۈن قىيىن بولمايتتى. گەرچە مەغرۇرلۇق ئارقىسىدا باردى - كەلدى

ئالاقىلەردە بولمىغان بولسامۇ، كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن بارلىق ئۆلپەتلەر بىلەن يىراقلىشىپ كەتكەن بولسامۇ، لېكىن باشقا بىر يەرلەرگە كەتسەملا تىرىكچىلىكنىڭ يوللىرى ناھايىتى كەڭ ئىدى. ھازىرقى بۇ تۇرمۇشنىڭ ئازابىنى كۆپىنچە زىجۈن ئۈچۈن تارتىۋاتىمەن. «ئاسۇي»نى قويۇپ بېرىشتىن مەقسەتمۇ شۇ ئىدىغۇ ئاخىر. لېكىن، زىجۈننىڭ ئەقلى قىسقىراپ قالغاندەك ھەتتا شۇنچىلىك ئاددىي مەقسەتنىمۇ ئەقلىگە كەلتۈرەلمىدى.

بىر پەيتنى تېپىپ، شۇ مەقسەتلىرىمنى ئۇنىڭغا دارىتىپ باقتىم، ئۇمۇ چۈشەنگەندەك بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. لېكىن، كېيىنكى ئەھۋاللىرىغا قارىسام چۈشەنمىگەندەك ياكى ئىشەنمىگەندەك.

* *

ھاۋانىڭ سوغۇقى بىلەن زىجۈننىڭ سوغۇق چىرايى مېنىڭ ئائىلىدە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشۈمگە ئىمكان بەرمىدى. لېكىن، نەگە كېتىش كېرەك؟ كوچىلاردا، باغچىلاردا ئۇنداق سوغۇق چىراي بولمىسىمۇ، لېكىن سوغۇق شامال ئادەمنىڭ ئۈستىخانلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاخىر «ئاممىباب قىرائەتخانا»دا ئۆز جەننىتىمنى تاپتىم.

ئۇ يەرگە بېلەت ئېلىپ كىرىشنىڭ ھاجىتى يوق. كىتاب كۆرۈش بۆلۈمىدە ئىككى چويۈن مەش يېنىپ تۇراتتى. مەش كۆزىنى يۇمۇپ ئاران يېنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەشنى كۆرگەندە روھىي جەھەتتە بىرئاز ئىسسىغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇ يەردە كۆرگۈدەك كىتابلارمۇ يوق ئىدى، كونىلىرى تازىمۇ كونا بولۇپ، يېڭىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى.

مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشتىن مەقسىتىم، كىتاب كۆرۈش ئە-





مەس ئىدى، مەندىن باشقا يەنە دائىم بىرنەچچە ئادەم، كۆپ بولغاندا، 10 چە ئادەم كېلىپ تۇراتتى، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش يالاڭ كىيىنگەنلەر ئىدى، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا كىتاب كۆرگەن بولۇپ ئىسسىناتتى. بۇ يەر ماڭا ناھايىتى ياقتى. كوچىدا بولسا، تونۇش - بىلىش ئادەملەر ئاسان ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ يامان نەزىرى تېگىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، بۇ يەردە ئۇنداق خورلۇقلارنى كۆرمەيمەن. چۈنكى، ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ مەشلىرى يېنىدا ياكى ئۆز ئۆيلىرىدىكى مەش يېنىدا ئىسسىنىدىغانلار ئىدى.

قىرائەتخانىدىكىلەر ماڭا كۆرۈشكە كىتاب بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خىيال سۈرۈشكە ئارام بولدى، ئۆزۈم يالغۇز قالغۇچە ئولتۇرۇپ ئۆتمۈشنى ئويلايتتىم. كېيىن شۇنى ھېس قىلدىم: يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىشق - مۇھەببەتكە بېرىلىپ، ھاياتلىقنىڭ قەدرىگە پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قاراپتىمەن، ھەممىدىن ئاۋۋال ھاياتلىق كېرەك. ئىنسان ھايات بولسىلا، مۇھەببەت تېپىلىدۇ. دۇنيادا تىرىشقۇچىلار ئۈچۈن تېپىلمايدىغان ھايات يولى يوق؛ ئۆزۈممۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا ھالسىراپ قالغان بولسامۇ، لېكىن قاناتلىرىمنىڭ ھېلىمۇ ھەرىكەتتە تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق… بۆلمە ۋە قىرائەتخانىلار بارا - بارا كۆز ئالدىمدىن ئۆچتى. سۇ قايناملىرىدا يۈرگەن بېلىقچى، جەڭ خەندەكلىرىدە يۈرگەن جەڭچى، پىكاپلاردىكى ئېسىلزادە، چەت ئەل فېرمىلىرىدىكى دەللال، تاغ - ئورمان ئىچىدىكى مەرگەن، دەرسخانىدىكى پروفېسسور، قاراڭغۇ كېچىدىكى تەنھەرىكەتچى ۋە تۈن ئوغرىسى… كۆز ئالدىمغا كەلدى. زىجۈن بولسا يېنىمدا يوق، ئۇنىڭدىن غەيرەت كەتتى، ئۇ «ئاسۇي» ئۈچۈن ھەسرەت يېمەكتە، غىزا قىلىش بىلەن ئالدىرىماقتا، لېكىن ئۇنىڭ ئانچە جۇدىمىگەنلىكى ئاجايىپ… توڭلاشقا باشلىدىم. مەشتە تۈتۈشۈپ كۆيۈۋاتقان كۆمۈرلەرمۇ كۆيۈپ تۈگىدى، قىرائەتخانىنى تاقاش ۋاقتى يەتتى.

يەنە جىجاۋ كوچىسىغا قايتىپ، مۇزدەك سوغۇق چىرايىغا نائىل بولۇشقا توغرا كەلدى. يېقىندىن بۇيان ئارىلاپ - ئارىلاپ ئىللىق چىرايىغا مۇيەسسەر بولغان بولسامۇ، لېكىن بۇ هال ئەكسىچە مېنى يەنىمۇ ئازابقا سالدى. ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر كۈنى تۇندە زىجۈن خېلى ۋاقىتتىن بۇيان ئاچمىغان چىرايىنى ئېچىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، مەن بىلەن سارايدىكى چاغدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە پاراڭلاشتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئارىلاپ - ئارىلاپ قورقۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. مەن يېقىندىن بۇيانقى ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشكەن سوغۇق چىرايىمنىڭ ئۇنىڭدا گۇمان ۋە ئەندىشە پەيدا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئاز تەسەللى بېرىش ئۈچۈن زورىغا ئوچۇق چىراي كۆرسەتتىم. لېكىن، چىرايىمغا كۈلۈمسىرەش ئالامەتلىرى پەيدا بولۇش بىلەنلا، ئاغزىمدىن چىققان سۆزلەر دەرهال قۇرۇق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ، ئۇ يەنە دەرهال ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، قۇلىقىمغا قايتىپ كېلەتتى - دە، ئۆزۈمگە چىداپ تۇرغۇسىز زەھەرلىك بىر مەسخىرە بولۇپ تېگەتتى. زىجۈنمۇ پەملىگەندەك بولدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش گالۋاڭدەك شۈك بولۇۋېلىشنى تاشلىدى. ئۇ شۇنچە غەيرەت قىلىپ يوشۇرۇپ باقسىمۇ، بەزىدە يەنە ئەپتىدىن گۇمان ۋە غەم ئالامەتلىرى چىقىپ قالاتتى، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ ماڭا خېلىلا سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى.

ئۇنىڭغا ئاشكارىسىنى ئېيتماقچى بولدۇم، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدىم. ئۇنىڭغا ئېيتىشقا بەل باغلىغان چېغىمدا، ئۇنىڭ بالىلارچە قاراپ تۇرۇشى دەرهال مېنى زورمۇزور چىراي ئېچىشقا مەجبۇر قىلاتتى. لېكىن، بۇ يەنە دەرهال ئۆزۈمگە بىر مەسخىرە بولۇپ تېگىدۇ ۋە ئۆزۈمدىكى ھېلىقىدەك سوغۇق جىملىقنى يوققا چىقىرىۋېتىدۇ.





*　　　　*

زىجۈن شۇنىڭدىن باشلاپ يەنە ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى تەكرارلاشقا ۋە مېنى باشقىدىن سىناشقا كىرىشىپ، مېنى بىرمۇنچە ساختا مۇلايىم جاۋابلارنى بېرىشكە، مۇلايىملىقنى ئىپادىلەشكە، ساختىلىق خاتىرىلىرىنى يۈرىكىمگە پۈتۈپ قويۇشقا مەجبۇر قىلىشقا باشلىدى. يۈرىكىم ئاشۇنداق ساختىلىق خاتىرىلىرى بىلەن تولۇپ، نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلاشتى. ئەنە شۇنداق ئازاب ئىچىدە پات - پات خىيالغا چۆمەتتىم. راست گەپ قىلىش ئۈچۈن زور غەيرەت كېرەك! ئۇنداق غەيرەت يوق بولۇپ ساختىلىققا بېرىلىۋەرسەم، ئۇنداق ئادەم يېڭى هايات يولى يارىتالىدىغان ئادەملەردىن بولالمايدۇ. ھەتتا ئادەم قاتارىغىمۇ ئۆتەلمەي قالىدۇ!

تاڭ سەھەردە — ناهايىتى سوغۇق بىر سەھەردە، زىجۈننىڭ خۇيى تۈتۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭدىكى بۇ خۇينى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم؛ لېكىن ئېھتىمال، مېنىڭ نەزىرىمدە شۇنداقتۇ، شۇ چاغدا مەن قاتتىق ئاچچىقلاندىم ۋە ھىجايدىم. ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئورۇن ئالغان پىكىر ۋە تەمكىن سۆزلىرى، قانداقلا بولمىسۇن، يەنە بىرخىل مەيۈسلۈكتىن ئىبارەت ئىدى، لېكىن ئۆزى بۇنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ كىتاب - پىتاپ دېگەن نەرسىنى كۆرمەس بولۇپ قالغىنىغا خېلى ۋاقىت بولدى. ئۇ ئىنساني تۇرمۇشنىڭ ھەممىدىن ئەۋزەللى ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە شۇ كۈرەش يولىدا مېڭىش ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن قولغا قول تۇتۇشۇپ بىللە مېڭىش ياكى مەردلەرچە يەككە - يېگانە مېڭىش لازىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر پەقەت بىر ئادەمنىڭ پېشىگە ئېسىلىشنىلا بىلىدىكەن، ئۇنداق كىشى جەڭچى بولغان تەقدىردىمۇ جەڭگە كىرىشى قىيىن، ئاخىر ئېسىلغان ئادەم بىلەن بىللە هالاك بولىدۇ.

مېنىڭچە يېڭى ئۈمىد پەقەت بىزنىڭ ئايرىلىشمىزدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مەندىن ئايرىلىشقا بەل باغلىشى لازىم... بەزىدە بىردىنلا ئۇنىڭغا ئۆلۈم تىلىدىم، لېكىن يەنە دەرھال ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم ۋە تۇۋا قىلدىم. بەختىمگە سەھەر ۋاقتى ئىدى، ھەقىقىي مۇددىئايىمنى ئېيتىش ئۈچۈن ۋاقىت كۆپ ئىدى. بىزنىڭ يېڭى يولىمىز مانا مۇشۇ قېتىم ئېچىلىدۇ، دەپ ھېس قىلدىم.

ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپ، سۆزنى قەستەنگىلا ئۆتمۈشكە بۇرىدىم، ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىسىگە يۆتكىدىم، شۇنىڭ بىلەن چەت ئەل يازغۇچىلىرىنى ئارىلاشتۇردۇم، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى — «نارا»، «دېڭىز قىزى»دا توختالدىم. «نارا»نىڭ جاسارىتىنى ماختىدىم... يەنە شۇ بۇلتۇر سارايدىكى ئەسكى ھۇجرىدا قىلغان پاراڭلار. ئەمما، ھازىرقى پاراڭلىرىم يەنە قۇرۇق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ، ئاغزىمدىن چىقىپ قۇلىقىمغا كىردى، گويا بىر يامان غايىب كىچىك بالا ئارقامدا، چىشىمغا تېگىپ، سۆزۈمنى دوراۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

زىجۇن بولسا، بېشىنى لىڭشىتىپ، سۆزۈمنى ماقۇللاپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى، كېيىن بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى. مەنمۇ سۆزۈمنى تاغدىن - باغدىن سۆزلەپ تۈگەتتىم، ئاۋازىممۇ مەيۈسلۈك ئىچىدە غايىب بولدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ يەنە بىرئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن، — لېكىن... جۈەنشىڭ، سىز يېقىندىن بۇيان باشقىچىلا بولۇپ قالدىڭىز، راستمۇ؟... راستى بىلەن ئېيتىڭا.

بۇ سۆز ماڭا گويا بېشىمغا بىر توقماق تەگكەندەك بولۇپ تۇيۇلدى. لېكىن، دەرھال ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆز پىكرىم ۋە مۇددىئايىمنى ئېيتتىم: بىللە ھالاك بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىش، يېڭى تۇرمۇش يارىتىش كېرەك.





ئاخىرىدا، ناھايىتى چوڭ غەيرەت بىلەن، مۇنداق بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى قوشۇپ قويدۇم:

—... سىز ئەمدى ئەندىشە قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. غەيرەت بىلەن ئالغا كېتىۋېرەلەيسىز. مېنى راست گەپنى قىلىڭ دەۋاتىسىز. توغرا، ئادەم يالغان گەپ قىلماسلىقى لازىم. راستىنى ئېيتاي: سىزدىن. . . سىزدىن مۇھەببىتىم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى! لېكىن بۇنىڭ سىزگە پايدىسى كۆپ، چۈنكى سىز ئۆز ئىشىڭىزنى قىلچە ئەندىشىسىز قىلالايسىز...

شۇ سۆز بىلەن چوڭ بىر ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتتۈم، لېكىن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى ئۆلۈكتەك بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى، كېيىن يەنە قايتا تىرىلگەن ئادەمدەك، بىردىنلا باللارنىڭكىدەك كۆز قارىچۇقىنى ئوينىتاتتى. ئۇ خۇددى كىچىك بالا قورسىقى ئاچقاندا ياكى چاڭقىغاندا، مېھرىبان ئانىسىنى ئىزدىگەندەك ئەتراپقا قارىدى، لېكىن ئۇ قورققان ھالدا كۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ، ئاسمانغىلا تىكىلەتتى.

مېنىڭ قاراپ تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى. بەختىمگە، سەھەر ۋاقتى ئىدى. شىۋىرغان سوغۇققا قارىماستىن، تۇپتوغرا «ئاممىباب قىرائەتخانا»غا قاراپ ماڭدىم.

ئۇ يەردە «ئەركىنلىك دوستى» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇنىڭغا مېنىڭ فېليەتونۇممۇ بېسىلىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم ۋە گويا غايىبتىن بىر مەدەت كەلگەندەك تۇيۇلدى... تۇرمۇشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن ھازىرقىدەك كېتىۋېرىشمۇ يارىمايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

خېلى ۋاقىتتىن بۇيان ئىزدەشمىگەن تونۇشلىرىمنى يوقلاشقا باشلىدىم، لېكىن پەقەت بىر - ئىككى قېتىملا يوقلاپ باردىم. تەبىئىي، ئۇلارنىڭ ئۆيى ئىسسىق ئىدى؛ ئەمما مەن توڭلاپ ئىچ - ئىچىمدىن تىترەيتتىم. تۈندە بولسا، مۇزدىنمۇ سوغۇق ئۆيدە

تۇگۇلۇپ ياتاتتىم.

سوغۇق يۇرىكىمگە يېڭىدەك قادالماقتا. ھەمىشە بىھۇدە ئازاب ئىچىدە قالماقتىمەن. تۇرمۇشنىڭ يوللىرى ناھايىتى كۆپ، قاناتلىرىمنىڭ ھەرىكەتتە ئىكەنلىكىنى تېخى ئۇنتۇمىدىم دەپ ئويلىدىم. بىردىنلا ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى ئويلىدىم، لېكىن يەنە دەرھال ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم ۋە توۋا قىلدىم.

«ئاممىباب قىرائەتخانا» دا، كۆز ئالدىمدىن گاھى - گاھىدا ۋال قىلىپ بىر نۇر ئۆتكەندەك بولاتتى - دە، يېڭى ھايات يولى ئالدىمغا كېلەتتى. زىجۈن مەردلەرچە ئويغانغاندەك، مۇزدەك ئۆيدىن غەيرەت بىلەن چىقىپ كەتكەندەك، بەلكى قىلچە يامانلىماي چىقىپ كەتكەندەك، مەن بولسام خۇددى بۇلۇتتەك يېنىكلەپ، ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك، ئۈستۈمدە كۆك ئاسمان، ئاستىمدا تاغلار، دېڭىزلار، زور بىنالار، جەڭ مەيدانلىرى، پىكاپ، چەت ئەل فىرمىلىرى، كاتتا ئىمارەتلەر، بازارلار، قاپقاراڭغۇ تۈن ... تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىم.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، راستتىنلا بۇ يېڭى ھايات سەھنىسى ئالدىمغا كەلگەندەك ھېس قىلاتتىم.

* *

ئاخىر چىداپ تۇرغۇسىز قىش كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتتى. بېيجىڭنىڭ قىشى بىزنى خۇددى كەپسىز بالىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، بىرتال يىپقا باغلىنىپ، بالا قولىدا قىينالغان، ئازابلانغان، جېنىدىن ئايرىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن يەردە يېتىپ تاڭنى كۈتكەن يىڭناغۇچتەك قىلىپ قويدى.

«ئەركىنلىك دوستى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرىگە جەمئىي ئۈچ پارچە سالام خەت يازغاندىم، مانا ئەمدى ئۈچۈرى كەلـ





دى. كونۋېرت ئىچىدە بىرى 20 تىيىنلىك، بىرى 30 تىيىنلىك ئىككى كىتاب بېلىتى[19] بار ئىدى. مەن بولسام، سۆيلەش ئۈچۈن يازغان خەتلىرىمگە پوچتا ماركىسى ئۈچۈنلا توققۇز تىيىن سەرپ قىلغانىدىم. ئىسىت، بىر كۈنلۈك ئاچارچىلىق يەنە ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، مەيۈسلۈكتىن باشقا مەدەت بەرمىدى.

لېكىن، بولىدىغان ۋەقە ئاخىر بولدى.

* *

بۇ ۋەقە قىش بىلەن ئەتىياز ئوتتۇرىسىدا بولدى. شامالمۇ ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى. مەنمۇ تاشقىرىدا خېلى ۋاقىت ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدۇم، ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچە ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتەتتى. دەل شۇنداق قاراڭغۇ چۈشكەن بىر ئاخشىمى، مەن ئۆيگە ئادەتتىكىدەك روھسىز قايتىپ كەلدىم. قارىسام ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى كۆزۈمگە ئادەتتىكىدىنمۇ خۇنۇك كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم، ئاخىر ئۆيگە كىردىم. ئۆيگە چىراغ يورۇتۇلمىغان؛ سەرەڭگە تېپىپ، چىراغنى ياققىچە ئۆي باشقىچىلا جىمجىت ۋە سۈرلۈك بىلىنىپ كەتتى!

ھاڭ - تاڭ بولۇپ تېڭىرقاپ تۇراتتىم، ئەمەلدارنىڭ خوتۇنى دېرىزەمگە كېلىپ، مېنى قىچقاردى.

— بۈگۈن زىجۈننىڭ دادىسى كېلىپ، زىجۈننى ئەكەتتى، — دېدى ئۇ، مەن ھويلىغا چىققاندىن كېيىن قىسقىچە قىلىپلا.

بۇ خۇددى كۆڭلۈمگە كېچىپ باقمىغان بىر ئىشتەك، مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. لام - جىم دېمەستىن تۇرۇپلا قالدىم.

— شۇنداق قىلىپ زىجۈن كەتتىما؟ — بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاران شۇنى سوراشقىلا ئاغزىم باردى.

— كەتتى.

— ئۇ... ئۇ گەپ - سۆز قىلمىدىمۇ؟

— ياق. پەقەتلا، ئۇ قايتىپ كەلسە، مېنى كېتىپ قالدى دەپ ئېيتىپ قويسىڭىزلا بولىدۇ، دېدى.

ئىشەنمىدىم. لېكىن، ئۆينىڭ ئىچى باشقىچىلا جىمجىت ۋە سۇرلۇك ئىدى. زىجۇننى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە قارىدىم. كۆزۈمگە پەقەت ئەسكى - تۇسكى، خۇنۇك ئۆي سەرەمجانلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى؛ ئۇلار شۇنداق شالاڭ ئىدىكى، ھەتتا بىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسىنىمۇ يوشۇرغۇدەك ھالى يوق ئىدى. ئۇ خەت - پەت يېزىپ قالدۇرغاندۇر، دەپ ئويلاپ يەنە ئىزدىدىم، لېكىن خەتتىن ئەسەر يوق. پەقەت تۇز، قۇرۇق لازا، ئۇن، يارتا بەسەي بىر يەرگە دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ، يېنىدا ئون نەچچە تىيىن تۇرىدۇ. ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇش ۋاستىمىزنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئىدى. ھازىر زىجۇن مېنى ئۇزاقراق ياشىسۇن دېگەندەك قىلىپ ئەنە شۇ نەرسىلەرنى داغدۇغا بىلەن ماڭا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ.

ئۆينىڭ ئىچىدە بوغۇلۇپ قالغاندەك بولۇپ، يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتىم. ئەتراپىم قاپقاراڭغۇ ئىدى. شىمال تامدىكى ئۆينىڭ قەغەز دېرىزىسىدىن چىراغ نۇرى يالتىراپ تۇراتتى. ئۆيدىكىلەر بولسا بالىسىنى ئەركىلىتىۋاتاتتى. ئىچىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، ئېغىر بىر بېسىم ئاستىدا كۆز ئالدىمدا قېچىش يولى: تاغ، كۆل، چەت ئەل فېرمىلىرى، ئېلېكتر چىراغلىرى ئاستىدىكى زىياپەت، خەندەك، قاپقاراڭغۇ تۈن، خەنجەر زەربىسى، تاۋۇشسىز قەدەم... كۆرۈنۈشكە باشلىدى...

كۆڭلۈم يېنىكلىشىپ بىرئاز ئارام تاپتى، شۇنىڭ بىلەن يول خىراجىتى ئېسىمگە كەلدى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم.





* *

كارىۋاتتا ياتىمەن. ئىلگىرىكى ئويلانغان ئىستىقبال كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى، تۈن ھەسسە بولمايلا ئۇ خىياللارمۇ ئۆتۈپ بولدى. قاراڭغۇدا كۆزۈمگە گويا بىر دۆۋە ئوزۇق كۆرۈنگەندەك بولدى، كېيىن زىجۇننىڭ تاتارغان چىرايى پەيدا بولدى. ئۇ بالىلارنىڭكىدەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، خۇددى يېلىنغاندەك ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرماقتا. ئۆزۈمنى رۇسلىۋېلىپ قارىسام ئۆيدە ھېچ نەرسە يوق، يۈرىكىم يەنە سىقىلدى. مەن نېمىشقا بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلماستىن، ئالدىراپلا ئۇنىڭغا راست گېپىمنى ئېيتىپ قويدۇم؟ ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىگە مەلۇم، ئەمدى ئۇنىڭغا پەقەت دادىسى — پەرزەنتلىرىگە پۇل قەرز بەرگۈچى خوجايىنىنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۈندىن ئۆتكۈر ھەيۋىتى ۋە باشقىلارنىڭ مۇزدىن ئۆتەر سوغۇق قاراشلىرىلا قالدى، بۇنىڭدىن قالسا، مەيۇسلۇكتىن باشقا نەرسە يوق. ئۇ ئېغىر مەيۇسلۇك ئىچىدە، ھەيۋە ۋە مۇزدىن سوغۇق كۆزلەر ئارىسىدا، ھايات دېگەن نەرسىنىڭ يولىدا ماڭىدۇ؛ بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يولنىڭ ئاخىرى ھەتتا قەبرىسىمۇ يوق گۆردىن باشقا نەرسە ئەمەس!

زىجۇنگە راست گېپىمنى ئېيتمىسام بولغانىكەن. بىز بىر - بىرىمىزنى سۆيۈشكەن. ئۇنىڭغا ئەبەدىلئەبەد يالغان گېپىمنىلا قىلىپ يۈرگەن بولسام بوپتىكەن. ئەگەر ھەقىقەت قەدىرلىك بولىدىغان بولسا، مېنىڭ ھەق سۆزلىرىم زىجۇنگە ئېغىر مەيۇسلۇك كەلتۈرمەسلىكى لازىم ئىدى. يالغان - ساختا گەپمۇ بىر مەيۇسلۇك، ئاخىر ئۇمۇ كۆپ بولسا مۇشۇنچىلىكلا مەيۇسلۇك كەلتۈرەتتى.

مەن زىجۇنگە راست سۆزۈمنى ئېيتسام، ئۇ غەم ـ قايغۇدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ، قەتئىي جاسارەت بىلەن ئالغا باسىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. لېكىن، مەن خاتالاشقان بولسام كېرەك. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى غەيرىتى ۋە جاسارىتى پەقەت مۇھەببەت يۈزىسىدىنلا ئىكەن.

مەندە ساختىلىقنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك غەيرەت بولمىغاچقا، راستلىقنىڭ يۈكىنى زىجۇنگە تاشلاپ بەرگەنىدىم، ئۇ مېنى سۆيگەچكە شۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگەنىدى، ئەمدى مانا ھەيۋە ۋە مۇزدىن سوغۇق كۆزلەر ئارىسىدا، ھايات دېگەن نەرسىنىڭ يولىدا ماڭىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆلۈشىنى خىيالىمغا كەلتۈردۈم… ئۆزۈمنىڭ پەس، قورقۇنچاق بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى بايقىدىم. مەيلى راستگۇي بولاي، مەيلى يالغانچى بولاي، جاسارەتلىك كىشىلەر قاتارىدىن ھەيدىلىشىم كېرەك. لېكىن، زىجۇن يەنە مېنىڭ ئۇزاقراق ياشىشىمنى ئۈمىد قىلىدۇ…

*　　　　*

جىجاۋ كوچىسىدىن كېتىشىم كېرەك. بۇ يەر مازاردەك تىمتاس ۋە سۇرلۇك. مۇشۇ يەردىنلا كەتسەم، زىجۇن خۇددى يېنىمدا تۇرغاندەك، ھېچبولمىغاندا ئۇ شەھەردە تۇرغاندەك بولىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇددى سارايدا تۇرغان چېغىمدىكىدەك مېنى يوقلاپ كېلىپمۇ قالار، دەپ ئويلىدىم.

لېكىن، بارلىق ھاۋالىلىرىمدىن ۋە يازغان خەتلىرىمدىن ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىدى. ئاخىر ئىلاجسىز بولۇپ، ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان يوقلاپ بارمىغان بىر ئۈلپىتىمنى يوقلاپ باردىم. ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ بالا ۋاقتىدىكى ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇ





توغرىلىقى بىلەن داڭقى چىققان، پايتەختتە ئوقۇغان كىشى ئىدى، پايتەختتە كۆپ تۇرغان، تونۇش ـ بىلىشلىرىمۇ كۆپ بىر ئادەم ئىدى.

كىيىملىرىمنىڭ كونىراپ كەتكىنىدىن بولسا كېرەك، دەرۋازىغا بېرىش بىلەنلا، دەرۋازىۋەننىڭ پاختا كۆزىگە دۇچ كەلدىم. ئاخىر ئۇ كونا ئۈلپىتىم بىلەن خېلى تەسلىكتە كۆرۈشتۇم. ئۇ ئۈلپەت بولغان بىلەن ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزنى ئۇ تامامەن بىلىدىكەن.

— ئەلۋەتتە بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، — مەن باشقا بىر جايدىن ئىش تېپىپ بەرسىڭىز ئىكەن دېگەندىن كېيىن، توڭلۇق بىلەن سۆزلىدى ئۇ، — لېكىن قەيەرگە بېرىش كېرەك، تەس گەپ… سېنىڭ ھېلىقى، ھېلىقى نېمەڭ، زىجۇنىڭ، بىلسەڭ كېرەك، ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

چۆچـۈگىنىمدىن ئاغزىمـغا سۆز كەلـمەي قـالدى:

— راستما؟! — ئاخىر ئىختىيارسىز سورىدىم.

— ھا ـ ھا… راست بولمىغاندا، بىزنىڭ ئۆيىمىزدىكى ۋاڭ شىڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق.

— ئەمما… قانداق ئۆلۈپتۇ، خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— كىم بىلسۇن، ئۆلدى ـ تۈگىدى.

ئۇنىڭ بىلەن قانداق خەيرلەشكىنىم ئېسىمدە يوق. ئۆز ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. ئۇنىڭ يالغان گەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. زىجۇننىڭ ئەمدى يەنە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى ئۇنىڭ ھەيۋە ۋە مۇزدەك كۆزلەر ئارىسىدا ھايات دېگەن نەرسىنىڭ يولىنى ماڭىمەن دېيىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى ئۇنىڭ تەقدىرى مەن ئاتا قىلغان راستگۇيلۇق ئىچىدە — مۇھەببەتسىز كىشىلەر ئالىمىدە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى.

ئەلۋەتتە، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشىم مۇمكىن ئەمەس.

لېكىن، «قەيەرگە بېرىش كېرەك؟».

ئەتراپىم قۇپقۇرۇق، ھەممە ئۆلۈكتەك جىمجىت. مۇھەببەتسىز كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئۆلۈمنى كۆرگەندەك، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە زارلىنىش ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

* *

مەن يەنە نامى يوق، خىيالىمغا كەچمىگەن يېڭى نەرسىلەرنىڭ كېلىپ قېلىشىنى كۈتتۇم. لېكىن كۈن ئۆتۈۋەردى، ئۆلۈكتەك جىمجىتلىقتىن باشقا نەرسە يوق.

ئىلگىرىكىگە قارىغاندا، تاشقىرىغا ئانچە كۆپ چىقمايدىغان بولدۇم. ئۆلۈكتەك جىمجىتلىقتا يۈرىكىمنى يەم قىلىپ بېرىپ، ئۆيدە مەنىسىز ئولتۇرىدىغان بولدۇم. ئۆلۈكتەك جىمجىتلىقتا بەزىدە تىترەيتتىم، ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم، ئاشۇنداق ئەھۋالدا كۆز ئالدىمدا نامسىز، تاسادىپىي يېڭى ئۈمىدلەر پەيدا بولاتتى.

ھاۋا تۇتۇق كۈنلەرنىڭ بىرى، چاشگاھ ۋاقتى ئىدى. قۇياش تېخى بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقالماي تۇرغان، ھەتتا ھاۋامۇ ھالسىرىغانىدى. قۇلىقىمغا ئۇششاق - ئۇششاق باسقان ئاياغ تىۋىشى ۋە پۇشۇلدىغان تىنىق ئاڭلاندى. كۆزۈمنى ئاچتىم، ئۆي يەنە جىمجىت. لېكىن، پەگاھقا بىردىنلا كۆزۈم چۈشتى. ئورۇق، ئاجىز، چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان، ئۈستۈېشى چاڭ - توزانغا تولغان كىچىك بىر جانىۋار يۇمىلاپ يۈرۈپتۇ…

دىققەت بىلەن قاراپ قالدىم. يۈرىكىم بىر توختىۋېلىپ، يەنە قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى.

ئۇ «ئاسۇي» ئىكەن. ئۇ قايتىپ كەپتۇ.

* *

مەن ئۆي خوجايىنلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى خىزمەتكار





ئايالىنىڭ مۇزدەك كۆزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، كۆپىنچە «ئاسۇي»نىڭ سەۋەبى بىلەن جىجاۋ كوچىسىدىن كۆچۈپ كەتتىم. لېكىن، «قەيەرگە بېرىش كېرەك؟» ئەلۋەتتە، ھاياتنىڭ يېڭى يوللىرى ھېلىمۇ كۆپ؛ بۇ يولنى چالا - پۇچۇق بىلىمەن ۋە خۇددى ئالدىمدا تۇرغاندەك، گاھىدا كۆرۈپمۇ قالىمەن. لېكىن، شۇ يولغا قانداق ئۆتۈشنىڭ ئۇسۇلىنى، بىرىنچى قەدەمنى بىلمەيمەن.

كۆپ ئويلىنىپ ۋە چېقىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، يەنە سارايىنى لايىق تاپتىم. سارايدىكى ئەسكى ھۇجرا ھېلىمۇ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ.

* *

ھاياتنىڭ يېڭى يوللىرى ھېلىمۇ كۆپ، ئاتلاپ مېڭىشىم كېرەك، چۈنكى مەن ھايات. لېكىن، بىرىنچى قەدەمنى قانداق ئاتلىشىمنى بىلمەيمەن. بەزىدە ھاياتنىڭ يولى گويا ئاقۇچ بىر يىلاندەك، مەن تەرەپكە ئۆزى ئۆمىلەپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. مەن ئۇنى كۈتىمەن. لېكىن، يېقىنلاشقاندا، بىردىنلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولۇپ كېتىدۇ.

ئەتىياز، تۈن ناھايىتى ئۇزۇن، ئاخشامدا بىكار ئولتۇرۇپ، چۈش ۋاقتىدا بازاردا ئۇچراتقان مۇسىبەتنى ئەسلىدىم: ھازىدارلار ئالدىدا قەغەز ئادەم، قەغەز ئات، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بولسا غەزەل ئوقۇغاندەك يىغا - زار. ئۇلارنىڭ زېرەكلىكىنى ئەمدى چۈشەندىم، نېمىدېگەن پۇخادىن چىققۇدەك ئاسان ئىش!

زىجۈننىڭ مۇسىبىتىمۇ كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇ ئېغىر ھەسرەت يۈكىنى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇنغا كەتكەن ئاقۇچ يولدا يالغۇز ماڭماقتا، لېكىن ئۇ يەنە بىردىنلا ئەتراپتىكى ھەيۋە ۋە مۇزدەك كۆزلەر ئىچىدە غايىب بولدى.

روھ، دوزاخ دېگەن نەرسىلەرنىڭ راستتىنلا بولۇشىنى خالاپ
قالدىم. ئۇلار راستتىنلا بولغاندا، قارا بوران غۇرقىراپ تۇرسىمۇ،
زىجۇننى ئىزدەپ تېپىپ پۇشايمان قىلغىنىمنى ۋە ھەسرەت چەككد-
نىمنى ئۆزىگە ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ تىلەيتتىم. ئۇنداق قىلمد-
سام، مېنى دوزاخ ئوتى ئوراپ، پۇشايمانلىرىمنى ۋە ھەسرەتلىرىم-
نى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتسىمۇ مەيلىدى.

قارا بوران ۋە زەھەرلىك ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالساممۇ زىجۇن-
نى قوينۇمغا ئالىمەن، ئۇنىڭدىن ئەپۇ تىلەيمەن ياكى ئۇنى خۇشال
قىلىمەن ...

* *

لېكىن، بۇ ھاياتنىڭ يېڭى يولىنى تېخىمۇ مەنىسىز قىلىۋەت-
تى، ھازىر پەقەت ئەتىيازنىڭ ئەنە شۇ ئۇزۇن تۈنىلا تۇرۇپتۇ. مەن
ھاياتمەن، ھاياتنىڭ يېڭى يولىغا قەدەم تاشلىشىم كېرەك. بۇنىڭ
بىرىنچى قەدىمى — پۇشايمانلىرىمنى ۋە ھەسرەتلىرىمنى زىجۇن
ئۈچۈن، ئۆزۈم ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مەندە ھېلىمۇ يەنە زىجۇننىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش، ئۇنى خاتد-
رىدىن چىقىرىش ئۈچۈن، خۇددى غەزەل ئوقۇغانغا ئوخشاش يىغا
ئاۋازىدىن باشقا نەرسە يوق.

مەن ئۇنتۇشنى خالايمەن، لېكىن ئۆزۈم ئۈچۈن ئىزسىز كەت-
كەن جىنازىنى ئويلاۋېرىشنى خالىمايمەن.

ھاياتنىڭ يېڭى يولىغا بىرىنچى قەدەمنى تاشلايمەن. راستلىق-
نى زەرداب بولۇپ كەتكەن يۈرىكىمدە ساقلاپ، سۈكۈت بىلەن ئالغا
باسىمەن. ماڭا ئۇنتۇلۇش ۋە يالغان ئېيتىش يولى باشلامچى
بولسۇن...

1925 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى





# ئاكا ـ ئۇكا

ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىدارىسىدە ھەر قاچان ئىش كەم ئىد-
دى. بىرنەچچە خىزمەتچى ئىشخانىدا ئادەتتىكىدەك ئۆتكەن ـ كەچ-
كەننى پاراڭ قىلىپ ئولتۇراتتى. چىن يىتاڭ غاڭزىسىنى بىر
شورىۋالغاندىن كېيىن، يۆتەلدىن ئۆپكىسىنى باسالماي قالدى.
باشقىلارمۇ پارىڭىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. بىرئاز ۋاقىتتىن
كېيىن چىن يىتاڭ يۆتەلدىن ئېسىلىپ كەتكەن بېشىنى كۆتۈرۈپ،
ھۆمىدىگەن ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— تۈنۈگۈن ئۇلار يەنە جېدەللىشىپ قالدى. ئىچكەركى
ئۆيدىن تا دەرۋازىغىچە تىللىشىپ چىقىشتى. شۇنچە قىلسامۇ
بېسىلمىدى، — ئۇنىڭ ئاندا ـ مۇندا ئاق كىرگەن بۇرۇتى بار
يۇقىرىقى كالپۇكى تېخىچە تىترەپ تۇراتتى، — ئاكىسى لاۋسەن
ئۇكىسى لاۋۇنىڭ زايومغا تۆلىگەن پۇلىنى ئورتاق ھېسابقا چاققىلى
بولمايدۇ، ئۇنى ئۆزى تۆلىشى لازىم دەيدۇ...

— قاراڭلار، يەنە پۇل جېدىلىكىنە... ! — جاڭ فىجۇن
ئەسكى ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىككى كۆزد-
نى مۆلايىمغىنا پارقىرىتىپ تۇرۇپ، — ئاكا ـ ئۇكا بولغاندىن
كېيىن، كىم تۆلىسە ئوخشاش ئەمەسمۇ، ئۇنىڭغا جېدەللىشىشنىڭ
نېمە كېرىكى باردۇ؟ ... — دېدى.

— سىلىگە ئوخشاش ئاكا ـ ئۇكا نەدىن تېپىلسۇن، — دېدى
چىن يىتاڭ.

— بىز سېنىڭ، مېنىڭ دېيىشمەيمىز. ھەممىمىزنىڭ ئوخ-

شاش. بىز پۇل - مال دېگەن نەرسىنى بىر - بىرىمىزدىن ئايىمايمىز. شۇڭا بىزدە جېدەل - جاڭجال يوق. بەزىلەر سىنىڭ، مېنىڭ دېيىشىپ قالسا، ھەمىشە ئۆز ئەھۋالىمنى ئۇقتۇرۇپ نەسىھەت قىلىپ قويىمەن. چىن يىتاڭ ئەپەندى، بالىلىرىغا ئوبدانراق نەسىھەت قىلسىلا···

— نەدىكىنى···— دېدى چىن يىتاڭ بېشىنى چايقاپ.

— نەسىھەتمۇ كار قىلمىسا كېرەك، — دېدى ۋاڭ يۆشىڭ ۋە جاڭ فىجۇنگە ھۆرمەت بىلەن قارىدى، — سىلەردەك ئاكا - ئۇكا ئاز تېپىلىدۇ. سىلەردەك ئاكا - ئۇكىنى تېخىچە ئۇچرىتىپ باقمىدىم. سىلەردە خەسىسلىك يوق. ئۇنداق بولۇش ئاسان گەپ ئەمەس···

— ئۇلار ئىچكەركى ئۆيدىن تا دەرۋازىغىچە تىللىشىپ چىقتى ··· — دېدى چىن يىتاڭ يەنە.

— ئۇكىڭىز ھازىرمۇ ئالدىراپ يۈرەمدۇ؟···— دەپ سورىدى ۋاڭ يۆشىڭ.

— ھازىرمۇ ھەپتىسىگە 18 سائەت دەرس بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە 93 كۆنۈكمە دەپتىرى كۆرىدۇ، زادىلا بوش بولالمايدۇ. لېكىن، مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان رۇخسەت سوراپ چىقتى. بويى قىزىپ قاپتۇ، ئۇچۇق تەگكەن بولسا كېرەك···

— ئۇنداق بولسا دىققەت قىلىش كېرەك، — دېدى ۋاڭ يۆشىڭ جىددىيلىك بىلەن، — بۇگۈنكى گېزىتتە، ھازىر يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىۋاتىدۇ، دەپ يېزىپتۇ···

— قانداق يۇقۇملۇق كېسەل ئىكەن؟ — جاڭ فىجۇن چۆچۈپ سورىدى.

— قانداق كېسەللىكى ئېسىمدە يوق. قىز، قىز··· بىرنېمە دەپ يازغاندەك تۇراتتى.

جاڭ فىجۇن دەرھال قىرائەتخانىغا چىقىپ كەتتى.





— راست، كەم تېپىلىدۇ، — دېدى ۋاڭ يۆشىڭ جاڭ فىجۇن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن چىن يىتاڭغا قاراپ، ئۇنى ماختاپ، — بۇ ئىككىيلەن خۇددى بىر ئادەمدەك يۈرىدۇ. ئاكا - ئۇكا بولغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۆيدە جاڭجال نېمە قىلسۇن. مەن بۇلارنى دورىيالماي كېتىۋاتىمەن ··· — زايومغا تۆلىگەن پۇلنى ئورتاق ھېسابقا چاقىلى بولمايدۇ دەيدۇ ··· — دەپ ئۆكۈندى چىن يىتاڭ تۇتۇرۇق قىلغان قەغەزنى سەيخانىغا قويۇپ.

ئىشخانىدىكى ۋاقىتلىق جىمجىتلىقنى جاڭ فىجۇننىڭ ئاياغ تىۋىشى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىنى قىچقىرىشى بۇزۇۋەتتى. ئۇنىڭ گويا بېشىغا بىر ئېغىر بالا - قازا كەلگەندەك تىلىمۇ كېكەچلەپ قالدى ۋە ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقاتتى. ئۇ خىزمەتچىنى دوختۇر پېتىرسون دەرھال «تۇڭشىڭ قورۇسى» دىكى جاڭ فىجۇننىڭ ئۆيىگە كېسەل كۆرگىلى كەلسۇن دەپ، تېلېفون بېرىشكە بۇيرۇدى.

ۋاڭ يۆشىڭ ئۇنىڭ ئالدىراپ قالغانلىقىنى پەملىدى. چۈنكى، جاڭ فىجۇن ئەزەلدىن دوختۇرغا ئىشەنمىسىمۇ، لېكىن كىرىمى ئاز بولغاچقا، ئادەتتە ئىقتىساد قىلىمەن دەپ چوڭ دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلمايتتى. ھازىر بولسا بۇ يەردىكى داڭلىق، ھەم كۆپ ھەق ئالىدىغان دوختۇرنى تەكلىپ قىلدى. شۇڭا، ۋاڭ يۆشىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. جاڭ فىچۇن رەڭگى ئۆچكەن ھالدا تاشقىرىدا تېلېفون بېرىۋاتقان خىزمەتچىگە قاراپ تۇراتتى.

— نېمە بولدى؟

— گېزىتتە قىز··· قىزىل كېسەللىكى تارقىلىۋاتىدۇ، دەپ يېزىپتۇ. مەن چۈشتىن كېيىن ئىدارىگە كېلىدىغان چاغدا، جىڭفۇ بىرئاز قىزىپ قالغانىدى··· تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى؟ تېلېفون بىلەن ئىزدەپ بېقىڭلار. دەرھال «توڭشىڭ قورۇسى» غا بارسۇن، تۇڭشىڭ قورۇسىغا···

خىزمەتچى تېلېفون بېرىپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ فىجۇن

ئىشخانىسىغا كىرىپ شەپكىسىنى قولىغا ئالدى. ۋاڭ يۆشىڭمۇ ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن هالدا ئارقىسىدىن كىردى.

— ئىدارە باشلىقى كەلگەندە، مېنىڭ ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ قويۇڭ. ئۆيۈمدىكىلەردىن بىرى كېسەل بولۇپ قالدى، دوختۇرغا كۆرسىتىمەن… — جاڭ فىجۈن ئالدىراپ سۆزلىدى.

— كېتىۋېرىڭ. ئىدارە باشلىقىنىڭ كېلىشىمۇ ناتايىن، — دېدى ۋاڭ يۆشىڭ.

لېكىن، بۇ سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

* *

جاڭ فىجۈن كوچىغا چىقىپ، رىكشىنىڭ نەرخىنىمۇ ئادەتتىكىدەك تالىشىپ تۇرماستىن، بىر قاۋۇلراق رىكشىچىنى قىچقىرىپ كىراسىنى سۆزلىشىپلا، رىكشىغا چىقتى ۋە:

— بولىدۇ، ئىلدام ماڭساڭلا بولىدۇ! — دېدى.

هويلا ئادەتتىكىدەك تىپتىنچ ئىدى. بىر خىزمەتچى دەرۋازا ئالدىدا غىجەك چېلىپ ئولتۇراتتى. جاڭ فىجۈن ئۇكىسىنىڭ ياتاقخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن، بىردىنلا يۈرىكى قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئۇكىسىنىڭ چىرايى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەندەك ۋە هۆمىدەپ ياتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ ئۇكىسىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ كۆردى. ئۇكىسىنىڭ بېشى ئوتتەك قىزىق ئىدى.

— قانداق كېسەل ئىكەن، هېچ ۋەقەسى يوقتۇ؟ — دەپ سورىدى جىڭفۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىن گۇمان ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بۇ هال ئۇنىڭ باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىنىڭ ئۆزىگىمۇ سېزىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— هېچ ۋەقەسى يوق… زۇكام تەگكەن بولسا كېرەك، —





جاڭ فىجۈن تەستە جاۋاب بەردى.

جاڭ فىجۈن ئادەتتە خۇراپاتلىققا ناهايىتى قارشى ئىدى. لېكىن، هازىر جىڭفۇنىڭ هالىنى كۆرۈپ ۋە سۆزىنى ئاڭلاپ بىرئاز خەۋپلەندى ۋە ئۇكاممۇ بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ بولىدىغانلىقىنى سېزىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. بۇ خىيال ئۇنى تېخىمۇ ئەنسىرەتتى، ئۇ دەرهال تاشقىرىغا چىقىپ، خىزمەتچىنى ئاستا قىچقىرىپ، دوختۇرخانىغا تېلېفون بېرىپ باق، دوختۇر پېتېرسوننى تاپتىمكىن، دېدى.

— هە، هە… تېخى تاپالمىدۇق؟ — خىزمەتچى تېلېفوندا سۆزلىدى.

جاڭ فىجۈن ناهايىتى ئەنسىرىدى، ئۇ قانداق قىلىشنى بىلمەي قايمۇقۇپ تۇراتتى، بىردىنلا كۆڭلىگە بىر پىكىر كەلدى: بەلكىم، قىزىل كېسەللىكى بولمىسا كېرەك. دوختۇر پېتېرسونمۇ تېپىلمىدى… قوشنىمىز بەي ۋېنسەن تېۋىپ، كېسەلنىڭ قانداق كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلىشى مۇمكىن… لېكىن تېۋىپچىلىككە زەربە بېرىپ بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭغا قاتتىق تەگكەندىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ هازىر دوختۇر پېتېرسونغا تېلېفون بەرگىنىمىزنى ئاڭلاپ قالغاندۇ…

ئىلاج بولمىدى. جاڭ فىجۈن ئاخىر بەي ۋېنسەننى تەكلىپ قىلدى.

بەي ۋېنسەن ئاداۋەت تۇتماستىن، دەرهال ئاق گىرۋەكلىك قارا كۆزەينىكىنى تاقاپ، جاڭ فىجۈن بىلەن بىللە ئۆيگە كەلدى. ئۇ تومۇرنى تۇتقاندىن كېيىن، كېسەلنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، ئاندىن كېيىن يەنە كىيىملىرىنى قايرىپ مەيدىسىگە قارىدى. شۇنىڭ بىلەن بىمالال خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. جاڭ فىجۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆيىگىچە باردى.

تېۋىپ جاڭ فىجۈننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. لېكىن،

باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى.

— تېۋىپ ئاكا، ئۇكامنىڭ كېسىلى؟ — جاڭ فىجۇن تاقەتسىزلىنىپ سورىدى.

— قىزىل چىقىپتۇ. «بەلگە» سىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— سكارلاتىنا ئەمەسكەن - دە؟ — جاڭ فىجۇن بىرئاز خۇشال بولدى.

— دوختۇرلار سكارلاتىنا دەيدۇ. بىز تېۋىپلار قىزىل دەيمىز.

بۇ سۆز دەرھال جاڭ فىجۇننىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىۋەتتى.

— ساقايتقىلى بولارمۇ؟ — جاڭ فىجۇن قايغۇرۇپ سورىدى.

— بولىدۇ. لېكىن، بۇمۇ بەخت - تەلىيىڭلارغا باغلىق.

جاڭ فىجۇن ئۆزىنىڭ قانداقسىگە تېۋىپنى تەكلىپ قىلىپ دورىغا خەت يازدۇرغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ئۇ تېۋىپنىڭ ئۆيىدىن چىقتى. لېكىن، تېلېفون يېنىدىن ئۆتكەندە، دوختۇر پېتىرسون يەنە ئېسىگە كەلدى. دوختۇرخانىغا تېلېفون بەرسە ئۇلاردىن، تاپتۇق، لېكىن ھازىر چولىسى تەگمەيدىكەن، بەلكىم ئەتە ئەتىگەندە بېرىشىمۇ ناتايىن، دېگەن جاۋاب كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ، بۈگۈن چوقۇم كەلسۇن، دەپ تاپىلىدى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ چىراغنى ياندۇردى. جىڭفۇنىڭ يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەن، قىزىل - قىزىل دانچىلار كۆرۈنۈپ تۇرغان، يۈز - كۆزىمۇ ئىششىپ كەتكەنىدى. جاڭ فىجۇن ئورۇندۇققا ئولتۇردى، لېكىن خۇددى يىڭنىگە ئولتۇرۇۋالغاندەك بولدى. تۈن جىمجىتلىقىدا پۈتۈن ئەس - ھوشى بىلەن دوختۇرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان جاڭ فىجۇنگە ماشىنىلارنىڭ سىگنالى ناھايىتى روشەن ئاڭلىناتتى، ئۇ بەزىدە، دوختۇر پېتىرسوننىڭ ماشىنىسى دېگەن گۇمان بىلەن سەكرەپ ئورنىدىن تۇراتتى - دە، تاشقىرىغا چىقاتتى. لېكىن، دەرۋازىغا چىقماستىنلا، ھېلىقى ماشىنا ئۆتۈپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئارقىسىغا ياناتتى. ھويلىدا كېتىۋې-





تىپ، قوشنىسىنىڭ ھويلىسىدىكى سېدە دەرىخىنىڭ خۇنۇك ئاي يورۇقىدا يەرگە چۈشكەن سايىسىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

تۇيۇقسىزلا، قاقىلدىغان قاغىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئادەتتە بۇنداق ئاۋازنى پات - پات ئاڭلاپ تۇراتتى. چۈنكى، ھېلىقى قېرى سېدىنىڭ ئۈستىدە قاغىنىڭ ئۈچ - تۆت ئۇۋىسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ ھازىر شۇنداق قورقۇپ كەتتىكى، دەسسەپ تۇرالماي قالدى. ئۇ تەنلىرى جۇغۇلدىغان ھالدا، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، جىڭفۇ ياتقان ئۆيگە كىردى. جىڭفۇ كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن يۈز - كۆزلىرى خۇددى ئىششىپ كەتكەندەك ئىدى، ئۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، بىردىنلا كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چىراغ نۇرىدا باشقىچىلا پاللىدايتتى.

— خەت كەلدىما؟ — دەپ سورىدى جىڭفۇ.

— ياق، ياق. بۇ مەن، — جاڭ فىجۇن چۆچۈپ كەتتى ۋە قانداق قىلىشىنى بىلمەي كېكەچلەپ، — بۇ مەن. دوختۇر چاقىرىپ كەلمىسەم بولمىدى. دوختۇر كۆرسە، تېز ساقىيىپ كېتىسىز. ھېلىقى دوختۇر تېخى كەلمىدى...

جىڭفۇ جاۋاب قايتۇرماستىن، كۆزىنى يۇمۇۋالدى. جاڭ فىجۇن دېرىزە ئالدىدىكى جوزا يېنىدا ئولتۇردى. ئەتراپ تىمتاس، نەپەس ئېلىشى جىددىيلىشىۋاتقان كېسەلنىڭ تىنىقى ۋە سائەتنىڭ چىك - چىك قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىردىنلا يىراقتىن بىر ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى دەرھال گۇپۇلدىتىۋەتتى. ماشىنىنىڭ ئاۋازى بارا - بارا يېقىنلاشتى. لېكىن، دەرۋازا تۈۋىگە كەلگەندە، دەرھال يەنە غۇرقىراپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. بۇ ھال بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. جاڭ فىجۇن ماشىنا سىگنالىنىڭ تۈرلۈكچە چىقىدىغانلىقىنى — گاھىسىنىڭ پۇشتەكتەك، گاھىسىنىڭ ناغرا چالغاندەك، گاھىسى-

نىڭ كۇسۇلداپ يەل چىققاندەك، ئىت قاۋىغاندەك، ئۆردەك سايرىغاندەك، كالا ھۆركىرىگەندەك، مېكىيان قاقاقلىغاندەك ۋە بەزىسىنىڭ يىغلىغاندەك… چىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. جاڭ فىجۇن بىردىنلا ئۆزىگە تاپا قىلدى: نېمىشقا بالدۇر دىققەت قىلمىغان بولغىيتتىم، نېمىشقا دوختۇر پېتىرسوننىڭ ماشىنىسىنىڭ سىگنالى قانداق چىقىدىغانلىقىنى بىلىۋالمىغان بولغىيتتىم؟

ئۇدۇلدىكى قوشنىسى تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى، ئۇ ئويۇن كۆرگىلى كەتكەن ياكى چايخانىلاردا ئولتۇرۇپ قالغان بولسا كېرەك. لېكىن، تۈن يېرىم بولاي دەپ قالدى، ماشىنىلارمۇ كوچىلاردا ئازلاپ قالدى. ئاينىڭ كۈمۈشتەك كۈچلۈك نۇرلىرى قەغەز دېرىزىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

جاڭ فىجۇن كۈتە - كۈتە زېرىكتى، بارا - بارا ئۇنىڭدىكى جىددىيەت بوشاشقىلى باشلىدى، ئۇ ماشىنىلارنىڭ سىگناللىرىغىمۇ دىققەت قىلمايدىغان بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ مېڭىسىنى تۈرلۈك خىياللار چىرماشقا باشلىدى. ئۇ جىڭفۇ سكارلاتىنا بولغان بولسا كېرەك، بۇ كېسەلگە داۋا يوق، ئەگەر راست شۇنداق بولغاندا، ئائىلە تىرىكچىلىكىنى قانداق قىلارمەن؟ ئۆي ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كېلىپ قالارمۇ؟ كىچىك شەھەردە تۇرغان بولساقمۇ، بۇ يەر قىممەتچىلىك… مېنىڭ بولسا ئۈچ بالام بار، بۇنىڭ بولسا ئىككى؛ ئۇلارنى بېقىش خېلى گەپ، بۇنداق ھالدا ئوقۇشقا بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى قانداق بولار؟ بىر - ئىككىسىنى ئوقۇشقا بەرسەم، ئۆز ئوغلۇم كاڭئېرنىڭ بىرئاز ئەقىل - ھوشى بار، شۇنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنداق قىلسام، باشقىلار ئۇكىسىنىڭ بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىدى، دەپ گەپ تېپىشى چوقۇم… — دېگەن خىياللارغا كەتتى.

ئۇنىڭ خىيالى ئۈزۈلمىدى: ئاخىرەتلىكىنى قانداق قىلارمەن؟ كېپەنلەشكە ساندۇق ئالىدىغان پۇلمۇ ئاز، يۇرتقا ئەكېتىش قىيىن،





ھازىرچە «غېرىبلار گۆرىستانلىقى»دا قويۇپ تۇراي…

بىردىنلا يىراقتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، جاڭ فىجۇن دەرھال ئورنىدىن تۇردى - دە، تالاغا چىقىپ ئۇدۇلدىكى قوشنىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ:

— شيەندى غوجام، ۋاي غوجام، جەستىڭ بەيدىدە قالدى غوجام… — دەپ خۇشال غىڭشىپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇماقتا ئىدى.

جاڭ فىجۇن بۇنى ئاڭلاپ ئۈمىدسىزلەندى، ئاچچىقى كەلدى، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى تىللىۋەتكىلى تاس قالدى. لېكىن، شۇئان يەنە كۆزىگە پانۇس كۆتۈرگەن خىزمەتچى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بەتىنكە كىيگەن ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، قارا ساقال بىراۋ كۆرۈندى. بۇ پېتىرسون ئىدى.

جاڭ فىجۇن خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك، ئالدىراپ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنى جىڭفۇ ياتقان ئۆيگە باشلاپ كىردى. خىزمەتكار بىلەن ئۇ كىشى كارىۋات يېنىدا تۇردى، جاڭ فىجۇن چىراغنى كېسەلگە تۇتتى.

— ئەپەندى، بويى قىزىيدۇ… — دېدى جاڭ فىجۇن ئەندىكىپ.

— قاچان باشلاندى؟ — پېتىرسون ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، كېسەلنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، ئاستا سورىدى.

— ئالدىنقى كۈندىن تارتىپ باشلاندى. ياق… ئۈزاقى كۈندىن باشلاندى.

دوختۇر پېتىرسون گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن، جاڭ فىجۇنگە، چىراغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كېسەلنىڭ يۈزىگە تۇتۇڭ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن كېسەلنىڭ چىرايىغا يەنە بىر قۇر سەپسېلىپ، يوتقاننى ئاچتۇرۇپ، كىيىملى-

رىنى سالدۇرۇپ تەكشۈردى. تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن قولى بىلەن كېسەلنىڭ قورسىقىنى تۇتۇپ كۆردى.

— Measres ...— دوختۇر پېتىرسون ئۆز ـ ئۆزىگە تۆۋەن ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى.

— قىزىلما؟ — جاڭ فىجۇننىڭ خۇشاللىقىدىن ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقتى.

— قىزىل.

— قىزىل دەڭ؟...

— قىزىل.

— سىزگە قىزىل چىقمىغانمىدى؟...— جاڭ فىجۇن خۇشاللىقىدىن جىڭغۇدىن سورىدى.

شۇ چاغدا دوختۇر پېتىرسون جوزا يېنىغا كەتكەنىدى. جاڭ فىجۇنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. دوختۇر بىر پۇتىنى ئورۇندۇققا ئېلىپ، جوزىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدىغا تارتىپ، يانچۇقىدىن قىسقا بىر قېرىنداشنى ئېلىپ شىرتىلدىتىپ، تونۇغۇسىز بىر خەتلەرنى يازدى. بۇ رېتسېپ ئىدى.

— دورىخانا ئاللىقاچان تاقىلىپ كەتكەندۇ؟ — جاڭ فىجۇن رېتسېپنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ئەته ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەته ئىچسۇن.

— ئەته يەنە كۆرەمدىلا؟...

— هاجىتى يوق. ئاچچىق ـ چۇچۇك، تۇزلۇق نەرسىلەرنى يېمىسۇن. ئىسسىتمىسى ياندىغاندىن كېيىن سۇيدۇكىنى ماڭا — دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بېرىڭ، تەكشۈرۈپ باقاي. سۇيدۇكنى پاكىز شېشىگە ئېلىڭ، ئۈستىگە ئىسمىنى يېزىپ قويۇڭ.

دوختۇر پېتىرسون سۆزلەپ كېتىۋېتىپ، بەش دوللارلىق بىر تىزىنى يانچۇقىغا سالدى ۋە چىقىپ كەتتى. جاڭ فىجۇن ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ ماشىنىسىغا چىقىپ، ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرغاندىن كېيىن جاڭ فىجۇن قايتىپ كىردى. ئۇ بوسۇغىغا كەلگەندە، قۇلىقىغا ماشىنىنىڭ سىگنالى ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پېتىرسوننىڭ ماشىنىسىنىڭ سىگنالىنىڭ كالا هۆركىرىگەندەك چىقىدىغانلىقىنى پەملىۋالدى. لېكىن، ئەمدى ئۇنى بىلىۋالغاننىڭ پايدىسى يوق، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۆيدىكى چىراغ يورۇقىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەندەك بولدى. جاڭ فىجۇن گويا هەممە ئىش خەيرلىك بولدى دەپ ئويلاپ، كۆڭلى تىنىغاندەك بولدى، شۇنداقتىمۇ يۈرىكى تېخى ئورنىغا چۈشمىدى. ئۇ خىزمەتچىگە رېتسېپ بىلەن پۇلنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ئەته سەھەردىلا شەرقىي رەستىدىكى «ئامېرىكا ـ ئاسىيا دورىخانىسى»غا بېرىپ دورا ئېلىشقا بۇيرۇدى. بۇ دورىخانىنى دوختۇر پېتىرسون دورىلىرى ئىشەنچلىك دەپ كۆرسەتكەنىدى.

— شەرقىي كوچىدىكى «ئامېرىكا ـ ئاسىيا دورىخانىسى» جۇمۇ! شۇ يەردىن ئال. ئېسىڭدە بولسۇن، «ئامېرىكا ـ ئاسىيا دورىخانىسى»! — جاڭ فىجۇن چىقىپ كېتىۋاتقان خىزمەتكارغا تاپىلىدى.

هويلا سۈتتەك ئايدىڭ. «بەيدىدە قالدى» دەپ غەزەل ئوقۇپ كەلگەن قوشنىسى ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغانىدى. ئەتراپ جىمجىت. جوزىدىكى سائەت خۇشال ۋە بىر خىلدا چىكىلداپ تۇراتتى. كېسەلنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ جايىدا، جاڭ فىجۇن بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا يەنە خۇشاللىنىپ كەتتى.

— سىزگە شۇ كەمگىچە قىزىل چىقماپتىكىنا؟— ئۇ خۇددى بىر كارامەتكە يولۇققاندەك هەيران بولۇپ سورىدى.

— ئېسىڭىزدە بولمىسا كېرەك، بۇنى ئانامدىن سوراپ باقساق بولغۇدەك.

— ...

— ئانام بۇ يەردە بولماي قالدى ـ دە، قىزىل چىقماپتىكەن.

— ھا ـ ھا ـ ھا!

*　　　*

جاڭ فىجۇن ئويغانغاندا، دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى ئۇنىڭ ئۇيقۇلۇق كۆزىنى چىمىلدىتاتتى. لېكىن، ئۇ دەرھال ئورنىدىن قوزغالمىدى، پەقەت پۇت ـ قولىدا كۈچ قالمىغاندەك سېزىلەتتى. دۇمبىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزىگە كارىۋات ئالدىدا يۇز ـ كۆزى قانغا بويالغان بىر بالا تۇرغاندەك كۆرۈندى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ بالىنى ئۇرماقچى بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

لېكىن، بۇ كۆرۈنۈش بىردەمدىلا غايىب بولدى. ئۇ ئۆز ئۆيىدە يالغۇز ياتاتتى، ئۇ ئىچ كىيىملىرىنى سېلىپ، كۆكسى ۋە دۇمبىسىدىكى سوغۇق تەرلەرنى ئېرتتى ـ دە، كىيىنىپ، جىڭفۇ ياتقان ئۆيگە قاراپ ماڭدى، شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى «بەيدىدە…» دەپ ناخشا ئېيتقان قوشنىسى ھويلىدا ئاغزىنى چايقاۋاتاتتى.

دېمەك، خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم ئىدى.

جىڭفۇمۇ كۆزىنى ئېچىپ كارىۋاتتا ئويغاق ياتاتتى.

— بۈگۈن قانداقراق؟ — ئۇ دەرھال سورىدى.

— بىرئاز ياخشى.

— دورىنى تېخى ئەكەلمىدىمۇ؟

— ياق.

جاڭ فىجۇن كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدىكى جوزىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. جىڭفۇنىڭ چىرايىدا تۈنۈگۈنكى قىزىللىقلار قالمىغانىدى. لېكىن، جاڭ فىجۇننىڭ بېشى تېخىچە قېيىپ تۇراتتى، كۆرگەن چۈشلىرى ئاندا ـ مۇندا كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى:





جىڭفۇ ئەنە شۇنداق — ئۆلۈكتەك ياتاتتى. ئۇ ئۆزى دەرھال ئۇنى كېپەنلەپ، ساندۇققا سېلىپ، دەرۋازىدىن چىقىپ، كۆتۈرگىنىچە توپتوغرا بىر چوڭ ئۆيگە كىردى. بۇ يەر گويا ئۆز ئۆيىدەك، بىرمۇنچە تونۇش ئادەملەر بىر ياندا ئۇنى ماختاشماقتا…

… ئۇ كاڭئېرنى ئىنىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن مەكتەپكە ماڭدۇردى. يەنە ئىككى بالا ئۇلارغا ئەگىشىپ يىغلىماقتا. ئۇنىڭ بۇ يىغا ـ جېدەلدىن بېشى قاتتى؛ شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆزىنى يۇقىرى ئابروي ۋە زور مەدەتكە ئىگە بولغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۆزىنىڭ ئالىقىنى ئىلگىرىكىدىن ئۈچ ـ تۆت ھەسسە چوڭىيىپ قالغاندەك كۆرۈندى ۋە خې شىڭنى بىر كاچات ئۇردى…

جاڭ فىجۇن بۇ چۈش تەسىراتلىرىنىڭ زەربىسى بىلەن قورقىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن، قوزغىلالمىدى، بۇ چۈشلەرنى يادىغا كەلتۈرمەسلىككە تىرىشىپمۇ باقتى، لېكىن خۇددى قاينام سۇغا چۈشۈپ قالغان غاز پېيىدەك ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى:

… خې شىڭ يۇز ـ كۆزى قان ھالدا يىغلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ مېھرابىتا سەكرىمەكتە… ئۇنىڭ كەينىدە بىرمۇنچە تونۇش ۋە يات ئادەملەرمۇ بار. ئۇ بۇ ئادەملەرنىڭ زەربە بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بايقىدى…

—… مەن ئىنساپسىزلىق قىلىدىغان ھالغا چۈشكىنىم يوق. بالىلارنىڭ يالغان سۆزىگە ئالدانماڭلار…— جاڭ فىجۇن ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

… خې شىڭ ئۇنىڭ يېنىدا. ئۇ يەنە ئالىقىنىنى كۆتۈردى…

جاڭ فىجۇن بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، چارچاپ كەتكەندەك، بىرئاز توڭلىغاندەك بولدى. جىڭفۇ ئۇدۇلىدا جىمجىت ياتاتتى. ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى جىددىي بولسىمۇ، لېكىن بىر خىلدا ئىدى. جوزىدىكى سائەت گويا تېخىمۇ ئۈنلۈك چىكىلدىغاندەك قىلاتتى.

جاڭ فىجۇن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ جوزىغا قارىدى، جوزا ئۈستىنى
بىرلىك توزان باسقانىدى، دېرىزىگە قارىدى، ئېسىقلىق تۇرغان
كالېندارىدا «27» دېگەن رەقەم يېزىقلىق تۇراتتى.

خىزمەتكار دورىنى ئەكىردى. ئۇنىڭ قولىدا ئوراقلىق يەنە
بىر كىتاب بار ئىدى.

— نېمە؟ — جىڭفۇ كۆزىنى ئېچىپ سورىدى.

— دورا.

— ياق، ئوراقلىق تۇرغىنى.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئاۋۋال دورىنى ئېچىۋې-
لىڭ، — جاڭ فىجۇن جىڭفۇغا دورىنى ئىچۈرۈپ بولغاندىن كې-
يىن، كىتابنى قولىغا ئېلىپ، — سوسى ئەۋەتىپتۇ. سىز سورى-
غان Sesame and lilies[23] بولسا كېرەك.

جىڭفۇ كىتابنى قولىغا ئالدى. لېكىن، مۇقاۋىسىنى كۆرۈپ،
ئۈستىدىكى ھەل بىلەن بېسىلغان خەتنى سىلاپ بېقىپلا، ياستۇقى-
نىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى - دە، كۆزىنى يۇمۇۋالدى. بىرئازدىن
كېيىن، خۇشال ھالدا:

— ساقايغاندىن كېيىن، بىرئاز تەرجىمە قىلىپ، «مەدەنىيەت
نەشرىياتى» غا ئەۋەتىپ، بىرئاز پۇل قىلاي. ئۇلار قوبۇل قىلامدى-
كىنتاڭ … — دېدى تۆۋەن ئاۋاز بىلەن.

*　　　*

جاڭ فىجۇن بۈگۈن ئىدارىگە ئادەتتىكىدىن كېچىكىپ، چۈش-
كە يېقىن كەلدى. ئىشخانا چىن يىتاڭنىڭ تاماكىسىنىڭ تۈتۈنى
بىلەن تولغانىدى. ۋاڭ يۆشىڭ جاڭ فىجۇننىڭ كېلىۋاتقىنىنى
كۆرۈپ ئالدىغا چىقتى.

— ئوھۇ! كېلىڭ. ئىنىڭىز ئوڭلىنىپ قالدىمۇ؟ ھېچ ۋەقە-





سى يوق. قىزىل دېگەن ھەرىپلى بولۇپ تۇرىدىغان كېسەل، ئەندى-
شە قىلغۇچىلىكى يوق. چىن يىتاڭ بىلەن ھېلىراقتا گېپىڭىزنى
قىلىپ، تېخىچە كەلمەيدىغۇ، دېيىشكەنىدۇق. كەلگىنىڭىز ئوبدان
بولدى. ھە، چىرايىڭىز بىرئاز … شۇنداق، تۈنۈگۈنكىدىن باشقى-
چىرەك بولۇپ قاپتۇ.

بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە: سۇنۇق كىيىم ئاسقۇچ، جوغىسى
سۇنغان چەينەك، توزان باسقان دەپتەر - قەغەزلەر، پۇتى قايرىلىپ
كەتكەن ئەسكى ئورۇندۇق، ئورۇندۇقتا چىلىمنى تۈتۈتىنچە يۆتى-
لىپ، ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ ئولتۇرغان چىن يىتاڭ…
ھەممىسى يەنە ئادەتتىكىدەك تۇرسىمۇ، لېكىن جاڭ فىجۇنگە بۇ
ئىشخانا ۋە خىزمەتداشلىرى تۈنۈگۈنكىدىن باشقىچىرەك، يات بو-
لۇپ قالغاندەك بىلىندى.

— ئۇلار يەنە ئىچكەركى ئۆيدىن تا دەرۋازىغا چىققۇچە جېدەل-
لىشىپ…

— شۇڭا، — دېدى ۋاڭ يۆشىڭ جاۋاب بېرىپ، — مەن
سىزگە جاڭ فىجۇننىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىڭ، ئۇلار شۇنىڭدىن
ئۈلگە ئالسۇن، دەۋاتىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا، سىزنى خاپا قىلىپ
قويىدۇ…

— چوڭى كىچىكىگە زايومنىڭ پۇلىنى ئورتاق پۇلغا چاچقىلى
بولمايدۇ، دەيدۇ … — چىن يىتاڭ سۆزلەۋېتىپ، يۆتەلگەندىن
مۈكچىيىپ كەتتى.

— «ھەر كاللىدا بىر خىيال» دېگەن راست گەپ …— دېدى
ۋاڭ يۆشىڭ ۋە جاڭ فىجۇنگە قارىدى، — بۇ گەپچە، ئىنىڭىزدىن
ئەندىشە قىلمىساقمۇ بولىدىكەن - دە؟

— ھېچ گەپ يوق. دوختۇر قىزىل چىقىپتۇ دەيدۇ.

— قىزىل؟ ئېھتىمال، ھازىر بالىلارغا قىزىل تارقىلىپتۇ،
قوشنىمىزنىڭ ئۈچ بالىسىنىڭ ھەممىسىگە قىزىل چىقتى. ئۇنىڭ-

دىن ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن، سىز تۇنۇگۇن خېلىلا ئاسقىپ قالدىڭىز. تۇنۇگۇنكى ھالىڭىزنى كۆرگەن ئادەم تەسىرلەنمەي قالمايتتى. «تۇغقان — تۇغقاننىڭ قاياشى» دېگەن گەپ شۇ.

— تۇنۇگۇن ئىدارە باشلىقى كەلدىمۇ؟

— ياق، ئۇ «6 - ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقىلىپ كەتتى»، دەپتەرگە «كەلدىم» دەپ يېزىپلا قويسىڭىز بولغىنى.

— ئۆزى تۆلىسۇن دەيدۇ، — دېدى چېن يېتاڭ ئۆزىچە سۆزلەپ، — زايوم ھەقىقەتەن كىشىگە بالا بولدى، زادىلا چۈشىنەلمىدىم. ئۇنىڭغا قولۇڭ تەگسىلا، پالاكەت باسقىنى شۇ. ھەتتا تۇنۇگۇن كەچقۇرۇنمۇ، يەنە ئىچكەركى ئۆيدىن دەرۋازىغىچە جېدەللىشىپ چىقتى. چوڭىنىڭ ئىككى بالىسى مەكتەپكە بارغاچقا، كىچىكى ئورتاق پۇلدىن چىقىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ خاپا.

— بۇ چاتاق خېلى بار ئىكەن! — دېدى ۋاڭ يۆشىڭ ئۈمىدسىزلىنىپ، — شۇڭا ئاكا - ئۇكا ئىككىڭلارنى كۆرسەم، جاڭ فىجۇن، سۆيۈنۈپ كېتىمەن. راست گەپ، ئالدىڭىزدا ماختاۋاتقان گەپ ئەمەس.

جاڭ فىجۇن ئېغىز ئاچمىدى. بىر پارچە ئالاقە قەغىزىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان خىزمەتكارنى كۆرۈپ ئالدىغا چىقتى. ۋاڭ يۆشىڭمۇ بىللە چىقىپ ئالاقىنى ئوقۇشتى:

«پۇقرالىرى خەي شاڭشەن باشلىق جامائەتنىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن يازغان ئەرزىمىزنىڭ ئۇچۇرى شۇكى: شەھەرنىڭ شەرقىي تېشىدا نامەلۇم بىر ئەر كىشىنىڭ ئۆلۈكى تۇرىدۇ. شۆبە ئىدارىگە يارلىق بېرىلسە، جامائەت ھېپزىسەھىتى ئۇچۇن، دەرھال شۇ ئۆلۈك يەرلىككە قويۇلسا».





— مەن ھەل قىلاي، — دېدى ۋاڭ يۆشىڭ، — سىز ئۆيگە بالدۇرراق قايتىڭ، ئىنىڭىزنىڭ كېسىلىنىڭ غېمىنى يەۋاتىدىغانسىز. سىلەر ھەقىقەتەن بىر - بىرىڭلارغا ئېجىل…

— ياق! — جاڭ فىجۇن ئۇنىمىدى، — ئۆزۈم ھەل قىلاي.

ۋاڭ يۆشىڭ ئارتۇقچە تالاشمىدى. جاڭ فىجۇن ناھايىتى خاتىرجەم ئۆز جوزىسىغا كېلىپ ئەرزگە قاراپ قويۇپ، دۈۋەتنىڭ داتلىشىپ كەتكەن ئاغزىنى ئاچتى.

1925 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

# ئاجرىشىش

— ئوھۇ، سالامۇئەلەيكۇم جۇاڭ مۇسەن تاغا! ئايەملىرىگە مۇبارەك، دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، باسەن! ئۆزلىرىدىن بولسۇن!… ۋاھ، مۇبارەك بولسۇن! ئەيگۇ قىزمۇ بۇيەردىكەنغۇ…

— بەللى، جۇاڭ مۇسەن تاغا!…

جۇاڭ مۇسەن قىزى ئەيگۇ بىلەن مۇلىيەن كۆۋرۈكىدە كېمىگە ئەمدىلا چۈشكەنىدى، كېمىدە ئولتۇرغانلار ئۇلارغا تەڭلا سالام بەردى، بەزىلىرى ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كېمىنىڭ بىر يېنىدىن تۆت كىشىلىك ئورۇن بوشىتىلدى، جۇاڭ مۇسەن سالاملىشىپ، ھېلىقى ئورۇنغا ئولتۇردى-دە، غاڭزىسىنى كېمىنىڭ لېۋىگە يۆلەپ قويدى. ئەيگۇ ئۇنىڭ سول تەرىپىدە، ئورغاققا ئوخشاش مايماق پۇتىنى باسەنگە قارىتىپ، «八» ھەرپى شەكلىدە ئولتۇردى.

— جۇاڭ مۇسەن تاغا، شەھەرگە كېتىۋاتامىلا؟ — دەپ سورىدى، يۇزى تاشپاقىنىڭ قېپىغا ئوخشايدىغان بىرى.

— ياق، شەھەرگە كىرمەيمەن، — دېدى جۇاڭ مۇسەن بىرئاز خۇرسىنغان ھالدا. لېكىن، ئۇنىڭ بېغىررەڭ يۇزىدە قورۇق كۆپ بولغاچقا، خۇرسىنىش بەلگىلىرى ئانچە روشەن كۆرۈنمەيتتى، — پاڭجۇاڭ يېزىسىغا بېرىپ كېلەي دەپ كېتىۋاتىمەن.

كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جىمجىت، شۇلارغىلا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.





— يەنە ئەيگۇنىڭ چاتىقى بىلەن كېتىپ بارامىلا؟ — بىرئازدىن كېيىن سورىدى باسەن.

— ھەئە، يەنە ئەيگۇنىڭ چاتىقى … بۇ چاتاق جېنىمغا تازىمۇ تەگدىغۇ، توپتوغرا ئۈچ يىل بولدى، بىرقانچە قېتىم جېدەل-جاڭجال بولدى، ھەر نۆۋەت ياراشتۇرۇپ قويدۇق. شۇنداق بولسىمۇ بېسىقمىدى…

— بۇ نۆۋەتمۇ يەنە ۋېي ھەزرەتنىڭكىگە بارامىلا؟…

— ھەئە، شۇنىڭكىگە، ئەسلىدە مەن ئۇنىمىغان بولسامۇ، ئۇ بۇلارنى بىرنەچچە قېتىم ياراشتۇرۇپ قويغانىدى. ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ ئۆيىدە ھېيت-ئايەم بولۇپ جەم-جەمەتلىرى يىغىلغاندا، ھەتتا شەھەردىن كەلگەن چى دارېن جانابلىرىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەلگەندە…

— چى دارېن؟ — باسەننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — شۇ قېرىمۇ ئارىلاشتىما؟… ئۇ… دەرۋەقە، بۇلتۇر بىز سىجالارنىڭ ئوچاق-پوچاقلىرىنى چېقىپ،[24] دەردىمىزنى ئالغاندۇق… ئەيگۇ ئۇ يەرگە قايتىپ بارسىمۇ، دەرۋەقە، كۆرىدىغان ھالاۋىتى تايىنلىق …— ئۇ تۆۋەن قارىۋالدى.

— مەنمۇ ئۇ يەرگە قايتىپ بېرىشقا ئاشىق ئەمەس، باسەن ئاكا! — ئەيگۇ زەردە بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىدى، — ئاچچىقىم تېخىچە بېسىلمايۋاتىدۇ. ئۇ قارا يۇز بىر تۇل خوتۇن بىلەن تېپىشىۋېلىپ، مېنى تاشلىۋەتتى، نەدە شۇنداق ئاسان ئىش بار ئىكەن؟ قېرى جوھۇت بولسا بالىسىغىلا يان بېسىپ مېنى ھەيدەپ چىقارماقچى. چى دارېنچۇ؟ ئامبال بىلەن دوست بولغان ھەزرەتكە ئوخشاش تۇگىشىپ كېتەڭلار دەۋەرمەسلىكى كېرەك، مەن ئۇنىڭغا بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمنى دەۋالماي قويمايمەن؛ قېنى، ئۇ چاغدا چى دارېن كىمنىڭكىنى توغرا دەيدىكىن!

باسەن ئېغىز ئاچالماي قالدى.

كېمىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، پەقەت شىر - شىر قىلغان سۇنىڭلا ئاۋازى ئاڭلىناتتى. جۇاڭ مۇسەن غاڭزىسىنى ئېلىپ سەيخانىسىغا تاماكا سالدى.

يان تەرەپتە، باسەننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سېمىزغىنە بىراۋ بەلۋېغىغا تۇگۇكلۇك بىر چاقماقنى ئالدى - دە، پاختىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ جۇاڭ مۇسەننىڭ سەيخانىسىغا تۇتتى.

— ھەشقاللا، ھەشقاللا، — دېدى جۇاڭ مۇسەن بېشىنى لىڭشىتىپ.

— جۇاڭ مۇسەن تاغا، ئۆزلىرى بىلەن ئەمدى ئۇچراشقان بولساقمۇ، ناملىرىنى خېلى بۇرۇن بىلەتتۇق، — دېدى سېمىز ھۆرمەت بىلەن، — شۇنداق، بۇ دېڭىز بويىدىكى ئىككى سەككىز ئون ئائىلە كەنتتە ئۆزلىرىنىڭ نامىنى كىم بىلمىسۇن؟ سىجانىڭ ئوغلىنىڭ تۇل خوتۇن بىلەن تېپىشىپ قالغانلىقى بىزگىمۇ خېلى ۋاقىتتىن بۇيان مەلۇم. بولتۇر ئۆزلىرى ئائىلە يىگىت بىلەن بېرىپ ئۇنىڭ ئوچاق - پوچاقلىرىنى چېقىۋەتتىلە؛ كىم بۇنى ھەق دېمىسۇن؟ ... ئۆزلىرى كۆپنى كۆرگەن، باينىڭمۇ، بەگنىڭمۇ ئىشىكىدىن كىرىپ كېتىۋېرىلا. ئۇلارنىڭ نېمىسىدىن قورقاتتىلا! ...

— مەن ئۆزلىرىنى تونۇمايدىكەنمەن، — دېدى ئەيگۇ خۇرسەن بولۇپ، — ئۆزلىرى ھەقىقەتەن بىلەرمەن كىشى ئىكەنلا.

— مېنىڭ ئىسمىم ۋاڭ دېگوي، — دېدى دەرھال سېمىز.

— مېنى تاشلىۋېتىپ قۇتۇلالمايدۇ. چى دارېنى بولسۇن، با دارېنى بولسۇن، قاقشىتىپ، كۆلنى كۆككە سورۇماي قويمايمەن! ۋېي ھەزرەت ماڭا تۆت قېتىم نەسىھەت قىلمىدىمۇ؟ ئۆزرىخاھلىق قىلىپ ئالدىمغا قويغان پۇلنى كۆرۈپ، دادامنىڭمۇ كۆزى قىزىرىپ كەتتى...





— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى جۇاڭ مۇسەن ئاستاغىنە.

— جۇاڭ مۇسەن ئاكا، بولتۇر سىجا ۋېي ھەزرەتكە چاي بېرىپتىغۇ، — دېدى تاشپاقا يۈز.

— ئۇنىڭدا ھېچ گەپ يوق، — دېدى ۋاڭ دېگوي، — چاي بىلەن كىشىنىڭ گېپىنى مايلىغىلى بولامتىمۇ؟ ئەگەر چاي كىشىنىڭ گېپىنى مايلىيالايدىغان بولسا، چوڭ زىياپەت قانداق قىلار؟ ئۇقۇمۇشلۇق ئادەملەر لىللا گەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، بىراۋنى بىراۋ بوزەك قىلسا ئۇلار لىللا گەپنى قىلىۋېرىدۇ، ئۇلارغا چاي، زىياپەتنىڭ ھاجىتى يوق. بولتۇر بىزنىڭ كەنتلىك يۇك ھەزرەت بېيجىڭدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ كۆپنى كۆرگەن، بىز سەھرالىقلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۆتىۋەر ئادەم گۇاڭ خېنىم ئىكەن. ئۇ ھەم كەسكىن...

— ۋاڭجاخۇيتۇغا بارىدىغان يولۇچىلار قىرغاققا چىقسۇن! — كېمىچى ۋارقىراپ كېمىنى توختاتتى.

— مەن بار! — سېمىز دەرھال غاڭزىسىنى قولىغا ئېلىپ، كېمىدىن بىر سەكرەپلا قىرغاققا چىقتى.

— خوش، خوش! — ئۇ كېمىدىكىلەرگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

كېمە يېڭى جىمجىتلىق ئىچىدە داۋاملىق ئالغا ماڭدى، سۇ شىر - شىر قىلىپ ئاقماقتا. باسەن مۈگدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاغزى بارا - بارا ئۇدۇلىدا «٨» غا ئوخشاش تۇرغان پۇت تەرەپكە قاراپ ئېچىلدى. كېمىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىككى موماي تەسۋىلىرىنى سىيرىپ، دۇرۇت ئوقۇۋېتىپ بىردەم ئەيگۇغا، بىردەم بىر - بىرىگە قاراپ، تۇمشۇقلىرىنى سوزۇپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى.

ئەيگۇ كېمىنىڭ لەمپىسىگە قاراپ ئولتۇرغىنىچە خىيالغا كەت-

تى. ئېھتىمال ئۇ قانداق قاقشتىپ، كۇلىنى كۆككە سورۇش، «قېرى جۇھۇت» بىلەن «قارايۇز»نى بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇرگۇسىز قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇ ۋېي ھەزرەتنى نەزىرىگىمۇ ئالمايتتى؛ ئۇ ۋېي ھەزرەتنى ئىككى قېتىم كۆرگەندى، ئۇنىڭ يۇمىلاق باش، پاكار بىر ئادەم ئىكەنلىكى، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆز يېزىسىدا كۆپ ئىكەنلىكى، لېكىن ۋېي ھەزرەتكە قارىغاندا ئۇلارنىڭ رەڭگى قارا ئىكەنلىكى ئېسىدە ئىدى.

جۇاڭ مۇسەننىڭ غاڭزىسىدىكى تاماكا ئالىلقاچان كۆيۈپ تۈگەپ، غاڭزىنىڭ تېگىدىكى سېرىق سۇ ئوتنىڭ تەسىرى بىلەن گىژىلداشقا باشلىدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ھەدەپ شوراۋەردى. ئۇ ۋاڭجاخۇيتۇدىن ئۆتكەندىلا پاڭجۇاڭغا كەنتى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، كەنتنىڭ ئاغزىدىكى «ئىززەت ـ ھۆرمەت ئىلاھى» راۋىقىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ پاڭجۇاڭغا بىرنەچچە قېتىم كەلگەندى، بۇ كەنت ۋە ۋېي ھەزرەتمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى. قىزىنىڭ يىغلاپ قايتىپ كەلگەنلىكى، قۇدىسى بىلەن كۈيئوغلىنىڭ پەيلى بۇزۇقلۇقى، كېيىنكى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى قانداق بەرگەنلىكى جۇاڭ مۇسەننىڭ ئېسىدە ئىدى. ئۇ ئەنە شۇلارنى ئويلىغاندا، ئۆتمۈشتىكى ئەھۋاللار كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ قۇدىسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش مەسىلىسىنى ئېسىگە كەلتۈرگەن چاغلاردا سوغۇققىنە كۈلۈپ قوياتتى، لېكىن بۇ نۆۋەت ئەھۋال باشقىچە ئىدى. بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا سېمىز چى دارېن كېلىپ توختىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پىكرى چېچىلدى.

كېمە جىمجىتلىقتا داۋاملىق ئالغا ماڭماقتا؛ دۇرۇت ئوقۇۋاتقان ئاۋازلا گۇڭگۇلداپ چىقىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا ھەممە نەرسە گويا جۇاڭ مۇسەن ۋە ئەيگۇ بىلەن بىللە خىيالغا چۆمگەندى.





— جۇاڭ مۇسەن تاغا، كېلىپ قالدىڭىز، چۇشۇڭ، پاڭجۇاڭغا كەلدۇق.

كېمىچىنىڭ ئاۋازى بىلەن خۇدىنى يىغىۋالغان جۇاڭ مۇسەن بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئالدىدىكى راۋاقنى كۆردى.

جۇاڭ مۇسەن ئەيگۇ بىلەن قىرغاققا چىقىپ، راۋاقتىن ئۆتۈپ ۋېي ھەزرەتنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار جەنۇب تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، 30 نەچچە دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپلا، ۋېي ھەزرەتنىڭ ئۆيىگە چىقتى. بۇ يەردە قارا لەمپىلىك تۆت كېمە تۇراتتى.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن قارا سىرلانغان دەرۋازىدىن كىرىپ، تەكلىپ بويىچە ئىچكىرىدىكى دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. تاشقىرىقى ھويلىدا ئىككى جوزىنىڭ ئەتراپى كېمىچىلەر ۋە چاكارلار بىلەن تولغانىدى. ئەيگۇ ئۇلارغا كۆزىنىڭ قىرىدىلا قاراپ قويىدى، لېكىن بۇ يەردە «قېرى جۇھۇت» بىلەن «قارا يۇز»نىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

خىزمەتكار ھېيتلىق مەزەلىرىنى ئەكەلگەندە، ئەيگۇ ئىختىيارسىزلا ئەنسىزلىنىشكە باشلىدى ۋە نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشىنەلمىدى. «ئامبال بىلەن دوست بولۇش بىلەنلا، ئىنساپىنى يوقىتىۋېتەرمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم لىللا گەپ قىلىدۇ. چى دارېنغا دەردىمنى تۆكۈۋالمىسام بولمايدۇ، 15 يېشىمدا ياتلىق بولۇپ كەلگەندىن باشلاپ...»

ئۇ ھېيتلىق مەزەلەرگە ئېغىز تەگكەندىن كېيىن، ئەمدى پەيتى كەلدى دەپ ئويلىدى. دەرۋەقە ئۇ بىر ئازدىن كېيىن دادىسى بىلەن بىللە بىر چاكارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، بىر چوڭ ئايۋان ئارقىلىق مېھمانخانىغا كىردى.

مېھمانخانىدا ناھايىتى كۆپ نەرسە ـ كېرەك بار ئىدى، ئەيگۇ ئۇلارغا ئانچە سەپسالمىدى، يەنە بىرمۇنچە مېھمانلار ئولتۇراتتى،

ئۇزۇن قىزىل ـ كۆك تاۋار چاپانلار ۋالىلداپ تۇراتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن ئەيگۇنىڭ كۆزىگە ھەممىدىن ئاۋۋال چى دارېن چېلىقتى. ئۇنىڭ بېشىمۇ گەرچە يۇمىلاق بولسىمۇ، لېكىن ۋېي ھەزرەتكە قارىغاندا گەۋدىلىك ئىدى: ئۇنىڭ يۈزى كەڭ، يىرىق كۆز، بۇرۇتلىرى قارا، چوققىسى پايىنەك ئىدى، لېكىن پېشانىسى بىلەن مەڭزى قىزىل، پارقىراپ تۇراتتى. ئەيگۇ ناھايىتى ھەيران بولدى، لېكىن يەنە دەرھال چۈشەندى: يۈزىگە ياغ سۈرتىۋالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

— مانا قاراڭلار، بۇ «زەرتاش»نى. بۇنى قەدىمكى كىشىلەر ئۆلگەن كىشىنىڭ جەستى چىرىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن سوڭىغا تىقىپ قويىدىكەن، — چى دارېن پارقىراق تاشقا ئوخشاش بىر نەرسىنى كۆرسىتىپ سۆزلىدى ۋە ئۇنى بۇرنىغا سۈرتتى، — ئەپسۇس «يېڭى گۆر»نىڭ ئىكەن ـ دە، قەدىمكى گۆرنىڭكىنى، ھېبولمىغاندا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۆرنىڭكىنى سېتىپ ئېلىش مۇمكىن. قاراڭ، ماۋۇيېرىگە «سىماب» تېگىپتۇ...

«زەر تاش» ئەتراپىغا دەرھال بىرنەچچە كىشىنىڭ بېشى توپلاندى، ئۇنىڭ بىرى ۋېي ھەزرەتنىڭ بېشى ئىدى، يەنە بىرنەچچە بايۋەچچىلەرنىڭمۇ بېشى بار ئىدى، لېكىن ئۇلار چى دارېننىڭ پەيىنەك بېشىنىڭ يالتىرىشى بىــلــەن خۇددى يانجىلىپ كەتكەن چۈشىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئەيگۇ بۇ بايۋەچچىلەرنى ئىلگىرى كۆرمىگەنىدى.

ئەيگۇ «سىماب تېگىپتۇ» دېگەن سۆزنى چۈشەنمىدى ۋە ئۇنى چۈشىنىشكىمۇ ھەپىسلە قىلمىدى ۋە قىزىقمىدى. ئۇ شۇ پەيتتە ئەتراپىغا قاراپ ئارقا تەرىپىدە، ئىشىك تۈۋىدىكى تام يېنىدا تۇرغان «قېرى جۇھۇت» بىلەن «قارا يۈز»نــى كــۆردى. ئەيگۇ ئۇلارنى غىل ـ پال كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا قېرىپ قالغانلىقىنى بايقىدى.





ھەممەيلەن «زەر تاش» ئەتراپىدىن تارقالدى. ۋېي ھەزرەت «زەرتاش»نى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى تىرنىقى بىلەن قىرىپ تۇرۇپ، جۇاڭ مۇسەنگە سۆزلىدى:

— ئىككىڭلىما؟

— ھەئە.

— ئوغلىڭىزدىن بىرىمۇ كەلمىدىما؟

— ئۇلارنىڭ چولىسى تەگمىدى.

— يېڭى يىل، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە ئاۋارە بولۇپ كەپسىلەر. خەير، يەنە ھېلىقى ۋەقە... مېنىڭچە، جېدەللىڭلار يېتەر ئەمدى، ئىككى يىلدىن ئاشتىغۇ دەيمەن؟ ئەمدى ئاداۋەتنى كۈچەيتىۋەتمەستىن بىر تەرەپ قىلىۋېتىش كېرەك؛ ئەيگۇغا ئېرى ئەيىبلىك ئىكەن، قېيناتىسى بىلەن قېيىنانىسى ياقمايدىكەن... ئىلگىرى ئېيتقاندەك، ئاجرىشىپ كەتكىنى ياخشى. مېنىڭ ئۇ قەدەر يۈز ـ ئابرۇيۇم يوق، سۆزۈم ئۆتمەيدۇ. چى دارېننىڭ خالىس گەپ قىلىدىغانلىقى ئۆزۈڭلارغىمۇ مەلۇم. ھازىر چى دارېننىڭ پىكرىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش. لېكىن، چى دارېننىڭ سۆزىچە دەردنى ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ تارتىڭلار. سىجا يەنە 10 دوللار قوشۇپ 90 دوللار بەرسۇن!

— ......

— 90 دوللار! داۋالىشىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارسىڭىزمۇ ئۇنچىلىك پايدا ئېلىشىڭىز ناتايىن. بۇ گەپ پەقەت بىزنىڭ چى دارېنىڭلا ئاغزىدىن چىقىۋاتىدۇ.

چىن دارېن يىرىق كۆزلىرىنى ئېچىپ، جۇاڭ مۇسەنگە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئەيگۇ بىرئاز خەۋپلىنىپ قالدى. ئۇ ئادەتتە دېڭىز بويىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئالــدىــدا خېلى سۆزى بار دادىسىنىڭ بۇ يەردە گەپ ـ سۆز قىلالماي تۇرۇپ قالغانلىقىغا ھەيران بولدى. دادىسى-

نىڭ بۇنداق قىلىشى ئۇنىڭچە ئورۇنسىز ئىدى. ئۇ چى دارىيىنىڭ
سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئانچە چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن
قانداقتۇر، ئۇنى ئىلگىرى ئۆزى قىياس قىلغاندەك قورقۇنچلۇق
ئەمەس، مۇلايىم ئادەم ئىكەن دەپ ئويلىدى.

— چى دارىيىن، ئۆزلىرى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم، — دېدى ئەيگۇ
غەيرەتلىنىپ، — بىز سەھرالىقلارغا ئوخشىمايلا. مەن دەردىمنى
ئېيتىدىغان يەر تاپالماي يۈرەتتىم، ئەمدى ئۆزلىرىگە ئېيتىۋالاي.
ياتلىق بولغاندىن بۇيان، بېشىمنى ئېگىپ كىرىپ، ئېگىپ چى-
قىپ، قائىدە ـ يوسۇننىڭ ھەممىسىنى ئورۇنداپ كەلدىم. شۇنداق
قىلسامۇ، ئۇلار ماڭا كۈن بەرمىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى
«جان ئالىدىغان ئەزرائىل»غا ئوخشايدۇ. ئۆزاقى يىلى ئاغىنىخان
خورازنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى، بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا ياخشى قارى-
مىغانلىقىمدىن بولغانمىدى؟ ياق، ئەسلىدە لالما قوتۇر ئىت توخۇ-
لارغا چېچىپ بەرگەن يەمنى ئوغرىلاپ يەيمەن دەپ توخۇ كاتىكىنىڭ
ئاغزىنى ئېچىۋەتكەنلىكتىن بولغان. «قارا يۈز» بۇنى سۈرۈشتۈر-
مەستىنلا مېنى بىر تەستەك ئۇرۇۋەتتى…

چى دارىيىن ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى.

— ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىمەن. ئۇمۇ چى دارىيىنىڭ ئادىلل-
قىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ھەممىنى بىلىدۇ.
ئۇ ئاشۇ پاھىشىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ، مېنى تاشلىۋەتمەك-
چى، مېنى بولسا ئۈچ قېتىم ساۋچى ئەۋەتىپ، ئالتە قېتىم چاي
ئىچۈرۈپ، تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەكەلگەن! تاشلىۋەتمەك
شۇنچە ئاسانمۇ؟… مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇتماي قويمايمەن،
داۋالاشسامۇ مەيلى، ناھىيىدە ھەل بولمىسا، ۋىلايەت بار…

— ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى چى دارىيىنغا مەلۇم، — دېدى ۋېي
ھەزرەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئەيگۇ، ئەگەر پەيلىڭدىن يانمىساڭ
ھېچقانداق پايدا ئالالمايسەن. كاجلىق قىلما، قارا، داداڭ نېمىدې-





گەن غەرەز ئۇقىدۇ؛ سەن، ئاكا ـ ئۇكىلىرىڭ داداڭنى دوراشماپ-
سەن. ماقۇل، داۋالىشىپ ۋىلايەتكىمۇ بار؛ يامۇلدىكىلەر چى دا-
رىيىندىن سۈرۈشتە قىلماي قالارمۇ؟ ئۇ چاغدا «ھەممە ئىش قانۇن
بىلەن» بولىدۇ. سەن…

— جېنىمنى تىكىپ قويدۇم. ئۇلارنى خانىۋەيران قىلىۋېتى-
مەن.

— جاننى تىكىدىغان ئىش يوق، — دېدى چى دارىيىن ئاستا
سۆزلەپ، — ياش ئادەم مۇلايىم بولۇش كېرەك. «مۇلايىم ئادەم
باي بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىر ئېغىز گەپ
بىلەنلا يەنە 10 دوللار قوشتۇم، شۇمۇ «خوپ ئىش» بولدى.
ئۇنىڭغا ئۇنىمىغاندا، قېيىناتاڭ بىلەن قېيىناناڭ «چىق!» دېسە،
چىقىپ كەتمەي نېمە ئىلاجىڭ بار؟ ۋىلايەت بۇياقتا تۇرسۇن، شاڭ-
خەيگە، بېيجىڭغا، ھەتتا چەت ئەلگە بارساڭمۇ شۇنداق. ئىشەنمى-
سەڭ، مانا بۇياقتىن سورا، بۇياق يېقىندىلا بېيجىڭدىكى پەرەڭلەر
مەكتىپىدە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن، — ئۇ سوزۇق ئېڭەك بىر
بايۋەچچىنى كۆرسەتتى، — شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— راست، — دېدى ئاستاغىنە سوزۇق ئېڭەك بايۋەچچە دەر-
ھال قەددىنى رۇسلاپ ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن.

ئەيگۇ پۈتۈنلەي يېتىمسىراپ قالغاندەك بولدى. دادىسى
گەپ ـ سۆز قىلمىدى؛ ئاكا ـ ئۇكىلىرى بولسا كېلەلمەيدۇ؛ ۋېي
ھەزرەت ئۇلارغا يان بېسىۋاتىدۇ، چى دارىنغىمۇ ئىشەنچ قىلغىلى
بولمايدۇ، ھەتتا موللا مۇشۈكتەك شۈمشىيىپ ئولتۇرغان ھېلىقى
سوزۇق ئېڭەك بايۋەچچىمۇ ھەدەپ «يالاقچىلىق» قىلماقتا. ئەيگۇ
تۇرلۇك ئوي ـ پىكىرلەر ئارقىسىدا، يەنە بىر قېتىم كۈرەش
قىلىشقا بەل باغلىغاندەك بولدى.

— نېمە، چى دارىيىنمۇ…— ئەيگۇنىڭ كۆزلىرىدىن تەئەججۈپ
ۋە گۇمان ئارىلاش ئۈمىدسىزلىك بەلگىلىرى كۆرۈنۈشكە

باشلىدى، — شۇنداق، مەن بولسام نادان ئادەم، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. ھەممە ئەيىب دادامدا، ئۇ ئىشنىڭ يولىنىمۇ بىلمەيدۇ، قېرىپ ـ ئالجىپ قالدى. «قېرى جوھۇت» بىلەن «قارا يۈز»گە يان بېسىپ، شۇلار نېمە دېسە ماقۇل دەپ تۇرىدۇ. ئۇلار بولسا ئۆز ئىشلىرىنى يەڭ ئىچىدە تۈگىتىۋېلىش ئۈچۈن باشقىلارغا خۇشامەت قىلىپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ كېتىشىدۇ...

— چى دارېن، قارىسىلا، — ئەيگۇنىڭ كەينىدە جىم تۇرغان «قارايۈز» بىردىنلا سۆزلەپ كەتتى، — چوڭلارنىڭ ئالدىدىمۇ ئاغزىنى بۇزۇۋاتقىنىنى. ئۆيدىكى چاغدىغۇ ھېچكىمگە ئارام بەرمەيدۇ. دادامنى: «قېرى جوھۇت»، مېنى بولسا: «قارا يۈز»، «ھارامدىن بولغان» دەپ تىللايدۇ.

— قايسى نائەھلىنىڭ بالىسى سېنى: «ھارامدىن بولغان» دەپتۇ؟ — ئەيگۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۈنلۈك سۆزلىدى. لېكىن يەنە چى دارېنغا قارىدى، — مېنىڭ جامائەت ئالدىدا دەيدىغان گەپلىرىم تېخى تۈگىمىدى، ئۇ مېنى «تېگى پەس»، «جوۋايىنمەك» دەپ، ھەمىشە تىللاپلا يۈردى. ھېلىقى جالاپ بىلەن چىقىشىۋالغاندىن بۇيان، ھەتتا ئاتا ـ بوۋامنىمۇ چىشلەپ تارتىدىغان بولدى. چى دارېن، لىللا گەپ قىلسىلا، بۇ...

ئەيگۇ تەنلىرى جۇغۇلداپ كەتتى ـ دە، دەرھال سۆزىنى توختىتىۋالدى. چۈنكى، چى دارېن كۆزىنى بىر ئالايتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ساقال باسقان ئاغزىنى ئېچىپ:

— ھەي...! — دەپ ۋارقىرىغانىدى.

ئەيگۇنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى ـ دە، يەنە بىردىنلا دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ خۇددى مۇدۇرۇپ سۇغا يىقىلىپ كەتكەندەك، ئەھۋال بىردىنلا ئۆزگەرگەندەك ھېس قىلدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

شۇ ئارىلىقتا، ئۇزۇن كۆك چاپان ئۈستىگە قارا جىلىتكە





كىيگەن بىر ئەر كىشى كىرىپ كەلدى ـ دە، چى دارېننىڭ ئالدىدا خۇددى قاققان قوزۇقتەك، قوللىرىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ تۇردى.

مېھمانخانىدا «تىرىك» قىلغان ئاۋازمۇ يوق. چى دارېن بىر نېمىلەرنى دېدى، ئۇنىڭ سۆزىنى ھېچكىم چۈشەنمىدى. لېكىن، ھېلىقى ئەر كىشى چۈشەندى ۋە چى دارېننىڭ بۇيرۇقى خۇددى ئۇنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭەكلىرىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەندەك، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەندەك:

— خوپ! — دەپ جاۋاب بەردى ۋە بىرنەچچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ـ دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەيگۇ، كۈتۈلمىگەن ۋەقە تۇغۇلىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، دەپ پەملىدى ۋە شۇ چاغدىلا چى دارېننىڭ سۆزىنى بىلدى، ئىلگىرى خاتا ئويلاپتىكەنمەن، شۇڭا ھەددىدىن ئېشىپ، قوپاللىق قىپتىمەن، دەپ ئويلاپ، پۇشايمان يېدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىچىلا:

— ئەسلىدىمۇ چى دارېننىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتىم... — دېدى.

مېھمانخانا جىمجىت. ئەيگۇ ناھايىتى ئاستا سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋېي ھەزرەتكە خۇددى گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلاندى، ئۇ خۇشاللىقىدىن:

— توغرا! چى دارېن ھەقىقەتەنمۇ ئادىل ئادەم، ئەيگۇ ئۆزۈڭمۇ ئوبدان بىلىسەن! — ئۇ ئەيگۇنى ماختاپ قويۇپ، يەنە جۇاڭ مۇسەنگە قارىدى، — جۇاڭ مۇسەن، قىزىڭىز ماقۇل كەلگەندىكىن، سىزنىڭ باشقا گەپ ـ سۆزىڭىز يوقتۇ؟ قىزىل ـ يېشىل قەغەزنى[25] ئالغاچ كەلگەنسىز، ئۆزىڭىزگىمۇ خەۋەر قىلغانىدىم، ئۇنداق بولسا، ھەممىڭلار چىقىرىڭلار...

ئەيگۇ دادىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر نەرسە ئېلىۋاتقانلىقىنى، ھېلىقى قوزۇقتەك تۇرىدىغان ئەر كىشىنىڭ يەنە قايتىپ كىرىپ تاشپاقىغا ئوخشاش قاپقارا، ياپىلاق بىر نەرسىنى چى دارېنغا سۇن-

غالىلىقىنى كۆرۈپ، ئىش چاتاق بولدى، دېگەن گۇمان بىلەن، دەرھال دادىسىغا تىكىلىپ قاراپ تۇردى. جۇاڭ مۇسەن جوزا ئۈستىدىكى بىر كۆك تۇگۇنچەكنى ئېچىپ، تەڭگىلەرنى چىقاردى.

چى دارېنمۇ ھېلىقى تاشپاقىغا ئوخشاش كىچىككىنە قاچىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئالىقىنىغا تۆكتى. ھېلىقى قوزۇقتەك تۇرىدىغان ئەر كىشى قاچىنى ئاچىقىپ كەتتى. چى دارېن بىر بارمىقىنى ھېلىقى ئالىقىنىغا تۆككەن نەرسىگە تەگكۈزۈپ، بۇرنىغا ئىككى قېتىم سۈرگەندى، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى ۋە بۇرۇتىنىڭ ئارىسى سارغىيىپ قالدى. ئۇ چۈشكۈرىدىغاندەك بۇرنىنى تۇردى.

جۇاڭ مۇسەن تەڭگە ساناۋاتاتتى، ۋېي ھەزرەت تېخى سانالمىغان تەڭگىدىن بىرئازنى «قېرى جوھۇت»قا قايتۇرۇپ بەردى، ئاندىن كېيىن ئىككى پارچە قىزىل - يېشىل قەغەزنى ئالماشتۇردى ۋە:

— مانا، قەغەزلەرنى قولۇڭلارغا ئېلىڭلار. جۇاڭ مۇسەن، ساق ساناپ ئېلىڭ. بۇ چاقچاق ئەمەس، پۇلنىڭ ئىشى··· — دېدى.

«ھەپ - چۈش!»

ئەيگۇ چى دارېننىڭ چۈشكۈرگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بۇرۇلۇپ قارىدى. چى دارېن ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە، بۇرنىنى تۇرۇپ، بىر قولىدا ھېلىقى «قەدىمكى كىشىلەر چوڭ ئادەملەرنى كېپەنلىگەندە سوڭىغا تىقىپ قويىدىغان» نەرسىنى بۇرنىغا سۈرتۈپ تۇراتتى.

جۇاڭ مۇسەن تەڭگىلەرنى ساناپ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ ھېلىقى قىزىل - يېشىل قەغەزنى قوللىرىغا ئېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى بىرئاز ئارامىغا چۈشكەندەك بولۇپ، ئىلگىرىكى تەقەززالىقلار بوشاشتى، مېھمانخانا بىردىنلا جىددىي-





لىكتىن ئازاد بولدى.

— پۈتتى. ئىش ئوڭىغا تارتتى، — دېدى ۋېي ھەزرەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرى بىلەن خەيرلىشىشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — ئەمدى باشقا گەپ - سۆز قالمىدى. ئىش خەيرلىك پۈتتى. قايتامسىلەر؟ ئالدىرىماڭلار، بىزنىڭ ئايەم شاراپىغا ئېغىز تېگىڭلار، بۇنداق پۇرسەتنىڭ كېلىشى ئاسان ئەمەس.

— ياق، نېسىۋىمىزنى ئېلىپ قويۇڭ، كېلەر يىل كېلەرمىز، — دېدى ئەيگۇ.

— رەھمەت، ۋېي ھەزرەت، رەھمەت. يەنە باشقا ئىش - كۈشلىرىمىز بار ئىدى···

جۇاڭ مۇسەن، «قېرى جوھۇت»، «قارايۈز» ۋە باشقىلار خوش ئېيتىشىپ قايتىشتى.

— ھە؟ نېمە؟ ئېغىز تەگمەمسىلەر؟ — ۋېي ھەزرەت ھەممىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ئەيگۇغا قاراپ سۆزلىدى.

— رەھمەت، تېگىل بولدى. رەھمەت.

1925 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

## ئىزاھلار:

(1) ساڭئۇ — ھازىرقى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ نىڭيۈەن ناھىيىسى تەۋە-
سىدە.

(2) شۈنپۇ — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قارا قۇرۇم تاغلىرى ئىچىدە
پىر - ئەۋلىيالار تۇرىدىغان ماكان.

(3) چۈي يۈەن (مىلادىيىدىن 340‍_278 - يىل بۇرۇن) —
ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە چۇ دۆلىتىدە ياشىغان
شائىر، چۇ خانىدانىدا باش مەسلىھەتچى بولغان. سىياسىي تەشەببۇسلىرى
ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىغا ياقمىغانلىقى ئۈچۈن، خان تەرىپىدىن خۇنەن تەرەپكە
سۈرگۈن قىلىنغان، شۇڭا غەزەپ ئىچىدە بۇ «ۋىدا»نى يېزىپ، قورسىقىدىكى
بۇ قىسسىنى چىقارغان.

(4) «تۆت كىتاب» — كۇڭ فۇزى تەلىماتى توغرىسىدىكى تۆت كى-
تاب: «مۇلاھىزە ۋە ئەڭگىمىلەر» («لۇنيۇ»)، «ئۇلۇغ تەلىمات» («دا-
شۆ»)، «چىنلىق توغرىسىدا تەلىمات» («جۇڭيۇن») ۋە «مېڭزى پەلسەپى-
سى» («مېڭزى»).

(5) خەنزۇلارنىڭ دىنىي ئادىتى بويىچە بەزى ياشانغانلار گۆش يېمەيدۇ.

(6) خەنزۇلار جەسەتنى ساندۇققا سېلىپ دەپنە قىلىدۇ.

(7) كۇڭ فۇزىنىڭ شېئىر كىتابى.

(8) خەنزۇ پەيلاسوپى مېڭزىنىڭ كىتابى.

(9) ئاياللارنىڭ مەردانىلىكى ھەققىدە يېزىلغان قەدىمكى كىتاب.

(10) بىر خىل خەنزۇچە تاماق.

(11) بۇ ئىنگلىزچە سۆزلەرنىڭ مەنىسى مۇنداق:

«مەرھەمەت قىلىڭ، سۆيۈملۈكۈم.»

«ئامرىقىم، ئۆزىڭىز باشلاپ بېرىڭ.»

«ياق، سىز ئىلتىپات قىلىپ باشلاپ بېرىڭ.»

(12) «سۆيۈملۈكۈم، مەرھەمەت، كىرىڭ»

(13) جۇڭگودا 1911 - يىلىدىكى ئىنقىلابقىچە پەقەت ئىبادەتخانا شەيخ-
لىرى بىلەن بۇۋىلىرىلا چاچلىرىنى قىرقىشاتتى. ئادەتتىكى ئەركەكلەر ئۇ-





زۇن چاچ قوياتتى، ئاياللار بولسا چاچلىرىنى تۈرۈپ يۈرۈشەتتى.

(14) old fool — قېرى كالۋا. (ئىنگلىزچە)

(15) جۇڭگو تارىخىدا مەشھۇر دانىشمەن ئايال — مۇڭزىنىڭ ئانىسى.

(16) مەنسەپدار بولغان دېمەكچى — مۇئەللىپنىڭ ئىزاھاتى.

(17) مىس كاسا — راخابچىلار خېرىدار چاقىرىش ئۈچۈن ئىككى مىس
قاچىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ جىرىڭلىتاتتى. — ت.

(18) سۇجۇ شەھىرىلىك ئاياللارنىڭ چاچنى تۈگۈپ تارىشى كۆزدە
تۇتۇلىدۇ. — ت.

(19) گاۋئېرجى دېگەن ئىسىم گوركىيغا تەقلىد قىلىنغان. خەنزۇلاردا
«گوركىي» دېگەن سۆز گاۋئېرجى دېيىلىدۇ.

(20) شىلە — ھون ئەۋلادى، مىلادىيە 333 - يىللىرى جۇڭگودىكى
16 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان خۇجاۋ دۆلىتىنى قۇرۇپ، پادىشاھ بولغان.

(21) «‹تارىخنامە› نىڭ شەرھى» — ت.

(22) كىتاب بېلىتى — كىتاب سېتىۋېلىشقا پۇل ئورنىدا ئىشلەيدىغان
بېلەت. تەھرىراتتىن قەلەم ھەققى ھېسابىغا بېرىلگەن. - ت.

(23) كۇنجۇت ۋە ياسمەن.

(24) ئوچاقنى چېقىش — خەنزۇلاردا زور ئاھانەتنىڭ
بەلگىسى. — ت.

(25) قىزىل - يېشىل قەغەز — نىكاھ قەغىزى.

# بیگی بیز بلغان کونا هیکایه

# مۇقەددىمە

بۇ كىچىككىنە توپلامنى يېزىشقا باشلىغاندىن تارتىپ پۈتتۈرگەنگە قەدەر ناھايىتى كۆپ ۋاقىت ئۆتتى، دېمەك، توپتوغرا 13 يىل بولدى.

«ئاسماننى ياماش» — ئىلگىرىكى ئىسمى «بۇجۇشەن» — سەرلەۋھىلىك بىرىنچى ماقالە 1922 - يىلى قىشتا پۈتكەنىدى. شۇ چاغدا قەدىمكى زامان ماتېرىياللىرىدىنمۇ، ھازىرقى زامان ماتېرىياللىرىدىنمۇ ھېكايە يېزىش خىيالىم بار ئىدى؛ «بۇجۇشەن» بولسا «نۈۋانىڭ تاشلارنى ئېرىتىپ ئاسماننى ياماشلىقى» دېگەن چۆچەك ئاساسىدا سىناق تەرىقىسىدە يېزىلغان بىرىنچى ماقالە. دەسلەپتە خېلى ئەستايىدىل يازدىم، بۇنىڭدا س. فرېئۇدنىڭ تەلىماتىنى[1] ئاساس قىلىپ، ئىجادىيەتنىڭ ئادەم ۋە ئەدەبىياتنىڭ مەنبەلىرىنى شەرھلەپ بەرمەكچىدىم. نېمە ئۈچۈندۇر، ئارىلىقتا يېزىشنى توختىتىپ قويۇپ، گېزىت كۆردۈم؛ بەختكە قارشى، كىمدۇر — ھازىر ئۇنىڭ ئىسمىدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ — بىرسىنىڭ ۋاڭ جىڭزى ئەپەندىنىڭ «رەيھانگۈلنىڭ ھىدى» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدىكى تەنقىدىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ، ياشلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ماقالىلەرنى يازماسلىقىنى كۆز يېشىم بىلەن تىلەيمەن[2]، دەپتۇ. بۇ يارىماس زەھەرخەندىلىك ماڭا كۈلكىلىك تۇيۇلدى. كېيىن ھېكايە يازغىنىمدا شۇنچە قىلسامۇ، قەدىمي پاسوندا كىيىنگەن بىر يىگىت نۈۋانىڭ چاترىقىدا پەيدا بولۇپ قالدى. مېنىڭ ئەستايىدىللىقتىن مۇغەمبەرلىككە ئۆتۈپ

قېلىشىمنىڭ ئېپتىداسى ئەنە شۇ. مۇغەمبەرلىك ئىجادىيەتنىڭ چوڭ دۈشمىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمدىنمۇ نارازى بولدۇم.

مەن ئەمدى ئۇنداق ھېكايىلەرنى ھەرگىز يازمايمەن. «چۇقان» نى رەتلەپ مەتبەگە تەييارلاش ۋاقتىدا ھەم ئېپتىداسى، ھەم تۈگەنچىسى بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇنى توپلامنىڭ ئاخىرىغا قىستۇرۇپ قويدۇم.

شۇ چاغدا بىزنىڭ تەنقىدچىمىز چېڭ فاڭۋۇ[3] ئەپەندى «ئىجادىيەت تەھرىراتى» نىڭ دەرۋازىسى بېشىدىكى «روھىي تەۋەككۇلچىلىك» دېگەن تۇغىنىڭ ئاستىدا پالتىسىنى تەڭلەپ تۇراتتى. ئۇ «چاكىنا» دېگەن بەتنامىنى چاپلاپ، «چۇقان» غا بىرنەچچە پالتا ئۇرۇپ، ئۇنى نابۇت قىلىپ، پەقەت «بۇجۇشەن» نىلا: «يارىماس يەرلىرى بولسىمۇ نادىر ئەسەر» دەپ ماختىدى. گەپنىڭ راستىنى قىلسام، بۇ باھا مېنى قايىل قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى بۇ باتۇرنى كۆزگە ئىلماسلىقىمغىمۇ سەۋەبچى بولدى. مەن «چاكىنا» لىققا زوقمەنمەن، «چاكىنا» بولۇپ قېلىشنىمۇ خالايمەن؛ تارىخىي ھېكايىلەردە، ھۆججەت ـ ئەسەرلەرنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ كۆرۈش، سۆزنى ئاساسلىق قىلىش كېرەك؛ بەزىلەر «پروفېسسورلارچە ھېكايە» دەپ تەنە قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ھېكايىلەرنى يېزىش ئاسان ئەمەس. ئەگەر ئازغىنە بىر ئاساسنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى خالىغانچە مۇبالىغە بىلەن تەسۋىرلەپ، شۇنىڭ بىلەن بىرەر پارچە ھېكايىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن دېيىلىدىغان بولسا، بۇنىڭغا ھېچقانچە ماھارەت كەتمەيدۇ، «بېلىق سۇ ئىچسە، ئۇنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇقلۇقىنى ئۆزى بىلىدۇ» دېگەندەك، چاكىنا سۆز بىلەن ئېيتسام، «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، «بۇجۇشەن» نىڭ كېيىنكى يېرىمى قولىنىڭ ئۈچىدىلا يېزىلغان، ئۇ نادىر ئەسەر دېيىشكە ھەرگىز يارىمايدۇ. مۇبادا كىتابخانلار بۇ تەۋەككۇلچىلىكنىڭ سۆزىگە ئىشىنىدىغان بولسا، چوقۇم خاتالىشىپ قالـ





دۇ، مەنمۇ خەقنى خاتالاشتۇرغان بولۇپ قالىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن «چۇقان» نى ئىككىنچى نەشرگە تەييارلىغاندا[4] شۇ بىر پارچە ماقالىنى چىقىرىپ تاشلىدىم، شۇ «روھ» نىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىر كالتەك سالغان بولدۇم — مېنىڭ توپلىمىمدا پەقەت «چاكىنا» لىقلا ئۆكتەملىك قىلىپ قېلىۋەردى.

1926 ـ يىل كۈزدە شيامېندىكى تاش ئۆيدە[5] ئۆزۈم يالغۇز تۇردۇم، دېڭىزغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كونا كىتابلارنى كۆردۈم، يېقىن ئەتراپىمدا ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق، كۆڭلۈم پەرىشان ئىدى. بېيجىڭدىكى «نامسىز تەھرىرات»[6] تىن ژۇرنالغا ماقالە سۈيلەپ كەينى ـ كەينىدىن خەت كېلىۋەردى. شۇ كۈنلەردە ئېقىم مەسىلىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگۈم كەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرگىمدە ئەسلىملەر بىخ سۈرۈپ چىقتى ـ دە، «كەچتە ئۈزۈلگەن سەھەر غۇنچىسى» ناملىق توپلامدىكى 10 پارچە ماقالىنى يازدىم؛ يەنە قەدىمكى رىۋايەتلەرنى ئاساس قىلىپ، «يېڭى تۈزۈلگەن كونا ھېكايىلەر» گە ئاتاپ سەككىز پارچە ماقالە تەييارلىماقچى بولدۇم. لېكىن، «ئايغا چىقىپ كېتىش » نى ۋە «قىلىچ» — بۇنىڭ ئېلان قىلىنغان چاغدىكى ئىسمى «قارىقاش» ئىدى — نى ئەمدىلا يېزىپ بولۇپ، گۇاڭجۇغا كېتىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش پۈتۈنلەي توختاپ قالدى. كېيىن ئاندا ـ ساندا بەزى ماتېرىيال تېپىلىپ، بەزى خام پارچىلەرنى يازغان بولسامۇ، رەتلەكسىز قېلىۋەردى.

مانا ھازىر ھەر ھالدا بىر كىتاب قىلىپ رەتلەپ چىقتىم. بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ خام پارچىلەر كۆپ، «ئەدەبىيات ھەققىدە» دىكى ئاتالمىش ھېكايە دېگەن نەرسە بىلەن ئاتاشقا ئەرزىمەيدۇ. ۋەقەلەرنىڭ باياندا بەزى كونا كىتابلارغىمۇ بىرئاز ئاساسلاندىم، بەزىدە لاپمۇ ئۇردۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى ئادەملەرگە بولغان ئىخلاسىم ھازىرقى ئادەملەرگە بولغان ئىخلاسىمغا يەتمىگەچكە، بەزىدە مەسخىرە قىلغان يەرلىرىممۇ يوق ئەمەس.

مانا ھازىر 13 يىل ئۆتتى، يەنىلا ئۆسەلگىنىم يوق، ھەقىقەتەن «بۇجۇشەن» (كەمتۈك تاغ) دەك بىر نېمە بولۇپ قالغان ئوخشايمەن؛ بىراق قەدىمكى ئادەملەرنى تېخىمۇ ئۆلۈك قىلىپ يازمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ھازىرچە مەۋجۇت تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولسا كېرەك.

1935 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

لۇشۈن





# ئاسماننى ياماش[7]

## 1

نۈۋا[8] بىردىنلا ئويغىنىپ كەتتى.

ئۇ چۈش كۆرۈۋېتىپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، لېكىن نېمە چۈش كۆرگەنلىكى ئېسىدە يوق. ئۇ نېمىدۇر بىرنېمە كەملىك قىلىۋاتقاندەك، نېمىدۇر بىرنېمە تولىمۇ ئوشۇقلۇق قىلىۋاتقاندەك، ناھايىتى خاپا. غۇرقىراپ چىقىۋاتقان ئىللىق شامال ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇچۇرۇپ ئالەمگە يايماقتا.

ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلىدى.

قىزغۇچ ئاسماندا بىرمۇنچە ماموق بۇلۇت ئەۋرىشىمدەك لەيلەپ ئۈزۈپ يۈرمەكتە؛ بۇلۇت ئارقىسىدىكى يۇلتۇزلار بىر پارقىراپ، بىر ئۆچۈپ جىمىرلىماقتا، ئاسماننىڭ بىر چېتىدىكى قانغا ئوخشاش قىپقىزىل بۇلۇت ئىچىدە قۇياش خۇددى قەدىمكى ماگما ئىچىدە ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئالتۇن ساققا ئوخشاش نۇر چېچىپ تۇرماقتا؛ يەنە بىر چەتتە بولسا چويۇنغا ئوخشاش مۇزدەك سوغۇق ۋە ئاپئاق ئاي. لېكىن قايسىسىنىڭ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە قايسىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن نۈۋانىڭ كارى يوق.

يەر - زېمىن زۇمرەتتەك كۆپكۆك، ھەتتا غازاڭلىمايدىغان قارىغايلارمۇ بۆلەكچىلا ياشىرىپ تۇرماقتا. قىزغۇچ ۋە ئاقۇچ ئېچىلىپ تۇرغان يوغان - يوغان گۈللەر يېقىن ئەتراپتا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، يىراقتىكىلىرى ئالىپاساق تۇمانلىق بىر كۆرۈنۈشتە ئەكس ئەتمەكتە.

«ئوۋۇش، ھېچقاچان بۇنداق پەرىشان بولغان ئەمەسمەن!» نۈۋا شۇ خىيال بىلەن بىردىنلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قۇيۇپ قويغاندەك تولۇق ۋە كۈچ يىغىپ تۇرغان بىلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ كېرىلگەنىدى، ئاسمان بىردىنلا ئۆز رەڭگىنى يوقىتىپ، ئاجايىپ بىر خىل ئەت رەڭ تۇسكە كىردى، شۇنىڭ بىلەن نۈۋانىڭ تۇرغان يېرىنى پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن بولمىدى.

نۈۋا ئەنە شۇ ئەت رەڭ بوشلۇقتا ماڭغىنىچە دېڭىز بويىغا يېتىپ باردى، ئۇنىڭ پۈتۈن قەددى ـ قامىتى قىزغۇچ نۇر دېڭىزىدا غايىب بولۇپ، پەقەت گەۋدىسىنىڭ مەركىزىلا ئاپئاق بىر نەرسىگىلا ئايلىنىپ قالدى. دېڭىز دولقۇنلىرىمۇ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، رەتلىك مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى، دولقۇندىن چاچراپ چىققان سۇلار ئۇنىڭ گەۋدىسىگە چېچىلماقتا. بۇ ئاپئاق كۆلەڭگە دېڭىزدا گويا تەرەپ ـ تەرەپكە چاچراپ كېتىدىغاندەك چايقالماقتا. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى بۇ ئەھۋالنى كۆرمەيتتى، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، يۇمشاق لايىنى چاڭگاللىۋالدى ۋە قولىدا بىر دەم ئەيلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قولىدا جۈغى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش كىچىككىنە بىر نەرسە پەيدا بولدى.

«مانا يەي، مانا يەي!» نۈۋا بۇ نەرسىنى ئۆزۈم ياسىدىم دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نەرسە ئەسلىدە لايىنىڭ ئۆزىدە ياڭيۇغا ئوخشاش تۇرغان بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلىپ، بۇنىڭغا ھەيران بولدى.

لېكىن بۇ ھەيرانلىق ئۇنى خۇشال قىلدى، ئۇ ئۆز ئىشىنى بۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان غەيرەت ۋە خۇرسەنلىك بىلەن داۋاملاشتۇردى، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلىدى...

«Nga! Nga!» ھېلىقى كىچىككىنە جانىۋارلاردىن سادا چىقتى.

«مانا يەي، مانا يەي!» نۈۋا يەنە ھەيران بولدى، ئۇنىڭ پۈتۈن





ۋۇجۇدىدىكى تەر تۆشۈكلىرىدىن نېمىدۇر، بىرنېمىلەر توزۇپ چىقىپ، يەر يۈزىنى سۇتتەك ئاپئاق بۇلۇت تۇمانلىرى قاپلىغاندەك بولدى، كېيىن ئۇ ئېسىنى يىغدى، ھېلىقى كىچىككىنە جانىۋارلارنىڭ ساداسىمۇ توختىدى.

«Agon, Akon!» دېدى ئۇلارنىڭ بەزىسى نۈۋاغا.

«ھا، ھا، ھا، جانىگەرلىرىم!» نۈۋا ئۇلارغا قارىدى ۋە لاي بارماقلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈپكىدەك ئاپئاق يۈزلىرىنى سىلىدى.

«uru Abaha!» دەپ كۈلدى ئۇلار. بۇ نۈۋانىڭ ئاسمان ـ زېمىن ئارىلىقىدا كۈلكىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمۇ بىرىنچى قېتىم ئاغزىنى يۇمالماي قالدى.

نۈۋا ئۇلارنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلىغاچ، ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ئۇ ياسىغان جانىۋارلار ئۇنىڭ چۆرىسىدە چۆرىدەپ تۇردى، لېكىن بارا ـ بارا يىراقلىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ سادالىرىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن نۈۋامۇ ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي، قۇلىقىغا كىرىپ تۇرغان ۋارى ـ ۋارىلاردىن بېشى قېتىشقا باشلىدى.

نۈۋا ئۇزۇن داۋام قىلغان خۇشاللىقتىن چارچاپ قالدى. ئۇنىڭدا دەرمان تامامەن دېگۈدەك تۈگىگەن، ئاق قۇدەك پەرلىرىمۇ قالمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بېشى قېيىپ، كۆزلىرى خىرەلەشكەن، ئىككى مەڭزىمۇ ئوتتەك قىزىشقا باشلىغانىدى. ئۇ كۆڭلى غەش ۋە ئىچى تىت ـ تىت بولغاندەك بولدى، شۇنداق بولسىمۇ يەنە تىنماستىن، ئىختىيارىنى يوقاتقان ھالدا ياسىشنى داۋام قىلىۋەردى.

ئاخىر، بەل ۋە پۇتلىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ ئاغرىشى ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ سىلىقراق تۇرغان ئېگىز تاغقا يۆلىنىپ تۇرۇپ ئاسمانغا قارىدى. ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار خۇددى بېلىق تەڭگىلىرىدەك ئۈزۈپ يۈرمەكتە؛ يەر بولسا كۆپكۆكچىلىك، نېمە

ئۇچۇندۇر، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ يەنىلا كۆڭلى خىرەلەشكەندەك بولۇپ، پەرىشانلىق بىلەن قولىنى ئۇزىتىپ بىر تارتقانىدى، تاغدىن ئۆسكەنچە ئالەمنىڭ بىر چېتىگە بېرىپ يەتكەن، ئاجايىپ غۇنچىلىرى ئەمدىلا ئېچىلىپ تۇرغان بىر توپ چىڭگىلەك يەرگە دالىيىپ چۈشتى، ئاق كۆكۈچ گۈل بەرگىلىرى يەر يۈزىگە تېرىلدى.

نۈۋا كېيىن قولىنى بىر شىلتىغانىدى، چىڭگىلەك سۈيۈق لاي ئىچىدە ئېغىنىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە سۈيۈق لايلارنى چاچراتتى، بۇ لايلار يەرگە چۈشكىنىدە نۈۋا ئىلگىرى ياسىغانغا ئوخشاش بىرمۇنچە كىچىك جانىۋارلارغا ئايلاندى. لېكىن، بۇلارنىڭ تولىسى كۆزگە سەت كۆرۈنىدىغان دەلتە، مايمۇن باش، چاشقان كۆز بىرنېمىلەر ئىدى. لېكىن نۈۋا بۇ بىرنېمىلەرگە پىسەنت قىلماي، ھەۋەس بىلەن ۋە لېكىن ئىچى تىتىلدىغان، ئوغىسى قايىنىغان ھالدا قولىنى ئايلاندۇرۇۋەردى، ئۇ قولىنى بارغانسېرى شۇنچە تېز ئايلاندۇردىكى، ھېلىقى چىڭگىلەك سۇ ۋە لايلىرى بىلەن يەردە خۇددى ئۇستىگە قايناق سۇ قۇيۇلغان چاققاق يىلانغا ئوخشاش تولغىنىپ دومىلاپ كەتتى. لايلارمۇ چىڭگىلەكتىن خۇددى يامغۇردەك چاچراپ، ھاۋادا قىيا - چىيا چۇقان سېلىپ يىغلاۋاتقان كىچىك جانىۋارلارنى ئايلىنىپ يەرگە چۈشتى.

نۈۋا خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئازلا قالدى، قولىنى تېخىمۇ تېز ئايلاندۇردى، لېكىن ئۇنىڭ بەل ۋە پۇتلىرى تېلىپ ئاغرىش بىلەن قالماستىن، ئىككى بىلىكىمۇ تېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا بېشىنى ئېگىز تاغقا يۆلەپ، تۇم قارا چاچلىرىنى تاغنىڭ ئۇستىگە ئارتىپ قويۇپ، زوڭزىيىپ ئولتۇردى، بىردەم ھاسىرىغاندىن كېيىن، بىر ئۇھ تارتىپ، ئىككى كۆزىنى يۇمدى. چىڭگىلەكمۇ ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ، يەردە خۇددى ھالدىن كەتكەندەك ئېزىلىپ ياتتى.





## 2

«گۇلدۇررر ! ! !»

ئاسمان كۈمتۈرۈلۈپ چۈشكەندەك، يەر يېرىلغاندەك چىققان بۇ ئاۋاز نۈۋانى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە نۈيۋا شەرقىي جەنۇب تەرەپكە سىرغىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك بولدى[9]. ئۇ بىرەر نەرسىگە پۇتىنى تىرەپ تۇرۇۋېلىش ئۈچۈن پۇتىنى ئۇزاتتى، لېكىن ھېچ نەرسە ئىلىنىشمىدى، شۇنىڭ بىلەن دەرھال قولى بىلەن تاغنىڭ چوققىسىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، تۆۋەنگە سىرغىپ كېتىۋېرىشتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

لېكىن، ئۇ يەنە سۇ، قۇم ۋە شېغىللارنىڭ ئارقىسىدىن بېشىغا ۋە پۇتۇن گەۋدىسىگە تۇرتەكلەپ كېلىۋاتقاندەك قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىغانىدى، ئاغزىغا ۋە قۇلاقلىرىغا سۇ كىرىپ كەتتى، ئۇ دەرھال بېشىنى تۆۋەن قىلىۋالغاندى، يەنە يەرنىڭ تىنماي لىغىلداپ تەۋرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. لېكىن، بۇ تەۋرەشمۇ بېسىقىپ قالغاندەك بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارقىسىغا بىرئاز سۈرۈلۈپ، مەزمۇت ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن قولىنى بوشىتىپ پېشانىسىدىكى ۋە كۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى سۇلارنى سۈرتۈپ، نېمە ۋەقە بولغانلىقىغا دىققەت بىلەن قارىدى.

ئەھۋالنى ئاڭقىرىش مۇمكىن ئەمەس، ھەممىلا يەردە خۇددى شارقىراتمىدەك سۇ شارقىراپ ئاقماقتا؛ ئېھتىمال بۇ دېڭىز ئىچى بولسا كېرەك، ئۇ يەر - بۇ يەردە سۇ دولقۇنى تىك كۆتۈرۈلمەكتە. نۈۋا ھاڭۋېقىپ قالدى.

لېكىن، ئاخىر جاھان تىنچىدى. تىك كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلار ئىلگىرىكى ئېگىز تاغچىلىك بولمىسىمۇ، قۇرۇقلۇقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە چوقچىيىپ تۇرغان دۆڭلەرگە ئوخشايتتى. نۈۋا دې-

ڭىزغا قاراپ تۇراتتى، بىرنەچچە تاغنىڭ دولقۇن ئىچىدە موللاقلاپ ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، شۇ تاغلار پۇتۇمغا ئۆرۈلۈپ كېتەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئارقىسىدىكى تاغنى قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇۋالدى، تاغنىڭ ئېتەكلىرىگە قارىسا، ئىلگىرى ئۇچرىتىپ باقمىغان بىر نەرسىلەر تۇگۇلۇپ يېتىپتۇ.

نۈۋا تاغنى ئالدىغا تارتىپ سىنچىلاپ قارىدى. ھېلىقى نەرسىلەرنىڭ يېنىدىكى يەرلەر تۈكۈرۈك بىلەن رەسۋا بولۇپ كەتكەن، بۇ تۈكۈرۈكلەر ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ كېپەكلىرىگە ئوخشايتتى(10)، بۇلارنىڭ ئارىسىدا چاپىنالغان قارىغاي يوپۇرماقلىرى ۋە بېلىق گۆشلىرىمۇ بار ئىدى. ھېلىقى نەرسىلەر ئاستا - ئاستا بىر - بىرلەپ بېشىنى كۆتۈردى. نۈۋامۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قارىدى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆزى ياسىغان ھېلىقى كىچىك جانىۋارلار ئىكەنلىكىنى خېلى تەسلىكتە بىلدى، لېكىن بۇ جانىۋارلار ئۆز تېنىنى نېمىدۇر بىر نەرسىلەر بىلەن غەلىتە - غەلىتە شەكىلدە ئورىۋالغان، بىرنەچچىسىنىڭ يۈزىنىڭ تۆۋەنكى يېرىمى ئاپئاق تۈك بىلەن قاپلانغان، بۇ تۈكلەر دېڭىز سۈيىدە بىر - بىرىگە چاپلىشىپ بىر پارچە ئاق تېرە يوپۇرماققا ئوخشاپ قالغان.

«مانا يەي، ۋاي ئاللىيەي!» نۈۋا ھەيران بولۇپ ۋە قورقۇپ ۋارقىرىدى، ئۇنىڭ بەدىنى خۇددى تىكەنلىك قۇرت چاققاندەك توخۇ ئەت بولۇپ كەتتى.

«ئى خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن…— يۈزىنىڭ تۆۋەنكى يېرىمىنى ئاپئاق تۈك قاپلاپ كەتكەن بىرسى بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھە دەپ قۇسۇپ تۇرۇپ ئاران سۆزلىدى، — ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن… بىز مۇلازىملىرىڭ … ئىلمىي ھېكمەت ئۆگەنگۈچى… بالا - قازا يۈز بېرىشىنى، ئاسمانۇ زېمىنىنىڭ يېرىلىشىنى نەدىن بىلەيلى … ھازىر … شۈكرى… خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە يولۇق-





تۇق… بىچارە بەندىلىرىڭگە شاپائەت قىل… ھېكمەتلىك… ھېكمەتلىك ئابىھايات دورىسىنى ئاتا قىلغايسەن…» ئۇ بېشىنى بىر يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بىر تۆۋەن سېلىپ، غەلىتە بىر ھەرىكەت قىلدى.

نۈۋا ھاڭ - تاڭ بولۇپ، يەنە: «نېمە؟» دېدى. ھېلىقى جانىۋارلارنىڭ بىرمۇنچىسى زۇۋان سۈردى، ئۇلار ھە دەپ قۇساتتى ۋە: «ئى خۇدا، ئى خۇدا» دەپ چۇقان سالاتتى، ئاندىن كېيىن يەنە غەلىتە ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. نۈۋا ئۇلارنىڭ دەستىدىن تىت - تىت بولۇپ، تاغنى ئالدىغا تارتقانلىقىغا، شۇنداق بىمەنە بالا - قازاغا سەۋەبچى بولغانلىقىغا ناھايىتى پۇشايمان قىلدى ۋە ئىلاجىسىز ئەتراپقا قاراپ، دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىر توپ يوغان تاشپاقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تولىمۇ خۇشال بولۇپ، دەرھال ھېلىقى تاغلارنى ئۇلارنىڭ دۈمبىسىگە قويۇپ: «تىنچراق بىر يەرگە ئاپىرىپ بېرىڭلار» دەپ جېكىلىدى. تاشپاقىلار بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولغاندەك قىلدى - دە، توپ بولۇپ تاغلارنى كۆتۈرگىنىچە يىراققا قاراپ ماڭدى. بىراق نۈۋا تاغنى دەسلەپتە تولىمۇ تېز تارتقانلىقى ئۈچۈن تاغدىن يۈزىدە ئاق تۈكى بار بىراۋ سىلكىنىپ چۈشۈپ كەتكەنىدى، ئۇ ئالدىدىكىلەرگە يېتىشەلمەي قالغانلىقى، سۇ ئۈزۈشنىمۇ بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن دېڭىز ياقىسىدا يېتىپ، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلىغىلى تۇردى. نۈۋانىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى، چۈنكى نۈۋانىڭ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا چولىسىمۇ تەگمەيتتى.

نۈۋا بىر ئۇھ تارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىچى - قارنى بىرئاز ئېچىلغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا قارىدى. سۇ خېلىلا سېلىكىپ، ئۇ يەر - بۇ يەردە يەر يۈزى، تاشلار كۆرۈنۈپ قالغانىدى، تاشلارنىڭ ئارىلىرىدا بىرمۇنچە جانىۋارلار تۇراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى خۇددى قېتىپ قالغاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى، بەزىسى

قىمىرلاپ تۇراتتى. نۇۋا ئۇلاردىن بىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تۈنىكە پارچىلىرى بىلەن قاپلانغان، چىرايىدىن ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ شۇنداقلا سورىدى نۇۋا.

— پەرياد! خۇدايىمدىن بالا - قازا كەلدى، — دېدى ئۇ ناھايىتى بىچارە ھالدا، — جۇەن شۈي يولسىزلىق قىلىپ، پادىشاھىمغا قارشى چىقتى، پادىشاھىم ئادالەتلىك جازا يۈرۈشى قىلىپ، دالىدا جەڭ قىلغاندى، خۇدايىم پاناھ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قوشۇنىمىز مەغلۇپ بولدى[11] ...

— نېمە؟ — بۇنداق گەپنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان نۇۋا ئىنتايىن ھەيران بولدى.

— قوشۇنىمىز مەغلۇپ بولدى، پادىشاھىم كەمتۈك تاغقا[12] ئۇسۇۋالدى، ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى سۇنۇپ، يەرنىڭ پۇتى ئۈزۈلدى. پادىشاھىممۇ ھالاك بولدى. ئاھ، ھەقىقەتەن بەك...

— بولدى، بەس، گەپلىرىڭنى چۈشەنمىدىم، — نۇۋا بېشىنى تولغاپ، يەنە بىر خۇشال ھەم مەغرۇر چىرايىنى كۆردى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىمۇ تۈنىكە پارچىلىرى بىلەن ئورالغاندى.

— ئۇ نېمە ئىش؟ — بۇ كىچىك جانىۋارلارنىڭ شۇنداق خىلمۇ - خىل چىرايىغا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئەمدىلا چۈشەنگەن نۇۋامۇ باشقىچىرەك، چۈشىنىشلىك جاۋاب ئېلىش نىيىتىگە كەلدى.

— ئادەملەردە ئىنساپ قالمىدى، كاڭ خۇي قارا نىيەت ئىكەن، پادىشاھلىق تەختىنى تالاشتى، پادىشاھىم ئادالەتلىك جازا يۈرۈشى قىلىپ، دالىدا جەڭ قىلدى، خۇدايىم كۈچ - قۇۋۋەت بەردى، قوشۇنىمىز كارامەت باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، كاڭ خۇينى كەمتۈك تاغدا ھالاك قىلدى[13] .





— نېمە؟ — نۇۋا يەنە چۈشەنمىدى بولغاي.

— ئادەملەردە ئىنساپ قالمىدى...

— بولدى، بەس، يەنە شۇ گەپقۇ! — نۇۋا ئاچچىقلانغانلىقىدىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى، ئۇ دەرھال ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، باشقا بىر نېمىلەرنى ئىزدەپ، ئۆزىنى تۈنىكە پارچىلىرى بىلەن ئورىمىغان، قىپيالىڭاچ بەدىنىدىن قان تېمىپ تۇرغان، جاراھەت بىلەن تولغان، پەقەت بېلىگىلا بىر پارچە لاتىنى تارتىۋالغان بىر نەرسىنى كۆردى. ئۇ باشقا بىر قېتىپ قالغاندەك سوزۇلۇپ ياتقان نەرسىنىڭ بېلىدىكى پارچە لاتىنى يېشىۋېلىپ، دەرھال ئۆزىنىڭ بېلىگە چىگىۋالدى، لېكىن ئۇنىڭ چىراي - تۇرقىدا بىرەر ئالامەت كۆرۈنمەيتتى.

نۇۋا ئۇنى ھېلىقى تۈنىكە پارچىلىرى بىلەن ئورىنىۋالغانلاردىن باشقا بىر ئۇرۇق بولسا كېرەك، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئۇققىلى بولار دېگەن خىيالغا كېلىپ:

— ئۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ نېمە ئىش، — دېدى ئۇ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ.

— باياتىنقى ئىشلار...!

— باياتىنقى ئىشلارمۇ؟

— ئۇرۇش بولدىمۇ - نېمە؟ — نۇۋا ئىلاجىسىز پەرەز قىلدى.

— ئۇرۇش بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇمۇ.

نۇۋا ئىچىگە دەم تارتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاسمانغا قارىدى. ئاسماندا ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ناھايىتى كەڭ بىر يېرىق كۆرۈندى. نۇۋا ئورنىدىن تۇرۇپ، تىرنىقى بىلەن چېكىپ كۆرۈۋىدى، خۇددى دەز كەتكەن غېدىرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋاز چىقتى. نۇۋا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئەتراپقا يەنە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى، بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن، چاچلىرىدىكى

سۇنى سىقىۋېتىپ، چاچلىرىنى ئوڭ ۋە سول مۈرىسىگە تاشلاپ، روھىنى تېتىكلەشتۈرۈپ، ئۇ يەر - بۇ يەردىن قومۇشلارنى يۇلۇشقا كىرىشتى: ئۇ «ياماپ كۆرەي» دېگەن نىيەتتە كەلدى.

ئۇ ئەنە شۇ كۈندىن تارتىپ كېچە - كۈندۈز قومۇش دۆۋىلەشكە كىرىشتى؛ قومۇش قانچىلىك دۆۋىلەنسە، ئۇمۇ شۇنچىلىك ياداپ - ئورۇقلاپ باردى. چۈنكى ئەھۋال ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى، بېشىنى كۆتۈرسە، مايماق - سايماق يېرىلىپ كەتكەن ئاسمان تۇرغان؛ بېشىنى تۆۋەن سالسا، مەينەت، ۋەيرانە يەر تۇرغان؛ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچقۇدەك، نەزىرىگە سىغقۇدەك بىرنەرسە كۆرۈنمەيتتى.

نۈۋا قومۇشنى يېرىققا تاقاشقۇچە دۆۋىلەپ، ئاندىن كېيىن كۆكۈچ تاش ئىزدەشكە كىرىشتى. دەسلەپتە ئاسمانغا ئوخشاش كۆكۈچ تاش ئىزدەش نىيىتىگە كەلگەنىدى، لېكىن يەردە ئۇنداق تاش ئاز ئىدى، چوڭ تاغنى ئىشلەتكۈسى كەلمىدى؛ بەزىدە ئاۋات يەرلەرگە پارچە - پۇرات تاشلارنى ئىزدەپ باردى، لېكىن ئۇ يەردە كۆرگەنلىرى مەسخىرە، تىل - ھاقارەت بولدى، بەزىلىرى ھەتتا تۇتۇق بەرمەي كەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ قولىنى چىشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نۈۋا نائىلاج ئاق تاشلارنى ئارىلاشتۇردى، ئۇلار يېتىشمىگەندە قىزىل، سېرىق، كۈلرەڭ، قارا تاشلارنىمۇ سەپلىدى؛ يېرىقنى ئاخىر ئەپلەپ - سەپلەپ تولدۇردى، ئوت يېقىپ ئېرىتىسلا ئىش تامام - ۋەسسالام بولاتتى، بىراق ئۇ ھارغانلىقىدىن كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، قۇلاقلىرى زىڭىلدىدى، بەرداشلىق بېرەلمىدى.

— ھەي... ھېچقاچان بۇنداق دەرمانسىزلانمىغانىدىم، — دېدى ئۇ بىر تاغنىڭ بېشىدا ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ، ھاسىراپ ئولتۇرغان ھالدا.

شۇ چاغدا كۇئېنلۇن تېغىدىكى كونا ئورمانلىقتا كۆيۈۋاتقان ئوت تېخى ئۆچمىگەنىدى، ئاسماننىڭ غەرب تەرىپى قىپقىزىل ئى-





دى. ئۇ غەرب تەرەپكە قاراپ قويدى - دە، شۇ يەردىن بىر چۈچۈلىنى ئېلىپ، قومۇش دۆۋىسىگە ئوت تۇتاشتۇرماقچى بولۇپ قولىنى شۇنداق سۇنۇۋىدى، پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىغا بىرنەرسە سانجىلغاندەك بولدى.

ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ قارىسا، يەنە ھېلىقى ئۆزى ياسىغان كىچىك جانىۋارلار تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇلار باشقىچە بىر قىياپەتتە تۇرغان، بەدىنىگە لاتىغا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى ساڭگىلىتىپ ئېسىۋالغان، بېلىگىمۇ باشقىچىلا ئون نەچچە تال پۇرۇچنى ئېسىۋالغان، بېشىغىمۇ نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى ئارتىۋالغان؛ چوققىسىدا بولسا كىچىككىنە قاپقارا ئۇزۇنچاق تۆت چاسا تاختاي[14]؛ قولىدا نېمىدۇر بىرنەرسە؛ ئۇنىڭ پۇتىغا ئەنە شۇ نەرسە سانجىلماقتا ئىدى.

چوققىسىغا ئۇزۇنچاق تۆت چاسا تاختاي ئېلىۋالغىنى نۈۋانىڭ چاترىقىدا تۇرۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىماقتا ئىدى، ئۇ نۈۋانىڭ ئىسسىق چىرايى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قولىدىكى ھېلىقى كىچىككىنە بىر نەرسىنى ئالدىراپ ئۇزاتتى. نۈۋا ئۇنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، ناھايىتى سىلىق بامبۇك تارىشىسى ئىكەن، ئۇنىڭدا قاپاق تېرەكنىڭ يوپۇرمىقىدىكى قارا داغلاردىنمۇ كىچىك ئىككى قارا چېكىت بار ئىكەن، نۈۋا بۇ ھۈنەرنىڭ نەپىسلىكىگە ناھايىتى قايىل بولۇپ قالدى.

— بۇ نېمە؟ — ئۇ ھەيران بولغىنىدىن ئىختىيارسىز سورىدى.

ئۇزۇنچاق تۆت چاسا تاختاينى كۆتۈرۈۋالغىنى بامبۇك تارىشىسىنى كۆرسىتىپ، خۇددى قىرائەت قىلغاندەك سۆزلەپ كەتتى:

— قىپيالىڭاچ، شەھۋانىيلىق — ئەخلاقسىزلىق، ئەدەپسىزلىك، پەزىلەتسىزلىك دېگەنلىك. بۇ ھايۋانلاردا بولىدىغان قىلىقلار، بۇنى دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە مەنئى قىلىش كېرەك.

نۈۋا ھېلىقى كىچىك تاختاينى كۆتۈرۈۋالغانغا بىر ئالىيىپ

قويدى ـ دە، ئۆزىنىڭ بىھۇدە سوراپ سالغانلىقىدىن ئەجەبلەندى. ئۇ بۇنداق بىرنېمىلەر بىلەن گەپلىشىشنىڭ بىھۇدە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئەسلىدىمۇ چۈشىنەتتى، شۇڭا يەنە ئېغىز ئېچىپ ئولتۇرماي، ھېلىقى تارىشىنى ئۇنىڭ چوققىسىدىكى تاختايغا قويۇپ قويۇپ، ھېلىقى چارسىلداپ كۆيۈۋاتقان ئورمانلاردىن كۆيۈپ تۇرغان بىر تۈپ دەرەخنى يۇلۇۋېلىپ، قومۇش دۆۋىسىگە تۇتاشتۇرماقچى بولدى.

بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى، لېكىن بۇ ئاۋاز ئىلگىرى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان بىرخىل ئاۋاز ئىدى. نۈۋا تۆۋەنگە قاراپ، تاختاي ئاستىدىكى كىچىك كۆزدە تېرىقتىنمۇ كىچىك ئىككى تامچە ياش تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇنىڭ ئىلگىرى كۆپ ئاڭلانغان «nga nga» دېگەن يىغا ئاۋازىدىن پۈتۈنلەي بۆلەكچە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭمۇ يىغا ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدى.

نۈۋا ئوتنى تۇتاشتۇردى، بىر يەردىن ئەمەس، بىرنەچچە يەردىن تۇتاشتۇردى.

ئوت ئانچە يالجىمىدى، چۈنكى قومۇش ھۆل ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ چارسىلداپ كۆيۈشكە باشلىدى، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئوت ئاخىر ئۇچ تارتىپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئوت بىر پەسىيىپ، بىر كۈچىيىپ، يەنە خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يالقۇنلىنىپ، يامراپ، كۈيىنلۈن تېغىدىكى قىزىل شولىلارنى بېسىپ چۈشتى، بوراننىڭ گۈركىرەپ چىقىشى بىلەن يالقۇن گۈرۈلدەپ يامراپ، كۆكۈچ تاشلارنىمۇ، باشقا رەڭدىكى تاشلارنىمۇ چوغقا ئايلاندۇردى، تاشلار ئېرىپ، يېرىقتا خۇددى ئۆچمەس چاقماقتەك يېيىلدى.

بوران ۋە ئوتنىڭ تەپتى نۈۋانىڭ چاچلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇرتتى، ئۇنىڭدىن خۇددى شارقىراپ قۇيۇلغان يامغۇردەك تەر تۆكۈلدى، ئۇنىڭ تېنى ئوتنىڭ تەپتى بىلەن كائىناتنى قىزغۇچ ئەت رەڭگە كىرگۈزدى.





يالقۇن بارا ـ بارا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قومۇشنىڭ كۈلىنىلا قالدۇردى. ئاسمان كۆكۈچ تۈسكە كىرگەندە، نۈۋا قولىنى ئۇزىتىپ سىلاپ كۆرۈۋىدى، قوللىرىغا يەنە بىر ئاز مۇدۇر ـ چوقۇر ئورۇلغاندەك بولدى.

«ھاردۇقۇمنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن تۇتۇش قىلاي» دەپ ئويلىدى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ كۈلنى چاڭگاللىۋېلىپ، يەردىكى سۇغا تاشلىدى، تېخى سوۋۇمىغان كۈل سۇنى قايىنىتىۋەتتى، كۈلنىڭ قىزىقىدا پۇرۇقلاپ چىققان سۇ ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىغا چېچىلغىلى تۇردى. بوران تېخى توختىمىغان، بوران كۈلنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، نۈۋانى كۈل رەڭگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

«ئۇف. . . ف ف!» نۈۋا دېمىنى ئالدى.

ئاسماننىڭ بىر چېتىدىكى قىپقىزىل قانغا ئوخشاش بۇلۇت ئارىسىدا نۇر چېچىپ تۇرغان كۈن قەدىمىي ماگما ئىچىدە خۇددى ئالتۇن توپقا ئوخشاش كۆرۈنۈپ تۇراتتى، يەنە بىر تەرەپتە بولسا چويۇنغا ئوخشاش ھەم سوغۇق، ھەم ئاق ئاي تۇراتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ قايسىسى ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، قايسىسى كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. شۇ چاغدا نۈۋانىڭ ئۆزىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سەرپ قىلىپ بولغان گەۋدىسى ئەنە شۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نەپەسلىرى توختىغان ھالدا دالىيىپ ياتاتتى.

ئاسماننىمۇ، يەرنىمۇ، تۆت ئەتراپنىمۇ جىمجىتلىق قاپلىغان.

## 3

بىر كۈنى ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى، لېكىن بىر غوۋغا ئاڭلاندى. دېمەك، ھەرەم قوشۇنلىرى قىرغىن قىلىپ كېلىپ قالغان. ئۇلار تۆت تۇتۇننىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ تۇرغاچقا كېچىكىپ كەلگەنىدى. ئۇلار سول تەرەپتىن بىر سېرىق پالتا، ئوڭ تەرەپتىن بىر

قارا پالتا، ئارقا تەرەپتىن ناھايىتى چوڭ، ناھايىتى كونا تۇغ كۆتۈرگەن ھالدا، خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك، نۈۋانىڭ جەسىتى يېنىغا كېلىشتى، لېكىن ھېچقانداق بىرەر ھەرىكەتنى كۆرمىدى. ئۇلار جەسەتنىڭ قورسىقى ئۈستىگە بارگاھ قۇردى، چۈنكى ئۇ يەر ھەممىدىن سېمىز ئىدى، ئۇلار بۇ يەرنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تاللىدى. بىراق ئۇلار بىردىنلا تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، پەقەت بىزلا نۈۋانىڭ قان - قېرىندىشى بولىمىز، دېيىشتى، تۇغدىكى قۇمۇچاق خەتلەرنى «نۈۋا ئانامنىڭ ئۈچەيلىرى»[15] دېگەنگە ئۆزگەرتتى.

دېڭىز بويىدا ماكانلىشىپ قالغان پېشقەدەم دەرۋىشمۇ سان - ساناقسىز ئەۋلاد سۈردى. ئۇ جان ئۈزۈش ۋاقتىدىلا پەرىشتىلەر تېغىنى دېڭىزغا كۆتۈرۈپ بارغانلىقىنى، بۇ مۇھىم ۋەقەنى شاگىرتلىرىغا سۆزلەپ بەردى، شاگىرتلىرى ئۆز پۇشتلىرىغا سۆزلەپ بەردى، كېيىن بىر مۇنەججىم خۇشامەت يۈزىسىدىن پادىشاھ چىن شىخۇاڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ، چىن شىخۇاڭ مۇنەججىمنى شۇ تاغنى ئىزدەشكە بۇيرۇپتۇ.

مۇنەججىم پەرىشتىلەر تېغىنى تاپالماپتۇ، چىن شىخۇاڭ ئاخىر ئۆلۈپتۇ؛ پادىشاھ خەن ۋۇدىمۇ تاغنى ئىزدەتتۈرۈپ تاپالماپتۇ.

تاشپاقىلار نۈۋانىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەن بولسا كېرەك، ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا، گېزى كېلىپ قالغاچقا، باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، قارىسىغا يۈدۈپ مېڭىپ بىر يەرلەرگە بارغاندىن كېيىن تارقىلىپ كېتىپ، ئۆز ئۇيقۇسىنى ئۇخلىغان بولسا كېرەك، پەرىشتىلەر تېغىمۇ سۇغا چۆكۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن تا ھازىرغىچە پەرىشتىلەر تېغىنى كۆرگەن ئادەم يوق، ھېچبولمىغاندا كۆرگەنلىرى بەدەۋىلەر ئاراللىرىدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

1922 - يىل 11 - ئايدا يېزىلدى.





# ئايغا چىقىپ كېتىش[16]

## 1

زېرەك ھايۋان ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنسە كېرەك. ئات ئۆينىڭ دەرۋازىسىنى كۆرۈش بىلەنلا مېڭىشىنى ئاستىلاتتى ۋە ئۈستىدىكى خوجايىنى بىلەن تەڭلا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، خۇددى گۈرۈچ سوقىسىدەك، ھەر قەدەمدە بېشىنى لىڭشىتقىلى تۇردى.

ھويلىنى گۇگۇم قاپلىغان. قوشنا ئۆيلەردىن قويۇق تۈتۈن چىقىپ تۇراتتى، كەچكى تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. خىزمەتكارلار ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغان ھالدا كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى، يى[17] ئەخلەت دۆۋىسى يېنىدا ئاتتىن چۈشتى، خىزمەتكارلار ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ۋە قامچىنى ئالدى. يى دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بېلىدىكى ساداقتىكى يېڭى ئوقلارغا ۋە توردىكى ئۈچ دانە قاغىغا، ئوق تېگىپ تىتما - تالاڭ بولۇپ كەتكەن بىر دانە قۇشقاچقا قاراپ قويۇپ، كۆڭلىدە ناھايىتى بىئارام بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، لېۋىنى چىشلەپ چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى؛ ساداقتىكى ئوقلار شاراقلاپ تۇراتتى.

ئىچكەركى ھويلىغا كىرىشى بىلەنلا، يۇملاق روجەكتىن بېشىنى چىقىرىپ قارىغان چاڭئېغا[18] كۆزى چۈشتى. ئۇ چاڭئېنىڭ كۆزى ئۆتكۈرلۈكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ بەلۋېغىمدىكى قاغىلارنى كۆرۈپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ھودۇقتى - دە، قەدىمىنىمۇ توختىتىۋالدى، شۇنداق بولسىمۇ نائىلاج ئىچكىرى

قاراپ ماڭدى. خىزمەتكار قىزلار ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ ئوقياسىنى ئالدى، بەلۋېغىدىكى تورنى يەشتى. ئۇنىڭغا بۇ خىزمەتكار قىزلار ھېجىيىۋاتقاندەك كۆرۈندى.

— ئاغىچا... — دەپ قىچقاردى ئۇ يۇز - كۆزلىرىنى سۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىۋېتىپ.

چاڭئې يۇمىلاق روجەكتىن تاشقىرىدىكى كۆگۈم ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى، ئاستا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان ھالدا قاراپ قويدى، لېكىن زۇۋان سۈرمىدى.

يى نىڭ بۇنداق ئەھۋالغا كۆنۈپ قالغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغانىدى، ئاز دېگەندە بىر يىلدىن ئاشتى. يى ئىچكىرى كىرىپ، ئۇدۇلدىكى مويلىرى چۈشۈپ كەتكەن كونا يىلپىز تېرىسى يېپىلغان كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، بېشىنى قاشلىغىنىچە دۇدۇقلاپ سۆزلىدى:

— بۈگۈنمۇ تەلىيىم كاجلىق قىلدى، يەنە شۇ قاغىلار...

— ھىم! — چاڭئې قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، غاچچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى شامالدەك تېز تاشقىرىغا قاراپ چىقىپ كېتىۋېتىپ غودۇڭشىدى، — يەنە شۇ قاغا گۆشىنى قىيما قىلىپ قورۇپ ئەتكەن لەڭمەنگە قاپتۇق - دە! قاغا گۆشىنى قىيما قىلىپ قورۇپ ئەتكەن لەڭمەن! چىقىپ سوراپ باق، قايسى ئۆيدىكىلەر ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا قاغا گۆشى بىلەن ئېتىلگەن لەڭمەن يەيدىكەن؟ شورۇم قۇرۇمىغان بولسا، مۇشۇنداقمۇ ئۆيگە ياتلىق بولۇپ كېلەرمىدىم؟! ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا قاغا گۆشى قىيمىسىدا ئېتىلگەن لەڭمەن يەۋەرسەم...

— ئاغىچا، — دېدى يى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىدىن ماڭغىنىچە پەس ئاۋاز بىلەن، — بۈگۈن ھەر ھالدا ياخشى، يەنە بىر قۇشقاچمۇ ئېتىۋالدىم، سىزگە قورۇپ بەرسۇن. ھوي سەككىزىنچى قىز! [19] — ئۇ خىزمەتكار قىزنى قىچقاردى، — ھېلىقى قۇشقاچنى ئەكىر، ئاغىچا كۆرۈپ باقسۇن.





ئوۋدىن چۈشكەن نەرسىلەر ئاشخانىغا ئەكىرىپ قويۇلغانىدى. سەككىزىنچى قىز يۈگۈرۈپ كىرىپ قۇشقاچنى تېپىپ، ئىككى قوللاپ كۆتۈرگىنىچە چاڭئېنىڭ ئالدىغا ئەكىردى.

— ھىم! — ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، ئاستا تۇتۇپ باققاندىن كېيىن خاپا بولدى، — تۇگەپتۇغۇ! تىتما - تالاڭ بولۇپ كېتىپتۇغۇ؟ گۆشى قېنى؟

— شۇنداق، — دېدى يى ھودۇقۇپ، — ئوقتا تىتىلىپ كېتىپتۇ. يايىم تولىمۇ قاتتىق، ئوقۇم تولىمۇ توم ئىدى.

— كىچىكرەك ئوق بىلەن ئاتساڭ بولماسمىدى؟

— كىچىكى يوق ئىدى. قاۋان توڭگۇز، توم يىلان ئاتقىنىمدىن[20] بۇيان ...

— بۇ قاۋان توڭگۇز، توم يىلانمىدى؟ — دېدى ئۇ ۋە سەككىزىنچى قىز تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، — بىر چىنە شورپا قىل! — دەپ قويۇپ، يەنە ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

دالان ئۆيدە پەقەت يى نىڭ ئۆزىلا قالغانىدى، ئۇ تامغا يۆلىنىپ، ئاشخانىدىكى ئوتنىڭ پاراسلاپ كۆيگەن ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۆتمۈشنى ئەسلىدى: ئۇ ۋاقىتتا ئۇچراتقان قاۋان توڭگۇز تولىمۇ چوڭ ئىدى. يىراقتىن قارىغاندا خۇددى بىر پارچە تۈپا دۆڭگە ئوخشايتتى، ئەگەر شۇ چاغدا ئاتماي قالدۇرۇپ قويغان بولسام، ھازىر يېرىم يىللىق ئوزۇق بولاتتى، ھەر كۈنى گۆش غېمىنى يەپ يۈرمەس ئىدىم. يەنە ھېلىقى توم يىلاننى قورۇما شورپا قىلىپ ئىچەتتۇق ...

ئىككىنچى قىز كىرىپ چىراغنى ياندۇردى. ئۇدۇل تامدا ئېسىقلىق تۇرغان قىزىل ياي، قىزىل ئوق، قارا ياي، قارا ئوق، كامالەك، قىلىچ ۋە خەنجەرلەر گۇڭگا چىراغ يورۇقىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. يى ئۇلارغا قاراپ قويۇپ خۇرسىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. شۇ چاغدا سەككىزىنچى قىز كەچلىك تاماقنى كۆتۈ-

رۇپ كىرىپ، دالاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جوزىغا قويدى، سول تەرەپ-
كە بەش چوڭ تاۋاق لەڭمەن، ئوڭ تەرەپكە ئىككى چوڭ تاۋاق
لەڭمەن، بىر تاۋاق شورپا قويدى؛ ئوتتۇرىغا قاغا گۆشىدىن قورۇل-
غان يوغان بىر تاۋاق سەي قويدى.

يى قاغا گۆشى قىيمىسىدا ئېتىلگەن لەڭمەننى يەۋېتىپ، ئۆ-
زىگىمۇ ھەقىقەتەن تېتىمىغانلىقى ئۈچۈن، چاڭئېغا كۆزىنىڭ قۇيى-
رۇقىدا قاراپ قويدى؛ چاڭئې قورۇما سەيگە قاراپمۇ قويماستىن،
لەڭمەنگە شورپىنى قۇيۇپ، يېرىم تاۋاق يېگەندىن كېيىن قالدۇ-
رۇپ قويدى. چاڭئېنىڭ چىرايى ئادەتتىكىگە قارىغاندا بىرئاز سار-
غىيىپ ياداپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، يى ئۇنىڭ ئاغرىپ قېلىشىدىن
ئەنسىرىدى.

ئېغىر ياتقۇ ۋاقتىدا، چاڭئې ئاچچىقىدىن بىرئاز يانغاندەك
بولۇپ، كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. يى بولسا
ئۇنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتتا مويى چۈشۈپ كەتكەن كونا يىلپىز تېرى-
سىنى سىلاپ ئولتۇردى.

— ھە، — دېدى يى سىلىق ئاۋازدا، — غەربىي تاغنىڭ بۇ
چىپار يىلپىزىنى بىزنىڭ تويىمىزدىن ئىلگىرى ئېتىۋالغانىدىم، ئۇ
چاغدا تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى، ھەممە يېرى ساپسېرىق ئالتۇن-
غا ئوخشايتتى، — ئۇ ئۆز ۋاقتىدا يېگەن نەرسىلىرىنى ئەسلىدى،
ئېيىقنىڭ تۆت ئالىقىنىنىلا يېگەن؛ تۆگىنىڭ لوكىسىنىلا قالدۇ-
رۇپ، قېپقالغان گۆشىنى خىزمەتكار قىزلارغا ۋە باشقا خادىملارغا
ئىنئام قىلىپ بەرگەن. كېيىنچە چوڭ ھايۋانلارنى ئېتىپ تۈگەت-
كەندە، ياۋا توڭگۇز، ياۋا توشقان ۋە قىرغاۋۇللارنى يېگەن؛ ئۇنىڭ
ئوۋچىلىق ماھارىتى يۇقىرى ئىدى. قانچىلىك ئاتىمەن دېسە شۇن-
چىلىك ئاتالايتتى، — ھەي. . . ي. . . ، — دېدى ئۇ ئىختىيار-
سىز ئاھ ئۇرۇپ، — ئېتىش ماھارىتىم تولىمۇ كارامەت ئىكەن،
ھەممىسىنى ئېتىپ تۈگىتىپ بوپتىمەن. ئۇ چاغلاردا قورۇپ يې-





يىشكە قاغىدىن باشقا نەرسە قالمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي…
— ھىم! — چاڭئې مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— بۈگۈن ھەر ھالدا تەلىيىم بار ئىكەن، — دېدى يى مۇ
خۇشال بولۇپ، — ھەر ھالدا بىر قۇشقاچ ئوۋلاپتىمەن. بۇنى 30
چاقىرىم يەرنى ئارىلاپ ئاران تاپتىم.
— يەنىمۇ يىراقراق يەرلەرگە بېرىپ باقساڭ
بولماسمىدى؟!
— شۇنداق، ئاغىچا، مەنمۇ شۇنداق خىيالغا كەلدىم. ئەتە
سەھەررەك تۇراي. ئەگەر سەن بالدۇر ئويغانساڭ، مېنى ئويغىتىپ
قوي. بۈگۈنكىدىن يەنە 50 چاقىرىم يىراقلىقتا بېرىپ، قارىقۇي-
رۇق بارمۇ، توشقان بارمۇ، قاراپ باقارمەن… لېكىن ئۇلارنىڭمۇ
تېپىلىشى ناتايىن. قاۋان توڭگۇزلارنى، تۈم يىلانلارنى ئېتىپ
يۈرگەن چاغلىرىمدا، ياۋايى ھايۋانلار شۇنچە كۆپ ئىدى. ئېسىڭدە
بولسا كېرەك، قېيناتامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن پات - پاتلا قارا
ئېيىق ئۆتۈپ تۇرىدىكەن، ماڭا بىرنەچچىنى ئاتقۇزغان…
— شۇنداقمۇ؟ — چاڭئې ئانچە ئېسىگە ئالالمىغاندەك قىلدى.
— ھازىر پۈتۈنلەي تۈگەپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن؟! كەلگۈ-
سى كۈنلىرىمىزنى قانداق ئۆتكۈزەرمىزكىنتاڭ. ماڭىغۇ ھېچ گەپ
ئەمەس، ھېلىقى دەرۋىش بەرگەن دورىنى يېسەم ئاسمانغا ئۇچۇپ
كېتەلەيمەن. لېكىن ئالدى بىلەن سېنىڭ غېمىڭنى يېمىسەم بول-
مايدۇ… شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتە يىراقراق يەرلەرگە بېرىپ كۆرەي…
— ھىم، — چاڭئې چاينى ئىچىپ بولۇپ، ئاستا يانپاشلاپ
ياتتى - دە، كۆزلىرىنى يۇمدى.

شام چىراغنىڭ يورۇقى ئۇنىڭ يۈزىدىكى قالدۇق ئۇپىغا چۈ-
شۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى سەل سارغىيىپ
قالغان، ئىككى قېشىغا سۈرتۈلگەن قاشلىقمۇ بىر - بىرىگە ئوخ-
شاش ئەمەستەك كۆرۈنەتتى، لېكىن كالپۇكلىرى ئىلگىرىكىدەك

قىزىل ئىدى، كۆلمىسىمۇ مەڭزىدىكى زىنىخى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ھەي. . . ي. . . ي، مۇشۇنداق ئادەمنى ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا قاغا گۆشى قىيمىسىدا ئېتىلگەن لەڭمەنگە قالدۇرغىنىمنى كۆرمەمدىغان! •••— يى ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن خىجىل بولۇپ، مەڭزى قۇلاقلىرىغىچە قىزىپ كەتتى.

## 2

كېچە تۈگەپ، ئەتىسى كۈنى.

يى بىردىنلا كۆزلىرىنى ئاچتى، غەربىي تامغا قىيا چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرىنى كۆرۈپ، خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. چاڭئېغا قارىسا، سۇنايلىنىپ شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان. يى چاپىنىنى ئاستا يېپىنچاقلاپ، يىلپىز تېرىسى سېلىنغان تۆشەكتىن چۈشۈپ دالان ئۆيگە چىقتى - دە، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇۋېتىپ، يەتتىنچى قىزنى ۋاڭ شېنغا ئاتنى ئېگەرلەپ قويۇشنى ئېيتىپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

يى ئىشى ئالدىراش بولغاچقا، ناشتىلىقنى خېلى بۇرۇندىنلا يېمەس[21] بولغانىدى. ئىككىنچى قىز بەش پارچە نانىنى، بەش تال سۇڭپىيازنى ۋە بىر بولاق لازىجاڭنى تور خالتىسىغا سېلىپ قويدى. يى بەلۋېغىنى چىڭىتىۋالغاندىن كېيىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دالاندىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئۇدۇللا كېلىۋاتقان يەتتىنچى قىزغا ئېيتتى:

— ئۇزۇقلۇق تېپىش ئۈچۈن بۈگۈن يىراقراق يەرگە بارماقچىمەن، كەچرەك قايتىپ كېلىشىم مۇمكىن، ئاغىچا ئويغانغاندىن كېيىن، ناشتىلىقنى قىلىپ بولۇپ بىرئاز كۆڭلى ئېچىلىپ قالغاندا ئېيتىپ قوي، كەچقۇرۇنلۇق تاماقنى بىرئاز كېچىكتۈرسۇن، مېنى كەچۈرسۇن، بىلدىڭمۇ؟ ئېيتىپ قوي، مېنى كەچۈرسۇن.





يى ئالدىراپ دەرۋازىدىن چىقىپ ئاتقا مىنىپ، قاتار تۇرغان خادىملارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، بىردەمدىلا مەھەللە ئىچىدىن چىقىپ كەتتى. ئالدى تەرىپى تولا مېڭىپ كۆزگە سىڭىش بولۇپ قالغان قىزىل قوناقلىق ئېتىزلىرى ئىدى، بۇ يەرلەردە ھېچ نەرسە يوقلۇقىنى بىلگەچكە، سەپسېلىپ قاراپمۇ قويمىدى. ئېتىنى قامچىلاپ، ئۇچقاندەك كېتىۋېرىپ، بىردەمدىلا 60 چاقىرىمچە يولنى بېسىۋەتتى. ئالدى تەرەپتىن ناھايىتى بۈك - باراقسان دەرەخزارلىق كۆرۈنگەندە، ئاتمۇ ھاسىراپ قارا تەرگە چۆمۈپ، ئاستىلاپ قالغانىدى. يەنە 10 نەچچە چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن دەرەخزارلىققا يېقىن يېتىپ باردى. لېكىن، قەيەرگىلا قارىسا سېرىق ھەرە، كېپىنەك، چۈمۈلە، چېكەتكە يۈرگەن؛ بۇ يەردە نە ئۇچار قۇش، نە ھايۋانات بولسا كاشكى. يى بۇ يېڭى جاينى كۆرۈپ، ھېچبولمىغاندا بىر - ئىككى تۈلكە ياكى توشقان باردۇر دەپ ئويلىغانىدى، مانا ئەمدى ئۇ ئويىنىڭ خام خىيال ئىكەنلىكىنى بىلدى. نائىلاج دەرەخزارلىقنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ قارىدى، دەرەخزارلىقنىڭ ئارقىسى كۆكىرىپ تۇرغان قىزىل قوناقلىق ئىدى، ئۇنىڭ نېرىسىدا ئۇ يەر - بۇ يەردە بىرنەچچە ئېغىز كېسەك ئۆي تۇراتتى. ھاۋا ئوبدان، لېكىن تىمتاس ئىدى.

«ئەستاغپۇرۇللا!» ئۇ دەردىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۈنلۈك تۇۋلىۋەتتى.

لېكىن يەنە 10 نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈرىكى يايراپ كەتتى، يىراقتىكى بىر كېسەك تاملىق ئۆينىڭ ئالدىدىكى تۈزلەڭ يەردە كەپتەرگە ئوخشايدىغان يوغان بىر قۇش دانلاپ يۈرەتتى. بۇنى كۆرگەن يى دەرھال ئوقيايىنى بەتلەپ ئېتىۋىدى، ئوق خۇددى ساقىغان يۇلتۇزدەك ئۇزۇپ ماڭدى.

ئۇنىڭ ئاتقان ئوقىنىڭ تېگىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ، ئوقنىڭ كەينىدىن ئىزدەپ بارسىلا، بىرەر نەرسىنى

تاپماي قويمايتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ يېقىن بارغاندا، ئوق قادىلىپ تۇرغان بىر چوڭ كەپتەرنى كۆتۈرگەن بىر موماي ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سەن زادى نېمە ئادەم؟ نېمىشقا شۇنچە ياخشى قارا مېكىيىنىمنى ئېتىپ ئۆلتۈرسەن؟ قولۇڭ شۇنچە قىچىشىپ كەتكەنمۇ؟…

يى نىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، ئۇ دەرھال ئېتىنى توختاتتى.

— ئاپلا! توخۇمىدى؟ مەن تېخى تۈزۈلغىمىكىن دەپتىمەن، — دېدى يى ئىستىھزا بىلەن.

— كۆزۈڭ يوقمۇ! ئۆزۈڭمۇ 40 نەچچە ياشقا كىرگەندەك تۇرىسەن.

— شۇنداق، ئاپا. بۇلتۇرلا 45 ياشقا كىرگەنمەن[22].

— چوڭ بولغىنىڭغا لەنەت! مېكىياننىمۇ تونۇماي، تۈزۈلغا دېگىنىڭنى قارا! سەن زادى نېمە ئادەم؟

— مەن يى دېگەن كىشى بولىمەن، — دېدى يى ۋە ئۆزى ئاتقان ئوققا قارىدى. ئوق دەل مېكىياننىڭ يۈرىكىگە تەگكەن، ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. ئۇ ئۆز سۆزىنىڭ ئاييغىنى بوشراق چىقاردى ۋە ئاتتىن چۈشتى.

— يى؟ … ۋاي تاڭەي. بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى موماي ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ.

— بەزىلەر ئېتىمنى ئاڭلاش بىلەنلا بىلىدۇ. ياۋ بېگىمنىڭ ۋاقتىدا بىرنەچچە ياۋا توڭگۇز، بىرنەچچە يىلان ئاتقانىدىم…

— ھاي، ئالدامچىلىق قىلما! ئۇنى فېڭمۇڭ بېگىم[23] بىلەن باشقىلار بىرلىكتە ئاتقان. سەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە بولغانسەن، لېكىن سەن ئىزا تارتماي، مەن ئاتقان دەۋاتىسىنا!

— ھە، ھە، ئاپا. فېڭمۇڭ دېگەن كىشى كېيىنكى بىرنەچچە





يىل ئىچىدە دائىم مېنىڭ يېنىمغا بېرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن شېرىك ئىش قىلىپ باقمىغان، ئۇ زادىلا مۇناسىۋەتسىز.

— يالغان. يېقىندىن بۇيان بەزىلەر دائىم شۇ گەپنى قىلىدۇ، بىر ئاي ئىچىدە ئۇ گەپنى تۆت - بەش قېتىم ئاڭلىدىم.

— ئۇنداق بولسا مەيلى. بىز جىڭ گەپنى قىلىشايلى. بۇ توخۇنى قانداق قىلىمىز؟

— تۆلەيسەن. بۇ ئۆيۈمدىكى توخۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ياخشى ئىدى، ھەر كۈنى تۇغۇپ تۇراتتى. سەن بۇنىڭ ھېسابىغا ئىككى دانە كەتمەن، ئۈچ دانە يىڭ تۆلەپ بەر.

— ئاپا، تۇرقۇمغا قارىمىدىڭىزمۇ، مەن ياكى دېھقانچىلىق قىلىدىغان، ياكى بوز توقۇيدىغان ئادەم بولمىسام، مەندە كەتمەن، يىڭ نېمە قىلسۇن؟! يېنىمدا پۇلمۇ يوق، ئاران بەش نان بار، خەيرىيەت، بۇغداي ئۇنىنىڭ نېنى، توخۇيىڭىزنىڭ ھېسابىغا شۇنى بېرەي، يەنە بەش تال سۇڭپىياز ۋە بىر بولاق لازىجاڭ بېرەي. قانداق دەيسىز؟…— يى بىر قولى بىلەن توردىكى ناننى ئېلىۋېتىپ، يەنە بىر قولىنى توخۇغا ئۇزارتتى.

موماي بۇغداي ئۇنىنىڭ نېنىنى كۆرۈپ بىرئاز يۇمشىدى، لېكىن ناندىن 15 نى بېرىسەن دەپ تۇرۇۋالدى. مەسلىھەتلىشىش نەتىجىسىدە 10 نانغا ماقۇل بولدى ۋە ئەتە چۈش ۋاقتىغىچە ئەكېلىپ بېرىسەن دەپ، توخۇنى ئاتقان ئوقنى گۆرۈگە تۇتۇپ قالدىغان بولدى. يى شۇ چاغدا خاتىرجەم بولۇپ، ئۆلۈك توخۇنى خالتىسىغا سېلىپ، ئېتىغا مىندى - دە، قايتىپ ماڭدى. ئۇ قورسىقى ئېچىپ تۇرغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە شادلاندى، چۈنكى ئۇلارنىڭ توخۇ شورپىسى ئىچمىگىنىگە بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ دەرەخزارلىقتىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە كۈن قايرىلغانىدى، شۇڭا ئېتىنى قامچىلاپ، ئۆيگە تېزرەك قايتىپ بېرىشقا ئالدىرىدى. بىراق، ئات ھېرىپ قالغاچقا، ھېلىقى كۆپ مېڭىپ ئادەتلىنىپ

قالغان قوناقلىقتا يېقىن بارغاندا دىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى؛ ئۇدۇلدىن بىراۋنىڭ لەپ قىلىپ ئۆتكەن قارىسى كۆرۈندى، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر پاي ئوق غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كەلدى(24).

يى ئېتىنى توختاتماي، ئۆز مېڭىشىغا قويۇپ بەردى ۋە ئوقياسىنى تارتىپ بىر پاي ئوق ئاتتى، ئۇ ئوق ۋىژ قىلىپ ئۇزۇپ، ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان ئوقنىڭ بېشىغا تەگدى ـ دە، ھاۋادا ئوت چاقنىتىپ، ئىككى پاي ئوق ∧ شەكلىدە تىرەجىشىپ، ئاخىر يەرگە چۈشتى. 1 ـ پاي بىر ـ بىرىگە ئەمدىلا تېگىپ تۇرغاندا، ھەر ئىككى تەرەپتىن يەنە ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ۋىژىلداپ كېلىپ، ئاسماندا تىرەجىشىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ توققۇز پاي ئوق ئېتىلدى، يى نىڭ ئوقلىرى تۈگىدى. لېكىن شۇ چاغدا يى فېڭمۇڭنىڭ مەغرۇر ھالدا ئۇدۇلدا تۇرۇپ، يەنە بىر پاي ئوقنى يايغا تارتىپ، دەل ئۆزىنىڭ بوغۇزىنى قارىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

«ھا ـ ھا! مەن تېخى ئۇنى دېڭىز بويىغا بېلىق تۇتقىلى كەتتى دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بۇ يەردە مۇشۇنداق تۈلكىلىك قىلىپ يۈرۈپتۇ ـ دە، شۇڭا ھېلىقى موماي ھېلىقى گەپلەرنى قىپتىكەن ـ دە!…» دەپ ئويلىدى يى.

شۇ چاغدا ئۇدۇلدىن كۆچەپ ئېتىلغان بىر پاي ئوق ۋىژىلدىغىنىچە توپتوغرا يى نىڭ بوغۇزىغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. ئېھتىمال، سەل قىڭغىر كەتكەن بولسا كېرەك، ئوق ئۇنىڭ دەل ئاغزىغا تەگدى. ئۇ ئوق بىلەن بىللە ئاتتىن موللاقلاپ چۈشتى، ئاتمۇ تۇرۇپ قالدى.

فېڭمۇڭ يى نىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاستا يېقىن كېلىپ، خۇددى بىر رومكا غەلىبە شارابىنى ئىچكەندەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆلگەن ئەپتىگە قاراشقا باشلىدى.

ئۇ قاراپ تۇرغاندا، يى كۆزلىرىنى ئېچىپ، بىردىنلا ئورنى-





دىن تۇرۇپ ئولتۇردى.

— 100 نەچچە قېتىم كەلگىنىڭ بىكار بولۇپ چىقتى، — دېدى ئۇ ئاغزىدىكى ئوقنى تۈكۈرۈۋېتىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ «ئېتىلىپ كەلگەن ئوقنى چىشلەپ تۇتۇۋېلىش» ھۈنىرىم بارلىقىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ بولماپتۇ، سېنىڭ بۇ ھۈنەرلىرىڭ كارغا كەلمەيدۇ. ئوغرىلىۋالغان مۇشت بىلەن ئىگىسىنى مۇشتلاپ ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ، ئۆزۈڭ ئوبدان مەشىق قىلغىنىڭ ياخشى.

— ئۆز يولى بىلەن ئۆزىنى باپلاش كېرەك… — دېدى غالىب تۆۋەن ئاۋاز بىلەن.

— ھا ـ ھا ـ ھا! — يى قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى، — يەنە كالامۇللادىن گەپ قىلغىلى تۇردۇڭمۇ. بۇ گەپلەرنىڭ بىلەن موماي‌لارنى ئالدىساڭ بولار، مېنىڭ ئالدىمدا نېمە شەيتانلىق قىلىسەن؟ مەن ئەزەلدىن ئوۋ ئوۋلاپ كەلگەن ئادەممەن، سېنىڭدەك يول توسۇپ ئەسكىلىك قىلىشنى بىلمەيمەن… — دېدى يى ۋە خالتىسىدىكى مېكىيانغا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ يانجىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىغا مىندى ـ دە، ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

— ئەجەل قوڭغۇرىقىنى چالدىڭ! … — يىراقتىن قارغىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

«شۇنداقمۇ شۇدىسىز بولامدۇ؟! ياپياش تۇرۇپ، ئادەم قارغاشنى ئۆگىنىۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان! شۇڭا ھېلىقى موماي ئۇنىڭغا شۇنچە ئىشىنىپ كېتىپتىكەن ـ دە» يى شۇنداق خىيال بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۈمىدسىزلىنىپ بېشىنى چايقىدى.

## 3

قوناقلىقتىن ئۆتۈپ بولمايلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى؛ قاراڭغۇ ئاسماندا يۇلتۇز كۆرۈنۈشكە باشلىدى، غەرب تەرەپتە چولپان پارقى-

راپ تۇرماقتا. ئات ئېتىز ئارىلىقىدىكى ئاپئاق كۆرۈنۈپ تۇرغان يولنى ئاران پەرق ئېتىپ ماڭماقتا، ئۇ ئالىقاچان ھېرىپ قالغاچقا تېخىمۇ ئاستا ماڭاتتى. بەختكە يارىشا ئاي بارا - بارا ئاپئاق نۇر چېچىشقا باشلىغان.

«ئەستاغپۇرۇللا! — يى قورسىقىنىڭ ئاچلىقتىن غۇلدۇرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بىئارام بولدى، — جان بېقىشنىڭ كويىدا ئالدىراپ يۈرسەم، ۋاقىتنى ھارام كەتكۈزىدىغان يوقىلاڭ چاتاقلارنىڭ قاقىلاق قىلغىنىنى كۆرمەمدىغان! ئۇ ئىككى پۇتى بىلەن ئاتنى دېۋىتىپ ئالدىرايتتى، لېكىن ئات ساغرىسىنى تولغاپ قويۇپ، ئىلگىرىكىدەكلا سەنتۈرۈلۈپ ئاستا مېڭىۋەردى.

«بۈگۈن تولىمۇ كەچكە قالدىم، چاڭئې تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرغاندۇ، — دەپ ئويلىدى يى، — ماڭا قانچىلىك ھومىياركىن. ھېلىمۇ ياخشى بۇ چۆجە مېكىيان بىلەن خۇش قىلىدىغان بولدۇم. ئۇنىڭغا، ئاغىچام، بۇنى 200 چاقىرىم يول يۈرۈپ ئاران تاپتىم، دەيمەن. ياق، بۇنداق دېسەم ئۆزۈمنى ئوخشاتقاندەك بولۇپ قالىدۇ.»

ئۇ مەھەللىدە چىراغ يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا خىيال سۈرۈشتىن توختاپ قالدى. ئاتمۇ قامچا يېمەستىن ئۆزىچە ئۇچقاندەك چېپىشقا باشلىدى. تولۇن ئاي يولنى يورۇتۇپ تۇراتتى، سالقىن شامال سوقۇپ تۇراتتى، مۇھىت گويا كاتتا ئوۋدىن قايتىپ كەلگەن چاغلاردىكىدىنمۇ پەيزىلىك ئىدى.

ئات ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ يېنىدا ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالدى. يى شۇنداق بىر قاراپلا ئەجەبلەندى، ئۆينىڭ ئىچى مالىماتاڭدەك بىلىندى. ئۇنىڭ ئالدىغا جاۋ فۇنىڭ ئۆزىلا يالغۇز چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە بولدى؟ ۋاڭ شىڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى يى ئەجەبلىنىپ.

— ۋاڭ شىڭ ياۋ ئاكامنىڭ ئۆيىگە ئاغىچا خېنىمنى ئىزدەپ





كەتتى.

— نېمە؟ ئاغىچام ياۋ ئاكىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنمىدى؟ — يى ئات ئۈستىدە ھەيرانلىقتا ئولتۇرغىنىچە سورىدى.

— شۇنداق… — جاۋ فۇ جاۋاب بېرىۋېتىپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ۋە قامچىنى ئالدى.

يى شۇ چاغدا ئاتتىن چۈشۈپ، دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىۋېتىپ خىيال سۈرۈپ قالدى ۋە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يەنە سورىدى:

— تولا كۈتۈپ بىتاقەت بولۇپ، ئۆزى ئاشپۇزۇلغا كەتكەن بولمىغىيدى؟

— شۇنداق… ئۈچ ئاشپۇزۇلنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ سۈرۈشتۈردۈم، يوق ئىكەن.

يى بېشىنى سىلىپ، خىيال بىلەن ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۈچ خىزمەتكار قىز دالاننىڭ ئالدىدا ھودۇقۇپ تۇراتتى. يى تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئۈنلۈك سورىدى:

— ھەممىڭ ئۆيدە بارمىدىڭ؟ ئاغىچام ياۋ ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئەزەلدىن بارمايتتىغۇ؟

خىزمەتكار قىزلار جاۋاب بەرمەي، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ بېلىدىكى ئوقيا ۋە ساداقنى، چۆجە مېكىيان سېلىنغان تور خالتىنى يەشتى. چاڭئې ئاچچىقىغا پايلىماي كەم ئەقىللىق قىلمىغىيدى دېگەن خىيال بىلەن يىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدىدى - دە، جاۋ فۇ ئارقا ھويلىدىكى كۆلچەك بويىدىكى دەرەخكە چىقىپ قاراپ باقسۇن دەپ، يەتتىنچى قىزنى بۇيرۇدى. لېكىن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىش بىلەنلا ئۆزىنىڭ بۇ پەرىزىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى بىلدى: ئۆينىڭ ئىچىمۇ ناھايىتى مالىماتاڭ، كىيىم ساندۇقلىرى ئوچۇق. ئۇ كات ساندۇقىنىڭ ئىچىگە قاراپ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئالتۇن جابدۇق قۇتىسىنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا ئۇ خۇددى بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ

قۇيۇلغاندەك بولدى. ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىتنىڭمۇ كارى چاغلىق، لېكىن ھېلىقى دەرۋىش بەرگەن مۆجىزە دورىمۇ شۇ ئالتۇن جابدۇق قۇتىسى ئىچىدە ئىدى.

يى ئۆيدە ئىككى پىرقىرىغاندىن كېيىن، ۋاڭ شېڭنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— غوجام، — دېدى ۋاڭ شېڭ، — ئاغىچا خېنىم ياۋ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بارماپتۇ؛ ياۋ ئاكىلارمۇ بۈگۈن ماجاڭ ئويناپتۇ.

يى ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، گەپ قىلمىدى. ۋاڭ شېڭ چىقىپ كەتتى.

— غوجام، مېنى چاقىرتتىلىمۇ؟ ...— دېدى جاۋ فۇ ئىچكىرى كىرىپ.

يى بېشىنى چايقاپ، قولىنى شىلتىپ، ئۇنىمۇ چىقىرىۋەتتى.

كېيىن ئۇ يەنە ئۆيدە بىرنەچچە ئايلىنىپ، دالانغا چىقىپ ئولتۇردى - دە، ئۇدۇل تامدىكى قىزىل ياي، قىزىل ئوق، قارا ياي ۋە قارا ئوق، كامالەك، قىلىچ ۋە خەنجەرلەرگە قاراپ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن، پەگاھدا تىك تۇرغان خىزمەتكار قىزلاردىن سورىدى:

— ئاغىچا خېنىم قاچاندىن بۇيان يوقىلىپ كەتتى؟

— چىراغ ياققاندىن كېيىن كۆرۈنمىدى، — دېدى ئىككىنچى قىز، — لېكىن ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ.

— ئاغىچا خېنىمنىڭ قۇتىدىكى دورىنى يېگىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟

— ياق، لېكىن ئۇ چۈشتىن كېيىن ماڭا چاي قۇيدۇرۇپ ئىچكەنىدى.

يى خۇددى يەر يۈزىدە ئۆزى يالغۇز تاشلىنىپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.





— بىرەر نەرسىنىڭ ئاسمانغا ئۆرلەپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى يى.

— ھە، راست! — دېدى سەككىزىنچى قىز بىرئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئېسىنى يىغقاندەك، — مەن چىراغنى ياندۇرۇپ بولۇپ تاشقىرىغا چىققان چېغىمدا، بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ ئاشۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋىدىم، ئۇ چاغدا نەدىن بىلەي، ئاغىچا خېنىمنىڭ ...— ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى.

— چوقۇم شۇ! — يى يوتىسىغا بىرنى ئۇردى - دە، غاچچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاشقىرىغا چىقتى ۋە سەككىزىنچى قىزدىن سورىدى، — قايسى تەرەپكە؟

سەككىزىنچى قىز قولى بىلەن كۆرسەتتى، يى شۇ تەرەپكە قارىدى، ئۇ تەرەپتە، ئاسماندا تولۇن ئاي تۇراتتى، ئايىنىڭ ئىچىدە راۋاق، پەشتاق ۋە دەل - دەرەخلەرمۇ غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يى بالا ۋاقتىدا چوڭ ئانىسى سۆزلەپ بەرگەن گۈزەل كۆرۈنۈشلەر، ئايىنىڭ مەنزىرىسى غۇۋا يادىغا كەلدى. ئۇ خۇددى كۆپكۆك دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەنگە ئوخشاش كۆرۈنۈپ تۇرغان ئايغا قاراپ، لاسسىدە بولۇپ قالدى.

ئۇ بىردىنلا قەھر - غەزەپكە كەلدى، قانغا تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، خىزمەتكار قىزلارغا ۋارقىرىدى:

— قۇياشنى ئاتقان ئوقيايىمنى ئەكەل! ئۈچ تال ئوقمۇ ئەكېلىش!

ئىككىنچى قىز بىلەن سەككىزىنچى قىز دالان ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ يايىنى ئېلىپ، ئۈستىدىكى توپا - توزانلارنى سۈرتۈپ، ئۈچ تال ئۇزۇن ئوقى بىلەن بىللە ئۇنىڭغا بەردى. ئۇ بىر قولىدا يايىنى كېرىپ، يەنە بىر قولىدا ئۈچ تال ئوقنى يايغا تارتىپ، ئايغا توغرىلىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى گويا خادا تاشقا ئوخشاش تىك

تۇراتتى، كۆزلىرىدىن پالىلداپ نۇر چاقناپ تۇراتتى، ساقاللىرى يېيىلىپ، دىرىلدەپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ تۇرقى گويا ئىلگىرى قۇياشنى ئاتقان[25] چاغدىكىدەك كۆرۈنەتتى.

«ۋىژ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئۇچ ئوقنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتتى، چۈنكى بىرىدىن كېيىن يەنە بىرىنى ئاتقان بولغاندىكىن، كۆزدىمۇ ئۇلارنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولمايتتى، قۇلاقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى پەرقلەندۈرۈپ ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ئەسلىي يى ئۇچ ئوق ئاتقان بولسىمۇ، ئوقلار ئارقا - ئارقىدىن ئۇلىنىپ، قىلچە نېرى - بېرى بولماي، بىرلا يەرگە بېرىپ تېگىشى كېرەك ئىدى، ئەمما يى چوقۇم تەگسۇن دەپ، قولىنى سەل مىدىرلىتىپ ئوقنى ئۇچ يەرگە تەگكۈزدى.

خىزمەتكار قىزلار ئاينىڭ بىر سىلكىنگىنىنى كۆرۈپ، يىقىلىپ چۈشىدىغان ئوخشايدۇ دەپ چۇقان كۆتۈردى، لېكىن ئاي قىلچە زەخىملەنمىگەندەك، يەنىلا ئامان - ئېسەن تۇرۇۋەردى. تېخىمۇ يېقىملىق، تېخىمۇ يورۇق نۇرىنى چېچىپ تۇرۇۋەردى.

يى ئاسمانغا بىردەم قاراپ: «ھەي! » دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى، لېكىن ئاي ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ئالدىغا ئۇچ قەدەم مېڭىۋىدى، ئاي ئارقىسىغا ئۇچ قەدەم ياندى؛ يى مۇ ئۇچ قەدەم ئارقىسىغا يېنىۋىدى، ئاي ئۇچ قەدەم ئالدىغا كەلدى.

ھەممە ئادەم شۈك بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ چىرايىغا قارىدى.

يى قۇياشنى ئاتقان ئوقياسىنى ھەپسىلىسى پىر بولغان ھالدا دالاننىڭ ئىشىكىگە يۆلەپ قويۇپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، خىزمەتكار قىزلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردى.

— ھە، — دېدى يى ئولتۇرۇپ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئاغىچا خېنىمىڭلار مەڭگۈ ئۆزى يالغۇز ئاسمانغا چىقىپ كېتىشكە قانداقمۇ چىدىغاندۇ؟ مېنى قېرىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ قارىغان ئوخشىمامدۇ؟ لېكىن ئۇ ئالدىنقى ئايدا ماڭا، سەن





قېرى ئەمەس، ئەگەر قېرىپ قالدىم دەپ تەن ئالساڭ، بۇ ئىدىيەڭدە چۈشكۈنلەشكەنلىكىڭ، دېگەنىدىغۇ!

— ئۇنداق بولمىسا كېرەك، — دېدى ئىككىنچى قىز، — بەزىلەر سىزنى ھازىرمۇ جەڭچى دەيدۇ.

— بەزىدە ھەتتا سەنئەتكارغا ئوخشاش كۆرۈنىسىز، — دېدى سەككىزىنچى قىز.

— كاپىششىما! ... بىراق قاغا گۆشى قىيمىسىدا ئېتىلگەن لەڭمەن ئېغىزغا ھەقىقەتەن تېتىمايدۇ، ئۇ شۇنىڭغا تاقەت قىلالمىدىغان - دە...

— ئاۋۇ يىلپىز تېرىسى بىلەن ياسالغان كۆرپىنىڭ موييى چۈشۈپ كەتكەن يېرى تولىمۇ سەت كۆرۈنىدىكەن، تام تەرەپتىكى پاچىقىدىن ئازراق كېسىپ ياماپ قوياي، — دېدى سەككىزىنچى قىز ۋە ئىچكەركى ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— توختا، — دېدى يى بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭغا ئالدىراش يوق. مېنىڭ قورسىقىم تازا ئېچىپتۇ، دەرھال لازا بىلەن بىر تەخسە توخۇ گۆشى قورۇپ، بەش جىڭ نان بىلەن بېرىڭلار، قورساقنى تويغۇزۇپ ئۇخلىۋالاي. ئەتە يەنە ھېلىقى دەرۋىشنى تېپىپ، مۆجىزە دورىدىن ئالاي، ئۇنى يەپ ئاغىچامنى ئىزدەپ باراي. يەتتىنچى قىز، سەن چىقىپ ۋاڭ شېڭغا ئېيت، ئاتقا تۆت كۈرە قوناق تۆكۈپ بەرسۇن!

1926 - يىل 12 - ئايدا يېزىلدى.

# توپاننى تىزگىنلەش[26]

## 1

ئۇ چاغ «كەلدى قازا - ئاپەت دەھشەت توپاندىن، ساق قالمى-
دى نە تاغ، نە باغ بۇ سەلدىن» دېگەندەك بىر چاغ ئىدى؛ لېكىن
شۇن[27] شاھىمنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسىمۇ سۇدىن چوقچىيىپ
چىقىپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىغا قاۋلىپ قالماستىن، بەزىسى
دەل - دەرەخلەرگە چىقىۋالغان، بەزىسى سالغا چۇشۇۋالغانىدى؛
سالنىڭ بەزىسىدە كىچىككىنە كەپىلەر بولۇپ، قىرغاقتىن قارىغاندا
ناھايىتى پەيزى كۆرۈنەتتى. يىراق يەرلەرنىڭ خەۋەرلىرى سالدىكى-
لەردىن تارقىلىپ كېلىپ تۇراتتى. ئاخىر ھەممىمىزگە مەلۇم
بولدىكى، گۇن بېگىم سەلنى توپان سۇيىنى توپتوغرا توققۇز يىل
تىزگىنلەپ ھېچبىر نەتىجە چىقىرالمىغانىكەن، پادىشاھئالەم قەھر
- غەزەپكە كېلىپ، ئۇنى يۇشەن تېغىغا سۇرگۇن قىلىۋېتىپتۇ.
ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى، ئەركىلەتمە ئىسمى ئايۇ[28] دەپ ئاتىلىدىغان
ۋېنمىڭ دېگەن بەگزادىنى تەيىنلەپتۇ.

ئاپەت ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلغاچقا، ئالىي مەكتەپلەر ئاللىقا-
چان تارقىلىپ كەتكەن، ھەتتا باللار باغچىسى ئاچقۇدەك ئورۇنمۇ
قالمىغانىدى، شۇنىڭ ئۇچۇن پۇقرا بىر ئاز ئەلەڭگۇلۇكتە قالغانى-
دى. پەقەت «مەدەنىيەت تېغى»[29] ئۇستىدىلا بىرمۇنچە ئالىملار
توپلىشىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقلىرى يەككە
قولىلۇقلار دۆلىتىدىن ھاۋا كېمىسى بىلەن توشۇپ كەلتۈرۈ-





لەتتى[30]، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار ئاشلىقى ئۆكسۈپ قېلىشتىن غەم
قىلمايتتى ۋە شۇنىڭ ئۇچۇن ئىلىم تەتقىقاتى بىلەن بىمالال شۇغۇل-
لىنىۋېرەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى يۇگە قارشى ئىدى، ھەتتا
دۇنيادا يۇ دېگەن ئادەمنىڭ راست بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

ئادەتتە ھەرئايدا بىر قېتىم ئاسماننىڭ قاپ بېلىدىن ھوڭۇلدى-
غان ئاۋاز كېلەتتى، بۇ ئاۋاز قاتتىق چىققانسېرى ھاۋا كېمىسى
ئېنىق كۆرۈنەتتى، كېمىگە بىر بايراق قادالغان، ئۇ بايراققا سى-
زىلغان سېرىق چەمبىرەك يالتىراپ تۇراتتى. كېمە يەرگە بەش چى
قالغاندا، بىرنەچچە سېۋەتنى ساڭگىلىتاتتى، باشقىلار ئۇنىڭ ئىچى-
دە نېمە بارلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن كېمىدىنمۇ، تاغ بېشىدىنمۇ
مۇنداق سۆزلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

— گودمورنىڭ!
— خاۋدويۇدو![31]
— كالدۇر - كۇلدۇر...
— OK![32]

ئۇچار كېمە يەككە قولىلۇقلار دۆلىتىگە قاراپ ئوقتەك ئۇچۇپ
كېتەتتى، ئاسماندا ھېچقانداق سادامۇ قالمايتتى، ئالىملارمۇ تىم-
تاس بولۇپ قالاتتى، چۇنكى شۇ چاغدا ئۇلار تاماق يەپ ئولتۇراتت-
تى. پەقەت تاغ ئەتراپىدىكى سۇ ئۆركەشلەپ تاغقا سوقۇلۇپ،
شاۋقۇن چىقىراتتى.

چۇشلۇك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ تۇرغان ئالىملار تېخىمۇ تې-
تىكلىشىپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇھاكىمىلىرى شاۋقۇننى بېسىپ
كېتەتتى.

— يۇ توپاننى تىزگىنلەش ئۇچۇن كەپتۇ، ئەگەر ئۇ گۇننىڭ
ئوغلى بولىدىغانلا بولسا، ئۇمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالماي-
دۇ، — دېدى ھاسا تاياق تۇتۇۋالغان ئالىم، — مەن ئۆز ۋاقتىدا
بىرمۇنچە شاھ - سۇلتانلارنىڭ، ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ۋە كاتتا

بايلارنىڭ شەجەرىلىرىنى توپلاپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈپ، كاتتا ئادەملەرنىڭ پەرزەنتلىرى كاتتا بولىدۇ، يامان ئادەملەرنىڭ پەرزەنتلىرى يامان بولىدۇ، «ئىرسىيەت» دېگەن گەپ ئەنە شۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنىدىم. دېمەك، گۇن نەتىجە چىقىرالمىغانىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى يۇمۇ نەتىجە چىقىرالمايدۇ، چۈنكى نادان ئادەمدىن دانا بالا چىقمايدۇ!

— OK! — دېدى ھاسا تاياقسىز ئالىم.

— بىراق، بىزنىڭ شاھىنشاھىمىزنى[33] كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ، — دېدى يەنە بىر ھاسا تاياقسىز ئالىم.

— ئۇ ئىلگىرى بىر ئاز «تەرسا» ئىدى، لېكىن ھازىر ئوڭلىنىپ قالدى. ئەگەر ئۇ نادان بولغان بولسا، مەڭگۈ ئوڭلانمىغان بولاتتى...

— OK!

— بۇ، بۇ، بۇ گېپىڭلار قۇرۇق گەپ، — دېدى يەنە بىر ئالىم كېكەچلەپ. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ چاناقلىرى كېرىلىپ، ئۇچى قىزىرىپ كەتتى، — سىلەر پىتنە-ئىغۋاغا ئالدىنىپ كېتىپسىلەر، ئەمەلىيەتتە يۇ دېگەن ئادەم يوق. «يۇ» بولسا بىر قو-قو... قوڭغۇز؛ قوڭغۇز سۇنى تىزگىنلىگەن ئىش نەدە بولسۇن؟ مېنىڭچە، گۇن دېگەن ئادەممۇ يوق. «گۇن» بولسا بېلىق؛ بېلىق سۇ... سۇنى تىزگىنلىگەن ئىش نە... نەدە بولسۇن؟ — ئۇ ئۆز سۆزىنى ناھايىتى كۈچلۈك ئېيتقاندەك قىلىپ، ئىككى پۇتىنى شارتتىدە ئالدىغا سىلكىدى.

— گۇن دېگەن ئادەم راست بار ئىكەن. بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى، ئۇنىڭ كوئېنلۇن تېغىنىڭ ئېتىكىدە ھەپىرەڭگۈلگە قاراپ تاماشا قىلىپ تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم.

— ئۇنداق بولسا، ئىسمىنى ئاداشتۇرۇپ قويۇپسىز، ئۇنىڭ ئىسمى «گۇن» ئەمەس بولسا كېرەك، ئۇنى «ئادەم» دەپ ئاتاش





كېرەك! يۇ بولسا چوقۇم بىر قوڭغۇز؛ بۇ ھەقتە مېنىڭ نۇرغۇن دەلىللىرىم بار، ئۇنداق ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن، كۆپچىلىك لىللا گەپ قىلىپ باقسۇن...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قەلەمتىراچىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ، بەش تۈپ چوڭ قارىغاينىڭ سويپىقىنى سويۇۋېتىپ يەپ، ئاشقان نانلىرىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى سۇ بىلەن مەلھەم قىلىپ، كۆمۈرنىڭ ئۇۋاقلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، قارىغايلارغا قۇمۇچاق ھەرپ بىلەن ئايۇنى يوققا چىقىرىدىغان دەلىل-ئاساسلىرىنى يېزىشقا كىرىشتى، بۇنىڭ ئۈچۈن توپتوغرا ئۈچ يەردە توققۇز = يىگىرمە يەتتە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلدى. لېكىن، بۇنى ئوقۇماقچى بولغان ئادەم قارىياغاچ دەرىخىنىڭ 10 تال ياش يوپۇرمىقىنى تۆلەشكە مەجبۇر؛ ئەگەر سالدا ماكان تۇتقان بولسا، بىر پاقىچاناق يېڭى چىم (مۇخ) تۆلەشكە مەجبۇر.

ھەممىلا يەرنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكتىن، ئوۋ ئوۋلاشمۇ، يەر تېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ ئادەملەر ھايات بولغاچقا، بىكار ۋاقىت تولىمۇ كۆپ بولغاچقا، ئۇنى ئوقۇپ كۆرۈش ئۈچۈن كېلىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار قارىغاي دەرەخلىرىنىڭ تۈۋىدە ئۈچ كۈن قىستا-قىستاڭ بولۇپ تۇردى، ھەممە يەردىن پىغان كۆتۈرۈلدى، بەزىسى تەستىقلاپ ئاپىرىن ئوقۇدى، بەزىسى ئۇھ تارتتى. لېكىن تۆتىنچى كۈنى دەل چۈش ۋاقتىدا، ئاخىر بىر سەھرالىق ئادەم سۆز قىلدى، شۇ چاغدا ھېلىقى ئالىملار لەڭمەن يەپ ئولتۇراتتى.

— ئادەمزات ئىچىدە ئايۇ دېگەن ئادەم بار، — دېدى سەھرالىق كىشى، — «يۇ» ( 禹 ) مۇ قوڭغۇز ئەمەس، ئۇ بىزنىڭ يېزىمىزدىكى ئادەملەر ئاددىيلاشتۇرۇپ يازغان ھەرپ؛ بەگ-غوجاملارنىڭ «يۇ» ( 禹 ) دەپ يازغىنى بولسا چوڭ مايمۇن...

— چوڭ مايمۇن دەپ ئاتىلىدىغان ئادەممۇ بولامدىكەن؟...—

ئالىم ئاچچىقلىدى، ئۇ تېخى ئوبدان چاينالمىغان لەڭمەننى غورتتىدە يۇتۇۋېتىپ، پوكاندەك قىزارغان ھالدا ھۇرپەيدى.

— بولىدىكەن. ھەتتا ئىتباي، مۇشۇكباي دەپ ئاتىلىدىغانلارمۇ بار.

— قۇشقاچ باش ئەپەندى، ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرماڭ، — دېدى ھاسا تايىغى بار ئالىم قولىدىكى بولكىنى قويۇپ ئارىچىلاپ، — سەھرالىقلارنىڭ ھەممىسى نادان. قېنى شەجەرىلىرىڭىزنى چىقىرىڭا، — ئۇ يەنە سەھرالىق ئادەمگە بۇرۇلۇپ چالۋاقىدى، - سېنىڭ ئاتا- بوۋاڭنىڭمۇ نادان ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى تېپىپ كۆرسىتىمەن…

— مېنىڭ ئەزەلدىن شەجەرەم يوق.

— تۇفى، مېنىڭ تەتقىقاتىم سەنلەرگە ئوخشاش بىرنېمىلەرنىڭ كاساپىتى بىلەن كامالەتكە يېتەلمەيۋاتىدۇ!

— بىراق، بۇ. . . بۇ. . . بۇنىڭغا شەجەرىمۇ كېرەك ئەمەس، مېنىڭ تەلىماتىمدا خاتالىق يوق، — دېدى قۇشقاچ باش ئەپەندى زەردە بىلەن، — ئىلگىرى بىرمۇنچە ئالىملار مېنىڭ تەلىماتىمنى تەستىقلاپ ماڭا خەت يازغان، شۇ خەتلەر مانا يېنىمدا تۇرۇپتۇ…

— ياق، ياق. شەجەرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك.

— لېكىن مېنىڭ شەجەرەم يوق، — دېدى ھېلىقى «نادان ئادەم»، — پاتىپاراقچىلىق، ئەلەڭگۈلۈك بولۇپ تۇرغان، قاتناش ئىشلىرى قۇلايسىز بولۇپ تۇرغان مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، يار - بۇرادەرلىرىڭىزنىڭ ئىسپات ئورنىدا تەستىقلاپ ئەۋەتىدىغان خەتلىرىنى كۈتۈش ھەتتا يىڭنىنىڭ كۆزىدىن تۆگىنى ئۆتكۈزۈشتىنمۇ تەس. ئىسپات ئالدىمدا تۇرۇپتۇ: سىزنىڭ ئىسمىڭىز قۇشقاچ باش ئەپەندى ئىكەن، سىز ئادەم ئەمەس، راستىنلا قۇشقاچنىڭ بېشى ئوخشىمامسىز؟





— نېمە! — قۇشقاچ باش ئەپەندى پوكاندەك قىزاردى، — سەن مېنى نېمە چاغلاۋاتىسەن؟ مېنى ئادەم ئەمەس دەيسىنا! مەن سېنى گاۋ ياۋ[34] بېگىمنىڭ ئالدىغا سۆرەپ بېرىپ، زوكۇنلىشىمەن! ئەگەر راستتىن ئادەم ئەمەس بولسام، كاللامدىن كېچىمەن، كاللام كەتسە مەيلى، چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇنداق بولماي چىقسام، سېنىڭ كاللاڭ كېتىدۇ. خەپ، ئالدىرىماي تۇر، لەڭمىنىمنى يەپ بولاي.

— ئەپەندى، — دېدى سەھرالىق ئادەم تەمكىن جاۋاب بېرىپ،

— سىز بولسىڭىز ئالىم، ھازىر پېشىن ۋاقتى ئۆتۈپ، باشقا ئادەملەرنىڭمۇ قورسىقى ئاچىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك. بۇمۇ بىر كېلىشمەسلىك: نادان ئادەملەرنىڭ قورسىقىمۇ دانا ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشاش ئاچىدۇ. كەچۈرۈڭ، لەش سۈزگىلى بارىمەن، ئەرزىڭىزنى پادىشاھىمغا سۇنغاندىن كېيىن، ئاندىن كېلەي، — ئۇ شۇ گەپ بىلەن سالغا سەكرەپ چۈشتىدە، تور خالتىسىنى ئېلىپ، لەشلەرنى سۈزگىنىچە يىراققا كەتتى.

تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلارمۇ بىر - بىرلەپ تارقالدى، قۇشقاچ باش ئەپەندى پوكاندەك قىزارغىنىچە، لەڭمىنىنى يېگۈۋاشتىن يېگىلى تۇردى، ھاسا تاياقلىق ئالىم بېشىنى چايقىدى.

لېكىن «يۇ» زادى قوڭغۇزمۇ ياكى ئادەممۇ، بۇ گۇمان يەنىلا يېشىلمىدى.

## 2

يۇ ھەقىقەتەن قوڭغۇز بولسا كېرەك.

يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، يەككە قولۇقلار دۆلىتىنىڭ ھاۋا كېمىسى سەككىز قېتىم كېلىپ كەتتى، قارىغىغا

يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇغان سال ئاھالىلىرىنىڭ ئوندىن توققۇزى ھۆلچىلىكتىن پۈت ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالدى. لېكىن توپادنى تىزگىنلەيدىغان يېڭى ئەمەلداردىن تېخىچە خەۋەر يوق. ھاۋا كېمىسى 10 ـ قېتىم كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەقىقەتەن يۇ دېگەن ئادەم بار ئىكەن، ئۇ گۇن دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى ئىكەن، ئۇمۇ مىرابلار ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلىنىپتۇ، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى جىجۇ[35] دىن يولغا چىقىپتۇ، بۇ يەرگە يېقىندا يېتىپ كېلىدىكەن، دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى.

ھەممە ئادەم بىرئاز خۇشال بولدى، لېكىن خەۋەر ئېنىق بولمىغاچقا ئانچە ئىشىنىشمىدى، چۈنكى بۇنداق كىشىلەرنىڭ قۇلىقى بۇنداق ئىشەنچسىز خەۋەرلەرنى تولا ئاڭلاپ يادلاپ كەتكەنىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى خەۋەر خېلى ئىشەنچلىكتەك تۇراتتى؛ 10 نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھەممە ئادەم، ۋەزىر كېلىدىغان بوپتۇ، دەيدىغان بولدى. چۈنكى كىمدۇر بىراۋ لەش سۈزگىلى بارغىنىدا ھۆكۈمەت كېمىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ؛ ئۇ ھەتتا بېشىدىكى ياڭاقتەك قاپارتقۇنى كۆرسىتىپ، ئۆزۈمنى دەرھال قاچۇرالماي، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئاتقان تاشنى بېشىمغا تەگكۈزۈۋالدىم، مانا بۇ ۋەزىرنىڭ جەزمەن كېلىپ قالغانلىقىنىڭ دەلىلى، دەپ سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ئادەمنىڭ داڭقى چىقىپ كەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناھايىتى ئالدىراشلىق ئىچىدە قالدى، چۈنكى ھەممە ئادەم بەس ـ بەس بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىكى قاپارتقۇنى كۆرگىلى كېلىپ، ئۇنىڭ سالىنى دەسسەپ چۆكۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. كېيىن ئالىملارمۇ ئۇنى ئۆز ئالدىغا چاقىرتىپ، تەپسىلىي تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىدىكى قاپارتقۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قۇشقاچ باش ئەپەندىمۇ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرالماي، دەلىل-





لەش ئىلمىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزى ئەلنەغمىلىرىنى توپلاش ئۈچۈن باشقا ياققا كەتتى.

ھېلىقى بىراۋنىڭ بېشىغا تاش تېگىپ قاپىرىپ چىققاندىن تەخمىنەن 20 نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىرمۇنچە چوڭ كېمىلەر يېتىپ كەلدى. ھەربىر كېمىدە 20 نەچچە ھۆكۈمەت ئەسكىرى پالاق تۇتقان، 30 نەپەر ھۆكۈمەت ئەسكىرى نەيزە تۇتقان، كېمىنىڭ بېشىدىمۇ، ئايىغىدىمۇ تۇغ. كېمىلەر تاغ چوققىسىغا يېقىنلاپ كېلىش بىلەنلا، ئاقساقال تۆرىلەر، ئالىملار قىرغاقتا سەپ بولۇپ كۈتۈپ تۇردى. بىرھازادىن كېيىن، ھەممىدىن چوڭ كېمىدىن ئوتتۇرا ياشلىق، تولۇمدەك سېمىز ئىككى چوڭ ئەمەلدار چىقتى، ئۇلار يولۋاس تېرىسىدىن جۇۋا كىيگەن 20 چە زەبەردەس پالۋاننىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن، ئالدىغا چىقىپ تۇرغانلار بىلەن بىرلىكتە تاغنىڭ ھەممىدىن ئېگىز چوققىسىدىكى تاش ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

قالغان ئادەملەر سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ پىچىرلاپ سۇرۇشتۇرۇپ، ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ يۇنىڭ ئۆزى ئەمەس، پەقەت تەكشۈرۈپ كۆرگۈچى مەخسۇس ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى بىلدى.

چوڭ ئەمەلدارلار تاش ئۆينىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ، بولكا يەپ بولغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى.

— ئاپەت ئانچە ئېغىر دېگۈدەك ئەمەس، ئاشلىقنىمۇ ئەپلەپ ـ سەپلەپ كەتكىلى بولىدۇ، — دېدى ئالىملارنىڭ بىر ۋەكىلى، مياۋ تىلى مۇتەخەسسىسى، — بولكا ھەر ئايدا ئاسماندىن تاشلاپ بېرىلىۋاتىدۇ؛ بېلىقمۇ يېتىشىۋاتىدۇ، بېلىق بىرئاز لاي تېتىپ تۇرسىمۇ، ناھايىتى سېمىز، بېگىم. گادايلارغا بولسا، قارىياغاچ يوپۇرمىقى بىلەن لەش يېتىپ ئاشىدۇ، ئۇلارنىڭ «قورساقتىن باشقا غېمى يوق»، يەنى ئۇلار مېڭە ئىشلەتمەيدۇ، ئەنە شۇلاردىن يېسىلا كۇپايە قىلىدۇ. بىزمۇ تېتىپ كۆردۇق، تەمى

يامان ئەمەس، خېلىلا ئالاھىدە ئىكەن...
— تېخى، — دېدى «شىڭنۇڭ دورا - دەرمەكلىرى» [36] نى
تەتقىق قىلىدىغان ئالىم يەنە سۆز ئارىلاپ، — قارىياغاچ يوپۇرمىقىـ
ـدا ۋىتامىن W بار، لەشتە يود ماددىسى بار، بۇلار بويۇنغا چىقىدىـ
ـغان قوڭبېيوغاننى ساقايتالايدۇ، دېمەك، ھەر ئىككىسى ھېپزىسىـ
ـەتكە ناھايىتى مۇۋاپىق.
— OK! — دېدى يەنە بىر ئالىم.
كاتتا ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا ئەجەبلەنگەن ھالدا قاراپ قويدى.
— ئىچىدىغىنىدىن گەپ ئاچساق، — دېدى ھېلىقى «شىڭنۇڭ
دورا - دەرمەكلىرى» ئالىمى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇلارغا
قانچىلىك كېرەك بولسا شۇنچىلىك بار، ئۇلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا
ئىچىپ تۈگىتەلمەيدۇ. بىراق ئاز - پاز دۇغى بار، ئىچىشتىن
ئىلگىرى سۈزۈلدۈرسىلا بولىدۇ. كەمىنىلىرى بىرقانچە قېتىم
يېتەكچىلىك قىلىپ ئېيتتىم، بىراق ئۇلار تولىمۇ نادان - جاھىل
ئىكەن، كەمىنىلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنى مۇتلەق ئورۇندىمىدى، شۇـ
ـڭا كېسەل كۆپىيىپ كەتتى...
— شۇنداق، توپان بالاسىغىمۇ شۇلار زامىن بولمىدىمۇ؟! —
بەش تاللا ئۇزۇن بۇرۇتى بار، ئۇچىسىغا بېغىررەڭ تون كىيىۋالـ
ـغان بىر تۆرە سۆز ئارىلىدى، — توپان پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى
ئېچىقلارنى ئېتىۋېتىشكە ھۆرۈنلۈق قىلدى، توپان پەيدا بولغاندىن
كېيىن سۇلارنى ئۇسۇپ چىقىرىۋېتىشكە ھۆرۈنلۈق قىلدى...
— ئەقلى - ھوشىدىن ئازغان دېگەن گەپ ئەنە شۇ، — دېدى
ئارقىدا ئولتۇرغان شاپ بۇرۇتلۇق فۇشى فېلىيەتونشۇناسقا قاراپ
كۈلۈپ، — مەن دائىم پامىرغا چىقىپ تۇرىمەن، بوران چىقىپ
تۇرغان، ھەپىرەڭگۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغان، ئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ
تۇرغان، ئالتۇننىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان، چاشقانلار ئۇيقۇغا
چۆشكەن ۋاقىتلاردا، ئاغزىدىن سۈرناي چۈشمەيدىغان، ئەپتىدىن





چى يۇ ھەزرەتلىرىنىڭكىدەك تۇمان يېغىپ تۇرىدىغان بىر ياشنى چىلىقـ
ـتۇرۇپ قالىمەن... ھا، ھا، ھا! ئامال قانچە... [37]
— OK!
شۇنداق پاراڭ بىر ھازاغىچە داۋام قىلدى. كاتتا ئەمەلدارلار
ناھايىتى دىققەت بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرۇپ، ئاخىرىدا ئۇلارغا،
ھەممىڭلار بىرلىكتە بىر پارچە تەلەپنامە يېزىڭلار، ئەڭ ياخشىسى،
ئاپەتتىن كېيىنكى ئىشلارنى ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇشنىڭ ئۇـ
ـسۇللىرى بايان قىلىنغان كونكرېت تەدبىرلەرمۇ يېزىلسۇن، دەپ
تاپشۇردى.
شۇنىڭ بىلەن كاتتا ئەمەلدارلار كېمىلىرىگە قايتىپ كېتىشـ
ـتى. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار سەپەر هاردۇقى چىقمىدى دەپ ئىشلىـ
ـمەي دەم ئالدى، بىراۋنىمۇ قوبۇل قىلمىدى؛ ئۈچىنچى كۈنى
ئالىملارنىڭ تەكلىپى بويىچە تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، كۆنلۈكـ
ـسىمان باراقسان قارىغايلارنى تاماشا قىلدى، چۈشتىن كېيىن ئۇلار
بىلەن بىللە تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، تاكى قاش قارايغۇچە يىلانسىمان
چار بېلىق تۇتۇپ ئوينىدى. تۆتىنچى كۈنى، كۆزدىن كەچۈرۈپ
تەكشۈرۈش ئىشى بىلەن چارچاپ قالدۇق دەپ ئىشلىمەي دەم ئالـ
ـدى، بىراۋنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. بەشىنچى كۈنى چۈشتىن
كېيىن، پۇقرانىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلىمىز، دەپ يارلىق چۈـ
ـشۈردى.
پۇقرالارنىڭ ۋەكىلىنى سايلاش ئىشى تۆت كۈن بۇرۇنلا باشـ
ـلانغانىدى. لېكىن، ئەمەلدارلارنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ باقمىغان
دەپ، ھېچكىم ۋەكىل بولۇپ بېرىشقا ئۇنىمىدى. ئاخىر كۆپچىلىك
بېشىدا قاپارتقۇسى بار ھېلىقى ئادەمنى، ئەمەلدارلارنى كۆرگەن،
تەجرىبىسى بار دەپ سايلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاللىقاـ
ـچان يېنىپ كەتكەن ئىششىقى يەنە بىردىنلا زىڭىلداپ ئاغرىشقا
باشلىدى. ئۇ ۋەكىل بولغۇچە ئۆلگىنىم ياخشى، دەپ يىغلاپ تۇرۇـ

ۋالدى. كۆپچىلىك ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، خالىس خىزمەتتىن باش تارتىۋاتىسەن، جامائەتنىڭ ئىشىغا سالقىن قاراۋاتىسەن، ئۆتۈپ كەتكەن شەخسىيەتچى ئىكەنسەن، جۇڭگوغا سەندەك ئادەمنىڭ كېرىكى يوق دەپ، كېچە - كۈندۈز ئەيىبلىدى. كەسكىنرەكلىرى ھەتتا ئۇنىڭ بۇرنىغا مۇشتۇمىنى تەڭلەپ، بۇ سۇ ئاپىتىگە سەن جاۋابكار، دېدى. ئۇنى شۇ قەدەر ئۇيقۇ باستىكى، ئۇ قاتتىق مۈگدىگەنلىكىدىن، تەڭلىكچىلىكتە سالدا ئۆلگەندىن كۆرە، جامائەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلىپ قۇربان بولغىنىم ياخشى، دېگەن نىيەتكە كېلىپ، ئاخىر بېلىنى باغلاپ، تۆتىنچى كۈنى ماقۇل بولدى.

ئۇنى ھەممەيلەن ماختىدى، لېكىن بىرنەچچە باتۇر بىرئاز قىزغاندى.

بەشىنچى كۈنى سەھەردە ھەممە ئادەم ئۇنى سالدىن قاشقا ئاچىقىپ، كاتتا ئەمەلدارلارنىڭ ئىلتىپاتىنى كۈتۈپ تۇردى. دەرۋەقە، كاتتا ئەمەلدارلار ئىلتىپات قىلىپ چاقىردى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى دىر - دىر تىترىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە دەرھال بېلىنى چىڭ باغلىدى، ئاندىن كېيىن ئىككى قېتىم قاتتىق ئەسنىدى. ئۇنىڭ قاش - قاپاقلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ گويا ئۆزىنىڭ ئىككى پۇتى يەرگە تەگمەي، ئەمەلدارلار كېمىسىگە ئاسماندا لەيلەپ يۈرۈپ بارغاندەك بولغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

تەئەججۇپكى، نەيزە تۇتقان ئەسكەرلەر، يولۋاس تېرىسىدىن جۇۋا كىيگەن پالۋانلار ئۇنى ئۇرماي - سوقماي ياكى تىل بىلەن خورلىماي، كېمىنىڭ ئوتتۇرا بۆلمىسىگىچە يول بەردى. بۆلمىگە ئېيىق، يىلپىز تېرىلىرى پاياندار قىلىپ سېلىنغانىدى، بىرنەچچە كامالەك - ئوقيامۇ ئېسىقلىق تۇراتتى، يەنە بىرمۇنچە بوتۇلكا ۋە قۇتىلارمۇ تىزىقلىق تۇراتتى، بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەس - ھوشىنى يىغىپ قارىغانىدى،





تۆردە يەنى ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا تورپاقتەك سېمىز ئىككى ئەمەلدار ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ قامىتىگە ئېنىقراق كۆز سېلىشقىمۇ پېتىنالمىدى.

— سەن يۇقرانىڭ ۋەكىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى كاتتا ئەمەلدارنىڭ بىرى.

— ئۇلار مېنى بۇ يەرگە ئەۋەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ بۆلمىنىڭ پەگاھىغا سېلىنغان يىلپىز تېرىسىنىڭ ئالىچىپار گۈللىرىگە قاراپ تۇرۇپ.

— سىلەر قانداق؟

ئۇ بۇ سۆزنى چۈشىنەلمىدى، شۇڭا جاۋاب بەرمىدى.

— سىلەرنىڭ ھال - كۈنۈڭلار قانداق؟

— ھەزرەتلىرىنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ بەرىكەتى بىلەن يامان ئەمەس... — ئۇ بىرئاز خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن، تۆۋەن ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — قەدىر ئەھۋال... ئەپلەپ - سەپلەپ كېتىۋاتىمىز...

— يەيدىغىنىڭلارچۇ؟

— يەيدىغىنىمىز بار، يوپۇرماق، لەش دېگەندەك...

— تېتىشلىقمۇ؟

— تېتىشلىق. ھەممىگە ئادەتلەندۇق، تېتىشلىق. بىراق بەزى كۈچۈكلەر غىدىڭ - پىدىڭ قىلىۋاتىدۇ. ئىنساپ قالمىدى، ئاناڭنى... لەر، بىز ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىۋاتىمىز.

ھەزرەتلەر كۈلۈشتى، ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە:

— بۇ بىرنېمە خېلى مۆمىن ئادەم ئىكەن، — دېدى. بۇ بىرنېمە ئۇلارنىڭ ماختىغانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولدى، يۈرىكىمۇ يوغىنىدى، شۇنىڭ بىلەن قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك بولدۇقلاپ سۆزلەپ كەتتى:

— ھەر ھالدا ئامال تاپتۇق. مەسىلەن، لەشنى گالدىن غىر-

تىلداپ ئۆتىدىغان زۇمرەت شورپا قىلىپ ئىچكەن ياخشى ئىكەن؛ قارىياغاچ يوپۇرمىقىنى بىرىنچى دەرىجىلىك شاھ ھالۋىسى قىلىپ يېدۇق. دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى پۈتۈنلەي سويۇۋەتمەي، سويىقىنى قالدۇرۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا كېلەر يىل باھاردا دەرەخنىڭ شاخلىرى يەنە يوپۇرماق چىقىرالايدۇ، ھوسۇل بېرىدۇ. ئەگەر ھەزرەتلىرىنىڭ دۆلەتلىرىدە يىلانسىمان چار بېلىق تۇتالىساق…

لېكىن بۇ سۆزلەر ھەزرەتلەرنىڭ قۇلىقىغا ئانچە ياقمىغان بولسا كېرەك، ئۇلاردىن بىرى كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم ئەسنەپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ شېخىغا ئۇردى:

— سىلەر بىرلىشىپ بىر پارچە تەلەپنامە يېزىڭلار، ئەڭ ياخشىسى، ئاپەتتىن كېيىنكى ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان كونكرېت ماددىلارمۇ يېزىلسۇن.

— بىراق بىزنىڭ ھېچقايسىمىزنىڭ خەت - ساۋاتى يوق ··· — ئۇ تارتىنىپ سۆزلىدى.

— خەت - ساۋاتىڭلار يوقمۇ؟ ئۆگىنىشكە ئىنتىلمەسلىك دېگەن گەپ ئەنە شۇ. ئامال يوق، ئۇنداق بولسا، يەۋاتقان نەرسىلىرىڭدىن بىرەر كىشىلىكتىن يىغىپ ئەكېلىڭلار!

ئۇ تەشۋىش ئارىلاش خۇشاللىق بىلەن قايتىپ چىقتى؛ بېشىدىكى ئىششىقنىڭ ئىزىنى سىلاپ تۇتۇپ باقتى. ئۇ ھېلىقى ھەزرەتلەرنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى دەرھال قاشتىكى، دەرەخ ۋە سال ئۈستىدىكى ئاھالىگە يەتكۈزدى ۋە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «بۇنى يۇقىرىغا يوللايدىكەن! پاكىز، تۈجۈپىلەپ، چىرايلىقراق تەييارلايلى! ···» دەپ تاپىلىدى.

ئاھالىلەر تەڭلا ئالدىرىشىپ، يوپۇرماقلارنى يۇيۇش، قوۋزاق سويۇش ۋە توغراش، لەش سۈزۈش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆزى بولسا، يۇقىرىغا سۇنىدىغان ساندۇق ياساش ئۈچۈن شال تىلىشقا كىرىشتى. ئۇ ئىككى پارچە شالنى ناھايىتى سىلىقلاپ،





ئالىملارغا خەت يازدۇرۇش ئۈچۈن كېچىلەپ تاغ بېشىغا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ مەقسىتى — ساندۇقنىڭ قاپقىقى قىلىنىدىغان تاختىغا: «ئۆمرىڭىز تاغدەك ئۇزۇن بولسۇن، دۆلىتىڭىز دېڭىزدەك پايانسىز بولسۇن» دەپ يازدۇرماقچىدى؛ بەختىيار ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سالىغا نىشان قىلىپ ئېسىپ قويىدىغان تاختىغا «مومىنگا» دەپ يازدۇرماقچىدى. لېكىن ئالىملار پەقەت «ئۆمرىڭىز تاغدەك ئۇزۇن بولسۇن، دۆلىتىڭىز دېڭىزدەك پايانسىز بولسۇن» دېگەن سۆزنىلا تاختىنىڭ بىرىگە يېزىپ بەردى.

## 3

ئىككى نەپەر كاتتا مەنسەپدار پايتەختكە قايتىپ كەلگەندە، باشقا تەكشۈرگۈچىلەرمۇ ئۇمۇمەن كەينى - كەينىدىن قايتىپ كەلدى. پەقەت يۈلا تېخى سىرتتا ئىدى. بۇلار بىرنەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى خىزمەتداشلىرى ئۇلاردىن ھاردۇق سوراپ ئىدارىدە كاتتا زىياپەت قىلدى؛ ھېلىقى يېمەكلىكلەرنى دۆلەت، مەنسەپ ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر دېگەن ئۈچ خىلغا بۆلدى، بۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئاز دېگەندە 50 دانە چوڭ قۇلۇلە قېپى[38] دىن باھا قويىدى. شۇ كۈنى بۇ يەرگە كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، قاش قارايغان ۋاقىتتا ساھىبخانىمۇ، مېھمانلارمۇ تولۇق يېتىپ كېلىشتى، ھويلىغا مەشئەل چىراغ ياندۇرۇلدى؛ داڭقانلاردا قايناۋاتقان كالا گۆشى شورپىسىنىڭ مەززىلىك ھىدى دەرۋازا سىرتىدا تۇرغان يولۋاس باتۇرلارنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا شال كەلتۈردى. قەدەھ ئۈچ ئايلانغاندىن كېيىن، كاتتا ئەمەلدارلار توپان باسقان كەنتلەرگە بارغۇچە يول ئۈستىدە كۆرگەن مەنزىرىلەرنى سۆزلىدى: ئاپئاق قارغا ئوخشايدىغان قومۇش چېچەكلىرى، ئالتۇنغا ئوخشايدىغان دۇغ سۇ،

يىلىكتەك سېمىز چار بېلىق، غىرتىلداپ تۇرىدىغان سىلىق لەش ۋەھاكازا… ئۇلار شىركەيىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئەكەلگەن پۇقرا يېمەكلىكلىرىنى چىقاردى. ئۇلار نەپىس ئىشلەنگەن ياغاچ ساندۇققا قاچىلانغان، ساندۇق ئۈستىگە سۆز يېزىلغانىدى، بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىسى فۇشىنىڭ باگۇا ئۇسلۇبىدا، بەزىسى سانجېيىنىڭ جىن ـ شاياتۇنلارنى كېچىچە يىغلاتقان ئۇسلۇبىدا[39] يېزىلغانىدى. ھەممە ئادەم ئاۋۋال بۇ يېزىقلارنى تاماشا قىلدى، تاكى ئۆزئارا سوقۇشقۇدەك دەرىجىدە مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن، ئاندىن «دۆلەت سائادەتلىك، خەلق پاراۋان» دېگەن سۆزلەر يېزىلغىنىنى بىرىنچىلىككە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى، بۇنىڭ يېزىقى قالتىس كېلىشكەن، قەدىمىيلىك خۇسۇسىيىتى بار بولۇشى بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئىبارىلىرىمۇ ناھايىتى قاملاشقان بولۇپ، تارىخ مەھكىمىسىگە قوبۇل قىلىنىشقىمۇ ئەرزىيتتى.

جۇڭگونىڭ ئۆزىگە خاس سەنئىتى باھالاپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، مەدەنىيەت مەسىلىسى ھەر ھالدا بىر تەرىقىلىك بولۇپ قالدى، شۇنىڭدىن كېيىن قۇتىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئىشى باشلاندى: ھەممەيلەن توقاچ نۇسخىلىرىنىڭ نەپىسلىكىنى بىردەك ماختىدى. لېكىن، ھاراق تولىمۇ كۆپ ئىچىلگەنلىكتىن بولسا كېرەك، تۇرلۇك مۇھاكىمىلەر كېلىپ چىقتى: بەزىلەر قارىغاي قوۋزىقىدىن تەييارلانغان توقاچتىن بىر چىشلەم يەپ، ئۇنىڭ مەززىلىك ھىدىگە زوقلىنىپ، مەنسەپدارلىق كۆلەمىنى ئەتىلا قوزۇققا ئىلىپ قويۇپ، مەنسەپدارلىقنى تاشلاپ، مۇشۇنداق تەييار راھەتنى كۆرگىلى كېتىمەن، دېدى؛ ئارچا يوپۇرمىقىدىن پىشۇرۇلغان توقاچنى چىشلەپ كۆرگەن كاتتا ئەمەلدار، غاچچاي، قاڭسىق ئىكەن، تىلىمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى، مۇشۇنداق پۇقرا بىلەن ھەمدەرد بولۇپ يۇرۇپتۇق، بۇنىڭدىن قارىغاندا پادىشاھ بولماق تەس ئىكەن، مەنسەپدار بولماقمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىكەن،





دېدى. يەنە بىرنەچچىسى ھېلىقىلار چىشلەپ تاشلاپ قويغان توقاچلارنى تالىشىپ ئېتىلدى، ئۇلار، يېقىندا كۆرگەزمە ئېچىپ پۇل توپلايمىز، ئۇ چاغدا بۇلارنى كۆرگەزمىگە قويىمىز، بۇنى تولا چىشلەۋەرسەڭلار ئىززىتىڭلاردىن چۈشۈپ كېتىسىلەر، دېدى.

سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ سىرتىدىمۇ غوۋغا كۆتۈرۈلدى. ئۆڭ ـ ئەڭگىزى قارىداپ كەتكەن، كىيىملىرى يىرتىق ۋە كونا، قەلەندەرگە ئوخشايدىغان بىر توپ ئادەم قاتناش توسۇپ قويۇلغان چېگرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىدارىنىڭ ئىچىگە دەۋرەپ كىردى. قاراۋۇللار ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، يالت ـ يۇلت قىلىپ تۇرغان نەيزىلىرىنى شاپۇر ـ شۇپۇر گىرەلەشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يولىنى توستى.

— نېمە؟ … كۆزۈڭنى ئېچىپ قارا! — دېدى ئالدىدا ماڭغان ئورۇق، ئۇزۇن بويلۇق، بىلەك ۋە پاچاقلىرى تۈك كەلگەن، قاپىقى يامان بىر ئادەم شۇنداقلا بىر چۆچۈپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ۋارقىراپ.

قاراۋۇللار گۇگۇمدا كۆزلىرىنى ئېچىپ دىققەت بىلەن قارىغاندىن كېيىن، ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن تىك تۇرۇپ، نەيزىلىرىنى توسۇقتىن ئېلىپ، ئۇلارغا يول بەردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھاسىراپ كەلگەن، تۆمۈركۆك ماتادىن ئۇزۇن چاپان كىيگەن، قۇچىقىدا بالىسى بار بىر ئايالنىلا توسۇپ قويدى.

— نېمە؟ سىلەر مېنى تونۇمىدىڭلارمۇ؟ — ئۇ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى مۇشتۇمى بىلەن سۈرتۈپ، ھەيران بولغان ھالدا سورىدى.

— يۇ تەتەي، سىلىنى تونۇمامدىغان.

— ئۇنداق بولسا، نېمىشقا مېنى كىرگۈزمەيسىلەر؟

— يۇ تەتەي، ھازىر يامان ۋاقىت بولۇپ قالدى، بۇ يىلدىن باشلاپ ئۆرپ ـ ئادەتنى تۈزەپ، ئىنساپ ـ تەۋپىقنى ياخشىلايدىغان

بولدۇق، ئەر بىلەن ئايالنى پەرقلەندۈرىدىغان بولدۇق. ھازىر ھېچقانداق بىر يامۇلغا خوتۇن خەقنى كىرگۈزمەيدۇ، يالغۇز بۇ يەردىلا سىزگىلا شۇنداق قىلىۋاتقىنىمىز يوق. بۇ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى، بىزدىن ئاغرىنماڭ.

يۈ تەتەي بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، تۇتۇق چىرايىنى ئېچىپ، ئارقىسىغا ياندى ۋە غوۋغا كۆتۈردى:

— ھەي بېشىڭنى يەيدىغان! نېمىگە شۇنچە پالاقشىيسەن؟ ئۆز ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىمۇ، ئۆيگە كىرىپ يوقلاپ ئۆتمەي[40]، ئۆز يولۇڭدا پالاقشىيسەن! مەنسەپ، مەنسەپ دەيسەن، مەنسەپ تۇتقاندىن نېمە پايدا؟! ئاتاڭنى ئوبدان ئويلاپ كۆر، ئاتاڭ سۈرگۈن بولمىدىمۇ، كۆلگە چۈشۈپ تاشپاقىغا[41] ئايلانمىدىمۇ؟! ھەي ئىنساپسىز، بېشىنى يەيدىغان!...

شۇ چاغدا ئىدارىنىڭ ئايۋان سارىيىدىمۇ پاتىپاراقچىلىق تۇغۇلدى: ئۇ يەردىكىلەر بىر توپ قارام ئادەمنىڭ دەۋرەپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشقا تەمشەلدى، لېكىن كۆزنى چاقنىتىدىغان ھەربىي قوراللار كۆرۈنمىگەچكە، يەنە تەۋەككۈل قىلىپ، دىققەت بىلەن قاراشتى. دەۋرەپ كىرىۋاتقانلارمۇ يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى قارىداپ كەتكەن، ئورۇق ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئەپتىدىن ئۇنىڭ يۈ ئىكەنلىكى، قالغان ئادەملەر بولسا ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، ھەممىسى مەستلىكتىنمۇ يېشىلىپ كەتتى، ئۇلار چاپانلىرىنى شىپىرلىتىپ بىر - بىرىگە سۈركەشتۈرگەن ھالدا دەرھال ئۆزلىرىنى پەگاھقا ئېلىشتى؛ يۈ توپتوغرا تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇردى. ئۇ چوڭ سۈپەتلىك قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى تىزى ئېگىلمەيدىغان رېماتىزم بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنمۇ، تىزىنى پۈكمەستىن، ئىككى پۇتىنىڭ ئالىقىنىنى كاتتا





ئەمەلدارلارغا قارىتىپ ئۇزىتىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ پۇتىدا پايپاق يوق ئىدى، پۇتىنىڭ ئالىقىنىدىكى قاقتەك قاپارتقۇلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدە ئولتۇردى.

— ھەزرەتلىرى پايتەختكە بۈگۈن قايتىپ كەلدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى يۈرىكى تومراق بىر خىزمەتچى تىزلىنىپ ئىلگىرىرەك كېلىپ، ھۆرمەت بىلەن.

— يېقىنراق ئولتۇرۇڭلار! — دېدى يۈ ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن، باشقىلارغا قاراپ، — تەكشۈرۈش ئىشىڭلار قانداق بولدى؟

كاتتا ئەمەلدارلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، تىزى بىلەن ئىلگىرى سىلجىپ، سورۇننىڭ پەگاھ تەرىپىدە ھېلىقى چىشلەپ قالدۇرۇلغان قارىغاي قوۋزىقى توقاچلىرىغا، غاجاپ تاشلانغان كالا گۆشىنىڭ سۆڭەكلىرىگە قاراپ، قاتار ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ناھايىتى ئوڭايسىزلاندى، لېكىن بۇ نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئاشپەزنى چاقىرىشقىمۇ پېتىنالمىدى.

— ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولغايكى، — دېدى كاتتا ئەمەلدارلارنىڭ بىرى ئاران تەسلىكتە، — ھەر ھالدا يامان ئەمەس، بىزگە بەرگەن تەسىراتى ناھايىتى ياخشى. قارىغاي قوۋزىقى، لەش كۆپ چىقىدىكەن؛ ئېچىدىغان نەرسىلىرى بولسا تولىمۇ مول ئىكەن. پۇقرا ناھايىتى مۆمىن ئىكەن، ئۇلار كۆنۈپ قاپتۇ. ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولغايكى، ئۇلار جاپا - مۇشەققەتكە چىداشتا دۇنيا بويىچە داڭلىق ئادەملەر ئىكەن.

— كەمىنىلىرى پۇل توپلاش پىلانىنى تەييارلاپ قويدۇم، — دېدى يەنە بىر كاتتا ئەمەلدار، — غەلىتە يېمەكلىكلەر كۆرگەزمىسى ئاچماقچىمىز. مودا كىيىملەرنى كىيىپ كۆرسىتىشكە قۇشناچىملارنىمۇ تەكلىپ قىلماقچىمىز. پەقەت بېلەتلا ساتىمىز؛ كۆرگەزمىدە ئىئانە يىغمايدىغانلىقىمىزنى ئېلان قىلىپ قويىمىز، شۇن-

داق قىلساق، كۆرگەزمىنى كۆرۈشكە كېلىدىغانلار كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن.

— ئوبدان بوپتۇ، — دېدى يۇ ئۇنىڭغا قەددىنى بىرئاز ئېگىپ.

— بىراق، ھەممىدىن مۇھىمى، دەرھال بىر تۈركۈم چوڭ سال ئەۋەتىپ، ئالىملارنى خاتىرجەمرەك ئېگىزلىككە يۆتكەش كېرەك، — دېدى ئۈچىنچى كاتتا ئەمەلدار، — يەنە بىر تەرەپتىن يەككە قوللۇقلار دۆلىتىگە خەۋەر قىلىپ قويۇش كېرەك، ئۇلار بىزنىڭ مەدەنىيەتنى قەدىرلەيدىغانلىقىمىزنى بىلىپ قالسۇن، ياردىمىنىمۇ ئايمۇ ئاي مۇشۇ يەرگە يەتكۈزۈپ بەرسە بولىدى. ئالىملارنىڭ مانا مۇنداق تەلەپنامىسى بار، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىمۇ ناھايىتى قىزىق ئىكەن، ئۇلار، مەدەنىيەت بولسا دۆلەتنىڭ جان تومۇرى، ئالىملار بولسا مەدەنىيەتنىڭ جېنى، مەدەنىيەت مەۋجۇت تۇرىدىكەن، جۇڭگومۇ مەۋجۇت تۇرالايدۇ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ... دەپتۇ.

— ئۇلارنىڭ پىكرىچە، جۇڭگونىڭ نوپۇسى تولىمۇ كۆپ، — دېدى بىرىنچى كاتتا ئەمەلدار، — بىرئاز ئازايتىشمۇ ئاسايىشلىققا ئېرىشىشنىڭ يولى. ھالبۇكى، ئۇلار قارىتۇرۇك ئادەملەر؛ ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشى، خاپا بولۇشى، مەيۈسلىنىشى ۋە خۇرسەن بولۇشى ئەقىل - ئىدراكلىك ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك ئەقىلدىن چىققان ئەمەس. ئادەمنى چۈشىنىشتە، بىرەر ئىش ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشتا، ئاۋۋال سۇبيېكتقا قاراش كېرەك. مەسىلەن، شېكىسپىر[42] ...

«بۇ پوق چايناۋاتىدۇ!» دەپ ئويلىدى يۇ ئۆز كۆڭلىدە. لېكىن، ئاغزىدا بولسا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— تەكشۈرۈپ كۆرۈش نەتىجىسىدە، ئىلگىرىكى ئۇسۇلنىڭ — «تىندۇرۇش» نىڭ ھەقىقەتەن خاتا بولغانلىقىنى بىلدىم،





بۇنىڭدىن كېيىن «راۋانلاشتۇرۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك! ھەرقايسىڭلارنىڭ پىكرى قانداق؟ — دېدى.

خۇددى گۆرستاندەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. كاتتا ئەمەلدارلار توپا چىرايىغا كىردى، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى گويا ئۆزلىرى كېسەل بولۇپ قالغاندەك بىر ھېسسىياتقا كەلدى، ئۇلار ئەتىگەنلىككە كېسەل ئۈچۈن رۇخسەت سورىمىغىدى تېخى.

«بۇ، چى يۇچە ئۇسۇل!» دەپ، بىر باتۇر ياش ئەمەلدار ئۆز ئىچىدە غەزەپلەندى.

— پېقىرنىڭ نادانلارچە قارىشىمچە، ھەزرەتلىرى بۇيرۇقلىرىنى قايتۇرۇۋالسىلا بولارمىكىن، دەپ ئويلايمەن، — چاچ ۋە ساقاللىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن بىر كاتتا ئەمەلدار ئالەمنىڭ راۋاج تېپىشى ياكى خاراب بولۇشى پەقەت مېنىڭ ئاغزىمغا باغلىق، دەپ ئويلاپ، جەھلىنى قاتۇرۇپ، كاللىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرىدىغان تەۋەككۈلچىلىك بىلەن قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتتى، — تىندۇرۇش بولسا پەدەرلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئۇسۇلى. «ئاتىسىنىڭ تۇتقان يولىنى ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمىگەن ئادەم ۋاپادار دەپ ئاتىلىدۇ». پەدەرلىرىنىڭ قازا قىلغىنىغا تېخى ئۈچ يىل بولمىدى.

يۇ زۇۋان سۈرمىدى.

— پەدەرلىرىمۇ ئاز ئەجرە قىلمىدى. ئۇ خۇدايىتائالانىڭ بەرىكەتلىك زېمىنىنىڭ[43] تۇپرىقى بىلەن توپاننى كۆمۈپ تىندۇرغان؛ ئۇ خۇدايىتائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، توپان سۈيى بىرئاز ئازايىغانىدى. سۇنى يەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن تىزگىنلەۋېرىش توغرا كەلسە كېرەك، — دېدى يەنە بىر چارساقال كاتتا ئەمەلدار. ئۇ يۇنىڭ ھاممىسىغا ئوغۇل بولۇۋالغان ئادەم ئىدى.

يۇ زۇۋان سۈرمىدى.

— مېنىڭچە، ھەزرەتلىرىنىڭ «ئاتا پۇتتۇرەلمىگەن ئىشنى

پۈتتۈرگەن»لىرى ياخشى، — دېدى يوغان قورساق بىر ئەمەلدار
يۈنىڭ زۇۋان سۈرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، مانا ئەمدى بويۇن ئېگىد-
غان بولدى دېگەن خىيال بىلەن، ئۇنى بىرئاز مەنسىتمەي، ئۈنلۈك
ئاۋاز بىلەن. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ يۈزىدىن ياغ ئارىلاش تەر
تەپچىپ تۇراتتى، — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئابرۇيىنى شۇ ئەجدادلى-
رىمىزنىڭ يولى بىلەن ساقلىشىمىز كېرەك. ھەزرەتلىرى
كىشىلەرنىڭ پەدەرلىرىنى قانداق تەرىپلەۋاتقانلىقىنى
بىلمىسلە كېرەك ...

— ھاسىلكالام، «تىندۇرۇش» ئۇسۇلى دۇنيا بويىچە ئاللىقا-
چان قەيت قىلىنغان ياخشى ئۇسۇل، — دېدى ھېلىقى چاچ -
ساقاللىرى ئاپئاق ئاقارغان قېرى ئەمەلدار ھېلىقى يوغان قورساق-
نىڭ چاتاق چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، دەرھال سۆز
ئارىلاپ، — باشقا ھەممە ئۇسۇلنى، «مودا» دېگەن بىرنېمىلەرنى
ئالساق، مۇقەددەم چى يۇ جانابلىرى ئەنە شۇنداق ئۇسۇللارنى قول-
لىنىش بىلەن دۇئايىبەت بولۇپ كەتكەن.

يۇ مىيىقىدا كۈلدى:

— مەن بىلىمەن. بەزىلەر مېنىڭ دادامنى ئېيىققا ئايلىنىپ
كەتكەن دېيىشىدۇ؛ بەزىلەر ئۈچ پۇتلۇق تاشپاقىغا ئايلىنىپ كەت-
كەن دېيىشىدۇ؛ يەنە بەزىلەر مېنى شۆھرەتكە بېرىلىپ كەتتى،
مەنپەئەت كويىغا چۈشتى دېيىشىدۇ. دېسە دەۋەرسۇن. مېنىڭ
ئېيتىدىغىنىم شۇكى، مەن سۇ بېسىپ كەتكەن يەرلەرنىڭ ئەھۋالى-
نى تەكشۈرۈپ كۆردۈم، پۇقرادىن پىكىر ئالدىم، ئەمەلىي ئەھۋال-
نى ئوبدان بىلدىم، قەتئىي بىر قارارغا كېلىپ قويدۇم، مەيلى
قانداق بولسا بولسۇن، «راۋان»لاشتۇرماي بولمايدۇ. مانا بۇ خىز-
مەتداشلىرىمۇ مەن بىلەن بىر پىكىردە.

ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئىككى تەرىپىگە ئىشارەت قىلدى. ئاق
چاچلىق، چارساقال، ئاق يۈزلۈك، سېمىز ۋە ياغ ئارىلاش تەر





چىقىپ تۇرغان، سېمىز ۋە لېكىن ياغ ئارىلاش تەر چىقمىغان
ئەمەلدارلار ئۇ ئىشارەت قىلغان تەرەپلەرگە قارىدى. ئۇ يەرلەردە
چىرايى قارا، ئورۇق، قەلەندەرگە ئوخشايدىغان بىرنېمىلەر قىمىر-
لىماي، گەپ قىلماي، كۈلمەي، خۇددى چويۇندىن ئۇيۇتۇلغاندەك،
قاتار ئولتۇراتتى.

## 4

يۇ ھەزرەت كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ۋاقتىمۇ ناھايىتى
تېز ئۆتتى، پايتەختمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس باياشاتلىشىپ قالغان-
دەك بولدى. ھەممىدىن ئاۋۋال كاتتا غوجاملار تاۋار -
دۇردۇن تون كىيىشكە باشلىدى، ئۇلاردىن كېيىن مېۋە دۇكانلى-
رىدا خەندىلەك ۋە ئاپېلسىن سېتىلىدىغان، تاۋار دۇكانلىرىدا خا-
سىگا سېتىلىدىغان بولدى؛ بايلارنىڭ داستىخانلىرىدا ياخشى جاڭ-
يۇ، بېلىق شورپىسى، خەيسەڭ زاكۇسكىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ-
نىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئېيىق تېرىسى كۆرپىسى،
تۈلكە جۇۋا پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ تەتەيلىرىمۇ قۇلاقلىرىغا
ئالتۇن سىرغا، قوللىرىغا كۈمۈش بىلەزۈك سالىدىغان بولدى.

چوڭ دەرۋازىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپلا قالسىڭىز، غەلىتە -
غەلىتە يېڭىلىقلارنى كۆرىسىز: بۈگۈن بىر ھارۋا بامبۇك ئوقيا
كەلسە، ئەتىسى بىر تۈركۈم قارىغاي تاختايلىرى كېلىۋاتقان؛ بەزى-
دە سۇنئىي تاغ ياسايدىغان غەلىتە تاشلارنى كۆتۈرۈپ كېتىشىۋات-
قان؛ بەزىدە تىرىك بېلىقلارنى كۆتۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان؛ بەزىدە
بامبۇك قەپەسكە سېلىنغان، باشلىرىنى ئىچىگە تىقىۋالغان، ئۇزۇن-
لۇقى بىرچى ئىككى سۇڭ كېلىدىغان چوڭ تاشپاقىلارنى ھارۋىلارغا
بېسىپ، پاشالىق قورغانلار ئىچىگە ئەكېتىشىۋاتقان.

— ئانا، ئانا، قارىغىنا، نېمىدىگەن چوڭ تاشپاقا بۇ! —

بالىلار ئۇنى كۆرۈپ تۈۋلايتتى، يۇگۇرۇشۇپ بېرىپ ھارۋىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى.

— ھەي ھارىمى، ماڭ نېرى! بۇ، پادىشاھ كەرەملىرىنىڭ گۆھىرى، كاللاڭغا ھېزى بول!

لېكىن، بۇ ھەزرەت توغرىسىدىكى خەۋەرلەرمۇ گۆھەرلەرنىڭ پايتەختكە كىرگىنىدەك كۆپىيىشكە باشلىدى. پۇقرالارنىڭ لەمپەلىرى ئالدىدا، يول بويىدىكى دەرەخ تۈۋىدە ھەممە ئادەم بۇ ھەزرەت توغرىسىدا پاراڭ سالىدىغان بولدى. ئۇنىڭ كېچىدە قانداق قىلىپ ئېيىقتا ئايلىنىپ قالغانلىقى[44]، توققۇز دەريانى تۇمشۇقى ۋە تىرناقلىرى بىلەن تۇرتۇپ، تاتىلاپ راۋان قىلغانلىقى، ئاسماندىن چۈشكەن لەشكەرلەر ۋە قوماندانلارنىڭ جۈدە - ئەپسۇن قىلىپ يۇرگەن دىۋە ۋۇجىچىنى قانداق تۇتۇۋېلىپ، گۆيشەن تېغىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويغانلىقى[45] توغرىسىدىكى پاراڭلار ھەممىدىن كۆپ ئىدى. پادىشاھئالەم شۇن ھەزرەتنىڭ ئەھۋالىنى ھېچكىممۇ تىلغا ئالمايتتى، ھېچبولمىغاندا شاھزادە دەنجۇنىڭ بىۋاكىللىقى[46] توغرىسىدىلا پاراڭ قىلىشىپ قوياتتى.

يۇنىڭ پايتەختكە قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ تارقىلىپ كەلگەنلىكىگە خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ پەخرىي قاراۋۇللىرى يېتىپ كەلسە كۆرىمىز دەپ، ھەركۈنى بىر توپ ئادەم شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇلار كەلمەيتتى. ئەمما، خۇددى راستتەكلا، خەۋەرمۇ تۇشمۇتۇشتىن كېلىپ تۇراتتى. كۈنلەرنىڭ بىرى ھاۋا چالا - پۇچۇق تۇتۇلۇپ تۇرغان چۈش ئالدىدىكى ۋاقىتتا، بۇ ھەزرەت ئاخىر مىغ - مىغ قىمىرلىغان خەلق ئارىسىدا جىجۇدىكى پايتەختكە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا پەخرىي قاراۋۇللار يوق ئىدى، پەقەت قەلەندەرگە ئوخشاش بىر توپ ھەمراھلىرىلا بار ئىدى. ئاخىرىدا، بىلەك ۋە پاچاقلىرى توم، چىرايى قارا، بۇرۇتلىرى سېرىق، پۇتىنى سەل





ئېگىپ ماڭىدىغان يوغان بىر ئادەم قۇندۇزدەك قاپقارا، ئۇچلۇق بىر يوغان تاشنى — شۇن ھەزرەت ئىنئام قىلغان «قارا تاش»[46] نى ئىككى قوللاپ كۆتۈرگەن ھالدا: «پوش، پوش! يول بېرىڭلار، يول بېرىڭلار» دەپ تۈۋلاپ، ئادەملەر توپى ئىچىدىن چىقىپ، پادىشاھ سارىيىغا كىرىپ كەتتى.

پۇقرالار پادىشاھ سارىيىنىڭ ئالدىدا تەنتەنە قىلىشتى، مۇلاھىزە يۇرگۈزۈشتى؛ ئۇلارنىڭ ئاۋازى بەئەينى جېجياڭ دەرياسىنىڭ شاۋقۇنىغا ئوخشايتتى.

شۇن ھەزرەت تەختتە ئولتۇراتتى، ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا، بىرئاز چارچىغانىدى، ھازىر ئۇ بىرئاز چۆچۈگەندەك بولدى، يۇنىڭ كىرىشى بىلەنلا دەرھال تەكەللۇپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى، ئاندىن كېيىن گوياۋ ئالدى بىلەن بىرنەچچە ئېغىز سۇلكەت قىلىشقاندىن كېيىن، شۇن سۆز قىلدى:

— سىزمۇ قۇلىقىمغا ياققۇدەك گەپلىرىڭىز بولسا قىلىپ بېرىڭا.

— ئېھى، قىلىپ بەرگۇدەك نېمە گېپىم بولسۇن؟ — دېدى يۇ چورتلا جاۋاب بېرىپ، — مېنىڭ ھەركۈنى ئويلايدىغىنىم ئىجتىھات!

— «ئىجتىھات» دېگىنىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى گوياۋ.

— ئالەمنى توپان باستى، — دېدى يۇ، — تاغلارنى ئۆرىدى، ئېدىرلارنى باستى، پۇقرا سۇغا چىلىنىپ يېتىپتۇ. مەن قۇرۇقلۇقتا ھارۋا بىلەن ماڭدىم، سۇدا كېمە بىلەن يۈردۈم، پاتقاق - لايدا چانىغا چۈشتۈم، تاغدا تەختىراۋان بىلەن ماڭدىم. قايسى تاغقا بارسام، دەرەخ كەستىم، خەلقنىڭ قورسىقىغا ئاش - نان، گۆش تېپىپ بەردىم. ئېتىزلاردىكى سۇلارنى جىلغىلارغا، جىلغىلاردىكى سۇلارنى دېڭىزغا باشلىدىم، يەيدىغان نەرسە - كېرەك يېتىشمىسە، بارلىرىنىڭكىنى يۇرۇشتۇرۇپ سەپلىدىم. ئۆي-

لەرنى كۆچۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەم تىنچىدى، ھەممە يەرنىڭ قىياپىتى ئوڭلاندى.

— دۇرۇس، دۇرۇس. مانا بۇ گەپلىرىڭىز يارايدۇ! — دېدى گوياۋ ماختاپ.

— ھەي! — دېدى يۈ، — پادىشاھ بولغان ئادەم ئېھتىياتچات، تەمكىن بولۇش كېرەك. خۇدانىڭ ئالدىدا ئىنساپلىق بولغىنىڭىزدىلا، خۇدا ئاندىن سىزگە ياخشىلىق قىلىدۇ!

شۇن ھەزرەت بىر ئۇھ تارتىپ، ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ھاۋالە قىلدى، پىكرىڭىز بولسا ئالدىمدا ئېيتىڭ، ئارقىدىن غەيۋەت قىلىپ يۈرمەڭ، دېدى. يۈ بۇ سۆزلەرگە ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن، شۇن يەنە بىر ئۇھ تارتىپ:

— دەنجۇغا ئوخشاش ياغاچ قولاق، ئويۇنپەز، قۇرۇقلۇقتا كېمە ھەيدەيمەن، چەللىدە ئات چاپىمەن دەيدىغان، ئۆيدە جېدەل قىلىدىغان بولماڭ، ئۇ مېنىڭ بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتتى، كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىدىغان بولدى! — دېدى.

— مەن خوتۇنلۇق بولۇپ تۆت كۈندىن كېيىنلا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنمەن، — دېدى جاۋاب بېرىۋېتىپ يۈ، — خوتۇنۇم ئاچى دەپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئۇنىمۇ كۆرمىدىم، شۇنداق قىلغانلىقىم ئۈچۈن سۇنى تىزگىنلىيەلىدىم. جەمئىي 12 ۋىلايەتنى بەش رايونغا بۆلدۈم. ھەربىر رايون 5000 چاقىرىم كېلىدۇ، دېڭىز بويىغا تۇتىشىدۇ. بەش باشلىق قويدۇم، بۇلارنىڭ ھەممىسى ياراملىق. پەقەت مياۋلا چاتاق چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ!

— مېنىڭ ئېلىم پۈتۈنلەي سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئوڭلاندى! — دەپ، شۇن ھەزرەتنىمۇ ماختىدى.

شۇنداق قىلىپ، گوياۋمۇ شۇن ھەزرەت بىلەن بىللە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، تەزىم قىلدى. زىيارەت تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ، پۇقـ





را يۇدىن ئۆگەنسۇن، ئۇنداق قىلمىسا دەرھال گۇناھلىق بولىدۇ، دەپ ئالاھىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

بۇ ئەھۋال ھەممىدىن ئاۋۋال سودىگەرلەرنى قاتتىق ئەلەڭگۈلۈككە چۈشۈردى. لېكىن، خەيرىيەت، يۈ ھەزرەت پايتەختكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پوزىتسىيىسىنىمۇ بىرئاز ئۆزگەرتتى: يېمەك - ئىچمەكتە ئانچە ھەشەمەتچىلىك قىلمايدىغان بولدى، لېكىن دۇئا - تەكبىر ۋە ئىبادەت ۋاقتىدا ھەشەمەتچىلىك قىلدى؛ كىيىم - كېچەككىمۇ ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمىدى، لېكىن تەختتە ئولتۇرغاندا، مېھمان قوبۇل قىلغاندا چىرايلىق كىيىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بازارغا ئانچە تەسىرى يەتمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سودىگەرلەرمۇ يۈ ھەزرەتنىڭ ھەقىقەتەن ئۆگەنگۈچىلىكى بار ئىكەن، گو بېگىمنىڭ يېڭى پەرمانىمۇ جايىدا، دېيىشتى؛ ئاخىر جاھان شۇنداق پاراغەتلىشىپ كەتتىكى، ھەتتا ھايۋانلارمۇ خۇشاللىقىدىن ئۇسۇل ئويناپ كەتتى، سۇمۇرغمۇ تاماشانى قىزىتىپ بېرىش ئۈچۈن پەرۋاز قىلىپ كەلدى.

1935 - يىل 11 - ئايدا يېزىلدى

# تاش پۇرچاق تەرمەك[48]

## 1

يېرىم يىلدىن بۇيان، نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ، دارىلئاجىزىنىمۇ بىسەرەمجانلىشىپ قالدى، قېرىلارنىڭ بىر قىسمىمۇ كۈس - كۈس قىلىشىپ، پاتىپاراقلىشىپ قالدى. پەقەت بويى[49] لا بىغەم يۇرمەكتە. كۈزدە سالقىن چۈشۈپ قالغاچقا، ئۇ قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن توڭغاق بولۇپ قېلىپ، ئەتىدىن كەچكىچە پەلەمپەينىڭ لېۋىدە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرىدىغان بولدى، شاپاشلاپ يۈرگەن ئاياغ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىسىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويمايتتى.

— ئاكا!

بويى بۇ ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەنلا شۇچىنىڭ چاقىرغانلىقىنى بىلدى. بويى ئەدەپ - قائىدىگە ئەزەلدىن ناھايىتى رىئايە قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، بېشىنى كۆتۈرۈشتىن ئاۋۋال ئورنىدىن تۇرۇپ قول ئىشارىتى قىلدى، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ئۇكىسىنى پەلەمپەي لېۋىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى.

— ئاكا، ۋەزىيەت خېلىلا چاتاقتەك تۇرىدۇ! — شۇچى قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپ، ھاسىرىغان ھالدا تىترەك ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى.

— نېمە بوپتۇ؟ — بويى بېشىنى بۇراپ قارىدى، شۇچىنىڭ ئەسلىدىنلا تاتىراڭغۇ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

— شاڭ پادىشاھى[50] تەرەپتىن ئىككى قارىغۇ ئادەمنىڭ قې-





چىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغانسىز.

— ھە، ئالدىنقى كۈنى سەن يىشىڭ[51] شۇنداق دەۋاتقاندەك قىلىۋىدى، زەن قويماپتىمەن.

— بۈگۈن بېرىپ يوقلاپ كەلدىم. بىرى چوڭ سازەندە سى ئىكەن، يەنە بىرى كىچىك سازەندە چياڭ[52] ئىكەن، بىرمۇنچە سازنىمۇ ئالغاچ كەپتۇ. بۇنىڭدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئىلگىرى كۆرەك قىلىغانىكەن، تاماشىچىلارنىڭ ھەممىسى «ئاغزى بېسىقماي ماختاپتۇ»، بىراق بۇ تەرەپتىكىلەر ئۇرۇشماقچى بولۇۋاتقاندەك تۇرۇپتۇ.

— مۇزىكىنى دەپ ئۇرۇش قىلسا، ئەزىزلەرنىڭ تەرىقىتىگە توغرا كەلمەس، —دېدى بويى سۆزنى ئېزىپ قىلىپ.

— ساز ئۈچۈنلا ئەمەس ئىكەن. سىز شاڭ پادىشاھىنىڭ زالىملىقىنى، ئەتىگەندە سۇنىڭ سوغۇقلۇقىدىن قورقماي كېچىكتىن ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ پاقالچىكىنى چېقىپ يىلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنلىكىنى، شاھزادە دېگەن غوجامنىڭ يۈرىكىنى سوغۇرۇۋېلىپ، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ بۇ ۋەقە ئىلگىرى مىش - مىش گەپ بولۇپ يۈرگەنىدى. قارىغۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن راستلىقى ئىسپاتلاندى. شاڭ پادىشاھىنىڭ كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقىمۇ ئېنىق ئىسپاتلاندى. كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلىغان ئادەمگە قارشى قوزغىلىش كېرەك ئىدى. بىراق، مېنىڭچە، پۇقرانىڭ ھۆكۈمرانلارغا قارشى چىقىشى ھەر ھالدا ئەزىزلەرنىڭ تەرىقىتىگە توغرا كەلمەيدۇ...

— يېقىندىن بۇيان نانمۇ كۈندىن - كۈنگە كىچىكلەپ كېتىۋاتىدۇ، راستىنلا بىر چاتاق چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى بويى بىر ئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن، — لېكىن، مېنىڭچە، تالا - تۈزگە ئازراق چىققىنىڭىز، گەپنى كەم قىلغىنىڭىز، ھەر

كۈنى تەنھەرىكىتىڭىزنى قىلىۋەرگىنىڭىز تۈزۈكتەك تۇرىدۇ!

— شۇنداق... — شۈچى تولىمۇ ئىتائەتچان بولغاچقا، قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— ئويلاپ كۆرۈڭ، — دېدى بويى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەمەلىيەتتە قايىل بولمىغانلىقىنى بايقاپ، — بىز بولساق مېھمان، شى بۇ قېرىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بولغاچقا، بىز بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان، نانىنىڭ كىچىكلەپ كەتكەنلىكى ئۈستىدە بىرنەرسە دېمەسلىكىمىز كېرەك، چاتاق چىققان تەقدىردىمۇ بىرنەرسە دېمەسلىكىمىز كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، بىز قېرىلىقىمىزنى باقتۇرۇش بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزىدىكەنمىز - دە.

— ئەڭ ياخشىسى، كەم گەپ قىلغىنىمىز تۈزۈك. مېنىڭمۇ ئۇنداق ئەھۋاللارنى ئاڭلىغۇچىلىك مادارىم يوق.

بويى يۆتىلىپ كەتتى، شۈچىمۇ گەپتىن توختاپ قالدى. يۆتەلنىڭ توختىشى بىلەن جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئىككىيلەننىڭ ئاپئاق ساقىلى كەچ كۈزنىڭ شەپەق نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى.

## 2

لېكىن بىسەرەمجانلىق كۈچىيىۋەردى. نان كىچىكلەپ كېتىش بىلەنلا قالماستىن، ئۇنىمۇ يىرىكلەشكىلى تۇردى. دارىلئاجىزىندىكىلەرنىڭ كۈس - كۈسى تېخىمۇ كۆپەيدى. تاشقىرىدىن ئات - ھارۋىلارنىڭ ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى. شۈچىنىڭ تالا - تۈزگە چىقىش ھەۋىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن بىر نەرسە دېمىسىمۇ، لېكىن چىرايىدىكى ئەنسىزلىك بويىنىمۇ خېلى بىئارام قىلاتتى، ئۇ بۇ تەييار تاماقنىمۇ يېيەلمەيدىغان ئوخشايمىز، دەپ ئەندىشە قىلاتتى.





11 - ئاينىڭ ئاخىرى، شۈچى ئادەتتىكىدەك سەھەر تۇرۇپ تەنھەرىكەت قىلماقچى بولدى، لېكىن ھويلىغا چىققاندىن كېيىن قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ بېقىپ، دەرۋازىنى ئاچتى - دە، يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ۋاللاھۇ ئەلەم 10 دانە قازان نېنى پىشۇرغۇچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ بۇرنى سوغۇقتا توڭلاپ قىزىرىپ كەتكەن، ئاغزىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى.

— ئاكا! ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! لەشكەر تارتىلىپ قالدى! — ئۇ بويىنىڭ كارىۋىتى ئالدىدا ئىككى قولىنى سېلىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن تۇرۇپ ئۈنلۈك سۆزلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئادەتتىكىدىن بىرئاز قوپاللىراق چىقتى.

بويى توڭغاق بولغاچقا، شۇنچە ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇشنى خالىمايتتى. ئۇكىسىنىڭ ئاسقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، نائىلاج چىشىنى چىشلەپ، ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ، يوتقاندىن چىقماي تۇرۇپلا ئالدىرىماستىن تامبىلىنى كىيدى.

— تەنھەرىكەت قىلاي دەپ تۇرۇۋىدىم، — دېدى قاراپ تۇرغان شۈچى، — تاشقىرىدا ئادەملەر بىلەن ئاتلارنىڭ ئاۋازى چىقىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن كوچىغا چىقىپ قارىسام دەرۋەقە كېلىپ قاپتۇ، ئالدىدا ئاق يوپۇقلۇق بىر چوڭ تەختىراۋان كەلدى، ئۇنى 81دەك ئادەم كۆتۈرۈپتۇ، ئىچىدە بىر ياغاچ تاختا بار ئىكەن، ئۇنىڭدا «ئۇلۇغ جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇ ۋېنۋاڭنىڭ قەبرە تاختىسى» دېگەن خەت بار ئىكەن. ئارقىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى لەشكەر ئىكەن. شاڭ جۇغا قارشى قوزغىلىپ ماڭغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. ھازىرقى پادىشاھ جۇ ۋۇۋاڭ ۋاپادار ئادەم، ئۇ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلماقچى، شۇڭا مەرھۇم پادىشاھ جۇ ۋۇۋاڭنىڭ قەبرە تاختىسىنى ئالدىدا كۆتۈرتكۈزۈپ ماڭغان

بولسا كېرەك، ئۇلارغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ
كەلدىم. قارىسام، بىزنىڭ دارىلئاجىزىنىنىڭ كوچا تەرەپتىكى تېمى-
غا ئېلان چاپلاقلىق تۇرۇپتۇ…

بويى كىيىملىرىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، ئاكا ـ ئۇكا
بىللە ئۆيدىن چىقتى ـ دە، سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ قالدى. بويى
ئىلگىرىدىن تارتىپ ئانچە كۆپ ماڭمايتتى، دەرۋازىدىن چىقىپلا
بەزىبىر يېڭىلىقلارنى كۆردى، بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن،
شۇچى قولى بىلەن تامنى كۆرسەتتى، دەرۋەقە تامدا چوڭ ئېلان
چاپلاقلىق تۇراتتى:

«ھەممە ۋاقىپلانسۇنكى، ھازىرقى پادىشاھ شاڭ جۇ ئۆ-
زىنىڭ كېنىزىكىنىڭ گېپىدىن چىقمىدى، ئۆزىنى ئالەمنىڭ
سىرتىدا قويدى، خۇداغا، يەر ـ جاھانغا، ئىنسانىيەتكە مۇۋا-
پىق توغرا يولدىن چىقىپ كەتتى، ئەجدادلارنىڭ ھۆرمىتىنى،
ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ ئىقبالىنى بوغۇپ تاشلىدى. ئۇ
ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ نەغمە مىزانىنى كېرەكتىن چىقاردى؛ ئۇ
كېنىزىكىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، زورلۇق ـ زومبۇ-
لۇق قىلدى، شەھۋانىيەتكە بېرىلىپ كەتتى. شۇڭا، مەن
جى فا خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە، ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرى-
مەن. ھەممەيلەننى ئىككىلەنمەي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە
بۇيرۇيمەن.»

ئىككىيلەن ئېلاننى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن زۇۋان سۈرمەس-
تىن چوڭ يولغا قاراپ ماڭدى. يول بويىدا ئادەملەر سانجاق ـ
سانجاق تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئىككىيلەن ئارقىدا تۇرۇپ: «پوش!
پوش!» دېدى. خەلق ئارقىسىغا قاراپ، ئىككى ئاقساقال ئادەمنى
كۆرۈپ، پادىشاھ جۇ ۋېنۋاڭنىڭ قېرىلارغا ھۆرمەت قىلىڭلار دېگەن





پەرمانى بويىچە دەرھال يول بوشىتىپ ئۇلارنى ئالدىغا ئۆتكۈزدى.
شۇ چاغدا ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭغان «قەبرە تاختىسى» كۆزدىن
ئۇزاپ كەتكەنىدى. يولدا ساۋۇت كىيگەن قاتار ـ قاتار لەشكەرلەر
كېتىۋاتاتتى. ۋاللاھۇ ئەلەم 350 دانە نان پىشۇرغۇچىلىك ۋاقىت
ئۆتكەندە، باشقا بىرمۇنچە لەشكەر كۆرۈندى، ئۇلار خۇددى رەڭگا-
رەڭ بۇلۇتقا ئوخشاش ھەرخىل تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن؛
ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە ساۋۇت كىيگەن لەشكەرلەر ئۆتتى،
ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئارغىماق مىنگەن بىر توپ ھەربىي، مۇلكىي
ئەمەلدارلار قىزغۇچ چىراي، بومبا ساقال، سول قولىدا سېرىق
پالتا، ئوڭ قولىدا ئاق كالا قۇيرۇقى تۇتقان، سالاپەتلىك ۋە
سۈرلۈك غوجامنى ئوتتۇرىغا ئالغان ھالدا كېلىشتى. ئۇ «خۇدايى
جازانى ئىجرا قىلغۇچى» پادىشاھ جۇ ۋۇۋاڭ ئىدى.

چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرغان خەلق ئېھتىرام بىلدۈ-
رۈپ تۇردى، ئۇلارنىڭ بىرىمۇ قىمىر قىلمىدى، زۇۋان چىقارمى-
دى. ھەممە ئادەم تىمتاس تۇرغاندا، شۇچى بويىنى قولىدىن تارتقان
پېتى ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئاتلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، جۇ ۋۇۋاڭ-
نىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇۋالدى ۋە بويىنىنى سوزۇپ
تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— دادىسى ئۆلسە ئۇنى يەرلىكىدە قويماي، ئەكسىچە ئۇرۇشقا
لەشكەر تارتىپ كەلسە، بۇنى «ۋاپادارلىق» دېگىلى بولامدۇ؟ مۇلا-
زىملىرى خوجايىنىنى ئۆلتۈرمەن دېسە، بۇنى «مېھرىبانلىق» دې-
گىلى بولامدۇ؟…

دەسلەپتە يول بويىدىكى خالايىق، پادىشاھنىڭ ئالدىدىكى سەر-
كەردىلەر چۆچۈپ داڭ قېتىپ قالدى؛ ھەتتا جۇ ۋۇۋاڭنىڭ قولىدى-
كى ئاق كالا قۇيرۇقىمۇ قىڭغىيىپ قالدى. لېكىن شۇچى ئەمدىلا
تۆت ئېغىز گېپىنى قىلىپ تۇرۇشىغا، شارت ـ شۇرت قىلغان ئاۋاز
چىقتى ـ دە، ئۇلارنىڭ بېشىغا بىرنەچچە قىلىچ تەگلەندى.

— توختاڭلار!

بۇنىڭ جىياڭ تەيگۇڭ ھەزرەتنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىققا كىممۇ جۈرئەت قىلالىسۇن؟! قىلىچ تەڭلىگەنلەر دەرھال توختاپ قالدى، ئۇلارمۇ ئاپئاق ساقال ۋە لېكىن يۈزى گۆشلۈك ئادەملەر ئىدى.

— قېنى شىرمەتلەر، بۇلارنى قويۇۋېتىڭلار!

سەركەردىلەر قىلىچلىرىنى دەرھال قايتۇرۇپ، بەللىرىگە ئېسىۋالدى. بىر تەرەپتىن ساۋۇت كىيگەن تۆت شىرمەت كېلىپ، بويى بىلەن شۇچىنىڭ ئالدىدا ئېھتىرام بىلەن تاق تۇرۇپ، قوللىرىنى كۆتۈردى، ئاندىن كېيىن شۇچى بىلەن بويىنى ئىككىدىن - ئىككىدىن بولۇپ قولتۇقلاپ، راۋۇرۇس قەدەم بىلەن يول ياقىسىغا ئېلىپ ماڭدى. خالايىقمۇ دەرھال يول بوشىتىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئارقىغا ئۆتكەندىن كېيىن، شىرمەتلەر يەنە ئېھتىرام بىلەن تاق تۇرۇپ قوللىرىنى قويۇۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ دۈمبىسىدىن كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى. ئىككىيلەن «ۋايجان» دەپ ۋارقىراپ، دەلدەڭلىگىنىچە يول ياقىسىدىن ئىككى غۇلاچ نېرى بېرىپ، پوككىدە يىقىلدى. شۇچىنىڭ ئىشى ھەر ھالدا ئوڭدىن كەلدى، ئۇ قولى بىلەن تىرىۋالغانلىقتىن يۈزىگە ئازراقلا لاي چاپلاشتى؛ بويى خېلىلا ياشىنىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېشى تاشقا تەگكەچكە ھوشىدىن كەتتى.

## 3

قوشۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قارىسىمۇ كۆزدىن غايىب بولدى، شۇ چاغدا خالايىق ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، دالىيىپ ياتقان بويى بىلەن ئولتۇرغان شۇچىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇلارنىڭ





بىرنەچچىسى ئۇلارنى تونۇيتتى. شۇڭا خالايىققا، بۇلار ئەسلىدە لياۋشىدىكى گۇ جۇجۇن ھەزرەتنىڭ تەخت ۋارىس پەرزەنتلىرى ئىدى، بىر - بىرىگە تەختنى ئۆتۈنۈپ بېرىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ، پادىشاھ مەرھۇمنىڭ دارىلئاجىزىنىغا كىرگەن، دەپ سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان خالايىق ئۇلارغا تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇدى، بىرنەچچىسى ئېڭىشىپ تۇرۇپ شۇچىنىڭ مەڭزىگە قارىدى، بىرنەچچىسى توم زەنجىۋىل قايىنىتىپ ئىچۈرۈش ئۈچۈن ئۆيىگە كەتتى. بىرنەچچىسى ئۇلارنى تاختىغا ياتقۇزۇپ ئەكېتىشكە ئادەم چاقىرىش ئۈچۈن دارىلئاجىزىنىغا كەتتى.

تەخمىنەن 103، 104 نان پىشۇرغۇچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، ئەھۋالدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، قاراپ تۇرغان ئادەملەرمۇ بارا - بارا كېتىپ قېلىشتى؛ يەنە خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى بوۋاي بىر تاختاينى كۆتۈرگىنىچە دىڭكوسلاپ كەلدى، تاختاينىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت پاخالمۇ سېلىنغانىدى: بۇمۇ مەرھۇم جۇۋىنۋاڭنىڭ قېرىلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىش قائىدىسى ئىدى. تاختاينىڭ گۈپ قىلىپ يەرگە قويۇلۇشى بىلەن چۆچۈگەن بويى بىردىنلا كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ ھوشىغا كەلدى، شۇچى خۇشاللىقىدىن توۋلاپ سالدى ۋە ھېلىقى ئىككىيلەنگە ياردەملىشىپ، بويىنى تاختايغا ئاۋايلاپ ياتقۇزدى - دە، دارىلئاجىزىنىغا قاراپ، تاختاي كۆتۈرگەنلەرنىڭ كەينىدىن تاختايغا چېتىلغان ئارغامچىنى تۇتۇۋالغان پېتى ئىز باستۇرۇپ ماڭدى.

60 — 70 قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، يىراقتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھەي! توختاپ تۇرۇڭلار! زەنجىۋىل قايىنىتىپ كەلدىم!

قولىدا قۇم داڭقان كۆتۈرگەن بىر چوكان يۈگۈرۈپ كەلمەكتە، زەنجىۋىلنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغان بولسا كېرەك، ئانچە تېز يۈگۈرمەيتتى.

بۇلار ھېلىقى چوكان يېتىپ كەلگۈچە كۈتۈپ تۇردى. شۇچى ئۇنىڭ شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتتى. چوكان بويىنىڭ ئاللىقاچان ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بىرئاز ئۈمىدسىزلەندى. لېكىن، يەنە بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا، ئىچۋېلىڭ، ئاشقازىنىڭىزنى ئىسسىتىدۇ، دېدى. لېكىن بويى زەنجىۋىلنىڭ ئاچچىقىدىن قورقۇپ ئىچكىلى ئۇنىمىدى.

— بۇنى قانداق قىلارمەن؟ سەككىز يىللىق كونا زەنجىۋىل ئىدى، بۇنداق كونا زەنجىۋىل باشقىلاردىمۇ يوق ئىدى. ئۆيىمىزدە ئاچچىق نەرسىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەممۇ يوق··· — چوكاننىڭ كۆڭلى غەش بولغاندەك قىلدى.

شۇچى قۇم داڭقاننى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، بويىغا بىر، ئىككى يۇتۇم ئىچۈردى، يەنە بىرمۇنچە ئېشىپ قالغاندى، ئۇ، مېنىڭمۇ ئاشقازىنىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، دەپ ھەممىسىنى ئىچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ زەنجىۋىلنىڭ كۈچىنى ماختاپ، ھېلىقى چوكاننىڭ ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ماجىرا تۈگىدى.

ئۇلار دارىلئاجىزىنغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاغرىقمۇ تۈگەپ كەتتى، بويى ئۈچىنچى كۈنى پېشانىسىدىكى ياڭاقتەك ئىششىق يانمىغان، ئاشقازىنى بۇزۇلغان بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرالايدىغان بولۇپ قالدى.

مەنسەپدارلارمۇ، پۇقرامۇ ئۇلارنى ئارامىدا قويمىدى، ئۇلارنى بىئارام قىلىدىغان خەۋەرلەر، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ خەۋەرلىرى ياكى مىش - مىش گەپلەر ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، چوڭ قوشۇن مىڭجۇن دېگەن يەردىن ئۆتۈپتۇ، بەگلەرنىڭ ھەممىسى جەم بوپتۇ، دېگەن گەپلەر ئاڭلانغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، جۇ ۋۇۋاڭنىڭ «ئۇلۇغ غازاتنامىسى» نىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىمۇ كېلىپ قالدى. بۇنى دارىلئاجىزىندىكىلەر كۆرسۇن دەپ ئالاھىدە كۆچۈرتكۈزۈپ ئەۋەتكەنىكەن، ئۇلارنى كۆزى تورلىشىپ قالغان دەپ، خەتلىرىنىڭ ھەربىرىنى ياڭاقتەك چوڭ - چوڭ يازدۇرغانىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، بويى ئۇنى ئوقۇشقا خۇشياقماي، شۇچىغا ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. باشقا سۆزلىرىگە ھېچ گەپ ئەمەس، لېكىن: «ئاتا - بوۋىسىنىڭ شام - چىراغىنى ئۆچۈرۈپ قويدى، ۋەتىنىنى خورلىدى···» دېگەن گەپلەر ئۇنىڭ جېنىغا تەگكەندەك بولدى.





مىش - مىش گەپلەرمۇ كۆپەيدى: بەزىلەر جۇ ۋۇۋاڭنىڭ لەشكەرلىرى مۇيې دېگەن يەرگە بارغىنىدا شاڭ جۇنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپ، ئۇلارنى قىرىپ سايىنىڭ تېشىدەك ياتقۇزۇۋېتىپتۇ، قان دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ، ھەتتا كالتەك - توقماقلارمۇ خۇددى سۇدا لەيلەپ يۈرگەن ئوت - خەستەك لەيلەپ قاپتۇ، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر بولسا، شاڭ جۇنىڭ لەشكەرلىرى 700 مىڭ بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشماي، جياڭ تەيگۇڭنىڭ نۇرغۇن لەشكەرنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا ئارقىسىغا قايتىپ، جۇ ۋۇۋاڭغا يول بوشىتىپ بېرىپتۇ، دېيىشتى.

بۇ مىش - مىش گەپلەر بىر - بىرىگە ئانچە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن جۇ ۋۇۋاڭنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغانلىقى راستتەك قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە، لۇتەيدىكى ئالتۇن - كۈمۈشنى، جۈيچياۋدىكى ئاشلىقنى[53] ئەكېلىشىپتۇ، دېگەن گەپلەرمۇ كېلىپ، غەلىبە قىلىنغانلىقىنىڭ راستلىقى تېخىمۇ ئىسپاتلاندى. ياردارلارمۇ كەينى - كەينىدىن قايتىپ كەلگىلى تۇردى، ئۇلارمۇ قاتتىق جەڭگە قاتناشقاندەك كۆرۈنەتتى. بىر ئىلاج قىلىپ ماڭالايدىغانلىكى ياردارلارنىڭ تولىسى چايخانا، مەيخانا، ساتىراشخانا ئالدىدا، خەلقنىڭ لەمپىلىرى ياكى ئىشىكلىرى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇرۇشنىڭ ئۆتمۈشىنى ھېكايە قىلاتتى، قەيەردىلا بولمىسۇن، كى-

شىلەر توپ ـ توپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېكايىلىرىنى زوق بىلەن ئاڭلايتتى. ئەتىياز كىرىپ، تالا ـ تۈزدىمۇ ئانچە سوغۇق قالمىغاندى، شۇڭا يارىدارلار قاراڭغۇ چۈشكەن چاغلاردىمۇ زوق بىلەن ھېكايە قىلىپ ئولتۇراتتى.

بويى بىلەن شۇچى تاماق سىڭمەس بولۇپ قالغاچقا، ھەر قېتىمقى تېگىشلىك نېنىنى يەپ بولالمايتتى؛ ئۇيقۇسىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى، قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا تۆشەكلىرىگە چىقىشاتتىيۇ، كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. بويى بىر ئۇيان، بىر بۇيان ئۆرۈلەتتى، شۇچى ئۇنىڭ ئۆرۈلگىنىنى ئاڭلاپ، ئىچى تىتىلداپ بىئارام بولۇپ، يېڭىۋاشتىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ، ھويلىغا چىقىپ ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتى ياكى تەنھەرىكەت قىلاتتى.

بىر كۈنى كېچىدە، يۇلتۇز چىققان بولسىمۇ ئاي چىقمىغان كېچىدە ھەممە ئادەم تىمتاس ئۇخلاپ ياتقاندا، ئىشىك ئالدىدا يەنە بەزىلەر گۇدۇڭشىپ پاراڭ سوقماقتا ئىدى. ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە قۇلاق تىكىپ يۈرمەيدىغان شۇچى بۇ نۆۋەت نېمە ئۈچۈندۇر ئايىغىنى توختىتىپ قۇلاق سالدى.

— ھېلىقى شاڭ جۇ دېگەن خۇنپەر خان مەغلۇپ بولۇش بىلەنلا لۇتەيگە تىكىۋەتتى، — گەپ قىلىۋاتقان كىشى جەڭدىن قايتىپ كەلگەن يارىدار بولسا كېرەك، — ئۇ خۇنپەر ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى دۆۋىلەپ، ئۆزى ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇپ ئوت ياقتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئىسسىت كېتىپتۇ ـ دە! — ئۇنىڭ دەرۋازىۋەننىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— قورقماڭ! ئوتتا ئۆزى كۆيۈپ ئۆلدى، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر كۆيمىدى. پادىشاھىمىز بەگلەرنى باشلاپ شاڭ خانىدانلىقىغا قەدەم باستى، خانىدانلىقنىڭ پۇقرالىرى شەھەر سىرتىدىكى سەھرادا ئالدىمىزغا چىقىشىپتۇ، پادىشاھىمىزنىڭ يېنىدىكى كاتتىلار پا-





دىشاھىمىزنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارغا: «خاتىرجەم ئىش ـ ئوقەتلىرىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار» دېدى. ئۇلار باش قويۇپ تەزىم قىلىشتى، بىز ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردۇق، قارىسام ھەممە دەرۋازىدا «مۆمىن پۇقرا» دېگەن چوڭ خەت چاپلاقلىق تۇرۇپتۇ. پادىشاھىمىزنىڭ ھارۋىسى توپتوغرا لۇتەيگە قاراپ ماڭدى، شاڭ جۇ ئۆلۈۋالغان يەرگە بارغاندىن كېيىن، پادىشاھىمىز ئۈچ پاي ئوق ئاتتى...

— نېمىشقا؟ ئۇ ئۆلمەپتىكەنما؟ — دەپ سورىدى يەنە بىرەيلەن.

— كىم بىلسۇن؟! ئىشقىلىپ ئۈچ پاي ئوق ئۈزدى، ئاندىن كېيىن قىلىچىنى غىلاپتىن چىقىرىپ، شارت قىلىپ چاپتى؛ شۇنىڭدىن كېيىن سېرىق پالتىسىنى قولىغا ئېلىپ غاچ ئۈردى ـ دە، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈپ، چوڭ ئاق تۇغقا ئاستى.

شۇچى چۆچۈپ كەتتى.

— ئاندىن كېيىن شاڭ جۇنىڭ ئىككى كىچىك خوتۇنىنى ئىزدىدى. ۋاھ، ئۇلار ئاللىقاچان ئېسىلىپ ئۆلگەنىكەن. پادىشاھىمىز ئۇلارغىمۇ ئۈچ پاي ئوق ئۈزدى، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ چاپتى، ئاندىن كېيىن قارا پالتىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ كىچىك ئاق تۇغقا ئاستى. شۇنداق قىلىپ...

— ئۇنىڭ ئىككى كىچىك خوتۇنى راست چىرايلىقمىدىكەن؟ — دېدى دەرۋازىۋەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئارىلاپ.

— بىلمىدىم. تۇغنىڭ شادىسى ئېگىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرگۈچىلەرمۇ كۆپ؛ شۇ چاغدا جاراھىتىم قاتتىق ئاغرىپ تۇرغاچقا، يېقىن بارالمىدىم.

— خەقنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى داجى دېگەن كىچىك خوتۇنى تۈلكىدىن ئۆزگىرىۋالغان جىن ئىمىش، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى ئادەم قىياپىتىگە ئۆزگىرەلمىگەچكە لاتا بىلەن ئورىۋالغانمىش. راستمۇ؟

— كىم بىلىدۇ دەيسىز؟! ئۇنىڭ پۇتىنى كۆرگىنىممۇ يوق،

لېكىن ئۇ ياقتىكى خوتۇن خەقلەرنىڭ تولىسى پۇتلىرىنى توڭگۇزنىڭ تۇيىقىغا ئوخشاش تېڭىۋالىدىكەن.

شۇچى ئەدەپ - يوسۇنلۇق ئادەم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گەپنى پادىشاھنىڭ بېشىدىن باشلاپ، خوتۇن خەقنىڭ پۇتىغا ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قوشۇمىسىنى تۈردى - دە، دەرھال قولىقىنى ئېتىۋېلىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بويى تېخى ئويغاق ئىدى، ئۇ ئاستا سورىدى:

— يەنە تەنھەرىكەت قىلغىلى چىقتىڭىزمۇ؟

شۇچى جاۋاب بەرمەي، ئاستا يېقىن بېرىپ، ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ، باياتىن ئاڭلىغان گەپلىرىنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىلەن بىردەم شۈك بولۇپ قالدى. ئاخىرىدا شۇچى ناھايىتى قىينىلىپ بىر نەپەس ئالدى - دە، ئاستا سۆزلىدى:

— جۇ ۋېنۋاڭنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ - دە.... قاراڭ، ۋاپادار بولمايلا قالماستىن، مېھرىبانلىقنىمۇ تاشلىۋېتىپتۇ... بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ يەردىكى تاماق ھارام ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلارمىز؟ — دەپ سورىدى بويى.

— بۇ يەردىن كەتكىنىمىز تۈزۈكتەك تۇرىدۇ...

ئىككىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، بۇ دارىلئاجىزىندىن ئەتە سەھەردىلا چىقىپ كېتىش، جۇ ئەۋلادىنىڭ نېنىنى يېمەسلىك، باشقا بىرەر نەرسىمۇ ئالماسلىق قارارىغا كەلدى. ئاكا - ئۇكا ئىككىلەن خۇشەن تېغىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى ياۋا مېۋە - چېۋە ۋە دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يەپ ئۆتكۈزۈش نىيىتىگە كەلدى. «خۇدا ئۇلۇغ، ھەممە ئىنسانغا شەپقەت كەلتۈرىدۇ» دېگەن گەپ بار، قۇيبىلىرىز، چۆپچىنى دېگەندەك بىرنېمىلەر تېپىلىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاشتى.





ئۇلار بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن كۆڭلىمۇ خېلىلا ئېچىلىپ قالدى. شۇچى كىيىملىرىنى يەنە سېلىۋېتىپ ياتتى؛ ئۇزاققا قالماي، بويىنىڭ جۆيلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، ئۆزىمۇ قىزىقىپ ئاڭلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۆپچىنىڭ مەززىلىك ھىدى بۇرنىغا كىرگەندەك بولدى ۋە شۇ مەززىلىك ھىدنىڭ تەسىرى بىلەن ئېغىر ئۇيقۇغا كەتتى.

## 4

ئەتىسى ئاكا - ئۇكا ئىككىلەن ئادەتتىكىدىن بالدۇر ئويغاندى؛ يۇيۇنۇپ - تارىنىپ بولغاندىن كېيىن ھېچ نەرسە ئالماي — ئەمەلىيەتتە ئالغۇدەك بىر نەرسىسىمۇ يوق ئىدى، بار - يوقى بىرلا كونا جۇۋىسى بار ئىدى — كونا جۇۋىسىنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيماي، ئۇنى ئۇچىسىغا كىيىپ، ھاسا تايىقىنى ۋە ئېشىپ قالغان ناننى ئېلىپ، ئايلىنىپ كىرىمىز دېگەن باھانە بىلەن دارىلئاجىزىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى ۋە ئەمدى بۇ يەر بىلەن مەڭگۈ خوشلىشىدىغان بولدۇق دەپ، بۇ يەرگە يەنە بىرئاز تارتىنىشقاندەك قىلىپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى.

كوچىدا ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇيقۇسىغا تازا قانمىغان، قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتقان ئاياللاردىن باشقا ئادەم ئۇچرىمايتتى. شەھەرنىڭ چېتىگە يېتىپ بارغاندا كۈن نەيزە بويى ئۆرلىدى، يولدا ئادەممۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەغرۇر كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بۇلارنى كۆرۈشى بىلەنلا قائىدە بويىچە يول بوشىتىپ بەردى. دەل - دەرەخلەرمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى، ئىسمى نامەلۇم دەرەخلەر ئەمدىلا بىخ سۈرگەن، كۆكۈچ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، دەرەخلەر ئارىسىدىكى قارىغاي، ئارچا دەرەخلىرى خېلىلا كۆكىرىپ تۇراتتى.

بويى بىلەن شۇچى بىپايان كەڭ، ئازادە، چىرايلىق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، گويا ياشىرىپ قالغاندەك تېتىك چامداپ ماڭدى، كۆڭلىمۇ خېلىلا ئېچىلىپ قالدى.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر ئاچا يولغا كېلىپ قالدى - دە، قايسى يولدىن مېڭىشنى بىلەلمەي، ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان بىر بوۋايدىن مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

— ئاپلا، ئىسىت، — دېدى بوۋاي، — بالدۇرراق چىققان بولساڭلار، ئۆتۈپ كەتكەن ئاتلىقلار بىلەن بىللە ماڭغان بولساڭلار ياخشى بوپتىكەن. ئەمدى مۇشۇ يول بىلەن ماڭماي ئىلاجىڭلار يوق، ئالدىڭلاردىمۇ ئاچا يول ئۇچرايدۇ، يەنە سورارسىلە...

دەل چۈش ۋاقتىدا بىرنەچچە مەجرۇھ لەشكەرنىڭ بىر توپ قېرى، ئورۇق، توكۇر، قوتۇر ئاتنى ھەيدەپ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ، خۇددى دەسسىۋەتكۇدەك قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى شۇچىنىڭ ئېسىدە ئىدى؛ شۇڭا ئۇ ھېلىقى بوۋايدىن شۇ ئاتلارنى نېمىگە ھەيدەپ كېتىشكەنلىكىنى سورىدى.

— تېخى بىلمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ھېلىقى بوۋاي، — بىزنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھىمىز «خۇدايىمنىڭ ئىرادىسى بويىچە شاڭ جۇنىڭ جاجىسىنى بېرىپ» بولدى، ئەمدى يەنە لەشكەر تارتىپ چىقىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، شۇڭا ئاتلارنى خۇاشەن تېغىنىڭ ئېتىكىگە قويىدۇرۇۋەتتى، «ئاتلارنى خۇاشەن تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە قويۇۋەتكىنى» شۇ گەپ. چۈشەندىڭىزمۇ؟ بىز «كالىلارنى شاپتۇللۇقتا باقىدىغان» بولدۇق! ھا - ھا! مانا ئەمدى ھەممىمىز تىنچ - ئامان تىرىكچىلىكىمىزنى قىلالايدىغان بولدۇق.

لېكىن بۇ گەپلەر بۇ ئىككىيلەننىڭ بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئاڭلاندى، بۇلار تەڭلا ئەندىكىپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرماي، ھېلىقى بوۋايغا خوش ئېيتىپ، ئۇ كۆرسىتىپ قويغان





يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. «ئاتلارنى خۇاشەن تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە قويۇۋەتكەن»لىكى بۇلارنىڭ شېرىن چۈشىنى بۇزۇۋەتتى، شۇڭا بۇ ئىككىيلەننىڭ يۈرىكى شۇنىڭدىن باشلاپ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى.

ئۇلار يۈرىكى دۈپۈلدەپ تۇرسىمۇ ئىچىگە تىنىپ، ئۆز يولىغا مېڭىۋەردى. كەچقۇرۇندا ئانچىمۇ ئېگىز بولمىغان بىر توپا تاغقا يېقىنلاشتى، تاغنىڭ ئۈستىدە ئاندا - ساندا دەرەخ، بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بار ئىدى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ، شۇ تاغدا قونۇش قارارىغا كەلدى.

تاغنىڭ ئېتىكىگە 10 نەچچە قەدەم قالغان يەردىكى دەرەخزارلىقتىن ناھايىتى تەمبەل بەش ئادەم چىقتى، ئۇلار بېشىنى ئاق لاتا بىلەن ئورىغان، ئۇچىسىغا يىرتىق كونا كىيىم كىيگەنىدى، ئالدىدىكىسىنىڭ قولىدا يوغان بىر قىلىچ، قالغان تۆتىنىڭ قولىدا كالتەك. ئۇلار تاغنىڭ ئېتىكىگە بېرىپلا قاتار تىزىلىپ يولنى توساپ، ئېھتىرام بىلەن باشلىرىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن، ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— ئاقساقال جانابلىرىم، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بۇ ئىككى بوۋاي چۆچۈپ ئارقىسىغا بىرنەچچە قەدەم داجىدى، بويى ھەتتا لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. شۇچى تەمكىن ئىكەن، پەرۋاسىز ھالدا ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى.

— پېقىر بولسام خۇاشەن بېگى شياۋ چۇنچى دېگەن كىشى بولىمەن، — دېدى قىلىچ تۇتقىنى، — نۆكەرلىرىمنى باشلاپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، سىلەردىن بىرئاز يول پۇلى سورايمەن!

— بىزدە نەدىمۇ پۇل بولسۇن، بېگىم؟ — دېدى شۇچى مۇلايىملىق بىلەن، — بىز دارىلئاجىزىندىن چىقتۇق.

— ۋاي شۇنداقمۇ؟! — شياۋ چۇنچى چۆچۈپ، دەرھال ئېھ-

تىرام بىلدۈردى، — ئۇنداق بولسا، ئىككىلىرى «خەلقئالەم ئىچىدىكى چوڭ مۆتىۋەرلەر» ئىكەنسىلەر - دە. كەمىنىلىرىمۇ مەرھۇم پادىشاھىمىزنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، قېرىلارنى ھۆرمەتلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاز - پاز خاتىرە قالدۇرۇپ كېتىڭلار ... — ئۇ شۇچىنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، قىلىچىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۈنلۈك سۆزلىدى، — ئەگەر يەنە قۇرۇق تەكەللۇپ قىلىدىغان بولساڭلار، كەمىنىلىرى خۇدايىمىنىڭ ئاختۇرۇش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىپ، ئەزايىڭلارغا نەزەر سېلىپ باقىمىز!

بويى بىلەن شۇچى دەرھال ئىككى قولىنى كۆتۈردى؛ كالتەك كۆتۈرگەنلەردىن بىرى ئۇلارنىڭ جۇۋىسىنى، پاختىلىق چاپىنىنى، كۆڭلىكىنى يېشىپ، بىر قۇر زىغىرلاپ ئاختۇردى.

— بۇ ئىككى گادايدا ھەقىقەتەن ھېچ نەرسە يوق ئىكەن! — دېدى ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ شىياۋ چۈنچىگە قاراپ.

شىياۋ چۈنچى بويىنىڭ تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا بېرىپ، ھۆرمەت بىلەن يەلكىسىگە ئۇرۇپ قويدى:

— ئاتا، قورقماڭ. «شاڭخەيلىكلەر» بۇلاڭچى كېلىدۇ. بىز بولساق مەدەنىي ئادەملەر، بىز ئۇنداق ئىشنى قىلمايمىز، خاتىرە قىلىپ بەرگۈدەك بىر نەرسەڭلارمۇ يوق ئىكەن، خەير، بۇ بىزنىڭ تەلەيسىزلىكىمىز بولسۇن. ئەمدى سىلەر كەشىڭلارنى قولتۇقۇڭلارغا قىسىپ، كۆزىمىزدىن يوقىلىڭلار!

بويى نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، چاپىنىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، شۇچى بىلەن بىللە بەدەر ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. شۇ چاغدا ھېلىقى بەش كىشى يولنى بوشىتىپ بىر چەتكە ئۆتكەندى. ئۇلار ئىككى بوۋاينىڭ ئۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قوللىرىنى تۆۋەن سېلىپ، ھۆرمەت بىلەن تەڭلا سورىدى:





— كەتتىڭلىمۇ؟ چاي - پاي ئىچىۋالمامسىلە؟

— خوش، خوش ...— بويى بىلەن شۇچى كېتىۋېتىپ، باشلىرىنى لىڭشىتتى.

## 5

«ئاتلار خۇاشەن تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە قويۇپ بېرىلگەن» لىكى، خۇاشەن بېگى شىياۋ چۈنچىنىڭ ئۇچراپ قالغانلىقى بۇ ئىككىلەننى خۇاشەن تېغىدىن ئەيمەندۈردى. شۇڭا بۇلار يېڭىۋاشتىن مەسلىھەتلىشىپ، شىمال تەرەپكە قاراپ يول ئېلىپ، قورسىقى ئاچقان يەردە تىلەپ يەپ، كۈندۈزى يول يۈرۈپ، كېچىسى قونۇپ، ئاخىر شۇياڭشەن تېغىغا يېتىپ باردى.

بۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق مەنزىرىلىك تاغ ئىدى، تاغ ئېگىزمۇ ئەمەس، قوينى چوڭقۇرمۇ ئەمەس، چوڭ ئورمانزارلىقمۇ يوق ئىدى، بۇ يەردىن يولۋاستىن، بۆرىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ، قاراقچىدىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى. دېمەك تولىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك خالىي يەر ئىدى. ئىككىيلەن تاغنىڭ ئېتىكىگە بارغاندىن كېيىن نەزەر سالدى: يېڭى چىققان يۇمران يوپۇرماقلار كۆپكۆك كۆكىرىپ تۇراتتى، يەرلىرى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى، ياۋا ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا قىزىل، ئاق گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى، ئۇلارغا قاراپ كۆز تويمايتتى. ئىككىيلەن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ يايراپ كەتتى، ھاسا تاياقلىرىنى توكۇلدىتىپ، تاغ يولى بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ يۇقىرى چىقتى، يۇقىرىدا چوقچىيىپ تۇرغان خۇددى غارغا ئوخشايدىغان بىر جاينى تېپىپ، شۇ يەردە دېمىنى ئېلىپ، تەرلىرىنى سۈرتۈپ ئولتۇردى.

شۇ چاغدا كۈن غەربكە ئولتۇرغانىدى. ئورمانلىققا قاراپ كەتكەن ئۇچار قاناتلار چۇرۇلداشماقتا ئىدى. بۇ يەر تاغقا چىقىۋاتقان

چاغدىكىدەك جىمجىت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى زوقلاندۇردى. جۇۋىسىنى تۆشەك قىلىپ سېلىپ يېتىشتىن ئىلگىرى، شۇچى پومىلىنىپ كەتكەن ئىككى پوم ئاشنى چىقىرىپ بويى بىلەن يەپ قورساقنى تويغۇزدى. بۇ ئاشنى يول بويى تىلەپ تاپقانىدى. ئىككىلەن «جۇ ئىقلىمىنىڭ ئېشىنى يېمەيمىز»، بۇ نىيىتىمىزنى شۇياڭشەن تېغىغا كىرگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا باشلايمىز، دەپ نىيەت قىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى شۇ ئاخشامدا يەپ تۈگىتىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆز مەسلىكىگە ئاغماستىن ئەمەل قىلماقچى بولغان.

ئۇلارنى ئەتىسى سەھەردىلا قاغىلار قاقىلداپ ئويغىتىۋەتكەنىدى، كېيىن يەنە ئۇخلاپ قالدى. ئويغانغاندا چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. بويى بېلىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى دەپ، تىك تۇرالماي قالدى. شۇچى يېگۈدەك بىر نەرسە تېپىلارمىكىن دەپ، نائىلاج ئۆزى يالغۇز ماڭدى. ئۇ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، بۇ ئېگىزمۇ ئەمەس، قوينى چوڭقۇرمۇ ئەمەس، يىرتقۇچ ھايۋانلىرىمۇ، ئوغرى - قاراقچىلىرىمۇ يوق تاغنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن كەمچىلىكىمۇ بارلىقىنى بىلدى: تاغنىڭ ئېتىكى شۇياڭ كەنتى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تاغقا ئوتۇن كېسىدىغان بوۋايلار ياكى ئاياللار، مۆكۈشمەك ئوينايدىغان بالىلار پات - پات كېلىپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن يېگىلى بولغۇدەك ياۋا مېۋىلەر تېپىلمايتتى، ئېھتىمال ئۇنداق مېۋىلەرنى شۇلار ئاللىقاچان ئۈزۈپ، قېقىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

شۇچى چوپچىنىنى ئېسىگە ئالدى. لېكىن تاغدا قارىغاي بولسىمۇ، ئۇ قارىغايلار كونا قارىغاي بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يىلتىزىدا چوپچىنىنىڭ بولۇشى ناتايىن، بولغان تەقدىردىمۇ جوتۇسى بولمىغاچقا، كولاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۇ قۇۋبىلىرىنى ئېسىگە كەلتۈردى، لېكىن قۇۋبىلىرىنىڭ يىلتىزىنىلا كۆرگەچ-





كە، يوپۇرمىقىنى تونۇمايتتى، تاغدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇپ كۆرۈپ بېقىش مۇمكىن ئەمەس، قۇۋبىلىرىز كۆز ئالدىدا تۇرغان تەقدىردىمۇ ئۇنى تونۇمايتتى، شۇڭا ئىچى تىتىلداپ، ئەسەبىيلىشىپ، بېشىنى تاتىلىغىلى تۇردى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنە دەرھال پەسكويىغا چۈشۈپ ئەقىل تاپقاندەك بولدى، شۇنىڭ بىلەن قارىغاينىڭ تۈۋىگە بېرىپ، قارىغاي يىڭنىسىدىن بىر ئېتەك ئۈزدى، ئاندىن كېيىن ئۆستەڭ بويىدىن ئىككى دانە تاشنى تېپىپ، قارىغاي يىڭنىسىنىڭ كۆك پوستىنى يانجىپ يۇيۇپ، نانغا ئوخشاش ئېچىپ يېيىپ، يەنە نېپىز بىر پارچە تاشنى تېپىپ، غارغا ئەكىردى.

— ئۇكام، بىر نەرسە تاپالىدىڭمۇ؟ قورسىقىم ئېچىپ غولدۇرلىغىلى خېلى ۋاقىت بولدى، — دېدى بويى ئۇنى كۆرۈپلا.

— ئاكا، ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. مانا ماۋۇ بىرنېمىنى كۆرۈپ باقايلى.

شۇچى شۇ يەردىن ئىككى پارچە تاشنى ئېلىپ، ھېلىقى نېپىز تاشنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قارىغاي يىڭنىسى تالقىنىنى ئۈستىگە قويۇپ، قۇرۇق شاخ بىلەن ئاستىدىن ئوت ياقتى. بىر ھازادىن كېيىن ھېلىقى ھۆل تالقان پىژىلداشقا ۋە شېرىن ھىد بېرىشكە باشلىدى، ئىككىيلەننىڭ ئاغزىدىن شال ئېقىشقا باشلىدى. شۇچى خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بۇ ئۇسۇلنى جياڭ تەيگۇڭ ھەزرەتنىڭ 85 ياشقا تولغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ بارغىنىدا زىياپەتتە ئۆگىنىۋالغانىدى.

تالقان ھىد بەرگەندىن كېيىن كۆپچۈپ، خۇددى پېچىنىگە ئوخشاش قۇرۇشقا باشلىدى. شۇچى جۇۋىسىنىڭ يېڭى بىلەن قولىنى ئوراپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالماي، ياپىلاق تاشنى ئېلىپ بويىنىڭ ئالدىغا قويدى. بويى پۈۋلەپ تۇرۇپ بىر بۇرجىكىدىن ئوشتۇپ، دەرھال ئاغزىغا سالدى.

ئۇنىڭ چاينىغانسېرى چىرايى تۈرۈلۈپ كەتتى، زورغا بىرنەچچە يۇتۇم يۇتتى - دە، غار قىلىپ قۇسۇۋەتتى ۋە شۇچىغا دەرد تۆككەندەك قاراپ سۆزلىدى:

— قاڭسىق... قىرتاق...

شۇ چاغدا شۇچى خۇددى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك، ھەممە ئۈمىدىنى يوقاتتى. شۇنداق بولسىمۇ تىترەپ تۇرۇپ بىر بۇرجىكىنى سۇندۇرۇۋېلىپ چاينىدى، ھەقىقەتەن ئۇنىڭمۇ گېلىدىن ئۆتمىدى، چۈنكى قاڭسىق... قىرتاق ئىدى.

شۇچى ھەپسىلىسى پىر بولۇپ، بېشى چۈشۈپ كەتكەن ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى. لېكىن، خۇددى چوڭقۇر ھاڭدىن ئۆمىلەپ چىقىشقا تىرماشقاندەك، ئۆمىلەپ كېتىۋاتقاندەك، خىيال دېڭىزىدا تىرمىشىپ ئۈزۈشكە باشلىدى. ئاخىر گويا بىر كىچىك بالىغا، يەنە كېلىپ گۇ جۇجۇننىڭ تەخت ۋارىسى سۈپىتىدە سەھرالىق ئىنىكئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغاندەك، سەھرالىق ئىنىكئانىسى خۇاڭ دىنىڭ چى يۇ بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى، ئۇلۇغ يۇنىڭ ۋۇجەدچىنى قانداق تۇتۇۋالغانلىقىنى، سەھرالىق ئادەملىرىنىڭ قەھەتچىلىك بولغان يىللىرى تاشپۇرچاق تېرىپ يېگەنلىكى توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك بولدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تاشپۇرچاقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىغانلىقىنىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ نەرسىنى تاغدا كۆرگەنلىكىنىمۇ ئېسىگە ئالدى. كېيىن بىردىنلا دەرمانغا كەلگەندەك بولۇپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوت - چۆپلۈك ئىچىدىن ئىزدەپ ماڭدى.

دەرۋەقە، ئۇنداق نەرسە كۆپ ئىكەن، بىرەر چاقىرىم ماڭا - ماڭمايلا يېرىم ئېتەك تەردى.

ئۇ نەرسىلەرنى ئۆستەڭدە چايقىغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى ۋە يەنە ھېلىقى قارىغاي يىڭنىلىرىدىن يانجىغان تالقاننى پىشۇرغاندا ئىشلەتكەن ياپىلاق تاش بىلەن قورۇدى. تاشپۇرچاقنىڭ يوپۇرماق-





لىرى بىرئاز قارىداپ پىشتى، لېكىن بۇ نۆۋەت ئاكىسىغا ئىلتىپات قىلماي، بىر شاخ تاشپۇرچاقنى كاپاملاپ ئېلىپ ئاغزىغا سالدى - دە، كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ چاينىدى.

— قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى بويى تاقەتسىزلىك بىلەن.

— ياخشىكەن!

ئىككىيلەن خۇشال بولۇپ يېيىشكە باشلىدى. بويى ئۇنىڭ ئاكىسى بولغاچقا، ئىككى كاپامنى ئۇشۇق يېدى.

ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر كۈنى تاشپۇرچاق تېرىيدىغان بولدى. ئاۋۋال شۇچى يالغۇز تېرىپ كېلىدىغان، بويى پىشۇرىدىغان بولدى؛ كېيىن بويىغا بىرئاز جان كىرگەندىن كېيىن، ئۇمۇ تەرگىلى بارىدىغان بولدى. ئۇنى پىشۇرۇش ئۇسۇلىنىمۇ خىلمۇخىل ئۆزگەرتتى؛ شورپا قىلىدىغان، تالقان قىلىدىغان، مەلھەم قىلىدىغان، داغ سۇدا قايىنىتىپ يەيدىغان، كۆكىنى شورپىسىغا دۇملەپ پىشۇرىدىغان، يۇمران يوپۇرماقلىرىنى قورۇتۇپ يەيدىغان بولدى...

لېكىن يېقىن ئەتراپتىكى تاشپۇرچاق بارا - بارا تۈگەپ قالدى، ئاز - پاز يىلتىزى قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قايتا كۆكلەپ چىقمىقى يوق گەپ ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن يىراق يەرلەرگە بېرىپ تېرىشقا توغرا كەلدى. ئۇلار بىرنەچچە قېتىم كۆچكەن بولسىمۇ، ئاخىرى نەتىجە يەنە ئوخشاش بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى كۆچۈپ بارغان يەردىن تېپىشمۇ بارا - بارا قىيىنلىشىپ قالدى، چۈنكى تاشپۇرچاق كۆپ بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىق - ئۆستەڭمۇ يېقىن بولۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق ئوتىمۇ بار، سۈيىمۇ بار يەر شۇياڭشەن تېغىدا ھەقىقەتەن ئاز ئىدى. بويى تولىمۇ قېرىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا شامال تېگىپ كەتمىسۇن دەپ، شۇچى ئۇنىڭغا، ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرگىن، پىشۇرۇش خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقساڭلا بولدى، ئۆزۈم بېرىپ تېپىپ كېلىمەن، دەيتتى.

بويى بىرئاز پەش - كەش قىلغاندىن كېيىن ئاخىر ماقۇل بولدى، شۇنىڭدىن تارتىپ بىرئاز بىكار بولۇپ قالدى. شۇياڭشەن تېغى ئادەمزات ئىزى تۈگمەيدىغان يەر ئىدى، قىلغۇدەك ئىشى بولمىغان بويىنىڭ مىجەزىمۇ بىرئاز ئۆزگىرىپ، ئىلگىرىكى كەم سۆزلۈكىدىن قېلىپ، تولا گەپ قىلىدىغان، كىچىك باللار بىلەن، ئوتۇنچىلار بىلەن پاراڭلىشىدىغان بولۇپ قالدى. بىردەملىك كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانلىقىدىنمۇ ياكى بىراۋ ئۇنى قېرى قەلەندەر دەپ قويغانلىقتىنمۇ، ئۇ ئۆزلىرىنى، ئەسلىدە لياۋشىدىكى گۇجۇن ھەزرەتنىڭ ئوغلىمىز، مەن بولسام چوڭى، يەنە بىرەيلەن بولسا ئۈچىنچى ئوغۇل بولىدۇ، دادىمىز ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ شاھلىق تەختىنى ئۈچىنچى ئوغۇلغا قالدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۈچىنچى ئوغۇل تەختىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بېرەي دەپ تۇرۇۋالدى، مەن ئاتامنىڭ ئەمرى بويىچە بولسۇن، چاتاق بولمىسۇن دەپ قېچىپ كەتتىم، ئۈچىنچى ئوغۇلمۇ قېچىپ چىقىپتۇ، ئىككىمىز يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىرلىكتە شىبونى — جۇ ۋېنۋاڭنى ئىزدەپ كېلىپ دارىلئاجىزىنىغا كىردۇق؛ نەدىن بىلەيلى، ھازىر جۇ ۋېنۋاڭ «مۇلازىم بولۇپ تۇرۇقلۇق پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپتۇ»، شۇنىڭ ئۈچۈن نائىلاج جۇ ئىقلىمىنىڭ ئاشلىقىنى ھارام دەپ يېمەي، شۇياڭشەن تېغىغا قېچىپ كېلىپ، ئوت - چۆپ يەپ جان بېقىۋاتىمىز… دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇچى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ۋاتۋاتلىق قىلغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، ئۇ گەپلەر ئاللىقاچان تارقىلىپ بولغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ توغرىدا ئۇنىڭدىن رەنجىشكە پېتىنالماي، ئۆز كۆڭلىدە، دادامنىڭ ئۆز تەختىنى ئۇنىڭغا قالدۇرمىغانلىقىمۇ خېلىلا توغرا بولغانىكەن، دەپ ئويلىدى.

شۇچىنىڭ پەرىزىمۇ جايىدىن چىقتى: ھېلىقى گەپلەردىن ناھايىتى يامان نەتىجە كېلىپ چىقتى، كەنتتىكىلەر بۇلارنىڭ پارىڭىنى





دائىم تىلغا ئالىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنى يوقلاپمۇ كېلىشىدىغان بولدى، بەزىلەر بۇلارنى مەشھۇر ئادەملەر ئىكەن دەيدىغان بولدى، بەزىلەر غەلىتە مەخلۇق ئىكەن دېيىشتى. يەنە بەزىلەر بۇلارنى تەۋەررۈك بولۇپ قاپتۇ دېيىشتى. ھەتتا ئۇلار بۇلارنىڭ تاشپۇرچاقنى قانداق تېپىشىنى كۆرىدىغان، يېگىنىگە قاراپ تۇرىدىغان، ئۇنى - بۇنى دېيىشىدىغان، سورايدىغان، شۇنداق ئېلىشتۇرىدىغان بولدى. ئۇلارغا ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرا كېلەتتى، ئەگەر سەللا دىققەت قىلماي، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ «خاپا بولدى» دەيدىغانلىقى تۇرغان گەپ ئىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، جامائەتنىڭ ياخشى باھالىرى كۆپ ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە قىزلارمۇ، چوكان - جۇۋانلارمۇ كۆرگىلى كېلىدىغان، ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن «سەت ئىكەن»، تازا ئالدىنىپتۇق دەپ بېشىنى چايقايدىغان بولدى.

بۇ ئەھۋاللار، ئاخىر شۇياڭ كەنتىدىكى ھەممىدىن كاتتا ئادەم سانىلىدىغان شياۋ بىڭجۇنىڭمۇ تەسىر قىلدى. ئۇ ئەسلى كېنىزەك داجىنىڭ تاغىسىنىڭ بېقىۋالغان قىزىنىڭ ئېرى ئىدى، كەنتنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. ئۇ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىرنى چۈشىنىدىغان ئادەم بولغاچقا، 50 ھارۋا يۈك - تاقلىرى ۋە 800 قۇل - دېدەكلىرىنى باشلاپ دانا پادىشاھنىڭ ئالدىغا بەندىچىلىك قىلىپ كەلگەندى. ئەپسۇسكى، مېڭجۈن دېگەن يەردىكى باش قوشۇشتىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى يېغىلىق بولۇپ قالغاچقا، ئوبدان سەرەمجانلىشالماي 40 ھارۋا پۇل - مېلىنى ۋە 750 قۇل - دېدىكىنى قالدۇرۇپ، بۇلاردىن باشقا يەنە شۇياڭشەن تېغى ئېتىكىدىكى مۇنبەت يەرلىرىدىن ئىككى قوشلۇق يېرىنىمۇ بېرىپ، كەنتتە مۇنەججىم بولۇۋالغانىدى. ئۇمۇ ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرەتتى. كەنتتە

ساۋاتلىق، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىن خەۋىرى بار ئادەم بولمىغاچقا، ئىچى پۇشۇپ، خىزمەتكارلىرىغا تەختىراۋاننى كۆتۈرتكۈزۈپ، ھېلىقى ئىككى ئاقساقالنىڭ ئالدىغا ئەدەبىيات توغرىسىدا، بولۇپمۇ شېئىر توغرىسىدا پاراڭلاشقىلى كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شائىر بولغاچقا، بىر پارچە شېئىرلار توپلىمىنىمۇ ھازىرلاپ قويغانىدى.

لېكىن، ئۇمۇ پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن بېشىنى چايقاپ، تەختىراۋانغا چۈشۈپ ئۆيىگە قايتتى، ھەتتا خېلىلا خاپا بولدى. ئۇ ئۆز نەزىرىدە، بۇ ئىككى بىرنېمە شېئىردىن ئېغىز ئاچالمايدۇ، بىرىنچىدىن، كەمبەغەل ئىكەن، جېنىنى باقالمايۋاتسا، قانداقمۇ تۈزۈكرەك شېئىر يازالىسۇن؟ ئىككىنچىدىن، «پائالىيىتى بار» ئىكەن، شېئىرىيەتتە «مېھرىبان» ئەمەس ئىكەن؛ ئۈچىنچىدىن، مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىكەن، شېئىرىيەتتە «مۇلايىم» ئەمەس ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ پەزىلىتىدە گەپ بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى بىر - بىرىگە زىت ئىكەن، دەپ ئويلاپ، كەسكىنلىك بىلەن:

— «پۇتۇن ئىقلىمدا شاھىمىزغا قارىمايدىغان يەر يوق»، ئۇلار يەۋاتقان تاشپۇرچاق بىزنىڭ ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ ئەمەسمىكەن؟! — دېدى.

شۇ كۈنلەردە بويى بىلەن شۇچىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئورۇقلاپ، ياداپ كېتىشىدىكى سەۋەب، باردى - كەلدى قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىرىتىپ قويغانلىقى ئەمەس ئىدى، چۈنكى يوقلاپ كەلگۈچىلەر بارا - بارا ئازىيىپ كەتكەنىدى. ئۇلارغا ئەلەم قىلغىنى شۇكى، تاش پۇرچاقمۇ بارا - بارا ئازىيىپ كەتتى، ھەر كۈنى بىر ئوچۇم تېپىش ئۈچۈن بىرمۇنچە كۈچ سەرپ قىلىپ، نۇرغۇن يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

لېكىن، ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئۇلار شۇنداق





دەرد - ئەلەمدە تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ بېشىغا يەنە بىر كۈلپەت كەلدى.

بىر كۈنى ئۇلار پۇرچاق يەپ ئولتۇراتتى، پۇرچاقنى تېپىش قىيىن بولغاچقا، شۇ كۈنكى چۈشلۈك تامىقى كەچكە قالغانىدى. ئۇشتۇمتۇتلا 20 ياشلار چامىسىدا بىر ئايال كېلىپ قالدى. ئىلگىرى كۆرمىگەن بۇ ئايالنىڭ تۇرقىدىن بىرەر باينىڭ خىزمەتكارىغا ئوخشايتتى.

— غىزا يەۋاتاملا؟ — دەپ سورىدى ئايال.

شۇچى دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— يەۋاتقانلىرى نېمە بۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە.

— تاشپۇرچاق، — دېدى بويى.

— مۇشۇنداق نەرسىنىمۇ يەۋاتامسىلەر؟

— بىز جۇ ئىقلىمىنىڭ ئاشلىقىنى يېيىشنى ھارام دەپ بىلگەن...

بويى بۇ سۆزنى ئەمدىلا ئاغزىدىن چىقىرىپ تۇراتتى، شۇچى دەرھال كۆزى بىلەن جىملەپ قويدى، لېكىن ھېلىقى ئايالمۇ چېچەن بولغاچقا چۈشىنىپ بولدى ۋە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، مەردانىلىك بىلەن كېسىپ سۆزلىدى:

— «پۇتۇن ئىقلىمدا شاھىمىزغا قارىمايدىغان يەر يوق»، سىلەرنىڭ يەۋاتقىنىڭلار بىزنىڭ ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ پۇرچىقى ئەمەسمۇ؟!

بويى بىلەن شۇچى بۇ گەپنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدى، ئاخىرقى سۆز ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا گويا ھاۋاگۈلدۈرلىگەندەك قاتتىق تەسىر قىلدى؛ ئۇلار ئەس - ھوشىنى يىغىۋالغاندا، ھېلىقى ئايال ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئۇلارنىڭ تاش پۇرچاقنى

يېمەسلىكى تۇرغان گەپ، گېلىدىنمۇ ئۆتمەي قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەتتا ئۇنىڭغا قاراشتىنمۇ ئۇيالدى، ئۇنى نېرى ئېلىۋېتەي دېۋىدى، قوللىرىنى كۆتۈرەلمىدى، قوللىرى گويا بىرنەچچە يۈز جىڭ كېلىدىغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى.

## 6

شۇنىڭدىن كېيىن تەخمىنەن 20 كۈن ئۆتكەندە، بىر ئوتۇنچى بويى بىلەن شۇچىنىڭ تاغ ئارقىسىدىكى غاردا تۇگۇلۇپ ياتقان پېتى ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار ئورۇقلۇقىدىن سېسىمىغان بولسىمۇ، لېكىن يېقىندىلا ئۆلگەندەك يېتىپتۇ؛ ئاستىغا سالغان جۇۋىسىمۇ يوق، نەگە يوقالغانلىقى نامەلۇم. بۇ خەۋەر كەنتكە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يەنە بىرمۇنچە ئادەم كۆرگىلى كەلدى، تاكى يېرىم كېچىگىچە ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمىدى. نەتىجىدە يەنە بىرنەچچە تىنىم تاپمايدىغان ئادەم ئۇلارنى توپا بىلەن كۆمدى ۋە قەبرىسىگە تاش تىكلەپ ئاسار ئەتىقە بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز سۆزنىمۇ ئويۇپ قويماقچى بولدى.

لېكىن پۈتۈن كەنتتىن خەت يازالىغۇدەك ئادەم چىقمىغاچقا، ئاخىر شياۋىڭجۇڭگە يېلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

لېكىن شياۋىڭجۇن خەت يېزىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى.

— ئۇلار مېنىڭ يېزىپ بېرىشىمگە ئەرزىمەيدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇلار قاپاق باش ئىكەن. دارىلئاجىزىنغا كىرىۋالغىنىغۇ خەيرىيەت، ئۆزلىرىنى خالىي تۇتۇشقا ئۇنىماپتۇ؛ شۇياڭشەن تېغىغا كېلىۋالغىنىغۇ مەيلى، شېئىر يازماقچى بولغىنى نېمىسى؟! شېئىر يازسىمۇ يازسۇن، قەيدى قانا قىلماي، ئاھ - پىغان قىلىپ، «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» كە بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمەمدىغان قاراڭلار، مانا مۇنداق شېئىر مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان شېئىرما؟





غەربىي تاغقا مۇشكۇل بولسىمۇ تاش پۇرچاق
تەرگىلى چىقاي،
قاراقچىلار ئالمىششىنىڭ راۋالىغىن
نەدىن بىلەي،
غىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى شىڭنۇڭ، شيايۇلەر،
مەن نەگە باراي،
تەقدىردىن بولدى ھەممە ئىشلار، بەس - بەس
ھالىمغا تەن بېرەي.

— قاراڭلار، بۇ نېمە گەپ، مۇلايىم، مېھرىبان گەپلەرلا شېئىر بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ گەپلىرى «ئاھ - زار» لا ئەمەس، ھەتتا «تىل - ھاقارەت» ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە گۈل بولسا كاشكى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە تىكەندىن باشقا نەرسە يوق، بۇنداق سۆزلەر يارىمىغان يەردە تىل - ھاقارەت قانداقمۇ يارىسۇن؟! ئەدەبىياتنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇلار ئاتا كەسپىنى تاشلاپ قويۇپتۇ، ئۇلارنى ۋاپادار دېگىلى بولمايدۇ، ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ ھۆكۈمەت ئۇستىدىن تەنە - كىنايە قىلىپ يۈرسە، ياخشى پۇقراغىمۇ ئوخشىمايدۇ… مەن يېزىپ بەرمەيمەن! …

ساۋاتسىز كىشىلەر ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى ئانچە چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئۇنىڭ ئۇلارغا قارشى گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، تاشقا خەت يازدۇرۇشتىن ۋاز كەچتى، بويى بىلەن شۇچىنىڭ مۇسىبىتى ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

لېكىن كىشىلەر ياز ئاخشىمى سەگدەپ ئولتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ پارىڭىنى سالمايمۇ قالمايتتى. بەزىلەر ئۇلارنى قېرىپ ئۆلگەن دېسە، يەنە بەزىلەر كېسەل بىلەن ئۆلگەن دېيىشەتتى؛ بەزىلەر جۇۋىنى تالاشقان قاراقچىلار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دېيىشەتتى، كېيىن يەنە بەزىلەر قەستەن ئېچىرقاپ ئۆلگەن دېيىشتى، چۈنكى ئۇلار

شىياۋبېڭجۈننىڭ خىزمەتكارى ئاجىن دېگەن ئايالدىن، بۇنىڭدىن 10
نەچچە كۈن ئىلگىرى تاغدا ئۈلارنى ئەيىبلەپ بىرنەچچە ئېغىز سۆز
قىلغانىدىم، ئەخمەقنىڭ ئاچچىقى يامان بولىدۇ دېگەنىدەك، ئاچچىد-
قى كېلىپ، ئۇششۇقلۇق قىلىپ تاماق يېمەي، ئاخىر ئۆلگەن
بولسا كېرەك، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىرمۇنچە ئادەم ئاجىنغا، ناھايىتى ئەقىللىق
ئايال ئىكەن دەپ، قول قويغان، لېكىن يەنە بەزىلەر ئۇنى تولىمۇ
شور تۇمشۇقلۇق قىپتۇ دەپ ئەيىبلىگەن.

ئاجىن بويى بىلەن شۇچىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئۆزى بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك دەپ قارىمايتتى. دۇرۇس، ئۇنىڭ تاغدا ئۈلارغا بىرنەچ-
چە ئېغىز چاقچاق قىلغانلىقى راست، لېكىن ئۇ چاقچاقتىن باشقا
نەرسە ئەمەس، ئۇ ئىككى ئەخمەقنىڭ ئاچچىقلىنىپ پۇرچاقنى يې-
مىگەنلىكىمۇ راست. لېكىن، ئۈلار ئۇنىڭلىق بىلەن ئۆلمەي،
ئەكسىچە ناھايىتى زور ئامەت تاپقان.

— خۇدايىمنىڭ كۆڭلى ناھايىتى ياخشىكەن، — دەيدۇ ئۇ
ئايال، — خۇدايىم ئۈلارنىڭ ئۇششۇق بولۇۋالغانلىقىنى، ئۆلەي
دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، چىشى بۇغىنى ئەۋەتىپ، ئۈلارنى بۇغا
سۈتى بىلەن بېقىپتۇ. قاراڭلار، مانا بۇ ئۈلارنىڭ ئامىتى
ئەمەسمۇ؟! ئۈلار يەر تېرىمەن، ئوتۇن كېسىمەن دەپ ئاۋارە
بولمىغان، بىكار ئولتۇرغان يېرىگە ھەركۈنى بۇغا سۈتى كېلىپ
تۇرغان. لېكىن يامانغا ياغ ياراشمايدۇ دېگەن گەپ بار، ھېلىقى
ئۈكىسى ئىسمى نېمىكىنتاڭ، بەتنىيەت ئىكەن، بۇغا سۈتىگە قانا-
ئەت قىلماي، بۇغا سۈتىنى ئىچىپ تۇرۇپ: «بۇ ئەجەبمۇ سېمىز
بۇغا ئىكەن، ئۆلتۈرۈپ يېسەك، گۆشى ناھايىتى تەملىك بولسا
كېرەك» دەپ ئويلاپ قولىنى ياپىلاق تاشقا ئاستا ئۇزارتىپتۇ.
لېكىن بۇغىنىڭ چېچەن نەرسىلىكىنى نەدىن بىلسۇن، ھېلىقى بۇغا
ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ، دەرھال تىكىۋېتىپتۇ. خۇدايىممۇ





ئۈلارنىڭ نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن بىزار بولۇپ، چىشى بۇغىنى
ئەۋەتمەي قويۇپتۇ. قاراڭلار، ئۈلار ئۆلمەي قالسۇنمۇ؟! ئۈلار
مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ئۆلگەن ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ ئاچ كۆز،
بەتنىيەتلىكىدىن ئۆلگەن!...»

بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئاخىرىدا ئۇلۇغ - كىچىك
تىنىدى، نېمە ئۈچۈندۇر، ھەتتا يەلكىلىرىدىن ئېغىر يۈك چۈشۈپ
كەتكەندەك بولدى. ئۈلار بەزىدە بويى بىلەن شۇچىنى ئېسىگە ئال-
سىمۇ، لېكىن ئۈلارنى ئاپئاق ساقال بېسىپ كەتكەن ئېغىزلىرىنى
ھاڭدەك يوغان ئېچىپ، بۇغا گۆشىنى يالماپ يېگىنىچە تاش غارنىڭ
ئاستىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ھالەتتە كۆرۈشى مۇمكىن.

1935 - يىل 12 - ئايدا يېزىلدى.

# قىلىچ (54)

## 1

قارىقاش[55] ئانىسى بىلەن ئەمدىلا ياتقانىدى. چاشقان قازاد-
ىنىڭ تۈۋىقىنى غاجاپ، ئۇنىڭ ئىچىنى يۇشۇرۇۋەتتى. ئۇ بىر -
نەچچە قېتىم ئاستا تۈۋلىدى، ئۇنىڭ تۈۋلىغانلىقى دەسلەپتە بىرئاز
كار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن چاشقان كېيىنچە ئۇنىڭغا پەرۋا قىلـ-
ماي، تىرىقشتىپ غاجىلاۋەردى. قارىقاشنىڭ ئانىسى كۈندۈزى
ئىشلەپ ھاردۇق يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ياستۇققا بېشى تېگىشى بىلەن-
لا ئۇخلاپ كەتكەنىدى. شۇڭا قارىقاش ئۇنى ئويغىتىپ سالماي
دەپ، ئۇنلۇك تۈۋلاشقا پېتىنالمىدى.
خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تىرىق - تىرىق بېسىقىپ
قالدى، قارىقاشمۇ ئۇخلىماقچى بولدى، لېكىن «چولتۇك» قىلغان
بىر ئاۋاز يەنە ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇۋەتتى. بىرنېمىنىڭ ئې-
دىشنى تاتىلىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى.
قارىقاش ئىچىدە: «خەپ!» دېدى - دە، خۇشال بولۇپ ئاستا
ئورنىدىن تۇردى.
ئۇ كارىۋاتتىن چۈشۈپ، ئاي يورۇقىدا ئىشىكنىڭ ئارقىسى-
دىن بىر تال كۆسەينى تېپىپ، دېۋىرقاي يورۇتۇپ، ئېدىشنىڭ
ئىچىگە قارىدى. دەرۋەقە، ناھايىتى يوغان بىر چاشقان سۇغا چۈ-
شۈپ كېتىپتۇ، لېكىن سۇ ئاز قالغاچقا، ئۆمىلەپ چىقالماي،
ئېدىشنىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان تاتىلاپ يۈرۈپتۇ.
«خوپ بوپتۇ!» دېدى ئۇ ھەر كۈنى ئۆيدە ئۇنى - بۇنى





غاجىلاپ، ئۇنى ئارامىدا ئۇخلاتمىغان چاشقاننى كۆرۈپ ناھايىتى
خۇشال بولغان ھالدا ۋە دېۋىرقايىنى تامنىڭ تۆشۈكىگە قاداپ قويۇپ
تاماشا كۆردى. لېكىن، چاشقاننىڭ كىچىككىنە كۆزلىرى ئۇنىڭ
ئۆغىسىنى قايناتتى، ئۇ بىر تال قومۇشنى قولىغا ئېلىپ، چاشقاد-
نى سۇنىڭ ئاستىغا باسۇردى، بىردەمدىن كېيىن قويۇپ بېرىۋ-
دى، چاشقانمۇ لەيلەپ چىقتى ۋە ئېدىشنى تىرمىلاپ ئايلىنىشقا
باشلىدى. لېكىن، ئۇ ئېلىگىرىكى كۈچىدىن قالغانىدى، بېشىنى
سۇدىن چىقىرالماي، قىزىرىپ كەتكەن كىچىككىنە ئۇچلۇق تۇمشۇ-
قىنىلا سۇدىن چىقىرىپ يۇشۇلدىماقتا ئىدى.
قارىقاش كېيىنكى كۈنلەردىن بۇيان قىزىل بۇرۇن ئادەملەرنى
ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن مانا ئەمدى
بۇ كىچىككىنە ئۇچلۇق، قىزىل بۇرۇننى كۆرۈپ، بىردىنلا ئىچ
ئاغرىتتى - دە، يەنە ھېلىقى قومۇشنى سۇغا تىقتى، چاشقان
قومۇشقا يامىشىپ تۇرۇپ، بىردەم ئېسىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن،
ياماشقىنىچە يۇقىرىغا چىقتى. قارىقاش ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى —
چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتكەن تۈكلىرىنى، تومپىيىپ تۇرغان
قورسىقىنى، ئىنچىكە قۇيرۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن يەنە غەزىپى
ئۆرلەپ، قومۇشنى بىر سىلكىۋىدى، چاشقان «چولتوك» قىلىپ
يەنە ئېدىشقا چۈشۈپ كەتتى، قارىقاش قومۇش بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا
بىرنەچچىنى نوقۇپ، ئۇنى چۆكتۈرۈۋەتتى.
ئالتە تال دېۋىرقاي كۆيۈپ بولغاندا، چاشقان قىمىرلىيالماس
بولۇپ، بىردەم چۆكۈپ، بىردەم لەيلەپ تۇراتتى، بەزىدە سۇنىڭ
يۈزىدە پىلتىڭلاپمۇ قوياتتى. قارىقاشنىڭ يەنە ئىچى ئاغرىپ، قو-
مۇشنى سۇندۇرۇپ قاتلىدى - دە، ئۇنى قىسىپ چىقىرىپ پەگاھقا
قويدى. چاشقان دەسلەپتە قىمىرلىماي ياتتى، كېيىن سۇس نەپەس
ئېلىشقا باشلىدى؛ يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تۆت
ئايىغىنى قىمىرلىتىپ، خۇددى ئورنىدىن تۇرۇپ قاچىدىغاندەك

ئۆكتۈرۈلدى. بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈگەن قارىقاش ئىختىيارسىزلا سول پۇتى بىلەن دەسسىۋەتتى ۋە «چىر» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قارىدى، چاشقاننىڭ ئاغزىدىن بىرئاز قان چىقىپ تۇرۇپتۇ، ئۆلگەن بولسا كېرەك.

قارىقاشنىڭ يەنە ئىچى ئاغرىدى، ئۇ خۇددى ناھايىتى يامان ئىش قىلىپ قويغاندەك بىئارام بولدى. زوڭزىيىپ قاراپ ئولتۇرغىنىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى.

— قارىقاش بالام، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — ئاللىقاچان ئويغىنىپ كەتكەن ئانىسى كارىۋىتىدا تۇرۇپ سورىدى.

— چاشقان...— قارىقاش ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ جاۋاب بەردى.

— شۇنداق، چاشقان، بىلىۋاتىمەن. لېكىن سەن ئۆزۈڭ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋاتامسەن ياكى قۇتقۇزۇۋاتامسەن؟

قارىقاش جاۋاب بەرمىدى. دېۋىرقاي كۆيۈپ تۈگىگەنىدى. قارىقاش قاراڭغۇدا ئاينىڭ يورۇقىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ھەي! . . . — دېدى ئانىسى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — تۈن يېرىم بولغاندا 16 ياشقا تولىسەن، مىس ـ مىسلىقىڭدىن تېخىچە قالمىدىڭ، داداڭنىڭ ئەنتىنى ئالىدىغانغا ئادەم چىقمايدىغان ئوخشايدۇ.

قارىقاش سۈتتەك ئاي يورۇقىدا ئولتۇرغان ئانىسىنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەۋاتقاندەك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاستا چىقىۋاتقان ئاۋازىدا چەكسىز ھەسرەت بارلىقىنى بايقىغان تېنى سوغۇقتىن جۇغۇلدىغاندەك بولدى، لېكىن يەنە بىردەمدىلا پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى قانلىرى قايناۋاتقاندەك قىلدى.

— داداڭنىڭ ئەنتى دېدىڭىزما؟ دادامنىڭ نېمە ئەنتى بار؟ — قارىقاش ئانىسىغا يېقىن بېرىپ، ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.





— بار. ئۇنىڭ ئەنتىنى تېخى سەن ئالىسەن، ساڭا خېلى بۇرۇنلا ئېيتماقچىدىم؛ كىچىك بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئېيتماي كەلدىم. مانا ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، لېكىن سەن بەك بوشاڭ. قانداق قىلسام بولاركىن؟ بۇ مىجەزىڭ بىلەن چوڭ ئىش قىلالارسەنمۇ؟

— قىلالايمەن. ئانا، ئېيتىڭا، مىجەزىمنى ئۆزگەرتىمەن...

— ئەلۋەتتە، ئېيتىمەن. ئۆزگەرتىشىڭ پەرز... ئۇنداق بولسا بېرى كەل.

قارىقاش يېقىن باردى. ئانىسى كارىۋىتىدا راۋۇرۇس ئولتۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سۈس ئاي يورۇقىدا نۇر چاقناپ تۇراتتى.

— قۇلاق سال! — دېدى ئانىسى جىددىي قىياپەتتە، — سېنىڭ داداڭ ئەسلىدە قىلىچ سوقىدىغان ماھىر ئۇستا ئىدى، جاھاندا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئۇستا يوق ئىدى. كەمبەغەللىك زورىدىن ئۇنىڭ ئەسۋابلىرىنى سېتىپ خەجلەپ بولدۇم، ئۇنىڭ ئەسۋاب ـ ھۈنەرلىرىدىن سەن كۆرگۈدەك بىرەر ئەسەرمۇ يوق. لېكىن ئۇ قىلىچ سوقۇشتا تەڭدىشى يوق كامىل ھۈنەرۋەن ئىدى. بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى، پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بىر پارچە تۆمۈر تۇغۇپتۇ، ئەسلىدە ئۇ بىر تۆمۈر تۈۋرۈكنى، يالتىراپ تۇرغان قارامتۇل تۆمۈرنى قۇچاقلىغاندىن كېيىن ئېغىر ئاياغ بولۇپ قاپتىكەنمىش. ۋاڭ غوجام ئۇنى مۆجىزە بولسا كېرەك دەپ، ئەلنى قوغداشقا، دۈشمەننى قىرىشقا، ئۆزىنى قوغداشقا لازىم قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بىر دانە قىلىچ سوقتۇرۇش نىيىتىگە كەپتۇ. بەختىمىزگە قارشى، قىلىچ سوقىدىغان ئۇستىغا ئۆتەپ ـ تېپىشىپ سېنىڭ داداڭ تاللىنىپ قاپتۇ؛ ئۇ ھېلىقى تۆمۈرنى ئۆيگە ئەكېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز تاۋلاپ ـ ئەيلەپ، توپتوغرا ئۈچ يىل ئەجىر قىلىپ، ئىككى دانە قىلىچ سوقتى...

... ئاخىرقى بىر نۆۋەت تاۋلىغاندا، كىشىنىڭ قورقۇسى كەلگۈدەك بىر ئىس بولغىنىنى دېمەمسەن!

«ۋاش ـ ش ـ ش!» قىلىپ ئاق تۇتۇن كۆتۈرۈلگەندە، يەر يۈزىمۇ تىترىگەندەك بولدى. ئاق تۇتۇن ئاسماننىڭ يېرىمىغا يەتكەندە ئاق بۇلۇتقا ئايلىنىپ، بۇ ئەتراپنى قاپلىدى، بارا ـ بارا قىزىرىپ، يەر ـ جاھاننى خۇددى شاپتۇل چېچىكىدەك بىر كۆرۈنۈشكە كەلتۈرۈۋەتتى. ئۆيىمىزدىكى قاپقارا ئوچاقتا بولسا قىپقىزىل ئىككى قىلىچ تۇرۇپتۇ. داداڭ ئەتىگەندە بىرىنچى بولۇپ تارتىپ چىقىرىلغان قۇدۇقنىڭ سۈزۈك سۈيىنى تامچىتقانىدى، قىلىچ «پىژ ـ پىژ» قىلىپ، بارا بارا قارا كۆك تۈسكە كىردى. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز شۇنداق ئۆتتى، كېيىن قىلىچ كۆرۈنمىدى، تازا سىنچىلاپ قارىساق، ئوچاقتا خۇددى ئىككى نۆكچە مۇزغا ئوخشاش كۆكۈش، سۈزۈك ھالدا تۇرۇپتۇ...

... داداڭنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى يالتىرىدى. ئۇ قىلىچنى قولىغا ئېلىپ، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ سۈرتتى، لېكىن داداڭنىڭ پېشانىسىدىمۇ، ئاغزىنىڭ جىۋىغىدىمۇ مەيۈسلۈك قورۇقلىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئىككى قىلىچنى ئىككى قاپقا سالدى...

«... شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالنى كۆرسەڭ، قىلىچنىڭ تەييار بولغانلىقىدىن ھەـمـمـە ئادەم خەۋەر تېپىپ بولغانلىقىنى بىلەتتىڭ، — دېدى داداڭ ماڭا پىچىرلاپ، — ئەتىلا پادىشاھقا تەقدىم قىلمىسام بولمايدۇ. لېكىن قىلىچنى تەقدىم قىلغان كۈنى مېنىڭ ئەجىلىممۇ توشىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ مەڭگۈلۈك ۋىدالىشارمىزمىكىن...»

«... سىز ... — ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدىم، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، — سىز بۇ نۆۋەت شۇنچە چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن تۇرسىڭىز... — دېدىم...»

«... ھەي! . . . سەن نېمىنى بىلەتتىڭ! — دېدى ئۇ، — شاھىمىز ھەم گۇمانخور، ھەم زالىم. مەن ئۇنىڭغا جاھاندا يەنە





بىرى تېپىلمايدىغان ئېسىل قىلىچ سوقۇپ بەردىم، باشقىلارغىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرغۇدەك ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك يەنە بىر قىلىچ سوقۇپ بېرىشىمدىن ھەزەر ئەيلەپ، مېنى ئۆلتۈرمەي قويمايدۇ...»

... مەن كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم.

«... كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. بۇنىڭغا ئەلھۆكمىلىللا دېمەي چارە يوق. پېشانەڭگە پۈتۈلگەننى كۆز يېشى بىلەن يۇيۇۋەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن مەن ئالللىقاچان تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويدۇم! — دېدى داداڭ كۆزلىرىدىن چاقماقتەك نۇر چاقنىتىپ تۇرۇپ ۋە بىر دانە قىلىچنى قېپى بىلەن تىزىمغا قويدى، — مانا بۇ ئەركەك قىلىچ. ساقلاپ قوي. ئەتە مەن مانا ماۋۇ چىشى قىلىچنى شاھىمىزغا ئېلىپ بارىمەن. ئەگەر شۇ بارغىنىمچە قايتىپ كەلمىسەم، مېنى بۇ ئالەمدىن كېتىپ قاپتۇ دەپ بىل، ھامىلىدار بولغىنىڭغا ئالتە ئاي بولدىغۇ دەيمەن؟! كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. يەڭگگەندىن كېيىن بالىنى ئوبدان باق. چوڭ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئەركەك قىلىچنى بەر، شاھنىڭ بويىنىدىن چېپىپ، ئەنتىمنى ئالسۇن! ...»

— شۇ كۈنى دادام قايتىپ كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى قارىقاش دەرھال.

— ياق! — دېدى ئانىسى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن، — تولا سۈرۈشتۈرۈپ، ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالمىدىم. كېيىن ئاڭلىسام، داداڭنىڭ ئۆزى سوققان قىلىچنى بىرىنچى بولۇپ قانغا بويىغان ئادەم داداڭنىڭ ئۆزى ئىكەن. يەنە تېخى ئۇنىڭ روھى چاتاق قىلمىسۇن دەپ، تېنى بىلەن بېشىنى ئاجرىتىپ، دەرۋازا ئالدىغا، ئارقا ھويلىغا كۆمۈشۈپتىمىش!

قارىقاش بىردىنلا پۈتۈن ئەزايى ئوتتا كۆيگەندەك، ھەربىر تال مويىدىن ئوت ئۇچقۇندىغاندەك بولۇپ قالدى؛ ئۇنىڭ ئىككى مۇشتۇ-

مى قاراڭغۇدا تۇگۇلۇپ قاراسلاپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋاتنىڭ تاختىسىنى ئېلىۋەتتى، دېۋىرقاينى يورۇتۇپ، ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن بىر دانە جوتۇنى ئېلىپ، قارىقاشقا تۇتقۇزدى:

— كولا!

قارىقاشنىڭ يۈرىكى ئوينىپ تۇراتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ئاستا كولىدى، كولىغان يەردىن سېرىق توپا چىقىۋەردى، تەخمىنەن بەش چى چوڭقۇرلۇقتا كولىغاندىن كېيىن توپىنىڭ رەڭگى بىرئاز باشقىچە بولۇپ سېسىپ كەتكەن پور ياغاچقا ئوخشاپ چىقتى.

— قارا! پەخەس بول! — دېدى ئانىسى.

قارىقاش ئورەكنىڭ يېنىدا يېتىپ تۇرۇپ، قولىنى ئېچكىرى تىقىپ، پۈرلىشىپ كەتكەن ياغاچلارنى دىققەت بىلەن نېرى - بېرى قىلدى. كېيىن قوللىرىنىڭ ئۇچى خۇددى مۇزدەك سوغۇق بىر نەرسىگە تەگكەندە، قارامتۇل سۈزۈك قىلىچمۇ ئېچىلىپ چىقتى. قارىقاش قىلىچنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن، كۆتۈرۈپ ئالدى.

تاشقىرىدىكى ئاي ۋە يۇلتۇزلار، ئۆي ئىچىدىكى دېۋىرقاي ئۆز نۇرىنى يوقاتقاندەك بولدى. ئۆي ئىچىنى قارامتۇل نۇر قاپلىدى. قىلىچ ئەنە شۇ قارامتۇل نۇر ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولغاندەك بولدى. قارىقاش كۆزلىرىنى چىمىرلىتىپ سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن كۆردىكى، قىلىچ بەش چىدىن ئارتۇقراق ئۇزۇن ئىكەن، لېكىن ئانچە ئۆتكۈر ئەمەس، بىسى خۇددى جۇسەينىڭ يوپۇرمىقىدەك بىرئاز قېلىن ئىدى.

— سەن ئەمدى بوشاڭ مىجەزىڭنى ئۆزگەرتىپ، مانا بۇ قىلىچ بىلەن ئىنتىقام ئال! — دېدى ئانىسى.

— بوشاڭ مىجەزىمنى ئۆزگەرتىمەن، بۇ قىلىچ بىلەن ئىنتىقام ئالىمەن!





— مۇرادىڭغا يەت! قارا كۆك چاپان كىيىپ قىلىچنى دۈمبەڭگە ئېسىۋالساڭ، چاپان بىلەن قىلىچنىڭ رەڭگى ئوخشاش بولغاچقا، ھېچكىم پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئەنە چاپاننى تەييارلاپ قويدۇم، ئەتىلا يولغا راۋان بول. مەندىن ئەندىشە قىلما! — دېدى ئانىسى كارىۋاتنىڭ ئارقىسىدىكى كونا كىيىم - كېچەك ساندۇقىنى كۆرسىتىپ.

قارىقاش يېڭى چاپاننى ئېلىپ كىيىپ بېقىۋىدى، ئۇزۇن - قىسقىلىقى دەل كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە يېڭىۋاشتىن قاتلاپ قىلىچنى ئوراپ، ياستۇقىنىڭ يېنىغا قويدى - دە، بەخىرامان ياتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوشاڭلىقىنى ئاللىقاچان ئۆزگەرتكەنىدى. شۇڭا ئۇ ھېچقانداق غەم - ئەندىشىسى يوق كىشىدەك يېتىپ ئۇخلاي، ئەتىسى سەھەردە ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن، ھېلىقى رەقىبىنى بىمالال ئىزدەپ ماڭاي دېگەن نىيەتكە كەلدى.

لېكىن، ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇرغۇسىلا كەلدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئانىسىنىڭ ئۈمىدسىزلىكتىن چىققان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرى، باش توخۇنىڭ چىللىغىنى كىردى؛ تۈن يانغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ 16 ياشقا تولغانلىقىنى بىلدى.

## 2

ئۇيقۇسىرىغانلىقى ئۈچۈن قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن قارىقاش كۆك چاپاننى كىيىپ، قارا كۆك قىلىچنى ئېسىپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقىپ، چوڭ قەدەم ئېلىپ شەھەرگە قاراپ كېتىۋاتقاندا، شەرق تەرەپ تېخى سۈزۈلمىگەنىدى. ئارچىزارلىقتىكى يوپۇرماقلاردا تۇرغان شەبنەملەر تۈن پەردىسىنىڭ تېخى قايرىلمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى، لې-

كىن ئارچىزارلىقنىڭ نېرىقى تەرىپىگە يېتىپ بارغاندا، شەبنەملەر نۇر چاچرىتىپ، تاڭ سۈزۈلگەنلىكىدىن بەلگە بەردى. ئۇدۇلدا شەھەر سېپىلى ۋە سېپىلنىڭ قوقتىلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

قارىقاش شەھەر ئىچىگە كۆكتاتچىلار بىلەن بىللە كىرىۋالدى، بازار قايىنىماقتا ئىدى. ئەرلەر قاتار - قاتار بولۇپ قاققان قوزۇقتەك تىك تۇرۇشاتتى؛ ئاياللارمۇ پات - پاتلا ئىشىكتىن باشلىرىنى چىقىرىپ قاراپ قويۇشاتتى. ئۇ ئاياللارنىڭمۇ تولىسىنىڭ قاپاقلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئىششىغان، چاچلىرى چۇۋۇق، چىرايلىرى سېرىق، ئۇلار ھەتتا ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن.

قارىقاش بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، چوڭ بىر ئىش چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇلار ئەنە شۇ چوڭ ۋەقەنى تىت - تىت بولغان ھالدا سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى، بىر كىچىك بالا ئۇشتۇمتۇتلا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىكى قىلىچنىڭ ئۇچىغا ئۆزىنى ئۇرۇۋالغىلى تاس قالدى، قارىقاش چۆچۈپ تەرگە چۆمدى. ئۇ شىمال تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، ئوردىغا يېقىن يېتىپ بارغاندا، ئادەم تېخىمۇ كۆپ، سانجاق - سانجاق ئىدى، ئۇلار بويىنىنى سوزۇپ قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ يىغا - زارى چىقىپ تۇراتتى. قارىقاش كۆزگە تاشلانمايدىغان قىلىچنىڭ بىرەر ئادەمگە زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلغاچقا، ئادەملەر توپى ئىچىگە كىرمىدى؛ لېكىن ئارقا تەرىپىدىن يەنە بىرمۇنچە ئادەم قىستاپ كەلدى، ئۇ نائىلاج ئۆزىنى ياققا تارتتى، ئالدىدا كىشىلەرنىڭ دۈمبىسى ۋە سوزۇلغان بويۇنلىرىلا كۆرۈنەتتى.

ئالدىدىكى ئادەملەر بىردىنلا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى؛ يىراقتا ئىككى ئات قاتارى چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن كالتەك، تەبەر، نەيزە، قىلىچ، كامالەك، تۇغ كۆتۈرگەن ئادەملەر يولنى





چېڭىتىپ كەلمەكتە. تۆت ئاتلىق بىر ھارۋىمۇ كەلدى، ئۇنىڭدا ناغرا - دۇمباق چېلىۋاتقان، نېمىدۇر بىرنېمىلەرگە ئىسقىرتىۋاتقان ئادەملەر ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە ئالىبۇلىماچ كىيىم كىيگەن، يۈز - كۆزلىرىدىن تەر چېپىلداپ تۇرغان قېرىلار، پاكار دوغىلاق ئادەملەر چۈشكەن ھارۋىلار كەلدى، ئاندىن كېيىن قىلىچ نەيزە، تەبەر تۇتقان ئاتلىقلار كەلدى. تىزلىنىپ ئولتۇرغان كىشىلەر يەرگە يېتىشتى. شۇچاغدا قارىقاشنىڭ كۆزىگە سېرىق لەمپىلىك بىر ھارۋا كۆرۈندى، ئۇنىڭدا ئالا - بۇلىماچ كىيىم كىيگەن، ساقاللىرى ئاقارغان، بېشى كىچىككىنە بىر دوغىلاق ئادەم كۆرۈندى؛ ئۇنىڭ بېلىدىكى خۇددى ئۆزىنىڭ دۈمبىسىگە ئېسىۋالغان قارا كۆك قىلىچقا ئوخشاش، بىر قىلىچمۇ غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

قارىقاشنىڭ تېنى «جۇغ» قىلىپ كەتتى، لېكىن يەنە دەرھال ئوت تۇتاشقاندەك قىزىرىشقا باشلىدى. ئۇ قولى بىلەن يەلكىسىدىن قىلىچنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، ھېلىقى يەرگە يېتىۋالغان ئادەملەرنىڭ بويۇنلىرى ئارىلىقىدىكى بوش يەرگە دەسسەپ ئىلگىرى ماڭدى.

بەش - ئالتە قەدەم ماڭمايلا تىك موللاق چۈشتى، چۈنكى بىراۋ ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ يىقىلغىنىدا بىر ياغاق يۈز نۆۋەر يىگىتنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ قىلىچىمنىڭ ئۇچى بۇ يىگىتنى زەخمىلەندۈرۈپ قويغان بولمىسۇن دەپ چۆچۈپ قاراۋاتقىنىدا، بىقىنىغا قاتتىق ئىككى مۇشت تەگدى. ئۇ بۇنىڭغىمۇ پەرۋا قىلماستىن يەنە يولغا قارىدى، شۇ چاغدا ھېلىقى سېرىق لەمپىلىك ھارۋىلا ئەمەس، ئۇنى قوغداپ ماڭغان ئاتلىقلارمۇ ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى.

يول ياقىسىدىكى ئادەملەرمۇ ياتقان يەرلىرىدىن تۇرۇشتى. ھېلىقى ياغاق يۈز نۆۋەر، دوۋسۇنۇمغا قاتتىق دەسسىۋەتتىڭ، بۇنىڭ قانداق ئامالىنى قىلىسەن. ئەگەر 80 ياشقا كىرمەي ئۆلۈپ

كەتسەم جانغا جان تۆلەيسەن دەپ قارىقاشنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغىنىچە قويۇپ بەرمىدى. بىكار تەلەپلەرمۇ ئۇلىشىپ كېلىپ، گەپ ـ سۆز قىلماي قاراپ تۇرۇشتى؛ كېيىن كىمدۇر بىرى بىر چەتتە تۇرۇپ مەسخىرە ئارىلاش تىللىغانىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئادەم ياغاق يۈز نۆۋەرنىڭ تەرىپىنى ئالدى. قارىقاش مۇشۇنداق دۈشمەنگە ئۇچراپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولۇپ چىچىلاي دېسە تېخى، كۈلەي دېسە تېخى، ھەپىلىسى پىر بولدى، ئۇنىڭدىنمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. شۇنداق قىلىپ بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، قارىقاش غەزەپ ئوتىدا كۆيۈپ پىشتى، قاراپ تۇرغان ئادەملەرمۇ ئازايمىدى، يەنە كېلىپ ئۇلار قىزىق پەيزى قىلىپ تۇرۇشاتتى.

قارىقاشنىڭ ئالدىدىكى ئادەملەر توپى قىمىرلىدى، ساقاللىرى قارا، كۆزلىرىمۇ قارا، قۇرۇپ كەتكەن قورايدەك ئورۇق بىر ئادەم توپنى يېرىپ كەلدى. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماستىن، قارىقاشقا قاراپ ھىجىيىپ قويۇپ، ھېلىقى ياغاق يۈز نۆۋەرنىڭ ئېڭىكىگە ئاستا نوقۇپ قويدى ۋە يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى. نۆۋەرمۇ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قارىقاشنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ، ئاستا تىكىۋەتتى؛ ھېلىقى قارا ساقال ئادەممۇ كېتىپ قالدى؛ تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلارمۇ ئىچى پۇشۇپ تارقىلىپ كەتتى. تۇرۇپ قالغان بىرنەچچە ئادەم قارىقاشنىڭ يېشىنى، ئولتۇرۇشلۇق يېرىنى، ئۆيىدە ئاچىسى بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى، قارىقاش ئۇلارغا پەرۋا قىلمىدى.

قارىقاش جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە شەھەرنىڭ ئىچى تولىمۇ غوژ ـ غوژ ئىكەن، قىلىچىم بىرەر ئادەمگە تېگىپ كەتمىسۇن، شاھنىڭ قايتىپ كېلىشىنى جەنۇبىي دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپ، دادامنىڭ ئەنتىنى شۇ يەردە ئالغىنىم تۈزۈك، ئۇ يەر كەڭ، ئادەم شالاڭ، قول سېلىشقا ئاسان دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدا





شەھەر ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شاھنىڭ سەيلە قىلىشىنى، ھەشەمىتىنى، سۆزىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ، ئۆزلىرىنىڭ شاھنى كۆرگەنلىك شان ـ شەرىپىنى، ئۆزلىرىنىڭ يەرگە قانداق يېتىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنى پۇقرانىڭ ئۈلگىسى دەپ ئاتاش كېرەكلىكىنى ۋەھاكازالارنى سۆزلىشىپ تۇراتتى، دېمەك، شەھەر ئىچىدە ئادەم گويا چۆمۈلىدەك قۇمرايتتى، جەنۇبىي دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندا، ئادەم بارا ـ بارا سېلىكتى.

قارىقاش دەرۋازىدىن چىقىپ، يوغان بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، خالتىسىدىن ئىككى ناننى ئېلىپ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئانىسى بىردىنلا ئېسىگە چۈشتى ـ دە، كۆڭلى بىرئاز بۇزۇلدى، لېكىن كېيىن ھېچ گەپ بولمىدى. ئەتراپى بارا ـ بارا جىمجىتلىققا چۆمدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ نەپىسىنى ئېنىق ئاڭلاپ ئولتۇردى.

بارا ـ بارا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، قارىقاشنىڭ ئۆزىمۇ بىئارام بولدى. ئۇ كۆزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئالدى تەرەپكە قارىسا، شاھنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شەھەرگە كۆكتات ساتقىلى كىرگەن يېزىلىقلار قۇرۇق ئەپكەشلىرىنى كۆتۈرۈپ كەينى ـ كەينىدىن قايتماقتا.

ئەل ئايىغى بېسىقىپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى قارىمۇتۇق ئادەم بىردىنلا شەھەر ئىچىدىن چىقىپ كەلدى.

— يۈر، قارىقاش! پادىشاھ سېنى تۇتماقچى! —دېدى ئۇ خۇددى ھۇۋقۇشقا ئوخشاش ئاۋاز بىلەن.

قارىقاش خۇددى جىنغا يولۇققاندەك ئەندىكىپ، دەرھال ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، كېيىن ئۈچقاندەك يۈگۈردى، بىر يەردە توختاپ بىردەم دېمىنى ئالغاندىن كېيىن، ئارچىزارلىقنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئارقا تەرىپىدە، يىراقتا ئاينىڭ چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، كۈمۈشتەك شولا كۆرۈنۈپ تۇراتتى؛ ئالدى تەرىپىدە

بولسا، ھېلىقى قارىمۇتۇق ئادەمنىڭ كۆزلىرى خۇددى چوغدەك لاۋۇلداپ تۇراتتى.

— سىز مېنى قانداق تونۇيسىز؟ ... — دېدى قارىقاش ساراسىمە ئىچىدە.

— ھا-ھا! سېنى ئەزەلدىن تونۇيمەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم، — ئۈستۈڭدە ئەركەك قىلىچ بار، داداڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچىسەن، بۇنى بىلىمەن، ئىنتىقام ئالالمايدىغانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن. ئىنتىقام ئالالمايدىغانلىقىڭ بۇياقتا تۇرسۇن، بۈگۈن بىراۋ سېنىڭ سىرىڭنى ئاشكارىلاپ قويدى، سېنىڭ رەقىبىڭ ئاللىقاچان شەرقىي دەرۋازىدىن ئوردىسىغا قايتىپ كىرىپ كەتتى، ئۇ سېنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

قارىقاشنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى.

— ھە، ... ئانامنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغانلىقى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە، — دېدى تۆۋەن ئاۋازدا.

— ئاناڭ ئىشنىڭ بىر تەرىپىنى بىلگەن بىلەن مېنىڭ ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ.

— سىزمۇ؟ ھەي مەرد، سىز مېنىڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشنى خالامسىز؟

— مېنى بۇنداق تەرىپ بىلەن ئاتىما، ئۇنداق تەرىپ ماڭا ياراشمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، بىزدەك يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنلارغا خەيرخاھلىق قىلغىنىڭىز نېمىسى؟...

— ھەي بالا، ئۇنداق ناپاك، بۇلغىنىپ كەتكەن ئاتالغۇلارنى تىلغا ئالما، — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە، — مەردلىك، خەيرخاھلىق دېگەن نەرسىلەر ئىلگىرى پاك ئىدى، ھازىر بولسا قىزىلكۆز جازانىخورنىڭ كاپىتالى[56] بولۇپ قالدى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە سەن دېگەن نەرسىلەر يوق. مەندە سېنىڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىپ





بەرمەكتىن باشقا نەرسە يوق؟

— خوپ، لېكىن ئىنتىقامنى قانداق ئېلىپ بېرىسىز.

— ماڭا ئىككى نەرسە بەرسەڭلا بولىدۇ، — ھېلىقى چوغدەك ئىككى نۇرنىڭ ئاستىدىن زۇۋان چىقىپ، — ئۇ ئىككى نەرسە نېمە دېمەمسەن؟ بىرى، سېنىڭ قىلىچىڭ، يەنە بىرى، كاللاڭ!

قارىقاش ھەيران بولۇپ، بىر ئاز دەرگۇمان بولغان بولسىمۇ، چۆچۈپ كەتمىدى، بىردەم ئېغىز ئاچالماي تۇرۇپ قالدى.

— جېنىمنى، گۆھەر قىلىچىمنى ئالداپ ئېلىۋالامدىكىن دەپ گۇمان قىلما، — قاراڭغۇدا يەنە سۈرلۈك ئاۋاز چىقتى، — ئىختىيار ئۆزۈڭدە، ماڭا ئىشەنسەڭ، ئىنتىقامىڭنى ئېلىپ بەرگىلى بارىمەن؛ ئىشەنمىسەڭ بارمايمەن.

— ماڭا ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دادامنى تونۇمسىز؟

— خۇددى سېنى تونۇغانغا ئوخشاش، داداڭنى ئىلگىرى تونۇيمەن. لېكىن مېنىڭ ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشىمنىڭ سەۋەبى بۇ ئەمەس. ئەقىللىق بالا ساڭا ئېيتاي: مېنىڭ ئىنتىقام ئېلىشقا نېمانچە خۇشتار ئىكەنلىكىمنى بىلمەيسەن. سېنىڭ مېنىڭكى — ئومۇمەن، مېنىڭ روھىمدا باشقىلاردىن كەلگەن، ئۆزۈم زامىن بولغان دەرد - ھەسرەت كۆپ، ئۆزۈمدىنمۇ بىزارمەن!

قاراڭغۇدا چىقىۋاتقان ئاۋاز ئەمدىلا توختىغانىدى، قارىقاش قارامتۇل قىلىچىنى يەلكىسىدىن بويلىتىپ سۇغۇرۇۋالدى - دە، ئۆزىنىڭ گەجگىسىدىن شارت قىلىپ شىرىدى. كاللىسىنىڭ يەردىكى چىمغا چۈشۈشى بىلەن قولىدىكى قىلىچنى قارىمۇتۇق ئادەمگە سۇندى.

— باركاللا! — ئۇ بىر قولى بىلەن قىلىچنى ئېلىپ، يەنە بىر قولى بىلەن قارىقاشنىڭ كاللىسىنى چېچىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇنىڭ قېنى قاچقان، ئەمما ئىسسىق كالپۇكىغا ئىككىنى

سۆيدى ۋە ھەسرەتلىك كۈلۈپ قويدى.

ئۇنىڭ كۈلكە ئاۋازى دەرھال ئارچىزارلىقنى بىر ئالدى، ئارچىزارلىقتا بىرمۇنچە چوغقا ئوخشاش كۆزلەر پىل - پىل قىلىپ يېقىن كېلىشكە باشلىدى. ئاچ بۆرىلەرنىڭ پۇشۇلدىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن قارىغاشنىڭ قارا كۆك چاپىنىنى تىتىپ تاشلىدى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى يوقاتتى، قانلىرىنىمۇ بىردەمدىلا تۈگەتتى، ئاخىرىدا سۆڭىكىنى غاجىغان بوش ئاۋاز ئاڭلاندى.

ھەممىنىڭ ئالدىدىكى يوغان بىر بۆرە قارىمۇتۇق ئادەمگە قاراپ ئېتىلغانىدى، قارىمۇتۇق قىلىچىنى شۇنداق بىر ئۇرۇۋىدى، بۆرىنىڭ كاللىسى چىملىققا پوك چۈشتى. باشقا بۆرىلەر ئۇنىڭ تېرىسىنى تىتىپ تاشلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى يوقاتتى، قانلىرىنىمۇ بىردەمدىلا يالاپ تۈگەتتى، ئاخىرىدا سۆڭىكىنى غاجىغان ئاۋاز بوش ئاڭلاندى.

قارىمۇتۇق ئادەم يەردىكى قارا كۆك چاپاننى ئېلىپ، قارىغاشنىڭ كاللىسىنى ئوراپ، قىلىچ بىللە دۈمبىسىگە ئارتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، قاراڭغۇدا پادىشاھنىڭ ئوردىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

بۆرىلەر ئورۇنلىرىدا توختاپ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، تىللىرىنى چىقىرىپ پۇشۇلدىغان ھالدا كۆك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، قارىمۇتۇق ئادەمگە ئارقىدىن قاراپ قېلىشتى.

قارىمۇتۇق ئادەم پادىشاھ ئوردىسىغا قاراپ كېتىۋېتىپ، زىل ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتتى:

ئاھ-ھا-ھا، ۋاھ ھا-ھا-ھا!
قارا كۆك قىلىچ ئامرىقىم.
ئۆز كاللىسىنى ئۆزى ئالغاي،





بىر دۈشمەن - بىر رەقىبىم!
ھەمراھلىرىم كېلۈر سەيلانە،
كۆپتۈر ۋە لېكىن ئۆزى يېگانە.
يېگانە دېمە ئۇنى —
قىلىچى بار يېنىدا بىگانە.
باشقا باش - كاللىغا كاللا —
بىرىدۇ ئىككى رەقىب ئۆزئارا.
يېگانە يۇ يېگانە ۋاھ-ھا-ھا!
ئاھ-ھا-ھا، ۋاھ ھا-ھا[57]

## 3

تاغ سەيلىسى پادىشاھنى ھۇزۇرلاندۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يولدا قەست قىلغۇچى ئادەم بار ئىكەن، دېگەن مەخپىي خەۋەر پادىشاھنى تېخىمۇ تەشۋىشكە سالغانىدى. پادىشاھ شۇ كېچىسى ناھايىتى خاپا بولغاچقا، توققۇزىنچى مەلىكىسىنىڭ سۇمبۇل چېچىنى تۈنۈگۈنكىدەك چىرايلىق كۆرۈنمەيدىغۇ دەپ ياراتمىدى. لېكىن، ئۇ مەلىكە ئۇنىڭ تىزىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئەركىلەپ، 70 نەچچە خىل ناز بىلەن تولغىنىپ، ئاخىر پادىشاھنىڭ تۈگۈلگەن قاپاقلىرىنى بارا - بارا ئاچتى.

چۈش ۋاقتى بولغاندا پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپلا يەنە بىرئاز پەرىشان بولدى. چۈشلۈك غىزادىن كېيىن، ئۇنىڭ تەلەتىدىن غەزەپ ئوتى يېنىشقا باشلىدى.

— ھەي!... يۈرىكىم ئەجەبمۇ سىقىلدى - يا! — دېدى ئۇ ئەسنەك تۇتقاندىن كېيىن ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن.

خانىشمۇ، مەھرەملەرمۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. پادىشاھ ئاق ساقاللىق ۋەزىرىنىڭ قىرائەتلىرىنى،

قىزىقچى پارپىلار[58] نىڭ لەتىپىلىرىنى تولا ئاڭلاپ زېرىككەن ئىدى؛ كېيىنكى كۈنلەردە دار ئويۇنى، موما ياغاچقا يامىشىپ چىقىش، ساقا ئويناش، موللاق ئېتىش، خەنجەرنى بوغۇزىغا يۇتۇش، ئاغزىدىن ئوت چىقىرىش دېگەندەك قىزىق ئويۇنلارمۇ پادىشاھقا ياقماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ پات - پاتلا جۇدۇنى ئۆرلەپ تۇراتتى، جۇدۇنى ئۆرلىگەندىلا قارا كۆك قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، ئەرزىمەس ئەيىبلەر بىلەن بىرنەچچە ئادەمنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغۇسى كېلەتتى.

ئوردا سىرتىغا تاماشا قىلغىلى كەتكەن ئىككى ياش ھەرەمئاغىسى تاماشىدىن قايتىپ كېلىپ ئوردىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ غەمكىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىمىزغا يەنە بىر بالا كېلىدىغان بوپتۇ دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قورققىنىدىن چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتتى؛ يەنە بىرى بولسا، ناھايىتى ئىشەنچىسى باردەك ئالدىرىماستىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ باش قويۇپ:

— كەمىنە قۇللىرى ھازىر غەلىتە بىر ئادەمنى ئۇچراتتىم، غەلىتە ھۈنىرى بار ئىكەن، جانابلىرىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى ئالالىغۇدەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇزۇرلىرىغا مەلۇم قىلىپ كەلدىم، — دېدى.

— نېمە؟ — دېدى پادىشاھ، ئۇ ئادەتتە ناھايىتى قىسقا سۆزلەيتتى.

— ئۇ قارامتۇل، ئورۇق، قەلەندەرگە ئوخشايدىغان ئادەم ئىكەن. ئۈچىسىغا قارا كۆك چاپان كىيىۋاپتۇ، دۈمبىسىگە قارا كۆك، دۈپدۈگىلەك بىر بوغچىنى ئارتىۋاپتۇ. ئاغزىدا بىرنېمىلەرنى دەپ ناخشا ئوقۇۋاتىدۇ. بەزىلەر سورىسا ئۇ، ئۇستا سېھىرگەرمەن، جاھاندا مېنىڭ ھۈنىرىمگە تەڭ كېلىدىغان ئادەم يوق، بۇ ھۈنەرنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان؛ كۆرسىلا دەرد - ھەسرەتتىن قۇتۇلىدۇ، ئىچ پۇشۇقى تۈگەيدۇ، كۆڭلى ئارام تاپىدۇ، دەيدۇ. بەزىلەر





ئۇنى ھۈنىرىڭنى ئويناپ باق دېسە، ئۇ بىرىنچىدىن، بىر دانە ئالتۇن ئەجدىھا كېرەك، ئىككىنچىدىن، بىر دانە ئالتۇن داش كېرەك دەپ، ئويناپ بەرگىلى ئۇنىمىدى...

— ئالتۇن ئەجدىھا دېگەن بولسا، مانا مەن ئالتۇن ئەجدىھامەن، ئالتۇن داش دېسە مەندە بار.

— كەمىنە قۇللىرىمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم...

— چاقىرىڭلار!

پادىشاھنىڭ سۆزىنىڭ ئايىغى چۈشمەستىنلا تۆت نۆكەر ھېلىقى ھەرەمئاغىسىنىڭ كەينىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. خانىشىنىڭمۇ، مەھرەملەرنىڭمۇ چىرايى ئېچىلدى. ئۇلار، شۇ ئادەم ھۈنىرىنى كۆرسەتسە، پادىشاھنىڭ دەرد - ھەسرەت ۋە ئىچ پۇشۇقى تۈگىسە جاھان تىنچىپ قالىدۇ، ئەگەر ھۈنىرىنى كۆرسىتەلمىسە، بۇ نۆۋەت بالايىئاپەت ئاشۇ قەلەندەرگە ئوخشايدىغان قارامتۇق، ئورۇق ئادەمنىڭلا بېشىغا چۈشىدۇ خالاس، دېگەن ئارزۇنى قىلىشىپ، شۇ ئادەمنىڭ چاقىرتىلىپ كېلىشىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇشتى.

ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، ئالتە ئادەم ئالتۇن پەلەمپەيگە قاراپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىسى ھەرەمئاغىسى، ئارقىسىدىكىسى تۆت نۆكەر، ئوتتۇرىدىكىسى قارىمۇتۇق ئادەم ئىدى. يېقىن كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ قارىسا، ھېلىقى ئادەمنىڭ چاپىنى قارا كۆك، ساقال - بۇرۇتلىرىمۇ، چېچىمۇ قارا؛ ئورۇقلۇقىدىن زاڭاقلىرى، كۆز سۆڭەكلىرى، قاپاقلىرى چوقچىيىپ چىقىپ قالغان. ئۇ ئىززەت - ئېكرام بىلەن تەزىمگە باش ئۇرغاندا، دەرۋەقە دۈمبىسىدە كىچىككىنە، دۈپدۈملاق، قارا كۆك بوغچا تۇراتتى. بوغچىنىڭ سۈس قىزغۇچ يوللىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قېنى گېپىڭنى قىل! — دېدى پادىشاھ زەردىسى بىلەن. پادىشاھ ھېلىقى ئادەمنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنىڭ ئاددىيلىقىنى

كۆرۈپ، يارىغۇدەك ئويۇن ئويناپ بېرەلمەسمىكىن دەپ گۇمان قىلغانىدى.

— كەمىنە مۇلازىملىرى بولسام، يەن زىئاۋ[59] دېگەن كىشى بولىمەن، ۋېنۋېن[60] يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. كىچىكىمدە ھۈنەر ئۆگەنمىگەن؛ چوڭ بولغاندىن كېيىن بىر چېۋەر ئۇستا ماڭا سېھىرگەرلىكنى، بىر كىچىك بالىنىڭ بېشىنى ئوينىتىشنى ئۆگىتىپ قويغان. بۇ ئويۇننى يالغۇز ئوينىغىلى بولمايدۇ، ئالتۇن ئەجدىھانىڭ ئالدىدا بىر دانە ئالتۇن داشنى سۈزۈك سۇ بىلەن تولدۇرۇپ، ھايۋان شەكلىگە كەلتۈرۈلگەچ ياغاچكۆمۈر بىلەن قاينىتىش كېرەك، بالىنىڭ بېشىنى داشقا سالساق، قاينىغاندا باش قازاندا پۇرۇقلاپ، خىلمۇخىل ئۇسۇلغا چۈشىدۇ، چىرايلىق مۇزىكا ياڭرىتىدۇ، كۆڭۈللۈك ناخشىلارنى ئوقۇپ بېرىدۇ. بۇ ناخشا - ئۇسسۇلنى بىرئادەم ئاڭلىسا، كۆرسە، غەم - غۇسسىدىن خالاس بولىدۇ، ھەممە ئادەم ئاڭلىسا، كۆرسە، جاھان تىنچىپ كېتىدۇ.

— قېنى، ئوينات! — دېدى پادىشاھ بۇيرۇق بېرىپ.

ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، دالاننىڭ ئالدىغا يوغان بىر داش قازان ئېسىلدى، لىق سۇ قۇيۇلدى، ئاستىغا ھايۋان شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن ياغاچ كۆمۈرى تاشلىنىپ ئوت يېقىلدى. چەتتە قاراپ تۇرغان ھېلىقى قارىمۇتۇق ئادەم كۆمۈرنىڭ چوغقا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ، بوغچىسىنى يېشىپ، ئىككى قولى بىلەن بالىنىڭ بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئۇ باشنىڭ كۆزلىرى چىرايلىق، چىشلىرى ئاق، لەۋلىرى قىزىل، چىرايى خۇشخۇي، چاچلىرى بۇدۇر ئىدى. قارىمۇتۇق ئادەم ئۇنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە بىر ئايلىنىپ چىقىپ، داشنىڭ ئۈستىگە توغرىلاپ، چۈشىنىپ بولمايدىغان بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ، باشنى داشقا تاشلىدى، باش «پولتۇڭ» قىلىپ سۇغا چۆكتى، داشتىن بەش چى ئېگىزلىكتە سۇ چاچراپ چىقتى - دە، سۇ تىنىپ كەتتى.





خېلى ۋاقىت ئۆتكۈچە، داشتىن ھېچقانداق ئەسەر چىقمىدى. پادىشاھ ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆپكىلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن خانىش، كېنىزەكلەرمۇ، ۋەزىر ۋە ھەرەمئاغىلىرىمۇ بىرئاز تىت - تىت بولدى، قىزىقچى پارپىلار مەسخىرە بىلەن ھىجىيىشقا باشلىدى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ ھىجايغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەخمەق بوپتىمەن دەپ ئويلاپ، پادىشاھنى ئالدىغان بۇ ناداننى داشقا تاشلاڭلار دەپ بۇيرۇق بەرمەكچى بولۇپ، نۆكەرلەرگە قارىدى.

لېكىن دەل شۇ چاغدا سۇ پۇرۇقلاپ قاينىدى، چوغمۇ يالقۇنلاپ، ھېلىقى قارىمۇتۇق ئادەمنى خۇددى چالا قىزارغان تۆمۈرگە ئوخشاش قىزغۇچ تۈسكە كىرگۈزدى. پادىشاھ نۆكەرلەردىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئەمدىلا بۇياققا قارىغانىدى، قارىمۇتۇق ئادەم ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا قاراپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى ۋە زىل ئاۋاز بىلەن ناخشا ئوقۇدى:

ھ - ھا - ھا، ۋا ھ - ھا - ھا!  
كىمدە يوق قىممەتلىك بىر قوشۇقلا قان.  
ئۇ بولغاچقا ئاندىن بولدى ئەزىز جان؛  
پەملىك قىلغان غالىب دېيىلىدۇ ئاقلان،  
قاپاقتۇر قاراملىق ھەم پەمسىز نادان؛

زايە بولمىسۇن يۈزلەپ - مىڭلاپ كاللا،  
ئەجەل تاپسۇن بىر كاللا بىلەن خاقان؛  
تۆكۈلدى ئاشۇ مەرد كاللىنىڭ قېنى،  
ئازابلىنىپ يۈرىكىم بولدى تالقان؛  
داد - داد - داد - پەريات ...  
پەريات - داد - داد - داد ...

ناخشىغا جور بولغاندەك سۇمۇ داشتىن قايناپ چىقىپ، خۇددى

كىچىككىنە تاغقا ئوخشاش تۈۋى كىچىك، ئۈستى كەڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى ۋە ئۈستىمۇ تاكى داشنىڭ تېگىگىچە تىنماي پىرقىراپ ئايلىنىشقا باشلىدى. ھېلىقى كاللىمۇ سۇنىڭ ئۆرلىشى بىلەن تەڭ ئېگىز - پەس كۆتۈرۈلۈپ، چۆرگىلەپ، موللاقلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ خۇشال ئويناۋاتقان تەبەسسۇم چىرايى چالا - پۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كاللا سۇنىڭ ئايلىنىشىغا قارشى ئۈزۈپ، خۇددى موكىدەك بىر ئۇيان، بىر بۇيان پىرقىراپ، ئەتراپقا سۇ چاچراتتى، ھويلىنىڭ ئىچى گويا ئىسسىق يامغۇر ياغقاندەك بىر ھالغا كەلدى. بىر قىزىقچى پارپا: «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپ بۇرنىنى تۇتۇۋالدى. ھېلىقى يامغۇردەك چاچراۋاتقان قىزىق سۇ ئۇنىڭ بۇرنىغا چۈشكەنىدى، شۇڭا ئۇ ئاغرىققا چىدىماي، ئاخىر ۋايجانلاپ توۋلاشقا مەجبۇر بولغانىدى.

قارىمۇتۇق ئادەمنىڭ ناخشىسى توختىغاندا، كاللىمۇ جىددىي قىياپەتتە پادىشاھنىڭ تەختىگە يۈزلەنگەن ھالدا سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالـدى. بىرنەچچە دەقىـقە شۇنداق تۇرغاندىـن كېيىن ئاستا - ئاستا يۇقىرى - تۆۋەن لۆمشىپ، بارا - بارا بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەپ ئۈزۈشكە باشلىدى، لېكىن ئاستا، بىمالال ئۈزدى. سۇنىڭ لېۋى بىلەن بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەپ ئۈچ قېتىم ئۈزگەندىن كېيىن، بىردىنلا كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى ناھايىتى روھلۇق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ناخشا ئوقۇشقا باشلىدى:

ئاقىدۇ شاھ سۇلىرى،
ئۇلۇغداپ تېشىپ يامراپ؛
يېڭىمەن رەقىبىمنى،
جاھاندا غالىب بولۇپ،





بار چېكى كائىناتنىڭ،
ئۆچمەيدۇ شام نۇرلىنىپ؛
بار قولۇمدا شەمشىرىم
كۆكسىمان نۇر چاقنىتىپ؛

چاقنىغاچقا كۆزنى قاماپ،
ئۆلمەيدۇ ھايات ياشاپ؛
تېنىمدىن جېنىم جۇدا،
بەك رازىمەن شادلىنىپ؛
شادلىقىم ھەي، كەلگىن سەن،
شەمشىرىمگە ھەمراھ بولۇپ.

كاللا بىردىنلا سۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ قالدى، بىرنەچچە موللاقلىغاندىن كېيىن يۇقىرى - تۆۋەن كۆتۈرۈلۈپ، كۆزىنىڭ قارىچۇقى بىلەن ئوڭ - سولغا قىسىپ قارىدى. ئۇ تولىمۇ ئاز كۆرۈندى، ئاغزىدا ناخشىسىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

ۋاي ئاللا، ۋاي ئاللا!
قانغا بويالدى جۇدا ئەزىز مەرد بىر كاللا!
بىھۇدە كەتتى يۈز كاللا، مىڭ كاللا ئىسىت،
بەگ بېشىنى ئالغان بىر كاللىغا ھەشقاللا!

كاللا ناخشىسىنى شۇ يەرگە كەلتۈرۈپ چۆككەندىن كېيىن قايتا لەيلەپ چىقمىدى، ناخشىسىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بولدى. بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان سۇمۇ ناخشىنىڭ ئاستىلىشى بىلەن تەڭ بارا - بارا پەسلەپ، خۇددى كەلكۈن سۇ قايتقاندەك، داشنىڭ لېۋىدىن تۆۋەنلەپ - تىنىپ كۆرۈنمەس بولدى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى پادىشاھ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىتاقەت بولۇپ.

— شاھىم، — دېدى قارىمۇتۇق ئادەم يېرىم تىزلىنىپ تۇ-

رۇپ، — ئۇ ھازىر داشنىڭ تېگىدە كارامەت قىلىپ ۋىسال ئۇسسۇلى ئوينىۋاتىدۇ، يېقىن بېرىپ قارىمىغۇچە كۆرگىلى بولمايدۇ، كەمىنىلىرىنىڭمۇ ئۇنى يۇقىرىغا چىقىرىشقا ئىلاجى يوق، چۈنكى ۋىسال ئۇسسۇلىنى داشنىڭ تېگىدە ئويناش شەرت.

پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالتۇن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، داشنىڭ ھارارىتىگە قارىماي يېقىن بېرىپ ئېگىشىپ قارىدى. داشتىكى سۇ ئەينەكتەك تىنىق ئىدى، ھېلىقى كاللا كۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ چىرايىغا تىككىنىچە سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈگدىسىغا تۇراتتى. پادىشاھنىڭ كۆزى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشكەندە، ئۇ پىسىڭڭىدە كۈلدى، پادىشاھ بۇ كۈلكىدىن ئۇنى تونۇغاندەك قىلدىيۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەرھال ئېسىگە كەلتۈرەلمىدى. پادىشاھ ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، ھېلىقى قارىمۇتۇق ئادەم ئاللىقاچان قولىغا ئالغان قارا كۆك قىلىچىنى ئۇنىڭ گەجگىسىدىن چاقماقتەك تېزلىكتە شارت قىلىپ سىيرىۋىدى، پادىشاھنىڭ كاللىسى پولتۇڭ قىلىپ داش قازانغا چۈشتى.

رەقىبلەر بىر - بىرىنى ناھايىتى ئاسان تونۇيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاپانچىلىك يەردە ئۇچرىشىپ قالدى، پادىشاھنىڭ كاللىسى سۇغا چۈشكەن ھامان قارىقاشنىڭ كاللىسى ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىنى گاچچىدە قاتتىق چىشلىدى. داشنىڭ سۈيى دەرھال قايناپ - چايقىلىپ، پورۇقلاپ قايىندى، ئىككى كاللا سۇنىڭ ئىچىدە جان - جەھلى بىلەن تۇتۇشتى. ئالاھازەل 20 قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ كاللىسى بەش يەردىن، قارىقاشنىڭ كاللىسى يەتتە يەردىن زەخمە يېدى. پادىشاھ يەنىلا تۈلكىلىك قىلىپ، ئۆز رەقىبىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىشقا تىرىشتى. قارىقاش بىخەستەلىك قىلغاچقا، پادىشاھ ئاخىر ئۇنىڭ گەجگىسىدىن چىشلەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆرۈلگىلى قويمىدى. پادىشاھ قارىقاشنىڭ كاللىسىنى شۇ چىشلىگىنىچە قويۇپ بەرمەي،





خۇددى پىلە قۇرتى غازاڭنى قاسىغاندەك قاساۋەردى، ھەتتا بالىنىڭ ئۈن سېلىپ ۋايجانلىغىنىمۇ داش قازاننىڭ سىرتىغا ئاڭلىنىپ تۇردى. [61]

ھەتتا چۆچۈپ تۇرۇپ قالغان خانىشمۇ، مەھرەملەرمۇ ھېلىقى داد - پەريادتىن تۇرالماي قالدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە مەيۈسلۈكتىن قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، بەدەنلىرى توخۇئەت بولۇپ كەتتى؛ شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنە ئۆز ئىچىدە بىرئاز خۇشال بولۇشۇپ، خۇددى نېمىدۇر بىرنېمىنى كۈتۈۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراپ تۇرۇشتى.

قارىمۇتۇق ئادەممۇ بىرئاز ھودۇقۇپ قالغاندەك بولدى، لېكىن چىرايىدىن چاندۇرمىدى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنمەس قارا كۆك قىلىچنى تۇتقان قولىنى خۇددى دەرەخنىڭ قاقشال بولۇپ قالغان ئاچا ياغىچىدەك بىمالال ئالدىغا سوزدى؛ بوينىنىمۇ خۇددى داش قازاننىڭ تېگىگە سىنچىلاپ قاراۋاتقاندەك سوزدى. شۇنىڭ بىلەن بىلىكىنى شاققىدە ئېگىپ، قىلىچنى ئۆزىنىڭ شىلىلىسىگە شۇنداق بىر ئۇرغانىدى، كاللىسى ئۈزۈلۈپ «شالاق» قىلغىنىچە داشقا چۈشتى، ھاۋاغا ئاپئاق سۇ چاچراپ چىقتى.

ئۇنىڭ كاللىسى سۇغا چۈشۈش بىلەنلا پادىشاھنىڭ كاللىسىغا قاراپ ئېتىلدى ۋە ئۇنىڭ بۇرنىدىن چىشلەپ ئۈزۈۋالغىلى تاس قالدى. پادىشاھ بۇنىڭغا چىداشلىق بېرەلمەي: «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىغانىدى، ئاغزىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭلا قارىقاشنىڭ كاللىسى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاجراپ بېرىپ، پادىشاھنىڭ ئېڭىكىنى جەھلى بىلەن چىشلەپ تۇرۇۋالدى. بۇلار پادىشاھنى قويۇپ بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، بىرى يۇقىرىغا، بىرى تۆۋەنگە كۆچەپ تارتىپ، پادىشاھنىڭ ئاغزىنى زادىلا يۇمدۇرمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن توخۇنىڭ دانلىغىنىدەك، بىر ئۇ يېرىدىن، بىر بۇ يېرىدىن چىشلەپ، پادىشاھنىڭ كۆزلىرىنى قىيسىق،

بۇرنىنى پاناق قىلىۋەتتى، يۈزىنى تىتماتاڭ قىلىۋەتتى. پادىشاھنىڭ كاللىسى دەسلەپتە داشنىڭ ئىچىدە بىر ئۆياقتا، بىر بۇياقتا ئۈسۈپ تۇرغانىدى، كېيىن ئارانلا نالە بىلەن ئىنجىقلىيالايدىغان ھالغا چۈشتى، ئاخىر نەپەسمۇ ئالالمايدىغان، زۇۋانمۇ سۈرەلمەيدىغان ھالغا كەلدى.

قارىمۇتۇق ئادەم بىلەن قارىقاشنىڭ بېشىمۇ چىشلەشتىن توختاپ، پادىشاھنىڭ بېشىدىن نېرى كېتىپ، داش قازاننىڭ ئىچىدە بىر ئايلىنىپ ئۈزۈپ، پادىشاھنىڭ كاللىسىنىڭ راست جېنى چىققان - چىقمىغانلىقىغا كۆز سالدى. ئۇنىڭ نەپەسلىرى پۈتۈنلەي توختىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى، يۈزلىرىنى ئاسمانغا قىلغان ھالدا سۇنىڭ تېگىگە چۆكۈپ كەتتى.

## 4

ئىس - تۈتۈن توختىدى، چوغمۇ ئۆچتى، سۇمۇ تىندى، لېكىن بۇ تىمتاسلىق ئوردىدىكىلەرنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ بىرى ھەممىدىن ئاۋۋال: «ۋايجان» دەپ چىرقىرىغانىدى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چىرقىراشتى؛ بىرى ئالتۇن داشقا قاراپ مېڭىۋىدى، باشقىلارمۇ ئوپۇر - توپۇر بولۇپ ئولاشتى. ئارقىدا قالغانلىرى باشقىلارنىڭ بويۇنلىرى ئارىلىقىدىن قاراشقا باشلىدى، قىزىق ھور تېخىچە ئادەمنىڭ يۈزىنى كۆيدۈرەتتى، لېكىن داشنىڭ سۈيى ئەينەكتەك تىنىق، ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان بىر قەۋەت ياغ بىرمۇنچە ئادەمنىڭ — خانىشنىڭ، مەلىكىلەرنىڭ، نۆكەرلەرنىڭ، پېشقەدەم ۋەزىر، پارپا ۋە ھەرەم بەگلىرىنىڭ يۈزىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى…

— توۋا، يائاللا! پادىشاھىمىزنىڭ كاللىسى ئەنە، سۇنىڭ





ئىچىدە تۇرىدۇ! ھۇ، ھۇ، ھۇ! — ئالتىنچى مەلىكە بىردىنلا ئەسەبىيلەشكەندەك ئۈن سېلىپ پەرياد قىلدى.

خانىشمۇ، مەھرەملەرمۇ بىردىنلا ھوشىنى يىغىپ، دەرھال نېرى كېتىشتى، دىققەت بولغانلىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇشتى. ھەممىدىن پاراسەتلىك پېشقەدەم ۋەزىر ئۆزى يالغۇزلا يەنە يېقىن بېرىپ، داش قازاننىڭ لېۋىنى قولى بىلەن سىلاپ كۆردى، لېكىن تېنى جۇغۇلداپ، قولىنى دەرھال تارتىۋالدى - دە، ئىككى بارمىقىنى ئاغزىغا تۇتۇپ پۈۋلىدى.

ھەممە ئادەم ئەس - ھوشىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئايۋان سارايىنىڭ ئالدىغا توپلىنىپ، كاللىنى سۈزۈۋېلىش چارىسى ئۈستىدە ئەقىلداشتى. تەخمىنەن ئۈچ ئاش پىشىم ۋاقتى ئۆتكەندە، ئاخىر چوڭ ئاشخانىدىكى سىم چويلىلارنى يىغىپ، نۆكەرلەرگە سۈزدۈرەيلى، دېگەن قارارغا كەلدى.

سايمان ھازىرلاندى: چۆمۈچ، چويلا، ئالتۇن تاۋاق، داسماللار داشنىڭ يېنىغا قويۇلدى. نۆكەرلەر يەڭلىرىنى تۈرۈپ، چۆمۈچ، چويلىلار بىلەن سۈزۈشكە كىرىشتى. چۆمۈچلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان، داش قازانغا تەگكەن ئاۋازلىرى چىقىپ تۇردى؛ سۇ بولسا چۆمۈچنىڭ قوچۇشى بىلەن تەڭ چۆرگىلەپ ئايلىنىپ تۇراتتى. بىرھازادىن كېيىن نۆكەرلەرنىڭ بىرى بىردىنلا جىددىي قىياپەتكە كىرىپ، چويلىنى ئىككى قولى بىلەن ئاۋايلاپ كۆتۈردى، چويلىدىكى سۇلار ساقىپ چۈشكەندىن كېيىن، ئاپئاق باش سۆڭىكى كۆرۈندى. باشقىلار: «ۋايجان!» دەپ چىرقىراپ سالدى، نۆكەر باش سۆڭىكىنى ئالتۇن تاۋاققا تۆكتى.

— ۋاي ئاللا! ۋاي ئۇلۇغ پادىشاھىم! — خانىش، مەلىكىلەر، پېشقەدەم ۋەزىرلەر ۋە ھەرەم بەگلىرى ئۈن سېلىپ يىغا - زار قىلدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يىغا - زار توختىدى، چۈنكى

يەنە بىر نۆكەرمۇ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاشلا باش سۆڭەكنى سۇزۇۋال-
غانىدى.

ئۇلار ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئەتراپىغا قارىدى، نۆكەرلەر تەرگە چۆمگەن ھالدا سۇزۇش بىلەن ئاۋارە بولماقتا، ئۇلار كېيىن چاڭگىلىشىپ كەتكەن ئاق ۋە قارا چاچلارنى، يەنە بىرنەچچە چۆمۈچ، قىسقا - قىسقا، ئاق ۋە قارا بۇرۇتقا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى سۇزۇۋالدى. ئاندىن كېيىن يەنە بىر باش سۆڭەكنى، ئاندىن كېيىن ئۈچ تال چاچنى سۇزۇۋالدى.

داش قازاندا سۇزۇك شورپا قالغاندىلا سۇزۇش توختىدى. نۆكەرلەر سۇزۇۋالغان نەرسىلەرنى ئۈچ ئالتۇن تاۋاققا بۆلدى: بىر تاۋاققا باش سۆڭەكلىرىنى، بىر تاۋاققا ساقال - بۇرۇت ۋە چاچلارنى، بىر تاۋاققا چاچلارنى سالدى.

— پادىشاھىمىزنىڭ بىرلا بېشى بار ئىدى. قايسىسى شۇدۇر؟ — دەپ سورىدى توققۇزىنچى مەلىكە يىغلاپ تۇرۇپ.

— شۇنداق... — پېشقەدەم ۋەزىرلەر بىر - بىرىگە قاراشتى.

— تېرە ۋە گۆشى تىتىلىپ كەتمىگەن بولسا ئاسانلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى، — دېدى پارپىلاردىن بىرى تىزلىنىپ تۇرۇپ.

ھەممە ئادەم پىكرى - خىيالىنى يىغىپ، باش سۆڭەكلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى، ئۇ سۆڭەكلەرنىڭ ئاق - قارىلىقى، چوڭ - كىچىكلىكى بىر - بىرىدىن ھېچقانچە پەرق قىلمايتتى، ھېلىقى بالىنىڭ بېشىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. خانىش، پادىشاھىنىڭ ئوڭ چېكىسىدە بىر تاتۇقى بار ئىدى، شاھزادە ۋاقتىدا يىقىلىپ چۈشۈپ زەخىملەنگەن، سۆڭىكىدىمۇ ئىزى بولسا كېرەك دېدى. دەرۋەقە، پارپىلار باش سۆڭەكلىرىنىڭ بىرىدە جاراھەت ئىزى بارلىقىنى تاپتى. ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ تۇرغاندا، پارپىلارنىڭ يەنە بىرى سارغۇچراق كەلگەن يەنە بىر باش سۆڭىكىنىڭ





ئوڭ چېكىسىدىمۇ شۇنداق جاراھەت ئىزى بارلىقىنى تاپتى.

— مېنىڭ ئامالىم بار، — دېدى ئۈچىنچى مەلىكە مەغرۇر ھالدا، — پادىشاھىمىنىڭ قاڭشىرى ئېگىز ئىدى.

ھەرەم بەگلىرى قاڭشار سۆڭىكىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. دەرۋەقە، بىرىنىڭ ئېگىز ئىكەن. لېكىن ئانچە بەك پەرق قىلىپمۇ كەتمەيدىكەن، ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئوڭ چېكىسىدە جاراھەت ئىزى يوق ئىكەن.

— قاراڭلار، — دېدى پېشقەدەم ۋەزىرلەر ھەرەم بەگلىرىگە، — پادىشاھىمىزنىڭ بويۇن سۆڭىكى مۇشۇنداق ئىنچىكىمىدى؟

— بىز پادىشاھىمىزنىڭ بويۇن سۆڭىكىگە ئىلگىرى سەپسېلىپ قاراپ باقماپتىكەنمىز...

خانىش بىلەن مەلىكىلەرمۇ خىيال سۇرۇپ، بەزىسى ئىنچىكە ئىدى، دېدى، بەزىسى توم ئىدى، دېدى، باش تارىغۇچى ھەرەم بەگدىن سورىۋىدى، ھېچ نەرسە دەپ بېرەلمىدى.

قايسىسىنىڭ پادىشاھنىڭ كاللىسى ئىكەنلىكىنى قارارلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ كېچىسى خانزادە - ۋەزىرلەر يىغىنى ئېچىلدى، لېكىن نەتىجە يەنىلا كۈندۈزدىكىدەك بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساقال - بۇرۇت، چاچ جەھەتتىمۇ مەسىلە تۇغۇلدى. ئاق چاچ پادىشاھنىڭ چېچى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، لېكىن چار بولغاچقا قارىسى توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىشكىمۇ ئىلاجى بولمىدى. يېرىم كېچە مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن، بىرنەچچە تال قىزغۇچ بۇرۇتنى ئىلغاپ چىقىشتى، ئاندىن كېيىن، توققۇزىنچى مەلىكە، پادىشاھنىڭ بىرنەچچە تال سېرىق بۇرۇتى بارلىقىنى ئېنىق كۆرگەنىدىم، بىرەرتالىمۇ قىزغۇچ بۇرۇتى يوقلۇقىنى ھازىر قانداق بىلگىلى بولسۇن دەپ نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكتىن، يېشىلمىگەن مەسىلە تە-

رىقىسىدە يەنە ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇشتى.

يېرىم كېچە ئۆتۈپ كەتتى، يەنىلا ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ھەممە ئادەم ئەسنەك تۇتقان ھالدا تاكى ئىككىنچى قېتىم توخۇ چىللىغىچە مۇزاكىرىلىشىپ، ناھايىتى ئېھتىياتلىق ۋە مۇۋاپىق بىر چارىگە كەلدى: ئۈچ دانە باش سۆڭىكىنى پادىشاھىمىزنىڭ تېنى بىلەن قوشۇپ ئالتۇن ساندۇققا سېلىپ دەپنە قىلايلى.

يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دەپنە قىلىش ۋاقتى كەلدى، پۈتۈن شەھەر قايناپ كەتتى. شەھەردىكى يىراق جايلاردىكى خەلق پادىشاھنىڭ «مېيىتىنى ئۇزىتىش» مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلدى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا كوچىلار ئەر - ئاياللار بىلەن تولدى، كوچىدا نەزىر - چىراغ جوزىلىرىمۇ بار ئىدى. كۈن ئۆرلىگەن ۋاقىتتا، پوش - پوشچى ئاتلىق نۆكەرلەر ئالدىرىماي كېلىشتى. يەنە خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھازىدار قاراۋۇللار، تۇغ - شەددىلەر، كالتەك - چوماقلار، نەيزە - تەبەرلەر، ئوقيا - كامالەكلەر، ئايپالتىلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى؛ ئاندىن كېيىن ناغرا - سۇنايچىلار چۇشكەن تۆت ھارۋا كەلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن سېرىق لەمپىلەر ئوي - دوڭغۇل يولدا لەپشىپ، بارا - بارا يېقىنلاپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۈچ كاللا ۋە بىر گەۋدە قاچىلانغان ئالتۇن ساندۇق بېسىلغان مېيىت ھارۋىسى كۆرۈندى.

پۇقرا تەزىم بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئادەملەر توپى ئارىسىدىكى نەزىر - چىراغ جوزىلىرى ئېنىق كۆرۈندى. بىرنەچچە سادىق بەندە ھېلىقى يولدىن ئازغان ئىككى چوڭ ئاسىيىنىڭ روھىمۇ ھازىر پادىشاھ بىلەن بىللە تەزىيە مۇراسىمىدىن بەھرىلىنىپ قالمىغىيدى دېگەن ئەندىشە بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، دەرد - ئەلەم ئوتىدا كۆيۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ھېچبىر





ئامال قىلالمىدى.

كېيىن خانىش بىلەن مەلىكىلەر ئولتۇرغان ھارۋىلار كەلدى. پۇقرالار ئۇلارغا، ئۇلار پۇقرالارغا قاراپ يىغلىماقتا، ئاندىن كېيىن ۋەزىرلەر، ھەرەم بەگلىرى، پارپىلار ھازىدار بولۇپ كېلىشتى. لېكىن پۇقرالار ئۇلارغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالمىدى، ھەتتا ئۆز قاتارلىرىنىمۇ بۇزۇپ پاتىپاراق قىلىۋەتتى.

1926 - يىل 10 - ئايدا يېزىلدى

# قەلئەدىن چىقىپ كېتىش[62]

لاۋزى[63] خۇددى قاققان قوزۇقتەك قىمىرلىماي ئولتۇراتتى.

— ئۇستازىم، كۇڭزى يەنە كەپتۇ! — ئۇنىڭ شاگىرتى گېڭ ساڭچۇ خۇشياقمىغان ھالدا كىرىپ، ئاستا سۆزلىدى.

— مەرھەمەت قىلسۇن …

— ئۇستازىم، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ — دېدى كۇڭزى ناھايىتى ئىززەت بىلەن سالام بېرىۋېتىپ.

— مەن دائىم مۇشۇنداق، — دېدى لاۋزى جاۋاب بېرىپ، — ئۆزىڭىزچۇ، بۇ يەردىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولدىڭىزمۇ؟

— ئوقۇپ بولدۇم. بىراق… — كۇڭزى بىرئاز ئالدىراپ قالدى، ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق ئالدىراپ باقمىغانىدى، — شېئىرنامە، تارىخنامە، يوسۇننامە، نەغمەنامە، پالنامە، يىلنامە دېگەن ئالتە كىتابنى تەتقىق قىلغىنىمغا ئۇزۇن ۋاقىت بولدى. مۇرەتتەپ بولۇپ قالدىم دەپ ئويلاپ، 72 نەپەر غوجىنىڭ ئالدىغا زىيارەت قىلىپ بارسام، ھېچقايسىسى قوبۇل قىلمىدى. ئادەمنى چۈشەندۈرمەك تەسمۇ ياكى «تەرىقەت»نى چۈشەندۈرمەك تەسمۇ، بىلمىدىم.

— سىزنىڭ ھەرھالدا تەلىيىڭىز بار ئىكەن، — دېدى لاۋزى، — قولىدىن ئىش كېلىدىغان غوجىغا ئۇچراپ قالماپسىز. ئالتە كىتاب ئۆتكەنكى سۇلتانلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزى تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ يەنە ئىز قالدۇرالىسۇن؟ سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز





ئىزلىرىڭىزغا ئوخشايدۇ. ئىز ئاياغ كىيىمدىن چىقىدۇ، لېكىن ئىزنى ئاياغ كىيىم دېگىلى بولامدۇ؟ — ئۇ بىرئاز توختىۋېلىپ، يەنە داۋاملىق سۆزلىدى، — ئاق قۇلار بىر - بىرىگە قاراپ تۇرسا كۆزىنىڭ قارىچۇقى مىدىر - سىدىر قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن چىشىسى ئۆزلۈكىدىن ھامىلىدار بولىدۇ؛ قوڭغۇزچۇ، ئەركىكى شامال چىققان تەرەپتە تۇرۇپ سايرىسا، چىشىسى تۆۋەن تەرەپتە ئۇنى ئاڭلاپ، ئۆزلۈكىدىن ھامىلىدار بولىدۇ؛ يەنە بىرخىل جانىۋارلار باركى، ھەم ئەركەك، ھەم چىشى بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ھامىلىدار بولىدۇ. مىجەزنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ؛ تەقدىرنى تېگىشكىلى بولمايدۇ؛ ۋاقىتنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ، تەرىقەتنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. تەرىقە تېپىلسىلا ھەممىنى راۋان قىلغىلى بولىدۇ، ئەگەر قولدىن كېتىپ قالسا، ھېچ ئىش يۈرۈشمەيدۇ.

كۇڭزى خۇددى چوققىسىغا كالتەك يېگەندەك، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، قاققان قوزۇقتەك ئولتۇردى.

ئۇ تەخمىنەن سەككىز مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن دېمىنى ئىچىگە تارتىپ، خەيرلىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئادەتتىكىدەكلا، لاۋزىنىڭ تەلىملىرىگە ناھايىتى تۈزۈت بىلەن رەھمەت ئېيتتى.

لاۋزىمۇ ئۇنى تۇتۇپ قالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ ھاسا تايىقىغا تايىنىپ، ئۇنى قىرائەتخانىنىڭ[64] دەرۋازىسى ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. كۇڭزى ھارۋىسىغا چىقىدىغان چاغدىلا لاۋزى خۇددى پاتېفوندەك سۆزلىدى:

— كېتەمسىز؟ بىرئاز چاي ئىچمەمسىز؟…

كۇڭزى: «خوش، خوش» دەپ ھارۋىغا چىقىپ، ئىككى قولىنى ئىززەت بىلەن ھارۋىنىڭ لەڭگىكى ئالدىدا قوۋۇشتۇرۇپ تەزىم قىلدى؛ رەن يۇ[65] قامچىسىنى ئوينىتىپ، «دىرت - چۇ» دېۋىدى، ھارۋا ئورنىدىن قوزغالدى. ھارۋا دەرۋازىدىن 10 نەچچە

قەدەم ئۇزاپ كەتكەندە، لاۋزى ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كىردى.
— ئۇستازىم، بۈگۈن ناھايىتى خۇشال بولۇپ قالغاندەك تۇرد-
لا، — دېدى گېڭ ساڭچۇ لاۋزىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ،
يېنىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، — گەپنى خېلى كۆپ
قىللا...
— گېپىڭىز توغرا، — دېدى لاۋزى يېنىككىنە بىر نەپەس
ئالغاندىن كېيىن بىرئاز ھالسىز جاۋاب بېرىپ، — گەپنى راست-
تىنلا كۆپ قىلىۋەتتىم، — ئۇ يەنە ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئىشنى ئېسىگە
ئالغاندەك بولدى، — ھە، كۇڭزى ئەكەلگەن غازنى قورۇتۇپ
قويمىغانمىدىڭىز؟ پىشۇرۇپ يەڭ. مېنىڭ چىشلىرىم قالمىغان،
يېيەلمەيمەن.
گېڭ ساڭچۇ چىقىپ كەتتى. لاۋزى يەنە جىم بولۇپ كۆزلىرى-
نى يۇمدى. قىرائەتخانىنىڭ ئىچىمۇ جىمجىت. پەقەت بامبۇك
خادىنىڭ ئۆينىڭ لەمپىسىگە تەگكەن ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى،
گېڭ ساڭچۇ لەمپىگە ئېسىقلىق تۇرغان غازنى ئالماقتا ئىدى.

ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى. لاۋزى يەنىلا قاققان قوزۇقتەك قى-
مىرلىماي ئولتۇرماقتا.
— ئۇستازىم، كۇڭزى كەپتۇ! — ئۇنىڭ شاگىرتى گېڭ
ساڭچۇ ھەيران بولغان ھالدا كىرىپ، ئاستا سۆزلىدى، — ئۇ خېلى
ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان كەلمەس بولۇپ قالمىغانمىدى؟ بۇ قېتىم
قانداق بولۇپ كەلدىكىن؟...
— مەرھەمەت ...— لاۋزى ئادەتتىكىدەكلا قىسقىغىنا جا-
ۋاب بەردى.
— ئۇستازىم، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ — دېدى كۇڭزى ناھايىتى
ئىززەت بىلەن سالام بېرىۋېتىپ.
— مەن دائىم مۇشۇنداق، — دېدى لاۋزى، — ئۇزۇندىن





بۇيان كۆرمىدىم، ئۆيدىن چىقماي ئوقۇغان ئوخشىمامسىز؟
— نەدىكىنى، — دېدى كۇڭزى كەمتەرلىك بىلەن، —
ئۆيدىن چىقماي ئويلىدىم. ئويلاپ يۈرۈپ بىرئاز چۈشەندىم: قاغا
بىلەن سېغىزغان سۆيۈشىدۇ؛ بېلىق ئاغزىدىن سۇ چىقىرىدۇ؛
ئىنچىكە بەل ھەرىنىڭ بالىسى باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ؛
قورساقتا ئۇكىسى پەيدا بولسا، ئاكىسى يىغلايدۇ. مەن ئۆزۈم
ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزگىرىشلەرگە قەدەم قويمىغان تۇرسام،
قانداقسىگە باشقا ئادەملەرنى ئۆزگەرتىمەن!...
— شۇنداق، شۇنداق! — دېدى لاۋزى، — چۈشىنىپسىز!
شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىسى گەپ قىلماي، قاققان
قوزۇقتەك ئولتۇرۇشتى.
تەخمىنەن سەككىز مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن كۇڭزى چوڭقۇر
نەپەس ئېلىپ، خەيرلىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئادەتتىكى-
دەكلا ناھايىتى تۈزۈت بىلەن لاۋزىنىڭ تەلىملىرىگە رەھمەت
ئېيتتى.
لاۋزىمۇ ئۇنى تۇتۇپ قالمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاسا تايى-
قىغا تايىنىپ، ئۇنى قىرائەتخانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغىچە ئۇزىتىپ
چىقتى. كۇڭزى ھارۋىسىغا چىقاي دەپ تۇرغاندىلا، لاۋزى خۇددى
پاتېفوندەك سۆزلىدى:
— كېتەمسىز؟ بىرئاز چاي ئىچمەمسىز؟...
كۇڭزى: «خوش، خوش» دەپ جاۋاب بېرىۋېتىپ، ھارۋىغا
چىقتى ۋە ئىككى قولىنى لەڭگەك ئالدىدا قوۋۇشتۇرۇپ ئېھتىرام
بىلەن تەزىم قىلدى؛ رەن يۇ قامچىسىنى ئوينىتىپ، «دىرت -
چۇ» دېۋىدى، ھارۋا ئورنىدىن قوزغالدى. ھارۋا دەرۋازىدىن 10
نەچچە قەدەم ئۇزاپ كەتكەندە، لاۋزى ئاندىن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ
كىردى.
— ئۇستازىم، بۈگۈن ئانچە خۇشال ئەمەستەك تۇرىلا، —

دېدى گېن ساڭچۇ لاۋزىنىڭ ئۇلتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، — گەپنى ئاز قىللا...

— گېپىڭىز توغرا، — دېدى لاۋزى يېنىككىنە بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن بىرئاز ھالسىز جاۋاب بېرىپ، — بىراق سىزگە نامەلۇم، مېنىڭ كېتىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى[66].

— نېمە ئۈچۈن؟ — گېن ساڭچۇ خۇددى ئۇچۇق ھاۋادا ئۇشتۇمتۇت چاقماق چاققاندەك چۆچۈپ كەتتى.

— كۆڭزى مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشىنىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆزدىنىڭ تېگى - تەكتىنى پەقەت مەنلا چۈشىنىدىغانلىقىمنى بىلىپ، خاتىرجەم بولالمايۋاتسا كېرەك. مەن كەتمىسەم، ئۇ ئوڭايسىزلىنىدۇ...

— ئۇنداق بولسا، تۇتقان يولۇڭلار ئوخشاش بولدىغۇ! نېمىشقا كېتىسىلا؟

— ياق، — دېدى لاۋزى قولىنى شىلتىپ، — بىزنىڭ يولىمىز ئوخشاش ئەمەس، كېيگىنىمىز ئوخشاش خەي بولسىمۇ، مېنىڭ بارىدىغان يېرىم چۆل، ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى ئوردا.

— لېكىن، سىلى قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئۇستازىغۇ!

— سىز مېنىڭ ئالدىمدا شۇنچە يىل ئوقۇدىڭىز، تېخىچە گول - ساددا ئىكەنسىز، — دېدى لاۋزى كۈلۈپ، — مىجەزنى ئۆزگەرتكىلى، تەقدىرنى تېگىشكىلى بولمايدۇ، دېگەن گەپ ئەنە شۇ. شۇنى بىلىڭكى، كۆڭزى سىزگە ئوخشمايدۇ: ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەيدۇ، مېنى ئۇستازىم دەپمۇ ئاتىمايدۇ، مېنى چال دەپلا ئاتايدۇ، ئارقامدىن تېخى رەڭۋازلىقمۇ قىلىدۇ.

— ئۇنداق بولۇشنى ئويلىماپتىمەن، بىراق، ئۇستازىم، سىلى ئادەم تونۇيلا...

— ياق، دەسلەپتە ياخشى - يامانىنى تونۇمايمۇ قالىمەن.

— ئۇنداق بولسا، — گېن ساڭچۇ بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن





سۆزلىدى، — بىز ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشايلى...

لاۋزى كۈلۈپ قويۇپ ئاغزىنى يوغان ئاچتى:

— قاراڭ، مېنىڭ چىشلىرىم بارمىكەن؟

— يوق، — دېدى گېن ساڭچۇ جاۋاب بېرىپ.

— تىلىم بارمىكەن؟

— بار ئىكەن.

— چۈشەندىڭىزمۇ؟

— ئۇستازىم، سىلى، قاتتىقى ئاللىقاچان يوقالدى، يۇمشىقى قالدى دېمەكچىمۇ؟

— توغرا ئېيتتىڭىز. سىزنىڭمۇ نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى يىغىشتۇرغىنىڭىز تۈزۈكتەك تۇرىدۇ، خوتۇنىڭىزنىڭ يېنىغا قايتىڭ. لېكىن ئاۋۋال مېنىڭ بوز كالامنى تاراشلاپ، توقۇمىنى ئاپتاپقا سېلىپ قويۇڭ، ئەتە ئەتىگەندىلا مىنىپ ماڭىمەن.

لاۋزى خەنگۇگۇەن[67] قەلئەسىگە يېتىپ بارغاندا، قەلئەنىڭ دەرۋازىسىغا تۇتىشىدىغان چوڭ يول بىلەن ماڭماستىن، كالىنىڭ نوختىسىنى تارتىپ، ئاچا يولغا كىرىپ، قەلئە تېمىنى بويلاپ ئاستا ماڭدى. ئۇنىڭ تامغا ياماشقۇسى كەلدى، تام ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى، كالىنىڭ ئۇستىدىن بىرلا سەكرىسە، تام ئۇستىگە ئەپلەپ - سەپلەپ چىققىلى بولاتتى. لېكىن كالا قەلئەنىڭ ئىچىدە قالسا، ئۇنى قەلئەنىڭ سىرتىغا ئاچىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاچىقىش توغرا كەلگەندە، كىران ماشىنا كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ چاغدا لۇبەن ۋە موزى[68] تېخى دۇنياغا كەلمىگەن، لاۋزىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق نەرسىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان. قىسقىسى، ئۇ پەلسەپىۋى كاللىسىنى شۇنچە قاتۇرۇپ باققان بولسىمۇ، ئىلاج تاپالمىدى.

لېكىن، ئۇ ئاچا يولغا ئۆتكەن چاغدا پايلاقچى كۆرۈۋېلىپ،

دەرھال دەرۋازىۋەنگە مەلۇم قىلىپ قويغانلىقىنى بايقىغان بولسا كاشكى، شۇڭا ئۇ ئاچا يول بىلەن 70 — 80 قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، بىر توپ ئادەم ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. ھېلىقى پايلاقچى ھەممىنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭ كەينىدىن قەلئە بېگى، يەنى گۇەن يىڭشى تۆت نەپەر ساقچىنى ۋە ئىككى نەپەر تەكشۈرگۈچىنى باشلاپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى.

— توختا! — دەپ توۋلىدى ئۇلار.

لاۋزى كالىنىڭ چۇلۋۇرىنى دەرھال تارتتى، ئۆزىمۇ قاققان قوزۇقتەك قىمىرلىماي تۇرۇپ قالدى.

— ۋاي ئاللا! — قەلئە بېگى تېز ئالدىغا بېرىپ، لاۋزىنى چىرايىدىن تونۇپ، دەرھال ئاتتىن پالاقلاپ چۈشۈپ تەزىم قىلدى، — مەن تېخى كىمكىن دەپتىمەن. قىرائەتخانا بېگى لاۋزى ئىكەنلىغۇ. بۇ تازىمۇ ئويلىمىغان ئىش بوپتۇ.

لاۋزىمۇ دەرھال كالىدىن چۈشۈپ، كۆزلىرىنى چىمىرلىتىپ، ھېلىقى ئادەمگە قاراپ، چۈشىنىكسىز سۆزلىدى:

— مېنىڭ خاتىرەم ياخشى ئەمەس…

— شۇنداق، شۇنداق؛ ئۇستاز، ئەسلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغاندۇ. مەن گۇەن يىڭشى بولىمەن، ئىلگىرى قىرائەتخانىغا «باجگىرلىك دەستۇرى»نى ئىزدەيمەن دەپ بارغىنىمدا، جانابلىرىنى زىيارەت قىلغانىدىم…

شۇ چاغدا ھېلىقى تەكشۈرگۈچى كالىنىڭ توقۇمىنى ئۆڭتۈرۈپ، قولىدىكى زىخچە بىلەن بىر تۆشۈك ئېچىپ، بارمىقى بىلەن كوچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، گەپ ـ سۆز قىلماستىن تۇمشۇقىنى شۇمشەيتىپ كېتىپ قالدى.

— ئۇستاز، قەلئەنى بويلاپ سەيلىگە چىققان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى گۇەن يىڭشى.

— ياق، تاشقىرىغا چىقىپ يېڭى ھاۋا يېگۈم كەلدى…





— ناھايىتى ياخشى! ناھايىتى ياخشى! ھازىر ھەممە ئادەم ھېبىر سەھەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى، ھېبىر سەھەت ناھايىتى مۇھىم. بىراق بۇنداق پۇرسەت كەم تېپىلىدۇ، بىزنىڭ قەلئەگە ئىلتىپات قىلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرسىلا، تەلىملىرىنى ئاڭلىساق دەيمىز…

لاۋزى جاۋاب بەرگۈچە تۆت ساقچى ئۇنى شاپۇر ـ شۇپۇر قىلىپ كالىنىڭ ئۈستىگە مىندۈرۈپ قويدى، تەكشۈرگۈچى زىخچە بىلەن كالىنىڭ ساغرىسىغا بىرنى زىخلىغانىدى، كالا قۇيرۇقىنى بىرلا تولغاپ بەدەر ماڭدى ۋە باشقىلار بىلەن بىللە قەلئەگە قاراپ چاپتى.

قەلئەگە بارغاندا، ئۇلار ئۇنى ئايۋان سارايغا تەكلىپ قىلدى، بۇ ئايۋان ساراي قەلئەنىڭ بېشىدىكى ئوتتۇرا ئۆي بولۇپ، روجەكلىرىدىن قارىغاندا تاشقىرىدىكى بىپايان سېرىق توپىلىق تۈزلەڭلىك بەكمۇ تۆۋەن كۆرۈنەتتى، كۆز يەتمەيدىغان ئاسماندا ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى. بۇ قەلئە تىك داۋان ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، قەلئە ئالدى، ئوڭ تەرىپىمۇ، سول تەرىپىمۇ توپا دۆڭ ئىدى، ئوتتۇرىدىكى هارۋا يولى خۇددى تىك يار ئوتتۇرىسىغا چۈشكەندەك كۆرۈنەتتى. دېمەك، بىر كۈمىلاچ لاي بىلەنلا توسۇۋەتكىلى بولاتتى[69].

ھەممەيلەن قايناق سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن نان يېدى. لاۋزى بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، گۇەن يىڭشى ئۇنى خەتمە ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. لاۋزى بۇنىڭدىن خالىي بولالمايدىغانلىقىغا ئاللىقاچان كۆزى يەتكەنىدى، شۇڭا تەخىرسىزلا ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىردەم پاتىپاراق بولۇپ، خەتمە ئاڭلايدىغانلار بارا ـ بارا ئۆيگە لىق تولدى. بىللە كەلگەن سەككىز كىشىدىن باشقا، يەنە تۆت نەپەر ساقچى، ئىككى نەپەر تەكشۈرگۈچى، بەش نەپەر پايلاقچى، بىر كاتىپ، بىر دەپتەرچى، بىر ئاشپەزمۇ ھازىر

بولدى. بۇلارنىڭ بىرنەچچىسى خاتىرە يېزىش ئۈچۈن قەلەم، پە-
چاق، تارشا[70] ئالغاچ كەلگەنىدى.

ئوتتۇرىدا قاقغان قوزۇقتەك ئولتۇرغان لاۋزى بىردەم شۈك
ئولتۇرغاندىن كېيىن، گېلىنى قىرقىۋالدى، ئۇنىڭ ئاپئاق سا-
قال ـ بۇرۇت بېسىپ كەتكەن كالپۇكلىرى قىمىرلاشقا باشلىدى.
ھەممە ئادەم دېمىنى ئىچىگە سىلىپ، دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى
ۋە ئۇنىڭ ئاستا چىقىۋاتقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى:

— تەرىقەتنىڭ تەرىقەت بۆلىكى ئاددىي تەرىقەت ئەمەسلىكىدە؛
نامىنىڭ نام بۆلىكى ئاددىي نام ئەمەسلىكىدە. نامسىزلىق
ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئىپتىداسى؛ ناملىق كائىناتنىڭ ئانىسى…

ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى، يازمىدى.

— شۇڭا ھەمىشە شەيئىلەرنىڭ كارامىتى غەرەزسىزلا كۆزد-
تىلسۇن، — لاۋزى گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەمىشە شەيئى-
لەرنىڭ ئىچ ـ باغرى غەرەزلىك ئۆگىنىلسۇن، بۇ ئىككىسىنىڭ
دىلى بىر، تىلى بۆلەك. شۇنىڭغا ئوخشاش سېھىرلىك سېھىرنىڭ
سىرى، ھەممە سېھىرلەرنىڭ يولى دېمەكتۇر…

ھەممە ئادەمنىڭ چىرايى تۇتۇلدى، بەزىسى ھاڭ ـ تاڭ بولغان-
دەك بولدى. تەكشۇرگۇچىنى ئەسنەك تۇتتى، كاتىپ مۈگدەپ
قالغانىدى، قولىدىكى پىچاق، قەلەم ۋە تارشا بورىغا تاراقلاپ
چۈشۈپ كەتتى.

لاۋزى بۇنى سەزمىگەندەك، لېكىن بىرئاز سەزگەندەك قىل-
دى، چۈنكى ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرئاز تەپسىلىرەك سۆز-
لەشكە باشلىدى. بىراق ئاغزىدا چىشلىرى بولمىغاچقا، تەلەپپۇزى
ئېنىق ئەمەس ئىدى، خۇنەن تەلەپپۇزى ئارىلاش شەنشى تەلەپپۇزىدا
سۆزلىگەچكە، سۆزلىرىدىكى «دۇ» بىلەن «تۇ» ئاھاڭىنى ئايرىۋال-
غىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ھە» دېگەن سۆزنى كۆپ ئېيتات-
تى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھېچكىم چۈشىنەلمەيتتى. ۋاقىت ئۇزۇنغا





سوزۇلغاچقا، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار ناھايىتى قىينالدى.

ئۇلار لاۋزىنىڭ يۈزىنى ئاياپ، لېۋىنى چىشلەپ ئولتۇرۇۋەر-
دى، لېكىن كېيىن ئۇيان ـ بۇيان قىڭغىيىپ، ئۆز خىيالى بىلەن
بولۇپ كەتتى. لاۋزى سۆزىنىڭ ئايىغىنى: «پەيغەمبەرنىڭ تەرىقد-
تى شولدۇركى، ئامال قىل، لېكىن تىركەشمە» دېگەن يەرگە
كەلتۈرۈپ توختاتتى. يەنە ھېچكىم قىمىرلىمىدى. لاۋزى بىردەم
تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە بىر ئېغىز قوشۇپ قويدى:

— ھە، تامام!

ئەنە شۇ چاغدىلا ھەممە ئادەم چۈشتىن ئويغانغاندەك بولدى.
تولىمۇ ئۇزۇن ئولتۇرغاچقا پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ، دەرھال دەس تۇرۇ-
شالمىغان بولسىمۇ، خۇددى ئەپۇ ئومۇمىي قىلىنغان ئادەملەردەك
خۇشال بولدى.

ئۇلار لاۋزىنىمۇ ئارام ئېلىۋېلىڭ، دەپ يان ئۆيگە ئەكىرىپ
قويدى. لاۋزى بىرنەچچە يۇتۇم داغ قايناق سۇ ئىچكەندىن كېيىن،
خۇددى قاقغان قوزۇقتەك مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ قالدى.

باشقىلار تاشقىرىدا مۇلاھىزىگە چۈشتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا،
ئۇلارنىڭ تۆت نەپەر ۋەكىلى لاۋزىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، تولىمۇ تېز
سۆزلىۋەتتىلە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانا تىللىرى ئانچە ساپ ئەمەس
ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقايسىمىز خاتىرە يازالمىدۇق، خاتىرە
يازالمىغانلىقىمىزغا تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇق، بىرئاز بولسىمۇ قوللاد-
ما بەرسىلىكەن، دېگەن مەزمۇندا سۆزلىدى.

— دېگەنلىرىڭىز يىمىئۇ، مەن ھېچىيمىنى ئالقىرمىـ
دىم![71] — دېدى دەپتەرچى.

— سەن ئۆزى يېزىپ چىقار، يېزىپ چىقارساڭ، بىكار سۆز
قىلغان بولمايدۇ سەن. شۇنداكىمۇ؟[72] — دېدى كاتىپ.

لاۋزىمۇ بۇ گەپلەرنى ئانچە چۈشەنمىدى، لېكىن باشقا ئىككى
پىچاق، قەلەم ۋە تارشىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇلار

مەندىن قوللانما سورايدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى ۋە قوللانما يېزىپ بېرىشتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تەخىرسىزلا ماقۇل بولدى، بىراق بۈگۈن كەچ بولۇپ قالغاچقا، ئەتە يېزىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ۋەكىللەر بۇ نەتىجىدىن رازى بولۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە هاۋا بىرئاز تۇتۇق ئىدى، لاۋزى ئۆز كۆڭلىدە بىر ئاز بىئارام بولغان بولسىمۇ، قوللانمىنى يېزىشقا مەجبۇر بولدى، چۈنكى ئۇ قەلئەدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى، قەلئەدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن قوللانمىنى يېزىپ تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان بىر دۆۋە تارىشىغا قاراپ تېخىمۇ بىئارام بولدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ تەلەتىنى بۇزماي، جىم ئولتۇرۇپ يېزىشقا باشلىدى. تۈنۈگۈنكى سۆزلىرىنى ئۇتتۇرلۇق ئويلاپ، ئۇدتۇرلۇق يازدى. ئۇ زامانلاردا كۆزەينەك تېخى كەشىپ قىلىنمىغانىدى، ئۇ خىرەلىشىپ قالغان كۆزلىرىنى تېخىمۇ بەك پۈرۈپ، خېلى قىينالدى؛ داغ قايناق سۇ ئىچكەن ۋە نان يېگەن ۋاقىتتىن باشقا توپتوغرا بىر يېرىم كۈن يازغان بولسىمۇ، يازغانلىرى بەش مىڭ خەتتىن ئاشمىدى.

«قەلئەدىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن، مۇشۇنىڭ بىلەنمۇ بىر ئامال قىلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن شوينىنى تارىشىلارغا ئىككى دەستە قىلىپ ئۆتكۈزدى، ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، هاسا تايىقىغا تايىنىپ، گۇەن يىڭشىنىڭ ئىشخانىسىغا باردى ۋە دەرهال يولغا راۋان بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

گۇەن يىڭشى ناهايىتى خۇرسەن بولدى ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، لېكىن هەسرىتىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ يەنە بىرئاز ۋاقىت تۇرۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق ئۇنىڭ





تۇرۇپ قېلىشقا ئۇنىمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، مەيۈسلەنگەن قىياپەتتە ماقۇل بولۇپ، ساقچىلارنى بوز كالىنى توقۇملاپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۆزى تاختىۋېشىدىن بىر ئورام تۇزنى، بىر ئورام قىچىنى ۋە 15 ناننى ئېلىپ، مۇسادىرە قىلىنغان بىر تاغارغا سېلىپ، لاۋزىغا يوللۇق تۇتتى ۋە ئۇنى پېشقەدەم يازغۇچى دەپ ئالاهىدە غەمخورلۇق[73] قىلغانلىقىنى، ئەگەر ئۇ ياش بولغان بولسا، پەقەت 10 نان بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

لاۋزى قايتا ـ قايتا رەهمەت ئېيتىپ، تاغارنى قولىغا ئېلىپ باشقىلار بىلەن بىللە قەلئە بېشىدىكى ئۆيدىن چۈشتى، قەلئەنىڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا كەلگەندە بوز كالىسىنى يېتىلەپ ماڭماقچى بولۇۋىدى، گۇەن يىڭشى ئۇنى مىنىۋېلىشقا دالالەت قىلدى. لاۋزى بىردەم تەكەللۇپ قىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر كالىسىغا مىندى. خوشلاشقاندىن كېيىن، كالىنىڭ بېشىنى بۇراپ، تىك يار ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ يولغا قاراپ ئاستا ماڭدى.

بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، كالا قەدىمىنى تېزلەتتى. قەلئە ئالدىدا ئۇزىتىپ تۇرغانلار دەسلەپتە ئاپئاق چاچلارنى، سېرىق تونىنى، بوز كالىنى، ئاق تاغارنى پەرق ئەتكەنىدى، كېيىن چاڭ ـ توزان ئادەمنىمۇ ۋە كالىنىمۇ ئوراپ توپا رەڭگە كىرگۈزۈۋەتتى ۋە يەنە بىردەمدىن كېيىن پۇرقىراپ تۇرغان توزاندىن باشقا نەرسىنى كۆرمىدى.

ئۇزاتقۇچىلار قەلئە ئىچىگە قايتىپ كىرىپ، خۇددى ئۈستىدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك پۇت ـ قوللىرىنى سوزدى ۋە يەنە خۇددى قانداقتۇر بىرنەرسە تېپىۋالغاندەك، ئېغىزلىرىنى ئۆمەللىدى، بىرقانچىسى گۇەن يىڭشى بىلەن بىللە ئىشخانىغا كىردى.

— قوللانما مۇشۇمۇ؟ — دېدى دەپتەرچى بىر دەستە تارىشىنى كۆتۈرۈپ ئاغدۇرۇپ، — يازغان خەتلىرى خېلى تۈزۈك ئىكەن. بازارغا ئاچىقىپ ساتسام، چوقۇم ئالارمەن چىقىدۇ.

كاتىپمۇ قىستۇرۇلۇپ كېلىپ، بىرىنچى تارىشىغا قاراپ ئوقۇدى:

— «تەرىقەتنىڭ تەرىقەت بۆلىكى، ئاددىي تەرىقەت ئەمەسلىكىدە»... ھىم، يەنە شۇ ئاتام ئېيتقان ھېلىقى گەپلەر كەنغۇ! ئاڭلىغان ئادەمنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ... تويدۇم مۇنداق گەپلەردىن...

— باش ئاغرىقىنى داۋالاش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى ئۇخلاش كېرەك، — دېدى دەپتەرچى قولىدىكى تارىشىنى قويۇپ.

— ھا ـ ھا ـ ھا!... ئۇنداق بولسا مەن ئۇخلىۋالاي. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ بارغاندىم. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، شۇنچە ئۇزاق جاپا چېكىپ ئولتۇرىدىغانغا بارمايتتىم...

— ئەيىب ئۆزۈڭنىڭ ئادەم تونۇمىغانلىقىڭدا، — دېدى گوەن يىڭشى، — ئۇنىڭدا مۇھەببەت ھېكايىسى نېمىش قىلسۇن؟ ئۇنىڭدا مۇھەببەت دېگەن نەرسە زادىلا بولۇپ باقمىغان.

— سىز قانداق بىلىسىز؟ — دېدى كاتىپ ھەيران بولۇپ.

— بۇنىڭدىمۇ ئەيىب سىزنىڭ مۈگدەپ قالغانلىقىڭىزدا، ئۇنىڭ: «ئوقەت قىلماسلىق يولى بىلەن ھەممە ئوقەتنى قىل» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭىز ـ دە. ئۇ بىرنېمىنىڭ «غەيرىتى ئالەمچە بار، تەقدىرى قەغەزچىلىك» ئىكەن، «ھەممە ئوقەتنى قىلىش» ئۈچۈن «ئوقەت قىلماسلىق»نى ئەۋزەل كۆرىدىكەن. بىرەرىگە كۆڭلۈك چۈشسە، ھەممىسىگە كۆڭلۈك چۈشمەي قالمايدۇ دەۋاتسا، ئۇنىڭدا مۇھەببەت نېمىش قىلسۇن؟ ئۇ مۇھەببەتكە قانداقمۇ جۈرئەت قىلالىسۇن؟ سىز ئۆزىڭىزگە قاراپ باقسىڭىزلا كۇپايە قىلىدۇ: ھازىر بويىغا يەتكەن بىر قىزنى كۆرسىڭىزلا، مەيلى ئۇ چىرايلىق ياكى سەت بولسۇن، خۇددى ئۆز خوتۇنىڭىزدەك، كۆزلىرىڭىز خۇمارلىشىپ كېتىدۇ. كەلگۈسىدە خوتۇن ئالسىڭىز، ئۇ





چاغدا بىزنىڭ دەپتەرچىمىزگە ئوخشاش، بىرئاز قىنىڭىزغا چۈشمەي قالمايسىز.

تاشقىرىدىن كىرگەن شامال ھەممەيلەننىڭ تېنىنى بىرئاز قورىدى.

— ئۇ چال زادى نەگە بارىدىغاندۇ؟ نېمە ئىش قىلغىلى بارىدىغاندۇ؟ — دېدى كاتىپ پەيتنى قولدىن بەرمەي گوەن يىڭشىنىڭ سۆزىنى ئارىلاپ.

— چۆل ـ جەزىرىگە كېتىمەن دەيدۇ، — دېدى گوەن يىڭشى چىرايىنى تۈرۈپ، — ئۇ دېگەن يېرىگە يېتىپ بارالارمىكىن، تاشقىرىدا توز، ئۇن بۇياقتا تۇرسۇن، سۇمۇ تېپىلمايدۇ، قورسىقى ئېچىپ قالسا، كېيىن يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا يەنە كىتاب يازغۇزايلى، — دېدى دەپتەرچى خۇشال بولۇپ، — بىراق نانمۇ كۆپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا بىز يېڭى يازغۇچىلارنى ئۆستۈرىدىغان بولدۇق دەپ ئىككى دەستە ماقالىسىگە بەش نان بەرسەك كۇپايە قىلىدۇ.

— ئۇنداق قىلغىلى بولماسمىكىن، ئۇ خاپا بولۇپ كوتولدىماي قويمايدۇ.

— قورسىقى ئېچىپ ھالى قالمىسا نېمىگە خاپا بولار؟

— ئۇنىڭ يازغان نەرسىلىرىنى ئوقۇيدىغان ئادەم چىقماسمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن، — دېدى كاتىپ قولىنى سىلكىپ، — ئۇ ھالدا بەش ناننىڭ دىرىنىمۇ تۆلىيەلمەيمىز. مەسىلەن، ئېيتايلى، ئەگەر ئۇنىڭ سۆزلىرى توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بىزنىڭ باشلىقىمىز قەلئە بېگى دېگەن مەنسەپتىن ۋاز كېچىدۇ، مانا شۇ چاغدا ئۇ قىلمىغان ئىشى قالمىغان قالتىس كاتتا ئادەم بولۇپ قالىدۇ...

— ھېچ گەپ يوق، — دېدى دەپتەرچى، — ھەر ھالدا ئوقۇيدىغان ئادەم چىقىدۇ. مەنسەپنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن قەلئە

بەگلىرى ۋە قەلئە بېگى بولۇپ باقمىغان زاھىدلار تولۇپ تېشىپ تۇرمامدۇ؟...

تاشقىرىدا چىقىۋاتقان شامال چاڭ - توزاننى پۇرقىرىتىپ، ئاسماننى چالا - پۇچۇق قاراڭغۇلاشتۇرۇۋەتتى. شۇ چاغدا گوۋەن يىڭشى ئىشىكتىن قاراپ كۆردىكى، بىرمۇنچە ساقچى ۋە پايلاقچىلار بۇ يەردە بولغان گەپلەرگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇپتۇ.

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرۇۋشىسەن؟ — دەپ توۋلىدى گوۋەن يىڭشى، — قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى، ھازىر ئەتكەسچىلەر باجدىن قېچىپ، قەلئە تېمىدىن يامىشىپ ئۆتىدىغان ۋاقىت ئەمەسمۇ؟ ماڭ، بېرىپ چارلاپ يۈرۈش!

ئىشىك ئالدىدىكىلەر بەدەر يۈگۈرۈپ كېتىشتى. ئۆيدىكىلەرمۇ پاراڭلىرىنى توختاتتى، دەپتەرچى بىلەن كاتىپمۇ چىقىپ كەتتى. گوۋەن يىڭشى جوزا ئۈستىدىكى توپا - توزاننى يېڭى بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن ئىككى دەستە تارشىنى مۇسادىرە قىلىنغان تۇز، كۈنجۈت، رەخت، دادۇر، نان دېگەندەك نەرسىلەر قويۇلغان تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويدى.

1935 - يىل 12 - ئايدا يېزىلدى.





# ھۇجۇم قىلماسلىق[74]

## 1

زىشيا[75] نىڭ شاگىرتى گۇڭ سۇڭگاۋ[76] موزى[77] نى ئىزدەپ بىرقانچە قېتىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆيىدە بولمىغاچقا كۆرۈشەلمىگەنىدى. 4 - ياكى 5 - قېتىم بولسا كېرەك، دەل دەرۋازا ئالدىدا ئۇچرىتىپ قالدى، چۈنكى گۇڭ سۇڭگاۋنىڭ كېلىشى بىلەن موزىمۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنىدى. بۇلار ئۆيگە بىللە كىردى.

گۇڭ سۇڭگاۋ بىردەم تەكەللۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۆيگە سېلىپ قويۇلغان بورىنىڭ[78] يىرتىق يېرىگە قاراپ تۇرۇپ، مۇلايىمغىنا سورىدى:

— ئۇستازىم، ئۇرۇشماسلىقنى تەشەببۇس قىلىۋاتامدىلا؟

— شۇنداق! — دېدى موزى.

— ئۇنداق بولسا، ئالىيجانابلار ئۇرۇشمامدۇ؟

— شۇنداق! — دېدى موزى.

— توڭگۇز، ئىتلارمۇ ئۇرۇشىدۇ يۇ، ئادەملەر...

— ھەي. . . ، سىلەر رايىشلارنىڭ سۆزۈڭلاردا ياۋ، شۇننى تەرىپلەپ، ئىشىڭلاردا توڭگۇزدىن، ئىتتىن ئۆگىنىدىغان بولۇپ قالغىنىڭلارغا ئىسىت، ئىسىت! — دېدى موزى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىراپلا ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى، — مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنمەپسىز...

ئۇ ئاشخانىنى ئارىلاپ ئارقا ئىشىك ئالدىدىكى قۇدۇق يېنىغا بېرىپ چىغرىقنى چۆرگىلىتىپ، يېرىم ئاپقۇر سۇ تارتىپ، كۆتۈر-

گەن پېتى 10 نەچچە يۇتۇم ئىچتى. ئاپقۇرنى يەرگە قويۇپ، ئاغزىنى ئېرتىپ، بىردىنلا ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قاراپ تۇرۇپ توۋلىدى:

— ئالىيەن[79] ! نېمىدەپ قايتىپ كەلدىڭ؟

ئالىيەنمۇ ئۇنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. يېقىن كەلگەندىن كېيىن ئىززەت - ئېكرام بىلەن قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ، «ئۇستازىم» دېدى - دە، بىرئاز خاپا ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن بۇ ئىشتىن يالتايدىم. ئۇلار ئۆز گېپىدە تۇرمايدىكەن. ماڭا 1000 غېدىر تېرىق بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان تۇرۇقلۇق، ئاران 500 غېدىر بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن قايتىپ كەلدىم.

— ئەگەر 1000 غېدىر بەرسە، قايتىپ كېلەمتىڭ؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى ئالىيەن.

— ئۇنداق بولسا، گەپ ئۇلارنىڭ ئۆز گېپىدە تۇرمىغانلىقىدا ئەمەس، ئاز بەرگەنلىكىدە ئىكەنغۇ!

موزى سۆزلەۋېتىپ يەنە ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىۋېتىپ توۋلىدى:

— گېن جۇزى[80] ! قوناق ئۇنىنى يۇغۇرۇۋەت!

گېن جۇزى، ناھايىتى تېتىك ياش يىگىت ئايۋان ئۆيدىن چىقىپ كەلدى ۋە:

— ئۇستازىم، 10كۈنلۈك نان تەييارلامدىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، — دېدى موزى، — گوڭ سۇڭگاۋ كەتتىما؟

— كەتتى، — دېدى گېن جۇزى كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ بىزنى ھايۋانغا ئوخشاش ھەممىگە مېھىر - شەپقەت قىلىدىغان ئاتىسىز ئىكەنسىلەر[81] دەپ ناھايىتى خاپا بولدى.

موزىمۇ كۈلۈپ قويدى.





— ئۇستازىم چۇ بەگلىكىگە بارامالا؟

— شۇنداق. سەنمۇ بىلىۋاپسەن - ھە؟ — موزى گېن جۇزىنى قوناق ئۇنىدىن خېمىر يۇغۇرۇشقا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى چاقماق تاش بىلەن پىلىككە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، سۇ قايىنىتىش ئۈچۈن شاخ - شۇمبىغا ئوت ياقتى. ئوت تۇتىشىۋالغاندىن كېيىن، ئېزىپ سۆزلىدى:

— يۇرتدىشىمىز گوڭ شۇبەن[82] ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئازغىنە چېچەنلىكىنى ھىمات قىلىپ، چەللىدە ئات چاپتۇرىدىكەن. ئۇ ئىلگەك ۋە توسقاق[83] ياساپ، چۇ پادىشاھىنى يۈ بەگلىكىدىكىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا سۈكۈت قىلغانلىقى كۇپايە قىلماي، مانا ئەمدى يەنە ئاسمان شوتىسى دېگەن بىر نېمىنى ئويلاپ چىقىرىپ، چۇ پادىشاھىنى سۇڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. سۇڭ بەگلىكى كىچىك دۆلەت، ھۇجۇمغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ مەن بېرىپ ئۇنىڭغا ھاي بېرىپ قوياي.

ئۇ گېن جۇزىنىڭ قوناق جىگمومىسىنى قاسقانغا سېلىپ دۈملەپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، ئويۇقتىن تۈزلانغان سەينى، بىر دانە پۇچۇق تۈچ پىچاقنى ۋە بىر دانە يىرتىق بوغچىنى تېپىپ قويدى، گېن جۇزى پىشقان قوناق جىگمومىلىرىنى ئەكىرگەندىن كېيىن ھەممىسىنى بوغچىغا تۈگدى. كىيىملىرىنى تاللاپ ئولتۇرماستىن، لۆڭگىمۇ ئالماي، كەمىرىنى چىگىتتى - دە، ئايۋانغا چىقىپ پاخالدىن توقۇلغان چورۇقىنى كىيىپ، بوغچىسىنى ئۈشنىسىگە ئارتىپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي يولىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ بوغچىسىدىن ئىسسىق ھور چىقىپ تۇراتتى.

— ئۇستازىم، قاچان قايتىپ كېلىلا؟ — دەپ توۋلىدى گېن جۇزى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن.

— 20 كۈنلەردە قايتىپ كېلەرمەن، — دەپ جاۋاب بەردى

موزى كېتىۋېتىپ.

## 2

موزى سۇڭ بەگلىكىنىڭ چېگرىسىدىن كىرگۈچە چورۇقىنىڭ ئىزمىلىرى ئۈچ - تۆت قېتىم ئۈزۈلگەنىدى. ھازىر تاپىنى ناھايىتى قىزىرىپ كەتكەچكە توختاپ قارىغانىدى، چورۇقىنىڭ چەمى يوغانلا تېشىلىپ كېتىپتۇ، پۇتىنىڭ بەزى يېرى ھۆررەك بولۇپ قاپىرىپ چىقىپتۇ. ئۇ بۇلارغا پىسەنت قىلماستىن، ئۆز يولىغا مېڭىۋەردى. يول بويى كۆزىتىپ قارىسا، ئادەم ئاز ئەمەس، لېكىن ئىلگىرىكى سۇ ئاپەتلىرىنىڭ ۋە يېغىلىقلارنىڭ ئىزلىرى ھازىرمۇ ئۇ يەر - بۇ يەردە مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى خەلقتىكى ئۆزگىرىشتەك تېز ئەمەس. ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ بىرەر چوڭ ئۆينى، بىرەر تۈپ چوڭ دەرەخنى، بىرەر تېتىك ئادەمنى، بىرەر پارچە مۇنبەت ئېتىزنى كۆرمەي، شۇ ھالەتتە پايتەختكە[84] بېرىپ قالدى.

سېپىلمۇ ناھايىتى كونىراپ كەتكەن، لېكىن بەزى بۇزۇلغان يەرلىرى يېڭىدىن تاش بىلەن قوپۇرۇپ قويۇلغان؛ سېپىل خەندەكلىرىنىڭ بويىدىكى لاي دۆۋىلىرىدىن قارىغاندا، خەندەكلەرنىڭ لايلىرى تارتىلغاندەك كۆرۈنەتتى، لېكىن بىرنەچچىلا بىكارچى ئادەم خەندەك ياقىسىدا بېلىق تۇتۇۋاتقاندەك ئولتۇرۇشاتتى.

«بۇلارمۇ خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى موزى. ئۇ ھېلىقى بېلىق تۇتۇۋاتقانلارغا سەپسېلىپ قارىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز شاگىرتى يوق ئىدى.

ئۇ شەھەرنى ئايلاپ ئۆتۈش قارارىغا كېلىپ، شىمالىي دەرۋازىغا يېقىن باردى، ئوتتۇرىدىكى كوچا بىلەن تۈپتوغرا جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شەھەر ئىچىمۇ ناھايىتى خاراب ئىدى،





لېكىن ناھايىتى تىنچ ئىدى. دۇكانلارغا باھانى ئەرزانلىتىپ سېتىش توغرىسىدىكى ئېلان باغاقلىرى چاپلىنىپ كەتكەن، لېكىن خېرىدار كۆرۈنمەيتتى، دۇكانلاردىمۇ ھېچقانچە مال يوق. كوچىلارنى ئۇندەك يۇمشاق ۋە يېپيېشقاق چاڭ - توزان قاپلاپ كەتكەن.

«بۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق تۇرسا، بۇلارغا ھۇجۇم قىلماقچىمىش!» دەپ ئويلىدى موزى.

ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ كەمبەغەللىكنى ۋە ئاجىزلىقنى كۆرگەندىن باشقا غەيرىي بىر ئەھۋالنى كۆرمىدى. چۇ بەگلىكىنىڭ ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، لېكىن ھۇجۇمغا ئۇچراۋېرىپ ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ئەلھۆكمىللا دەپ تۇرغان ئوخشايدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەمنىڭ بىردىن جېنىلا قاپتۇ، كىيەي دېسە كىيىدىغىنى، يەي دېسە يەيدىغىنى يوق ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيىنى كۆچۈرۈشنى خىيالىغا كەلتۈرگەن ئادەممۇ كۆرۈنمەيدۇ ··· جەنۇبىي دەرۋازىنىڭ پەشتاقلىرى كۆزگە كۆرۈنگەندىلا، موزىنىڭ كۆزىگە كوچىنىڭ بىر بۇرجىكىدە 10 نەچچە ئادەمنىڭ، خۇددى بىراۋدىن ھېكايە ئاڭلاۋاتقاندەك توپلىشىپ قالغانلىقى كۆرۈندى.

موزى يېقىن بارغاندا، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ: «ئۇلارغا سۇڭ خەلقىنىڭ جىگىرىنى تونۇتۇپ قويىمىز! ئۆلۈمدىن يانمايمىز!»[85] دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى كۆردى.

موزى بۇنىڭ ئۆز شاگىرتى ساۋگۇڭزىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

لېكىن موزى توپنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ تۇرماستىن، ئالدىراپلا جەنۇبىي دەرۋازىدىن چىقىپ، ئۆز يولىغا كېتىۋەردى. يەنە بىر كۈندۈز، يېرىم كېچە يول يۈرگەندىن كېيىن توختاپ، بىر دېھقاننىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلاپ، ئاندىن كېيىن يولىغا راۋان بولدى. چورۇقى ئاللىقاچان

تېتىلىپ، كىيگىلى بولماس بولۇپ قالغانىدى، بوغچىسىدا قوناق مومىلىرى بولغاچقا، بوقچىسىنى يىرتماي، نائىلاج چاپىنىدىن بىر پارچە يىرتىپ پۇتىنى ئورىۋالدى.

بىراق لاتا نېپىز بولغاچقا، ئوي - دوڭغۇل يېزا يولى پۇتىنىڭ ئالىقىنىنى يالاپ كەتتى، ئۇنىڭ ماڭمىقى تېخىمۇ قىيىن بولدى. كۈن قايرىلغاندا، پاكارغىنا بىر تۇخۇمەك دەرىخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ئايغىنى سوۋۇتقان ھېسابتا بوغچىسىنى يېشىپ، چۈشلۈك تاماق يېدى. شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئادەم كۆرۈندى، ئۇ ناھايىتى ئېغىر يۈك بېسىلغان كىچىككىنە قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتى، يېقىن كەلگەندىن كېيىن ھارۋىسىنى توختىتىپ قويۇپ، موزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئۇستام» دېدى ۋە ھاسىراپ تۇرۇپ، يۈزىدىكى تەرلەرنى پېشى بىلەن سۈرتتى.

— بۇ قۇممۇ؟ — دەپ سورىدى موزى ھېلىقى ئادەمنى — ئۆز شاگىرتى گۆەن چيەنئاۋنى تونۇغاندىن كېيىن.

— ھەئە، ئاسمان شوتىسىغا قارشى تەييارلىق.

— باشقا تەييارلىقلار قانداق؟

— بىرئاز كەندىر، كۈل، تۆمۈر توپلاپ قويدۇق. لېكىن بۇ ئىئانىنى توپلىماق مۇشكۇل بولدى: بارلىرى ئىئانە قىلغىلى ئۇنىمىدى، ئۇنىغانلىرىدا يوق. قۇرۇق گەپ قىلىدىغانلار كۆپ···

— تۈنۈگۈن شەھەر ئىچىدە ساۋ گۇڭزىنى كۆردۈم، يەنە شۇ «جىگەر» ، «ئۆلۈم» دېگەن گەپلىرىنى داۋراڭ سېلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي: قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىمەن دەپ يۈرمىسۇن؛ ئۆلۈمگە تەييار تۇرۇش يامان ئىش ئەمەس، ئۆلمەكمۇ تەس، لېكىن ئۆلۈمنىڭ خەلققە پايدىلىق بولۇشى كېرەك!

— ئۇنىڭغا گەپ قىلماق تەس، — دېدى گۆەن چيەنئاۋ ئەيمىنىپ، — ئۇ بۇ يەردە ئىككى يىل مەنسەپدارلىق قىلدى، بىز بىلەن گەپلىشىشنى ئانچە خالىمايدۇ···





— چىن خۇالىچۇ؟

— ئۇ ناھايىتى ئالدىراش، بايا مەنچاناقنى[86] سىناق قىلغان ئىدى. ھازىر غەربىي دەرۋازا سىرتىغا يەر شارائىتىنى كۆرگىلى كەتكەن بولسا كېرەك، شۇڭا سىلىگە يولۇقماپتۇ. جانابلىرى چۇ بەگلىكىگە گۇڭ شۇبەننى ئىزدەپ ماڭغان ئوخشىماملا؟

— شۇنداق، — دېدى موزى، — بىراق ئۇ مېنىڭ گېپىمگە كىرەمدۇ، يوقمۇ، بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. تەييارلىقىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، سۆزلىشىشتىن نەتىجە كۈتمەڭلار.

گۆەن چيەنئاۋ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، موزى يولغا راۋان بولغاندىن كېيىن، بىردەم ئۇزىتىپ قاراپ تۇرۇپ، ھارۋىسىنى ئىتتىرگەن پېتى شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

## 3

چۇ بەگلىكىنىڭ يىڭ شەھىرى[87] سۇڭ بەگلىكىنىڭ پايتەخت شەھىرىدىن بۆلەكچە ئىدى: كوچىلىرى كەڭ، ئۆي - ئىمارەتلىرىمۇ رەتلىك ئىدى، چوڭ دۇكانلاردا نۇرغۇن ئوبدان نەرسىلەر — ئاپئاق كاناپ رەخت، قىپقىزىل لازا، ئالىچىپار بۇغا تېرىسى، چوڭ - چوڭ نېلۇپەر مېغىزى بار ئىدى. كوچىدىكى ئادەملىرى شىماللىقلارغا قارىغاندا جۇغى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن تېتىك ئىدى، كىيىملىرى پاكىز ئىدى؛ كونا، يىرتىق كىيىم كىيىۋالغان، پۇتلىرىنى لاتا بىلەن ئورىۋالغان موزى ئۇلارنىڭ ئالدىدا خۇددى قەلەندەرگە ئوخشايتتى.

موزى شەھەرنىڭ مەركىزىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەر كەڭ مەيدان ئىدى، ئۇ يەردە نۇرغۇن يايمىچى دۇكانلىرى بار ئىدى، ئادەم مىغىلدايتتى، ئۇ يەر شەھەر بازىرىنىڭ ئاۋات يېرى، شۇنداقلا تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشى ئىدى. موزى موللام سۈپەت بىرقېرى

ئادەمدىن گوڭ شۇبەننىڭ ئۆيىنى سورىدى، ئەپسۇسكى ئۇنىڭ تىلىنى ئۇقالماي، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرەلمەي، ئالىقىنىغا خەت يېزىپ ئۇقتۇرۇۋاتقاندا: «ئايلىناي!» دېگەن بىر ئاۋاز كۆتۈرۈلدى-دە، ھەممە ئادەم غەزەل ئېيتقىلى تۇردى. ئەسلىدە مەشھۇر غەزەلچى سەي شياڭلىن(88) ئۆزىنىڭ «ۋاي دادەي» دېگەن غەزىلىنى باشلىغان، نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭغا جور بولغانىدى. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى پېشقەدەم موللىمۇ غەزەلگە ئەگىشىپ ئوقۇغىلى تۇردى. موزى ئۇ ئادەمنى ئەمدى ئالىقىنىمدىكى خەتكە قارىمايدىغان بولدى، دەپ پەرەز قىلىپ، «گۇڭ شۇبەن» دېگەن خەتلەردىن ئاران «گۇڭ» دېگەن خەتنىڭ يېرىمىنى يازغان ھالەتتە بەدەر يىراقلاپ كېتىپ قالدى. لېكىن ھەممىلا يەردە ھەممە ئادەم غەزەل ئوقۇماقتا ئىدى، بىر ھازادىن كېيىن، ھېلىقى كىشىلەر غەزىلىنى ئوقۇپ بولغان بولسا كېرەك، بارا-بارا جىمىقىپ قالدى. موزى بىر ياغاچچىلىق دۇكىنىغا بېرىپ، گۇڭ شۇبەننىڭ تۇرالغۇسىنى سورىدى.

— ھېلىقى شەندۇڭلۇق، ئىلگەك ۋە توسقاق ياسايدىغان گۇڭ شۇبەن ئۇستاممۇ؟ — يۈزى سارغۇچ، ساقاللىرى قارا، ئۆزى سېمىز كەلگەن ياغاچچى، دەرۋەقە ناھايىتى ئېنىق بىلىدىكەن، — ئۇنىڭ ئۆيى يىراق ئەمەس. ئارقىڭىزغا بۇرۇلۇپ، چاسىدىن ئۆتۈپ، ئوڭ قولىدىكى 2-كوچا بىلەن شەرق تەرەپكە، ئاندىن كېيىن جەنۇب تەرەپكە قايرىلىپ مېڭىڭ، ئاندىن كېيىن شىمال تەرەپكە ئۆتۈپ، دوقمۇشتىن بۇرۇلسىڭىز، 3-ئۆي شۇ.

موزى خاتا ئاڭلاپ قالغان بولماي دەپ ئالىقىنىغا يېزىپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ياغاچچىغا رەھمەت ئېيتىپ، ياغاچچى كۆرسىتىپ قويغان تەرەپكە قاراپ چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭدى. دەرۋەقە توغرا چىقتى: 3-دەرۋازىدا «لۇ بەگلىكلىك گۇڭ شۇبەننىڭ ئۆيى» دېگەن خەتلەر چىرايلىق نەقىش





قىلىپ ئويۇلغان قاتتىق ياغاچ تاختا مىخلاقلىق تۇراتتى.

موزى ھايۋان باشلىق تۇچ ھالقىنى(89) تاقىلدىتىپ قاققان ئىدى، دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى بىلەنلا توڭ قاپاق بىر دەرۋازىۋەن چىقتى ۋە موزىغا بىر قارىۋېلىپ ۋارقىرىدى:

— ئۇستازىم مېھمان قوبۇل قىلمايدۇ، سىلەردەك بىر يۇرتلۇقلاردىن ياردەم سوراپ كېلىدىغانلار تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى!

موزى ئۇنىڭغا ئوبدان قارىغۇچە، ئۇ دەرۋازىنى يېپىۋالدى. موزى دەرۋازىنى يەنە قاققانىدى، دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن زۇۋان چىقمىدى. لېكىن موزىنىڭ لەپپىدە قارىغانلىقى ئۇنى بىرئاز ئەنسىرەتتى-دە، ئۇ خاتىرجەم بولالماي، ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا مەلۇم قىلغىلى كىرىپ كەتتى. گۇڭ شۇبەن ئەگرى سىزىق بىلەن ئاسمان شوتىسىنىڭ ئۈلگىسىنى ئۆلچەۋاتاتتى.

— ئۇستازىم، سىزنىڭ يەنە بىر يۇرتدىشىڭىز ياردەم سوراپ كەپتۇ،… ئۇ غەلىتىرەك ئادەم كۆرۈنىدۇ… — دېدى دەرۋازىۋەن ئاستا سۆزلەپ.

— ئىسمى نېمىكەن؟

— سورىماپتىمەن… — دېدى دەرۋازىۋەن ھودۇقۇپ.

— تۇرقى قانداق ئىكەن؟

— قەلەندەرگە ئوخشايدۇ. 30 ياشلاردا بار. ئۇزۇن بوي، يۈزى قارىمۇتۇق…

— ئاپلا! موزى بولسا كېرەك!

گۇڭ شۇبەن ھولۇقۇپ تۇۋلىۋەتتى، قولىدىكى ئەگرى سىزىقنى ۋە ئۈلگىنى قويۇپ، پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشتى، دەرۋازىۋەنمۇ چۆچۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. موزى بىلەن گۇڭ شۇبەن ھويلىدا كۆرۈشتى.

— دېگەندەكلا سىلى ئىكەنلا، — دېدى گۇڭ شۇبەن خۇشال بولۇپ ۋە ئۇنى دالانغا باشلاپ كىردى، — ئوبدان تۇرىلىمۇ؟ يەنە

شۇنداق ئالدىراشمۇ؟

— شۇنداق. دائىم شۇنداق…

— جانابلىرى شۇنچە يىراق يەردىن كەپلا، بىرەر تاپشۇرۇقلىرى بارمىكىن؟

— شىمال تەرەپتە بىراۋ مېنى خارلىدى، — دېدى موزى ناھايىتى سالماق بىلەن، — شۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزكەن دەيمەن…

گۇڭ شۇبەننىڭ چىرايى ئۆچتى.

— سىزگە 10 سەر تەڭگە بېرىمەن! — دېدى موزى يەنە.

ساھىبخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، غەزىپىگە چىدىماي قاپىقىنى تۈرۈپ سوغۇققىنا:

— مەن ئادالەتچىل! مەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى خالىمايمەن! — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى! — موزى تەسىرلەنگەن ھالدا قەددىنى رۇسلاپ، ئىككى ياندۇرۇپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، يەنە ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى، — لېكىن بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈم بار. سىزنىڭ سۇڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئاسمان شوتىسى ياسىغانلىقىڭىزنى شىمالدا تۇرۇپ ئاڭلىدىم. سۇڭ بەگلىكىنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ چۇ بەگلىكىدە نېمە كۆپ، يەر كۆپ؛ نېمە ئاز، خەلقى ئاز. ئېزىنى ئۆلتۈرۈپ، كۆپىنى تالىشىشنى ئاقىلانە ئىش دېگىلى بولمايدۇ؛ سۇڭ بەگلىكىنىڭ گۇناھى بولمىسا، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشنى مېھرىبانلىق دېگىلى بولمايدۇ؛ ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇپ ئەقىلداشمىسا، ساداقەتلىك دېگىلى بولمايدۇ؛ ئەقىلدىشىپ تۇرۇقلۇق قولغا كەلتۈرەلمىسە، قادىر دېگىلى بولمايدۇ؛ ئىنساپ قىلدىم دەپ، ئازنى ئۆلتۈرمەي، كۆپنى ئۆلتۈرسە ئىنساپپەرۋەرلىك دېگىلى بولمايدۇ. جانابىڭىز بۇ گەپلەرگە قانداق قارايسىز؟…





— شۇنداق… — دېدى گۇڭ شۇبەن ئويلىنىپ تۇرۇپ، — جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى ناھايىتى توغرا.

— ئۇنداق بولسا، قوللىرىڭىزنى تارتىسىڭىز بولارمىكىن؟

— بولمايدۇ، — دېدى گۇڭ شۇبەن ساراسىمىگە چۈشۈپ، — مەن پادىشاھقا ئاللىقاچان ۋەدە قىلىپ قويغان.

— ئۇنداق بولسا، مېنى پادىشاھ بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈڭ.

— خوپ. بىراق ھازىر كەچ بولۇپ قالدى، غىزانى يەپ بولۇپ بارايلى.

لېكىن موزى بۇ گەپكە قۇلاق سالماي، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، ئۇ ئادەتتە بىردەممۇ شۈك ئولتۇرمايتتى[90]. گۇڭ شۇبەن ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، دەرھال ئۇنى پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە باشلاپ بېرىشقا ماقۇل بولدى ۋە ئۆز ئۆيىگە بىر قۇر كىيىم ۋە خەي ئالغىلى كىرىپ كېتىۋېتىپ سۆزلىدى:

— ئۇستازىم، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىۋالسىلا، بۇ يەر بىزنىڭ يۇرتىمىزغا ئوخشىمايدۇ، بۇ يەردە سۆلەتكە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، يەڭگۈشلىۋالغانلىرى تۈزۈك …

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى موزى سەمىمىيەت بىلەن، — مەن ئۆزۈممۇ يىرتىق، ياماق كىيىم كىيىشنى ياخشى كۆرمەيتتىم … بىراق يەڭگۈشلىۋېلىشقا چولام تەگمىدى …

## 4

چۇ پادىشاھى موزىنىڭ شىماللىق دانىشمەن ئىكەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا بىلەتتى، گۇڭ شۇبەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھېچقانچە ھايال قىلمايلا ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلدى.

موزى چاپىنى تولىمۇ كالتە بولغاچقا، شادىپاچاق تۇرنىغا

ئوخشاپ قالغاندى. ئۇ گۇڭ شۇبەن بىللە ئايۋان سارايغا كىرىپ، پادىشاھقا سالام بەرگەندىن كېيىن، بىمالال سۆزلىدى:

— ھازىر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئېسىل مەپىسىنى ياراتماي، قوشنىسىنىڭ ئەبجەق يارىيارىنى ئوغرىلىماقچى؛ كىمخاب تونىنى ياراتماي، قوشنىسىنىڭ كېپەك ئۇنى ئېشىنى ئوغرىلىماقچى، ئۇ قانداق ئادەم؟

— ئۇ ئوغرىلىق كېسىلى چاپلاشقان ئادەم بولسا كېرەك، — دېدى چۇ پادىشاھى توپتوغرا سۆزلەپ.

— چۇ بەگلىكىنىڭ زېمىنى، — دېدى موزى، — 5000 كۋادرات چاقىرىم كېلىدۇ، سۇڭ بەگلىكىنىڭ بولسا ئاران 500 كۋادرات چاقىرىم. دېمەك، بىرىنىڭ ئېسىل مەپىگە، بىرىنىڭ ئەبجەق يارىيارغا ئوخشايدۇ؛ چۇ بەگلىكىنىڭ يۇنمۇڭ دېگەن يېرىدە بۇغا - مارالنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق، دەريا - كۆللىرىدە ئېسىل بېلىقلىرى بار؛ سۇڭ بەگلىكىنىڭ بولسا ھەتتا قىرغاۋۇل، توشقان، سازاڭ بېلىقىمۇ يوق، بۇ خۇددى گۆش - ياغ بىلەن يوبدانغا ئوخشاش پەرق قىلىدۇ؛ چۇ بەگلىكىدە ئارچا، چىنار، سەگە تېرەك بار؛ سۇڭ بەگلىكىدە چوڭراق گىياھمۇ يوق، بۇ خۇددى زەر باسقان كىمخاب بىلەن كالتە پالاس جەندىگە ئوخشاش پەرق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، مېنىڭ قارىشىمچە، جانابلىرىنىڭ سۇڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشلىرىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

— ھەق راست! — دېدى چۇ پادىشاھى بېشىنى لىڭشىتىپ، — بىراق گۇڭ شۇبەن ماڭا ئاتاپ ئاسمان شوتىسى ياساۋاتىدۇ، ھۇجۇمغا بارماي بولمايدۇ.

— لېكىن غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتكە ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى موزى، — تارىشا بولسىلا ھازىر سىناپ كۆرۈش مۇمكىن.

چۇ پادىشاھى يېڭىلىققا ئامراق ئىدى. ناھايىتى خۇشال بو-





لۇپ، مۇلازىملىرىنى تارىشا ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. موزى ئۆزىنىڭ كەمىرىنى يېشىپ، ئۇنى كامان شەكلىدە ئېگىپ، سېپىل ھېسابىدا گۇڭ شۇبەنگە قارىتىپ قويدى؛ 10 نەچچە تال تارىشىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە مۇداپىئەدە تۇرۇش قورالى سۈپىتىدە بىر بۆلىكىنى قالدۇرۇپ، يەنە بىر بۆلىكىنى گۇڭ شۇبەنگە بەردى.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن تارىشىنى قولىغا ئېلىپ، خۇددى شاھمات ئوينىغاندەك بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. ھۇجۇمغا ئۆتكەن تارىشا ئىلگىرىلىگەندە، مۇداپىئەدە تۇرغىنى توسۇۋالدى، بۇ تەرەپ چېكىنسە، ئۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن چۇ پادىشاھى ۋە مۇلازىملار بۇنى زادىلا چۈشەنمىدى.

شۇنداق ھۇجۇمغا ئۆتۈش، چېكىنىش ھەرىكىتى جەمئىي توققۇز قېتىم داۋام قىلدى، ھۇجۇمغا ئۆتۈش، چېكىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ شەكلىمۇ توققۇز قېتىم يەڭگۈشلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن گۇڭ شۇبەن توختاپ قالدى. موزى كامان شەكلىدە تۇرغان كەمەرنى ئۆز تەرىپىگە خۇددى ئەمدى ئۆزى ھۇجۇمغا ئۆتىدىغاندەك قاراتتى. بۇ نۆۋەتمۇ بىرى ھۇجۇمغا ئۆتسە، بىرى چېكىنىۋېلىشتى، لېكىن ئۈچىنچى قېتىمدا موزىنىڭ تارىشىسى كامان شەكلىدىكى كەمەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

چۇ پادىشاھى بىلەن مۇلازىملار ھەيران بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن گۇڭ شۇبەننىڭ تارىشىنى ئاۋۋال تاشلاپ قويغانلىقىنى، چىرايىدا خىجىللىقنىڭ ئالامىتى پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھۇجۇم قىلىش جەھەتتىمۇ، مۇداپىئە كۆرۈش جەھەتتىمۇ مەغلۇپ بولغانلىقىنى بايقىدى.

چۇ پادىشاھىمۇ بىرئاز خىجىل بولدى.

— سىلىنى قانداق قىلسام يېڭىدىغانلىقىمنى بىلىمەن، — دېدى گۇڭ شۇبەن بىرئاز توختىۋېلىپ كىنايە بىلەن، — لېكىن ئېيتمايمەن.

— مېنى قانداق يېڭىدىغانلىقىڭىزنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدى موزى تەمكىنلىك بىلەن، — لېكىن ئېيتمايمەن.

— سىلەر نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى چۇ پادىشاھى ھەيران بولۇپ.

— گۇڭ شۇبەننىڭ مەقسىتى، — موزى پادىشاھقا بۇرۇلۇپ قاراپ، — مېنى ئۆلتۈرمەكچى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە سۇڭ بەگلىكىدە مۇداپىئەدە تۇرىدىغان ئادەم چىقماسمىش، شۇنىڭ بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش مۇمكىن بولارمىش. لېكىن مېنىڭ چىن خۇالى باشلىق 300 نەپەر ئوقۇغۇچىم مېنىڭ مۇداپىئە قىلىش قوراللىرىمنى قوللىرىغا ئېلىپ، چۇ بەگلىكىدىن بارىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ يولىغا قاراپ سېپىل ئۈستىدە تۇرماقتا. مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، سۇڭ بەگلىكىنى ئالالمايسىز.

— ئۇسۇلۇڭلار قالتىس ياخشى ئىكەن! — دېدى چۇ پادىشاھى ھاياجانلىنىپ، — ئۇنداق بولسا، مەنمۇ سۇڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشتىن توختاپ قالاي.

## 5

موزى چۇ پادىشاھىنى سۇڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماسلىققا كۆندۈرگەندىن كېيىن دەرھال لۇ بەگلىكىگە قايتماقچى بولدى، گۇڭ شۇبەن بېرىپ تۇرغان كېيىملەرنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن يەنە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا توغرا كەلدى. كۈن يانغان ۋاقىت بولۇپ قالغاچقا، مېھماننىڭمۇ، ساھىبخانىنىڭمۇ قورسىقى ئاچقانىدى، ساھىبخانا ئۇنى چۈشلۈك تاماققا (يەنە بىر رىۋايەتتە كەچلىك تاماققا) تۇتۇپ قالدى ۋە بىر كېچە قونۇپ قېلىشقا دالالەت قىلدى.

— كېتىشنى بۈگۈن كېتەي، — دېدى موزى، — كېلەر يىل يەنە كېلىمەن، كىتابىمنى ئالغاچ كېلىمەن، پادىشاھ كۆرۈپ





باقسۇن[91].

— سىلى يەنىلا ئادالەتنى تەرغىب قىلىۋاتىلىغۇ؟ — دېدى گۇڭ شۇبەن، — ئۆزىگە جەبىر - جاپا قىلىپ، باشقىلارغا شاپائەت قىلىش چاكىنا ئادەملەرنىڭ ئىشى، كاتتا ئادەملەر ئۇنداق ئىشنى ياراتمايدۇ. بۇرادەر، ئۇ ھەرھالدا پادىشاھ - دە!

— ئۇنداقمۇ ئەمەس. يىپەكنىمۇ، چېگىتنىمۇ، گۈرۈچنىمۇ، تېرىقنىمۇ چاكىنا ئادەملەر ئىشلەپ چىقىرىدۇ، كاتتا ئادەملەر ئەنە شۇ نەرسىلەرنى ئالىدۇ. بۇنداق تۇرۇقلۇق، ئادالەتنى ئۇلار قوبۇل قىلماسمۇ؟

— ئۇمۇ راست، — دېدى گۇڭ شۇبەن خۇرسەن بولۇپ، — مەنمۇ سىلى بىلەن كۆرۈشمىگەن چاغدا، سۇڭ بەگلىكىنى ئېلىش نىيىتىدە ئىدىم؛ ئەمدى سىلى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، سۇڭ بەگلىكىنى بىكارغا بەرسىمۇ، ئەگەر ئادالەتسىز بولىدىغان بولسا، ھەرگىز ئالماس بولدۇم...

— لېكىن مەن سۇڭ بەگلىكىنى سىزگە راستىنلا سۇڭلاپ بېرىمەن، — دېدى موزىمۇ خۇشاللىق بىلەن، — ئەگەر ئادالەتلىك ئىش قىلىدىغان بولسىڭىز، پۈتۈن ئالەمنىمۇ سۇڭلاپ بېرىمەن!

ساھىبخانا بىلەن مېھمان كۈلكە - پاراڭ قىلىپ تۇرغاندا چۈشلۈك غىزامۇ تارتىلدى، بېلىق، گۆش، مەي ھازىرلاندى. موزى مەيمۇ ئىچمەي، بېلىقنىمۇ يېمەي، پەقەت بىرئاز گۆش يېدى. مەينى ئۆزى يالغۇز ئىچىپ ئولتۇرغان گۇڭ شۇبەن مېھماننىڭ ئىشتىھا بىلەن غىزا يېمەۋاتقانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، ئۇنى لازا يېيىشكە دالالەت قىلدى.

— ئالسىلا! يېسىلە! — دېدى ئۇ لازىجاڭ بىلەن قازان قاتلىمىسىنى كۆرسىتىپ سەمىمىي ھالدا، — تېتىپ باقسىلا، بۇ خېلى جايىدا، سۇڭپىياز بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭكىدەك ياخشى ئەمەس
...

گۈلۈڭ شۈبەن بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىچكەندىن كېيىن تېخىمۇ
ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتتى.
— مېنىڭ قولۋاقلىرىمدا ئىلمەك، توسقاق بار؛ سىلىنىڭ
ئادالەت دېگەنلىرىدىمۇ ئىلمەك، توسقاق بارمۇ؟ — دەپ سورىدى
ئۇ.
— مېنىڭ ئادالەت دېگەنلىرىمنىڭ ئىلمەك، توسقاقلىرى
سىزنىڭ قولۋاقلىرىڭىزنىڭ ئىلمەك، توسقاقلىرىدىن ياخشى، —
دېدى موزى قەتئىي جاۋاب بېرىپ، — مەن كۆيۈنۈش بىلەن ئىلى-
مەن، ئىززەت بىلەن توسىمەن. كۆيۈنۈش بىلەن ئىلمەسلىك مېھ-
رىبانلىق بولمايدۇ، ئىززەت بىلەن توسماسلىق تولىكىلىك بولىدۇ.
مېھرىبانلىق قىلمىغاندا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولىكىلىك قىلغاندا، ئىت-
تىپاقلىق بولمايدۇ. دېمەك، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ئىززەت-
لەش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش بىلەن باراۋەر. سىز ھازىر
باشقىلارنى ئىلمەك بىلەن ئىلىسىڭىز، باشقىلارمۇ سىزنى ئىلمەك
بىلەن ئىلىدۇ، سىز باشقىلارنى توسقاق بىلەن توسسىڭىز،
باشقىلارمۇ سىزنى توسقاق بىلەن توسىدۇ. ئۆزئارا ئىلىشمۇ، ئۆز-
ئارا توسۇشمۇ، ئۆزئارا زىيان يەتكۈزۈش بىلەن باراۋەر. شۇنىڭ
ئۈچۈن مېنىڭ ئادالەتلىكتىن ئىبارەت ئىلمىكىم ۋە توسقىقىم سىز-
نىڭ جەڭ قولۋاقلىرىڭىزنىڭ ئىلمىكى ۋە توسقىقىدىنمۇ ياخشى.
— بىراق، يۇرتداش، سىلىنىڭ ئادالەتلىرى مېنىڭ قازىنىمغا
توپا سالغىلى تاسلا قالدى! — دېدى گۈلۈڭ شۈبەن دەككىسىنى
يېگەندىن كېيىن سۆزىنى ئۆزگەرتىپ. لېكىن بىرئاز كەيىپ بو-
لۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئەمەلىيەتتە مەي ئىچ-
مەيتتى.
— لېكىن، سۈڭ بەگلىكىنىڭ بارلىق قازانلىرىغا توپا سالغاند-
دىن ياخشى.
— بۇنىڭدىن كېيىن ئويىنغۇچ ياسىساملا بولغۇدەك، يۇرت-





داش، بىرئاز سەۋر قىلسىلا، سىلىگە بىر نەرسىنى كۆرسىتەي.
گۈلۈڭ شۈبەن سۆزلەۋېتىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە،
ئارقا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى، ئۇ ساندۇقتىن بىر نەرسىنى
ئاختۇردى بولغاي، بىردەمدىن كېيىن ياغاچ ۋە بامبۇكتىن ياسالغان
بىر دانە سېغىزغاننى ئاچىقىپ موزىغا بەردى:
— شۇنداقلا ئاچسىلا، ئۈچ كۈن ئۇچالايدۇ. مانا بۇ ناھايىتى
ئەپچىل.
— بىراق ياغاچچىنىڭ هارۋا چاقىغا يەتمەيدىكەن، — دېدى
موزى قاراپ بېقىپ، بورىغا قويۇپ، — ياغاچچى ئۈچ سۇڭ يوغاد-
لىقتىكى ياغاچنى سىلىقلىسا، 50 دەن يۈكنى كۆتۈرەلەيدۇ. خەلق-
قە پايدىلىق بولغىنىنى ئەپچىل بوپتۇ دەيمىز، ئەپچىل بولسا ياخشى
دەيمىز، خەلققە پايدىسى بولمىسا ناچار دەيمىز، يامان دەيمىز.
— ھە، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، — دېدى گۈلۈڭ شۈبەن
يەنە بىر قېتىم مات بولغاندىن كېيىن ئەس - ھوشىنى
يىغىپ، — بۇ گەپىڭ سىلىنىڭ گەپلىرى ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق
بىلسەممۇ بوپتىكەن.
— شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادالەتلىك قىلىۋەرسىڭىز، — دېدى
موزى ئۇنىڭ كۆزىگە سەمىمىي قاراپ تۇرۇپ، — ئىشىڭىز ئەپچىل
بولۇش بىلەنلا قالماستىن، جاھانمۇ سىزگە مايىل بولىدۇ. سىزنى
كۆپ ئاۋارە قىلىپ قويدۇم. كېلەر يىلى كۆرۈشەيلى.
موزى سۆزلەۋېتىپ بوغچىسىنى ئالدى - دە، ساھىبخانا بىلەن
خەيرلەشتى. گۈلۈڭ شۈبەن ئۇنى تۇتۇپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەندىن
كېيىن، نائىلاج مەيلىگە قويۇۋەتتى. دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويغاند-
دىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، بىردەم ئويلاندى - دە،
ئاسمان شوتىسىنىڭ ئۈلگىسىنى ۋە ياغاچ سېغىزغاننى ئارقا ئۆيدى-
كى ساندۇققا تىقىپ قويدى.

موزى قايتىشىدا ئاستىراق ماڭدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن،
ھارغان؛ ئىككىنچىدىن، پۇتلىرى ئاغرىغان؛ ئۈچىنچىدىن، ئوزۇ-
قى تۈگەپ، قورسىقى ئاچقان؛ تۆتىنچىدىن، ئىشى پۈتكەنىدى،
شۇڭا كەلگەن چاغدىكىدەك ئالدىراش ئەمەس ئىدى. لېكىن، كەل-
گەن چاغدىكىگە قارىغاندا ئۇنى تېخىمۇ دومىلە باستى: ئۇ سۇك
بەگلىكىنىڭ تەۋەسىگە ئۆتكەن ھامان ئىككى قېتىم ئاختۇرۇپ
تەكشۈرۈلدى؛ پايتەختكە يېقىنلاشقاندا ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن
ئىئانە توپلاۋاتقانلار(92) نى يولۇقتۇردى، ئۇلار ئۇنىڭ ئەسكى بوغ-
چىسىنى ئىئانىگە ئېلىۋالدى؛ جەنۇبىي دەرۋازا ئالدىغا بارغاندا
قاتتىق يامغۇر ياغقاچقا، يامغۇردىن دالدا قىلىش ئۈچۈن دەرۋازد-
نىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانىدى، قوراللىق ئىككى كۆزەتچى قوغلىۋەت-
تى، شۇنىڭ بىلەن يامغۇردا قېلىپ، 10 نەچچە كۈنگىچە بۇرنى
پۈتۈپ قالدى.

1934 - يىل 8 - ئايدا يېزىلدى.





# ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش[93]

(كەڭ كەتكەن چۆل، ئۇ يەر - بۇ يەردە دۆڭ. دۆڭلەر-
نىڭ ھەممىدىن ئېگىزلىرى ئالتە - يەتتە چىدىن ئاشمايـ-
دۇ. دەل - دەرەخ يوق، ھەممە يەرنى ئوت - چۆپ قاپلىغان؛
ئوت - چۆپ ئارىسىدا پىيادە، ئاتلىق ماڭىدىغان يول. يولنىڭ
نېرىسىدا بىر سۇ ئازگىلى. يىراقتا ئۆيلەر كۆرۈنۈپ
تۇرىدۇ.)

جۇاڭزى[94] (چىرايى قارامتۇل، ساقال - بۇرۇتلىرى چار،
بېشىدا تەرىقەتچىلەر تەلپىكى، ئۇستىدە ماتا تون، قولىدا قامچا،
سەھنىگە چىقىدۇ): ئۆيدىن چىققاندىن بۇيان سۇ كۆرۈنمىدى،
ئۇسساپ كەتتىم. ئۇسسۇزلۇق يامان ئىكەن، كېپىنەككە ئايلىنىپ
كەتسەممۇ بوپتىكەن. بىراق، بۇ يەردە گۈلمۇ يوق... ھە! بۇ يەردە
كۆلچەك بار ئىكەنغۇ، بەختىم بار ئىكەن! (ئۇ سۇ ئازگىلىغا يېقىن
بېرىپ، لەشنى نېرى - بېرى قىلىۋېتىپ، ئوچۇملاپ 10 نەچچە
يۇتۇم سۇ ئىچىدۇ.) ئۇھ، بولدى، ئاستا يولۇمغا ماڭاي. (كېتىد-
ۋېتىپ ئەتراپقا قارايدۇ.) ھە! قۇرۇق جەسەتقۇ. بۇ نېمە ئىش؟
(ئۇ قامچىسى بىلەن ئوت - خەسنى نېرى - بېرى قىلىپ، چېكىپ
بېقىپ سۆزلەيدۇ.) سەن ئۆلۈمدىن قورقۇپ، قارامىلىق بىلەن
تەتۈرلۈك قىلىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدىڭمۇ؟ (توك - توك قىلىپ
چېكىدۇ.) ياكى يەر - زېمىنىڭنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، بوغۇز-
لىنىپ، مۇشۇنداق بولۇپ قالدىڭمۇ؟ (توك - توك قىلىپ چېكىد-
دۇ.) ياكى ئەسكىلىك قىلىپ، ئاتا - ئاناڭنىڭ يۈزىگە قارىيالماي

مۇشۇنداق بولۇپ قالدىڭمۇ؟ (توك ـ توك قىلىپ چېكىدۇ) ئۆلۈۋېلىش نامەردنىڭ ئىشى[95] ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭمۇ؟ (توك ـ توك قىلىپ چېكىدۇ.) ياكى ئاچ ـ يالىڭاچ قالغانلىقتىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭمۇ؟ (توك ـ توك قىلىپ چېكىدۇ.) ياكى قېرىلىق يەتكەنلىكتىن، ئۆلۈپلا تۈگىشەي دەپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭمۇ؟ ... ھەي، خۇددى ئويۇن ئويناۋاتقاندەك، كولدۇرلاپ يۈرگىنىمنى قاراڭ، بۇنىڭدىن جاۋاب چىقسا كاشكى، ھېلىمۇ ياخشى چۇ بەگلىكىگە يېقىن كېلىپ قاپتىمەن، ئالدىرىمىساممۇ بولىدىكەن، ئەزرائىلغا ئىلتىجا قىلاي، بۇنىڭغا ئەت قوندۇرۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرسۇن، بۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ كۆرەي، ئاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ قېرىنداشلىرى بىلەن جەم بولۇۋالسۇن (قامچىسىنى قويۇپ، شەرق تەرەپكە قاراپ، ئىككى قولىنى ئاسمانغا سوزۇپ، گېلىنى قىرىۋالغاندىن كېيىن، ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ):

ئىمانىم بىلەن دۇئا تەلەپ قىلىمەن، ئى ئۇلۇغ ئەزرائىل! ...

(بىردەم قارا بوران كۆتۈرۈلىدۇ، پاخپاش، پايىنەكۋاش، ئورۇق ـ سېمىز كەلگەن بىرمۇنچە ئەركەك، ئايال، قېرى، ياش ئەرۋاھ پەيدا بولىدۇ.)

ئەرۋاھ: جۇاڭزى، ھەي قاپاقباش! ساقاللىرىڭ ئاپئاق بولۇپ كېتىپتۇ، تېخىچە بىلمەيسەن! ئۆلۈككە تۆت پەسىل يوق، خوجايىنمۇ يوق. ئاسمانۇ زېمىن ئۇنىڭغا ھەمىشە باھار، كۆز بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنداق راھەت پادىشاھتىمۇ يوق. بىكار ئەرۋاھ بولۇپ يۈرمەي، چۇ بەگلىكىگە بېرىپ ئۆز ھەرىكىتىڭنى قىلغىنىڭ تۈزۈك ...

جۇاڭزى: سەنلەر ئۆزۈڭ قاپاقباش، ئۆلگەن تۇرۇقلۇقمۇ چۈشەنمەيسەن، شۇنى بىلىپ قويۇش: تىرىكلىك ئۆلۈمدۇر، ئۆلمەك ھاياتلىقتۇر، قۇللارمۇ خوجايىندۇر. مەن بولسام جانىنىڭ





مەنبەسىگە يەتكەن ئادەممەن، سەندەك جىن ـ ئەرۋاھلارنىڭ گېپىگە كىرمەيمەن.

ئەرۋاھ: ئۇنداق بولسا رەسۋايىڭنى چىقىرىمىز ...

جۇاڭزى: بېشىمدا چۇ پادىشاھىنىڭ يارلىقى بار، سەندەك جىن ـ ئەرۋاھلارنىڭ پوپوزىڭدىن قورقمايمەن! (يەنە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن توۋلايدۇ):

ئىمانىم بىلەن دۇئا تەلەپ قىلىمەن، ئى ئۇلۇغ ئەزرائىل!

ئاسمانۇ زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، ئالەمنى تۇمان باستى. ئاي ۋە كۈن كۆتۈرۈلدى، قايتتى؛ يۇلتۇزلار ئېچىلدى، يېپىلدى.

جاۋ، چيەن، سۇن، لى؛ جۇ، ۋۇ، جېڭ، ۋاڭ. فىڭ، چېن، چۇ، ۋېي، جياڭ، شېن، خەن، ياڭ.

ئى ئۇلۇغ پەيغەمبىرىم، تېز ئىجرا قىلىڭ! پەرمان! پەرمان! پەرمان[96]!

(غۇر ـ غۇر شامال چىقىدۇ، قارامتۇل، ياداڭغۇ يۈز، چارساقال ئەزرائىل بېشىغا تەرىقەتچىلەر تەلپىكى كىيگەن، ئۇستىگە ماتا تون كىيگەن، قولىدا قامچا تۇتقان ھالدا شەرق تەرەپتىكى تۇمان ئىچىدە پەيدا بولىدۇ. ئەرۋاھلار غايىب بولۇپ كېتىدۇ.)

ئەزرائىل: جۇاڭزى، مېنى ئىزدەپ يەنە نېمە ئىش چىقارماقچىسەن؟ سۇغا قانغاندىن كېيىن تىنىم تاپالمايۋاتامسەن؟

جۇاڭزى: كەمىنىلىرى چۇ پادىشاھى بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتاتتىم، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر قۇرۇق مۇردىنى كۆرۈپ قالدىم، بېشى ساقتەك تۇرىدۇ. ئاتا ـ ئانىسى، بالا ـ چاقىلىرى بولسا كېرەك، بۇ يەردە ئۆلۈپ قاپتۇ، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىگە ئىلتىجا قىلىمەن، بۇنىڭغا ئەت قوندۇرۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تىرىلدۈرۈپ قويسىلا، يۇرتىغا قايتىۋالسۇن.

ئەزرائىل: ھا ـ ھا! بۇمۇ يۇرىكىڭدىكى سۆز ئەمەس، قورسقىڭ تويمىغاچقا ئىش تېپىۋېتىپسەن. بۇ ئىشلىرىڭ راستىمىكىن دېسە، راست ئەمەستەك، ئويۇن ـ چاقچاقمىكىن دېسە، ئۇنداق ئەمەستەك تۇرىدۇ. ئۆز يولۇڭغا ماڭ، مېنى ئاۋارە قىلما. «ئۆلمەكمۇ، تىرىلمەكمۇ تەقدىردىن»، مەنمۇ ئۆز مەيلىمچە بىرنداق قىلالمايمەن.

جۇاڭزى: ئۇلۇغ مالائىكەم، خاتالاشتىلا، ئەمەلىيەتتە ئۆلمەكمۇ، تىرىلمەكمۇ يوق. مەن، جۇاڭزى بىر چۈش كۆرگەنىدىم، چۈشۈمدە كېپىنەككە، ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەككە ئايلىنىپ قاپتىمەن، ئويغانغاندىن كېيىن جۇاڭزى، ئالدىراپ ـ پالاقلاپ يۈرگەن جۇاڭزى بولۇپ قاپتىمەن. زادى جۇاڭزى چۈشىدە كېپىنەككە ئايلانغانمۇ ياكى كېپىنەك چۈشىدە جۇاڭزىغا ئايلانغانمۇ، ھازىرغىچە بىلەلمىدىم. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ مۇردا ھازىر ھاياتمۇ، ھايات يۈرگەندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەنمۇ، بۇنى كىم بىلسۇن؟! ئۇلۇغ مالائىكەم، كەڭ قوللۇقلۇق قىلسىلا. ئادەملەرمۇ قۇۋ بولۇشى كېرەك، مالائىكىمۇ كاج بولماسلىقى كېرەك.

ئەزرائىل: (كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ) سەنمۇ ئاغزىڭدا گەپ قىلالىغىنىڭ بىلەن قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدۇ، سەن مالائىكە ئەمەس، ئادەمسەن… ئۇنداق بولسا، خەير، سېنىڭ ئۈچۈن سىناپ كۆرەي.

(ئەزرائىل قولىدىكى قامچا بىلەن ئوت ـ خەسنى كۆرسەتتى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆزى غايىب بولۇپ كەتتى. ھېلىقى كۆرسەتكەن يەردىن بىر پارچە ئوت پەيدا بولدى ـ دە، بىر يىگىت سەكرەپ چىقتى.)

يىگىت: (تەخمىنەن 30 ياشلاردا، بويى ئېگىز، يۈزى جىگەرەڭ، سەھرالىقلا ئوخشايدۇ، ئۆزى قىپيالىڭاچ. ئۇ مۇشتۇمى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاندىن كېيىن، كۆزىنى ئېچىپ جۇاڭزىغا





قارايدۇ) ھە؟

جۇاڭزى: ھە؟ (كۈلۈمسىرىگەن ھالدا يېقىن بېرىپ تىكىلىپ قارايدۇ) ساڭا نېمە بولدى؟

يىگىت: ھە ـ ە ـ ە ئۇخلاپ قاپتىمەن. ساڭا نېمە بولدى؟ (ئىككى تەرىپىگە قاراپ توۋلايدۇ) ۋاي ئاللا، مېنىڭ بوغچام بىلەن كۈنلۈكۈم يوققۇ؟ (ئۆزىنىڭ ئۈستۈېشىغا قاراپ) ۋاي ئاللا، كىيىملىرىم قېنى؟ (زوڭزىيىپ ئولتۇرىدۇ.)

جۇاڭزى: ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئالدىرىما. سەن ئەمدىلا تىرىلدىڭ. سېنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىڭ ئاللىقاچان چىرىپ كەتكەندۇ ياكى باشقا ئادەملەر ئەكەتكەندۇ.

يىگىت: نېمە دەيسەن؟

جۇاڭزى: ھولۇقما، ئېيتقىنا، ئىسمىڭ نېمە؟ قەيەرلىكسەن؟

يىگىت: ياڭ ئەۋلادى كەنتىدىن بولىمەن، ئىسمىم ياڭ بىگۇڭ.

جۇاڭزى: ئۇنداق بولسا، بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلگەن؟

يىگىت: ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، بىخەستەلىك قىلىپ بۇ يەردە ئۇخلاپ قاپتىمەن. (ئاچچىقلىنىپ) كىيىملىرىم قېنى؟ بوغچام بىلەن كۈنلۈكۈم نەدە قالغاندۇ؟

جۇاڭزى: ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئاسقىما. ئېيتقىنا، سەن قاچانقى ئادەم؟

يىگىت: (ھاڭ ـ تاڭ بولىدۇ) نېمە؟ «قاچانقى ئادەم» دېگىنىڭ نېمىسى؟… مېنىڭ كىيىملىرىم قېنى؟

جۇاڭزى: ھى ـ ھى ـ ھى، ئەجەبمۇ كالۋا بىر نېمىكەنغۇ بۇ! ئۆزىنىڭ كىيىمى بىلەنلا بولۇپ قاپتۇ، تازىمۇ خەسىس ئادەم ئىكەن. سەن ئۆزۈڭنىڭ «ئادەم» ئىكەنلىكىڭنى ئاڭقىرالمايۋاتساڭ، كىيىمنى ئاغزىڭغا ئېلىپ يۈرسەنغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاۋۋال ئېيتقىنا، سەن زادى قايسى ۋاقىتنىڭ ئادىمى؟ ھەي ـ ي، سۆزۈمە

نى چۈشەنمىدىڭ... ئۇنداق بولسا (بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن)، ئېيتقىنا، تىرىك چېغىڭدا كەنتتە نېمە ۋەقە بولدى؟

يىگىت: ۋەقەما؟ ۋەقە بولدى. تۈنۈگۈن ئايلىخان بىلەن لەيلىخان ئانا تاكاللىشىپ قالغان.

جۋاڭزى: ئۇنىڭدىن چوڭراق ۋەقە يوقمۇ؟

يىگىت: چوڭراقما؟... ھە، ياڭ جەمەتىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ۋاپادار دەپ تەقدىرلەندى...

جۋاڭزى: ۋاپادار دەپ تەقدىرلەشمۇ ھەقىقەتەن چوڭ ئىش... بىراق بۇنى تەكشۈرۈپ بىلىش تەس... (بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن) ھەممە ئادەمنى غۇلغۇلىغا سالغان ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ئىش يوقمۇ؟

يىگىت: غۇلغۇلىغا سالغان؟... (ئويلاپ تۇرۇپ) ھە، بار، بار! ئۈچ ـ تۆت ئاي ئىلگىرى لۇتەيدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش خەزىنىسىنىڭ ئۇلىنى سېلىشقا ئاتاپ بالىلارنىڭ جېنىنى ئالىدىغان بىر ۋەقە[97] چىقىپ، ھەممە ئادەم قورققىنىدىن بىسەرەمجان بولۇپ، بالىلىرىنىڭ بويىنىغا تۇمار ئاسقانىدى ...

جۋاڭزى: (ھەيران بولۇپ) لۇتەيدىكى خەزىنە؟ قاچانقى خەزىنە؟

يىگىت: ئۈچ ـ تۆت ئاي ئىلگىرى قۇرۇلۇش باشلىغان لۇتەيدىكى خەزىنە.

جۋاڭزى: ئۇنداق بولسا، سەن شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پادىشاھ شاڭجۇنىڭ ۋاقتىدا ئۆلگەن ئوخشىمامسەن؟ ۋاي ـ ۋۇي، ئۆلگىنىڭگە 500 يىلدىن كۆپرەك بوپتۇ.

يىگىت: (بىرئاز غەزەپلىنىپ) موللىكا، مەن سەن بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشىۋاتىمەن، چاقچاق قىلما. بۇ يەردە بىردەم ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئۆلگىنىڭگە 500 يىلدىن كۆپرەك بوپتۇ دېگىنىڭ نېمىسى؟ مەن توغرا ئىش بىلەن كېتىۋاتىمەن، ئۇرۇق ـ





تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتىمەن. كىيىملىرىمنى، بوغچامنى، كۇنلۇكۇمنى بەر. سەن بىلەن چاقچاقلاشقۇدەك ۋاقتىم يوق.

جۋاڭزى: ھاي، ئالدىرىما، مەن تەتقىق قىلىپ بېرەي: سەن قانداق ئۇخلاپ قالغان؟

يىگىت: قانداق ئۇخلاپ قالغان؟ (ئويلىنىپ تۇرۇپ) بۇ يەرگە ئەتىگەندە كەلدىم، بېشىم «ۋىڭ!» قىلىپ كەتتى ـ دە، كۆزۈمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

جۋاڭزى: ئاغرىدىمۇ؟

يىگىت: ئاغرىغاندەك بولمىدى.

جۋاڭزى: ھە... (بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن) چۈشەندىم. سەن شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پادىشاھ شاڭجۇنىڭ ۋاقتىدا بۇ يەرگە يالغۇز كەپسەن، يول توسار قاراقچى ئارقاڭدىن كالتەك سېلىپ، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى بۇلاپ كېتىپتۇ. بىز ھازىر جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز، شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە 500 يىلدىن ئاشتى، كىيىملىرىڭنى ھازىر ھېچ يەردىن تاپالمايسەن، چۈشەندىڭمۇ؟

يىگىت: (جۋاڭزىغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ) زادىلا چۈشەنمىدىم. موللىكا، مېنى ئەخمەق قىلماي، كىيىملىرىمنى، بوغچامنى، كۇنلۇكۇمنى بەر. توغرا ئىش بىلەن كېتىۋاتىمەن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتىمەن؛ سەن بىلەن چاقچاقلاشقۇدەك ۋاقتىم يوق!

جۋاڭزى: رەج ئۇقمايدىغان ئادەم ئىكەنسەن...

يىگىت: كىم رەج ئۇقمايدىكەن؟ نەرسىلىرىم يوقالغاندىن كېيىن سېنى تۇتۇۋالدىم، سەندىن ئالماي كىمدىن ئالاتتىم؟ (ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ.)

جۋاڭزى: (بىسەرەمجان بولۇپ) گېپىمگە قۇلاق سال: سەن

ئەسلىي قۇرۇق مۇردا ئىكەنسەن، سېنى كۆرگەندىن كېيىن ئىچىم ئاغرىپ، ئەزرائىلغا ئىلتىجا قىلىپ تىرىلدۈرۈپ قويدۇم. ئويلاپ باق، ئۆلگىنىڭگە شۇنچە يىل بولغان تۇرسا، كىيىملىرىڭ نېمىش قىلسۇن؟! ماڭا ھەشقاللاڭنىڭ كېرىكى يوق، ئاۋۋال ئولتۇر، پادىشاھ شاڭجۇ زامانىسىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرەي…

يىگىت: كاپشىما! بۇ گەپلىرىڭگە ئۈچ ياشتىكى بالىمۇ ئىشەنمەيدۇ. مەن 33 ياشقا كىردىم جۇمۇ! (ئالدىغا ماڭىدۇ) سەن…

جۇاڭزى: مېنىڭ شۇنداق كارامەتلىرىم بار. چيۇەندىكى جۇاڭزىنى بىلىدىغانسەن؟

يىگىت: بىلمەيمەن. سېنىڭ راستىنلا شۇنداق كارامەتلىرىڭ بولسىمۇ نېمىگە ئەرزىسۇن؟! مېنى سويغان پىيازدەك يالىڭاچلاپ قويۇپ، تىرىلدۈرگىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟ مەن ئەمدى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ ئالدىغا قانداق بارىمەن؟ بوغچامۇ يوق… (بىرئاز يىغلامسىراپ، ئىلگىرىلەپ كېلىپ، جۇاڭزىنى ياقىسىدىن ئالىدۇ) قۇرۇق گەپلىرىڭگە ئىشەنمەيمەن. بۇ يەردە سەندىن باشقا ئادەم بولمىسا، ئەلۋەتتە سېنى تۇتىمەن-دە! يۈر، يۇرت ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا!

جۇاڭزى: ھاي-ھاي، كىيىملىرىم كونىراپ كەتكەن، تارتساڭ يىرتىلىپ كېتىدۇ. ئاۋۋال گېپىمگە قۇلاق سال: ئاۋۋال كىيىملىرىڭنىڭ غېمىنى قىلما، كىيىم بولسىمۇ بولىدۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ؛ كىيىمنىڭ بولغىنى توزۇكتۇر، بولمىغىنىمۇ توزۇكتۇر. قۇشنىڭ پەيلىرى، ھايۋاننىڭ تۈكلىرى بولىدۇ؛ لېكىن قاپاق چەيزە يالىڭاچ بولىدۇ. «ھەر ئىش ئۆز يولىدا بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. كىيىم بولمىغىنى توزۇك دەپ ئېيتالمايسەن، ئەلۋەتتە، كىيىم بولغىنى توزۇك دەپ قانداقمۇ ئېيتالايسەن؟…

يىگىت: (كەيپى ئۆرلەپ) قۇرۇق گېپىڭنى قوي! نەرسە-كېرەكلىرىمنى بەرمىسەڭ، سالىمەن! (بىر مۇشتۇمنى تۈگۈپ





كۆتۈرىدۇ، يەنە بىر قولى بىلەن جۇاڭزىنى ياقىسىدىن چىڭ تۇتىدۇ.)

جۇاڭزى: (تېرىكىپ، تىركىشىدۇ) قوپاللىق قىلما! قولۇڭنى تارت! بولمىسا، ئەزرائىلغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۆلۈكلۈكۈڭگە قايتۇرۇۋېتىمەن!

يىگىت: (ھىجىيىپ ئارقىسىغا يېنىپ) قېنى، ئۆلۈكلۈكۈمگە قايتۇر. قايتۇرالمىساڭ، كىيىملىرىمنى، بوغچامنى، كۈنلۈكۈمنى سەندىن ئالىمەن، بوغچامدا 52 داچەن پۇل، بىر يېرىم جىڭ شېكەر، ئىككى جىڭ چىلان بار…

جۇاڭزى: (جىددىي قىياپەتتە) پۇشايمان قىلمامسەن؟

يىگىت: نامەرد ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ!

جۇاڭزى: (قەتئىي يوسۇندا) ئۇنداق بولسا مەيلىڭ. شۇنداق ئەخمەق ئىكەنسەن، ئەسلىڭگە قايتۇرغۇي. (شەرق تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، ئۈنلۈك توۋلايدۇ)

ئىمانىم بىلەن ئىلتىجا قىلىمەن، ئى ئۇلۇغ ئەزرائىل!

ئاسمانۇ زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، ئالەمنى تۇمان باستى. ئاي ۋە كۈن كۆتۈرۈلدى، قايىتتى؛ يۇلتۇزلار ئېچىلدى، يېپىلدى.

جاۋ، چيەن، سۇن، لى، جۇ، ۋۇ، جىن، ۋاڭ؛ فېڭ، چىن، چۇ، ۋېي، جياڭ، شېن، خەن، ياڭ.

ئى ئۇلۇغ پەيغەمبىرىم، تېز ئىجرا قىلىڭ! پەرمان! پەرمان! پەرمان!

(ھېچقانداق شەپە يوق، بىرھازا ۋاقىت ئۆتىدۇ.)

ئاسمانۇ زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى!

ئى ئۇلۇغ پەيغەمبىرىم! پەرمان! پەرمان! پەرمان!

(بىر ھازاغىچە ھېچقانداق شەپە بولمايدۇ.)

(جۇاڭزى ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ قوللىرىنى ئاستا تۆۋەن

چۈشۈرىدۇ.)

يىگىت: قانداق، ئۆلدۈممۇ؟

جۇاڭزى: (روھسىزلىنىپ) نېمە بولغىنىكى بۇ نۆۋەت نائىل بولمىدى...

يىگىت: (ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ) ئەمدى يوقىلاڭ گەپلىرىڭنى قوي. كىيىملىرىمنى تۆلە!

جۇاڭزى: (ئارقىسىغا داجىپ) ھەي پەلسەپىنى بىلمەيدىغان بەدەۋى، قولۇڭنى تارت!

يىگىت: (ئېسىلىدۇ) ھۇ، ئوغرى! قاراقچىلارنىڭ پىرى! تونۇڭنى سالدۇرۇۋالىمەن، ئېتىڭنى تارتىۋالىمەن. نەرسە - كېرەكلىرىمنى...

(جۇاڭزى تىرىكشىپ تۇرۇپ، تونىنىڭ يېڭىدىن چاققانلىق بىلەن بىر نەينى چىقىرىپ، زەردە بىلەن ئۈچ قېتىم چالىدۇ. يىگىت تېڭىرقاپ، بىرئاز بوشىتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يىراقتىن بىر كۆزەتچى يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.)

كۆزەتچى (يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ ۋارقىرايدۇ) مەھكەم تۇت! قويۇپ بەرمە! (ئۇ يېقىن كەلگەندىن كېيىن مەلۇم بولىدۇكى، ئۇ لۇ بەگلىكلىك، بوي بەستى - چوڭ، رەسمىي ئىشتان - چاپان ۋە شەپكە كىيگەن، قولىدا ساقچىلىق تايىقى تۇتقان، يۈزى قىزغۇچ، ساقال - بۇرۇتى يوق بىر ئادەم ئىدى) مەھكەم تۇت! بۇ ھارام سۈيدۈكنى!

يىگىت: (جۇاڭزى تېخىمۇ چىڭ تۇتىدۇ) بۇ ھارام سۈيدۈكنى تۇت!...

(كۆزەتچى يېقىن كېلىپ، جۇاڭزىنى ياقىسىدىن تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدىكى ساقچىلىق تايىقىنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ. يىگىت قولىنى قويۇۋېتىپ، سەل ئېگىلىپ تۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن قورسىقىنىڭ ئاستىنى يېپىۋالىدۇ).





جۇاڭزى: (تاياقنى توسۇپ، بېشىنى قاچۇرىدۇ) بۇ نېمە گەپ؟

كۆزەتچى: بۇ نېمە گەپ؟ ھىم! ئۆزۈڭ بىلمەمسەن؟

جۇاڭزى: (غەزىپى ئۆرلەپ) سېنى نېمىگە چاقىرىپ كەلدىم؟ مېنى تۇتۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟

كۆزەتچى: نېمە؟

جۇاڭزى: نەينى مەن چېلىپ...

كۆزەتچى: خەقنىڭ كىيىم - كېچەكىنى بۇلاپ ئالىسەنۇ، يەنە تېخى نەي چېلىپ كۆزەتچى چاقىرىسەن؟ ھۇي بەدبەخت!

جۇاڭزى: مەن يولۇچى، بۇنىڭ بۇ يەردە ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قۇتقۇزۇپ قويسام، ئەكسىچە، بۇ ماڭا يېپىشىۋالدى، نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئېلىۋاپسەن، دەيدۇ. مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ باق، باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرىكىنى بۇلايدىغان ئادەمدەك تۇرامدىمەن؟

كۆزەتچى: (تايىقىنى تارتىپ) «ئادەمنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ بولمايدۇ»، كىم بىلسۇن؟! يۈر ئىدارىگە!

جۇاڭزى: ياق. مەن يولۇمدىن قالماي، چۇ پادىشاھى بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتىمەن.

كۆزەتچى: (چۆچۈپ، قولىنى قويۇۋېتىپ، جۇاڭزىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارايدۇ) بۇ گەپچە، سىز چيۇەنكى...

جۇاڭزى: (خۇشال بولۇپ) دۇرۇس! مەن چيۇەننىڭ ھاكىمى جۇاڭزى بولىمەن. سىز قانداق بىلىسىز؟

كۆزەتچى: بىزنىڭ جۇيجاڭىمىز يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بۇيان سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ يۈرىدۇ، سىزنى چۇ بەگلىكىگە پۇل تېپىش ئۈچۈن بارماقچى، مۇشۇ يولدىن ئۆتۈشى مۇمكىن دېگەنىدى. جۇيجاڭىمىز زاھىت ئادەم، ھۆكۈمەت ئىشىنىمۇ قىلىدۇ، سىزنىڭ ماقالىلىرىڭىزنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. «بارلىق مەۋ-





جۇدات توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىڭىزنى ئوقۇيدۇ، «ھېلى تۇغۇلىدۇ، ھېلى ئۆلىدۇ؛ ھېلى ئۆلىدۇ، ھېلى تۇغۇلىدۇ؛ ھېلى يارىشىدۇ، ھېلى ياراشمايدۇ؛ ھېلى ياراشمايدۇ، ھېلى يارىشىدۇ»، قالتىس كۈچلۈك يېزىلغان، ھەقىقەتەن ئېسىل ماقالە(98)، تولىمۇ ياخشى! جانابلىرى بىزنىڭ ئىدارىگە بېرىپ دەملىرىنى ئالسىلا.

(يىگىت چۆچۈپ، ئوت - چۆپنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرىۋالىدۇ.)

جۇاڭزى: بۈگۈن خېلى بىر ۋاقىت بولۇپ قالدى، مەن يولۇمغا ماڭاي، قاقىلاق بولۇپ قالماي. جۇيجاڭنىڭىزنى قايتاشىمدا زىيارەت قىلىپ ئۆتەي.

(جۇاڭزى سۆزلەۋېتىپ بېرىپ ئېتىغا مىندى، ئېتىغا قامچا سالاي دەپ تۇرغاندا، ھېلىقى يىگىت ئوت - چۆپلۈكتىن بىردىنلا سەكرەپ چىقىپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرىۋالدى. كۆزەتچىمۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ، يىگىتنى بىلىكىدىن تارتتى.)

جۇاڭزى: يەنە نېمىدەپ ئېسىلىۋالىسەن؟

يىگىت: سەن كېتىپ قالساڭ، مېنىڭ ھېچ نەرسەم بولمىسا، مەن قانداق قىلىمەن؟ (كۆزەتچىگە قارايدۇ) قاراڭ، كۆزەتچى ئەپەندى…

كۆزەتچى: (گەجگىسىنى قاشلاپ تۇرۇپ) ئەستاغپۇرۇللا، بۇ ئىش تەس بولدى… لېكىن، ئەپەندى، مېنىڭچە، (جۇاڭزىغا قاراپ تۇرۇپ) سىزنىڭ ھال - كۈنىڭىز ياخشىراق ئىكەن، بۇنىڭغا بىر ياقىلىق كىيىم بېرىڭ، كىيىۋالسۇن…

جۇاڭزى: ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل، كىيىم ئەسلىدە ماڭا تەئەللۇق ئەمەس، بىراق مەن ھازىر چۇ پادىشاھى بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتىمەن، تون كىيمىسەم بولمايدۇ، كۆڭلىكىمنى سېلىپ بېرىپ تون بىلەنلا قالسام، ئۇمۇ قاملاشماس…

كۆزەتچى: شۇنداق، بۇ كىيىملىرىڭىز بولمىسىمۇ بولمايدۇ.





(يىگىتكە قاراپ) قولۇڭنى تارت!

يىگىت: مەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى يوقلىغىلى باراتتىم…

كۆزەتچى: ۋالاقلىما! يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولساڭ، سېنى ئىدارىگە ھەيدەپ بارىمەن! (تايىقىنى كۆتۈرىدۇ) كۆزۈمدىن يوقال!

(يىگىت ئارقىسىغا يانىدۇ، تاكى ئۇ ئوت - چۆپلۈكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچە كۆزەتچى قوغلاپ ماڭىدۇ.)

جۇاڭزى: خەير خوش.

كۆزەتچى: خەير خوش، يول بولسۇن!

(جۇاڭزى ئېتىنى قامچىلاپ ماڭىدۇ. كۆزەتچى ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، تاكى جۇاڭزى كۆزىدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ئاستا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئەسلىي كەلگەن يولى بىلەن ماڭىدۇ.)

(يىگىت بىردىنلا ئوت - چۆپلۈكتىن سەكرەپ چىقىپ، كۆزەتچىنىڭ پېشىگە ئېسىلىدۇ.)

كۆزەتچى: نېمە دەيسەن؟

يىگىت: مەن قانداق قىلىمەن؟

كۆزەتچى: مەن نەدىن بىلەي؟!

يىگىت: ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى يوقلىغىلى بارماقچىدىم…

كۆزەتچى: بارساڭ بارىۋەر.

يىگىت: كىيىملىرىم بولمىسا.

كۆزەتچى: كىيىم بولمىسا ئۇرۇق - تۇغقان يوقلىغىلى بولمامدىكەن؟

يىگىت: سىز ئۇنى قويۇۋەتتىڭىز. مانا ئەمدى ئۆزىڭىز تىكىۋەتمەكچى. سىزنى تۇتماقتىن باشقا ئىلاجىم يوق. سىزدىن سورىماي كىمدىن سورايمەن؟ قاراڭ، مەن ئەمدى قانداق ھايات ياشايمەن؟!

كۆزەتچى: لېكىن شۇنى ئېيتىپ قوياي: ئۆلۈۋېلىش نامەرد-

نىڭ ئىشى جومۇ!

يىگىت: ئۇنداق بولسا، ماڭا بىر ئامال تېپىپ بېرىڭ!

كۆزەتچى: (پېشىنى تارتىپ) مېنىڭ تېپىپ بەرگۈدەك ئامالىم يوق!

يىگىت: (كۆزەتچىنىڭ يېڭىگە ئېسىلىدۇ) ئۇنداق بولسا، مېنى ئىدارىگە ئېلىپ بېرىڭ!

كۆزەتچى: (يېڭىنى تارتىپ) ياق، قاملاشمايدۇ. قىپيالىڭاچ تۇرساڭ، كوچىدا قانداق ماڭىسەن؟! يېڭىمنى قويۇۋەت!

يىگىت: ئۇنداق بولسا، ماڭا بىر ئىشتان بېرىپ تۇرۇڭ!

كۆزەتچى: بىرلا ئىشتىنىم تۇرسا، ساڭا بېرىپ تۇرسام ئۆزۈم قانداق قىلىمەن. (ھە دەپ يېڭىنى تارتىدۇ) چاتاق قىلما! قولۇڭنى قويۇۋەت!

يىگىت: (كۆزەتچىنىڭ شىلىلىسىدىن تۇتىدۇ) سىز بىلەن بىللە بارماي قويمايمەن!

كۆزەتچى: (ھودۇقۇپ) ياق، بولمايدۇ!

يىگىت: ئۇنداق بولسا، سىزنى قويۇۋەتمەيمەن!

كۆزەتچى: نېمە قىلماقچىسەن؟

يىگىت: مېنى ئىدارىڭىزگە ئېلىپ بارسىز!

كۆزەتچى: بۇ تازدىمۇ... سېنى ئېلىپ بېرىپ نېمە قىلاتتىم؟! ئۆكتەملىك قىلما! قولۇڭنى تارت! بولمىسا... (ھە دەپ تىركىشىدۇ.)

يىگىت: (تېخىمۇ مەھكەم تۇتۇپ) ئۇنداق بولسا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى يوقلاپ بارالمايمەن، ئادەمگەرچىلىكتىنمۇ تۇگىشىمەن... ئىككى جىڭ چىلان، بىر يېرىم جىڭ شېكەر... ئۇنى قاچۇرۇۋەتتىڭىز، سىزگە جېنىمنى تىكىپ قويدۇم...

كۆزەتچى: (تىركىشىپ تۇرۇپ) ئۆكتەملىك قىلما! قولۇڭنى تارت! بولمىسا... بولمىسا... (سۆزلەۋېتىپ ھۇشتەكنى چىقىرىپ، قاتتىق چالىدۇ.)





## ئىزاھلار:

(1) س. فرېئۇد (S. Freud، 1856_1939) — ئاۋستىرىيىلىك مەنىۋى كېسەللىكلەر ئالىمى، مەنىۋى ئانالىز تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى. بۇ تەلىمات بويىچە، ئەدەبىيات، سەنئەت، پەلسەپە ۋە دىن قاتارلىق مەنىۋى ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ سىقىلىشى تۈپەيلىدىن ئاڭسىزلىق ھالىتىدە تۇرۇپ قالغان مەلۇم «ھاياتىي كۈچ» (Libido)، بولۇپمۇ جىنسىي ھەۋەس زورىيدىن پەيدا بولغان، بۇ يەردىكى «فرېئۇد تەلىماتى» دېگەن سۆز فرېئۇدنىڭ مەنىۋى تەھلىل تەلىماتىغا قارىتىلغان. ئاپتور بۇ تەلىماتقا بىر مەھەل ئەھمىيەت بېرىپ، بەزىبىر تەسىرنى ئالغان. لېكىن كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىش ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغان. ئاپتور 1933 - يىلى يازغان «چۈش ئۆرۈش» («تاغدىن - باغدىن» غا كىرگۈزۈلگەن) دېگەن ماقالىسىدە بۇ تەلىماتنى تەنقىد قىلغان.

(2) بۇ يەردە گەپ خۇمىڭخۇانىڭ ۋاڭ جىڭجىنىنىڭ «رەيھانگۈلنىڭ ھىدى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا بەرگەن تەنقىدى ئۈستىدە بارىدۇ. «رەيھانگۈلنىڭ ھىدى» 1922 — يىلى 8 - ئايدا شاڭخەيدىكى «شەرقىي ئاسىيا كۇتۇپخانىسى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، نەنجىڭدىكى شەرقىي جەنۇپ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى خۇمىڭخۇا شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شاڭخەيدە چىقىدىغان «يېڭى ئېقىم گېزىتى، ئىلىم چىرىغى»، «‹رەيھانگۈلنىڭ ھىدى›نى ئوقۇغاندىن كېيىن» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شۇ ئەسەردىكى بەزى ئىشق - مۇھەببەت شېئىرلىرىغا: «چۈشكۈن، شاللاق» ئەسەر، «شەرمى - ھايا يوقتەك تۇرىدۇ» دەپ ھۇجۇم قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇشۈن خۇ مىڭخۇانىڭ ماقالىسىگە تەنقىد بەرگەن. بۇ ھەقتە «ئىسسىق شامال، يىغلاڭغۇ، تەنقىدچىگە قارشى» غا قاراڭ.

(3) چىڭ فاڭۋۇ — خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنخۇا ناھىيىسىدىن. «4 - ماي» دەۋرىدىكى مەشھۇر ئەدەبىيات تەشكىلاتلىرىدىن بىرى بولغان ئىجادىيەت تەھرىراتىنىڭ ئاساسىي ئەزالىرىدىن بىرى، ئەدەبىي تەنقىدچى. ئۇ تەخمىنەن 1925 - يىلى «30 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئىنقىلابقا مايىل بولۇشقا باشلىغان. 1927 - يىلىدىن 1928 - يىلىغىچە گو مورو قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ھەرىكىتىنى تەرغىب

قىلغان؛ كېيىن ئىنقىلابىي تايانچ بازىغا بېرىپ، 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقان، ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئىنقىلابىي مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. لۇشۇننىڭ «چۇقان» ناملىق ئەسىرى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چېڭ فاڭۋۇ «پەسىللىك ئىجادىيەت ژۇرنىلى»نىڭ 2 - جىلد 2 - سانىدا (1924 - يىلى 1 - ئايدا) «‹چۇقان›غا باھا» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئەدەبىي كۆزقارىشى بويىچە، «چۇقان»دىكى «سەۋدايى خاتىرىسى»، «كۇڭ يىجى»، «دورا»، «ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى «پۇچەك»، «چاكىنا»، «ناتۇرالىستىك» ئەسەر، پەقەت «بوجۇشەن» سەرلەۋھىلىك ئەسەرنىڭ «كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغان يەرلىرى بولسىمۇ»، لېكىن ئۇ ئاپتورنىڭ «ساپ ئەدەبىيات سەنئەت ئوردىسىغا كىرمەكچى» بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان «نادىر ئەسەر» دېگەنىدى. چېڭ فاڭۋۇ شۇ مۇلاھىزىسىدە فرانسىيىلىك يازغۇچى فرانسنىڭ «ئەدەبىي تۇرمۇش» ناملىق ئەسىرىدىكى «ئەدەبىي تەنقىد» روھنىڭ نادىر ئەسەردىكى تەۋەككۈلچىلىكىدىن ئىبارەت دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «ئەگەر تەنقىد روھنىڭ تەۋەككۈلچىلىكى بولىدىغان بولسا، بۇ چۇقان روھنى تەۋەككۈلچىلىككە سېلىپ بېقىشقا ئەرزىمەمدۇ؟» دەپ يازغان.

(4) «چۇقان»نىڭ 2 - نەشرى — «چۇقان» 1930 - يىلى 1 - ئايدا 13 - قېتىم بېسىلىدىغان چاغدا، ئاپتور «بوجۇشەن» سەرلەۋھىلىك ماقالىنى چىقىرىۋەتكەنىدى. بۇ ماقالىنىڭ سەرلەۋھىسى ئىلگىرىكى نەشرىلىرىدىكىگە ئوخشاشماي، يېڭى نۇسخا بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە «2 - نەشرى» دېيىلگەن.

(5) ئاپتور شىيامېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ تۇرغىنىدا ياتقان «جىمېلۇ» دېگەن بىنا.

(6) نامسىز تەھرىرات — لۇشۇن 1925 - يىلى بېيجىڭدا قۇرغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان ئەدەبىي تەشكىلات؛ ۋېي سۇيۈەن، ساۋ جىڭخۇا، لى جىيې، تەي جىڭنۇڭ قاتارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ ئاساسىي ئەزاسى ئىدى. بۇ تەھرىرات ئاساسەن چەتئەل ئەدەبىياتىنى، بولۇپمۇ روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇراتتى، «نامسىز» ناملىق ئايلىق ژۇرنال ۋە «نامسىز مەجمۇئەلەر»، «نامسىز يېڭى توپلام» چىقارغان، تەخمىنەن 1932 - يىلى تارقىلىپ كەتكەن.

(7) بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1922 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېيجىڭدىكى «‹سەھەر گېزىتى›نىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن چىقىرىلغان قوشۇمچە سان»دا «بوجۇشەن» دېگەن سەرلەۋھىدە ئېلان قىلىنغان، كېيىن «چۇقان»غا كىرگۈزۈلگەن؛ 1930 - يىلى 1 - ئايدا





«چۇقان» 13 - قېتىم بېسىلغاندا، ئاپتور بۇ ماقالىنى چىقىرىۋېتىپ، كېيىن ھازىرقى سەرلەۋھىگە ئۆزگەرتىپ، بۇ توپلامغا كىرگۈزگەن.

(8) نۈۋا — ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ مومىسى. ئۇنىڭ سېرىق توپىدىن ئادەم ياسىغانلىقى ئېلىمىزدە ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى چۆچەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(9) بۇ گۇڭگۇڭنىڭ بوجۇشەن تېغىغا غەزەپ بىلەن ئۈسكەنلىكى توغرىسىدىكى چۆچەك: «بۇرۇنقى زاماندا گۇڭگۇڭ جۇەنشۇي بىلەن پادىشاھلىق تالىشىپ، غەزىپىگە پايلىماي بوجۇشەن تېغىغا ئۈسكەنىكەن، ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى سۇنۇپ، يەرنىڭ پۇتى ئۈزۈلۈپتۇ؛ ئاسمان غەرب تەرەپكە قىڭغىيىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار كۆچۈپتۇ؛ يەرنىڭ شەرقىي جەنۇبى توشماي قالغانىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ، توزان شۇ تەرەپكە ئېغىپتۇ.»

گۇڭگۇڭ بىلەن جۇەنشۇي — ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى چۆچەكلىرىدىكى ئادەم.

(10) بۇ يەردە دەرۋىشلەر ئىستېمال قىلىدىغان قىزىل قوم ۋە كېپەك ئالتۇن دېگەندەك نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەرۋىشلەرنىڭ قارىشىچە، ئادەم بۇلارنى يېگەندىن كېيىن مەڭگۈ قېرىماسمىش.

(11) بۇ گەپ گۇڭگۇڭ بىلەن جۇەنشۇي سوقۇشقاندا، گۇڭگۇڭ تەرەپتىكىلەر قىلغان سۆز.

(12) كەمتۈك تاغ (بوجۇشەن) — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، «بۇ تاغ شەكىل جەھەتتىن كەمتۈك بولغاچقا، كەمتۈك تاغ دەپ ئاتالغان»، بۇ تاغ «كۇئېنلۇننىڭ غەربىي شىمالىدا.»

(13) بۇ سۆز جۇەنشۇي تەرەپتىكىلەر قىلغان سۆز.

(14) تۆت چاسا تاختاي — قەدىمكى زاماندا پادىشاھ، بەگلەرنىڭ مۇراسىملىق باش كىيىمىنىڭ ئۈستىدىكى بېزەك.

(15) نۈۋانىڭ ئۈچەيلىرى — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، نۈۋانىڭ ئۈچەيلىرى مالائىكىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىكەن.

قۇمۇچاق خەت — قەدىمكى زاماندىكى بېشى توم، قۇيرۇقى ئىنچىكە، خۇددى قۇمۇچاققا ئوخشايدىغان يېزىق.

(16) بۇ ئەسەر دەسلەپتە 1927 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېيجىڭدىكى «دەشت - باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد، 2 - سانىغا بېسىلغان.

(17) يى — ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىدىكى ئۇستا مەرگەن.

(18) چاڭئې — قەدىمكى چۆچەكلەردىكى شەخس، ئۇ ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى يەپ، ئايغا چىقىپ كېتىپ، پەرىگە ئايلانغانمىش.

(19) بۇ يەردە تەسۋىرلەنگەن ئىككىنچى قىز، يەتتىنچى قىز ۋە سەك-

كىزىنچى قىز دېگەنلەر ئاپتور تەرىپىدىن توقۇلغان شەخس.

(20) يى نىڭ ياۋا توڭگۇز ۋە توم يىلاننى ئاتقانلىقى توغرىسىدا «خۇەينەنزى» دېگەن كىتابتا مۇنداق رىۋايەت بار: «پادىشاھ ياۋنىڭ زامانىسىدا ... ياۋا توڭگۇز، توم يىلان خەلققە ئاپەت بولغانىدى. يى پادىشاھ ياۋنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ... دۇڭتىڭ كۆلىدە توم يىلاننى، ئۈزۈمزارلىقتا ياۋا توڭگۇزنى يوقاتقان.»

(21) ئۆتمۈشتە بەزىلەر «ساغلام بولۇش، قېرىماسلىق» ئۈچۈن تاماقنى ئاز يېيىشنى تەشەببۇس قىلغان. جياڭ ۋېيچياۋ دېگەن كىشى ياپونىيىلىك مىيداۋجىن يىلاڭ يازغان «تەرمە بايان» دېگەن كىتابقا ئاساسەن يازغان «ناشتىلىق تاماقنى مەنئىي قىلىش ھەققىدە» دېگەن ئەسەر 1915 - يىل 6 - ئايدا شاڭخەيدىكى تىجارەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(22) بۇ يەردىكى «بۇلتۇر 45 ياشقا كىرگەن» دېگەن سۆز ۋە كېيىنكى گەپلەر ئۆز ۋاقتىدا گاۋ چاڭخۇڭنىڭ لۇشۈنگە ھاقارەت قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. گاۋ چاڭخۇڭ — سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يۇشيەن ناھىيىسىدىن، «قۇيۇن» تەھرىراتىنىڭ ئاساسىي ئەزالىرىدىن بىرى، ئۆز ۋاقتىدىكى نىگىلىزم ۋە ئانارخىزم تۈسىگە ئىگە ياش يازغۇچى. ئۇ 1924 - يىلى 12 - ئايدا لۇشۈن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، لۇشۈننىڭ كۆپ يېتەكچىلىكىگە ۋە ياردىمىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «يۈرەك ئىستىكى» ناملىق ھەم نەسرىي، ھەم نەزمىي ئەسىرىنى لۇشۈن تاللاپ رەتلىگەن ۋە «قۇراق مەجمۇئەلەر» قاتارىغا كىرگۈزگەن. لۇشۈن 1925 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇ «دەشت - باياۋان» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى ۋېي سۇيۈەن (شۇ چاغدا لۇشۈن بېيجىڭدىكى شيامىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېتىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاچقا، «دەشت - باياۋان» 1926 - يىلىدىن باشلاپ يېرىم ئايلىق ژۇرنالغا ئايلانغانىدى) نىڭ شاڭ پېيلياڭنىڭ بىر پارچە ماقالىسىنى باسۇرۇپ قويغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ۋېي سۇيۈەن قاتارلىق كىشىلەرگە تىل تەگكۈزگەن ھەمدە لۇشۈندىنمۇ رەنجىگەن؛ لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن لۇشۈننىڭ نامىنى سېتىپ، كۆز بويامچىلىق قىلغان، مەسىلەن: «قۇيۇن» تەھرىراتىنىڭ (گاۋ چاڭخۇڭ، شياڭ پېيلياڭ قاتارلىق كىشىلەر تەشكىللىگەن ئەدەبىي تەشكىلات) شۇ يىلى 8 - ئايدا «يېڭى ئايالлар» ئايلىق ژۇرنىلىغا بېسىلغان بىر ئېلانىدا بىز لۇشۈن بىلەن بىرلىكتە «دەشت - باياۋان» ژۇرنىلىنى، «قۇراق مەجمۇئەلەر»نى چىقارغان ۋەھاكازا دەپ يالغان ئېيتقان ھەمدە كىتابخانىلارغا ئۆزلىرىنىڭ «قۇيۇن ھەرىكىتى»گە لۇشۈنمۇ قاتناشقاندەك بىر چۈشەنچىنى سىڭدۈرۈشكە ئۇرۇنغان. لۇشۈن ئۆز ۋاقتىدا «ئاتالمىش ‹ئىدىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ باشلامچىسى› بولغان لۇشۈننىڭ ئېلانى» (بۇ ماقالە كېيىن «سايشۈەننىڭ داۋامى»غا كىرگۈزۈلگەن) نى ئېلان قىلىپ، ھېلىقى ئالدامچىلىقنى





پاش قىلغان. شۇنىڭ بىلەن گاۋچاڭخۇڭ لۇشۈنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ «نەشرىيات ساھەسىگە بارايلى» دېگەن ماقالىسىدە لۇشۈنگە بوھتان قىلىۋەرگەن. لۇشۈن بۇ ھېكايىسىنى گاۋ چاڭخۇڭ بوھتان قىلىپ يۈرگەن چاغدا يازغان، بۇ ھېكايىدىكى فېڭمۇڭ دېگەن ئوبراز گاۋچاڭخۇڭغا دارىتىلغان. لۇشۈن 1927 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شۈي گۇاڭپىڭغا يازغان خېتىدە بۇ ئەسەرنى تىلغا ئېلىپ: «شۇ چاغدا بىر ھېكايە يېزىپ، ئۇنىڭغا (گاۋ چاڭخۇڭنى دېمەكچى) ئازغىنە چاقچاق قىلىپ قويدۇم» دېگەن. ھېكايىدىكى بەزى دىئالوگلارمۇ گاۋ چاڭخۇڭنىڭ: «مەتبۇئات ساھەسىگە بارايلى» دېگەن ماقالىسىدىكى سۆزلەردىن سەل - پەل ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. مەسىلەن، بۇ يەردىكى «بۇلتۇر 45 ياشقا كىرگەنمەن» دېگەن سۆز ۋە كېيىنكى: «ئەگەر قېرىپ قالدىم دەپ تەن ئالساڭ، بۇ ئىدىيەڭدە چۈشكۈنلەشكەنلىكىڭ» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى مۇنداق سۆزلەردىن ئېلىنغان: «شۇنى بىلىش كېرەككى، ياش جەھەتتىن ھۆرمەتلەش ياكى مەنسىتمەسلىك ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان ئىدىيە، يېڭى دەۋردىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ. لۇشۈن بۇلتۇر تېخى ئەمدىلا 45 ياشقا كىردى... ئەگەر قېرىپ قالدىم دەيدىغان بولسا، مەنىۋى جەھەتتە چۈشكۈنلەشكەنلىكى!» يەنە بۇ سۆزنىڭ ئايىغىدىكى: «100 نەچچە قېتىم كەلگىنىڭ بىكار بولۇپ چىقتى» دېگەن سۆزمۇ گاۋ چاڭخۇڭنىڭ: «لۇشۈن بىلەن 100 قېتىمدىن كۆپرەك كۆرۈشكەنىدىم» دېگەن سۆزىگە قارشى ئېيتىلغان. «ئۆز يولى بىلەن ئۆزىنى باپلاش كېرەك» دېگەن سۆزمۇ گاۋ چاڭخۇڭنىڭ: «ئادالەت بىلەن ھەققانىيەتنىڭ سۆھبىتى» دېگەن ماقالىسىدىكى: «ھەققانىيەت: مەن سىلەرنىڭ ئەقىلگە كېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن ئەقىلگە كېلىشىڭلار ئاسان بولماسمىكىن! ئادالەت: مەن ئۆز يولى بىلەن ئۆزىنى باپلايمەن» دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان. يەنە «ئەجەل قوڭغۇرىقىنى چالدىڭ» دېگەن سۆز ئۇنىڭ «دەۋرنىڭ تەقدىرى» دېگەن ماقالىسىدىكى: «لۇشۈن ئەپەندى گەپ - سۆز قىلماستىنلا كونا دەۋرنىڭ ئەجەل قوڭغۇرىقىنى چالدى» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان. «بەزىلەر سىزنى ھازىرمۇ جەڭچى دەيدۇ»، «بەزىدە ھەتتا سەنئەتكارغا ئوخشاپ كۆرۈنىسىز» دېگەن گەپلەرمۇ ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى: «ئۇنىڭ (لۇشۈننى دېمەكچى) ماڭا بەرگەن تەسىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە (1924 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دېمەكچى) ناھايىتى ئېنىق، ناھايىتى يېڭى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ھەقىقىي سەنئەتكارغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان تىرىشچان جەڭچىدەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى» دېگەن سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

(23) فېڭمۇڭ — قەدىمكى زاماندىكى ئۇستا مەرگەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يى نىڭ شاگىرتى ئىكەن.

(24) «مېڭزى» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە: «فېڭمۇڭ مەرگەنلىكنى يى دىن ئۆگەندى؛ لېكىن يى مېنى بېسىپ چۈشىدۇ، دەپ ھەسەت قىلىپ، يى نى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى.»

(25) «خۇينەنزى» دېگەن كىتابتا قەيت قىلىنىشىچە: «پادىشاھ ياۋنىڭ زامانىسىدا، 10 قۇياش تەڭلا چىقىپ، زىرائەت ۋە دەل - دەرەخلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، خەلقنى ئوزۇقسىز قالدۇرغان ··· پادىشاھ ياۋ شۇ سەۋەبتىن يى غا بۇيرۇق بېرىپ، قۇياشنى ئاتتۇرغان.»

(26) بۇ ئەسەر بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان.

(27) شۈن — ئېلىمىزنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى قەدىمكى پادىشاھ؛ يۈشۈن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ياۋ زامانىسىدا توپان بالاسى پەيدا بولغان، شۈن تەختكە چىققاندىن كېيىن، يۈ بۇيرۇق بېرىپ، سۇ ئاپىتىنى بېسىقتۇرغان.

(28) ئايۇ — گۈننىڭ ئوغلى، يۈ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، شيا سۇلالىسىنىڭ ئاساسچى پادىشاھى، «تارىخنامە»گە قارىغاندا، گۈن ئۆلگەندىن كېيىن، يۈ بۇيرۇققا بىنائەن سۇنى تىزگىنلىگەن.

(29) لۇشۈن بۇ ئەسىرىدە قىستۇرما قىلىپ يازغان «مەدەنىيەت تېغى»غا توپلانغان ئالىملارنىڭ پائالىيىتى 1932 - يىلى 10 - ئايلاردا بېيجىڭدىكى مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكىلەردىن جياڭ خەن، ليۇفۇ، شۈي بىچاڭ ۋە ما خېڭ قاتارلىق 30 نەچچە ئادەمنىڭ بېيجىڭ شەھىرىنى «مەدەنىيەت» شەھىرى قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تەلەپنامە سۇنغانلىقىغا قارىتىلغان تەنە گەپ.

شۇ چاغدا ياپون جاھانگىرلىكى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالغان، شىمالىي جۇڭگومۇ خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. جياڭ خەن قاتارلىق ئادەملەر بېيجىڭ ئۆز ۋاقتىدا سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە مۇھىم ئەمەس، دېگەن باھانىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن بېيجىڭدىكى ھەربىي تەييارلىقلارنى بىكار قىلىشنى، بېيجىڭنى مۇداپىئەسىز مەدەنىيەت رايونى قىلىپ بېكىتىشنى تەلەپ قىلغان. ناھايىتى روشەنكى، ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەسلىمچىلىك، خائىنلىق سىياسىتىنىڭ «نەزەرىيە»سى بىلەن بىر قېلىپتىن چىققان بولۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سۈيىقەستىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ئەسەردىكى «مەدەنىيەت تېغى» دېگەن قىستۇرمىدا جياڭ خەن قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ئەنە شۇنداق خىلمۇخىل بىمەنە سۆزلىرىگە كىنايە قىلىنغان، بۇلارنىڭ قاتاردىكى بىرنەچچە ئاتالمىش ئالىملار بولسا، ئەينى ۋاقتىدا مەدەنىيەت ساھەسىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئادەملەرنىڭ تىپى. مەسىلەن، «ھاسا





تاياق تۇتقان ئالىم» ئۆز ۋاقتىدا نەسىل سۈرۈش سەپسەتىسىنى تەرغىپ قىلىپ، «ئابرۇيلۇق ئۇرۇق» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلارنى يازغان. «قۇشقاچ باش» ئەپەندىمۇ ئۆز ۋاقتىدا «يۈ بولسا قوڭغۇز، گۈن بولسا بېلىق.» ۋەھاكازا دېگەن ئاساسسىز مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

(30) «يەككە قوللۇقلار دۆلىتى» توغرىسىدىكى رىۋايەت «جۇغراپىيە دەستۇرى»دىن چىققان: «يەككە قوللۇقلار دۆلىتى شىمال تەرەپتە. ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىر قولى، ئۈچ كۆزى بار، ئۆزى بولسا خۇنسا (ھەم ئەركەك، ھەم چىشى)، ئۇلار ئالىچىپار ئاتقا مىنىپ يۈرىدۇ.» بۇ ھەقتە گوپۇنىڭ شەرھى مۇنداق: «بۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى چېۋەر ۋە چەبدەس، ئۇلار تۈرلۈك ئۇچار قاناتلارنى قولغا چۈشۈرەلەيدۇ، ھاۋا كېمىسى ياساپ، شامالنىڭ كۈچى بىلەن يىراق يەرلەرگە بارالايدۇ.»

(31) «خاۋ دۇيۇۋدو» — ئىنگلىزچە how doyoudo يەنى «ياخشىمۇسىز» دېگەن سۆز.

(32) «OK!» — ئامېرىكانچە ئىنگلىز تىلى؛ بولىدۇ، يارايدۇ، خوپ دېگەن مەنىدە.

(33) «شاھىنشاھ» — شۈننىڭ دادىسى گۇسۇ. «تارىخنامە»گە قارىغاندا، گۇسۇ تەلۋە، نادان ئادەم ئىكەن. «قەدىمنامە»گە قارىغاندا، گۇسۇ كېيىنكى چاغلاردا شۈننىڭ تەسىرى بىلەن «ئىمانغا كەلگەن».

(34) گاۋ ياۋ — شۈننىڭ تۇرمە، دەۋا ئىشلىرىغا مەسئۇل باش سەجانى (زىندان بېگى).

(35) جىجۇ — قەدىمكى توققۇز ۋىلايەتنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى خېبېي، سەنشى ئۆلكىسىنى، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمال تەرەپتىكى قىسمىنى ۋە لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ لياۋخې دەرياسىنىڭ غەرب تەرەپتىكى يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياۋنىڭ پايتەختى پىڭياڭ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىنفېن ناھىيىسى) ئەنە شۇ جىجۇ تەۋەسى ئىچىدە ئىدى.

(36) «شىڭنۇڭ دورا - دەرمەكلىرى» — مەملىكىتىمىز بويىچە مەخسۇسلا دورا - دەرمەكلەر خاتىرىلەنگەن ئەڭ قەدىمكى كىتاب، بۇ كىتابنىڭ يېزىلىپ پۈتكەن ۋاقتى مەلۇم ئەمەس. چىن، خەن سۇلالىلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان كىشىلەر شىڭنۇڭنىڭ نامى بىلەن يازغان بولساكېرەك.

(37) بۇ سۆز ئۆز ۋاقتىدىكى لىن يۇتاڭ ئېقىمىدىكىلەرنىڭ «ئىبرەتلىك سۆز ئۇسلۇبى»دىكى فېلىيەتون دېگەن بىرنېمىسىگە ئەتەي تەقلىد قىلىنغان. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار يازغان ۋە تەشەببۇس قىلغان «ئىبرەتلىك سۆز ئۇسلۇبى»دىكى فېلىيەتون دېگەن بىر نېمىلىرىنىڭ نۇسخىسى ئەنە شۇنداق كىشىنىڭ قىچىقىنى كەلتۈرىدىغان بىر نەرسە ئىدى. بۇ يەردىكى «ئاغزىدىن

سۇرناي چۇشمەيدىغان، ئەپتىدىن چى يۇ ھەزرەتنىڭكىدەك تۇمان يېغىپ تۇرىدىغان بىر ياشنى چېلىقتۇرۇپ قالىمەن» دېگەن سۆز لۇشۇننىڭ لىن يۇتاڭنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئەكسىيەتچى سەپسەتىلىرىنى پاش قىلغانلىقى. چى يۇ — قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ شىمال تەرىپىدىكى جۇلى قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇنى خۇاڭدى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئىرقىي ئاداۋەت تۇپەيلىدىن، ئېلىمىزنىڭ كونا تارىخلىرىدا چى يۇ ناھايىتى ياۋۇز بىر ئادەم قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى ھۆكۈمران سىنىپ ئادەملىرى «ياۋۇز ئادەم» دەپ قارىغان ئادەملىرىنى دائىم چى يۇنىڭ نامى بىلەن سۈپەتلەيتتى. شىمالىي مىلىتارىست ۋۇ پېيفۇمۇ كوممۇنىزمغا قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، 1926 - يىلى ھېچبىر پەرقلەندۈرمەستىنلا «قىزىللىشىش»نى چى يۇغا ئوخشىتىپ، ئاشكارىدىن - ئاشكارا: «مەرىپەت يېڭى باشلانغان چاغلاردا يەنى قەبىلە دەۋرىدە، چى يۇ تولىمۇ زالىملىق قىلغان؛ ئۇ چاغدا قانۇن - تۈزۈم دېگەن نەرسە، ئەدەب - قائىدە دېگەن نەرسە يوق ئىدى، دېمەك، «قىزىللاشتۇرۇشتىن پەرقى يوق ئىدى» دېگەن (بېيجىڭدا چىققان «سەھەر گېزىتى»نىڭ 1926 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈندىكى سانىغا قاراڭ). ھەتتا ۋۇ پېيفۇ ئۆزىنىڭ چى يۇنىڭ «قىزىللاشتۇرۇش»نىڭ پىرى ئىكەنلىكى، چى (qi) بىلەن چى (赤 - قىزىل)نىڭ ئاھاڭداش ئىكەنلىكىنى، «چى يۇ» دېگەن سۆزنىڭ «قىزىللاشتۇرۇش» دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ تاپقانلىقىنىمۇ ئېيتقان (بۇ ھەقتە «سايىۋەن» توپلىمىنىڭ داۋامى. «دەرمەھەللىك تارماق خاتىرە»گە قاراڭ).

(38) بۇرۇنقى زاماندا قۇلۇلە قېپى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى.

(39) فۇشى — ئېلىمىزنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن پادىشاھ بولۇپ، «باگۇا» قۇررىسىنى كەشپ قىلغان.

ساڭ جيې — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خۇاڭدى دەۋرىدىكى تارىخچى بولۇپ، يېزىقنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىجاد قىلغان ئادەم. «خۇەينەنزى. ئەسلى تەنبىيە»دە مۇنداق گەپ بار: «بۇرۇنقى زاماندا ساڭ جيې خەت پۈتكەندە، ئاسماندىن مۆلدۈر ياغقان، جىن - شاياتۇنلار كېچىدە يىغا - زار قىلغان.»

(40) يۇنىڭ ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندىمۇ ئۆيگە كىرمىگەنلىكى توغرىسىدا «مېڭزى. تىڭۋېن ھەزرەت» پارىسىدە مۇنداق يېزىلغان: «يۈي سەككىز يىل ياقا - يۇرتلاردا يۈرگەن. ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۈچ قېتىم كىرمەي ئۆتۈپ كەتكەن.»

(41) قەدىمكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، گۇن ئۆلگەندىن كېيىن تاشپاقىغا ئايلىنىپ كەتكەن.





(42) شېكىسپېر (1564 — 1616) — ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئەنگلىيە دراماتورگى، شائىر.

(43) «بەرىكەتلىك زېمىن» — رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۆزى ھوسۇل بېرىدىغان، مەڭگۇ خورىمايدىغان يەر.

(44) يۇنىڭ ئېيىقتا ئايلانغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت چىڭ دەۋرىدىكى ما شياۋنىڭ «مۇھاكىمە» دېگەن كىتابىدىن چىققان: «يۇ توپان سۈيىدىنى تىزگىنلەيمەن دەپ تاغلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئېيىققا ئايلىنىپ كەتكەن.»

(45) يۇنىڭ ۋۇجىچىنى تۇتۇۋالغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت تاڭ دەۋرىدىكى لى گۇڭزونىڭ «تاغ دەريالار قىسسىسى» دېگەن كىتابىدىن چىققان: «يۇ سۇنى تىزگىنلەپ، تۇڭبەي تېغىغا ئۈچ قېتىم بارغان، شۇ چاغدا چاقماق چېقىپ، بوران كۆتۈرۈلگەن، تاغۇ تاشلار، دەل - دەرەخلەر شاۋقۇن كۆتۈرگەن. بەش بەگمۇ، ئەرش لەشكەرلىرىمۇ بۇ يەرگە ياردەمگە كەلگەن، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمىگەن. شۇڭا يۇ دەرغەزەپ بولۇپ، بارلىق مالائىكە ۋە روھ - ئەرۋاھلارنى يىغقان، سۇ مۇئەككىلىنىمۇ ئىزدەپ تاپقان. تۇڭبەي تېغىنىڭ بېگىمۇ قۇللۇق بىلدۈرۈپ پەرمان كۈتۈپ تۇرغان… شۇنىڭ بىلەن خۇەيخې دەرياسىنىڭ قايىنىمىدا ياشايدىغان سۇ ئىلاھىنى، يەنى ۋۇجىچىنى قولغا چۈشۈرگەن. ۋۇجىچى زۇۋاندارراز (سۆزمەن) بولۇپ، دەريالارنىڭ ئوي - تېيىزلىقىنى، مەنبەلىرىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى بىلىدىكەن. ئۇ مايمۇنغا ئوخشاش بۇرنى ياپسا، پېشانىسى دوقا، بوي - تۇرقى كۆك، بېشى ئاق، كۆزلىرى قىزىل، چىشلىرى ئاق ئىكەن، بويىنى 100 چى سوزۇلىدىكەن. ئۇنىڭ كۈچى توققۇز پىلغا باراۋەر كېلىدىكەن، چېلىشىشقا، زەربە ئۇرۇشقا، ھاۋاغا قاڭقىشقا، سەكرەشكە، تېز يۈگۈرۈشكە ماھىر ئىكەن، تولىمۇ چەبدەس، چاققان ئىكەن، شۇڭا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كۆزدىن غايىب بولۇپ كېتىدىكەن… يۇ ئۇنى بويىنىدىن زەنجىر بىلەن باغلاپ، بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ، خۇەيخې دەرياسى بويىدىكى گۈيشەن تېغىنىڭ ئېتىكىگە سۈرگۈن قىلغان. شۇنىڭ بىلەن خۇەيخې دەرياسى ياۋىشىپ، دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان بولغان.» (لۇشۇن رەتلىگەن «تاڭ، سۇڭ دەۋرى چۆچەكلىرى»نىڭ 3 - جىلدىغا قارالسۇن).

(46) «شاھزادە دەنجۇنىڭ بىۋاكلىقى» — دەنجۇ ئەسلىدە ياۋنىڭ ئوغلى. كونا كىتابلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ شۇدى يوق ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋ پادىشاھلىق تەختىنى ئۇنىڭغا بەرمەي، شۇنگە بەرگەنىكەن.

(47) قەدىمكى زامان بەگلىرى، تۆرىلىرى پادىشاھ ھۇزۇرىغا زىيارەتكە كىرىش ۋاقتىدا، دۇئا - تەكبىر قىلىش ۋاقتىدا كۆتۈرۈۋالىدىغان ئۇچلۇق قاشتېشى.

(48) بۇ ماقالە مۇشۇ كىتابقا كىرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان.

(49) بويى بىلەن شۇچى توغرىسىدا «تارىخنامە»دە مۇنداق رىۋايەتلەر بار: «بويى بىلەن شۇچى بولسا پادىشاھ گۇجۇجۇننىڭ ئوغلى. دادىسى پادىشاھلىق تەختىنى شۇچىغا قالدۇرماقچى بولغانىكەن، دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن شۇچى تەختىنى بويىغا ئۆتۈنۈپتۇ. بويى، دادامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بولسۇن، دەپ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇچىمۇ تەختكە ئولتۇرۇشنى خالىماي قېچىپ كېتىپتۇ. خەلق گۇ جۇجۇننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلىنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بويىمۇ، شۇچىمۇ شى بونىڭ قېرىلارغا خەيرىخاھلىق قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بارماقچى بوپتۇ، ئۇلار يېتىپ بارغاندا شى بو ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا پادىشاھ جۇ ۋۇۋاڭ ئۆز دادىسى شى بوغا: ‹جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەلەمدار پادىشاھى — جۇ ۋېنۋاڭ› دېگەن نامنى بېرىپتۇيۇ، شەرق تەرەپتىكى شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇغا ھۇجۇمغا ئاتلىنىپتۇ. بويى بىلەن شۇچى ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، داداڭنىڭ ئۆلۈكىنى يەرلىكىدە قويماي تۇرۇپ، ئۇرۇشقا ئاتلانغىنىڭ ۋاپادارلىق بولامدۇ؟ مۇلازىم تۇرۇقلۇق پادىشاھنى ئۆلتۈرسە ئىنساپ قىلغانلىق بولامدۇ؟ دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. جۇ ۋۇۋاڭنىڭ مەھرەملىرى ئۇلارغا پەشۋا بەرمەكچى بولغانىكەن، جياڭ تەيگوڭ دېگەن باش ۋەزىر: ‹بۇلار مۆمىن ئادەملەر ئىكەن›، دەپ، ئۇلارنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. جۇ ۋۇۋاڭ جۇ پادىشاھلىقىنى ئىستېلا قىلىپ، پۈتۈن ئەلنى ئۆزىگە قارىتىپتۇ. لېكىن بويى بىلەن شۇچى بۇنى نومۇس بىلىپ، جۇ ۋۇۋاڭنىڭ ئېلىدىن چىققان ئاشلىقنى يېيىش ھارام دەپ، شۇياڭشەن تېغىغا كىرىپ كېتىپ، تاشپۇرچاقلارنى تېرىپ يەپ جان بېقىپتۇ. كېيىن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ.»

(50) شاڭ پادىشاھى — شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى جۇ، ئۇ شاڭ جۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(51) سەن يىشېڭ — جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىر، ئۇ شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شى بو (جۇ ۋېنۋاڭ) تەرەپكە ئۆتكەن، كېيىن جۇۋۇۋاڭ بىلەن بىللە پادىشاھ جۇغا قارشى ھۇجۇمغا قاتناشقان.

(52) بۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى نەغمىچى ئەمەلدارلار بولۇپ، قارىغۇ ئىدى.

(53) «تارىخنامە» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شاڭ پادىشاھى جۇ ئۆز زامانىسىدا باج - سېلىقنى كۆپەيتىپ، لۇتەي ناملىق خەزىنىسىنى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن، جۈيچياۋ ناملىق خەزىنىسىنى ئاشلىق بىلەن تولدۇرغان.

(54) بۇ ماقالە دەسلەپتە 1927 - يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى «دەشت - باياۋان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2 - جىلد، 8 - ۋە 9 - سانىغا «قارىقاش» دېگەن سەرلەۋھە بىلەن بېسىلغان؛ 1932 - يىلى «ئۆزۈم تاللىغان ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈش ۋاقتىدا ھازىرقى سەرلەۋھىگە ئۆزگەرتىلگەن.





(55) قارىقاشنىڭ ئىنتىقام ئېلىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت ھەققىدە ۋېي دەۋرىدە ياشىغان ساۋ پېينىڭ «غەيرىي ئادەملەر تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق خاتىرىلەر بار: «ھۈنەرۋەن موشيې دېگەن ئادەم چۇ پادىشاھىغا قىلىچ سوقۇپ ئۈچ يىلدا پۈتتۈرۈپتۇ، جاھانغا مەشھۇر ئەركەك قىلىچ بىلەن چىشى قىلىچنىڭ چىشىسىنى پادىشاھقا تۇتۇپ، ئەركىكىنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە خوتۇنىغا، قىلىچنى جەنۇبىي تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە، شىمالىي تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىگە كۆمۈپ قويدۇم، قىلىچ تاش ئۈستىدىكى قارىغاي ئىچىدە؛ ئەگەر پادىشاھ بىلىپ قالسا مېنى ئۆلتۈرىدۇ؛ سەن ئوغۇل تۇغساڭ، بۇ ئەھۋالنى شۇنىڭغا ئېيت، دەپتۇ، كېيىن پادىشاھ بىلىپ قېلىپ، ھۈنەرۋەننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، خوتۇنى كېيىن ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭغا چىبى دەپ ئات قويۇپتۇ، كېيىن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. چىبى جەنۇبىي تاغنىڭ قارىغايلىرىنى قومۇرۇپتۇ، قىلىچ تېپىلماپتۇ؛ كېيىن ئۆيدىكى تۈۋرۈكنىڭ ئىچىدىن تېپىپتۇ. پادىشاھ چۈشىدە بىر ئادەمنى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭغا قاشلىرى ئۈچ ئىلىك كېلىدىكەن. ئۇ پادىشاھقا ئىنتىقام ئالىمەن دەپتۇ. پادىشاھ (چۈشىدە كۆرگەن) شۇ ئادەمنى تۇتۇش ئۈچۈن قاتتىق سۈرۈشتە قىپتۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم جۇشەن تېغىغا قېچىپ بېرىپتۇ، ئۇ يەردە بىر ئادەم ئۇچراپ، ئىنتىقامىڭنى ئېلىپ بېرىمەن دەپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ پادىشاھقا تەقدىم قىپتۇ ۋە بۇ باشنى داشتا قاينىتىڭلار دەپتۇ. باش داش قازاندا ئۈچ كېچە - كۈندۈز سەكرەپ، زادىلا ئېزىلمەپتۇ. پادىشاھ بېرىپ ئۇنى كۆرەي دەپ قاراپ تۇرغاند،ا ھېلىقى ئادەم ئەركەك قىلىچنى پادىشاھنىڭ شىللىسىگە ئۇرۇپتىكەن، پادىشاھنىڭ بېشى داشقا چۈشۈپتۇ؛ ھېلىقى ئادەممۇ ئۆزىنى ئۆزى بوغۇزلاپتۇ. ئۈچ باش داشقازاندا مالەق بولۇپ، ئايرىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىكەن، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم يەرلەپ، ئۈچ پادىشاھنىڭ قەبرىسى دەپ نام بېرىپتۇ.»

(56) قىزىلكۆز جازانىخورنىڭ كاپىتالى — ئاپتور بۇ ماقالىنى يېزىپ بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر پارچە تەسىراتىدا: كونا جەمئىيەتتە «بىرخىل مەنىۋى كاپىتالىستلار بار»، ئۇلار «خەيرخاھلىق» دېگەنگە ئوخشاش چىرايلىق گەپلەرنى «جازانە چېچىش كاپىتالى» قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە «ياندۇرۇق» سورايدۇ، دەپ يازغان. بۇ ھەقتە «خالاس. يېڭى زاماندىكى جازانىخورلۇق ئۇسۇلى»غا قاراڭ.

(57) بۇ يەردىكى ۋە ئاياغتىكى ناخشىلارنىڭ مەنىسىنى چالا - پۇچۇق

چۈشىنىش مۇمكىن. ئاپتور 1936 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ياپونىيىلىك زىڭ تيەنشىيىگە يازغان خېتىدە: «قىلىچ» تا، مېنىڭچە، چۈشەنگىلى بولمايدىغان يەر يوق. لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۇنىڭدىكى ناخشىلارنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، چۈنكى ئۇنى غەلىتە ئادەم ۋە كاللا ئوقۇغان، ئۇنى بىزدەك ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ چۈشەنمىكىمىز تەس.» («لۇشۈن مەكتۇپلىرى»غا قاراڭ).

(58) پارپا — جۈغى كىچىك، پاكار، مەخسۇسلا پادىشاھنىڭ قىزىق گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئادەملەر.

(59) يەن زىئاۋ — ئاپتور توقۇغان ئىسىم. لۇشۈن 1924 - يىلى 9 - ئايدا رەتلىگەن بىر كىتابىدا بۇ ئىسىمنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن، لېكىن كېيىن ئىشلەتمىگەن.

(60) ۋېنۋېن يېزىسى — ئاپتور توقۇغان يەر ئىسمى. بۇنىڭدا نۇرسىز، قاراڭغۇ دېگەن مەنە بار.

(61) بۇ ئەسەر دەسلەپ ئېلان قىلىنغاندا، يىل، ئاي، كۈنلىرى يېزىلمىغانىكەن. ماقالىنىڭ ئاخىرىدىكى ھازىرقى يىل، ئاي، كۈنلىرى مۇشۇ توپلامغا كىرگۈزۈش ۋاقتىدا قوشۇپ قويۇلغان. «لۇشۈننىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى»گە قارىغاندا، بۇ ماقالە 1927 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يېزىلىپ بولغان.

(62) بۇ ھېكايە دەسلەپتە 1936 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شاڭخەيدىكى «دېڭىز قارلىغىچى» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانىدا بېسىلغان. ئاپتور بۇ ھېكايە توغرىسىدا «‹قەلئەدىن چىقىپ كېتىش› دىكى ‹قەلئە›» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە يازغان، شۇ ماقالە كېيىنكى كۈنلەردە «كونس بوتكىسى فېلىيەتونلىرى — 3»غا كىرگۈزۈلگەن.

(63) لاۋزى — ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مۇتەپەككۇرى، تەرىقەتچىلەر تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى.

(64) قىرائەتخانا — «تارىخنامە»دە يېزىلىشىچە، لاۋزى جۇ خاندانلىقى ئوردىسىدا پادىشاھلىق قىرائەتخانا بېگى بولۇپ ئىشلىگەن.

(65) رەن يۇ — كۇڭزىنىڭ شاگىرتى، ئوردىدا ھارۋىكەش بولغان.

(66) لاۋزىنىڭ خەنگۇگۇەن قەلئەسىدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئاپتور «‹قەلئەدىن چىقىپ كېتىش› تىكى ‹قەلئە›» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: ئۇنىڭغا كۇڭزىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزى سەۋەبچى بولغان، بۇ ھەقتە جاڭ تەيىيەننىڭ پىكرىگە ئاساسلاندىم؛ جاڭ تەيىيەن مۇنداق يازىدۇ: «لاۋزى ئۆزىنىڭ ھېكمەتلىرىنى كۇڭزىغا ئۆگىتىپ قويغان، ئۇ توپلىغان كونا كىتابلارنىمۇ تامامەن كۇڭزى ئالداپ ئۆز قولىغا چۈشۈرۈۋالغان. كۇڭزى ھېكمەتتە لاۋزىنى بېسىپ چۈشتى؛ كۇڭزى تەلىماتى ئەسلى-





دە لاۋزىدىن چىققان، كۇڭزى ئۇنى رايىشلىق شەكلى بىلەن تۈرلەندۈرۈپ، ئۆز ئۇستازىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ۋە لاۋزىنىڭ رەددىيە بېرىشىدىن قورققان. لېكىن لاۋزىنىڭ ئۆزى قورقۇنچاق بولغاچقا، فېڭمۇڭنىڭ يىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئىبرەت قىلىپ، ئېھتىيات يۈزىسىدىن، كۇڭزىنىڭ شاگىرتلىرى بولمىغان جايغا كېتىش ئۈچۈن خەنگۇگۇەن قەلئەسىدىن چىقىپ كەتكەن···» جاڭ تەيىيەننىڭ بۇ سۆزلىرى بىرخىل پەرەز ئىدى. شۇڭا لۇشۈن «‹قەلئەدىن چىقىپ كېتىش› تىكى ‹قەلئە›» دېگەن ماقالىسىدا: «مەنمۇ بۇنى بەلگىلىك پاكىت دەپ ئىشەنمەيمەن» دەپ يازغان.

(67) خەنگۇگۇەن قەلئەسى — ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى لىڭباۋ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا؛ بۇ قەلئەنى جەنگو دەۋرىدە چىن خاندانلىقى سالدۇرغان.

(68) لۇبەن ۋە موزى — بۇ ھەقتە مۇشۇ توپلامدىكى «ھۇجۇم قىلماسلىق» دېگەن ھېكايىگە ۋە ئالاقىدار ئىزاھاتلىرىغا قاراڭ.

(69) بۇ يەردە گەپ خەنگۇگۇەن قەلئەسىنىڭ ئورنىنىڭ ئىنتايىن پۇختا ئىكەنلىكى، ئۇ يەرنى ئازغىنا لەشكەر بىلەنلا قولدىن بەرمەي ساقلاپ تۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە بارىدۇ.

(70) قەلەم، پىچاق، تارىشا — ئېلىمىزدە قەدىمكى زاماندا قەغەز بولمىغاچقا، قەلەمنى سىرغا تۆگۈرۈپ، بامبۇك ياكى ياغاچ تارىشىغا خەت يېزىلاتتى، خاتا يېزىلىپ قالغان بولسا، پىچاق بىلەن قىرىپ تاشلىناتتى، شۇڭا ئۈچ خىل سايمان تەڭلا كېرەك بولاتتى.

(71) بۇ يەردە: «نېمە دېدىڭىز، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم» دېگەن سۆز باشقىچىرەك تەلەپپۇز قىلىنغان.

(72) بۇ يەردە: «سەن يېزىپ چىق، يېزىپ چىقساڭ بىكار سۆزلىگەن بولمايدۇ» دېگەن سۆز بۇزۇپ ئېيتىلغان.

(73) بۇ يەردىكى پېشقەدەم يازغۇچىغا «ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىش» دېگەن سۆز ۋە تۆۋەندىكى «ياش يازغۇچىلارنى ئۆستۈرۈش» دېگەن سۆز، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى نەشرىياتچى سودىگەرلەرنىڭ يازغۇچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن دائىم پايدىلىنىدىغان ئالدامچىلىق تەشۋىقاتى. لۇشۈن بۇ يەردە كىنايە ئورنىدا ئىشلەتكەن.

(74) بۇ ھېكايە بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان.

(75) زى شيا — كۇڭزىنىڭ شاگىرتى.

(76) گوڭ سۇڭاۋ — بۇ ئاپتور توقۇغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

(77) موزى (مىلادىدىن 468 — 376 يىل بۇرۇن) — ئەسلىي لۇ بەگلىكىدىن؛ چۈنچيۇ - جەنگو دەۋرلىرىدە سۇڭ بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى بول-

غان؛ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مۇتەپەككۇرى، موزى تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ «ئومۇمىي كۆيۈنۈش»نى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇرۇشقا قارشى ئىدى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن جەمئىي 53 جىلدلىق «موزى» ناملىق كىتابىنى كۆپىنچە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى خاتىرىلىگەن.

(78) ئېلىمىزدە قەدىمكى كىشىلەر ئۆيگە بورا سېلىپ ئولتۇراتتى. موزى تېجەشلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەشەمەتچىلىككە قارشى تۇراتتى.

(79) ئالىيەن — ئاپتور توقۇغان شەخس.

(80) گېن جۇزى ۋە تۆۋەندىكى ساۋگۇڭزى، گوەنچەنئاۋ، چىن خۇالى دېگەن شەخسلەر موزىنىڭ شاگىرتى.

(81) بۇ رايىش مېڭزىنىڭ موزىچىلارغا ھۇجۇم قىلغان سۆزى.

(82) گۇڭ شۇبەن — لۇبەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۇنچيۇ دەۋرىدىكى لۇ بەگلىكىلىك ئادەم. ئۇ غەلىتە قورال - سايمانلارنى ئىجاد قىلىپ ياسىغان، قەدىمكى كىتابلاردا «قولى ئەپچىل» دەپ تەرىپلىنىدۇ.

(83) ئىلگەك — دۈشمەن قولۋاقلىرى چېكىنگەندە ئىلىپ تۇتۇۋالىدىغان سايمان؛ توسقاق — دۈشمەن قولۋاقلىرى ئىلگىرىلەپ كەلگەندە توسۇۋالىدىغان سايمان.

(84) بۇ يەردە سۇڭ بەگلىكىنىڭ پايتەختى شاڭچيۇ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدە) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(85) بۇ يەردە ساۋگۇڭزىنىڭ نۇتۇق سۆزلەۋاتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئاپتور ئۆز ۋاقتىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تەنە قىلغان؛ ياپون جاھانگىرلىكى 1931 - يىلى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قارشى تۇرماسلىق يولىنى تۇتقان، لېكىن كۆرۈنۈشتە بولسا قۇرۇق مەردانىلىك قىلىپ خەلقنى ئالدىغان.

(86) مەنچاناق — بىرقانچە تال ئوقنى تەڭلا ئاتالايدىغان ئوقيا.

(87) يىڭ شەھىرى — چۇ بەگلىكىنىڭ پايتەختى، ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ جياڭلىن ناھىيىسىدە.

(88) سەي شياڭلىن — ئاپتور چۆچەكلەردىكى شياڭ دەرياسى پەرىسى شياڭلىنگە ئوخشىتىپ توقۇغان شەخس. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شياڭلىن ساز چېلىشقا ماھىر ئىكەن، ئۇ ساز چالغاندا ھەتتا دەريا سۈيىمۇ ئۇسسۇلغا چۈشىدىكەن. «ۋاي دادەي» دېگەن غەزەل بۇ يەردە ئەل ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان غەزەلنىڭ سىمۋولى.

(89) تۇچ ھالقا — دەرۋازىغا بېكىتىلىدىغان ھايۋان باش ھالقا.

(90) بۇ يەردە گەپ موزىنىڭ بىر يەردە ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا يەنە يولغا راۋان بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(91) خاتىرىلەرگە قارىغاندا، موزى چۇ پادىشاھىغا كىتاب تەقدىم





قىلغان، پادىشاھ ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ياخشى كىتاب ئىكەن، دېگەن.

(92) بۇ يەردە ئۆز ۋاقتىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدامچىلىقىغا كىنايە قىلىنىدۇ؛ ياپون جاھانگىرلىكى تاجاۋۇز قىلىۋاتقاندا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىپ تەسلىم بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە «ۋەتەن قۇتقۇزۇش» دېگەن نام بىلەن ئۆز ئىلكىدىكى ئاتالمىش «خەلق تەشكىلاتلىرى»نى قوترىتىپ، زورلۇق بىلەن ئىئانە توپلاپ، قىزىل كۆزلۈك بىلەن خەلقنى تالان - تاراج قىلغان.

(93) بۇ ھېكايە بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلمىغان.

(94) جۇاڭزى (مىلادىدىن 369 — 286 يىل ئىلگىرى) — جۇاڭجۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جەنگو دەۋرىدىكى سۇڭ بەگلىكىدىن؛ چيۇەن ھاكىمى بولغان. ئۇ، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان مۇتەپەككۇرى، تەرىقە (داۋ) چىلەر ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىلى. ئۇنىڭ 33 جىلدلىق «جۇاڭزى» دېگەن كىتابى ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن. بۇ ھېكايىدىكى ماتېرىياللار ئاساسەن «جۇاڭزى»دىكى بىر مەسىلىدىن ئېلىنغان.

(95) ئۆز ۋاقتىدا بەزىلەر ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقنىڭ ۋە فېئودالىزم ئەقىدىلىرىنىڭ زۇلمىغا چىداپ تۇرالماي ئۆلۈۋالىدىغان ۋەقەلەر جەمئىيەتتە داۋاملىق پەيدا بولۇپ تۇراتتى؛ بۇرژۇئا ئەدىبلەر شۇنداق ئۆلۈۋېلىشنى ھېچبىر تەھلىل قىلماستىنلا «نامەردنىڭ ئىشى» دېگەنىدى. ئاپتور بۇ يەردە گېزىنى كەلتۈرۈپ كىنايە قىلىدۇ.

(96) «ئاسمانۇ زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى»دىن تارتىپ «يۇلتۇزلار ئېچىلدى، يېپىلدى» غىچە بولغان ئىبارىلەر «مىڭ خەتلىك دەستۇر» نىڭ بېشى. «جاۋ، چيەن…»دىن «خەن، ياڭ» غىچە بولغان سۆزلەر «فامىلىلەر»نىڭ بېشى. بۇ سۆزلەرنى ئاپتور ئىختىيارىي نەقىل كەلتۈرگەن، بۇلار ئادەتتىكى تەرىقەتچى دەرۋىشلەر ئوقۇيدىغان ئايەت ئەمەس.

(97) بۇ بىر خۇراپىي رىۋايەت: چوڭ ئىمارەتلەرنى سېلىش ۋاقتىدا كىچىك باللارنىڭ جېنىنى شۇنىڭ ئۇلىغا باسقاندا، ئاندىن ئىمارەتنى پۈتتۈرگىلى بۇلارمىش.

(98) لىن يۈتاڭ ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدە: «مەن ناھايىتى ئېسىل كىتابلارنى، مەسىلەن، ساكيامونى، لاۋزى، كۇڭزى، مېڭزى، جۇاڭزى كىتابلىرىنى … ياكى ناھايىتى چاكىنا كىتابلارنى، مەسىلەن، كوچا ناخشىسى، غەزەللەرنى، ئەما - قارىملارنىڭ نەزمىلىرىنى يارىتىپ ئوقۇيمەن» دەپ يازغان.

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1981 - يىلى 1 - نەشرى 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى. (ئىزاھاتلاردا خەلق نەشرىياتىنىڭ 2005 - يىلى 3 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىنغان «لۇشۈن فېلىيەتونلىرىدىن تاللانما» دىن پايدىلىنىلدى)

本书根据人民文学出版社 1981 年第 1 版，第 1 次印刷本翻译出版。（注文参照《鲁迅杂文选读》：人民出版社 2005 年 3 月第一版）

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
پاتىگۇل مىجىت

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
ياسىن زايىدوف

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

新疆师范大学图书馆

1、按时归还，过期罚款
2、爱护图书、不得圈点划道
3、损坏、遗失赔偿

| 借期 | 还期 | 借期 | 还期 |
| --- | --- | --- | --- |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |
| | | | |